بسم الله الرّحمن الرّحیم

# جواهر التفاسير

**مختارات من جواهر التفاسير التالية:**

الطبري، القرطبي، ابن كثير، البغوي، الجلالين، تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان، التفسير الواضح، تفسير الشعراوي، التفسير الميسر، المختصر في التفسير، التحرير والتنوير، صفوة التفاسير، أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير، التفسير الكبير للرازي.

محمد يوسف محمد تورسون

٩

من سورة الأحقاف إلى سورة التحريم

# تەپسىر جەۋھەرلىرى

تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى قۇرتۇبىي، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى بەغەۋىي، تەپسىرى جەلالەين، تەپسىرى سەئدىي، تەپسىرى ۋازىھ، تەپسىرى شەئراۋىي، تەپسىرى مۇيەسسەر، تەپسىرى مۇختەسەر، تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، سەفۋەتۇتتەفاسىر، تەپسىرى جەزائىرىي، تەپسىرى رازىي قاتارلىق تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرى تاللاپ ئېلىنغان.

مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن

9

ئەھقاف سۈرىسىدىن تەھرىم سۈرىسىگىچە

# تەپسىر جەۋھەرلىرى

## جواهر التفاسير

تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى قۇرتۇبىي، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى بەغەۋىي، تەپسىرى جەلالەيىن، تەپسىرى سەئدىي، تەپسىرى ۋازىھ، تەپسىرى شەئراۋىي، تەپسىرى مۇيەسسەر، تەپسىرى مۇختەسەر، تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، سەفۋەتۇتتەفاسىر، تەپسىرى جەزائىرىي، تەپسىرى رازىي قاتارلىق تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرى تاللاپ ئېلىنغان.

مختارات جواهر كل من التفاسير: الطبري، القرطبي، ابن كثير، البغوي، الجلالين، تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان، التفسير الواضح، تفسير الشعراوي، التفسير الميسر، المختصر في التفسير، التحرير والتنوير، صفوة التفاسير، أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير، التفسير الكبير للرازي.


مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن

محمد يوسف محمد تورسون



توققۇزىنچى توم | المجلد التاسع

بىرىنچى نەشرى | الطبعة الأولى

2024م/1446هـ

ISBN:978-625-00-1246-8

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل-تۈركىيە

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

﴿وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلذِّكۡرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيۡهِمۡ وَلَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ﴾

﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن (ئەھكاملار)نى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ نازىل قىلدۇق﴾

نەھل سۈرىسى: 44 ـ ئايەت.

﴿وَإِذۡ أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ لَتُبَيِّنُنَّهُۥ لِلنَّاسِ وَلَا تَكۡتُمُونَهُۥ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ كىتاب بېرىلگەنلەردىن «كىتابنى كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىسىلەر ۋە يوشۇرمايسىلەر» دەپ ئەھدە ئالغان ئىدى﴾

ئال ئىمران سۈرىسى: 187 ـ ئايەت.

تەپسىرنى كۆرۈپ چىققۇچىلار:
دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ
ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ھاپىز
مۇھەممەد ئۆمەر قارىھاجىم
مۇھەممەد ئەمىن (بىشارەت) قارىھاجىم
ئۇستاز ئۇبۇلقاسىم ئەھمەدى
ئابدۇراززاق قارىھاجىم

ئەدەبىي تەھرىرلەر:
ئابدۇلئەزىز ئاقھۇن
ئالماس ھاجىم
ئىسمايىل قادىر ھاجىم
ئەلانۇر ئەتتار خانىم

لايىھەلىگۈچى: ئا. ئاقھۇن

**بۇ تەپسىر پالۋان مەرىپەت فوندىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلدى.**

# مۇندەرىجە

## 26-پارە

ئەھقاف سۈرىسى 009
ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى ۋە شېرىكى يوقلۇقى 009
كاپىرلارنىڭ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشى 014
ئىنسانىنىڭ رەببىگە ۋە ئاتا-ئانىسىغا قارىتا بۇرچى 020
ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى 027
جىنلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلىقى 032
تىرىلىش دەلىللىرى 037
چىداملىق بولۇشقا ئۈندەش 039
مۇھەممەد سۈرىسى 042
مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ ئەھۋالى 042
«قۇرئان كەرىم» ۋە جىھاد 045
ئەرەب مۇشرىكلىرى 048
مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئەھۋالى 053
ئاخىرەتتىكى نېمەت بىلەن ئازابىنىڭ تەسۋىرى 056
مۇناپىقلار ۋە ھىدايەت تاپقانلار 059
راستچىل مۇئمىنلەر بىلەن يالغانچى مۇناپىقلار 062
جەڭ مەيدانلىرىدا مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى 070
فەتھ سۈرىسى 075
ھۇدەيبىيە كېلىشىمى 075
چوڭ غەلىبىنىڭ بېشارىتى 077
ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئەھدە تۈزگۈچىلەر 083

هۇدەيبىيەدىن قېلىپ قالغۇچىلار 088
رىزۋان بەيئىتى ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتى 095
مۇناسىۋەت 097
چۈشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى 104
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ سۈپەتلىرى 108
تەرجىمىسى 108

هۇجۇرات سۈرىسى 114

ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەۋقەسى 114
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆز قىلىشنىڭ ئەدەپلىرى 116
خەۋەر قوبۇل قىلىشتا ئۇنى ئېنىقلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى 120
ئىچكى نىزالارنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ 123
ئىجتىمائىي ئىشلاردىكى ئىلاھىي تەلىماتلار 126
ھەقىقىي ئىمان 137

قاف سۈرىسى 143

ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە 143
ئىلگىرىكىلەردىن ئىبرەت ئېلىش 148
تەقۋالىق ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قورقۇش 150
ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلارنى
ئاگاھلاندۇرۇش 158

زارىيات سۈرىسى 164

تىرىلىش دەلىللىرى 164
تەقۋادارلار كىم ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى نېمە؟ 169
مېھماننى ھۆرمەتلەشنىڭ پەزىلىتى 173

27-پارە

زالىملارنىڭ جازاسى 176
كائىنات دەلىللىرى 181

تۇر سۈرىسى 188

قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى ۋە كاپىرلارنىڭ ئەھۋالى 188
تەقۋادارلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى مۇكاپاتى 192
كاپىرلارنىڭ تۆھمەتلىرىگە رەددىيە 196

نەجم سۈرىسى 205

ۋەھيىنىڭ ھەقلىقى 205
بۇ سۈرىنىڭ باشقا سۈرىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى 207
مۇشرىكلارنىڭ ساختا ئىلاھلىرى 211
گۇناھلاردىن ساقلىنىشنىڭ پەزىلىتى 217
ئىسلامنىڭ ھەقىقەتلىرى 219

قەمەر سۈرىسى 226

كاپىرلارنىڭ ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىگە قارشى مەۋقەسى 226
ھەقنى ئىنكار قىلغان قەۋملەرنىڭ ئاقىۋىتى 231
مۇشرىكلارغا تەھدىت ۋە تەقۋادارلارغا ۋەدە 242

رەھمان سۈرىسى 248

نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى 249
ئاللاھ تائالانىڭ بىر قىسىم نېمەتلىرى 255
قىيامەت كۈنىدىكى ئىلاھىي نېمەتلەر 261
قىيامەت كۈنىدە تەقۋادارلارغا تەييارلانغان نېمەتلەر 266
قىيامەت كۈنىدە مۆئمىنلەرگە تەييارلانغان نېمەتلەر 269

ۋاقىئە سۈرىسى 274

قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى 274
ياخشى ئەمەلدە ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى 276
نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى 280
نامە-ئەمەلى سولدىن بېرىلگەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى 283
ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ بەزى دەلىللىرى 287
«قۇرئان كەرىم» ھەقىقەتنىڭ ئۆزىدۇر 292
«قۇرئان كەرىم»نى تاھارەتسىز تۇتۇشنىڭ ھۆكمى 300

جۇنۇپ ئادەمنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تۇتۇشى ۋە ئوقۇشىنىڭ
ھۆكمى ........ 301

## ھەدىد سۈرىسى ........ 306

تەسبىھ پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا ئېيتىلىدۇ ........ 306
ئىمان ئېيتىشقا ۋە ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشقا دەۋەت ........ 311
مۇناپىقلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى ........ 318
ئۈگۈت ۋە كۆرسەتمىلەر ........ 321
دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ھەقىقىتى ........ 326
ھەممە ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ ........ 329
تۆمۈرنىڭ مۇھىملىقى ........ 332
پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشتىن مەقسەت ........ 335

## 28-پارە

## مۇجادەلە سۈرىسى ........ 342

زىھار ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى ........ 342
ئاللاھنىڭ ئىلمى ھەممىنى قورشاپ تۇرىدۇ ........ 347
پىچىرلىششىنىڭ ئەدەپلىرى ........ 349
سورۇن ئەخلاقى ........ 353
كەلگەنلەرگە ئورۇندىن تۇرۇش مەسىلىسى ........ 355
پەيغەمبەر بىلەن مەخپىي سۆزلىشىش مەسىلىسى ........ 356
مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە تەرەپدار بولۇشنىڭ خاتالىقى ........ 359

## ھەشر سۈرىسى ........ 366

بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىش ........ 366
بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ سۈرگۈن قىلىنىشى ........ 367
ئۇرۇشسىز ئالغان غەنىيمەتنىڭ ھۆكمى ........ 373
غەنىيمەت ۋە ئۇنىڭ تەقسىماتى ........ 375
ئۇرۇش قىلىپ ئالغان غەنىيمەتنىڭ تەقسىماتى ........ 375
ئۇرۇشسىز ئالغان غەنىيمەتنىڭ تەقسىماتى ........ 376

مۇناپىقلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ رەزىللىكى ..... 380
تەقۋالىق ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتى ..... 385

مۇمتەھىنە سۈرىسى ..... 390

كاپىرلارغا تەرەپدار بولماسلىق ۋە ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ..... 390
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈلگىلىك رولى ..... 396
ئايال مۇھاجىرلار ۋە ئۇلارنىڭ بەيئىتى ..... 399

سەف سۈرىسى ..... 405

دىنىي تەلىماتلار ..... 405
ئىنجىلنىڭ بېشارەتلىرىدىن بەزىسى ..... 412
پايدىلىق تىجارەت ..... 415

جۇمۇئە سۈرىسى ..... 421

ئاللاھ تائالانىڭ ئەرەبلەرگە ۋە جىمى ئىنسانىيەتكە ئىنئامى ..... 421
ئەنە شۇلار يەھۇدىيلاردۇر ..... 424
جۈمە نامىزىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەھكاملار ..... 428

مۇنافىقۇن سۈرىسى ..... 433

مۇناپىقلار ۋە ئۇلارنىڭ رەزىللىكى ..... 433

تەغابۇن سۈرىسى ..... 442

ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى ..... 442
ئاخىرەتتىكى تىرىلىش ۋە كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ..... 445
مۇئمىنلەرنىڭ نەزىرىدە دۇنيا ھاياتى ..... 448

تەلاق سۈرىسى ..... 456

تالاق ۋە ئىددەتكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ..... 456
بىر تالاق بىلەن تالاق قىلىنغان ئايال ..... 461
ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال ..... 462
ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايال ..... 462

ئىددەت نېمە ئۈچۈن بۇيرۇلغان؟ ............ 463
زىنا قىلغان ئايال ئىددەت تۇتامدۇ؟ ............ 463
تەقۋالىق ............ 464
ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشى ............ 465
بالا ئېمىتىش ............ 466
نەپىقە ............ 466
بېشارەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ............ 468

تەھرىم سۈرىسى ............ 472

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاياللىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز
بەرگەن ئىشلار ............ 472
يول كۆرسىتىش ۋە نەسىھەت ............ 478
ئاياللار ئۈچۈن جانلىق مىساللار ............ 483

# ئەھقاف سۈرىسى

ئەھقاف سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 34 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىمۇ باشقا مەككە سۈرىلىرىگە ئوخشاش تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ توغرىلىقىنى، شېرىك ئەقىدىسىنىڭ باتىللىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش، كاپىرلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» توغرىسىدىكى شەك-شۈبھىلىرىگە رەددىيە بېرىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش، مۇشرىكلارغا ئىلگىرى ھالاك قىلىنغان قەۋملەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاخىرىدا ئۇلۇغ ئەھلىيىتى يېقىنلىقىنى راست ئىكەنلىكىگە بەزى دەلىللەرنى كەلتۈرىدۇ. سۈرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان مۆئمىنلەرگە قارىتىلغان ئومۇمىي نەسىھەت بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ[1].

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ھەق دىننى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى 21-ئايەتتە كەلگەن «الأحقاف» (ئەھقاف) دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان. «ئەھقاف» ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى جاي ئىسمى بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئاد قەۋمىنىڭ دىيارى ئىدى.

## ◄ ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى ۋە شېرىكى يوقلۇقى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿حمٓ ١ تَنزِيلُ ٱلۡكِتَٰبِ مِنَ ٱللَّهِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡحَكِيمِ ٢ مَا خَلَقۡنَا

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 437- بەت.

ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ وَمَا بَيۡنَهُمَآ إِلَّا بِٱلۡحَقِّ وَأَجَلٖ مُّسَمّٗىۚ وَٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ عَمَّآ أُنذِرُواْ مُعۡرِضُونَ ٣ قُلۡ أَرَءَيۡتُم مَّا تَدۡعُونَ مِن
دُونِ ٱللَّهِ أَرُونِي مَاذَا خَلَقُواْ مِنَ ٱلۡأَرۡضِ أَمۡ لَهُمۡ شِرۡكٞ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِۖ
ٱئۡتُونِي بِكِتَٰبٖ مِّن قَبۡلِ هَٰذَآ أَوۡ أَثَٰرَةٖ مِّنۡ عِلۡمٍ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ
٤ وَمَنۡ أَضَلُّ مِمَّن يَدۡعُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَن لَّا يَسۡتَجِيبُ لَهُۥٓ إِلَىٰ
يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ وَهُمۡ عَن دُعَآئِهِمۡ غَٰفِلُونَ ٥ وَإِذَا حُشِرَ ٱلنَّاسُ كَانُواْ
لَهُمۡ أَعۡدَآءٗ وَكَانُواْ بِعِبَادَتِهِمۡ كَٰفِرِينَ ٦

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ھامىيم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2ـ(بۇ) ھەممىدىن غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابتۇر.

3ـئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى پەقەت ھېكمەت ۋە مۇئەييەن بىر مۇددەتكىچە (داۋام قىلىدىغان قىلىپ) ياراتتۇق. كاپىرلار ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر.

4ـ(ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇ-نۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار (نىڭ ئەھۋالى)نى ئېيتىپ بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ زېمىننىڭ قايسى بۆلىكىنى ياراتقانلىقىنى ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭلار ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە يارىتىپتىكەنمۇ؟ ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار، بۇ (قۇرئان) دىن ئىلگىرى (سىلەرنى قوللاپ نازىل قىلىنغان) بىرەر كىتاب ياكى (ئىلگىرىكىلەردىن) قالغان بىرەر ئىلىم بولسا مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار».

5ـئاللاھنى قويۇپ قىيامەت كۈنىگىچىلىك ئۇلارغا جاۋاب بېرەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ دۇئا قىلغانلىقىدىن خەۋەرسىزدۇر.

**6ـئىنسانلار (قىيامەت مەيدانىغا) توپلانغان چاغدا، ئۇ نەرسىلەر چوقۇنغۇچىلارغا دۈشمەن بولىدۇ، ھەمدە ئۇلارنىڭ چوقۇنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ.**

### ◄ تەپسىرى

ھەر تەرەپتىن ئەڭ مۇكەممەل كىتاب ـ «قۇرئان كەرىم» ھەممىدىن غالىب ۋە ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلىدىغان ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابتۇر. شۇڭا سىلەر ئى ئىنسانلار! ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ ئاللاھ تائالادىن يەتكۈزگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ ئىمان ئېيتىڭلار.

بىز ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جىمى مەۋجۇداتنى ھېكمەت بىلەن، ئادالەت بىلەن، شۇنداقلا مەلۇم مەقسەت ۋە غايە بىلەن ياراتتۇق. چۈنكى، كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى ھەر تۈرلۈك مەۋجۇداتنى مەقسەتسىز، پىلانسىز بىكارغا يارىتىش، ياخشىلارغا ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى، يامانلارغا يامانلىقنىڭ جازاسىنى بېرىدىغان بىر كۈننى تەيىنلىمەسلىك ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىگە ۋە ئادالىتىگە توغرا كەلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيا مۇكاپات ياكى جازانىڭ ئورنى ئەمەس، بەلكى ئىشلەش ۋە ئەمەل قىلىشنىڭ ئورنىدۇر. ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق مەۋجۇداتنى ھېكمەت بىلەن، ئادالەت بىلەن ياراتقان ئىكەن، شۇ ھېكمەتنىڭ ۋە ئادالەتنىڭ تەلەپلىرىدىن بىرى ئەمەللەرگە مۇكاپات ۋە جازا بېرىلىدىغان بىر كۈننىڭ بولۇشىدۇر. ﴿وَخَلَقَ ٱللَّهُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ بِٱلۡحَقِّ وَلِتُجۡزَىٰ كُلُّ نَفۡسِۢ بِمَا كَسَبَتۡ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى. (بۇ) ھەربىر ئىنسانغا زۇلۇم قىلىنماستىن، قىلغان ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىشى ئۈچۈندۇر﴾[1].

ئاللاھ تائالا مەۋجۇداتنى ھېكمەت بىلەن ۋە مۇئەييەن بىر مۇددەتكىچە داۋام قىلىدىغان قىلىپ ياراتتى. ئۇ مۇددەت بولسىمۇ، قىيامەت كۈنىدۇر. چۈنكى، قىيامەت قايىم بولغاندا بارلىق مەۋجۇدات يوق بولىدۇ، ھەممە ۋەيران بولىدۇ ۋە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممە تۈگىشىدۇ، ئاندىن ئاخىرەت

[1] جاسىيە سۈرىسى:22ـئايەت.

ئاتلىق يېڭى بىر ھايات باشلىنىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئىنسانلار خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققان زىرائەتلەردەك يەر ئاستىدىن تىرىلىپ چىقىشقا باشلايدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ھەقىقەت شۇنچىلىك ئوپئوچۇق تۇرسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلار ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئاخىرەت ئازابىغا پەرۋا قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار «قۇرئان كەرىم» ئاگاھلاندۇرغان بارلىق ھەقىقەتلەردىن يۈز ئۆرۈيدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار - شۇ ئەرزىمەس بۇتلىرىڭلار ۋە بارلىق ساختا ئىلاھلىرىڭلار نېمىنى ياراتالىدى؟ يەر يۈزىدە نېمىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىدى؟ ئەگەر ئۇلار ياراتقان بىرەر نەرسە بولسا، قېنى ئۇنى ماڭا بىر كۆرسەتمەمسىلەر؟ ياكى ئۇلار ئاسماننى ئاللاھ تائالا بىلەن بىللە يارىتىپتىكەنمۇ؟ ياق! ئۇلار ھەرگىزمۇ ئاللاھ تائالاغا شېرىك بولغان ئەمەس ۋە بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھېچ نەرسىنى ياراتالمايدۇ، ئۇلار قولىدىن ھېچبىر ئىش كەلمەيدىغان ئاجىز مەخلۇقاتتۇر. سىلەر چوقۇنۇۋاتقان شۇ ساختا ئىلاھلار يەر يۈزىدە ياكى ئاسماندا ۋەياكى ھېچبىر يەردە ھېچ نەرسىنى ياراتالمىغان تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ ئاللاھ تائالانى قويۇپ ئۇلارغا چوقۇنىسىلەر؟! ئۇلارنىڭ بىرەر نەرسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ باققىنىغا ياكى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك ئىكەنلىكىگە ئەقلىي جەھەتتىن بىرەر دەلىلىڭلار بارمۇ؟ ھەقىقەت شۇكى، سىلەرنىڭ بۇ ھەقتە ھېچبىر ئەقلىي دەلىلىڭلار يوق. چۈنكى، سىلەرنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇش ۋە ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا ۋاستە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ قىلمىشىڭلارنى ئەقلى ساغلام، تەبىئىتى ساپ ئادەملەر ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. سىلەرنىڭ ئەقلىي دەلىلىڭلار بولمىسا، قېنى نەقلىي دەلىل، يەنى ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلاردىن بىرەر دەلىلىڭلار بولسا ياكى ئىلگىرىكىلەردىن قېپقالغان بىرەر ئىلمىڭلار بولسا، قېنى ئۇنى ماڭا كەلتۈرۈپ بېقىڭلار. يەنى بۇ خۇراپىي ئېتىقادىڭلارنى كۈچلەندۈرىدىغان نېمەڭلار بولسا كەلتۈرۈڭلار. مانا بۇلار مۇشرىكلارغا ئېلان قىلىنغان كەسكىن مۇنازىرە بولۇپ، ئۇز ۋاقتىدا بۇ مۇنازىرە ئۇلارنى تىل سۇرەلمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى.

ئاللاھ تائالانى قويۇپ، ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان، ھەتتا دۇئا قىلغۇچىلىرىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلالمايدىغان، چاقىرغۇچىلىرىغا تا قىيامەتكىچە جاۋابمۇ بېرەلمەيدىغان، تاشتىن،

لايدىن ۋە ياغاچتىن ياسالغان بۇ بۇتلارغا چوقۇنغان ئادەمدىنمۇ ئازغۇن، ئۇنىڭدىنمۇ ئەقىلسىز ئادەم بارمۇ؟ ھالبۇكى، بۇ بۇتلار مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرىگە چوقۇنغانلىقىنىمۇ سەزمەيدۇ ۋە بىلمەيدۇ. ئۇلار تاشتىن، لايدىن ۋە ياغاچتىن ئۆزلىرى ياسىۋالغان نەرسىلەر تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ بىر نەرسىنى بىلسۇن؟ دېمەك، مۇنداق بۇتلار ئەقىل-ئىدراكسىز نەرسىلەر بولغانلىقتىن، دۇئا قىلغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلالمايدۇ، چاقىرغۇچىلارنىڭ چاقىرغانلىقىنىمۇ ئاڭلىمايدۇ.

دېمەك، ھەممىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرىدىغان، ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان، ئۆزى خالىغاننى قىلالايدىغان، قۇدرەتلىك ياراتقۇچىنى قويۇپ، ھېچ نەرسىگە پايدىسى بولمايدىغان، ھېچ نەرسىنى كۆرمەيدىغان ۋە ئاڭلىمايدىغان، چوقۇنغۇچىلىرىغا تاقيامەتكىچە ھېچقانداق ئىش قىلىپ بېرەلمەيدىغان ئاشۇ بۇتلارغا چوقۇنغۇچىلاردىنمۇ ئازغۇن ئادەملەر بارمۇ؟ يوق! قىيامەت قايىم بولغان چاغدا، ھەممە ئايان بولىدۇ، ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ تائالا نىدا قىلىپ: ﴿لِّمَنِ ٱلۡمُلۡكُ ٱلۡيَوۡمَۖ﴾ يەنى ﴿بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟﴾ دەپ سورايدۇ، ئاندىن ئۆزى جاۋاب بېرىپ: ﴿لِلَّهِ ٱلۡوَٰحِدِ ٱلۡقَهَّارِ﴾ يەنى ﴿ئەلۋەتتە قەھرلىك بىر ئاللاھقىلا خاستۇر!﴾[1] يەنى يېگانە ۋە چەكسىز قۇدرەتلىك، ھەممىدىن غالىب، كاپىرلارغا قەھرلىك ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، دەيدۇ. قىيامەت كۈنىدە بارلىق ساختا ئىلاھلار ئۆزلىرىنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىغا دۈشمەن بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئۇلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ كۈندە ھەممە ئۆزىنىڭ ئەھۋالى بىلەن قالىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغانلىقى ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىللىرىدىن بىرىدۇر.

2. ئاللاھ تائالا كائىناتتىكى ھېچبىر نەرسىنى بىكارغا ياراتمىغان، بەلكى ھەربىر نەرسىنى بىرەر مەقسەت بىلەن ياراتقان.

3. ئاللاھ تائالانىڭ يېگانە ياراتقۇچى ئىكەنلىكى شەك قوبۇل قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان ساختا ئىلاھلار ئىبادەت قىلىنىشقا قەتئىي لايىق ئەمەس.

---

[1] غافىر سۈرىسى: 16-ئايەت.

**4.** ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇمىغان ئىنسانلار دۇنيادا ئەڭ ئەقىلسىز، ئەڭ بەختسىز ئىنسانلاردۇر.

## ◄ كاپىرلارنىڭ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشى

﴿وَإِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتُنَا بَيِّنَٰتٍ قَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لِلْحَقِّ لَمَّا
جَآءَهُمْ هَٰذَا سِحْرٌ مُّبِينٌ ﴿٧﴾ أَمْ يَقُولُونَ ٱفْتَرَىٰهُ ۖ قُلْ إِنِ ٱفْتَرَيْتُهُۥ
فَلَا تَمْلِكُونَ لِى مِنَ ٱللَّهِ شَيْـًٔا ۖ هُوَ أَعْلَمُ بِمَا تُفِيضُونَ فِيهِ ۚ كَفَىٰ
بِهِۦ شَهِيدًۢا بَيْنِى وَبَيْنَكُمْ ۖ وَهُوَ ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٨﴾ قُلْ مَا كُنتُ
بِدْعًا مِّنَ ٱلرُّسُلِ وَمَآ أَدْرِى مَا يُفْعَلُ بِى وَلَا بِكُمْ ۖ إِنْ أَتَّبِعُ إِلَّا
مَا يُوحَىٰٓ إِلَىَّ وَمَآ أَنَا۠ إِلَّا نَذِيرٌ مُّبِينٌ ﴿٩﴾ قُلْ أَرَءَيْتُمْ إِن كَانَ مِنْ
عِندِ ٱللَّهِ وَكَفَرْتُم بِهِۦ وَشَهِدَ شَاهِدٌ مِّنۢ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ عَلَىٰ مِثْلِهِۦ
فَـَٔامَنَ وَٱسْتَكْبَرْتُمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٠﴾ وَقَالَ
ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لِلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَوْ كَانَ خَيْرًا مَّا سَبَقُونَآ إِلَيْهِ ۚ وَإِذْ لَمْ
يَهْتَدُوا۟ بِهِۦ فَسَيَقُولُونَ هَٰذَآ إِفْكٌ قَدِيمٌ ﴿١١﴾ وَمِن قَبْلِهِۦ كِتَٰبُ
مُوسَىٰٓ إِمَامًا وَرَحْمَةً ۚ وَهَٰذَا كِتَٰبٌ مُّصَدِّقٌ لِّسَانًا عَرَبِيًّا لِّيُنذِرَ
ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ وَبُشْرَىٰ لِلْمُحْسِنِينَ ﴿١٢﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ قَالُوا۟ رَبُّنَا ٱللَّهُ ثُمَّ
ٱسْتَقَٰمُوا۟ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿١٣﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ
ٱلْجَنَّةِ خَٰلِدِينَ فِيهَا جَزَآءًۢ بِمَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٤﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

7-كاپىرلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئوپئوچۇق ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن ھەق (قۇرئان)نى: «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دەيدۇ.

8-ياكى ئۇلار (مۇھەممەد) ئۇنى ئۆزى توقۇپ چىقتى دېيىشەمدۇ؟ (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئۇنى مەن توقۇغان بولسام، سىلەر مەندىن ئاللاھتىن (كېلىدىغان ئازابنىڭ) ھېچبىرىنى توسۇپ قالالمايسىلەر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قۇرئان توغرىسىدىكى تۆھمەتلىرىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ،

مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر. ئاللاھ تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر».

9-ئايەتنىڭ تەپسىرى: «مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇنجىسى ئەمەسمەن، ماڭا ۋە سىلەرگە نېمە قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، مەن پەقەت قىلىنغان ماڭا ۋەھيىگىلا ئەگىشىمەن، مەن پەقەت ئوپئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن».

10-ئايەتنىڭ تەپسىرى: «سىلەر دەپ بېقىڭلارچۇ، بۇ (قۇرئان) ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن تۇرسا، سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلساڭلار، ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر گۇۋاھچى ئۇنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ ئىمان ئېيتقان تۇرسا، سىلەر تەكەببۇرلۇق قىلىپ (ئىماندىن) باش تارتساڭلار (سىلەر ئوپئوچۇق ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلغان بولمامسىلەر؟) شەكسىزكى، ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ».

11-كاپىرلار ئىمان ئېيتقانلارغا قارىتا: «ئەگەر (بۇ قۇرئانغا ئىمان ئېيتىش) ياخشى بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭغا (ئىمان ئېيتىشتا) ئۇلار بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتمىگەن بولاتتى» دېدى. ئۇلار ئۇ (قۇرئان) بىلەن ھىدايەت تاپمىغانلىقى ئۈچۈن، «بۇ قەدىمىي ئويدۇرمىدۇر» دەيدۇ.

12-قۇرئاندىن ئىلگىرى مۇساغا بېرىلگەن كىتاب (تەۋرات) يېتەكچى ۋە رەھمەت ئىدى. بۇ (قۇرئان) ئەرەب تىلىدىكى كىتابتۇر، (ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنى) تەستىقلىغۇچىدۇر، زالىملارنى ئاگاھلاندۇرۇش، (ئەمەل-ئىبادەتنى) قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن (نازىل قىلىنغاندۇر).

13-«رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەن، ئاندىن توپتوغرا يولدا بولغانلارغا شەك-سىزكى، (ئاخىرەتتە) ھېچبىر قورقۇنچ يوقتۇر، (ئۇلار دۇنيادا قالدۇرۇپ كەتكەنلىرىگە) قايغۇرمايدۇ.

14-ئەنە شۇلار جەننەت ئەھلىدۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۇ تۇرىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان مۇشرىكلارغا بىزنىڭ روشەنلىكتە چۈش ۋاقتىدىكى قۇياشتىنمۇ روشەن ئايەتلىرىمىز ئوپئوچۇق ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلار ھەقىقەتنى ئاشكارا ئىنكار قىلىپ، بۇ قۇرئاننى «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر»، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بولسا سېھىرگەر دېيىشىدۇ. ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدىن

«قۇرئان كەرىم»نىڭ تەسىرى بىلەن مۇسۇلمان بولغان كىشىلەرنىڭ سانى كۆپەيگەندىن كېيىن، مۇشرىكلارنىڭ كاتتىباشلىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەسىر كۈچىگە ھەيران قالغان. شۇڭا ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى سېھىر دەپ تۆھمەت قىلغان. كاپىرلار بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان، ھەتتا «قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان» دەپ تۆھمەت قىلىشقا جۈرئەت قىلغان. بۇ ئۇلارنىڭ ئىككىنچى چوڭ تۆھمىتىدۇر. چۈنكى، ئۇلار ئاۋۋال «قۇرئان كەرىم»نى سېھىردۇر، دېيىشتى، ئاندىن ئۇنى «مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان» دەپ تۆھمەت قىلىشتى. بۇ كاپىرلار شۇنى ئويلاپ كۆرمەمدۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان، ھاياتىدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ بىر كىشىنىڭ يېنىدا ئوقۇمىغان بىر زات تۇرۇپ، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم» ئەرەبلەرنىڭ ئاتاقلىق ئەدىبلىرىنى ۋە تالانتلىق شائىرلىرىنى ھەيران قالدۇرغان ۋە ھەممىسى بىرلىشىپمۇ بۇ قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىرەر كىتابنى ياكى ئۇنىڭ سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرىسىنى ۋەياكى ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ ئايەتلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرىنى ئىجاد قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىن ئاجىز كەلگەن تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ «قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان»دەيدۇ؟ بۇ ئەقىلگە سىغىدىغان گەپمۇ؟ ھەقىقەت شۇكى، «قۇرئان كەرىم»نى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توقۇپ چىققان ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا نازىل قىلغان.

ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ناۋادا مەن ئاللاھ تائالا ئېيتمىغان سۆزنى ئۇنىڭ نامىدىن ئېيتسام، ماڭا ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى كېلىدۇ، ئۇ چاغدا سىلەر ماڭا ياردەم قىلالمايسىلەر، باشقىلارمۇ ياردەم قىلالمايدۇ، ھېچكىم ئاللاھ تائالادىن ماڭا كەلگەن ئازابتىن ھېچ نەرسىنى مەندىن توسۇپ قالالمايدۇ. مەن بۇنى بىلىپ تۇرۇپ، قانداقمۇ ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان سۆزلەيمەن؟ مەن قاراپ تۇرۇپ قانداقمۇ ئۆزۈمنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا تۇتىمەن؟

رەببىڭلار سىلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم» ۋە ۋەھيى توغرىسىدا ئېيتىپ كېلىۋاتقان تۆھمەتلىرىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ، رەببىڭلار سىلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنى گاھ سېھىر، گاھ قەدىمكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرى دەپ مەسخىرە قىلىۋاتقىنىڭلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. مېنىڭ راستچىللىقىمغا، سىلەرنىڭ ئىنكارچى ئىكەنلىكىڭلارغا سىلەر بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ تائالا يېتەرلىكتۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر، تەۋبە قىلىپ ھەق يولغا

قايتقۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەلۋەتتە كەچۈرگۈچىدۇر.

سىلەر نېمە ئۈچۈن مېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ سىلەر نېمە ئۈچۈن مەن سىلەرنى دەۋەت قىلىۋاتقان تەۋھىد ئەقىدىسىگە قارشى چىقىسىلەر؟ ھالبۇكى، مەن تۇنجى پەيغەمبەر ئەمەسقۇ! چۈنكى مەندىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر كىشىلەرنى ئەينى ئەقىدىگە دەۋەت قىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا قاتارلىق پەيغەمبەرلەر بۇنىڭ مىسالى.

دۇنيادا ئاللاھ تائالا ماڭا ۋە سىلەرگە نېمە ئىشلارنى تەقدىر قىلىدۇ؟ بۇنى بىلمەيمەن. ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىكى ئىشلاردۇر. ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتقانلارغا ياردەم بېرىشنى ۋە ئۇلارنى ئىككىلا ئالەمدە ئەزىز قىلىشنى، كاپىرلارنى خار قىلىشنى، ئۇلارنى جازالاشنى ۋەدە قىلغان بولۇپ، ئۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھ تائالادىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بار؟ بىزنىڭ ئاخىرەتتىكى تەقدىرىمىز ناھايىتى ئېنىقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا توغرا يولدا بولغان مۇئمىن بەندىلىرىنى ئېسىل جەننەتلەرگە كىرگۈزۈشنى ۋەدە قىلدى، ھەق دىننى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇردى.

كاپىرلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن تۈرلۈك مۆجىزىلەرنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بۇ كاپىرلارغا: ﴿مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەگىشىمەن، مەن پەقەت ئوپئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن﴾ دېيىشكە بۇيرۇغان. يەنى مۆجىزە كەلتۈرۈش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا خالىسا، ئۇنى ئۆزى يارىتىپ بېرىدۇ. مېنىڭ ۋەزىپەم مۆجىزە كەلتۈرۈش ئەمەس، بەلكى ماڭا كەلگەن ۋەھيىلەرنى سىلەرگە يەتكۈزۈشتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇشرىكلارغا يەنە مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇغان: ئى كاپىرلار! دەپ بېقىڭلارچۇ، بۇ كىتاب سىلەر تۆھمەت قىلغاندەك مېنىڭ توقۇپ چىققان سۆزلىرىم بولماستىن، بەلكى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيى تۇرسا، ئىسرائىل ئەۋلادىدىن تەۋراتنىڭ بېشارەتلىرىنى بىلىدىغان بىر گۇۋاھچى بۇ كىتابنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان تۇرسا، سىلەر تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئىمان ئېيتىشتىن يۈز ئۆرۈسەڭلار، ھالىڭلار قانداق بولماقچى؟ ئاقىۋىتىڭلار قانداق بولار؟ سىلەر شۇنداق ئوپئوچۇق بىر ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئۆزۈڭلارغا ئۆزۈڭلار زۇلۇم قىلغان

بولمىدىڭلارمۇ؟ بۇنى ئويلاپ كۆرمىدىڭلارمۇ؟ شۇ ئىنىقكى، كۇفرىلىقنى تاللاش ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان زالىم قەۋمنى ئاللاھ تائالا ھەرگىز ھىدايەت قىلمايدۇ.

كاپىرلارنىڭ يەنە مۇنداق ئاجايىپ سەپسەتىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ئىمان ئېيتقانلار ھەققىدە دەيدۇكى، «ئەگەر بۇ دىن ۋە قۇرئان ھەق بولىدىغان بولسا، بىلال، سۇھەيب، ئەممار قاتارلىق ئاشۇ پېقىرلار، قۇللار، يوقسۇللار بىزدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتمىغان بولاتتى، ئەگەر بۇ دىندا ياخشىلىق بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە بىز بۇ دىنغا ئۇلاردىن بۇرۇنلا كىرىپ بولغان بولاتتۇق». بۇ كاپىرلار ئاللاھ تائالانىڭ خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە خالىغان بەندىسىنى ئۇنىڭ تاللىشى سەۋەبلىك ئازغۇنلۇقتا قويىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇئمىنلەردىن ئەقىللىق سانايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئەقىلسىز ۋە ئەخمەق قەۋمدۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ شۇنچىلىك ئوچۇق بايانلىرىدىن كېيىن، توغرا يولغا كىرمىگەنلەر ئازغۇنلۇقنى ئۆزلىرىگە راۋا كۆرگەن ئەقىلسىزلاردۇر. ئۇلارنىڭ ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ، توغرا يولغا كىرمەسلىكىدە قىلچە ئۆزرىسى يوقتۇر. چۈنكى، ھەممە ئېنىق بايان قىلىندى ۋە ھەقىقەت چۈشەندۈرۈلدى. پەقەت ئۇلار توغرا يولدا مېڭىشنى خالىمىغانلىقتىن، ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەيدۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۆھمەت قىلىدۇ، «قۇرئان كەرىم»نى گاھ «ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېسە، گاھ ئۇنى «بۇ قەدىمي ئويدۇرمىدۇر» دەيدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دىن ئىلگىرى ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان تەۋرات ھىدايەتنىڭ مەشئىلى ئىدى. «تەۋرات» كىشىلەرنى تەۋھىد ئەقىدىسىگە، ئەخلاق-پەزىلەتكە چاقىراتتى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا دەۋەت قىلاتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا «تەۋرات»نى ئىنسانلارغا يېتەكچى ۋە رەھمەت قىلىپ نازىل قىلغان. بۇ «قۇرئان كەرىم» بولسا شۇ تەۋراتنىڭ ئەسلىسىنى ئېتىراپ قىلغۇچى، ئۇنىڭ ھەقىقەتلىرىنى بايان قىلغۇچى، ئۇنى بۇرمىلاپ ئۆزگەرتىۋەتكەنلەرنىڭ جىنايەتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغۇچى كىتابتۇر. «قۇرئان كەرىم» ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنغان ھىدايەت يېتەكچىسى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى ئەڭ توغرا يولغا باشلايدىغان كىتابتۇر. ئۇ شېرىك ۋە باشقا گۇناھلارنى سادىر قىلىش بىلەن ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان مۇبارەك كىتابتۇر.

مۇنداق بىر كىتابنى كاپىرلار قانداقلارچە «بۇ قەدىمىي ئويدۇرمىدۇر» دەيدۇ؟

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ قَالُواْ رَبُّنَا ٱللَّهُ ثُمَّ ٱسۡتَقَٰمُواْ فَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ﴾ يەنى شەكسىزكى، ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىدىن ئىمان ئېيتىپ، ئۇنى ئاشكارا ئېلان قىلغان، ئاندىن ئىسلام ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئۆزى كۆرسەتكەن بويىچە ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلغان ۋە ساختا ئىلاھلاردىن يىراق تۇرۇپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان كىشىلەرگە بۇ دۇنيادا، بەرزەخ ئالەمدە ۋە ئاخىرەتتە ھېچقانداق قورقۇنچ يوقتۇر، ئۇلار دۇنيادا قالدۇرۇپ كەتكەنلىرى ئۈچۈن ھەرگىز قايغۇرمايدۇ، ھەسرەت چەكمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاخىرەتتە ئەڭ ياخشىسىغا ئېرىشىدۇ.

﴿أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِ خَٰلِدِينَ فِيهَا جَزَآءَۢ بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ﴾ ئەنە شۇلار جەننەت ئەھلى بولۇپ، جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرى يۈزىسىدىن ئۇلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر. ھەقىقىي مۇئمىنلەر بۇ دۇنيادا ئىمانىنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتى بىلەن بەختلىك ياشايدۇ، ئاخىرەتتە بولسا جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ. جەننەتتىن ئىبارەت بۇ كاتتا مۇكاپات ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا قىلغان پەزل-كەرەمىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كاتتا پەزل-كەرەم ئىگىسىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر.

2. ئەڭ چوڭ گۇۋاھلىق ئاللاھ تائالانىڭ گۇۋاھلىقىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھتۇر. ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى گۇۋاھلىق ئىشلىرى ھەق-ھوقۇقلارنى ئۆز جايىغا يەتكۈزۈش ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ. گۇۋاھلىق بېرىشتە گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئادالەتلىك بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. بىراۋنىڭ ئادالەتلىك ئىكەنلىكى ئۇنىڭ راستچىل، ھەرقانداق ئىشتا ھەققانىي ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن يىراق تۇرىدىغان تەقۋادار بولۇشى بىلەن بىلىنىدۇ.

3. «ئادەم ئۆزى بىلمىگەن نەرسىسىنىڭ دۈشمىنىدۇر» دېگەندەك، ئۆز ۋاقتىدىكى بەزى مۇشرىكلارمۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئۇنىڭ بىردىنبىر ھىدايەت يېتەكچىسى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن

ئۇنىڭغا دۈشمەن بولغان.

4. «قۇرئان كەرىم» بىلەن تەۋرات ئىككىلىسى ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ساماۋى كىتابلار بولغانلىقتىن، بۇلار بىر-بىرىنى تەستىقلايدۇ ۋە بىر-بىرىگە گۇۋاھ بولىدۇ. يەنى تەۋرات «قۇرئان كەرىم»دىن خەۋەر بەرگەندەك، «قۇرئان كەرىم»مۇ ئەسلى تەۋراتنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

5. كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا خىزمەت قىلىش شەرىپىگە نائىل بولۇشنى خالىغان كىشىلەر چوقۇم ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشى لازىم. چۈنكى، دىنىنىڭ مەنبەسى ئەرەب تىلىدا بولغانلىقتىن، دەۋەتچىلەر ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولالمايدۇ.

6. ئىستىقامەت – دىنىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭغا سەممىي سادىق بولۇپ، ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە تەقۋالىق بىلەن ياشاش دېگەنلىكتۇر. ئىستىقامەت مۇسۇلماننىڭ ئەڭ كاتتا مەرتىۋىسىدۇر. «ئىستىقامەت مىڭ كارامەتتىن ئەۋزەل» دېيىلگەن ھېكمەت بار.

### ◄ ئىنساننىڭ رەببىگە ۋە ئاتا-ئانىسىغا قارىتا بۇرچى

﴿وَوَصَّيۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ بِوَٰلِدَيۡهِ إِحۡسَٰنًاۖ حَمَلَتۡهُ أُمُّهُۥ كُرۡهٗا وَوَضَعَتۡهُ
كُرۡهٗاۖ وَحَمۡلُهُۥ وَفِصَٰلُهُۥ ثَلَٰثُونَ شَهۡرًاۚ حَتَّىٰٓ إِذَا بَلَغَ أَشُدَّهُۥ وَبَلَغَ
أَرۡبَعِينَ سَنَةٗ قَالَ رَبِّ أَوۡزِعۡنِيٓ أَنۡ أَشۡكُرَ نِعۡمَتَكَ ٱلَّتِيٓ أَنۡعَمۡتَ عَلَيَّ
وَعَلَىٰ وَٰلِدَيَّ وَأَنۡ أَعۡمَلَ صَٰلِحٗا تَرۡضَىٰهُ وَأَصۡلِحۡ لِي فِي ذُرِّيَّتِيٓۖ إِنِّي
تُبۡتُ إِلَيۡكَ وَإِنِّي مِنَ ٱلۡمُسۡلِمِينَ ١٥ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ نَتَقَبَّلُ عَنۡهُمۡ
أَحۡسَنَ مَا عَمِلُواْ وَنَتَجَاوَزُ عَن سَيِّـَٔاتِهِمۡ فِيٓ أَصۡحَٰبِ ٱلۡجَنَّةِۖ وَعۡدَ
ٱلصِّدۡقِ ٱلَّذِي كَانُواْ يُوعَدُونَ ١٦ وَٱلَّذِي قَالَ لِوَٰلِدَيۡهِ أُفّٖ لَّكُمَآ
أَتَعِدَانِنِيٓ أَنۡ أُخۡرَجَ وَقَدۡ خَلَتِ ٱلۡقُرُونُ مِن قَبۡلِي وَهُمَا يَسۡتَغِيثَانِ
ٱللَّهَ وَيۡلَكَ ءَامِنۡ إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞ فَيَقُولُ مَا هَٰذَآ إِلَّآ أَسَٰطِيرُ
ٱلۡأَوَّلِينَ ١٧ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ حَقَّ عَلَيۡهِمُ ٱلۡقَوۡلُ فِيٓ أُمَمٖ قَدۡ خَلَتۡ
مِن قَبۡلِهِم مِّنَ ٱلۡجِنِّ وَٱلۡإِنسِۖ إِنَّهُمۡ كَانُواْ خَٰسِرِينَ ١٨ وَلِكُلّٖ

دَرَجَٰتٌ مِّمَّا عَمِلُواْۖ وَلِيُوَفِّيَهُمۡ أَعۡمَٰلَهُمۡ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ﴿١٩﴾ وَيَوۡمَ
يُعۡرَضُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ عَلَى ٱلنَّارِ أَذۡهَبۡتُمۡ طَيِّبَٰتِكُمۡ فِي حَيَاتِكُمُ
ٱلدُّنۡيَا وَٱسۡتَمۡتَعۡتُم بِهَا فَٱلۡيَوۡمَ تُجۡزَوۡنَ عَذَابَ ٱلۡهُونِ بِمَا كُنتُمۡ
تَسۡتَكۡبِرُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّ وَبِمَا كُنتُمۡ تَفۡسُقُونَ ﴿٢٠﴾

### تەرجىمىسى

15-بىز ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا (قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتنى) ۋا-يىغا يەتكۈزۈپ قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى ئوتتۇز ئايدۇر. تاكى ئۇ (بوۋاق ئۆسۈپ كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپ، قىرىق ياشقا يەتكەندە، (ئۇ): «ئى رەببىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا-ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشىمنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، ماڭا ئەۋلادلىرىمنى ياخشى كىشىلەردىن قىلغىن، مەن راستتىنلا ساڭا تەۋبە قىلدىم، شەكسىزكى، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دەيدۇ.

16-ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يامان ئىشلىرىنى كەچۈرۈم قىلىمىز. ئۇلار جەننەت ئەھلىنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ، بۇ ئۇلارغا قىلىنغان راست ۋەدىدۇر.

17-18-بەزىلەر (ئۆزىنى ئىمانغا دەۋەت قىلغان) ئاتا-ئانىسىغا: «ۋاي-ۋۇي! سىلەر مېنى (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ قەبرەڭدىن) چىقىرىلىسەن دەپ قورقۇتۇۋاتامسىلەر؟ مەندىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئىنسانلار ئۆتتى (ئۇلاردىن كىم تىرىلىپتۇ؟)» دەيدۇ، ئۇ ئىككىسى ئاللاھقا پەرياد قىلىپ، (ئۇنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى) تىلەپ، (ئۇنىڭغا): «ئىست ساڭا! ئىمان ئېيتقىن، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ئەلۋەتتە ھەقتۇر» دېگەندە، ئۇ: «بۇ پەقەت ئاۋۋالقىلاردىن قالغان بىر ئەپسانىدۇر» دەيدۇ. ئەنە شۇنداق كىشىلەرگە ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىنسانلاردىن ۋە جىنلاردىن بولغان ئۈممەتلەر قاتارىدا (ئاللاھنىڭ ئازابلايدىغانلىقى ھەققىدىكى) ھۆكمى تېگىشلىك بولدى. ئۇلار ھەقىقەتەن زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

19-ھەر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا دەرىجىلىرى بولىدۇ، (بۇ) ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى (نىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى) تولۇق بېرىشى ئۈچۈندۇر. ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ.

20ـكاپىرلار دوزاخقا توغرىلىنىدىغان كۈندە (ئۇلارغا دېيىلىدۇكى): «سىلەر لەززەتلىرىڭلارنى دۇنيادىكى ھاياتىڭلاردا بەھرىمەن بولۇپ تۈگىتىپ بولدۇڭلار. سىلەر يەر يۈزىدە ئورۇنسىز چوڭچىلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە (ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتقانلىقىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن خار قىلغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر».

## تەپسىرى

بىز ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا قېترقىنىپ، ياخشى خىزمەت قىلىشقا بۇيرۇدۇق. چۈنكى، ئىنسان ئۈستىدىكى ئاتا-ئانا ھەققى ھەقىقەتەن چوڭ ۋە كۆپتۇر. ئىنساننى ئاللاھ تائالا ياراتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەب بولغان كىشىلەر ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىدۇر. شۇڭا ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدىن كېيىنلا، ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەققى مۇھىمدۇر، ئۇنى ئادا قىلىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر. ئاتا-ئانا ئىچىدىمۇ ئانىنىڭ ھەققى ئاتىنىڭ ھەققىدىن چوڭ ۋە ئادا قىلىشتا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى، ئانا بۇ ئىنسانغا توققۇز ئاي جاپا-مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرىدۇ، ئاندىن ئۇنى دۇنياغا زىلزىلە كەلتۈرىدىغان قاتتىق تۇغۇت ئاغرىقى بىلەن تۇغقاندىن كېيىن ئىككى يىل ئېمىتىدۇ، بۇ جەرياندا كېچىلىرى تاتلىق ئۇيقۇسىنى قۇربان قىلىدۇ، پۈتۈن سۆيگۈ-سىنى، ۋاقتىنى، مېھنىتىنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىسىنى ئۇنىڭغا بېغىشلاپ چوڭ قىلىدۇ.

ئايەتتە ئانىنىڭ بوۋىقىغا قورساق كۆتۈرۈش، ئاندىن ئۇنى تۇغۇپ ئېمىتىش مۇددىتىنى ئوتتۇز ئاي دەپ بايان قىلغان. چۈنكى، ﴿وَٱلۡوَٰلِدَٰتُ يُرۡضِعۡنَ أَوۡلَٰدَهُنَّ حَوۡلَيۡنِ كَامِلَيۡنِۖ لِمَنۡ أَرَادَ أَن يُتِمَّ ٱلرَّضَاعَةَۚ﴾ يەنى ﴿ئانىلار باللىرىنى ئىككى يىل تولۇق ئېمىتىسۇن، (بۇ ھۆكۈم) تولۇق ئېمىتىشنى خالىغان كىشى ئۈچۈندۇر﴾[1] دېگەن ئايەتكە ئاساسەن، باللارنى ئېمىتىش مۇددىتىنى ئىككى يىل دېگەندە، ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش ئۈچۈن قالغان مۇددەت ئاران ئالتە ئاي بولۇپ چىقىدۇ. ئالتە ئاي بالىنىڭ ئۆز ئاتىسىغا مەنسۇپ بولۇشىنىڭ ئەڭ ئاز مۇددىتىدۇر. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ئاشۇ ئەڭ ئاز مۇددەتنىلا بايان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپى ھەققىدە توختالمىغان. گەرچە ئانىنىڭ قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى نورمالدا توققۇز ئاي بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەڭ ئاز مۇددىتى ئالتە ئايدۇر. شۇڭا بىر

---

[1] بەقەرە سۈرىسى:233ـئايەت.

ئايال بىر ئەرگە نىكاھلىنىپ، بىر تۆشەكتە بولغان كۈندىن باشلاپ ئالتە ئاي ئۆتمەستىن تۇغسا، بۇ بالا ئۇ ئەرنىڭ بالىسى ھېسابلانمايدۇ.

دېمەك، ئانىنىڭ بوۋىقىغا قورساق كۆتۈرۈشى بىلەن ئۇنى ئېمىتىشى ئوتتۇز ئاي بولۇپ، بالا بۇ ئوتتۇز ئاي ئىچىدە ئانىسىغا ئېغىر يۈكتۇر. ئەمما ئانا بۇنى ھەرگىز يۈك دەپ سانىمايدۇ، ئۇنى چەكسىز مۇھەببىتى ۋە چوڭقۇر خۇشاللىقى بىلەن توشۇيدۇ، ھېچ مىننەت قىلمايدۇ، دەردلەنمەيدۇ، كېچىلىرى شۇ بالىسىنى دەپ ئۆزىنىڭ تاتلىق ئۇيقۇسىدىن كېچىدۇ، شۇ بالىسىنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆزى بەختسىز بولۇشقا، شۇ بالىسىنىڭ راھىتى ئۈچۈن ئۆزى جاپا تارتىشقا چىن كۆڭلىدىن رازى بولىدۇ، بالىسى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلىدۇ. ئەمدى شۇ ئانىنىڭ تارتقان جاپالىرىنىڭ ۋە بالام دەپ دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن كېچىپ چوڭ قىلغانلىقىنىڭ بەدىلىگە باللارنىڭ ئۇلارغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىشى زۆرۈر ئەمەسمۇ؟ بۇ بىر قەرز ئەمەسمۇ؟!

بوۋاق توختىماي چوڭىيىپ مېڭىپ ئاخىر كۈچ-قۇۋۋىتىگە تولغان، ئەقلى پىشىپ يېتىلىپ قىرانىغا كەلگەن چېغىدا، ئۇ قىرىق ياشقا تولغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالانى تونۇغان، ئۈستىدىكى ئاتا-ئانا ھەققىنى بىلگەن مۇئمىن ئىنسان بۇ چاغدا، بۇ كاتتا ھەقنى جايىدا ۋە يولىدا ئادا قىلىشقا مۇۋەپپەق بولۇش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەيدۇ، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىدۇ ۋە چىن دىلىدىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى رەببىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا-ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشىمنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۈچۈن ئەۋلادلىرىمنى تۈزىگىن (ياخشى كىشىلەردىن قىلغىن)، مەن راستىنلا ساڭا تەۋبە قىلدىم، شەكسىزكى، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن﴾ يەنى ئى رەببىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا-ئانامغا ئىنئام قىلغانلىقىڭ، ئۇلارنىڭ قەلبىگە پەرزەنت سۆيگۈسىنى سالغانلىقىڭ، ئۇلارنى مېنى باغرىغا بېسىپ، ئۆزىنىڭ راھىتىدىن كېچىپ، جاپايىمنى تارتىپ، بېجىرىم چوڭ قىلىشىغا مۇۋەپپەق قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، مېنى ساڭا شۈكۈر قىلىشقا ۋە ئاتا- ئانامغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ۋايىغا يەتكۈزۈپ خىزمەت قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغىن، پەرزەنتلىرىمنىمۇ ياخشىلىقنى بىلىدىغان ۋاپادار كىشىلەردىن قىلغىن، دېگەنلىكتۇر.

ئىنسان قىرىق ياشقا توشقاندا بۇ دۇئانى قىلىدۇ، دېگەنلىكتىن قىرىق ياشقا توشمىغانلار، ياشلار ۋە باللار مۇنداق دۇئا قىلمايدۇ ياكى ئاتا-ئانىسىنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ دېگەنلىك چىقمايدۇ. ئايەتتىكى

قىرىق ياش بىر ئۆرنەك، بىر نەمۇنە، خالاس. ئەمما باللارغا ئۇلار بالاغەتكە يېتىشى ياكى ئېھتىلام بولۇشى بىلەنلا پەرزلەر يۈكلىنىدۇ، دىنىي مەجبۇرىيەتلەر ئارتىلىدۇ، ئۇلارمۇ خۇددى چوڭلارغا ئوخشاشلا دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ.

ئى رەببىم! مېنى سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا-ئانامغا ئاتا قىلغان سان-ساناقسىز نېمەتلىرىڭگە شۈكۈر قىلىشىمنى ئىلھام قىلغىن، مېنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، مەن ئۇچۇن ئەۋلادلىرىمنى ياخشىلاردىن قىلىپ بەرگىن، ياخشىلىق بىلەن تەقۋالىقنى ئۇلاردا داۋام قىلدۇرۇپ بەرگىنكى، بۇ ئىككىسى ئۇلارنىڭ قەلبىگە مەھكەم ئورنىسۇن. مەن سېنىڭ تەرىپىڭگە قايتتىم ۋە بارلىق گۇناھلىرىم ئۇچۇن ساڭا تەۋبە قىلدىم، شەكسىزكى، مەن ساڭا چىن ئەقىدە باغلىغان مۇسۇلمانلاردىنمەن، مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن.

ئەنە شۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلىمىز، گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىمىز. بۇلارنىڭ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا بولغان كامالىي ئىخلاسى ۋە ياخشى ئەمەللىرى سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق مەزكۇر مۇئمىنلەرگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن راست ۋەدىدۇر.

ئەمما بەزى كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنىمۇ تونۇمايدۇ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەققىنىمۇ تونۇمايدۇ ۋە ئۇلارنى قاقشىتىدۇ. ئۇلار ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشنىڭ ئورنىغا يامانلىق قايتۇرىدىغان، ناشۈكۈر، تۇزكور، بىۋاپا ئىنسانلاردۇر. ئاشۇنداق تۇزكور ئىنساننىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ خۇددى باشقا ئاتا-ئانىلارغا ئوخشاشلا تۇرلۇك جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، كېچىلىرى تاتلىق ئۇيقۇسىنى قۇربان قىلىپ، ئۆزى يېمەي يېگۈزۈپ، ئۆزى كىيمەي كىيگۈزۈپ، چىن مۇھەببىتى بىلەن ئۇنى باغرىغا بېسىپ مىڭبىر جاپادا چوڭ قىلغان قەدىرلىك ئاتا-ئانىدۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ تۇزكور، بەتبەخت بالىسىغا قىلغان ياخشىلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا يامانلىق بولۇپ قايتقان. بۇ تۇزكور ئىنسان ئاللاھ تائالاغىمۇ تۇزكورلۇق قىلىدىغان ئىنسان بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ سان-ساناقسىز ئىنئاملىرىغا، تۇرلۇك نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا كۇفرى-مەئسىيەت سادىر قىلىدۇ. بۇ تۇزكور ئىنسان شۇنداق بىر ئىنسانكى، ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا ئىمان، ئىسلام ئۆگىتەيلى دەپ ئېغىز ئاچسا، ئۇلارغا ﴿ۋاي-ۋۇي! سىلەر مېنى (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ قەبرەڭدىن) چىقىرىلىسەن دەپ قورقۇتۇۋاتامسىلەر؟ مەندىن ئىلگىرى

نۇرغۇن ئىنسانلار ئۆتتى (ئۇلاردىن كىم تىرىلىپتۇ؟)﴾، يەنى سىلەر تېخى مېنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىسەن، قىيامەت كۈنى قەبرەڭدىن چىقىرىلىپ، ھېساب مەيدانىغا بارىسەن ۋە ئۇ جايدا بۇ دۇنيادىكى قىلغان-ئەتكەنلىرىڭدىن ھېساب بېرىسەن، دەپ قورقۇتۇۋاتامسىلەر؟ مەندىن ۋە سىلەردىن ئىلگىرى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر، نۇرغۇنلىغان ئەجدادلار بۇ دۇنياغا كېلىپ كەتتى، ھازىرغىچە ئۇلاردىن بىرەرسىنىڭ تىرىلگەنلىكىنى ئاڭلىمىدۇق، دەپ ئاخىرەت ھاياتىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئاتا-ئانىسى بولسا بۇ كۇفرى سۆزنى ئاڭلاپ نالە-پەرياد قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەيدۇ، بالىسىغا ھىدايەت تىلەيدۇ. ئۇلار بۇ تۇزكور بالىسىغا: ﴿ئىسىت ساڭا! ئىمان ئېيتقىن، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ئەلۋەتتە ھەقتۇر﴾ يەنى ئى بالام! مۇنداق كۇفرى سۆزنى قىلمىغىن، تەۋبە قىلغىن، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقىن. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ۋەدىلىرى ھەقتۇر، قىيامەت چوقۇم بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلدى، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇپ شۇ كاپىرلىق ھالىتىدە ئۆلگەنلەرگە دوزاخنى تەييارلىدى، دەيدۇ.

تۇزكور ئىنسان ئاتا-ئانىسىنىڭ شۇنداق چىرايلىق، شۇنداق يوللۇق نەسىھەتلىرىدىن كېيىن، دەيدۇكى، ﴿بۇ پەقەت ئاۋۋالقىلاردىن قالغان بىر ئەپسانىدۇر﴾ يەنى سىلەرنىڭ دەۋاتقىنىڭلار بۇرۇنقىلارنىڭ ھەر زامان ئېيتىپ كەلگەن ئەپسانىلىرى بولۇپ، ھەممىسى قۇرۇق گەپلەردۇر.

دېمەك، ئاتا-ئانا پەرزەنتلىرىنى جېنىدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆر-گەنلىكتىن، پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ھەمىشە ياخشىلىق تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا ھەمىشە شۇنداق ياخشى نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ، ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىدۇ. ئەمما پەرزەنتلەر ئازغۇنلۇقنى تاللىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھىدايەتكە مۇۋەپپەق بولمىغان، ئاتا-ئانىسىنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشىمىغان، نەتىجىدە ئىمان ئېيتمىغان بولسا، ئى پەيغەمبەر! سەنمۇ كاپىر بولغانلارنىڭ كۇفرىلىقى ۋە ئىماندىن باش تارتقانلىقى سەۋەبلىك بىئارام بولمىغىن. ئەنە شۇنداقلارغا رەببىڭنىڭ ئازاب قىلىش ھەققىدىكى ھۆكمى تېگىشلىك بولدى. ئاللاھ تائالا شەيتانغا شۇنداق دېگەن: ﴿لَأَمْلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنكَ وَمِمَّن تَبِعَكَ مِنْهُمْ أَجْمَعِينَ﴾ يەنى ﴿ئەلۋەتتە سەن بىلەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن چوقۇم جەھەننەمنى

توشقۇزىمەن﴾ [1].

مۆئمىنلەر بىلەن كاپىرلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ھەممىسىنىڭ دۇنيادا قىلىپ كەتكەن ياخشى-يامان ئەمەللىرىگە يارىشا مەلۇم دەرىجىلىرى بولىدۇ. جەننەتكە كىرگەن مۆئمىنلەرنىڭمۇ دەرىجىلىرى بىر خىل بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك جەننەتكە كىرسە، بەزىسى ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك جەننەتكە كىرىدۇ. دوزاخقا كىرگەن كاپىرلارنىڭ ئارىسىدىمۇ مۇناپىقلارغا ئوخشاش دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە تاشلىنىدىغانلىرىمۇ بار. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى شۇنداق دەرىجىلەرگە ئايرىشى ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپات ۋە جازاسىنى تولۇق بېرىشى ئۈچۈندۇر.

ئى پەيغەمبەر! كاپىرلار دوزاخقا توغرىلىنىدىغان كۈننى ئۇنتۇمىغىنكى، ئۇ كۈندە ئۇلارغا كايىش ۋە ئۇلارنىڭ ھەسرەت-نادامىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا شۇنداق دېيىلىدۇكى، ﴿سىلەر لەززەتلىرىڭلارنى دۇنيادىكى ھاياتىڭلاردا بەھرىمەن بولۇپ تۈگىتىپ بولدۇڭلار. ئەمدى سىلەر يەر يۈزىدە يولسىزلىق بىلەن چوڭچىلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە (ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتقانلىقىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن خار قىلغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر﴾ يەنى سىلەر دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا، ئاخىرەتنى ئويلاپ قويمىدىڭلار، بارلىقىڭلارنى بۇ دۇنيانىڭ لەززەتلىرى ۋە مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئاتىدىڭلار. شۇنداق قىلىپ سىلەر ھەممە لەززەتلىرىڭلارنى دۇنيا ھاياتىدا ھۇزۇرلىنىپ تۈگىتىپ بولدۇڭلار، ھەممىدىن بەھرىمەن بولدۇڭلار. ئەمدى بۈگۈن دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا چوڭچىلىق قىلىپ، ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈپ، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن باش تارتقانلىقىڭلار ئۈچۈن، خار قىلغۇچى ئازابنى راسا تېتىڭلار. چۈنكى، بۇ ئازاب سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارغا يارىشا بېرىلگەن ئەڭ ئادالەتلىك جازادۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاتا-ئانىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىش ۋە ئۇلارنى كامالىي ئېھتىرام بىلەن ھۆرمەتلەش بالىلارنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر.

2. ئاياللارنىڭ قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ئادەتتە توققۇز ئاي، بوۋاقلارنىڭ

---

[1] ساد سۈرىسى:85-ئايەت.

ئىمىش مۇددىتى ئىككى يىل بولسىمۇ، بەزى ئاياللارنىڭ توققۇز ئاي توشماستىن تۇغۇشى ۋە بوۋاقلارنىڭ ئىككى يىلدىن ئاز ئىمىشى نورمال ئەھۋالدۇر.

3. ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغاندا ئۆزىنىڭ تەۋبىسىنى ۋاستە قىلىپ دۇئا قىلىش جائىز بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەڭ ياخشىدۇر. چۈنكى، ئۆزىنىڭ ئەمەلىنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلىش دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

4. ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش ئەڭ ئېغىر گۇناھلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭ جازاسى ئاخىرەتكە كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، بەلكى مۇشۇ دۇنيادىلا كۆرسىتىلىدۇ. رىئاللىقتا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمىز بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ.

5. نەپسى خاھىش ئىنساننىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ، ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا بېرىلىپ كەتكەنلەر پۇشايماندىن قۇتۇلالمايدۇ.

6. ئۆزىنى بۇ دۇنيانىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتى ئۈچۈن ئاتىغانلار ئاخىرەت نېمەتلىرىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلارغا: ﴿سىلەر لەززەتلىرىڭلارنى دۇنيادىكى ھاياتىڭلاردا بەھرىمەن بولۇپ تۈگىتىپ بولدۇڭلار﴾ دېيىلىدۇ.

### ◄ ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿وَٱذۡكُرۡ أَخَا عَادٍ إِذۡ أَنذَرَ قَوۡمَهُۥ بِٱلۡأَحۡقَافِ وَقَدۡ خَلَتِ ٱلنُّذُرُ مِنۢ
بَيۡنِ يَدَيۡهِ وَمِنۡ خَلۡفِهِۦٓ أَلَّا تَعۡبُدُوٓاْ إِلَّا ٱللَّهَ إِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ
عَذَابَ يَوۡمٍ عَظِيمٖ ﴿٢١﴾ قَالُوٓاْ أَجِئۡتَنَا لِتَأۡفِكَنَا عَنۡ ءَالِهَتِنَا فَأۡتِنَا
بِمَا تَعِدُنَآ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٢٢﴾ قَالَ إِنَّمَا ٱلۡعِلۡمُ عِندَ ٱللَّهِ
وَأُبَلِّغُكُم مَّآ أُرۡسِلۡتُ بِهِۦ وَلَٰكِنِّيٓ أَرَىٰكُمۡ قَوۡمٗا تَجۡهَلُونَ ﴿٢٣﴾ فَلَمَّا
رَأَوۡهُ عَارِضٗا مُّسۡتَقۡبِلَ أَوۡدِيَتِهِمۡ قَالُواْ هَٰذَا عَارِضٞ مُّمۡطِرُنَاۚ بَلۡ هُوَ
مَا ٱسۡتَعۡجَلۡتُم بِهِۦۖ رِيحٞ فِيهَا عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٢٤﴾ تُدَمِّرُ كُلَّ شَيۡءِۭ
بِأَمۡرِ رَبِّهَا فَأَصۡبَحُواْ لَا يُرَىٰٓ إِلَّا مَسَٰكِنُهُمۡۚ كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡقَوۡمَ
ٱلۡمُجۡرِمِينَ ﴿٢٥﴾ وَلَقَدۡ مَكَّنَّٰهُمۡ فِيمَآ إِن مَّكَّنَّٰكُمۡ فِيهِ وَجَعَلۡنَا لَهُمۡ
سَمۡعٗا وَأَبۡصَٰرٗا وَأَفۡـِٔدَةٗ فَمَآ أَغۡنَىٰ عَنۡهُمۡ سَمۡعُهُمۡ وَلَآ أَبۡصَٰرُهُمۡ وَلَآ

أَفْـِٔدَتُهُم مِّن شَىْءٍ إِذْ كَانُوا۟ يَجْحَدُونَ بِـَٔايَـٰتِ ٱللَّهِ وَحَاقَ بِهِم مَّا
كَانُوا۟ بِهِۦ يَسْتَهْزِءُونَ ﴿٢٦﴾ وَلَقَدْ أَهْلَكْنَا مَا حَوْلَكُم مِّنَ ٱلْقُرَىٰ
وَصَرَّفْنَا ٱلْـَٔايَـٰتِ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ ﴿٢٧﴾ فَلَوْلَا نَصَرَهُمُ ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُوا۟
مِن دُونِ ٱللَّهِ قُرْبَانًا ءَالِهَةًۢ ۖ بَلْ ضَلُّوا۟ عَنْهُمْ ۚ وَذَٰلِكَ إِفْكُهُمْ وَمَا
كَانُوا۟ يَفْتَرُونَ ﴿٢٨﴾

### تەرجىمىسى

21ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئاد قەۋمىنىڭ قېرىندىشى (ھۇد)نىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئەھقاف (دېگەن يەر)دىكى قەۋمىنى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن ئىدى. (ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرۇپ): «سىلەر پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، مەن راستىنلا سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن» دېگەن ئىدى.

22ـئۇلار: «(ئى ھۇد!) سەن بىزنى ئىلاھلىرىمىزدىن توسقىلى كەلدىڭمۇ؟ ئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ، سەن بىزگە بىزنى قورقۇتۇۋاتقان (شۇ) ئازابنى كەلتۈرۈپ باققىن» دېدى.

23ـھۇد: «(ئازابنىڭ ۋاقتى توغرىسىدىكى) مەلۇمات پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، مەن سىلەرگە پەقەت ماڭا كەلگەن ۋەھيىنىلا يەتكۈزىمەن. ئەمما مەن سىلەرنى نادان قەۋم دەپ قارايمەن» دېدى.

24ـئۇلار (ئازابنى كۆتۈرۈپ كېلىدىغان) بۇلۇتنى ئۆزلىرىنىڭ ۋادىسى تەرەپكە سۈرۈلۈۋاتقان ھالدا كۆرۈپ: «مانا بۇ بىزگە يامغۇر ئېلىپ كەلگەن بۇلۇتتۇر» دېيىشتى. (ھۇد ئېيتتى) «ئۇنداق ئەمەس، ئۇ سىلەر تېزرەك كېلىشىنى تەلەپ قىلغان نەرسىدۇر، ئۇ ئىچىدە قاتتىق ئازاب بولغان بوراندۇر.

25ـئۇ (بوران) رەببىنىڭ ئەمرى بىلەن ھەممە نەرسىنى ۋەيران قىلىدۇ». شۇنىڭ بىلەن (ئۇلار ھالاك بولۇپ، ئۇ يەردە) ئۇلارنىڭ (خارابىگە ئايلانغان) ئۆي-ماكانلىرىدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى. بىز گۇناھكار قەۋمنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز.

26ـشەكسىزكى، بىز ئۇلارنى سىلەرگە بەرمىگەن(كۈچ-قۇۋۋەت ۋە بايلىق قاتارلىق) نەرسىلەرگە ئىگە قىلغان ئىدۇق. ئۇلارغا قۇلاق، كۆز، قەلبلەرنى

ئاتا قىلغان ئىدۇق. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە قەلبلىرى ھېچنېمىگە ئەسقاتمىدى. ئۇلارنى ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان ئازاب قورشىۋالدى.

27-(ئى مەككە ئاھالىسى!) بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەتراپىڭلاردىكى شەھەرلەرنى ھالاك قىلدۇق. ئۇلارنى (كۇفرىدىن) يانسۇن دەپ ئايەتلەرنى (ھەرخىل ئۇسۇلدا) قايتا-قايتا بايان قىلدۇق.

28-ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا) يېقىنلىق ئىزدەيمىز دەپ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان مەبۇدلىرى (ئازاب كەلگەن چاغدا) ئۇلارغا نېمىشقا ياردەم قىلمىدى؟ بەلكى ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرى ئۇلاردىن غايىب بولدى. بۇ (يەنى بۇتلار بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ دېگەن سۆز) ئۇلارنىڭ (توقۇپ چىقارغان) يالغىنىدۇر ۋە ئويدۇرمىسىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! مەككىلىكلەرگە ھۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قەۋمى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن قىسسىلەرنى ھېكايە قىلىپ بەرگىن. ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى «ئەھقاف» دېگەن جايدا ياشايدىغان ئاد قەۋمى ئىدى. ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا ئۆز قەۋمىگە ۋەز-نەسىھەت قىلىپ: ئى قەۋمىم! سىلەرنى ياراتقان ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىپ كېلىۋاتقان رەببىڭلار ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماڭلار، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار. چۈنكى، مەن سىلەرگە يۈزلىنىدىغان قاتتىق كۈننىڭ ئازابىدىن قورقۇۋاتىمەن، دېگەن ئىدى. مەككىلىكلەرگە يەنە شۇنىمۇ بىلدۈرگىنكى، ھۇد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كەلگەن پەيغەمبەرلەرمۇ ۋە كېيىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرمۇ ھەممىسى كىشىلەرگە شۇنداق ۋەز-نەسىھەت قىلغان ئىدى. چۈنكى، جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق چاقىرىقى: ﴿ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار﴾ دېيىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ بۇ چىرايلىق ۋەز- نەسىھەتلىرىگە قارشى نېمە دېدى؟ ئۇلار: ئى ھۇد! سەن تېخى بىزنى ئەجدادلىرىمىز ۋە سەندىن ياخشى كىشىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ ئۆتكەن شۇ ئىلاھلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈتكىلى كەلدىڭمۇ؟ بىزنى ئۇلارغا ئىبادەت قىلىشتىن توسماقچىمۇسەن؟ ئەگەر سەن بۇ دەۋىتىڭدىن ۋاز كەچمىسەڭ ۋە بۇ نىيىتىڭدىن يانمىساڭ، سەن بىزنى قورقۇتۇپ كېلىۋاتقان شۇ ئازابنى

بىزگە بىر كەلتۈرۈپ باقامسەن؟ ئەگەر سۆزۈڭدە راستچىل بولساڭ، شۇ ئازابنى بىزگە بىر كەلتۈرۈپ باققىنە قېنى! دېدى.

ئەمما ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا چىرايلىقچە جاۋاب بېرىپ: بارچە ئىلىم ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئازابنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بەلگىلەيدۇ. مەن بولسام پەقەت سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بىر ئەلچىمەن، مېنىڭ ۋەزىپەم پەقەتلا سىلەرگە دىنني يەتكۈزۈشتۇر، ئازابنى كەلتۈرۈش مېنىڭ قولۇمدىكى ئىش ئەمەس. مەن سىلەرنى ياخشى سۆزنى چۈشەنمەيدىغان نادان بىر قەۋم دەپ قارايمەن، دېدى.

ئەھۋال شۇنداق داۋام قىلدى، ھۇد ئەلەيھىسسالام دەۋەتنى داۋاملاشتۇردى، ئۇنىڭ قەۋمى بولسا ئىنكارنى ۋە ھەقىقەتنى رەت قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇلغان ۋە ئۆزلىرى تېزرەك كېلىشىنى تەلەپ قىلغان ئازاب ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشتى.

ئىنكارچى قەۋم ئۆزلىرىگە كېلىۋاتقان ئازابنى ئۆزلىرىنىڭ ۋادىسى تەرەپكە سۈرۈلۈۋاتقان بۇلۇت دەپ ئويلاپ قېلىپ: «مانا بۇ بىزگە يامغۇر ياغدۇرغۇچى بۇلۇتتۇر» دېيىشىپ خۇشال بولۇشۇپ كەتتى ۋە تېخىمۇ كۆرەڭلەشكە باشلىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ يامغۇر ياغدۇرغۇچى بۇلۇت ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى جازالىغۇچى ئازاب ئىدى. ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئازاب ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشقان قەۋمىگە: ياق! ئۇ بۇلۇت ئەمەس، بەلكى ئازابنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بوراندۇر، دېگەن.

ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قاتتىق بىر بوران ئەۋەتكەن بولۇپ، بوران يەتتە كېچە، سەككىز كۈن داۋام قىلغان. بۇ جەرياندا ئاد قەۋمى پۈتۈنلەي ھالاك بولۇپ تۈگەشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ خارابىگە ئايلىنىپ قالغان ئۆي-ئىمارەتلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ئىزى قالمىغان. ﴿فَتِلْكَ بُيُوتُهُمْ خَاوِيَةًۢ بِمَا ظَلَمُوٓا۟ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَـَٔايَةً لِّقَوْمٍ يَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿مانا ئۇلارنىڭ زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئادەمسىز قالغان ئۆيلىرى!﴾[1]. گۇناھكار قەۋمنى ئەنە شۇنداق قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايمىز.

ئاللاھ تائالا ئاد قەۋمىگە كۆپ ئىنئاملارنى قىلغان، مېۋىلىك باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن، بۇلاقلارنى چىقىرىپ بەرگەن ئىدى. ئۇلار ھەربىر ئېگىز جايلارغا ھەشەمەتلىك قەسىرلەرنى سالاتتى، ھەتتا ئۇلار مەڭگۈلۈك ياشايدىغاندەك مۇستەھكەم قورۇلۇشلارنى بىنا قىلاتتى. ئى مەككە ئەھلى!

[1] نەمل سۈرىسى:52-ئايەت.

بىز ئاد قەۋمىگە سىلەرگە بەرمىگەن بايلىق، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ئىمكانىيەت قاتارلىقلارنى بەرگەن، ئۇلارغىمۇ سىلەرگە ئاتا قىلغاندەك كۆز، قۇلاق ۋە دىللارنى ئاتا قىلغان ئىدۇق، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن بۇ سەزگۈ ئەزالىرىنى جايىدا ئىشلەتمىدى، كۆزلىرى بولغىنى بىلەن ھەقىقەتنى كۆرمىدى، قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەن ھەقىقەتنىڭ سادالىرىنى ئاڭلىمىدى، دىللىرى بولغىنى بىلەن ھەقىقەتكە ئىشەنمىدى ۋە چۈشەنمىدى. دېمەك، ئۇلار بۇ ئەزالىرىنى يارىتىلغان مەقسەت ئۈچۈن ئىشقا سالمىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆزلىرى، قۇلاقلىرى ۋە دىللىرى ئۇلارغا ئەسقاتمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى چەكسىز قۇدرەتلىرىنىڭ نامايەندىلىرىنى كۆرمىدى ۋە ئىشەنمىدى، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى، مۆجىزىلىرىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى ئىنكار قىلدى. نەتىجىدە، ئۇلار ئېھتىمالدىن يىراق سانىغان، ھەتتا مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشكەن ئازاب ئۇلارنى ھەر تەرىپىدىن قورشىۋالدى.

ئى مەككىلىكلەر! سىلەرنىڭ ئەتراپىڭلاردىكى سەمۇد قەۋمىنىڭ شەھەرلىرىنى، ھىجر شەھىرىنى ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ شەھەرلىرىنى ئۇلارنىڭ ئاھالىسىنىڭ كۇفرىلىقى سەۋەبلىك ھالاك قىلىۋەتتۇق. سىلەر شام ۋە يەمەن سەپەرلىرىڭلاردا ئۇلارنىڭ خارابىلىرىدىن ئۆتىسىلەر. بۇلاردىن ھېچ ئىبرەت ئالمامسىلەر؟ شۇ ئازابلارنىڭ سىلەرگىمۇ كېلىپ قېلىشىدىن قورقمامسىلەر؟

بىز ئۇلارنى ھالاك قىلىشتىن بۇرۇن خۇددى سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغاندەك، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ۋە باشلىرىغا كېلىدىغان قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە ئايەتلىرىمىزنىمۇ خۇددى سىلەرگە بايان قىلىپ بەرگەندەك ھەر خىل ئۇسلۇبلاردا قايتا-قايتا بايان قىلغان ئىدۇق.

كاپىرلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىق ئىزدەيمىز دەپ چوقۇنغان مەبۇد-لىرى ئۇلارغا نېمىشقا ئەسقاتمىدى؟ ئۇلارغا نېمىشقا شاپائەت قىلمىدى؟ چۈنكى ئۇلار ئەسقاتمايدۇ ۋە شاپائەت قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ قولىدىن بۇ دۇنيادا ھېچ ئىش كەلمىگەندەك ئاخىرەتتىمۇ ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. شۇڭا بۇ مەبۇدلار ئۇلار ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇ مۇشرىكلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى يۈزلەنگەندە، ئۇلارنىڭ ساختا مەبۇدلىرى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن غايىب بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار چوقۇنغان بۇتلار تاشتىن، ياغاچتىن ۋە لايدىن ياسالغان جانسىز نەرسىلەر بولۇپ، بۇ دۇنيادا ئۇلارغا ئەسقاتمىغان تۇرسا، ئاخىرەتتە قانداق ئەسقاتسۇن؟!

بۇتلارنى ۋە ھەرقانداق بىر ساختا مەبۇدنى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئەسقاتىدۇ ۋە شاپائەت قىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش مۇشرىكلارنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغان يالغانلىرى ۋە سەپسەتىلىرىدۇر. مۇشرىكلارنىڭ ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشى ۋە ئۆزلىرى ئىشەنچ قىلغان مەبۇدلىرىنىڭ ئۇلارغا ئەسقاتماسلىقى قاتارلىق ئىشلار ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئويدۇرغان نەرسىلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى ئالدىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇلارغا بېرىلىدىغان جازا ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ بۇ يالغانلىرى ۋە تۆھمەتلىرى يۈزىسىدىن بېرىلگەن تېگىشلىك جازادۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەرقانداق بىر ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى بولغىنىدەك، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭمۇ دۈشمەنلىرى بولغان. ئۇلار ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى توسۇش ئۈچۈن قولىلىرىدىن كەلگەنىنىڭ ھەممىسىنى قىلغان. ئەمما ئاخىرىدا، ھەقىقەت غەلىبە قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى چىققانلار ھالاك بولغان.

2. پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە ھەق دىنىنى يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

3. ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلغانلار پەقەت پەيغەمبەرلەرنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلاتتى.

4. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى چىققانلار ئەزەلدىن نىجات تاپقان ئەمەس. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇندۇر، زالىملارنىڭ جازاسىنىڭ كېچىككەنلىكى جازانىڭ قاتتىق بولىدىغانلىقىغا ئىشارەتتۇر.

## ◄ جىنلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلىقى

﴿وَإِذْ صَرَفْنَآ إِلَيْكَ نَفَرًا مِّنَ ٱلْجِنِّ يَسْتَمِعُونَ ٱلْقُرْءَانَ فَلَمَّا
حَضَرُوهُ قَالُوٓا۟ أَنصِتُوا۟ ۖ فَلَمَّا قُضِىَ وَلَّوْا۟ إِلَىٰ قَوْمِهِم مُّنذِرِينَ ﴿٢٩﴾ قَالُوا۟
يَٰقَوْمَنَآ إِنَّا سَمِعْنَا كِتَٰبًا أُنزِلَ مِنۢ بَعْدِ مُوسَىٰ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ
يَدَيْهِ يَهْدِىٓ إِلَى ٱلْحَقِّ وَإِلَىٰ طَرِيقٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿٣٠﴾ يَٰقَوْمَنَآ أَجِيبُوا۟
دَاعِىَ ٱللَّهِ وَءَامِنُوا۟ بِهِۦ يَغْفِرْ لَكُم مِّن ذُنُوبِكُمْ وَيُجِرْكُم مِّنْ

عَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٣١﴾ وَمَن لَّا يُجِبْ دَاعِيَ ٱللَّهِ فَلَيْسَ بِمُعْجِزٍ فِي ٱلْأَرْضِ
وَلَيْسَ لَهُۥ مِن دُونِهِۦٓ أَوْلِيَآءُ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ فِي ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٣٢﴾

## ◄ تەرجىمىسى

29-(ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم جىنلارنى سېنىڭ يېنىڭغا قۇرئان تىڭشاشقا ئەۋەتكەن ئىدۇق، ئۇلار قۇرئان تىلاۋىتىگە هازىر بولغاندا (بىر-بىرىگە): «جىم تۇرۇڭلار» دېيىشكەن، قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۆز قەۋمىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ قايتىشقان ئىدى.

30-ئۇلار ئېيتتى: «ئى قەۋمىمىز! ھەقىقەتەن بىز مۇسادىن كېيىن نازىل بولغان، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى كىتابلار)نى تەستىقلايدىغان، ھەق دىنغا ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان بىر كىتاب (قۇرئان)نى تىڭشىدۇق.

31-ئى قەۋمىمىز! ئاللاھنىڭ دەۋەتچىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) نىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ بەزى گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ، سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن ساقلايدۇ.

32-كىمكى ئاللاھنىڭ دەۋەتچىسىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمايدىكەن، ئۇ يەر يۈزىدە ئاللاھ (نىڭ ئازابى) دىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، (ئازاب كەلگەندە) ئۇنىڭغا ئاللاھتىن باشقا ياردەم قىلغۇچى چىقمايدۇ. ئەنە شۇلار ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتىدۇر».

## ◄ تەپسىرى

يۇقىرىقى ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالا جىنلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ ئىمان ئېيتقانلىق قىسسىسىنى بايان قىلىش ئارقىلىق مەككىلىك مۇشرىكلارغا كايىغان ۋە ئۇلارغا جىنلارنى ئۈرنەك قىلىپ كۆرسەتكەن. چۈنكى، ئىنسانلار جىنلاردىن ئەۋزەل مەخلۇقات بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، «قۇرئان كەرىم» شۇ مەككىلىك ئىنسانلارنىڭ تىلىدا نازىل قىلىنغان تۇرۇپ، بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىغانلىقى ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئىدى. گويا ئى مەككىلىكلەر! جىنلار ئىمان ئېيتقان يەردە، سىلەر نېمە ئۈچۈن ئىمان ئېيتمايسىلەر؟ ھالبۇكى، «قۇرئان كەرىم» سىلەرنىڭ تىلىڭلار بولغان ئەرەب تىلىدا نازىل بولغان تۇرسا، سىلەر ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسانلىق ئېتىبارىڭلار بىلەن جىنلاردىن ئەۋزەل تۇرساڭلار، قانداقمۇ ئىماندىن يۈز ئۆرۈيسىلەر؟ دېمەكتە.

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆيۈملۈك ئايالى، ئۇنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى كۈچلۈك قوللىغۇچىسى، مەنىۋى يۆلەكچىسى ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن، تاشقى جەھەتتىكى قوغدىغۇچىسى ۋە ھىمايىچىسى بولۇپ كېلىۋاتقان كۆيۈمچان تاغىسى ئەبۇ تالىب ئىككىسى ئارقا-ئارقىدىن ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن غەمكىن ھالدا، تائىف شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ جايدىكى سەقىف قەبىلىسىدىن ئۆزىنىڭ ئىسلام دەۋىتىنى قانات يايدۇرۇش ئىشلىرىدا ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىپىنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تائىفنىڭ جەمئىيەت داشقاللىرىنى ۋە قۇللىرىنى كۈشكۈرتۈپ تاش ئاتقىلى ۋە ھاقارەت قىلغىلى سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەبىئە ئوغۇللىرىدىن شەيبە ۋە ئۇتبە دېگەن كىشىلەرنىڭ بېغىغا كىرىۋالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى پۇتى تائىفلىقلار ئاتقان تاشلارنىڭ زەربىسىدە قاناپ كەتكەن ئىدى»[1].

بۇ جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق قىسمىتى بولۇپ، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز قەۋملىرى تەرىپىدىن شۇنداق قارشىلىقلارغا ۋە دۈشمەنلىكلەرگە ئۇچرىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىفتىن نەتىجىسىز قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالاغا يېلىنىپ مۇنداق مۇناجات قىلىدۇ: «اَللَّهُمَّ إِلَيْكَ أَشْكُو ضَعْفَ قُوَّتِي ، وَقِلَّةَ حِيلَتِي ، وَهَوَانِي عَلَى النَّاسِ أَرْحَمَ الرَّاحِمِينَ ، أَنْتَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ ، إِلَى مَنْ تَكِلُنِي؟ ، إِلَى عَدُوٍّ يَتَجَهَّمُنِي ، أَمْ إِلَى قَرِيبٍ مَلَّكْتَهُ أَمْرِي ، إِنْ لَمْ تَكُنْ غَضْبَانًا عَلَيَّ ، فَلَا أُبَالِي ، إِنَّ عَافِيَتَكَ أَوْسَعُ لِي ، أَعُوذُ بِنُورِ وَجْهِكَ الَّذِي أَشْرَقَتْ لَهُ الظُّلُمَاتُ ، وَصَلَحَ عَلَيْهِ أَمْرُ الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ أَنْ تُنْزِلَ بِي غَضَبَكَ ، أَوْ تُحِلَّ عَلَيَّ سَخَطَكَ ، لَكَ الْعُتْبَى حَتَّى تَرْضَى ، لَا قُوَّةَ إِلَّا بِكَ» يەنى «ئى ئاللاھ! ساڭا ئۆزۈمنىڭ ئاجىزلىقىدىن، چارىسىزلىكىمدىن ۋە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا خار بولۇپ كەتكەنلىكىمدىن دەردلىنىمەن. ئى رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاللاھ! سەن ئاجىزلارنىڭ رەببىسەن، مېنىڭ رەببىمسەن، سەن مېنى كىمگە تاشلاپ قويىسەن! ماڭا تاش ئېتىپ ئەزىيەت بېرىدىغان قۇللارغىمۇ ياكى سەن ماڭا مۇسەللەت قىلىپ قويغان (مەككىلىك) دۈشمەنلەرگىمۇ؟ ئەگەر سەن ماڭا غەزەپ قىلمىساڭلا، مەن ئۇچۇن بەرىبىردۇر. ئەمما سېنىڭ ماڭا ئاتا قىلىدىغان ئامانلىقىڭ تولىمۇ كەڭدۇر. سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭغا

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 452- بەت.

ۋە قاراڭغۇلۇقلارنى يورۇتقان، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرى ئۇنىڭ بىلەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدىغان ئۇلۇغ نۇرۇڭغا سىغىنىپ ماڭا غەزەپ قىلىشىڭدىن ۋە جازالىشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن. سەن مەندىن مەمنۇن بولغانغا قەدەر كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە سېنى رازى قىلىشقا تىرىشىمەن، سېنىڭ ياردىمىڭ بولمىسا، قولۇمدىن ھېچبىر ئىش كەلمەيدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىفتىن قايتىپ كېلىپ، مەككە ئەتراپىدىكى نەخلە دەپ ئاتىلىدىغان بىر جايغا چۈشكەن، شۇ جايدا كېچىلەپ ناماز ئوقۇغان، نامازدا ئۇزۇن-ئۇزۇن قىرائەت قىلغان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا جىنلارنىڭ كاتتىلىرىدىن يەتتە نەپىرىنى ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازدىكى قىرائىتىنى دىققەت بىلەن تىڭشىغان. ئۇلارنىڭ كېلىپ كەتكەنلىكىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېس قىلمىغان ۋە بىلمىگەن. ئاللاھ تائالا شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ﴿ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم جىنلارنى سېنىڭ يېنىڭغا قۇرئان تىڭشاشقا ئەۋەتكەن ئىدۇق﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان[2]. بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىش، ئۇنىڭغا روھىي جەھەتتىن مەدەت بېرىش ۋە تەسەللى بېرىش، شۇنداقلا ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقىغا كايىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالا بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرەمدىن مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ بېرىش ۋە ئاندىن ئۇنى يۇقىرى ئۇپۇقلارغا كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەن ۋە ئۇنىڭ روھىيىتىنى كۆتۈرگەن. بۇ ۋەقەلىك ئىسلام تارىخىدا «ئىسرا-مىراج» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە بىزنىڭ جىنلارنى سېنىڭ قىرائىتىڭنى تىڭشاش ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكىمىزنى بايان قىلىپ بەرگىن. ئۇ چاغدا جىنلار سېنىڭ قىرائىتىڭنى ئاڭلىغاندا بىر-بىرىگە «جىم تۇرۇپ تىڭشاڭلار!» دېگەن ۋە سەن قىرائەتنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆز قەۋمىنىڭ يېنىغا ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ قايتىپ بېرىپ: ﴿قُلۡ أُوحِيَ إِلَيَّ أَنَّهُ ٱسۡتَمَعَ نَفَرٞ مِّنَ ٱلۡجِنِّ فَقَالُوٓاْ إِنَّا سَمِعۡنَا قُرۡءَانًا عَجَبٗا ١ يَهۡدِيٓ إِلَى ٱلرُّشۡدِ فَـَٔامَنَّا بِهِۦۖ وَلَن نُّشۡرِكَ بِرَبِّنَآ أَحَدٗا ٢ وَأَنَّهُۥ تَعَٰلَىٰ جَدُّ رَبِّنَا مَا ٱتَّخَذَ صَٰحِبَةٗ وَلَا وَلَدٗا﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ماڭا ھەقىقەتەن شۇنداق ۋەھيى

[1] «المعجم الكبير للطبراني» 13- توم، 73-بەت، 181-ھەدىس.
[2] «تفسير البغوي»7-توم، 266-بەت.

قىلىندىكى، بىر قانچە جىن (مېنىڭ قۇرئان ئوقۇۋاتقانلىقىمنى) ئاڭلاپ، (ئۆز قەۋمىنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ) مۇنداق دېدى: ‹بىز ھەقىقەتەن توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق، بىز رەببىمىزگە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز. ھەقىقەت شۇكى، رەببىمىزنىڭ ئۇلۇغلۇقى ناھايىتى ئۈستۈندۇر، (ئېھتىياجى بولمىغاچ) ئايالى ياكى بالىسى يوقتۇر﴾ [1] دېگەن. ئۇلار يەنە ﴿ئى قەۋمىمىز! ھەقىقەتەن بىز مۇسادىن كېيىن نازىل قىلىنغان، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى كىتابلار) نى ئېتىراپ قىلىدىغان، ھەق دىنغا ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان بىر كىتاب (قۇرئان) نى تىڭشىدۇق. ئى قەۋمىمىز! ئاللاھنىڭ دەۋەتچىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) نىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ گۇناھلىرىڭلاردىن بەزىسىنى ئەپۇ قىلىدۇ، سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن ساقلايدۇ﴾ دېگەن، يەنى ئى قەۋمىمىز! بىز بۈگۈن كېچە ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان، قەلبىنى يورۇتۇۋېتىدىغان، توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان، ئاجايىپ مۆجىزىلىك، ناھايىتى مۆڭلۈق، تولىمۇ گۈزەل بىر كىتاب-«قۇرئان كەرىم»نى تىڭشاپ قالدۇق ۋە شۇ ھامان ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق. بىز ئەمدى رەببىمىزنى تونۇدۇق، بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ھېچكىمنى ۋە ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلىپ قوشمايمىز. رەببىمىزنىڭ مەرتىۋىسى ناھايىتى ئۈستۈن ۋە ناھايىتى ئۇلۇغدۇر، ئۇ نە ئايالغا، نە بالىغا موھتاج ئەمەستۇر، شۇڭا ئۇنىڭ ئايالىمۇ يوق، بالىسىمۇ يوقتۇر. ئى قەۋمىمىز! بىز مۇسادىن كېيىن نازىل قىلىنغان، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى «تەۋرات»، «ئىنجىل» ۋە «زەبۇر» قاتارلىق كىتابلارنىڭ ئەسلىسىنى تەستىقلايدىغان، جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق دىنى بولغان ھەق دىنغا ۋە ئۇلارنىڭ يولى بولغان توغرا يولغا باشلايدىغان شانلىق كىتاب - «قۇرئان كەرىم»نى تىڭشىدۇق. ئى قەۋمىمىز! ئاللاھ تائالانىڭ دەۋەتچىسى، ئاخىرقى پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ چاقىرغان دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭغا كەلگەن دىنغا ئىمان ئېيتىڭلار. ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بەزى گۇناھلىرىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ ۋە سىلەرنى كاپىرلارغا تەييارلانغان ئازابتىن ساقلايدۇ.

بىلىڭلاركى، كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ دەۋەتچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمايدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى جازالىماقچى بولسا، ئۇ يەر يۈزىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قېچىپ

---

[1] جىن سۈرىسى:1-3-ئايەتلەر.

قۇتۇلالمايدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كەلگەندە، ئۇنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان بىرەر دوست ياكى بىرەر ياردەم قىلغۇچى چىقمايدۇ. ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىغانلار ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق ئازغۇنلار بولۇپ، بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئازغۇنلۇق بارمۇ؟!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ئازغۇنلۇققا پاتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيالىقى ھۇزۇرسىزلىق بىلەن، ئاخىرەتلىكى بولسا ئازاب بىلەن ئۆتىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى كەلگەندە پەن-تېخنىكا كارغا كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئازابىنى توسۇپ قالالايدىغان ھېچقانداق كۈچ يوقتۇر.

3. ھىدايەت بىلەن ئازغۇنلۇق ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ئازغۇنلۇقتا قالدۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ.

4. جىنلارنىڭ بارلىقى ھەقىقەتتۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بارلىقىنى «قۇرئان كەرىم» بايان قىلغان. شۇڭا جىنلارنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغان ئادەم خۇددى پەرىشتىلەرنى ئىنكار قىلغانغا ئوخشاش كاپىر بولىدۇ.

5. «قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلىنغاندا ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ، جىم تۇرۇپ ئاڭلاش پەرزدۇر.

6. كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىش، مۇسۇلمانلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر.

7. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر نۇرغۇنلىغان ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالغانلىقى سەرتىدا، ئىككى دۇنيالىق بەختسىزلىككە دۇچار بولىدۇ.

## ◄ تىرىلىش دەلىللىرى

﴿أَوَلَمْ يَرَوْاْ أَنَّ ٱللَّهَ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَلَمْ يَعْىَ
بِخَلْقِهِنَّ بِقَٰدِرٍ عَلَىٰٓ أَن يُحْـِۧىَ ٱلْمَوْتَىٰ ۚ بَلَىٰٓ إِنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٣٣﴾
وَيَوْمَ يُعْرَضُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ عَلَى ٱلنَّارِ أَلَيْسَ هَٰذَا بِٱلْحَقِّ ۖ قَالُواْ بَلَىٰ

وَرَبِّنَاۚ قَالَ فَذُوقُواْ ٱلۡعَذَابَ بِمَا كُنتُمۡ تَكۡفُرُونَ ﴿٣٤﴾

### تەرجىمىسى

33ـئۇلار (يەنى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلار) بىلمەمدۇكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، ئۇلارنى يارىتىشتا چارچاپ قالمىغان ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە قادىردۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

34ـكاپىرلار دوزاخقا توغرىلىنىدىغان كۈندە (ئۇلارغا): «بۇ راست ئەمەس-مىكەن؟» (دېيىلىدۇ) ئۇلار: «رەببىمىزنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، ئەلۋەتتە راست ئىكەن» دەيدۇ. ئاللاھ (ئۇلارغا): «ئۇنداقتا، (بۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن بۇ ئازابنى تېتىڭلار» دەيدۇ.

### تەپسىرى

ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغان بۇ كاپىرلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى، ئىنسانلارنى ۋە جىنلارنى، شۇنداقلا بارلىق مەۋجۇداتنى ھېكمەت ۋە ئادالەت بىلەن ياراتقان ۋە ئۇلارنى يارىتىشتا ھېچبىر چارچاپ قالمىغان ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتنى ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش تولىمۇ ئوڭايدۇر.

ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى، ئاخىرەتتىكى ھېساب بېرىش، جەننەت ۋە دوزاخ قاتارلىق ھەقىقەتلەرنى ئىنكار قىلىپ كېلىۋاتقان، ھاياتىنى كۇفرى ۋە زالالەت ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بۇ كاپىرلار قىيامەت كۈنى دوزاخقا مەسئۇل قاتتىق قول پەرىشتىلەر تەرىپىدىن سۆرەپ دوزاخنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەن ۋە دوزاخقا توغرىلانغان كۈندە، ئۇلارنىڭ ھەسرەت-نادامىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ۋە ئۇلارنى مەنىۋى جەھەتتىن ئازابلاش ئۈچۈن ئۇلارغا: «سىلەر كۆرۈۋاتقان ۋە تېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بۇ ئازاب، بۇ دوزاخ راست ئەمەسمىكەن؟» دېيىلىدۇ. ئۇلار دەرھال جاۋاب بېرىپ: «رەببىمىزنىڭ ئۇلۇغ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتىمىزكى، بۇ ئازاب ھەقىقەتەن راست ئىكەن، پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇنيادا بىزنى ئاگاھلاندۇرغانلىرى ھەق ۋە راست ئىكەن. مانا بىز ئەمدى بۇ ئازابنى، بۇ دوزاخنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز» دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا پەرىشتىلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق دەيدۇكى، ئۇنداقتا،

سىلەر بۇ ئازابنى تېتىڭلار، دۇنيادىكى ۋاقىتىڭلاردا ئاخىرەت ھەققىدىكى ھەقىقەتلەرنى ئىنكار قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن بۈگۈن بۇ ئازابنى ئوبدان تېتىڭلار.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن ھەرگىز قىيىن ئەمەس. چۈنكى، بۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولۇپ، ئاللاھ تائالا دەسلەپتە ئۆزى يوقتىن ياراتقان بىر مەخلۇقاتنى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.

2. كۇفرىلىقنىڭ ئاقىۋىتى دوزاختۇر. كۇفرىلىق ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىش ياكى ئۇنىڭ دىنىنى ياكى پەيغەمبىرىنى ۋەياكى «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلىش دېگەنلىكتۇر.

## چىدامىلىق بولۇشقا ئۈندەش

﴿فَٱصْبِرْ كَمَا صَبَرَ أُوْلُواْ ٱلْعَزْمِ مِنَ ٱلرُّسُلِ وَلَا تَسْتَعْجِل لَّهُمْۚ كَأَنَّهُمْ يَوْمَ يَرَوْنَ مَا يُوعَدُونَ لَمْ يَلْبَثُوٓاْ إِلَّا سَاعَةً مِّن نَّهَارٍۭۚ بَلَٰغٌۚ فَهَلْ يُهْلَكُ إِلَّا ٱلْقَوْمُ ٱلْفَٰسِقُونَ ﴿٣٥﴾﴾

## تەرجىمىسى

35-(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئەزىمەتلىك پەيغەمبەرلەردەك چىدامىلىق بولغىن، ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا كېلىدىغان ئازابقا) ئالدىراپ كەتمىگىن. ئۇلار ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنى كۆرگەن كۈندە، (دۇنيادا) كۈندۈزنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدىلا تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ، بۇ (قۇرئان ئىنسان ۋە جىنلار ئۈچۈن) يېتەرلىكتۇر، پەقەت ئاللاھنىڭ دىنىدىن چىققان قەۋملا ھالاك قىلىنىدۇ.

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سەن نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا ۋە ئىيسا قاتارلىق ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەردەك چىدامىلىق ۋە سەۋرچان بولغىن. ئۇلار ئۆز قەۋملىرىنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلغاندەك، دىنىنى يەتكۈزۈش يولىدا چىدامىلىق بولغاندەك، سەنمۇ مۇشرىكلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە

سەۋر قىلغىن، ئىسلام دىنىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش يولىدا چىداملىق بولغىن. ﴿أَمْ حَسِبْتُمْ أَن تَدْخُلُوا۟ ٱلْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُم مَّثَلُ ٱلَّذِينَ خَلَوْا۟ مِن قَبْلِكُم ۖ مَّسَّتْهُمُ ٱلْبَأْسَآءُ وَٱلضَّرَّآءُ وَزُلْزِلُوا۟ حَتَّىٰ يَقُولَ ٱلرَّسُولُ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مَعَهُۥ مَتَىٰ نَصْرُ ٱللَّهِ ۗ أَلَآ إِنَّ نَصْرَ ٱللَّهِ قَرِيبٌ﴾ يەنى ﴿(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر تېخى ئىلگىرىكى (مۇئمىنلەر)نىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر سىلەرنىڭمۇ بېشىڭلارغا كەلمەي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ ئۇلار چىدىغۇسىز ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە شۇنداق ساراسىمىگە چۈشۈرۈلگەنكى، ھەتتا پەيغەمبەر بىلەن مۇئمىنلەر: «ئاللاھنىڭ ياردىمى قاچانمۇ كېلەر؟» دەپ كەتكەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر﴾[1].

ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالا سېنى مۇشرىكلارنىڭ سۈيىقەستلىرىدىن چوقۇم قوغدايدۇ، سېنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا ئۆزى يالغۇز تېتىيدۇ. سەن بۇ مۇشرىكلارغا كېلىدىغان ئازابقا ئالدىراپ كەتمىگىن. ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنى كۆرگەن ۋاقتىدا، بۇ دۇنيادا پەقەت كۈندۈزدىن بىرەر سائەتلا تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە تەييارلانغان قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى كۆرگىنىدە، قىيامەت مەيدانىدا ئۆتكۈزگەن ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن بۇ دۇنيادا ئۆزلىرى ياشاپ ئۆتكەن بىر ئۆمۈر ۋاقتىنى پەقەت كۈندۈزدىكى بىرەر سائەت ۋاقىتچىلىك ئويلاپ قالىدۇ. بۇ ئېيتقانلىرىمىز ئۇلارغا ۋە باشقىلارغا ھەقىقەتنى يەتكۈزۈشتۇر.

ئى ئىنسانلار! سىلەرگە قىلىنغان بۇ ۋەز-نەسىھەتلەر سىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشىڭلار ۋە توغرا يولغا كىرىشىڭلار ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. مۇشۇنداق تەپسىلىي ۋە ئېنىق بايانلاردىن كېيىن، توغرا يولغا كىرىشنى خالىمايدىغان، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىدىغان، ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئاسىيلىق قىلىدىغان پاسىق قەۋم ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا ۋە قاتتىق ئازابىغا تېگىشلىكتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كەلگەندە پەقەت مۇشۇنداق پاسىق قەۋملا ھالاك قىلىنىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. سەۋر – تائەت - ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرۇشتا چىداملىق بولۇش،

[1] بەقەرە سۈرىسى:214-ئايەت.

كىشىلەردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋرچان بولۇش، گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى تەرك ئېتىشتە ئىرادىلىك بولۇش ۋە بالا-قازاغا سەۋر قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە مۇكاپات بېرىشنى ۋەدە قىلغان.

2. پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتىكى چىدامچانلىقى، قەۋملىرىدىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋرچانلىقى بىلەن بارلىق ئىنسانىيەتكە ئۈلگىدۇر.

# مۇھەممەد سۈرىسى

مۇھەممەد سۈرىسى 39 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ﴿وَكَأَيِّن مِّن قَرۡيَةٍ هِيَ أَشَدُّ قُوَّةٗ مِّن قَرۡيَتِكَ ٱلَّتِيٓ أَخۡرَجَتۡكَ أَهۡلَكۡنَٰهُمۡ فَلَا نَاصِرَ لَهُمۡ﴾ دېگەن ئايەتتىن باشقا ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسى مەدىنىدە نازىل بولغان[1].

بۇ سۈرە كۆپلىگەن ئىلاھىي پەرمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى ھەق دىننى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش يولىدا جىدامچانلىق كۆرسىتىشكە بۇيرۇغان ۋە جىھادقا مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى بايان قىلغان. بۇ سۈرىدە يەنە مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئەھۋالى ۋە بۇ ئىككى پىرقە بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىپ، كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق مۇئمىنلەرنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا ئۈندەشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرە «مۇھەممەد سۈرىسى» دەپ ئاتالغاندەك، «قىتال سۈرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ «مۇھەممەد سۈرىسى» دەپ ئاتالغانلىقىنىڭ سەۋەبى بۇ سۈرىنىڭ 2- ئايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى شەرىپى تىلغا ئېلىنغانلىقى، «قىتال سۈرىسى» دەپ ئاتالغانلىقى ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا مەركەزلەشكەنلىكى ئۈچۈندۇر.

## ◄ مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ ئەھۋالى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ أَضَلَّ أَعۡمَٰلَهُمۡ ١ وَٱلَّذِينَ

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 456- بەت.

ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَءَامَنُواْ بِمَا نُزِّلَ عَلَىٰ مُحَمَّدٍ وَهُوَ ٱلْحَقُّ
مِن رَّبِّهِمْ كَفَّرَ عَنْهُمْ سَيِّـَٔاتِهِمْ وَأَصْلَحَ بَالَهُمْ ﴿٢﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ ٱتَّبَعُواْ ٱلْبَٰطِلَ وَأَنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّبَعُواْ ٱلْحَقَّ مِن رَّبِّهِمْ
كَذَٰلِكَ يَضْرِبُ ٱللَّهُ لِلنَّاسِ أَمْثَٰلَهُمْ ﴿٣﴾

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـكۇفرىدا چىڭ تۇرغان ۋە (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى ئاللاھ بىكار قىلىۋېتىدۇ.

2ـئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە مۇھەممەدكە رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەقىقەتكە چىن ئىشەنگەنلەرگە كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، ئۇلارنىڭ ھالىنى ياخشىلايدۇ.

3ـبۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، كاپىر بولغانلار باتىلغا ئەگەشتى، ئىمان ئېيتقانلار بولسا رەببى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتكە ئەگەشتى. ئاللاھ ئىنسانلارغا (بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىدىغان) شۇنداق مىساللارنى كەلتۈرىدۇ.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى يارىتىپ، ئۇلارنى ئىككى پىرقىغا ئايرىغان بولۇپ، بۇ ئىككى پىرقىنىڭ بىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى جەننەت قىلغان بولسا، يەنە بىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى دوزاخ قىلغان. چۈنكى، ئالدىنقى پىرقە رەببىدىن كەلگەن ھەقىقەتكە ئەگەشكەن بولسا، كېيىنكى پىرقە ئۆز نەپسىنىڭ ھاۋايى ھەۋەسلىرىگە ئەگەشكەن. ئاللاھ تائالا ھەق دىننى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئۆزلىرىگە كەلگەن ھىدايەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان، كىشىلەرنى ھەق دىنغا ئەگىشىشتىن توسقان كاپىرلارنىڭ بارلىق ياخشى ئىشلىرىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىسلامغا قارشى بارلىق ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى بەربات قىلىۋېتىدۇ ۋە دۇنيادا ياخشىلىق دەپ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلىۋېتىدۇ.

كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئايەتنىڭ ﴿ٱلَّذِينَ

﴿كَفَرُواْ﴾ يەنى ﴿كۇفرىدا چىڭ تۇرغان﴾ دېگەن بۆلۈكتە بەدرى ئۇرۇشىدا مەغلۇپ قىلىنغان ئەبۇ جەھل، هارىس ئىبنى هىشام، ئۇتبە ئىبنى رەبىئە، ئۇنىڭ قېرىندىشى شەيبە، ئۇبەي ئىبنى خەلەف ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى ئۇمەييە قاتارلىق مەككىلىك كاپىرلارنىڭ كاتتىباشلىرى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ هاجىلارنى سۇغىرىش، قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش، يوقسۇللارغا ياردەم قىلىش، مېهماننى هۆرمەتلەش دېگەندەك بەزى ياخشى ئەمەللىرى بار ئىدى. ئەمما ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ياخشىلىق قىلغان ئەمەللىرىنىڭ هەممىسى بىكار بولۇپ كەتكەن.

مۇپەسسىرلەر يەنە ﴿أَضَلَّ أَعۡمَٰلَهُمۡ﴾ دېگەن ئايەت توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى: «ئۇلار كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالغانلىقى ۋە ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بارلىق ياخشى ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان. زەههاك قاتارلىق بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى: «ئاللاھ تائالا ئۇ كاپىرلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا ۋە ئىسلام دىنىغا قارشى ئىشلەتكەن بارلىق هىيلە-مىكىرلىرىنى بەربات قىلىۋەتتى»[1] دەپ تەپسىر قىلغان.

ئەمدى ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، خۇسۇسەن، مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا نازىل قىلىنغان ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»گە چىن قەلبىدىن ئىشىنىپ، ئەمەل قىلغان مۇئمىنلەرگە كەلسەك، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ گۇناهلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، كەمچىلىكلىرىنى يوق قىلىۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىنى تۈزەيدۇ هەم ياخشىلايدۇ. ﴿ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە مۇھەممەدكە رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان هەقىقەتكە چىن ئىشەنگەنلەرگە كەلسەك﴾ دېگەن ئايەتتە «قۇرئان كەرىم»نىڭ «هەقىقەت» دەپ تەرىپلەنگەنلىكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ شەكسىز هەقىقەت ئىكەنلىكىنى جاكارلاش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن شەكسىز هەقىقەتتۇر.

كاپىرلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ، بارلىق هىيلە-مىكىرلىرى بەربات قىلىنىدۇ، مۇئمىنلەرنىڭ هالى ياخشىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ

---

[1] «تفسير القرطبي» 16-توم، 223-بەت.

ياخشى ئەمەللىرى مۇكاپاتقا سازاۋەر بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئېنىق. چۈنكى، كاپىرلار ئۆزلىرىگە يەتكۈزۈلگەن ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈپ باتىلغا ۋە شەيتانغا ئەگەشتى، ئەمما مۆئمىنلەر بارلىق باتىل دىنلاردىن يۈز ئۆرۈپ، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا، «قۇرئان كەرىم»گە ئەگەشتى. ئاللاھ تائالا بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئاقىۋىتىنى مۇشۇنداق مىساللار بىلەن چۈشىنىشلىك قىلىپ بايان قىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. نىجاتلىق بىلەن ھالاكەتنىڭ يوللىرى ئايرىلغان بولۇپ، ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەل نىجاتلىق يولى، كۇفرىلىق بىلەن گۇناھ-مەئسىيەت ھالاكەت يولىدۇر.

2. كاپىرلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى قىيامەت كۈنىدە ئۇلارغا ئەسقاتمايدۇ. ئەمما ئۇلار قىلغان ياخشى ئىشلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى بۇ دۇنيادا كۆرىدۇ.

3. مۆئمىنلەر ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ھەقىقەتكە ئەگەشسە، كاپىرلار باتىلغا ۋە خۇراپاتقا ئەگىشىدۇ.

## ◄ «قۇرئان كەرىم» ۋە جىھاد

﴿فَإِذَا لَقِيتُمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَضَرْبَ ٱلرِّقَابِ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَثْخَنتُمُوهُمْ
فَشُدُّواْ ٱلْوَثَاقَ فَإِمَّا مَنًّۢا بَعْدُ وَإِمَّا فِدَآءً حَتَّىٰ تَضَعَ ٱلْحَرْبُ أَوْزَارَهَاۚ
ذَٰلِكَۖ وَلَوْ يَشَآءُ ٱللَّهُ لَٱنتَصَرَ مِنْهُمْ وَلَٰكِن لِّيَبْلُوَاْ بَعْضَكُم بِبَعْضٍۗ
وَٱلَّذِينَ قُتِلُواْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ فَلَن يُضِلَّ أَعْمَٰلَهُمْ ٤ سَيَهْدِيهِمْ
وَيُصْلِحُ بَالَهُمْ ٥ وَيُدْخِلُهُمُ ٱلْجَنَّةَ عَرَّفَهَا لَهُمْ ٦ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ
ءَامَنُوٓاْ إِن تَنصُرُواْ ٱللَّهَ يَنصُرْكُمْ وَيُثَبِّتْ أَقْدَامَكُمْ ٧ وَٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ فَتَعْسًا لَّهُمْ وَأَضَلَّ أَعْمَٰلَهُمْ ٨ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ كَرِهُواْ مَآ
أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأَحْبَطَ أَعْمَٰلَهُمْ ٩﴾

## ◄ تەرجىمىسى

4-سىلەر (جەڭ مەيدانىدا) كاپىرلار بىلەن ئېلىشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارنىڭ

بويۇنلىرىغا (قىلىچ بىلەن) ئۇرۇڭلار، سىلەر ئۇلارغا ئېغىر زەربە بېرىپ ھالسىراتقان چاغدا، (ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى) مەھكەم باغلاڭلار، ئاندىن ئۇلارنى ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار، (كاپىرلار مۇسۇلمان بولغان ياكى سۈلھى بىلەن) ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر ئىش مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلاردىن (مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئۇرۇشسىزمۇ) ئىنتىقام ئېلىپ بېرەتتى. لېكىن ئاللاھ سىلەرنى بىر-بىرىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن (سىلەرگە جىھادنى پەرز قىلدى). ئاللاھنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرگە كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ھەرگىز بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.

5-ئاللاھ ئۇلارنى (جەننەتكە) يېتەكلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھالىنى ياخشىلايدۇ،

6-ئۇلارنى ئۇلارغا تونۇشتۇرغان جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.

7-ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر ئاللاھقا (ئاللاھنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ، قەدەمىڭلارنى مۇستەھكەم قىلىدۇ.

8-كاپىرلارنى ئاللاھ ھالاك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى يوق قىلىۋېتىدۇ.

9-بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئاللاھ نازىل قىلغان (قۇرئان)نى يامان كۆردى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بەربات قىلىۋەتتى.

## تەپسىرى

ئىسلام دىنى ئادالەتنى بەرپا قىلىش ۋە ھەقىقەتنى قوغداشنى ئاساسلىق پرىنسىپ قىلغان ناھايىتى ئىلغار دىن بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد ۋە پىكىر ئەركىنلىكىنى قوغدايدىغان مۇكەممەل بىر قانۇننى ئېلىپ كەلگەن. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئىنسانلارنىڭ دىن تاللاش ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكى قوغدىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھۆرىيىتىمۇ قوغدىلىدۇ. پەقەت بۇ ئەركىنلىك بىلەن ھۆرىيەت ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپلىق قىلماسلىق ۋە باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا زىيان يەتكۈزمەسلىك دائىرىسىدە بولىدۇ. بۇ دائىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەن ھۆرىيەت بىلەن ئەركىنلىككە چەك قويۇلىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنىنىڭ دەۋىتى كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلاش ئۈستىگە قۇرۇلماستىن، بەلكى ئۇلارغا ھەقىقەتنى ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىپ، ئاندىن ئۇلارغا تاللاش ئىختىيارىنى بېرىش ئۈستىگە

قۇرۇلغان. ﴿لَآ إِكۡرَاهَ فِي ٱلدِّينِۖ﴾ يەنى ﴿دىندا زورلاش يوقتۇر﴾[1]، ﴿ٱدۡعُ إِلَىٰ سَبِيلِ رَبِّكَ بِٱلۡحِكۡمَةِ وَٱلۡمَوۡعِظَةِ ٱلۡحَسَنَةِۖ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ يولىغا ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن﴾[2]، ﴿وَمَآ أَنتَ عَلَيۡهِم بِجَبَّارٖۖ فَذَكِّرۡ بِٱلۡقُرۡءَانِ مَن يَخَافُ وَعِيدِ﴾ يەنى ﴿سەن ئۇلارنى (ئىمانغا) زورلىغۇچى ئەمەسسەن، مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمدىن قورقىدىغانلارغا قۇرئان بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلغىن﴾[3].

«قۇرئان كەرىم»دە جىھادقا چاقىرىدىغان كۆپلىگەن ئايەتلەر كەلگەن. ئەمما بۇ ئايەتلەردىن ئىسلام دىنىنىڭ ئۇرۇشخۇمار ئىكەنلىكى ياكى دىننى قىلىچ بىلەن تارقىتىدىغانلىقى ئىپادىلەنمەيدۇ. بۇنداق دېگۈچىلەر يا نادانلىقتىن ياكى ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلغانلىقتىن شۇنداق دەيدۇ. ھەقىقەت شۇكى، ئىسلام دەۋىتىنىڭ قورالى كىشىلەرنى ئەڭ ئېسىل ۋە گۈزەل ئۇسلۇبتا دەۋەت قىلىش، ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىش ۋە ئۇلارنى دىنغا كىرىشكە زورلىماسلىقتۇر. قىلىچ ئىسلام دەۋىتىنىڭ يولىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان زالىملارنى يوقىتىش، ئىنسانلارنى ئەركىنلىككە چىقىرىش، مۇسۇلمانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ دىيارلىرىنى قوغداش قورالىدۇر.

ئىسلام تارىخىدا بولغان جىھادلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنى قوغدىشى، ئىسلام دەۋىتىنىڭ يولىنى توسۇپ خەلقنىڭ دىن تاللاش ئەركىنلىكىنى بوغۇپ قويغانلارغا قارشى تۇرۇپ دەۋەتنىڭ يولىنى ئېچىشى ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقانلارغا قايتۇرما زەربە بېرىشى ئۈچۈن بولغان. ﴿أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَٰتَلُونَ بِأَنَّهُمۡ ظُلِمُواْۚ﴾ يەنى ﴿ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى﴾[4] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ «قۇرئان كەرىم»دىن تۇنجى قېتىم نازىل بولغان جىھاد ئايىتىدۇر. شۇ ئېنىقكى، مۇسۇلمانلار ھېچكىمگە تاجاۋۇز قىلىپ ئۇرۇش ئاچمىدى، ئاۋۋال ئىنسانلارغا ئىسلام دىنىنى چىرايلىقچە چۈشەندۈردى، ئىسلامنىڭ گۈزەللىكلىرىنى، ھەققانىيلىقىنى ۋە ئەۋزەللىكلىرىنى يېتەرلىك دەلىل-ئىسپاتلار ئارقىلىق بايان قىلدى ھەمدە ئۇلارغا ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەللىكلىرىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كۆرسەتتى. ئۇلارغا دىن تاللاش ئەركىنلىكىنى ئېلان

---

[1] بەقەرە سۈرىسى:256-ئايەت.

[2] نەھل سۈرىسى:125-ئايەت.

[3] قاف سۈرىسى:45-ئايەت.

[4] ھەج سۈرىسى:39-ئايەت.

قىلىپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ياكى ئۆزلىرىنىڭ دىنىدا تۇرۇش ئىختىيارىنى سۇندى. ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلارنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي قېرىندىشى قىلدى، ئەمما قوبۇل قىلمىغانلارغا زىيانكەشلىك قىلمىدى، مۇسۇلمانلارغا ياكى ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش قىلمىغانلارنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بەردى، ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا: ﴿فَإِنِ ٱعۡتَزَلُوكُمۡ فَلَمۡ يُقَٰتِلُوكُمۡ وَأَلۡقَوۡاْ إِلَيۡكُمُ ٱلسَّلَمَ فَمَا جَعَلَ ٱللَّهُ لَكُمۡ عَلَيۡهِمۡ سَبِيلٗا﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇلار سىلەردىن يىراق تۇرسا، سىلەر بىلەن ئۇرۇشمىسا ۋە سىلەرگە تىنچلىق تەكلىپى سۇنسا، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشىڭلارغا ھەرگىز رۇخسەت قىلمايدۇ﴾[1] دەپ تەلىمات بەرگەن.

ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغانلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدىلىرىنى بۇزۇشى، مۇسۇلمان ئەلچىلىرىنى ۋە دەۋەتچىلىرىنى ئۆلتۈرۈشى ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىنىشى ئۇلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان ئۇرۇش سىگنالى ئىدى. بۇنداق ئەھۋاللاردا مۇسۇلمانلار ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغان.

مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارىدا ياشايدىغان يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار ئەگەر مۇسۇلمان بولۇشنى قوبۇل قىلماستىن، ئۆز دىنلىرىدا قالماقچى بولسا، ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئۇلارنى ھىمايە قىلغانلىقى ۋە قوغدىغانلىقى بەدىلىگە، ئۇلار دۆلەتكە يىلدا بىر قېتىم جىزيە (تۆلەم) تاپشۇرىدۇ. جىزيە مىقدارى شەخسلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىغا ۋە باي ياكى كەمبەغەللىكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ﴿قَٰتِلُواْ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَلَا بِٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَلَا يُحَرِّمُونَ مَا حَرَّمَ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ وَلَا يَدِينُونَ دِينَ ٱلۡحَقِّ مِنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ حَتَّىٰ يُعۡطُواْ ٱلۡجِزۡيَةَ عَن يَدٖ وَهُمۡ صَٰغِرُونَ﴾ يەنى ﴿سىلەر ئەھلى كىتابتىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام دەپ بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا ئۆز قوللىرى بىلەن جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىڭلار﴾[2]

## ئەرەب مۇشرىكلىرى

ئەرەب مۇشرىكلىرىغا يا ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولۇش ياكى ئۇرۇشۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئىختىيارنىڭ بىرىگە تۇرۇش تەكلىپى

[1] نىسا سۈرىسى:90-ئايەت.

[2] تەۋبە سۈرىسى:29-ئايەت.

سۈنۇلغان ئىدى. مۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان يامانلىقى، جەۋر-زۇلۇملىرى ۋە يولسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئىسلام نۇرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش، مۇسۇلمانلارنى ئۆجۈقتۇرۇپ بۇ دىنغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن يامانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، «قۇرئان كەرىم»گە ۋە مۇسۇلمانلارغا ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئۇرۇش ئاچقان زالىملار ئىدى. ھەتتا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ يامان نىيىتىدىن خەۋەر بېرىپ: ﴿وَلَا يَزَالُونَ يُقَٰتِلُونَكُمۡ حَتَّىٰ يَرُدُّوكُمۡ عَن دِينِكُمۡ إِنِ ٱسۡتَطَٰعُواْۚ﴾ يەنى ﴿ئۇلار قولىدىن كەلسىلا، سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىپ تۇرىدۇ﴾[1] دېگەن. شۇڭا ئاللاھ تائالا ھەق دىنغا زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارنىڭ يولىنى توسۇش، ئىسلام دەۋىتىنىڭ يولىنى ئېچىش ۋە مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ كىشىلەرگە قاراتقان دىنىي بېسىمدارلىقىغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن مۇنداق ئەشەددىي كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇپ: ﴿وَقَٰتِلُوهُمۡ حَتَّىٰ لَا تَكُونَ فِتۡنَةٞ وَيَكُونَ ٱلدِّينُ لِلَّهِۖ فَإِنِ ٱنتَهَوۡاْ فَلَا عُدۡوَٰنَ إِلَّا عَلَى ٱلظَّٰلِمِينَ﴾ يەنى ﴿تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە دىن (ئىبادەت) ئاللاھقا خاس بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار﴾[2] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أُمِرْتُ أَنْ أُقَاتِلَ النَّاسَ حَتَّى يَشْهَدُوا أَنْ لاَ إِلَهَ إِلَّا اللّٰهُ ، وَأَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللّٰهِ...» يەنى «كىشىلەر‹ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ھەق پەيغەمبىرىدۇر› دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتقانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم»[3] دېگەن. بۇ ئايەت بىلەن ھەدىستە بۇيرۇلغان ئۇرۇشتىن ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەب مۇشرىكلىرى بىلەن ئۇرۇشۇش كۆزدە تۇتۇلغاندەك، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى يوقاتماقچى بولغان ھەرقانداق كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەب مۇشرىكلىرىغا يا ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولۇش ياكى ئۇرۇشۇشتىن ئىبارەت ئىككىلا ئىختىيار سۇنۇلغان. ئەمما ئىسلام دۆلىتى تەركىبىدە ياشايدىغان ئەھلى كىتاب بىلەن مەجۇسىيلارغا (ئاتەشپەرەسلەرگە) يا ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولۇش ياكى جىزيە تۆلەش ۋەياكى ئۇرۇش قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىختىيار سۇنۇلغان.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى:217-ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى:193-ئايەت.

[3] «صحيح البخاري» 1- توم، 14- بەت، 25-ھەدىس، «صحيح مسلم» 1- توم، 53-بەت، 22-ھەدىس.

«يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى بىلىمىزكى، ئايەتتىكى ﴿كاپىرلار﴾ دىن مۇسۇلمانلارنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننىڭ ھەممىنى قىلغان ئەرەب مۇشرىكلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا ۋە ئۇلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ بويسۇندۇرۇشقا بۇيرۇغان. بۇنىڭغا بىنائەن، ئايەتنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ سىلەرگە ۋە دىنىڭلارغا بولغان دۈشمەنلىكى ۋە ئۇرۇشخۇمارلىقى شۇ دەرىجىدە بولىدىغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇلارغا جەڭ مەيدانىدا روبىرو بولغان چېغىڭلاردا، ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا قىلىچ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلارنى يوقىتىشتا چىداملىق بولۇڭلار، بوشاڭلىق قىلماڭلار. سىلەرگە قارشى ئۇرۇشقا چىققان كاپىرلارغا قاقشاتقۇ زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆلتۈرۈپ يوقىتىپ، ھايات قالغانلىرىنى ئەسىر ئېلىڭلار، بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئەزىزلىككە چىقىرىڭلار، كاپىرلارنى بولسا مەغلۇپ قىلىڭلار، ئۇلارنى خارلىق ئىچىدە قالدۇرۇڭلار»[1].

مەلۇمكى، ئىسلامدا ئۇرۇش ئەڭ ئاخىرقى چارىدۇر، يەنى مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشنىڭ بارلىق يوللىرى تۈگەپ، ئۇرۇش قىلىشتىن باشقا چارە قالمىغاندا تاللايدىغان ئەڭ ئاخىرقى چارىدۇر. ئىسلام پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كەلگەندىمۇ، بۇ ئۇرۇش قارشى تەرەپنى بۇزەك قىلىش ياكى بىھۇدە قان تۆكۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دۈشمەننىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ خىرىسلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قىلىنىدۇ.

ئۇرۇشتا ئەسىر ئېلىنغانلارنى فىديە (يەنى تۆلەم) ئېلىپ قويۇپ بېرىش ياكى تۆلەم ئالماستىن قويۇپ بېرىش ۋەياكى ئەسىرلەرنى ئالماشتۇرۇش ئىشى ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. بۇ ئايەت بەدرى ئۇرۇشىدىن كېيىن نازىل بولغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بەدرى ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ كىشىلەرنى ئەسىرگە ئالغانلىقىغا كايىپ: ﴿مَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَن يَكُونَ لَهُۥٓ أَسْرَىٰ حَتَّىٰ يُثْخِنَ فِى ٱلْأَرْضِ ۚ تُرِيدُونَ عَرَضَ ٱلدُّنْيَا وَٱللَّهُ يُرِيدُ ٱلْـَٔاخِرَةَ ۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ يەنى ﴿ھېچقانداق پەيغەمبەرگە يەر يۈزىدە (كۇفرىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ) دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرمەي تۇرۇپ، (فىديە ئېلىشنى كۆزلەپ) ئەسىرگە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر، ھالبۇكى، ئاللاھ (سىلەرگە) ئاخىرەت (نىڭ مۇكاپاتى)نى كۆزلەيدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت

[1] «التفسير الواضح» 3ـ توم، 460ـ بەت.

بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ [1] دېگەن.

ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ ئۆلىمالىرى ﴿ئۇلارنى ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار﴾ دېگەن ئايەتنى تەۋبە سۈرىسىدىكى ﴿فَإِذَا ٱنسَلَخَ ٱلۡأَشۡهُرُ ٱلۡحُرُمُ فَٱقۡتُلُواْ ٱلۡمُشۡرِكِينَ حَيۡثُ وَجَدتُّمُوهُمۡ﴾ يەنى ﴿ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە، مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار﴾[2] دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن مەنسۇخ (ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان) دەپ قارايدۇ. ئەمما كۆپ سانلىق ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى مەنسۇخ ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق ئەھۋالدا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىلىرى ئەسىرلەرنى فىدىيەسىز قويۇپ بېرىش ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىش ھەققىدە ئۆزلىرى قارار قىلىدۇ. ئەمما قانداقلا ۋاقىتتا بولسۇن، ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ.

شافىئىي مەزھىپىنىڭ ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىچە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىلىرى ئەسىرلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۈچ خىل ئىختىيارغا ئىگە بولۇپ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قايسىسى پايدىلىق بولسا شۇنى قىلىدۇ. بۇلار مۇنداق: ئەسىرلەر ئىمان ئېيتىشنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇلارنى فىدىيە ئالماي ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىش ياكى قۇل قىلىشتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئەسىرلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى ئىجتىھادلىرىدۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالا خالىسا ئىدى، سىلەرنى ئىسلامغا قارشى چىققان كاپىرلار بىلەن جىھاد قىلىشقا ئەمر قىلماستىنمۇ، ئۇلارنى ئۆزى ھالاك قىلىپ جازالىغان بولاتتى. ئەمما ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادىتىنى ۋە مۇكاپاتىنى پەقەت جاپاغا چىداپ ئەمەل قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرسۇن، مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانى، مۇناپىقلارنىڭ ساختىلىقى ئوتتۇرىغا چىقسۇن دەپ، سىلەرنى جىھاد قىلىشقا ئەمر قىلغان.

ھەقىقەتنى قوغداش ۋە ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىپ شېھىت بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ بۇ كاتتا ئەمەللىرى ھەرگىز بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە ئەڭ ياخشى مۇكاپاتلار بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تامامەن مۇرادىغا يېتىدۇ ۋە

[1] ئەنفال سۈرىسى:67-ئايەت.
[2] تەۋبە سۈرىسى:5-ئايەت.

كۆڭۈللىرى شادلىققا تولىدۇ، رەببى ئۇلارنى ئۆزى ۋەدە قىلغان ئېسىل جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە، جىھاد قىلىشنىڭ ساۋابىنى ۋە ئاللاھ يولىدا شېھىت بولۇشنىڭ كاتتا مۇكاپاتلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، مۆئمىنلەرگە كاپىرلارغا قارشى ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى جىھادقا ئۈندەيدۇ. ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن تَنصُرُواْ ٱللَّهَ يَنصُرْكُمْ وَيُثَبِّتْ أَقْدَامَكُمْ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر ئاللاھقا (ئۇنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ﴾ [1] يەنى ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى قوغداش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتسەڭلار، جاپا تارتساڭلار، بۇ يولدا جىهاد قىلساڭلار، سىلەرنىڭ بۇ ئەمەللىڭلار ھەرگىز بىكارغا كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ چاغدا ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قەدەمىڭلارنى جىھاد مەيدانلىرىدا مۇستەھكەم، روھىڭلارنى ئۈستۈن قىلىش بىلەن سىلەرگە دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ ۋە سىلەرنى كاتتا غەلىبىلەرگە ئېرىشتۈرىدۇ.

كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارنى ئاللاھ تائالا ھالاك قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ياخشى ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاخىرەتتە قۇرۇق قول قالىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بۇ كاپىرلارنىڭ ھەق دىنغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى قىلغان بارلىق ھىيلە-مىكىرلىرىنى بەربات قىلىۋېتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ئويۇپ‏چۇق ھەقىقەتنى، تەۋھىد ئەقىدىسىنى، ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقنى يامان كۆرگەنلىكى سەۋەبتىن ئىدى. ئۇلار بۇ ھەقىقەتلەرنى يامان كۆرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا دۈشمەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆزلىرى بەربات قىلىۋەتكەن بولىدى. كاپىرلارنىڭ بۇ دىنىنى يامان كۆرۈشى ئۇلارنىڭ بۇ دىنىنىڭ نەپىسنى تىزگىنلەش، گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئەمەل - ئىبادەتلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىشقا بۇيرۇش قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرىنى قوبۇل قىلالمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئىدى.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك مەقسىتىدە تۇرغان كاپىرلار ئىسلامنى قوبۇل قىلغانغا ياكى مۇسۇلمانلارغا بويسۇنغانغا قەدەر ئۇلارغا قارشى

---

[1] مۇھەممەد سۈرىسى:7-ئايەت.

جىھاد قىلىش پەرزدۇر.

2. ئەسىرلەرنى بىر تەرەپ قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئىش ئۈستىدىكىلىرىگە تاپشۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىش ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىش ئىشىدا كېڭەش بىلەن ئىش كۆرىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىش ئەمەللەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر.

4. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى قوغدىغان ۋە مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلغان بەندىگە ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ياردەم قىلىدۇ.

5. كاپىرلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتى ھۇزۇر-ھالاۋەتتىن مەھرۇم بىر ھايات بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ھاياتىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم بولغان ئازابلىق ھاياتتۇر.

## ◄ مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئەھۋالى

﴿أَفَلَمْ يَسِيرُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ فَيَنظُرُوا۟ كَيْفَ كَانَ عَـٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن
قَبْلِهِمْ ۖ دَمَّرَ ٱللَّهُ عَلَيْهِمْ ۖ وَلِلْكَـٰفِرِينَ أَمْثَـٰلُهَا ١٠ ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ
مَوْلَى ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَأَنَّ ٱلْكَـٰفِرِينَ لَا مَوْلَىٰ لَهُمْ ١١ إِنَّ ٱللَّهَ يُدْخِلُ
ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ جَنَّـٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَـٰرُ ۖ
وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ يَتَمَتَّعُونَ وَيَأْكُلُونَ كَمَا تَأْكُلُ ٱلْأَنْعَـٰمُ وَٱلنَّارُ
مَثْوًى لَّهُمْ ١٢ وَكَأَيِّن مِّن قَرْيَةٍ هِىَ أَشَدُّ قُوَّةً مِّن قَرْيَتِكَ ٱلَّتِىٓ
أَخْرَجَتْكَ أَهْلَكْنَـٰهُمْ فَلَا نَاصِرَ لَهُمْ ١٣ أَفَمَن كَانَ عَلَىٰ بَيِّنَةٍ مِّن
رَّبِّهِۦ كَمَن زُيِّنَ لَهُۥ سُوٓءُ عَمَلِهِۦ وَٱتَّبَعُوٓا۟ أَهْوَآءَهُم ١٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

10- ئۇلار يەر يۈزىنى كېزىپ ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمەمدۇ؟ ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتتى. كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى شۇنداق بولىدۇ.

11- بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ مەدەتكارىدۇر، كاپىرلارغا ھېچبىر مەدەتكار يوقتۇر.

12ـ شەكسىزكى، ئاللاھ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، كاپىرلار بولسا (دۇنيا ھاياتىدىن بىرئاز) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە ھايۋانلاردەك يەپ ـ ئىچىدۇ. (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ.

13ـ (ئى پەيغەمبەر!) سېنى ھەيدەپ چىقارغان شەھەر (مەككە) نىڭ ئاھالىسىدىنمۇ كۈچلۈك بولغان نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسىنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارغا ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى بولمىدى.

14ـ رەببى تەرىپىدىن كەلگەن ئوپئوچۇق دەلىلگە ئاساسلانغان ئادەم ئۆزىنىڭ يامان ئەمەلى چىرايلىق كۆرسىتىلگەن ۋە نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن ئادەمگە ئوخشامدۇ؟

## ◄ تەپسىرى

مەككىلىك كاپىرلار يەر يۈزىنى كېزىپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىنغان ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنىڭ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قانداق ھالاك بولغانلىقىنى كۆزەتمەمدۇ؟ ھالبۇكى، مەككىلىكلەر قىش ۋە ياز سەپەرلىرىدە بۇ قەۋملەرنىڭ شەھەرلىرىنىڭ خارابىلىرىدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ، بۇ قەۋملەرنىڭ خارابىلىرى ئۇلارنىڭ قانداق ھالاك بولغانلىقىغا ئىشارەت قىلىپ تۇرماقتا.

گويا بىراۋنىڭ «ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟» دەپ سورىغان سوئالىغا: ﴿ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتتى﴾ يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە ئۆرۈپ تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھالاك بولۇپ تۈگەشتى، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىدا خارابىدىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىدى، دەپ جاۋاب بېرىلگەن.

قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ بېشىغىمۇ ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنىڭ بەئەينىسى كەلگەن ئىدى. قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، ئەسىرگە ئېلىنغانلىقى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قېلىپ مەغلۇپ بولغانلىقى بۇنىڭ مىسالى. بۇ ئۇلارنىڭ پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى جازاسىدۇر، ئاخىرەتتىكى جازاسى بولسا دوزاختۇر. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى غەلىبىگە يېتەكلەيدۇ. كاپىرلارنىڭ ھېچقانداق مەدەتكارى، ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچىسى

يوقتۇر. ئۇلار چوقۇنغان ساختا ئىلاھلىرى ئۇلارغا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيدۇ.

ئەمدى، مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالىغا كەلسەك، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىمانىغا يارىشا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، يۇرۇش-تۇرۇشىدا ۋە بارلىق ئىشلىرىدا دۇرۇس بولغان كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، مەڭگۈلۈك تۇرالغۇ بولغان، كىرگەنلەر باشقا جايغا يۆتكىلىشنى خالىمايدىغان، شۇنداق ئېسىل جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. ئەمما دۇنيادا ھاياتنى كۇفرىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەنلەر بۇ دۇنيانىڭ لەززەتلىرىگە ۋە شەھۋەتلىرىگە چۆكۈپ كەتكەنلىكتىن، خۇددى ھايۋانلارغا ئوخشاش يەپ-ئىچىشنىلا بىلىپ، ئاخىرەتتىن بىغەم ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى ۋە مەڭگۈلۈك قارارگاھى دوزاخ بولىدۇ، ئۇلار دوزاختىن قەتئىي چىقالمايدۇ.

بۇ سىلىشتۇرمىدىن بۇ دۇنيانىڭ لەززەتلىرىگە ۋە ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان نېمەتلىرىگە ئالدانماستىن، نەپسى ھەۋەسكە ئەگەشمەستىن، ئاخىرەت ھاياتنى كۆزلىگەن ھالدا، ئاللاھ تائالا سىزىپ بەرگەن توغرا يولدا ئىزچىل ماڭغانلارنىڭ ئاقىۋىتى خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ جەننەتلەردە ئېسىل مەرتىۋىلەرگە نائىل بولىدىغانلىقىنى، ئەمما بۇ دۇنياغا ئالدىنىپ ئاخىرەتتىن غەپلەتتە ياشىغان، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان ۋە ھايۋانلارغا ئوخشاشلا يېيىش-ئىچىشتىن باشقىسىنى ئويلىمىغان، ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا چوقۇنغان كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى زىيان تارتىش ۋە دوزاخقا كىرىش بىلەن خۇلاسىلىنىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! بىز سېنى ئۆز ۋەتىنىڭ بولغان مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىغان ئاشۇ مەككىلىك كاپىرلاردىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك قەۋملەرنى ئەڭ ئىبرەتلىك جازالار بىلەن جازالاپ ھالاك قىلىۋەتتۇق، ئۇلار ئۆزلىرىنى بىزنىڭ ئازابىمىزدىن قوغداپ قالالمىدى، ئۇلارنى قوغداپ قالىدىغان بىرەر شاپائەتچىمۇ بولمىدى، ھەتتا ئۇلار «ئىلاھلىرىمىز» ۋە «شاپائەتچىلىرىمىز» دەپ ئىشەنچ قىلىپ چوقۇنغان نەرسىلىرىمۇ ئۇلارغا ياردەم قىلالمىدى. قانداقمۇ ياردەم قىلالىسۇن؟ ئۇلار تاشتىن ۋە لايدىن ياسالغان بۇتلار تۇرسا؟

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ھەق دىننى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ ھالاكىتى مۇقەررەردۇر. شۇڭا سەن ئى پەيغەمبەر! ئەزىمەتلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن، ئۇلار

چەدىملىق بولغاندەك چەدىملىق بولغىن، ئۇلار ھەق يولدا مۇستەھكەم تۇرغاندەك مۇستەھكەم تۇرغىن. مانا بۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلاردىن ئىبارەت ئىككى پىرقىنىڭ پەرقى ۋە ئاقىۋىتىدۇر. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولغانلىقىنىڭ بايانىدۇر. بۇ ئىككى پىرقىنى باراۋەر دېگىلى بولامدۇ؟ بۇلار بىر-بىرىگە ئوخشامدۇ؟ ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، رەببى تەرىپىدىن كەلگەن ئوپئوچۇق دەلىل-ئىسپاتقا ئاساسەن ئىش كۆرگەن ۋە رەببىنىڭ توغرا يولدا ئىزچىل ماڭغان كىشىلەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يامان ئىشلىرىنى شەيتانلىرى چىرايلىق كۆرسەتكەن، نەپسى خاھىشىغا بويسۇنغان، ھەتتا ئۇنىڭغا چوقۇنغان ۋە ئىلاھلىقى ھەققىدە ھېچقانداق دەلىل-ئىسپات كەلمىگەن نەرسىلەرنى ئىلاھ قىلىۋالغانلار ئوخشاش بولامدۇ؟ بۇ ئىككىسىنى ئوخشاش دېيىش ئەقىلگە سىغامدۇ؟!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئەقىللىق ئادەم باشقىسىنىڭ بېشىغا كەلگەنلەردىن ئىبرەت ئېلىشنى بىلگەن ئادەمدۇر.

2. ئاللاھ تائالا تەقۋادار مۆئمىنلەرنىڭ ھىمايىچىسىدۇر.

3. ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنى رەت قىلغانلار ئۆزىنىڭ ھاۋايى ھەۋەسلىرىگە چوقۇنىدۇ.

4. ھىدايەت ئۈستىدىكى ئادەم بىلەن ئازغۇنلۇقتىكى ئادەم باراۋەر ئەمەس.

## ◄ ئاخىرەتتىكى نېمەت بىلەن ئازابنىڭ تەسۋىرى

﴿مَّثَلُ ٱلْجَنَّةِ ٱلَّتِى وُعِدَ ٱلْمُتَّقُونَ ۖ فِيهَآ أَنْهَٰرٌ مِّن مَّآءٍ غَيْرِ ءَاسِنٍ
وَأَنْهَٰرٌ مِّن لَّبَنٍ لَّمْ يَتَغَيَّرْ طَعْمُهُۥ وَأَنْهَٰرٌ مِّنْ خَمْرٍ لَّذَّةٍ لِّلشَّٰرِبِينَ
وَأَنْهَٰرٌ مِّنْ عَسَلٍ مُّصَفًّى ۖ وَلَهُمْ فِيهَا مِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ وَمَغْفِرَةٌ
مِّن رَّبِّهِمْ ۖ كَمَنْ هُوَ خَٰلِدٌ فِى ٱلنَّارِ وَسُقُوا۟ مَآءً حَمِيمًا فَقَطَّعَ
أَمْعَآءَهُمْ ﴿١٥﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

15-تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمەيدىغان سۇدىن ئۆستەڭلەر، تەمى ئۆزگەرمەيدىغان سۈتتىن ئۆستەڭلەر، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان شارابتىن ئۆستەڭلەر ۋە ساپ ھەسەلدىن ئۆستەڭلەر بولىدۇ، ئۇلارغا جەننەتتە بەھرىمەن بولىدىغان مېۋىلەرنىڭ ھەممە تۈرى بولىدۇ ۋە رەببى تەرىپىدىن مەغپىرەت بولىدۇ، (مۇنداق تەقۋادارلار) دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغان، قايناق سۇ بىلەن سۇغىرىلىپ (قىزىقلىقىدىن) ئۈچەيلىرى پارە-پارە قىلىنىدىغانلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟

### ◄ بۇ ئايەتنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە ئىمان ئېيتقانلار بىلەن ھەق دىننى ئىنكار قىلغانلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھىدايەت ۋە ئازغۇنلۇقتىكى ئەھۋالى، ئاندىن ھەربىرىنىڭ ئاخىرەتتىكى ئاقىۋىتى توغرۇلۇق بايانلار ئۆتكەن بولۇپ، بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئىش كۆرگەن، ئۆزىنىڭ ھاياتتىكى مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ جايىدا ئورۇندىغان ۋە ھەرقانداق بىر يامانلىقنى، گۇناھ-مەئسىيەتنى سادىر قىلىشتىن ساقلانغان تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى بايان قىلىنغان.

### ◄ تەپسىرى

تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتلەر كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشتا ئەپسانىلەردە تەسۋىرلىنىدىغان گۈزەل باغلاردىنمۇ ۋە ئارمان قىلىپ يەتكىلى بولمايدىغان خىيالىي جايلاردىنمۇ گۈزەل ۋە مۇكەممەلدۇر. بۇ جەننەتلەر خىيال ئەمەس ياكى قۇرۇق ئارمان ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتتۇر ۋە تەقۋادارلارنىڭ ئاخىرەتتىكى قارارگاھىدۇر. بۇ جەننەتلەردە رەڭگى ياكى تەمى ۋەياكى پۇرىقى ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان سۈپسۈزۈك ۋە تاتلىق سۇ ئاقىدىغان ئۆستەڭلەر بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر قېتىم ئىچكەن ئادەم مەڭگۈ ئۇسسۇزلۇق تارتمايدۇ. يەنە بۇ جەننەتلەردە ساپ ۋە تەمى ئۆزگەرمەيدىغان سۈتتىن، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان شارابتىن بولغان ئۆستەڭلەر بار. ئەمما جەننەتنىڭ شارابلىرى بۇ دۇنيانىڭ ھاراقلىرىغا ئوخشىمايدۇ، ئىچكۈچىلەرنى مەست قىلمايدۇ، ئەقلىنى يوقاتمايدۇ، باشنى ئاغرىتمايدۇ، قالايمىقان سۆزلەتمەيدۇ، راھەتسىز قىلمايدۇ، ئىچكۈچىلەرگە راھەت ۋە ھۇزۇر بېرىدۇ. ﴿يُطَافُ عَلَيْهِم بِكَأْسٍ
مِّن مَّعِينٍ (٤٥) بَيْضَآءَ لَذَّةٍ لِّلشَّٰرِبِينَ (٤٦) لَا فِيهَا غَوْلٌ وَلَا هُمْ عَنْهَا يُنزَفُونَ﴾

يەنى ﴿ئۇلارغا ئىقىپ تۇرغان، ئاپئاق، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان شارابلاردىن تولدۇرۇلغان جاملار ئايلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدا ئەقىلنى بۇزىدىغان نەرسە يوق، ئۇلار ئۇنى ئىچىش بىلەن مەست بولمايدۇ﴾[1].

جەننەتلەردە يەنە ساپ ھەسەل ئاقىدىغان ئۆستەڭلەر بار. تەقۋادارلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدە قىلغانلىرى بۇ ئۆستەڭلەر بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇلار بۇ جەننەتلەردە ھەر خىل لەززەتلىك مېۋىلەردىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنىدۇ. ئۇلارغا يەنە رەببى تەرىپىدىن كەڭ مەغپىرەت ۋە رازىلىق بار. مەلۇمكى، ھەممىدىن كاتتىسى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەن كاتتا ئۇتۇقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەنلىك مۇرادقا يەتكەنلىكتۇر. بۇ مۆئمىن ئادەمنىڭ يەتمەكچى بولغان ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ۋە ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى ئۇلۇغۋار غايىسىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەنلىك ھەممىگە ئېرىشكەنلىك، ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالغانلىق ھەممىدىن مەھرۇم قالغانلىقتۇر.

رەببى تەرىپىدىن كەلگەن ئوپئوچۇق دەلىلگە ئاساسلىنىپ، ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغان ئادەم بىلەن ئۆزىنىڭ يامان ئىشلىرىنى شەيتان چىرايلىق كۆرسەتكەنلىكتىن، يامانلىقنى ياخشىلىق دەپ ئويلاپ ئالدىنىپ قالغان ئادەم ئوخشاشمۇ؟ بۇلارنى باراۋەر دېگىلى بولامدۇ؟ جەننەتتە ئېسىل نېمەتلەرنىڭ ئارىسىدا بولغان ئادەم بىلەن دوزاختا ئۆزگەرسىزلۈكتىن قايناق سۇ ئىچىپ ئۈچەيلىرى يېرىلىپ كەتكەن ئادەم ئوخشاشمۇ؟ بۇلار بىر-بىرىگە ھەرگىزمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇلار دۇنيادىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمىغاندەك، ئاخىرەتتىمۇ ئوخشىمايدۇ.

دوزاخقا تاشلانغان ئادەمنىڭ ھالىغا ۋاي! جەننەت ئەھلى بولغانلار سۈپسۈزۈك سۇدىن، ساپ سۈتتىن، ساپ ھەسەلدىن ۋە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان شارابتىن ئىچىپ ھۇزۇرلانسا، دوزاخ ئەھلى بولغانلار قاتتىق ئۆزگەرسىزلۈكتە قالىدۇ، ھارارەتلىك سۇ ۋە قان، يىرىڭ قاتارلىقلارنى ئىچىپ ئازابلىنىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. تەقۋالىق مۇسۇلماننىڭ كامالىتى بولۇپ، ئۇ جەننەتكە كىرىشنىڭ ئەڭ كاپالەتلىك ئامىلىدۇر.

2. جەننەتنىڭ نېمەتلىرى بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن ئەلۋەتتە ئېسىل

[1] ساففات سۈرىسى:45-46-47-ئايەتلەر.

ۋە ياخشىدۇر.

3. جەننەت ئەھلىنىڭ ئىچىملىكى ساپ ھەسەل ۋە لەززەتلىك شاراب بولغىنىدەك، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىچىملىكى قان، يىرىڭ ۋە ھارارەتلىك سۇدۇر.

## ◄ مۇناپىقلار ۋە ھىدايەت تاپقانلار

﴿وَمِنْهُم مَّن يَسْتَمِعُ إِلَيْكَ حَتَّىٰٓ إِذَا خَرَجُوا۟ مِنْ عِندِكَ قَالُوا۟ لِلَّذِينَ
أُوتُوا۟ ٱلْعِلْمَ مَاذَا قَالَ ءَانِفًا ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ طَبَعَ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ
وَٱتَّبَعُوٓا۟ أَهْوَآءَهُمْ ﴿١٦﴾ وَٱلَّذِينَ ٱهْتَدَوْا۟ زَادَهُمْ هُدًى وَءَاتَىٰهُمْ تَقْوَىٰهُمْ
﴿١٧﴾ فَهَلْ يَنظُرُونَ إِلَّا ٱلسَّاعَةَ أَن تَأْتِيَهُم بَغْتَةً ۖ فَقَدْ جَآءَ أَشْرَاطُهَا ۚ
فَأَنَّىٰ لَهُمْ إِذَا جَآءَتْهُمْ ذِكْرَىٰهُمْ ﴿١٨﴾ فَٱعْلَمْ أَنَّهُۥ لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا ٱللَّهُ
وَٱسْتَغْفِرْ لِذَنۢبِكَ وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَـٰتِ ۗ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ مُتَقَلَّبَكُمْ
وَمَثْوَىٰكُمْ ﴿١٩﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

16ـ ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار)نىڭ ئارىسىدا سېنىڭ سۆزۈڭگە قۇلاق سالىدىغانـلىرىمۇ بار، ئۇلار سېنىڭ يېنىڭدىن چىققاندا، ئىلىم بېرىلگەن كىشىلەرگە (مەسخىرە قىلغانلىقتىن): «بايا (مۇھەممەد) نېمە دېدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاھ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەنلەردۇر، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەنلەردۇر.

17ـ ھىدايەت تاپقانلارغا ئاللاھ ھىدايەتنى زىيادە قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى تەقۋالىققا مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

18ـ كاپىرلار پەقەت قىيامەتنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېلىشىنىلا كۈتىدۇ، شەكسىزكى، ئۇنىڭ ئالامەتلىرى كەلدى. قىيامەت كەلگەن چاغدا ئۇلارغا ۋەزـنەسىھەتنىڭ قانداقمۇ پايدىسى بولسۇن؟

19ـ (ئى پەيغەمبەر!) بىلگىنكى، ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر. ئۆزۈڭنىڭ ۋە ئەرـئايال مۇئمىنلەرنىڭ گۇناھى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىشـھەرىكەت قىلىدىغان ۋە تۇرىدىغان جايىڭلارنى بىلىدۇ.

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا تېگىشلىك بولغان بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىدا سېنىڭ سۆزۈڭگە قۇلاق سالىدىغانلىرىمۇ بار، يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسى سېنىڭ سۆزۈڭگە قۇلاق سالىدۇ، ئەمما يېنىڭدىن ئايرىلىپ سىرتقا چىققان چېغىدا، سېنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ پەزلىدىن ئىلىم بېرىلگەن ۋە ھەقىقەتنى چۈشەنگەن ساھابىلەرگە ﴿بايا (مۇھەممەد) نېمە دېدى؟﴾ دەيدۇ. بۇ مۇناپىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ سۆزىنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدە ياخشىلىق يوق، پەقەت ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرىنى سۆزلەيدۇ، دېگەن ئاساستا، ساھابىلەرگە شۇنداق دەيدۇ. ئەنە شۇ مۇناپىقلارنىڭ دىللىرى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پېچەتلەنگەن، كۆزلىرى بولسا پەردىلەنگەن بولۇپ، ئۇلار سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇلغىنىپ كەتكەن قاپقارا دىلىغا سەن ئېلىپ كەلگەن ھىدايەتنىڭ نۇرى ھەرگىز كىرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھىدايەتتىن ئازغۇنلۇقنى ئەۋزەل كۆرۈپ شۇنى تاللىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دىلى مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلگەن. ئۇلارنىڭ ئەكسىچە، ھىدايەت تېپىپ، ئاشۇ ھىدايەتتە چىڭ تۇرغان مۇئمىنلەرگە ئاللاھ تائالا ھىدايەتنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ، ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىش ۋە ئۇلارغا تائەت-ئىبادەتلەردە كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تەقۋالىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

ئەمما ئاللاھ تائالا دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەن ھېلىقى مۇناپىقلار ھەق سۆزلەرنى ۋە ياخشى ۋەز-نەسىھەتلەرنى ھەرگىز ئاڭلىمايدۇ، توغرا يول تېپىشقىمۇ ئىنتىلمەيدۇ. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىگە قىيامەتنىڭ تۇيۇقسىز كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. يەنى ئۇلار ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبلىك ھالاك بولغان قەۋملەرنىڭ ئەھۋالىدىن ئىبرەت ئالمايدۇ، بۇ ماۋزۇدا ئېيتىلغان ۋەز-نەسىھەتلەرنى ئاڭلىمايدۇ، پەقەت ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب ياكى قىيامەت تۇيۇقسىز كەلگەندىلا ھەممىنى بىلىدۇ. ئازاب ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ياكى قىيامەت كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشىنىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟!

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى پەيغەمبەر! سەن ھەق يولۇڭغا داۋام قىلغىن، بىلگىنكى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تائالادىن

باشقا پايدا-زىيان يەتكۈزگۈچى يوقتۇر، پۇل-مال ۋە باللار ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالادىن باشقا قۇتقۇزغۇچى يوقتۇر. شۇڭا سەن ئۆزۈڭنىڭ ۋە ئەر-ئايال مۇئمىنلەرنىڭ بارلىق گۇناھلىرى، كەمچىلىكلىرى ئۈچۈن رەببىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. يېگانە رەببىڭلار بولغان ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشىڭلارنى، ئىش-ھەرىكەت قىلىدىغان ۋە تۇرىدىغان جايىڭلارنى بىلىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە زەھھاك ﴿وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ مُتَقَلَّبَكُمۡ وَمَثۡوَىٰكُمۡ﴾ دېگەن ئايەتنى «ئاللاھ سىلەرنىڭ دۇنيادىكى ئىش-ھەرىكىتىڭلارنى ۋە ئاخىرەتتىكى ئورنۇڭلارنى بىلىدۇ»[1] دەپ تەپسىر قىلغان. تەبەرىي، ئىبنى كەسىر، سەئدىي قاتارلىق تەپسىرلەردە «ئاللاھ سىلەرنىڭ كۈندۈزدىكى ئىش - ھەرىكىتىڭلارنى ۋە كېچىدىكى ئورنۇڭلارنى بىلىدۇ» دېگەن مەنە كۆچلەندۇرۇلگەن. تەپسىرى مۇيەسسەردە «ئاللاھ سىلەرنىڭ كۈندۈزدە ئويغاق چاغدىكى ئىش - ھەرىكىتىڭلارنى ۋە كېچىدە ئۇخلىغان چاغدىكى ئورنۇڭلارنى بىلىدۇ»[2] دەپ تەپسىر قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا سىلەرگە بارلىق ياخشى-يامان ئىشلىرىڭلار ئۈچۈن تېگىشلىك مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈندە يۈز قېتىم ئىستىغپار ئېيتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. يەنە ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «وَاللهِ إِنِّي لَأَسْتَغْفِرُ اللهَ وَأَتُوبُ إِلَيْهِ فِي اليَوْمِ أَكْثَرَ مِنْ سَبْعِينَ مَرَّةً» يەنى «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ھەر كۈنى ئاللاھقا يەتمىش قېتىمدىن كۆپ تەۋبە- ئىستىغپار ئېيتىمەن»[3] دېگەنلىكى بايان قىلىنغان. بەزى ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق كۆپ ئىستىغپار ئېيتقانلىقى ئۇنىڭ گۇناھ قىلغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش ۋە ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش يۈزىسىدىندۇر، دەپ قارايدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، تەۋبە-ئىستىغپارنى گۇناھ قىلغان ئادەملەرلا قىلمايدۇ، بەلكى پەيغەمبەرلەردەك گۇناھسىز زاتلارمۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ سالىھ بەندىلىرىمۇ قىلىدۇ.

---

[1] «تفسير القرطبي» 21- توم، 508- بەت
[2] «التفسير الميسر» 508- بەت.
[3] «صحيح البخاري» 8- توم، 67-بەت، 6307- ھەدىس.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. نەپسى خاھىشقا ئەگىشىش ئىنساننى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولغۇسىز بەختسىزلىكلەرگە دۇچار قىلىدۇ.

2. «ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر» دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنىڭ مەزمۇنىنى ياخشى ئۆگىنىپ ئەمەل قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر.

3. ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەخلاقىنى تۈزىتىپ تۇرۇش ئادەمنى نۇرغۇنلىغان خاتالىقلاردىن ساقلاپ قالىدۇ.

### ◄ راستچىل مۇئمىنلەر بىلەن يالغانچى مۇناپىقلار

﴿وَيَقُولُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَوۡلَا نُزِّلَتۡ سُورَةٞۖ فَإِذَآ أُنزِلَتۡ سُورَةٞ
مُّحۡكَمَةٞ وَذُكِرَ فِيهَا ٱلۡقِتَالُ رَأَيۡتَ ٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٞ يَنظُرُونَ
إِلَيۡكَ نَظَرَ ٱلۡمَغۡشِيِّ عَلَيۡهِ مِنَ ٱلۡمَوۡتِۖ فَأَوۡلَىٰ لَهُمۡ ﴿٢٠﴾ طَاعَةٞ وَقَوۡلٞ
مَّعۡرُوفٞۚ فَإِذَا عَزَمَ ٱلۡأَمۡرُ فَلَوۡ صَدَقُواْ ٱللَّهَ لَكَانَ خَيۡرٗا لَّهُمۡ ﴿٢١﴾ فَهَلۡ
عَسَيۡتُمۡ إِن تَوَلَّيۡتُمۡ أَن تُفۡسِدُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَتُقَطِّعُوٓاْ أَرۡحَامَكُمۡ
﴿٢٢﴾ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ لَعَنَهُمُ ٱللَّهُ فَأَصَمَّهُمۡ وَأَعۡمَىٰٓ أَبۡصَٰرَهُمۡ ﴿٢٣﴾ أَفَلَا
يَتَدَبَّرُونَ ٱلۡقُرۡءَانَ أَمۡ عَلَىٰ قُلُوبٍ أَقۡفَالُهَآ ﴿٢٤﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ٱرۡتَدُّواْ عَلَىٰٓ
أَدۡبَٰرِهِم مِّنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ ٱلۡهُدَى ٱلشَّيۡطَٰنُ سَوَّلَ لَهُمۡ وَأَمۡلَىٰ
لَهُمۡ ﴿٢٥﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ قَالُواْ لِلَّذِينَ كَرِهُواْ مَا نَزَّلَ ٱللَّهُ سَنُطِيعُكُمۡ
فِي بَعۡضِ ٱلۡأَمۡرِۖ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ إِسۡرَارَهُمۡ ﴿٢٦﴾ فَكَيۡفَ إِذَا تَوَفَّتۡهُمُ
ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ يَضۡرِبُونَ وُجُوهَهُمۡ وَأَدۡبَٰرَهُمۡ ﴿٢٧﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمُ ٱتَّبَعُواْ
مَآ أَسۡخَطَ ٱللَّهَ وَكَرِهُواْ رِضۡوَٰنَهُۥ فَأَحۡبَطَ أَعۡمَٰلَهُمۡ ﴿٢٨﴾ أَمۡ حَسِبَ
ٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ أَن لَّن يُخۡرِجَ ٱللَّهُ أَضۡغَٰنَهُمۡ ﴿٢٩﴾ وَلَوۡ نَشَآءُ
لَأَرَيۡنَٰكَهُمۡ فَلَعَرَفۡتَهُم بِسِيمَٰهُمۡۚ وَلَتَعۡرِفَنَّهُمۡ فِي لَحۡنِ ٱلۡقَوۡلِۚ وَٱللَّهُ
يَعۡلَمُ أَعۡمَٰلَكُمۡ ﴿٣٠﴾ وَلَنَبۡلُوَنَّكُمۡ حَتَّىٰ نَعۡلَمَ ٱلۡمُجَٰهِدِينَ مِنكُمۡ

وَٱلصَّٰبِرِينَ وَنَبۡلُوَاْ أَخۡبَارَكُمۡ ﴿٣١﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَشَآقُّواْ ٱلرَّسُولَ مِنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ ٱلۡهُدَىٰ لَن يَضُرُّواْ ٱللَّهَ شَيۡـٔٗا وَسَيُحۡبِطُ أَعۡمَٰلَهُمۡ ﴿٣٢﴾

### تەرجىمىسى

20ـئىمان ئېيتقانلار: «كاشكى، (جىھاد ھەققىدە) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا ئىدى» دەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) جىھادتىن سۆز ئېچىلغان، مەزمۇنى ئېنىق بىرەر سۈرە نازىل قىلىنغان چاغدا، دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلارنىڭ ساڭا ئۆلۈمدىن (قورقۇپ) ھوشىدىن كەتكەن ئادەمدەك قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن.

21ـئۇلارنىڭ (ئاللاھقا) ئىتائەت قىلىشى ۋە چىرايلىق سۆز قىلىشى ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى، ئۇرۇش قارار قىلىنغان چاغدا، ئۇلار ئاللاھقا سادىق بولسا، ئۇلار ئۈچۈن بەكمۇ ياخشى بولاتتى.

22ـ(ئى مۇناپىقلار!) ئەگەر سىلەر (قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، سىلەرنىڭ (جاھىلىيەتكە قايتىپ) يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىڭلار ۋە تۇغقاندارچىلىق رىشتىسىنى ئۈزۈپ قويۇشۇڭلار مۇقەررەردۇر.

23ـئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ئاللاھ رەھمىتىدىن يىراق قىلىپ، (ھەق سۆزنى ئاڭلاشتىن) گاس، كۆزلىرىنى (توغرا يولنى كۆرۈشتىن) كور قىلىپ قويىدى.

24ـئۇلار قۇرئان ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار.

25ـشەكسىزكى، ئۆزىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن (ئىماندىن) يېنىۋالغانلارغا شەيتان (مۇرتەدلىكنى) چىرايلىق كۆرسەتتى ۋە (ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە شېرىن ئارزۇ بىلەن) ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى.

26ـبۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئاننى يامان كۆرىدىغانلارغا (يەھۇدىيلارغا): «بىز بەزى ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىمىز» دېگەن ئىدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

27ـپەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇپ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا (ئۇلارنىڭ ھالى) قانداق بولار؟

28ـبۇ (ئازاب)نىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ئاللاھنى غەزەپلەندۈرگەن نەرسىلەرگە ئەگەشتى ۋە ئۇنى رازى قىلىدىغان ئىشلارنى ياقتۇرمىدى. شۇڭا ئاللاھ ئۇلارنىڭ

(ياخشى) ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋەتتى.

29-دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلار ئۇزلىرىنىڭ (ئىسلامغا بولغان) دۈشمەنلىكىنى ئاللاھ ئوتتۇرىغا چىقارمايدۇ، دەپ ئويلامدۇ؟

30-(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنى چوقۇم ساڭا كۆرسىتەتتۇق، سەن ئۇلارنى چوقۇم ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن تونۇيتتىڭ. شەكسىزكى، سەن ئەلۋەتتە ئۇلارنى سۆزلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىن تونۇيسەن، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.

31-بىز سىلەرنى تاكى ئاراڭلاردىن جىھادقا چىققۇچىلارنى ۋە بەرداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە (ئوتتۇرىغا چىقارغانغا) ۋە ئەھۋالىڭلارنى تولۇق ئاشكارا قىلغانغا قەدەر ئەلۋەتتە (جىھاد ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش مۇشەققەتلىك ئەمەللەر بىلەن) سىنايمىز.

32-شەكسىزكى، ئۆزلىرىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن كاپىر بولغانلار، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلار ۋە پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلەشكەنلەر ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئاللاھ يېقىندا ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ.

## تەپسىرى

ئىمانىدا راستچىل بولغان ھەقىقىي مۇئمىنلەر ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا ھېرىسمەن كېلىدۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتايدۇ. شۇڭا ئۇلار جىھادقا قىزىقىپ: ﴿كاشكى، (جىھاد ھەققىدە) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا ئىدى﴾ يەنى بىزنى جىھادقا ئەمر قىلىدىغان بىرەر سۈرە نازىل بولسا، بىزمۇ دەرھال جىھادقا چىقساق بولاتتى، دەيدۇ. ئەمما مۇناپىقلار مۇئمىنلەرنىڭ تامامەن ئەكسىچە ئىش قىلىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ساڭا جىھاد توغرۇلۇق سۆز ئېچىلغان، جىھادقا دەۋەت قىلىنغان، جىھادنىڭ پەرز ئىكەنلىكى ئوچۇق بايان قىلىنغان بىرەر سۈرە نازىل قىلىنىپ، ئۇلار جىھاد قىلىشقا چاقىرىلغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ساڭا خۇددى ئۆلۈمدىن قورقۇپ (ياكى ئۆلۈمنىڭ سەكراتى بىلەن) ھوشىدىن كەتكەن ئادەمدەك قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلارنىڭ بۇ قارىشى يا قاتتىق قورقۇنچتىن ياكى ساڭا بولغان قاتتىق دۈشمەنلىكتىن ۋەياكى ئۆزلىرىنىڭ ئەپتى- بەشىرىسى ئېچىلىپ كېتىپ رەسۋا بولۇشتىن قورققانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، مۇناپىقلاردا بۇ ئۈچ ئېھتىمالنىڭ ھەممىسى بار بولۇپ، ئۇلار جىھادقا چىقىشتىن قورقىدۇ، ئىسلامغا ۋە

ئىسلام پەيغەمبىرىگە دۈشمەنلىك قىلىدۇ، مۇسۇلمانلار جىھادقا چىقسا ئۆزلىرى چىقمىغانلىقتىن، ئۆزلىرىنىڭ مۇناپىقلىقى ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئەسلىدە ئۇلار مۇناپىقلىقنى تاشلاپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ جىھادقا چىقسا، ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى بولاتتى.

مۇپەسسىرلەر﴿فَأَوْلَىٰ لَهُمْ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە قۇرتۇبىي، بەغەۋىي، تەبەرىي، زەمەخشەرىي، ھىجازىي قاتارلىق مۇپەسسىرلەر «أولى» دېگەن سۆزنى «ويل» يەنى (ھالاكەت) دېگەن سۆز يىلتىزىدىن كېلىپ چىققان دەپ قاراپ، بۇ سۆزگە «ھالاكەت»، «ھالاكەتنىڭ يېقىنلىقى»، «ئاگاھلاندۇرۇش» دېگەن مەنىلەرنى ئېيتقان، ئاندىن ئايەتنى﴿ئۇلارنىڭ ھالاكىتى يېقىندۇر﴾ دەپ تەپسىر قىلغان. ئىبنى كەسىر، ئىبنى ئاشۇر، جازائىرىي قاتارلىق مۇپەسسىرلەر ﴿فَأَوْلَىٰ لَهُمْ﴾ دېگەن ئايەتنى ﴿ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى﴾ دەپ تەپسىر قىلغان. تەپسىر مۇيەسسەردىمۇ مۇشۇ كۆچلەندۈرۈلگەن. چۈنكى، ئۇلار ئايەتتىكى «أولى» دېگەن سۆزنى «ئەڭ ياخشىسى، ئەڭ ئەۋزىلى، ئەڭ لايىق بولغىنى» دېگەن مەنىلەردە تەپسىر قىلغان.

بۇ مۇناپىقلارغا بۇيرۇلغىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە، پەيغەمبەرنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلىش ۋە چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىشتۇر. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئايەتنىڭ مەنىسى: بۇ مۇناپىقلارنىڭ ساڭا ئۆلۈمگە ھازىر بولغان ئادەمدەك چەكچىيىپ قارىغىنىدىن كۆرە، ساڭا ئىتائەت قىلغىنى ۋە ياخشى سۆز قىلغىنى ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى، دېگەنلىك بولىدۇ.

جىھاد ئەمرى كېلىپ ئۇ مۇناپىقلار جىھادقا چىقىشقا چاقىرىلغان چاغدا، ئەگەر ئۇلار نىيىتىنى دۇرۇسلاپ، ئەمەلىنى خالىس قىلسا، ئەلۋەتتە يالغان ئېيتقاندىن ۋە مۇناپىقلىق قىلغاندىن ياخشى بولاتتى. بۇ ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ خەيرلىك ئىدى.

﴿فَهَلْ عَسَيْتُمْ إِن تَوَلَّيْتُمْ أَن تُفْسِدُواْ فِي ٱلْأَرْضِ وَتُقَطِّعُوٓاْ أَرْحَامَكُمْ﴾

بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى«ئى مۇناپىقلار! سىلەر ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىسىلەر، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ تۇغقانچىلىق رىشتىسىنى ئۈزىسىلەر، شۇنداقمۇ؟» دەپ تەپسىر قىلغان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى «ئى مۇناپىقلار! سىلەر شۇ ساختا ئىمانىڭلاردىنمۇ ئاشكارا

يۈز ئۆرۈپ، ‹قۇرئان كەرىم›دىن ۋە ھىدايەتتىن ۋاز كەچسەڭلار، ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ (جاھىلىيەتكە قايتىپ) يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىڭلار ۋە تۇغقاندارچىلىق رىشتىسىنى ئۈزۈپ قويۇشۇڭلار مۇقەررەردۇر» يەنى سىلەردىن يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىق رىشتىسىنى ئۈزۈشتىن باشقىسى كۈتۈلمەيدۇ. چۈنكى، سىلەردىن ھېچقانداق بىر ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ، سىلەردىن كۈتۈلىدىغىنى پەقەت يامانلىقتۇر. چۈنكى، سىلەر بۇزغۇنچى قەۋمسىلەر، دەپ تەپسىر قىلغان.

ئايەتتىكى ﴿عَسَيْتُمْ﴾ دېگەن سۆز ئېھتىماللىقنى ۋە مۇمكىنچىلىكنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، ئاللاھ تائالادىن باشقىلارغا ئىشلىتىلگەندە شۇنداق مەنە بېرىدۇ. ئەمما بۇ سۆزنى ئاللاھ تائالا سۆزلىگەندە، ئاللاھ تائالا ئېنىق ۋە مۇقەررەر بىر ئىشتىن خەۋەر بەرگەن بولىدۇ. شۇڭا مۇناپىقلار ئەگەر ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇلارنىڭ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق رىشتىسىنى ئۈزۈشتىن ئىبارەت ئىلگىرىكى جاھىلىيەت ئادەتلىرىگە قايتىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىقتۇر.

مۇپەسسىرلەر ﴿تَوَلَّيْتُمْ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى كەسىر، بەغەۋىي، ھىجازىي، جازائىرىي قاتارلىق مۇپەسسىرلەر ﴿تَوَلَّيْتُمْ﴾ نىڭ »تَوَلّى» يەنى (يۈز ئۆرۈدى) دېگەن سۆز يىلتىزىدىن ئىكەنلىكىگە ئاساسەن، ئايەتنى ﴿يۈز ئۆرۈسەڭلار﴾ دەپ تەپسىر قىلغان. ئەللامە قۇرتۇبىي ۋە تەبەرىي ﴿تَوَلَّيْتُمْ﴾ نى «وَلِيَ» يەنى (ئىش باشقۇردى) دېگەن سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن بولۇشى ياكى »تَوَلّى» يەنى (يۈز ئۆرۈدى) دېگەن سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن بولۇش ئېھتىماللىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەر ئىككى خىل تەپسىرنى بايان قىلغان. تەبەرىي (يۈز ئۆرۈدى) دېگەن مەنىسىنى كۈچلەندۈرگەن. شۇڭا ﴿فَهَلۡ عَسَيۡتُمۡ إِن تَوَلَّيۡتُمۡ﴾ دېگەن ئايەتنى: «ئەگەر سىلەر ئىش باشقۇرساڭلار» دەپ تەپسىر قىلسىمۇ، ﴿ئەگەر سىلەر يۈز ئۆرۈسەڭلار﴾ دەپ تەپسىر قىلسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، لۇغەت ھەر ئىككى مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. تەپسىرى مۇيەسسەردە ئايەتكە ﴿ئەگەر سىلەر قۇرئاندىن ۋە ھەدىستىن يۈز ئۆرۈسەڭلار﴾[1] دەپ مەنە ئېيتىلغان.

ئەللامە ئابدۇراھمان سەئدىي ﴿فَهَلۡ عَسَيۡتُمۡ إِن تَوَلَّيۡتُمۡ أَن تُفۡسِدُواْ فِي

[1] «التفسير الميسر» 509- بەت.

ٱلْأَرْضِ وَتُقَطِّعُوٓاْ أَرْحَامَكُمْ﴾ دېگەن ئايەت توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «بۇ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ بايانى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىتائەتتىن يۈز ئۆرۈشى ياخشىلىققا ئەمەس، يامانلىققا يۈزلەنگەنلىكىدۇر. چۈنكى، بۇ يەردە ئىككىلا ئىش بار. ئۇلارنىڭ بىرى، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش بولۇپ، بۇنىڭ نەتىجىسى ياخشىلىققا ئېرىشىش، ھىدايەت تېپىش ۋە مەقسەتكە يېتىشتۇر. يەنە بىرى، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىش بولۇپ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىپ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىش، تۇغقاندارچىلىقنى ئۈزۈشتۇر»[1].

ئەنە شۇ مۇناپىقلار ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان، ئۇنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغان، بۇ سەۋەبتىن، ئۇلار ھەقىقەتنىڭ ساداسىنى ئاڭلاشتىن ۋە توغرا يولنى كۆرۈشتىن مەھرۇم بولۇپ، مەنىۋى گاس ۋە ئەمالارغا ئايلىنىپ قالغان بەختسىزلەردۇر. ئۇلار «قۇرئان كەرىم» توغرۇلۇق تەپەككۇر قىلمامدۇ؟ ئۇنىڭدا كەلگەن ئۈگۈتلەردىن ئىبرەت ئالمامدۇ؟ ياق! ئۇلار مۇنداق قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبلىرى پېچەتلەنگەنلىكتىن ساغلام تەپەككۇر قىلالمايدۇ، ۋەز-نەسىھەت ئالمايدۇ ۋە ئۇلارغا ئۈگۈتمۇ كار قىلمايدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسا-لامنىڭ دەۋىتىدىكى ھىدايەت نۇرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ياخشى- يامانىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ نەپسى ئاۋارىگەرچىلىكىگە بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن ئازغۇنلۇق ۋە جاھالەت يولىنى تاللىۋالغانلار شۇنداق ئەيىبلەنگەن. ھازىرقى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىمۇ نەپسى ئاۋارىگەرچىلىكىگە بېرىلىپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ۋە مۇشۇ پانىي دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مال-دۇنياسىنى دەپ، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق رىشتىسىنى ئۈزگەنلەر ئاز ئەمەس.

ھىدايەت كەلگەن ۋە ھەقىقەت ئايان بولغاندىن كېيىن، ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىماندىن يېنىۋالغان مۇرتەدلەرگە كەلسەك، شەيتان ئۇلارنىڭ بۇ قەبىھ ئىشىنى ئۇلارغا چىرايلىق قىلىپ كۆرسەتكەن ۋە ئۇلارنى قۇرۇق ئارزۇ- ئارمانلار بىلەن قايىل قىلغان بولۇپ، ئۇلار شەيتانغا ۋە نەپسى خاھىشىغا ئالدانغانلاردۇر. چۈنكى، شەيتان ئۇلارنى ئۆمۈرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن قاندۇرغان. مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ سۈرىدىكى ﴿ئاللاھ

[1] «تيسير الكريم الرحمن في تفسير الكلام المنان» 799- بەت.

نازىل قىلغان قۇرئاننى يامان كۆرىدىغانلار﴾ دېگەن ئايەتتىن مەدىنىدىكى بەنى قۇرەيزە ۋە بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قاتتىق يامان كۆرەتتى. مۇناپىقلار ئۇلارغا بەزى ئىشلاردا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ نَافَقُوا۟ يَقُولُونَ لِإِخْوَٰنِهِمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ لَئِنْ أُخْرِجْتُمْ لَنَخْرُجَنَّ مَعَكُمْ وَلَا نُطِيعُ فِيكُمْ أَحَدًا أَبَدًا وَإِن قُوتِلْتُمْ لَنَنصُرَنَّكُمْ وَٱللَّهُ يَشْهَدُ إِنَّهُمْ لَكَٰذِبُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) مۇناپىقلارنىڭ ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىر دوستلىرىغا: «ئەگەر سىلەر (يۇرتۇڭلاردىن) چىقىرىۋېتىلسەڭلار، بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىللە چىقىپ كېتىمىز، ھەرگىز سىلەرنىڭ زىيىنىڭلار ھېسابىغا باشقا بىر ئادەمگە ئىتائەت قىلمايمىز. ئەگەر سىلەرگە ئۇرۇش ئېچىلسا، بىز چوقۇم سىلەرگە ياردەم قىلىمىز» دېيىشكەنلىكىگە قارىمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار شەكسىز يالغانچىلاردۇر﴾[1].

ئىسلام دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا دۈشمەن بولۇش ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان بۇ مۇناپىقلارنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن پەرىشتىلەر چۈشكەن چاغدا، بۇلارنىڭ ھالى قانداق بولار؟ پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرغاندا ۋە ئۇلارنىڭ جېنىنى قىيناپ چىقىرىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولار؟ ئۇلار بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىن قورقۇپ، قىلىچلاردىن ساقلاپ قالغان يۈزلىرىگە، ئارقىلىرىغا، گەدەنلىرىگە جان ئالغۇچى پەرىشتىلەر قاتتىق ئۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى قاتتىق ئازابلايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا يامان كۆرىدىغان كۇفرى-مەئسىيەتكە ئەگەشكەنلىكى ۋە ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ئىمان-ئىسلامنى يامان كۆرگەنلىكى سەۋەبتىن ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بارلىق ھىيلە-مىكىرلىرىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى قوزغىغان رەزىل تۇزاقلىرىنى، ئۇلارنىڭ ياخشىلىق دەپ قىلغانلىرىنى بىكار قىلىۋەتتى. قىرىق يېرى شۇكى، دىللىرىدا مۇناپىقلىق كېسىلى بولغان بۇ ئىككى يۈزلىمچى مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامغا ۋە «قۇرئان كەرىم»گە بولغان ئۆچمەنلىكىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئاداۋىتىنى ئاللاھ تائالا ئوتتۇرىغا چىقارمايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئاشكارا قىلغان ۋە يوشۇرغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى، بارلىق سىرلىرىنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ، ئۇ دىللاردىكىنى بىلىدۇ.

[1] ھەشر سۈرىسى:11-ئايەت.

ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا، سەن ئۇ مۇناپىقلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ ۋە تونۇيتتىڭ. چۈنكى، ئۇ چاغدا بىز ئۇلارنى مەخسۇس ئالامەتلىرى ۋە بەلگىلىرى بىلەن ساڭا ئېنىق تونۇتقان بولاتتۇق. شۇنداقتىمۇ، سەن ئۇلارنى سۆزلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىن ۋە ئۆزگىچە گەپ قىلىشىدىن ئەلۋەتتە تونۇۋالالايسەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنىڭدىن كېيىن، مۇناپىقلارنى سۆزىنىڭ ئۇسلۇبىدىنلا تونۇۋالاتتى. ئەمما كىمنىڭ مۇناپىق ئىكەنلىكىنى ئۆزىلا بىلەتتى، كىشىلەرگە ئاشكارا قىلمايتتى.

شەكسىزكى، بىز تاكى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن جىھاد مەيدانىدا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان ۋە بارلىق ئەھۋاللىرىڭلاردىن تولۇق ۋاقىپ بولغانغا قەدەر، سىلەرنى جىھاد قىلىشقا ئەمر قىلىش ۋە ئىبادەتلەرگە بۇيرۇش بىلەن سىنايمىز.

ھەق دىنىنى ئىنكار قىلىپ كاپىر بولغان، يالغان گەپلىرى، يا- مان قىلىقلىرى، ھەقىقەتنى يوشۇرۇشى، ئىغۋاگەرچىلىكى قاتارلىق قىلمىشلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن توسىدىغانلار ئاللاھ تائالاغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بارلىق ھىيلە-مىكىرلىرىنى بەربات قىلىۋېتىدۇ، ياخشىلىق دەپ قىلغان ئەمەللىرىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىۋېتىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى رەسۋا قىلىدۇ ۋە قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدۇ.

بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلار مۇناپىقلار بىلەن ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلارغا قارىتىلغان بولۇپ، بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئىسلامغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئېلىپ بارغان پىلانلىق سۈيىقەستلىرى، رەزىل تۇزاقلىرى ۋە قىلمىشلىرى ئاز بولمىغان. مۇناپىقلار «قۇرئان كەرىم» بىلەن ئىسلام دىنى توغرۇلۇق يالغان ئىغۋالارنى تارقىتىپ كىشىلەرنى بۇ دىنغا كىرىشتىن توسۇشقا تىرىشسا، يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى بولغان «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل»دىكى بېشارەتلەرنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى يوشۇرۇش ۋە تەۋىل قىلىپ ئۆزگەرتىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىسلامغا كىرىشتىن توسۇشقا ئۇرۇنغان. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولغان ۋە تۈزگەن پىلانلىرى، سۈيىقەستلىرى پۈتۈنلەي بەربات قىلىنغان.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قورقۇنچاقلار ناھايىتى تېز يېڭىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يېڭىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ روھى يېڭىلىپ بولىدۇ.

2. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ خەتەرلىكى بۇزغۇنچىلاردۇر. بۇزغۇنچىلىق گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىش بىلەن بولغىنىدەك، ئازغۇن ئېقىملارنى قوبۇل قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش بىلەنمۇ بولىدۇ.

3. «قۇرئان كەرىم» مەنىسىنى چۈشىنىپ ئەمەل قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان كىتابتۇر.

4. ھەقىقەت ئايان بولغاندىن كېيىن، ئۇنى قوبۇل قىلمىغانلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بەختسىزلىرىدۇر.

5. تائەت-ئىبادەتتىن يۈز ئۆرۈپ، گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە بېرىلىپ كېتىش خۇددى ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ كۇفرىغا يېنىۋالغاندەك يامان ئىشتۇر. چۈنكى، ئىككىلىسى شەيتاننىڭ يامانلىقنى چىرايلىق كۆرسىتىشى بىلەن بولىدۇ.

6. مۇسۇلمانلارغا قارشى كاپىرلار بىلەن بىرلىشىش ئەڭ ئېغىر گۇناھتۇر.

7. قەبرىنىڭ راھىتى ۋە ئازابى ھەقتۇر. راھەت مۇئمىنلەرگە، ئازاب كاپىرلارغا بولىدۇ.

8. يالغان ئېتىقادلارنىڭ روھىي كەيپىياتى ئۇلارنى ئوڭايلا پاش قىلىپ قويىدۇ.

9. مۇسۇلمان ئادەم ھاياتىدا ھەر خىل سىناقلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئۇ ئاشۇ سىناقلار ئارقىلىق ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

## جەڭ مەيدانلىرىدا مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ وَلَا تُبْطِلُوٓاْ
أَعْمَـٰلَكُمْ ﴿٣٣﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ ثُمَّ مَاتُواْ
وَهُمْ كُفَّارٌ فَلَن يَغْفِرَ ٱللَّهُ لَهُمْ ﴿٣٤﴾ فَلَا تَهِنُواْ وَتَدْعُوٓاْ إِلَى ٱلسَّلْمِ
وَأَنتُمُ ٱلْأَعْلَوْنَ وَٱللَّهُ مَعَكُمْ وَلَن يَتِرَكُمْ أَعْمَـٰلَكُمْ ﴿٣٥﴾ إِنَّمَا
ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَا لَعِبٌ وَلَهْوٌ ۚ وَإِن تُؤْمِنُواْ وَتَتَّقُواْ يُؤْتِكُمْ أُجُورَكُمْ

وَلَا يَسْـَٔلْكُمْ أَمْوَٰلَكُمْ ﴿٣٦﴾ إِن يَسْـَٔلْكُمُوهَا فَيُحْفِكُمْ تَبْخَلُوا۟
وَيُخْرِجْ أَضْغَـٰنَكُمْ ﴿٣٧﴾ هَـٰٓأَنتُمْ هَـٰٓؤُلَآءِ تُدْعَوْنَ لِتُنفِقُوا۟ فِى سَبِيلِ
ٱللَّهِ فَمِنكُم مَّن يَبْخَلُ ۖ وَمَن يَبْخَلْ فَإِنَّمَا يَبْخَلُ عَن نَّفْسِهِۦ ۚ وَٱللَّهُ
ٱلْغَنِىُّ وَأَنتُمُ ٱلْفُقَرَآءُ ۚ وَإِن تَتَوَلَّوْا۟ يَسْتَبْدِلْ قَوْمًا غَيْرَكُمْ ثُمَّ لَا يَكُونُوٓا۟
أَمْثَـٰلَكُم ﴿٣٨﴾

### ◄ تەرجىمىسى

33ـئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، (كۇفرى، نىفاق بىلەن) ئەمەللىرىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەڭلار.

34ـشەكسىزكى، كاپىر بولغان، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقان، ئاندىن كاپىر پېتى ئۆلگەنلەرنى ئاللاھ ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ.

35ـ (ئى ئىمان ئېيتقانلار! جىھاد مەيدانىدا) بوشىشىپ قالماڭلار، سىلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن تۇرۇپ (دۈشمەننى) سۈلھىگە چاقىرماڭلار. ئاللاھ سىلەر بىلەن بىللىدۇر. ئاللاھ ئەمەلىڭلار (نىڭ ساۋابى)نى ھەرگىز كېمەيتىۋەتمەيدۇ.

36ـدۇنيا ھاياتى پەقەت ئويۇن-تاماشا ۋە بىخۇدلۇقتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتساڭلار ۋە تەقۋادارلىق قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئەجرىڭلارنى بېرىدۇ، سىلەردىن پۇل-مېلىڭلار (نىڭ ھەممىسى)نى تەلەپ قىلمايدۇ (پەقەت مەلۇم مىقدارىنى تەلەپ قىلىدۇ).

37ـئەگەر ئاللاھ سىلەردىن پۇل-مېلىڭلار (نىڭ ھەممىسى)نى تەلەپ قىلىپ، ئەڭ يۇقىرى تەلەپ قويسا، سىلەر بېخىللىق قىلىسىلەر، بۇ بېخىللىق سىلەرنىڭ (ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشقا بولغان) ئۆچلۈكۈڭلارنى ئاشكارىلايدۇ.

38ـ(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر شۇنداق كىشىلەركى، ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل-مال) سەرپ قىلىشقا چاقىرىلساڭلار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بېخىللىق قىلىدىغانلار بار. كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، بېخىللىقنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ. ئاللاھ (ھېچ نەرسىگە) موھتاج ئەمەستۇر، سىلەر بولساڭلار ئاللاھقا موھتاجسىلەر، ئەگەر سىلەر (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئاندىن ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ.

## تەپسىرى

ئى ئاللاھ تائالاغا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان مۆئمىنلەر! سىلەر دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلاردا ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىڭلار. سىلەر پەيغەمبەرگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئوبدان بىلىسىلەر. پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش ياكى ئەمەل-ئىبادەتلەردە رىيا قىلىش ياكى مۇناپىقلىق ياكى يوقسۇللارغا قىلغان سەدىقەڭلار ئۈچۈن مىننەت قىلىش ۋەياكى باشقىلارغا چوڭچىلىق قىلىش بىلەن ئۆزۈڭلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابىنى بىكار قىلىۋەتمەڭلار. چۈنكى، مەزكۇر گۇناھلار ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنى ۋە مۇكاپاتىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. بىلىڭلاركى، ھەق دىننى ئىنكار قىلىپ كاپىر بولغان، كۇفرىلىقتا چىڭ تۇرۇۋېلىپ كىشىلەرنى ھەق دىنغا كىرىشتىن توسقان ۋە كاپىر پېتى ئۆلگەنلەرنى ئاللاھ تائالا ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ. بۇ ئايەتنىڭ بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆلگەن مۇشرىكلار ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن مۇپەسسىرلەرمۇ بار. ئەمما ئايەتنىڭ مەنىسى ئومۇملىقىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە كاپىر پېتى ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئى مۇجاھىدلار! ئەگەر سىلەر جىھادنىڭ پەرزلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇستەھكەم تۇرغانلارغا چوقۇم ياردەم قىلىدىغانلىقىنى، كاپىرلارنى بولسا خارلىققا ۋە مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولساڭلار، جىھاد مەيدانىدا ھەرگىز بوشىشىپ قالماڭلار، جەڭگىۋار بولۇڭلار، ئاجىزلىق كۆرسەتمەڭلار، سىلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن تۇرۇقلۇق، ھەرگىز دۈشمەنلىرىڭلارنى سۈلھىگە دەۋەت قىلماڭلار، چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۆئمىنلەرگە غەلىبىنى ۋە ئەزىزلىكنى ۋەدە قىلىش بىلەن بىرگە، كاپىرلارغا مەغلۇبىيەتنى ۋە خارلىقنى ئىرادە قىلدى. سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا ھەققانىي جىھاد قىلىپ ساۋاب تاپساڭلار، كاپىرلار شەيتاننىڭ يولىدا يولسىز ئۇرۇش قىلىپ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. سىلەر ئەلۋەتتە كاپىرلاردىن ئۈستۈنلۈككە ئىگىسىلەر. شۇڭا سىلەر كاپىرلاردەك ئۆلۈمنى يامان كۆرىدىغان، دۇنيانى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان بولماڭلار. چۈنكى، سىلەرنىڭ مەقسىتىڭلار ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش، شەيتان ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ قۇرغان تۇزاقلىرىنى بەربات قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تائالا ياردىمى ۋە نۇسرىتى بىلەن ھەمىشە سىلەر بىلەن بىللىدۇر. ئاللاھ تائالا بىلەن

بىللە بولغانلار ھېچقاچان زىيان تارتمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ سىلەر بىلەن بىللە بولغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ كاتتا شەرەپ سىلەرگە يېتەرلىكتۇر. قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى قىلچە كېمىيىپ كەتمەيدۇ. ئۇنتۇماڭلاركى، سىلەرنىڭ شېھىتلىرىڭلار جەننەتلەردە، كاپىرلاردىن ئۆلگەنلەر دوزاختا بولىدۇ.

ئۇنتۇماڭلاركى، بۇ دۇنيا ھاياتى ئويۇن-تاماشا ۋە بىخۇدلۇقتىن ئىبارەتتۇر. ئىنسانلارنىڭ تولىسى ھاياتىنى ئويۇن-تاماشا بىلەن، مال-دۇنياسىنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن پەخىرلىنىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. بۇلارنىڭ ھېچبىرى ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغان نەرسىلەر ئەمەس، چۈنكى ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغىنى ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالاغا تائەت-ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ياشاشتىن باشقا ھەممىسى ئاخىرەتتە پايدىسىزدۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەرنى بۇ پانىي دۇنيانىڭ لەززەتلىرى ۋە مەنپەئەتلىرى ئاخىرەتلىك ئىشلاردىن بەند قىلىپ قويمىسۇن، ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قىلمىسۇن. چۈنكى، ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى مەڭگۈلۈكتۇر ۋە ئەڭ ياخشىدۇر.

ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي ئىمان ئېيتىپ، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلاردا تەقۋادارلىق دائىرىسىدە ئىش كۆرسەڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئەجىرىڭلارنى ھەسسىلەپ كۆپ بېرىدۇ، ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيدۇ. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ پۇل-مېلىڭلارنىڭ ھەممىسىنى تەلەپ قىلمايدۇ. پەقەت ئاز بىر مىقدارىنى زاكاتقا بېرىشىڭلارنى، جىھادقا ئاتىشىڭلارنى بۇيرۇيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ سىلەرنىڭ پۇل-مېلىڭلارنى يوقسۇللارنىڭ ھەققىدىن پاكلاش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈندۇر. پۇل-مالنىڭ ئەسلى ئىگىسى ئاللاھ تائالا بولۇپ، قولۇڭلاردىكىسى ئۇنىڭ سىلەرگە بەرگىنى ۋە ئامانىتىدۇر. سىلەر زاكات ۋە سەدىقىلەرنى بېرىش بىلەن پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئامانىتىنى يەتكۈزگەن بولىسىلەر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، پۇل-مېلىڭلاردىن ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا سەرپ قىلىڭلار، بېخىللىق قىلماڭلار. ناۋادا ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ پۇل-مېلىڭلارنىڭ ھەممىسىنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىشىڭلارنى تەلەپ قىلسا ۋە تەلەپنى قاتتىق قويسا، سىلەر بېخىللىق قىلىپ سەرپ قىلمايسىلەر، شۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ بۇ بېخىللىقىڭلار ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشنى يامان كۆرىدىغانلىقىڭلارنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر شۇنداق كىشىلەركى، ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا پۇل-مال سەرپ قىلىشقا چاقىرىلغان چېغىڭلاردا، ئاراڭلاردا

پۇل-مال سەرپ قىلىشقا بېخىللىق قىلىدىغانلار بار. كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنىغا، ئۆزىنىڭ ئاقىۋەتتىكى بەخت-سائادىتىگە بېخىللىق قىلغان بولىدۇ. دېمەك، بېخىللىقنىڭ زىيىنى شۇ شەخسنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ. شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىقلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەردىن ۋە خەير-ئېھسانلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە بىھاجەتتۇر. ئەمما سىلەر ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ ئاتا-ئېھسانىغا ھەمىشە موھتاجسىلەر.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ ۋە مۇرادقا يېتىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىش ۋە بۇ يولدا پۇل-مال سەرپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي ئىبادەتكە باغلىغان. سۈرىنىڭ ئاخىرى شۇنداق تاماملانغانكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن، ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشتىن يۈز ئۆرۈسەڭلار، بىلىپ قويۇڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنى يوق قىلىۋېتىپ، ئورنۇڭلارغا سىلەرگە ئوخشىمايدىغان، ئاللاھ تائالاغا تولۇق ئىتائەت قىلىدىغان باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدا مېڭىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر.

2. ئەمەل-ئىبادەتلەرنى ۋە قانداقلا بىر ياخشى ئىشنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش نىيىتى بىلەن قىلغان ئادەم ساۋابتىن مەھرۇم قالىدۇ.

3. كاپىرلارغا كۆچى يېتىدىغان تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىغا سۈكۈت قىلىش ياكى ئۇلارنى سۈلھى قىلىشقا دەۋەت قىلىش ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

4. دۇنياللىققا بېرىلىپ كېتىپ، ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇپ كېتىش چوڭ بەختسىزلىكتۇر. چۈنكى، بۇنداق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى پۇشايمان بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ.

5. بېخىللىق پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ لۇغىتىدە سۆكۈلىدىغان ناچار ئىللەت بولۇپ، قولىدا بار تۇرۇپ بېخىللىق قىلغۇچىلار ئۆزىنى زىيانغا ئۇچراتقۇچىلاردۇر.

6. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى يامان كۆرۈش ئەمەللەرنى بىكار قىلىۋېتىدۇ ۋە كۇفرىلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

# فەتھ سۈرىسى

فەتھ سۈرىسى ھىجرىيەنىڭ 6-يىلى ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدىن كېيىن مەككە - مەدىنە يولىدا نازىل بولغان، 29 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، مەدىنە سۈرىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. بۇ سۈرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا كېلىدىغان فەتھ، زەپەر ۋە غەلىبىلەر توغرۇلۇق بېشارەت بېرىلگەن.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ھەقىقىي ساداقەتمەن مۇئمىنلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلىدىغانلىقى ۋە مەككىنىڭ ئازاد بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئىلاھىي ۋەدىسى ھەققىدە بېشارەت بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى ﴿إِنَّا فَتَحْنَا لَكَ فَتْحًا مُّبِينًا﴾ دېگەن بىرىنچى ئايەتتىكى يەنى ﴿فَتَحْنَا﴾ «غەلىبە ئاتا قىلدۇق» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان. «فەتھ» «ئېچىش، ئازاد قىلىش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ◄ ھۇدەيبىيە كېلىشىمى

ھۇدەيبىيە كېلىشىمى ھىجرىيەنىڭ 6-يىلى 11-ئايدا (مىلادىيە 628- يىلى) تۈزۈلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار ئاتا يۇرتى بولغان مەككىگە بېرىپ كەئبىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، مەككىگە يېقىن «ھۇدەيبىيە» دېگەن جايغا كەلگەندە، مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇشى سەۋەبلىك ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن تەركىب تاپقان 1400گە يېقىن ساھابە بىلەن بىرلىكتە مەككىگە بېرىپ كەئبىنى تاۋاپ قىلىش ۋە ئۆمرە ئادا قىلىش ئۈچۈن ھازىرلىنىپ، زۇلھۇلەيفە دېگەن جايدا ئېھرام باغلايدۇ ۋە مەككىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر ئۇرۇش قىلىش نىيىتى بىلەن يولغا چىقمىغانلىقتىن، پەقەت ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن بىرەر تالدىن

قىلىچلا ئېلىۋالغان بولۇپ، باشقا ھېچقانداق قورال ئالمىغان ئىدى. يول ئۈستىدە ئۇلارغا بىشر ئىبنى سۇفيان دېگەن كىشى ئۇچراپ، مەككىلىكلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىگە قاراپ يولغا چىققانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارنى مەككىگە كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن ئۇرۇش تەييارلىقى بىلەن جابدۇنۇپ يولغا چىققانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقمىغانلىقىنى، بەلكى پەقەت مەككىگە بېرىپ ئۆمرە ئادا قىلىش ئۈچۈنلا يولغا چىققانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەككىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەككىدە قەتلى قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى سۆز-چۆچەكلەر تارقىلىشقا باشلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى ھۇدەيبىيەدىكى دەرەخنىڭ ئاستىغا توپلاپ، ئۇلارنى بەيئەت قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ، ئۇلار بولسا ئارقىغا قايتماسلىققا، غەلىبە ياكى شېھىتلىكتىن ئىبارەت ئىككى شەرەپنىڭ بىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تەييار ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىدۇ.

مەككىلىكلەر ساھابىلەرنىڭ بۇ بەيئەتتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، سۇھەيل ئىبنى ئەمر دېگەن ئادەمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ھۇدەيبىيە كېلىشىمى تۈزۈلىدۇ. كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى ئېلىپ مەدىنىگە قايتىپ، كېلەر يىلى قورالسىز مەككىگە كىرىدۇ ۋە ئۈچ كۈن ئىچىدە مەككىدىكى ئىبادىتىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېتىدۇ.

2. مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدا 10 يىل ئۇرۇش توختىتىلىدۇ.

3. ئەرەب قەبىلىلىرىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇشنى خالىغانلارنىڭ مۇسۇلمانلار تەرەپكە، قۇرەيشلەر باشچىلىقىدىكى مۇشرىكلار بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇشنى خالىغانلارنىڭ مۇشرىكلار تەرەپكە قوشۇلۇش ئەركىنلىكى بار. بۇ ئىككى تەرەپتىن قايسىبىرى بىلەن ئىتتىپاقداش بولغان قەبىلە شۇ تەرەپكە تەۋە بولىدۇ ۋە ئۇ قەبىلىگە قارىتىلغان ھەرقانداق بىر دۈشمەنلىك ياكى زىيانكەشلىك ئۇ قەبىلە ئىتتىپاقداش بولغان تەرەپكە قارىتىلغان دۈشمەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

4. مۇسۇلمانلار مەككىلىكلەردىن مەدىنىگە قېچىپ بارغانلارنى مەككىلىكلەرگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ، مەككىلىكلەر مەدىنىدىن مەككىگە قېچىپ كەلگەنلەرنى مۇسۇلمانلارغا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ.

مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن بۇ ئادالەتسىز شەرتلەرنى قوبۇل قىلغان؟

جاۋاب: مۇسۇلمانلار ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىختىيارى هالدا بويسۇندۇرۇپ پەۋقۇلئاددە قۇدرەت تاپقان ۋە مەككىلىكلەرنى يېڭىشىدا هېچقانداق شەك قالمىغان تۇرۇقلۇق، بۇ كېلىشىم شەرتلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن شۇنچىلىك ناهەق ۋە ئادالەتسىز بولغىنىغا قارىماي پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قان تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەككىلىكلەرنىڭ بۇ ناهەق شەرتلىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە نۆۋەتتىكى سەپىرىدە مەككىگە كىرمەستىن قايتىپ كەتكەن. ساهابىلەرنىڭ چوڭلىرىدىن بەزىلىرى بۇ ناهەق كېلىشىمنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلار كېيىنچە بۇنىڭ چوڭ غەلىبە ئۈچۈن بېسىلغان قەدەم ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن. دېمەك، هۇدەيبىيە كېلىشىمى مەككىنىڭ ئازاد قىلىنىشىدىن ئىبارەت كېيىنكى چوڭ غەلىبىنىڭ مۇقەددىمىسى بولغان ئىدى.

### ◄ چوڭ غەلىبىنىڭ بېشارىتى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿إِنَّا فَتَحۡنَا لَكَ فَتۡحٗا مُّبِينٗا ١ لِّيَغۡفِرَ لَكَ ٱللَّهُ مَا تَقَدَّمَ مِن
ذَنۢبِكَ وَمَا تَأَخَّرَ وَيُتِمَّ نِعۡمَتَهُۥ عَلَيۡكَ وَيَهۡدِيَكَ صِرَٰطٗا مُّسۡتَقِيمٗا
٢ وَيَنصُرَكَ ٱللَّهُ نَصۡرًا عَزِيزًا ٣ هُوَ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ ٱلسَّكِينَةَ فِي
قُلُوبِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ لِيَزۡدَادُوٓاْ إِيمَٰنٗا مَّعَ إِيمَٰنِهِمۡۗ وَلِلَّهِ جُنُودُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلۡأَرۡضِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمٗا ٤ لِّيُدۡخِلَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ
وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا وَيُكَفِّرَ
عَنۡهُمۡ سَيِّـَٔاتِهِمۡۚ وَكَانَ ذَٰلِكَ عِندَ ٱللَّهِ فَوۡزًا عَظِيمٗا ٥ وَيُعَذِّبَ
ٱلۡمُنَٰفِقِينَ وَٱلۡمُنَٰفِقَٰتِ وَٱلۡمُشۡرِكِينَ وَٱلۡمُشۡرِكَٰتِ ٱلظَّآنِّينَ بِٱللَّهِ

ظَنَّ ٱلسَّوۡءِۚ عَلَيۡهِمۡ دَآئِرَةُ ٱلسَّوۡءِۖ وَغَضِبَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمۡ وَلَعَنَهُمۡ وَأَعَدَّ
لَهُمۡ جَهَنَّمَۖ وَسَآءَتۡ مَصِيرٗا ٦ وَلِلَّهِ جُنُودُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَكَانَ
ٱللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمًا ٧

## ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-3- (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىشى، ساڭا بەرگەن نېمىتىنى تاماملىشى، سېنى توغرا يولغا باشلىشى، ساڭا ناھايىتى كۈچلۈك ياردەم بېرىشى ئۈچۈن، بىز ساڭا ئوپئوچۇق غەلىبە ئاتا قىلدۇق.

4-ئاللاھ مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا خاتىرجەملىك سالغان زاتتۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى قوشۇنلار ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ ئەزەلدىن ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

5-مۆئمىن ئەرلەرنى ۋە مۆئمىن ئاياللارنى (دەل-دەرەخلىرىنىڭ ۋە قەسىر-لىرىنىڭ) ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزۈش، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن (بىز ساڭا ئوپئوچۇق غەلىبە ئاتا قىلدۇق). مانا بۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئەڭ بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

6-(شۇنداقلا) ئاللاھ توغرۇلۇق يامان ئويلاردا بولغان مۇناپىق ئەرلەرنى ۋە مۇناپىق ئاياللارنى، مۇشرىك ئەرلەرنى ۋە مۇشرىك ئاياللارنى ئازابلاش ئۈچۈندۇر. يامان ئاقىۋەت ئۇلارنىڭ ئۆزىگىلا مەنسۇپتۇر. ئاللاھ ئۇلارغا غەزەپ قىلدى، ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارغا جەھەننەمنى تەييارلىدى. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان بارار جاي!

7-ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى قوشۇنلار ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدىن كېيىن پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن چوڭ بىر زەپەرنىڭ ئىشىكىنى ئاچقانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. چۈنكى، بۇ مەككىلىك كاپىرلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تۇنجى قېتىم ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئىلگىرى مەككىلىكلەر مۇئامىلە قىلغاندەك قاچقۇن ئەمەس، بىچارە ئەمەس، كۆچىسىز ئەمەس، يالغۇز ئەمەس، بەلكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ مەككىلىكلەر بىلەن كېلىشىم ئۈستىلىگە ئولتۇرالايدىغان زور كۈچ ئىكەنلىكىنى بارلىق كاپىرلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ئىدى. چۈنكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى مەككە كۆچلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە ئىشەنمەيتتى، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشنىمۇ خالىمايتتى ۋە ئۇلارنى پات ئارىدا يوقىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى. مۇشرىك كۆچلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن كېلىشىم تۈزگەنلىكى ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ رەسمىي دىن ئىكەنلىكىنى ئۇچۇق ئېتىراپ قىلغانلىقى ئىدى. گەرچە مۇسۇلمانلار كېلىشىم بويىچە بۇ يىل مەككىگە كىرمەستىن قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ كېلىشىم مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرى بولغان مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ۋە تۈرلۈك يامانلىقلىرىدىن خاتىرجەم بولۇپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا دەۋەت ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدىغان ھالغا كەلتۈرگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىران، مىسىر، يەمەن، ئېفىئوپىيە (ھەبەشىستان) قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا باشلىغان. ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدىن كېيىن بارلىق ئەرەب قەبىلىلىرى ۋە باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا ئىسلامنىڭ كەڭ تارقىلىشى ناھايىتى تېز بولغان ئىدى. چۈنكى، بۇ كېلىشىم ئارقىلىق ۋاقىتلىق تىنچلىق ئورنىتىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ دىن تارقىتىش ئىشلىرى توسالغۇغا ئۇچرىمايدىغان بولغان ۋە كىشىلەر ئىسلام دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەن ئىدى. دېمەك، ھۇدەيبىيە كېلىشىمى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا كېلىدىغان چوڭ بىر زەپەرنىڭ ئىشىكىنى ئاچقان بىر كېلىشىم ئىدى. شۇڭا ئۇنى ئاللاھ تائالا «ئوپئوچۇق غەلىبە» دەپ ئاتىغان. بۇ غەلىبە دەل مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى ئىدى. يەنى ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق مەككىنىڭ چوقۇم فەتھى قىلىنىپ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن ئىدى. دېگەندەك كېلىشىمدىن ئىككى يىل كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن مەككىگە كىرىپ كېلىدۇ. چۈنكى، مەزكۇر كېلىشىم خېلى بۇرۇنلا بۇزۇلغان ئىدى.

ھۇدەيبىيە كېلىشىمى كىملەر تەرىپىدىن بۇزۇلغان؟

جاۋاب: ھۇدەيبىيە كېلىشىمى مەككىلىك مۇشرىكلار تەرىپىدىن بۇزۇلغان. قۇرەيشلەرنىڭ ئىتتىپاقدىشى بەكرى قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى قۇرەيشلەرنىڭ ياردىمى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى خۇزائە قەبىلىسىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكى سەۋەبلىك مۇسۇلمانلار بىلەن قۇرەيشلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق كېلىشىمى بۇزۇلغان.

مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن تۈرتكە بولغانمۇ؟ ئەللامە زەمەخشەريي «كەششاف» ناملىق تەپسىرىدە بۇ سوئالغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «ئاللاھ تائالا مەككىنىڭ فەتھىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى مەغپىرەت قىلىش، نېمەتنى تاماملاش، توغرا يولغا يېتەكلەش ۋە ياردەم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ تۆت چوڭ ئىشقا تۈرتكە بولسۇن ئۈچۈن ئىشقا ئاشۇرۇپ بەرگەن. گويا دەيدۇكى، ساڭا مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردۇق، دۈشمەنلىرىڭگە قارشى ساڭا ياردەم بەردۇق. بۇ ئەمەلىيەتتە ساڭا ئىككى دۇنيالىق ئىززەت بىلەن مۇكاپاتنى توپلاپ بەرگىنىمىزدۇر. مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ ئىش ئەمەلدە جىھاد بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى، مۆئمىنلەرنىڭ غەلىبە قازىنىشى ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشىشى قاتارلىق ياخشى نەتىجىلەرگە تۈرتكە بولغان دېيىشكە بولىدۇ»[1].

«﴿ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىشى﴾ دېگەن ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان، گۇناھ قىلغان دېگەننى ئىپادىلىمەيدۇ، چۈنكى پەيغەمبەرلەر گۇناھ قىلمايدۇ. بۇ ‹ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە گۇناھ سانالمايدىغان ئىشلار ئاللاھقا يېقىن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە گۇناھ سانىلىدۇ› دەيدىغان قائىدىگە ئاساسەن كەلگەن ئايەتتۇر»[2].

«ساڭا بەرگەن نېمەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش» ئىسلام دىنىنىڭ قۇدرەت تېپىپ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا كەڭ تارقىلىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇشى ۋە كىشىلەرنىڭ بۇ دىنغا توپ-توپ بولۇپ كىرىشى

[1] «تفسير الكشاف» 4-توم، 322-بەت.
[2] «التفسير الواضح» 3-توم، 479-480-بەت.

قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نېمىتىنى تاماملاپ بەرگەنلىكىنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.

«سېنى توغرا يولغا باشلاش» ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دىنىنى يەتكۈزۈشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇنى شۇنىڭغا مۇۋەپپەق قىلغانلىقى ئۇنى توغرا يولغا باشلىغانلىقى ھېسابلىنىدۇ.

«ساڭا شانلىق زەپەر بىلەن ياردەم بېرىش ئۈچۈن» بۇ ئايەتتىكى «شانلىق زەپەر» شەكسىزكى، مەككىنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ مەدىنە ئىسلام دۆلىتىگە قوشۇلۇشىدۇر. شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دۈشمەنلىرىدىن ئەزىز ۋە ئۈستۈن قىلغانلىقى، ئىلگىرى ئۇنىڭغا يامانلىق قىلغانلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ ئۇنىڭ سېپىگە قوشۇلغانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلىنغان شانلىق زەپەر بىلەن ئەمەلگە ئاشقان.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان پەزل-مەرھەمىتى بولۇپ، مۆئمىنلەرگە ئاتا قىلغانلىرى توغرۇلۇق: «ئاللاھ مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا خاتىرجەملىك سالغان زاتتۇر» دېگەن ئايەت نازىل بولغان. چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈلپەتلەر، زور قىيىنچىلىقلار ۋە ئىزتىراپلار ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا تاس قالغان ئىدى. مۇشۇنداق چوڭ سىناقلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئىشەنچ تۇيغۇسىنى سالغان، كۆڭۈللىرىگە خاتىرجەملىك چۈشۈرگەن، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى مۇستەھكەم قىلغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلغان، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشقان، ئەقىدىسى تېخىمۇ كۈچەيگەن ئىدى. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى قوشۇنلار ئاللاھ تائالانىڭ مەخسۇس قوشۇنلىرىدۇر، ئۇلارنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئاللاھ تائالا ھەرقانداق بىر ئىشنى بىلىپ قىلىدىغان ۋە ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرىدىغان زاتتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىنلەرگە يۇقىرىقى كاتتا ئىلتىپاتلارنى قىلىشى مۆئمىن ئەرلەرنىڭ ۋە مۆئمىن ئاياللارنىڭ بۇ ئىلتىپاتلارنى، بۇ نېمەتلەرنى تونۇپ، بۇلارنى ئاتا قىلغان رەببىگە شۈكۈر قىلىشى، ئاندىن بۇ شۈكۈرنىڭ نەتىجىسىدە، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى دەل-دەرەخلىرىنىڭ ۋە قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، مەڭگۈلۈك تۇرالغۇ

بولغان جەننەتلەرگە كىرگۈزۈشى، ئۇلارنى ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك تۇرغۇزۇشى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشى ئۈچۈندۇر. مانا بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ئەڭ بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەت ۋە چوڭ ئۇتۇقتۇر. شۇنداقلا، مۇناپىق ئەرلەرنى ۋە مۇناپىق ئاياللارنى، مۇشرىك ئەرلەرنى ۋە مۇشرىك ئاياللارنى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا توغرۇلۇق «ئاللاھ مۆئمىنلەرگە ياردەم قىلمايدۇ، پەيغەمبەرگە نۇسرەت ئاتا قىلمايدۇ» دەپ يامان ئويلاردا بولغانلىقى، ھەق دىنغا ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى سەۋەبلىك ئازابلاش ئۈچۈندۇر. شەكسىزكى، مۆئمىنلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ياخشى ئەمەللىرى سايىسىدا ئىمانى ئېخىمۇ كۈچلىنىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر ئىككى تەرەپتىن قۇدرەت تاپقانلىقى مۇناپىقلار بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ئوغىسىنى قايىنتاتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلمايدۇ ۋە غەلىبە ئاتا قىلمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئەمما ئىش ئۇلارنىڭ كۆتكەنلىرىنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمانلار ئۈچۈن كۈتكەن يامانلىقلار، مەغلۇبىيەت ۋە ھالاكەت ئۆزلىرىنىڭ باشلىرىغا كەلگەن ئىدى. بۇ تا قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەيدىغان ھۆكۈم بولۇپ، ھەقىقىي مۆئمىنلەر چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ تەرەپدارلىرىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ تەرەپدارلىرىغا سۇيىقەست پىلانلىغانلارنىڭ بۇ سۇيىقەستلىرى ئۆزلىرىنى ھالاك قىلىدۇ.

« (شۇنداقلا) ئاللاھ توغرۇلۇق يامان ئويلاردا بولغان مۇناپىق ئەرلەرنى ۋە مۇناپىق ئاياللارنى، مۇشرىك ئەرلەرنى ۋە مۇشرىك ئاياللارنى ئازابلاش ئۈچۈندۇر» دېگەن ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ مۇشرىكلارنىڭ ئالدىدا كەلتۈرۈلگەنلىكى مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان خەتىرىنىڭ ۋە زىيىنىنىڭ مۇشرىكلارنىڭكىدىن چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، مۇشرىكلار ئاشكارا دۈشمەن، مۇناپىقلار بولسا يوشۇرۇن دۈشمەندۇر. مەلۇمكى، يوشۇرۇن دۈشمەننىڭ خەتىرى ئاشكارا دۈشمەننىڭكىدىن چوڭدۇر.

مۇناپىقلار بىلەن مۇشرىكلارغا ئاللاھ تائالا غەزەپ قىلدى، ئۇلارغا لەنەت قىلدى، ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ۋە ئۇلارغا ئاخىرەتتە جەھەننەم ئازابىنى تەييارلىدى. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى قوشۇنلار ئاللاھ تائالانىڭدۇر، ئاللاھ تائالا ھەممىدىن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئالدىنقى ئايەتنىڭ ئاخىرى «ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ

تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دېگەن ئايەت بىلەن تاماملانغان بولسا، بۇ يەردە «ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دېگەن ئايەت بىلەن تاماملانغان. چۈنكى، ئالدىنقى ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتنى ۋە جىمى مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى ۋە ئىدارە قىلىشى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئىشلار ئىلىم ۋە ھېكمەتنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما بۇ يەردە مۇناپىقلار بىلەن مۇشرىكلارنى جازالاش كۆزدە تۇتۇلغانلىقتىن، بۇ يەردە، كۈچ-قۇدرەت تەقەززا قىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىگە غالىب، ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان زات ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «(ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىشى...» دېگەن ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھ سادىر قىلغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ، چۈنكى ئايەتتىكى «گۇناھ» ئادەتتىكى كىشىلەر ئۈچۈن گۇناھ سانالمىسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزىرىدە گۇناھ سانىلىدىغان ئىشلاردۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئاملىرىغا شۈكۈر قىلىش پەرزدۇر، شۈكۈر نېمەتنىڭ زىيادە بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

3. ھەق دىنىنىڭ بارچە دىنلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش يولىدا چىدامچانلىق بىلەن جىھاد قىلغان ۋە بۇ يولدا ھەر تۈرلۈك كۈرەشلەرنى قىلغانلارغا ئاللاھ تائالانىڭ بېرىدىغان مۇكاپاتى كاتتىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئەڭ ھەقلىق بولغانلار پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ يولىدا ئىزچىل يۈرگەن ئىرادىلىك مۇئمىنلەردۇر.

4. مۇئمىنلەرنىڭ غەلىبىسى كاپىرلار ئۈچۈن ئازابتۇر.

## ◄ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئەھدە تۈزگۈچىلەر

﴿إِنَّآ أَرۡسَلۡنَٰكَ شَٰهِدٗا وَمُبَشِّرٗا وَنَذِيرٗا ٨ لِّتُؤۡمِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ
وَتُعَزِّرُوهُ وَتُوَقِّرُوهُۚ وَتُسَبِّحُوهُ بُكۡرَةٗ وَأَصِيلًا ٩ إِنَّ ٱلَّذِينَ
يُبَايِعُونَكَ إِنَّمَا يُبَايِعُونَ ٱللَّهَ يَدُ ٱللَّهِ فَوۡقَ أَيۡدِيهِمۡۚ فَمَن نَّكَثَ
فَإِنَّمَا يَنكُثُ عَلَىٰ نَفۡسِهِۦۖ وَمَنۡ أَوۡفَىٰ بِمَا عَٰهَدَ عَلَيۡهُ ٱللَّهَ فَسَيُؤۡتِيهِ

أَجْرًا عَظِيمًا ﴿١٠﴾

### تەرجىمىسى

8-(ئى پەيغەمبەر!) ئەلۋەتتە، بىز سېنى گۇۋاھلىق بەرگۈچى، خۇش خەۋەر بەر-گۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق.

9-(ئى ئىنسانلار! بۇ) سىلەرنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشىڭلار، ئۇ پەيغەمبەرگە ياردەم قىلىشىڭلار، ئۇنى ھۆرمەتلىشىڭلار ۋە ئەتىگەن-ئاخشامدا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

10-شەكسىزكى، (ئى پەيغەمبەر! ھۇدەيبىيەدە) ساڭا بەيئەت قىلغانلار ئەمەلىيەتتە ئاللاھقا بەيئەت قىلغان بولىدۇ، ئاللاھنىڭ قولى ئۇلارنىڭ قوللىرىنىڭ ئۈستىدىدۇر، كىمكى ئەھدىنى بۇزىدىكەن، ئۇنى بۇزغانلىقنىڭ زىيىنى پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلغانلارغا ئاللاھ بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بىز سېنى ئىنسانىيەتنى جاھالەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ساڭا كەلگەن ئىلاھىي دەۋەتنى يەتكۈزگۈچى ۋە ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنى ئۈممىتىڭگە يەتكۈزگەنلىكىڭگە گۇۋاھ بولغۇچى، ھىدايەت تاپقانلارغا كەڭلىكى ئاسمانلار ۋە زېمىنغا تەڭ كېلىدىغان جەننەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ھىدايەتنى قوبۇل قىلماي، ئۆزىنىڭ ئازغۇنلۇقىدا قالغۇچىلارنى ئاخىرەتتە كاپىرلارغا تەييارلانغان دوزاخ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق.

ئى ئىنسانلار! رەببىڭلار سىلەرگە پەيغەمبەر ئەۋەتىشتىن ئىبارەت بۇ كاتتا ئىلتىپاتنى سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشىڭلار، ئۇ پەيغەمبەرگە ياردەم قىلىشىڭلار، ئۇنى ھۆرمەتلىشىڭلار، ئاللاھ تائالاغا بولسا ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا تەسبىھ ۋە تەھلىل ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن قىلدى. شەكسىزكى، پەيغەمبەرگە ياردەم قىلغانلىق ئاللاھ تائالاغا ياردەم قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھەق دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش يولىدا بار كۈچىنى چىقىرىش ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشنىڭ ئەڭ كاپالەتلىك يولىدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا

ياردەم قىلىشى توغرۇلۇق ۋەدە بېرىشىنى ۋە پەيغەمبەرگە بۇ ھەقتە بەيئەت قىلىشىنى تەقەززا قىلغان ئىشلاردۇر. شۇڭا مۇسۇلمانلار ھۇدەيبىيەدە دەرەخنىڭ ئاستىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەتنى جاھالەت ۋە خۇراپاتلىقنىڭ پاتقاقلىرىدىن قۇتقۇزۇپ، ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىغا چىقىرىش، ئىمان ئېيتقانلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش ۋە كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلارنى ئاخىرەتتىكى قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر بولغان ئىكەن، ئۇنى ھۆرمەتلەش، قوللاپ-قۇۋۋەتلەش، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش، ئۇنىڭ سېپىدە ئىزچىل بولۇش ۋە ئۇنى قوغداش ھەققىدە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىش ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالاغا بەيئەت قىلغانلىقتۇر. چۈنكى، دىنىنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تائالادۇر. شۇڭا جىھادتىن قاچماي ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش يولىدا، قىممەتلىك ھەر نەرسىسىنى پىدا قىلىپ، پەيغەمبەرگە بەيئەت قىلغانلار بۇ ئۇلۇغۋار ئىشىدا ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشىنى ۋە ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىشىنى كۆزلەيدۇ. ﴿شەكسىزكى، ساڭا بەيئەت قىلغانلار ئەمەلىيەتتە ئاللاھقا بەيئەت قىلغان بولىدۇ﴾ ، چۈنكى پەيغەمبەر ئاللاھ تائالا بىلەن ئۇنىڭ بەندىلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر ئەلچىدۇر. ﴿ئاللاھنىڭ قولى ئۇلارنىڭ قوللىرىنىڭ ئۈستىدىدۇر﴾ . بۇ پەيغەمبەرگە بەيئەت قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالاغا بەيئەت قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ئايەت بولۇپ، پەيغەمبەرگە بەيئەت قىلغانلار چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ۋە قوغدىشى ئاستىدا بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

﴿يَدُ ٱللَّهِ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ قولى﴾ دېگەن ئايەت ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان ئايەتلەر ھەققىدە سەلەف سالىھلارنىڭ ئەقىدىسى ناھايىتى ئېنىقتۇر. بۇ ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسى بولۇپ، بۇ ئەقىدىگە ئاساسەن دەيمىزكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنى «قۇرئان كەرىم»دە سۈپەتلىگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىدە ئاللاھ تائالانى سۈپەتلىگەن بارلىق سۈپەتلەرنى ئەينەن ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىمىز، بۇ سۈپەتلەرنى تەۋىل قىلمايمىز، باشقا مەنىمۇ ئېيتمايمىز، بەلكى ئۆز ئەينىسىنى ئېيتىمىز. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا ئۆزىگە مەنسۇپ قىلغان «قول»، «كۆز» قاتارلىق ئەزالارنى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىمىز، ئەمما ئۇنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە ئىزدەنمەيمىز ۋە ھېچ نەرسە دېمەيمىز. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سابىق مۇپتىسى مەرھۇم ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز مۇنداق

دېگەن: «بىزنىڭ ئېتىقادىمىز شۇكى، ئاللاھ تائالا ‹قۇرئان كەرىم›دە ئۆزىنى سۈپەتلىگەن ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىدە ئاللاھ تائالانى سۈپەتلىگەن بارلىق سۈپەتلەرنى ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي مەنىدە مەنسۇپ قىلىمىز، ئۇ سۈپەتلەرنى بەندىلەرنىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشاتمايمىز ياكى تەۋىل قىلمايمىز، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ يۈكسەك مەرتىۋىسىگە لايىق ھالدا ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىمىز، ئاللاھ تائالاغا ھېچكىمنى ئوخشاتمايمىز. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: ‹سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ ھەممىسى بىرلىككە كەلگەن ئېنىق مەسىلە شۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى قانداق كەلگەن بولسا، ئۇنى تەۋىل قىلماستىن، مەخلۇقاتنىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشاتماستىن، شۇ بويىچە ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىمىز، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى توغرۇلۇق سۆزلەش ئۇنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق سۆزلىگەنلىكتۇر. خۇددى بىز ئاللاھ تائالانىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە ئەمەس، ئۇنىڭ بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرگەندەك، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنىڭمۇ قانداقلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ شۇ كامالىي سۈپەتلىرىنىڭ بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرىمىز، ئەمما ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلمايمىز. چۈنكى، بىز قانداقلىقىغا ئەمەس، بەلكى بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلدۇق. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ قولى بار، دەيمىز، ئەمما ئۇنى تەۋىل قىلىپ، قولنىڭ مەنىسى قۇدرەت دېمەيمىز› ».[1]

خەلەف ئۆلىمالىرى يەنى سەلەف سالىھلارنىڭ زامانىدىن كېيىن كەلگەن ئۆلىمالار ئاللاھ تائالانى مەخلۇقاتقا ئوخشىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىمىز دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئاللاھ تائالاغا قول، كۆز دېگەنلەرگە ئوخشاش مەخلۇقاتتا ئورتاق بولغان ئورگانلار مەنسۇپ قىلىنغان ئايەتلەرنى تەۋىل قىلىپ، ئايەتنىڭ لەۋزىدە كەلگەندىن باشقا مەنىلەرنى ئېيتىدۇ. مەسىلەن: ﴿يَدُ ٱللَّهِ﴾ دېگەننى ئاللاھ تائالانىڭ قولى دېمەستىن، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى دەپ تەۋىل قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار مەزكۇر ئايەتكە: ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ۋە نۇسرىتى ئۇلارنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئۈستىدىدۇر. شۇڭا سەن ئاللاھ تائالانىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا چىن ئىشەنگىن ۋە بۇنىڭغا قەتئىي شەك كەلتۈرمىگىن، دەپ مەنە ئېيتىدۇ.

﴿كىمكى ئەھدىنى بۇزىدىكەن، ئۇنى بۇزغانلىقىنىڭ زىيىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلغانلارغا ئاللاھ

[1] ئەللامە ئابدۇلئەزىز ئىبنى بازنىڭ پەتىۋالىرىدىن.

بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ﴾ يەنى كىمكى پەيغەمبەرگە بەيئەت قىلىپ، ئۇنىڭغا چىن ۋەدە بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ۋەدىسىدىن يېنىۋالىدىكەن، بۇ خىيانەتنىڭ ئاقىۋىتىگە ئۆزى جاۋابكار بولىدۇ، ئۇنىڭ جازاسىنى ئۆزى تارتىدۇ. ئەمما ۋەدىسىگە ۋە قىلغان بەيئىتىگە ۋاپا قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدۇ. چۈنكى، مۇنداق كىشىلەرگە رەببىڭ ئۇلارنى تامامەن رازى ۋە مەمنۇن قىلىدىغان دەرىجىدە كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم يەزىد ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، يەزىد سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن «رەسۇلۇللاھقا قايسى ئىشتا بەيئەت قىلدىڭلار؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ «شېھىت بولۇشقا»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن. يەنە ئىمام مۇسلىم مەئقەل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ساھابىلەرنىڭ «جىھادتىن قاچماسلىق ھەققىدە بەيئەت قىلدۇق»[2] دېگەنلىكى بايان قىلىنغان. ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىككى ھەدىس بىر-بىرىگە زىت ئەمەس. چۈنكى، ھۇدەيبىيەدە دەرەخنىڭ ئاستىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان ساھابىلەرنىڭ سانى **1400** كىشى ئىدى. بەلكى سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئنىڭ يېنىدىكى جامائەت ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىپ يا غەلىبە قىلىش ياكى شېھىت بولۇش ھەققىدە بەيئەت قىلغان بولسا، مەئقەل ئىبنى يەسارنىڭ يېنىدا بولغان جامائەت جىھادتىن قاچماسلىق ۋە جىھاد مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇش ھەققىدە بەيئەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلىدۇر.

2. پەيغەمبەرنى قەدىرلەش، ئۇنى دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلاردا ئۈلگە قىلىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزدۇر.

3. ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش، ئۇنى شەنىگە ياراشمايدىغان بارلىق كەمچىلىك ۋە نۇقسانلاردىن ئەلۋەتتە پاك دەپ ئېتىقاد قىلىش مۇسۇلماننىڭ ئەقىدىسىنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

---

[1] «صحيح البخاري» 9- توم، 78- بەت، 7206- ھەدىس، «صحيح مسلم» 3-توم، 1486- بەت، 1860- ھەدىس.

[2] «صحيح مسلم» 3-توم، 1485-بەت، 1858-ھەدىس.

4. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئىماننىڭ تەلپى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىسىدۇر.

### ◄ ھۇدەيبىيەدىن قېلىپ قالغۇچىلار

﴿سَيَقُولُ لَكَ ٱلۡمُخَلَّفُونَ مِنَ ٱلۡأَعۡرَابِ شَغَلَتۡنَآ أَمۡوَٰلُنَا وَأَهۡلُونَا
فَٱسۡتَغۡفِرۡ لَنَاۚ يَقُولُونَ بِأَلۡسِنَتِهِم مَّا لَيۡسَ فِي قُلُوبِهِمۡۚ قُلۡ فَمَن
يَمۡلِكُ لَكُم مِّنَ ٱللَّهِ شَيۡـًٔا إِنۡ أَرَادَ بِكُمۡ ضَرًّا أَوۡ أَرَادَ بِكُمۡ نَفۡعَۢاۚ
بَلۡ كَانَ ٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرَۢا ١١ بَلۡ ظَنَنتُمۡ أَن لَّن يَنقَلِبَ
ٱلرَّسُولُ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَ إِلَىٰٓ أَهۡلِيهِمۡ أَبَدٗا وَزُيِّنَ ذَٰلِكَ فِي قُلُوبِكُمۡ
وَظَنَنتُمۡ ظَنَّ ٱلسَّوۡءِ وَكُنتُمۡ قَوۡمَۢا بُورٗا ١٢ وَمَن لَّمۡ يُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ
وَرَسُولِهِۦ فَإِنَّآ أَعۡتَدۡنَا لِلۡكَٰفِرِينَ سَعِيرٗا ١٣ وَلِلَّهِ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلۡأَرۡضِۚ يَغۡفِرُ لِمَن يَشَآءُ وَيُعَذِّبُ مَن يَشَآءُۚ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورٗا
رَّحِيمٗا ١٤ سَيَقُولُ ٱلۡمُخَلَّفُونَ إِذَا ٱنطَلَقۡتُمۡ إِلَىٰ مَغَانِمَ لِتَأۡخُذُوهَا
ذَرُونَا نَتَّبِعۡكُمۡۖ يُرِيدُونَ أَن يُبَدِّلُواْ كَلَٰمَ ٱللَّهِۚ قُل لَّن تَتَّبِعُونَا
كَذَٰلِكُمۡ قَالَ ٱللَّهُ مِن قَبۡلُۖ فَسَيَقُولُونَ بَلۡ تَحۡسُدُونَنَاۚ بَلۡ كَانُواْ لَا
يَفۡقَهُونَ إِلَّا قَلِيلٗا ١٥ قُل لِّلۡمُخَلَّفِينَ مِنَ ٱلۡأَعۡرَابِ سَتُدۡعَوۡنَ إِلَىٰ
قَوۡمٍ أُوْلِي بَأۡسٖ شَدِيدٖ تُقَٰتِلُونَهُمۡ أَوۡ يُسۡلِمُونَۖ فَإِن تُطِيعُواْ يُؤۡتِكُمُ
ٱللَّهُ أَجۡرًا حَسَنٗاۖ وَإِن تَتَوَلَّوۡاْ كَمَا تَوَلَّيۡتُم مِّن قَبۡلُ يُعَذِّبۡكُمۡ عَذَابًا
أَلِيمٗا ١٦ لَّيۡسَ عَلَى ٱلۡأَعۡمَىٰ حَرَجٞ وَلَا عَلَى ٱلۡأَعۡرَجِ حَرَجٞ وَلَا عَلَى
ٱلۡمَرِيضِ حَرَجٞۗ وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ يُدۡخِلۡهُ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن
تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُۖ وَمَن يَتَوَلَّ يُعَذِّبۡهُ عَذَابًا أَلِيمٗا ١٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

11-سەھرالىق ئەرەبلەردىن (ھۇدەيبىيەگە چىقماي) قېلىپ قالغانلار ساڭا: «بىز ماللىرىمىز ۋە بالىچاقىلىرىمىز بىلەن بولۇپ قېلىپ چىقالمىدۇق، سەن

بىز ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن» دەيدۇ، ئۇلار دىلىدا يوق نەرسىنى تىلىنىڭ (ئۇچىدىلا) دەپ قويىدۇ. ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە بىرەر زىياننى ياكى بىرەر پايدىنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھنىڭ (ئىرادىسى) ئالدىدا سىلەر ئۈچۈن كىم بىرەر ئىش قىلىپ بېرەلەيدۇ؟ ئىش سىلەر ئويلىغاندەك ئەمەس. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

12ـ(ئەمەلىيەت سىلەر دېگەندەك ئەمەس) بەلكى سىلەر: پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر (جەڭدە ئۆلۈپ) ئۆز ئۆيلىرىگە مەڭگۈ قايتالمايدۇ، دەپ ئويلىدىڭلار، بۇ (ئويۇڭلار) دىللىرىڭلاردا چىرايلىق كۆرۈندى. سىلەر (ئۇلار ھەققىدە) يامان ئويدا بولدۇڭلار ـ دە، ھالاك بولغۇچى قەۋم بولۇپ قالدىڭلار».

13ـكىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنمەيدىكەن، شەكسىزكى، بىز (بۇنداق) كاپىرلارغا يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتنى تەييارلىدۇق.

14ـئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ خا-لىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ. ئاللاھ ئەزەلدىن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

15ـ(ھۇدەيبىيەدىن) قېلىپ قالغانلار سىلەر غەنىيمەت ئالغىلى ماڭغاندا: «رۇخسەت قىلىڭلار، بىزمۇ سىلەر بىلەن چىقايلى» دەيدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ (خەيبەرنىڭ غەنىيمىتى ھۇدەيبىيەگە چىققانلارغا خاس دېگەن) سۆزىنى ئۆز-گەرتمەكچى بولىدۇ. (سەن ئۇلارغا): «سىلەرنىڭ بىز بىلەن چىقىشىڭلارغا قەتئىي بولمايدۇ، ئاللاھ ئىلگىرى سىلەر توغرۇلۇق مۇشۇنداق دېگەن» دېسەڭ، ئۇلار: «ياق (ئاللاھ ئۇنداق دېمىگەن)، سىلەر بىزگە ھەسەت قىلىۋاتىسىلەر» دەيدۇ. (ئەمەلىيەت ئۇلار دېگەندەك ئەمەس)، ئەكسىچە ئۇلار (دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنىڭ) پەقەت ئاز قىسمىنىلا چۈشىنىدۇ.

16ـسەھرالىق ئەرەبلەردىن (ھۇدەيبىيەگە) چىقماي قېلىپ قالغانلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر يېقىندا قاتتىق جەڭگىۋار بىر قەۋمگە (قارشى ئۇرۇش قىلىشقا) چاقىرىلىسىلەر. يا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىسىلەر ياكى ئۇلار (ئۇرۇشسىز) مۇسۇلمان بولىدۇ. ئەگەر سىلەر بۇيرۇققا ئىتائەت قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە گۈزەل مۇكاپات بېرىدۇ. ئەگەر سىلەر ئىلگىرى (ھۇدەيبىيەدە بۇيرۇققا) ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقاندەك باش تارتساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى قاتتىق ئازابلايدۇ».

17ـ(جىھادقا چىقمىغان) ئەماغا گۇناھ بولمايدۇ، توكۇرغىمۇ گۇناھ بولمايدۇ، كېسەلگىمۇ گۇناھ بولمايدۇ، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى (دەل ـ دەرەخلىرىنىڭ ۋە قەسىرلىرىنىڭ) ئاستىدىن

ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، كىمكى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىهادقا چىقىشتىن) باش تارتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايدۇ.

## تەپسىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيەنىڭ 6-يىلى 11-ئايدا (مىلادىيە 628- يىلى) ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە ئاتلىنىش ئالدىدا، مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرنىڭمۇ ئۆزى بىلەن بىرگە چىقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ كۆزىگە كۆپ سانلىق بولۇپ كۆرۈنۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىك قىلىش يولىنى توسۇش ۋە باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىگىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ چاغدا مەككىگە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۆمرە قىلىش ئۈچۈنلا ئاتلانغان ئىدى.

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە سەپىرىگە ئۆزى بىلەن بىللە چىقىشنى تەلەپ قىلغان قەبىلىلەر غىفار، مۇزەينە، جۇھەينە، ئەسلەم، ئەشجەئ ۋە دەيل قەبىلىلىرى ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن قۇرەيشنىڭ ھۇجۇمىدىن قورقۇپ سەپەردىن قېلىپ قالغانلارمۇ بار ئىدى. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى، پەقەت تىنچلىق ئىچىدە ئۆمرە قىلىش نىيىتى بىلەن يولغا چىققانلىقىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆزى ۋە ساھابىلىرى ئېھرام باغلىغان ھالدا، بىرەردىن قىلىچتىن باشقا ھېچقانداق قورال كۆتۈرمەستىن، قۇربانلىق ئۈچۈن ئاتىغان قويلىرىنى ھەيدەپ ماڭغان ئىدى»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ھۇدەيبىيەدىن ساق-سالامەت قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن ئۆمرە سەپىرىگە چىقىشتىن قېلىپ قالغان مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ قۇرەيشلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن قورققانلىقىنى يوشۇرۇپ، ھەر تۈرلۈك باھانە- سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزرە تىلەشكە باشلايدۇ. ئۇلار: «ئى مۇھەممەد! پۇل-ماللىرىمىز ۋە بالىلىرىمىز بىزنى سەن بىلەن بىللە جىهادقا چىقىشتىن توسۇپ قويدى، بىز كەتسەك ئائىلىمىزنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ، بالىلىرىمىزدىن ۋە ئاياللىرىمىزدىن خەۋەر تاپىدىغان ئادىمىمىز يوق ئىدى، شۇڭا بىز سەن بىلەن چىقالمىدۇق، بىز ئۆزرىلىكمىز،

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 485- بەت.

شۇڭا سەن رەببىڭگە دۇئا قىلىپ بىز ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن» دەيدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقى ۋە ئالدامچىلىقى بولۇپ، ئەسلىدە ئۇلار ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەشنى خالىمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئەگەر ئاللاھ تائالادىن شۇنچىلىك قورقىدىغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئالداشقا ۋە يالغان ئۆزرىلەرنى ئويدۇرۇشقا ئۇرۇنمىغان بولاتتى. ئۇلار كۆڭلىدىكى رەزىل ئويلىرىنى يوشۇرۇپ، ئىغىزلىرىنىڭ ئۇچىدىلا يالغان ئۆزرىلەرنى ئېيتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قايىل قىلماقچى بولۇشىدۇ. ئەمما دىللاردىكىنى تولۇق بىلىدىغان ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ مۇناپىقلارنىڭ يالغانچىلىقىنى ۋە قورقۇنچاقلىقىنى ئېيتىپ بېرەتتى ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق رەزىللىكلىرىنى پاش قىلىپ تۇراتتى. بىراق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مۇناپىقلارغا بۇنى چاندۇرمايتتى، ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقىنى ۋە يالغانچىلىقىنى ئۇلارنىڭ يۈزىگە سالمايتتى. بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق ئايەتلەر نازىل بولۇپ تۇراتتى.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بۇ مۇناپىقلارغا: ﴿ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە بىرەر زىياننى ياكى بىرەر پايدىنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھنىڭ (ئىرادىسى) ئالدىدا سىلەر ئۈچۈن كىم بىرەر ئىش قىلىپ بېرەلەيدۇ؟﴾ دېيىشكە بۇيرۇيدۇ. يەنى ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ئالدىدا ھېچكىم ھېچكىمگە ئارا تۇرالمايدۇ، ئۇنىڭدىن كەلگەن ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، سىلەرنىڭ ﴿بىز ماللىرىمىز ۋە بالىچاقىلىرىمىز بىلەن بولۇپ قېلىپ چىقالمىدۇق﴾ دەپ ئۆزرە ئېيتىشىڭلارنىڭ ھېچ نەرسىگە پايدىسى يوق. چۈنكى، بالىلار ۋە پۇل-ماللار ئۆزرە بولالمايدۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالادىن كېلىدىغان زىيان ـ زەخمەتنى توسۇپ قالالمايدۇ. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىڭلارنى ۋە دىلىڭلاردا يوشۇرغانلىرىڭلارنىمۇ ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەرنى شۇنىڭغا ئاساسەن جازالايدۇ. ئەسلىدە سىلەر پەيغەمبەر بىلەن ساھابىلەرنى شۇ كەتكەنچە يوقىلىدۇ، ھالاك بولىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ھەرگىز قايتىپ كېلەلمەيدۇ، دەپ يامان ئويدا بولغان ئىدىڭلار. يەنى سىلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە چىقماسلىقتىكى ئۆزرەڭلار سىلەر ئېيتقىنىڭلاردەك، ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار ئەمەس، بەلكى «مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى سان ۋە كۈچ جەھەتتىن ئىنتايىن ئاز تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ قۇرەيش كۈچلىرىگە تەڭ كېلەلەيدۇ؟» دەپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر سەپتە بولۇشتىن قورققانلىقىڭلار ئىدى. سىلەر بۇنى يوشۇرغان بىلەن ئاللاھ تائالا ئاشكارىلاپ قويىدۇ. شەيتان سىلەرگە

شۇنداق يالغان ئۆزرە ئېيتىشىنى چىرايلىق ۋە يوللۇق قىلىپ كۆرسەتتى. سىلەردىن ھەرگىزمۇ ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ.

كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنمەيدىكەن، شەكسىزكى، بىز مۇنداق كاپىرلارغا دوزاخ ئازابىنى تەييارلىدۇق. چۈنكى، كاپىرلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاللاھ تائالاغا خاس بولۇپ، ئاللاھ تائالا پۈتكۈل كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ھېكمىتى ۋە چەكسىز ئىلمى بىلەن ناھايىتى مۇكەممەل دەرىجىدە ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، ئازابقا تېگىشلىك بولغانلاردىن خالىغان ئادەمنى ئازابلايدۇ ۋە مەغپىرەتكە ھەقلىق بولغانلاردىن خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ناھايىتى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! ھۇدەيبىيەگە چىقىشتىن قېلىپ قالغان ۋە پەيغەمبەر بىلەن بىللە سەپەرگە چىقىشتىن قورقۇپ ئۆيىدە ئولتۇرۇشنى ئەۋزەل كۆرگەن مۇناپىقلار سىلەر خەيبەر ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ غەنىيمەت ئالغىلى چىقىدىغان ۋاقىتىڭلاردا، سىلەرگە ﴿رۇخسەت قىلىڭلار، بىزمۇ سىلەر بىلەن چىقايلى﴾ دەيدۇ. چۈنكى، بۇ مۇناپىقلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ﴿وَعَدَكُمُ ٱللَّهُ مَغَانِمَ كَثِيرَةً تَأۡخُذُونَهَا فَعَجَّلَ لَكُمۡ هَٰذِهِۦ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سىلەر ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى سىلەرگە ۋەدە قىلىپ، بۇ (خەيبەرنىڭ غەنىيمىتى)نى ئالدىن ئاتا قىلدى﴾[1] دېگەن خەۋىرىدىن بۇ قېتىم خەيبەر ئۇرۇشىغا چىققان مۇسۇلمانلارنىڭ نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى ئالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار غەنىيمەت ئېلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە چىقىشنى قاتتىق تەلەپ قىلغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھۇدەيبىيە كېلىشىمىگە قاتناشقان ۋە دەرەخ ئاستىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغانلارغا نۇرغۇن غەنىيمەت ئاتا قىلىش ھەققىدىكى ۋەدىسىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان ئىدى. چۈنكى، ھۇدەيبىيەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بولمىغانلار ئاللاھ تائالانىڭ غەنىيمەت ھەققىدىكى ۋەدىسىگە كىرمەيتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ غەنىيمەتلەرنى تەلەپ قىلىشى گويا ئاللاھ تائالانىڭ مەزكۇر ۋەدىسىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغانلىقى بولۇپ سانالغان.

ئى پەيغەمبەر! سەن بۇ مۇناپىقلارغا: ﴿سىلەرنىڭ بىز بىلەن چىقىشىڭلارغا قەتئىي بولمايدۇ، ئاللاھ ئىلگىرى سىلەر توغرۇلۇق مۇشۇنداق

[1] فەتھ سۈرىسى:20-ئايەت.

دېگەن﴾ يەنى بىز سىلەرنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىڭلارنى ئوبدان بىلىۋالدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەيبەرنىڭ غەنىيمەتلىرى ھۆدەيبىيە كېلىشىمىگە قاتناشقانلارغا خاستۇر، سىلەرنىڭ ئۇنىڭدا ھېچبىر نېسىۋەڭلار يوقتۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىلگىرى شۇنداق دېگەن، دېسەڭ، بۇ مۇناپىقلار سېنىڭ سۆزۈڭنى يالغانغا چىقىرىپ: ﴿ياق (ئاللاھ ئۇنداق دېمىگەن)، سىلەر بىزگە ھەسەت قىلىۋاتىسىلەر﴾ دەيدۇ. چۈنكى، بۇ مۇناپىقلار مۇسۇلمانلار ھەققىدە يامان ئويدا بولۇپ، «ئۇلار بىزنى غەنىيمەت ئالمىسۇن، دەپ شۇڭا شۇنداق دەيدۇ ۋە بىزنى ئۆزلىرى بىللە چىقىشتىن توسىدۇ، چۈنكى ئۇلار بىزگە ھەسەت قىلىدۇ، غەنىيمەتنى بىزدىن قىزغىنىدۇ» دەپ ئويلايتتى ۋە شۇنداق يامان سۆزلەرنى دېگەن ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ يامان ئويىغا رەددىيە بېرىپ: ﴿(ئەمەلىيەت ئۇلار دېگەندەك ئەمەس)، ئەكسىچە ئۇلار (دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنىڭ) پەقەت ئاز قىسمىنىلا چۈشىنىدۇ﴾ دەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرى مەنسۇپ بولۇپ تۇرۇۋاتقان دىننى ياخشى چۈشەنمەيتتى، دىنىنىڭ ئەھكاملىرىدىن پەقەت ئازلا بىر نەرسىلەرنى بىلەتتى، ھەق سۆزنى چۈشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىلسىزلىقىدىن، نادانلىقىدىن ئاللاھ تائالا توغرۇلۇق خاتا قاراشلاردا بولاتتى. ئۇلار مۇشۇنداق بىمەنە سۆزلەرنى قىلىپ يۈرۈپ، ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئالدىماقچى بولىدۇ. ئەمما ئۇلار تۇيماستىن پەقەت ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ.

ئى پەيغەمبەر! بۇ مۇناپىقلارغا يەنە دېگىنكى، سىلەر پات يېقىندا ناھايىتى كۈچلۈك بىر قەۋم بىلەن ئۇرۇشۇشقا چاقىرىلىسىلەر، يا ئۇلار بىلەن راستتىنلا ئۇرۇشىسىلەر ياكى ئۇلار مۇسۇلمان بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ھاجىتىڭلار قالمايدۇ، ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇرۇشقا چىقساڭلار ۋە ئۇرۇش مەيدانىدا چىدامىلىق بولۇپ جاپالارغا بەرداشلىق بەرسەڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرگە تولىمۇ ئېسىل ۋە گۈزەل بىر مۇكاپات بېرىدۇ، تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىپ، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، ئەگەر يەنىلا بۇرۇنقى ئادىتىڭلار بويىچە ئىتائەتتىن باش تارتىپ كەينىڭلارغا يېنىۋالساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئەڭ قاتتىق ئازابلار بىلەن جازالايدۇ. بۇ سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارغا تەۋبە قىلىپ، ھەق دىنغا قايتىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن بىر پۇرسەتتۇر، بۇنى ئۆزۈڭلار ئۈچۈن غەنىيمەت بىلىڭلار.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿سىلەر يېقىندا قاتتىق جەڭگىۋار بىر قەۋمگە (قارشى ئۇرۇش قىلىشقا) چاقىرىلىسىلەر﴾ دېگەن ئايەتتە ئۇلار چاقىرىلى-

دىغان ئۇرۇشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى مۇرتەدلەرگە قارشى ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. ئايەتنىڭ سىياقىمۇ بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ. مۇرتەدلەر ئۇرۇشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۇرتەد بولغان بەنى ھەنىفە قەبىلىسى بىلەن بولغان ئۇرۇش بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان مۇسەيلەمە كاززاب دېگەن ئەبلەخنىڭ قەۋمى ئىدى. بىرىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلارنى مۇرتەدلەرگە قارشى جىھاد قىلىشقا چاقىرغان ۋە ئۇلارنى تىنچىتقان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت كەتكەن.

ئىسلام دىنىنىڭ رەھىم-شەپقىتى ھەر ساھەدە ئۆزىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇكى، ئاللاھ تائالا ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمىغاندەك، جىھادقا چىقىشقا قادىر بولالمايدىغان ئۆزرىلىك كىشىلەرنىمۇ جىھادقا چىقىشقا بۇيرۇمىغان. شۇڭا بۇ ئايەتلەردە شۇنى تەكىتلەپ: ﴿(جىھادقا چىقمىغان) ئەماغا گۇناھ بولمايدۇ، توكۇرغىمۇ گۇناھ بولمايدۇ، كېسەلگىمۇ گۇناھ بولمايدۇ﴾ دېيىلگەن. يەنى مېيىپ ۋە كېسەل كىشىلەرگە جىھاد پەرز ئەمەس. شۇڭا ئۇلار جىھادقا چىقمىسا گۇناھكار بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆزرىسى دىندا قوبۇل قىلىنىدىغان ئۆزرىدۇر. ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ قەلب قاتلىرىدىكىنى ئېنىق بىلگەنلىكتىن، ھەربىر ئادەمگە نىيىتىگە ۋە ئەمەلىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدۇ.

بۇ يەردە مۇنداق بىر ئومۇمىي قانۇنىيەت بار بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكىچە: كىمكى دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلىرىدا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى دەل-دەرەخلىرىنىڭ ۋە قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ۋە مەڭگۈلۈك تۇرالغۇ بولغان، ئېسىل جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ ۋە شۇ جەننەتلەردە ئەبەدىي تۇرغۇزىدۇ. كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ جايدا مەڭگۈلۈك ئازابلايدۇ. دوزاخ ھەقىقەتەن يامان جايدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» بەرگەن خەۋەرلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىپ كەلگەنلىكى ئۇنىڭ چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنىڭ ئايرىم بىر دەلىلىدۇر.

2. ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ياخشىلىقنى ھېچكىم توسۇۋالالمايدۇ،

ئۇنىڭدىن كەلگەن جازاغىمۇ ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن، ياردىمىدىن ۋە ياخشىلىقلىرىدىن ھەمىشە ئۈمىدۋار بولۇش ئىبادەتتۇر، ئۇنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىش گۇناھتۇر.

4. ھەرقانداق بىر گۇناھ ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەش زۆرۈردۇر.

5. بىلىمسىزلىك ئەڭ خەتەرلىك ئاپەت بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر.

6. جىھاد ئەڭ شەرەپلىك ئەمەل بولۇپ، جىھادقا چاقىرىلغاندا ئۇنىڭغا ئۆزرىسىز تۇرۇۋېلىش چىقماسلىق ئېغىر گۇناھتۇر.

7. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

### ◄ رىزۋان بەيئىتى ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتى

﴿لَّقَدۡ رَضِيَ ٱللَّهُ عَنِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ إِذۡ يُبَايِعُونَكَ تَحۡتَ ٱلشَّجَرَةِ فَعَلِمَ
مَا فِي قُلُوبِهِمۡ فَأَنزَلَ ٱلسَّكِينَةَ عَلَيۡهِمۡ وَأَثَٰبَهُمۡ فَتۡحٗا قَرِيبٗا ١٨
وَمَغَانِمَ كَثِيرَةٗ يَأۡخُذُونَهَاۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمٗا ١٩ وَعَدَكُمُ
ٱللَّهُ مَغَانِمَ كَثِيرَةٗ تَأۡخُذُونَهَا فَعَجَّلَ لَكُمۡ هَٰذِهِۦ وَكَفَّ أَيۡدِيَ
ٱلنَّاسِ عَنكُمۡ وَلِتَكُونَ ءَايَةٗ لِّلۡمُؤۡمِنِينَ وَيَهۡدِيَكُمۡ صِرَٰطٗا
مُّسۡتَقِيمٗا ٢٠ وَأُخۡرَىٰ لَمۡ تَقۡدِرُواْ عَلَيۡهَا قَدۡ أَحَاطَ ٱللَّهُ بِهَاۚ وَكَانَ
ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٗا ٢١ وَلَوۡ قَٰتَلَكُمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوَلَّوُاْ
ٱلۡأَدۡبَٰرَ ثُمَّ لَا يَجِدُونَ وَلِيّٗا وَلَا نَصِيرٗا ٢٢ سُنَّةَ ٱللَّهِ ٱلَّتِي قَدۡ خَلَتۡ
مِن قَبۡلُۖ وَلَن تَجِدَ لِسُنَّةِ ٱللَّهِ تَبۡدِيلٗا ٢٣ وَهُوَ ٱلَّذِي كَفَّ أَيۡدِيَهُمۡ
عَنكُمۡ وَأَيۡدِيَكُمۡ عَنۡهُم بِبَطۡنِ مَكَّةَ مِنۢ بَعۡدِ أَنۡ أَظۡفَرَكُمۡ عَلَيۡهِمۡۚ
وَكَانَ ٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرًا ٢٤ هُمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّوكُمۡ عَنِ
ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ وَٱلۡهَدۡيَ مَعۡكُوفًا أَن يَبۡلُغَ مَحِلَّهُۥۚ وَلَوۡلَا رِجَالٞ

مُّؤۡمِنُونَ وَنِسَآءٞ مُّؤۡمِنَٰتٞ لَّمۡ تَعۡلَمُوهُمۡ أَن تَطَـُٔوهُمۡ فَتُصِيبَكُم
مِّنۡهُم مَّعَرَّةُۢ بِغَيۡرِ عِلۡمٖۖ لِّيُدۡخِلَ ٱللَّهُ فِي رَحۡمَتِهِۦ مَن يَشَآءُۚ لَوۡ تَزَيَّلُواْ
لَعَذَّبۡنَا ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۡهُمۡ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿٢٥﴾ إِذۡ جَعَلَ ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ فِي قُلُوبِهِمُ ٱلۡحَمِيَّةَ حَمِيَّةَ ٱلۡجَٰهِلِيَّةِ فَأَنزَلَ ٱللَّهُ سَكِينَتَهُۥ
عَلَىٰ رَسُولِهِۦ وَعَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَأَلۡزَمَهُمۡ كَلِمَةَ ٱلتَّقۡوَىٰ وَكَانُوٓاْ أَحَقَّ بِهَا
وَأَهۡلَهَاۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمًا ﴿٢٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

18ـ19ـ (ئى پەيغەمبەر!) مۆئمىنلەر ساڭا (ھۇدەيبىيەدە) دەرەخ ئاستىدا بەيئەت قىلىۋاتقاندا، ئاللاھ ئۇلاردىن ھەقىقەتەن رازى بولدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىلىدىكىنى بىلىپ، ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلدى ۋە ئۇلارنى يېقىندا قولغا كېلىدىغان بىر غەلىبە بىلەن ۋە ئۇلار ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىيمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

20ـئاللاھ سىلەر ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى سىلەرگە ۋەدە قىلىپ، بۇ (خەيبەرنىڭ غەنىيمىتى) نى ئالدىن ئاتا قىلدى، سىلەرنى دۈشمەنلەرنىڭ قول سېلىشىدىن ساقلىدى. بۇ مۆئمىنلەرگە (ئاللاھنىڭ ياردەم قىلغانلىقىغا) بىر بەلگە بولۇپ قېلىشى ۋە سىلەرنى توغرا يولغا باشلىشى ئۈچۈندۇر.

21ـيەنە سىلەر ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان، ئاللاھ (سىلەر ئۈچۈن) ساقلاپ قويغان يەنە بىر غەنىيمەتنىمۇ ۋەدە قىلدى. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

22ـئەگەر كاپىرلار سىلەر بىلەن (ھۇدەيبىيەدە) ئۇرۇشقان بولسا، ئۇلار ئەلۋەتتە، ئارقىسىغا قاراپ قاچاتتى، ئاندىن ھېچبىر ئىگە بولغۇچى ۋە ھېچبىر ياردەم قىلغۇچى تاپالمايتتى.

23ـبۇ ئاللاھنىڭ ئەزەلدىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان قانۇنىيىتىدۇر. سەن ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدىن ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن.

24ـئاللاھ مەككىنىڭ ئىچىدە (يەنى ھۇدەيبىيەدە) سىلەرنى ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى سىلەرگە قول سېلىشتىن، سىلەرنىمۇ ئۇلارغا قول سېلىشتىن توسقان زاتتۇر. ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

25-ئۇلار كاپىر بولغان، سىلەرنى مەسجىدى ھەرەمدىن ۋە توختىتىپ تۇرۇلغان قۇربانلىقنى ئۆز جايىغا يېتىشىدىن توسقانلاردۇر. (مەككىدە) سىلەر بىلمەيدىغان ئەر-ئايال مۆئمىنلەر بولۇپ، سىلەر بىلمەستىن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش بىلەن گۇناھكار بولۇپ قېلىشىڭلارنىڭ خەۋپى بولمىسا ئىدى (ئاللاھ سىلەرنى ئۇرۇش قىلىشتىن ئەلۋەتتە توسمايتتى)، ئاللاھ خالىغان ئادەمنى رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن (شۇنداق قىلدى). ئەگەر (مۆئمىنلەر كاپىرلاردىن) ئايرىلىپ تۇرغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كاپىرلارنى (ئەھلى) دەردلىك ئازاب بىلەن جازالايتتۇق.

26-كاپىرلار مۇتەئەسسىپلىكنى-جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ مۇتەئەسسىپلىكنى - دىللىرىغا پۈككەن چاغدا، ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆئمىنلەرگە تەمكىنلىك ئاتا قىلدى، ئۇلارنى تەقۋالىق كەلىمىسى (ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، دېگەن سۆز) دە مۇستەھكەم قىلدى، ئۇلار شۇنىڭغا ئەڭ لايىق ئىدى ۋە ئۇنىڭ ئەھلى ئىدى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

### ◄ مۇناسىۋەت

رىزۋان بەيئىتى-ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەردىن رازى بولغان بەيئەت دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىسلام تارىخىدا مەشھۇر بەيئەتتۇر. «رىزۋان بەيئىتى» دېگەن سۆز ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿لَّقَدْ رَضِيَ ٱللَّهُ عَنِ ٱلْمُؤْمِنِينَ إِذْ يُبَايِعُونَكَ تَحْتَ ٱلشَّجَرَةِ﴾ دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان. ئۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سىياسىتىدە بۇ بەيئەتنىڭ تەسىرى چوڭ بولغان ئىدى. بۇ بەيئەت توغرۇلۇق ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە تارىخچىلىرى تەرىپىدىن نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەسەرلەر يېزىلغان. بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا رىزۋان بەيئىتى ھەققىدە قىسقىچە بايان ئۆتكەن ئىدى.

ۋەقەلىك شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن مەككىگە بېرىپ ئۆمرە ئادا قىلىش نىيىتى بىلەن يولغا چىقىدۇ. ئۇلار ئىبادەت ئۈچۈن يولغا چىققانلىقتىن ئۇرۇش تەييارلىقىدا بولمايدۇ، ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن بىرەر قىلىچتىن باشقا ھېچقانداق قورال كۆتۈرمەيدۇ، قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئاتىغان چارۋىلىرىنى ھەيدەپ، ھەممىسى ئېھرام باغلىغان ھالدا ﴿لَبَّيْكَ ٱللَّهُمَّ لَبَّيْكَ ، لَبَّيْكَ لاَشَرِيكَ لَكَ لَبَّيْكَ ، إِنَّ الْحَمْدَ وَالنِّعْمَةَ لَكَ وَالْمُلْكَ ، لاَ شَرِيكَ لَكَ﴾ دېگەن تەلبىيەنى ئۈنلۈك ئوقۇپ يولغا راۋان بولىدۇ. ئۇلار ھۇدەيبىيە دېگەن جايغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىلىكلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئۇلار

بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن كەلمىگەنلىكىنى، پەقەت ئۆمرە قىلىش ئۈچۈنلا كەلگەنلىكىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەۋەتتى. ئەمما كۆپ ئۆتمەيلا ئۇلارغا ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرۇلۇق خەۋەر كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەكمۇ ئېغىر كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىلىكلەر ئەلچىنى راستتىنلا ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ھازىرلىق كۆرۈپ، ساھابىلىرىنى جىھادتىن قاچماسلىق ۋە ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا ئۇرۇشۇشتا چىدامچانلىق كۆرسىتىش ھەققىدە بەيئەت قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

ئىمام مۇسلىم جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «بىز ھۇدەيبىيەدە **1400** كىشى ئىدۇق، شۇ جايدا بىر دەرەخنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇرۇشتىن قاچماسلىق ۋە غەلىبە قىلغان ياكى شېھىت بولغانغا قەدەر ئۇرۇشۇش ھەققىدە بەيئەت قىلدۇق. ئەمما جەد ئىبنى قەيس تۆگىسىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ بەيئەتتىن ئۆزىنى قاچۇردى»[1]. يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، قۇرەيش كاتىباشلىرى بىزنىڭ بەيئىتىمىزدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قورقانلىقتىن سەھل ئىبنى ئەمر دېگەن ئادەمنى ئەلچى قىلىپ بىزگە ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ‹ھۇدەيبىيە كېلىشىمى›[2] ئىمزالاندى. كېلىشىمنىڭ شەرتلىرىنى يېزىش جەريانىدا، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ دەپ يېزىۋىدى، سەھل ئىبنى ئەمر ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىز بىلمەيمىز، ئەمما سەن بىز بىلىدىغان «بِاسْمِكَ اللّٰهُمّ» يەنى (ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن باشلايمەن) دېگەن سۆزنى يازغىن، دېدى ۋە دېگىنى بويىچە يېزىلدى. سەھل كېلىشىمنامىنىڭ ئاخىرىدىكى: ‹بۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدنىڭ يازدۇرغانلىرىدۇر› دېگەن جۈملىگە قارشى چىقىپ: ‹ئى مۇھەممەد! ئەگەر بىز سېنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىڭگە ئىشەنگەن بولساق، ساڭا ئەگەشكەن بولاتتۇق ۋە سەن بىلەن ئۇرۇشمۇ قىلمىغان بولاتتۇق. شۇڭا ئىسمىڭنى ۋە ئاتاڭنىڭ ئىسمىنىلا يازغىن› دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر

[1] «صحيح مسلم» 3-توم، 1483-بەت، 1856-ھەدىس.

[2] ھۇدەيبىيە مەككە مۇكەررەمە شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان كىچىك بىر رايون بولۇپ، ھازىرقى كونا مەككە يولىدا قالغان. ئۇ ھازىرقى مەككە يولىدىكى تەكشۈرۈش پونكىتى جايلاشقان شۇمەيسى دېگەن جاينىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدۇ.

ئەلەيھىسسالام كېلىشىمنامىنىڭ ماددىلىرىنى يازغان كاتىپ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ‹ئۇنى ئۆچۈرۈۋەتكىن› دەيدۇ. كاتىپنىڭ ئۇنى ئۆچۈرۈشكە زادى قولى بارمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن شۇ جۈملىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى سورايدۇ، ئاندىن ئۇ جۈملىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان زات ئىدى). شۇنىڭ بىلەن كېلىشىم ئىمزالىنىپ تاماملىنىدۇ»[1].

ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدىكى ناھەق شەرتلەرگە مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقى نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى سەۋرچان بولۇشقا ۋە ئالدىرىماسلىققا دەۋەت قىلىپ، ئۇلارنى قايىل قىلىدۇ. بۇ كېلىشىم كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زىيانلىق بولغاندەك كۆرۈنگەن بىلەن نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ئۇلار ئۈچۈن چوڭ بىر زەپەرنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى.

## ◄ تەپسىرى

ھۇدەيبىيەدە دەرەخنىڭ سايىسىدا ساڭا بەيئەت قىلغان مۆئمىنلەردىن ئاللاھ تائالا رازى بولدى ۋە ئۇلاردىن رازى بولغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى سۈپىتىدە، ئۇلارغا خەيبەرنىڭ فەتھى قىلىنىشىدىن ئىبارەت چوڭ بىر غەلىبىنى ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ۋە ئاخىرەتلىك ئەجرىنى زىيادە قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلدى. چۈنكى، شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغانلار ئىماندا راستچىل بولغان ھەقىقىي مۆئمىنلەر ئىدى. ئاللاھ تائالا ھۇدەيبىيەدە ھازىر بولغانلاردىن جەد ئىبنى قەيس دېگەن ئادەمدىن باشقا ھەممىسىدىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. جەد ئىبنى قەيس مۇناپىقلاردىن بولۇپ، ئۇ ھۇدەيبىيەگە بارغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىشتىن باش تارتقان ئىدى.

نەتىجىدە، ھۇدەيبىيەدە چىن ئىمانى ۋە ھەقىقىي ئىخلاسى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان ۋە ئاخىرغىچە ئۇنىڭ سېپىدە بولىدىغانلىقىغا دائىر قەسەمياد قىلغان مۆئمىنلەردىن ئاللاھ تائالا راستتىنلا رازى بولدى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن رازى بولغانلىقىنى ئېنىق جاكارلاپ ئۇلارغا يېقىندا قولغا كېلىدىغان چوڭ بىر زەپەردىن خۇش

---

[1] «التفسير الواضح» 3-توم، 490-بەت.

خەۋەر بەردى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئاللاھ تائالانىڭ نۇسرىتىگە بولغان ئىشەنچ تۇيغۇسىنى چۈشۈردى، دىللىرىغا تەمكىنلىك ۋە خاتىرجەملىك چۈشۈردى، يەنە ئۇلارغا كۆپلىگەن غەنىيمەتلەرنى ۋەدە قىلدى.

بۇ ئايەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەدىن قايتىش ئالدىدا تۇرغىنىدا نازىل بولغان بولۇپ، ئۇنىڭغا يېقىندا خەيبەرنىڭ[1] فەتھى قىلىنىدىغانلىقىدىن ۋە نۇرغۇن غەنىيمەتلەردىن بېشارەت بەرگەن. خەيبەر يەھۇدىيلار ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، بايلىقى كۆپ ئىدى.

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ھەققانىي جىھادلىرىڭلاردا سىلەرگە نۇرغۇنلىغان غەنىيمەتلەرنى ۋەدە قىلدى. سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش ئۈچۈن، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان ئىكەنسىلەر، چوقۇم بۇ غەنىيمەتلەردىن بەھرىمەن بولىسىلەر. سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان يېقىنقى غەنىيمەت-خەيبەر غەنىيمىتى سىلەرنىڭ ئىتائەتمەنلىكىڭلار يۈزىسىدىن ئالدىن بېرىلگەن بىر مۇكاپاتتۇر. سىلەر خەيبەرنى فەتھى قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىپ چىققان چېغىڭلاردا، سىلەرگە قارشى خەيبەر يەھۇدىيلىرىغا ياردەم بېرىشكە تەييار بولغان ئەسەد ۋە غەتەفان قەبىلىلىرىنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سېلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئۇلارنىڭ قول سېلىشىدىن ساقلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمىدى. دېمەك، ﴿سىلەرنى دۈشمەنلەرنىڭ قول سېلىشىدىن ساقلىدى﴾ دېگەن ئايەتتىكى «دۈشمەنلەر»دىن خەيبەر يەھۇدىيلىرىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بولغان ئەسەد ۋە غەتەفان قەبىلىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭدىن مەككە كاپىرلىرى كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئەمما ئالدىنقىلارنىڭ دېگىنى كۈچلۈكتۇر. ﴿بۇ مۇئمىنلەرگە (ئاللاھنىڭ ياردەم قىلغانلىقىغا) بىر بەلگە بولۇپ قېلىشى ۋە سىلەرنى توغرا يولغا باشلىشى ئۈچۈندۇر﴾ يەنى بۇ پۈتۈن ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغان، ھەقىقىي ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ھەمىشە قوغدايدىغانلىقىغا ۋە ئۇلارغا ئۈستۈنلۈك ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىدىغانلىقىغا بىر ئىشارەت بولۇپ قېلىشى ۋە شۇنىڭ

[1] خەيبەر-مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە قاراشلىق بىر ناھىيەنىڭ ئىسمىدۇر. ئۇ مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، مەدىنىدىن تەخمىنەن يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر رايون بولۇپ، تارىختىن بىرى خەيبەر تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ مۇنبەتلىكى، سۈيىنىڭ ۋە زىرائەتچىلىكىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن مەشھۇردۇر.

بىلەن ئۇلارنى ئەڭ توغرا يولغا باشلىشى ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ تائالا سىلەرگە خەيبەر غەنىيمەتلىرىنى ئالدىن ئاتا قىلدى، يەنە ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ غەنىيمەتلىرىنىمۇ سىلەر ئۈچۈن ساقلاپ قويدى. دەسلەپتە سىلەر ئۆزۈڭلارغا ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن ئېرىشەلمىدىڭلار، سىلەر ئاللاھ تائالاغا تايىنىشنى ئۇنتۇغان ھالدا، ئۆز كۈچۈڭلارغا تايىنىپمۇ كۆردۈڭلار. ئەمما ئاللاھ تائالا ياردەم قىلمىغۇچە ھېچ ئىش قىلالمىدىڭلار. ئاخىر سىلەر ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىپ ئۆزۈڭلارغا ئىلتىجا قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇ غەنىيمەتلەرنى سىلەرگە مۇيەسسەر قىلىپ بەردى ۋە ئۇنى ئالدىڭلار. سىلەر ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىشەنچ ۋە ئىخلاسىڭلارنى داۋام قىلدۇرغان مۇددەتچە ئۇ سىلەرگە ياردەم قىلدۇ ۋە سىلەرگە نۇرغۇنلىغان غەنىيمەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر. ﴿لَقَدۡ نَصَرَكُمُ ٱللَّهُ فِي مَوَاطِنَ كَثِيرَةٖ وَيَوۡمَ حُنَيۡنٍ إِذۡ أَعۡجَبَتۡكُمۡ كَثۡرَتُكُمۡ فَلَمۡ تُغۡنِ عَنكُمۡ شَيۡـٔٗا وَضَاقَتۡ عَلَيۡكُمُ ٱلۡأَرۡضُ بِمَا رَحُبَتۡ ثُمَّ وَلَّيۡتُم مُّدۡبِرِينَ ۝٢٥ ثُمَّ أَنزَلَ ٱللَّهُ سَكِينَتَهُۥ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ وَعَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَأَنزَلَ جُنُودٗا لَّمۡ تَرَوۡهَا وَعَذَّبَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْۚ وَذَٰلِكَ جَزَآءُ ٱلۡكَٰفِرِينَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەيىن (ئۇرۇشى بولغان) كۈنىدە ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرنى مەغرۇرلاندۇرغان ئىدى، بۇ سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. شۇنچە كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار. ئاندىن ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆئمىنلەرگە خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، (پەرىشتىلەردىن ئىبارەت) سىلەر كۆرەلمەيدىغان قوشۇنلارنى چۈشۈردى ۋە كاپىرلارنى ئازابلىدى. كاپىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇدۇر﴾[1]. بۇ ئايەتلەردىن ئىبرەت ئالىدىغانلار بارمۇ؟! ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ياردىمىگە چىن ئىشىنىش بىلەن بىرلىكتە قولدىن كەلگەنىنىڭ ھەممىنى قىلىش غەلىبىنىڭ ئاساسلىق ئامىلىنى تەشكىل قىلىدۇ. كاشكى، ھازىرقى مۇسۇلمانلار بۇنى چۈشەنسە ئىدى.

ئەگەر مەككىلىك كاپىرلار سىلەر بىلەن سۈلھى قىلىشنى خالىماستىن، ئۇرۇشۇشنى تاللايدىكەن، ئۇلار بۇنىڭغا ھەرگىز بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ ۋە چوقۇم مەغلۇپ بولۇپ قاچىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا سىلەرگە قارشى ياردەم بېرىدىغان ياكى ئۇلارنى سىلەرنىڭ جازايىڭلاردىن قوغداپ قالىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ. بۇ ئاللاھ

[1] تەۋبە سۈرىسى:25-ئايەت.

تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ياخشى بەندىلىرىگە ياردەم قىلىشتىكى ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىيىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن.

ھۇدەيبىيەدە سىلەرنى كاپىرلارنىڭ قول سېلىشىدىن قوغدىغان ۋە مەككىدە ئۇلارنى سىلەرنىڭ قول سېلىشىڭلاردىن ساقلىغان زات ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالا سىلەرگە دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى نۇسرەت بېرىپ، سىلەرگە غەلىبە ئاتا قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى سىلەرنىڭ قول سېلىشىڭلاردىن ساقلاپ قالدى. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «مەككىلىكلەردىن سەكسەن ئادەم تەنئىم تېغىدىن قوراللىق ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن چۈشكەن ۋاقىتتا، بىز ئۇلارنى تۇتۇۋالدۇق، ئۇلار بىزگە تەسلىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنى ئۆلتۈرمىدۇق. شۇ ۋاقىتتا ﴿ئاللاھ مەككىنىڭ ئىچىدە (يەنى ھۇدەيبىيەدە سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى سىلەرگە قول سېلىشتىن، سىلەرنىمۇ ئۇلارغا قول سېلىشتىن توسقان زاتتۇر﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى»[1].

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ھۇدەيبىيەدە ئاللاھ تائالانىڭ كاپىرلارنى سىلەرگە قول سېلىشتىن توسقانلىقىنىڭ سەۋەبى ئېنىقتۇر. ئۇ بولسىمۇ، سىلەرنى قوغداشتۇر. ئەمما سىلەرنى مەككىلىك كاپىرلارغا قول سېلىشتىن، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىشتىن توسقانلىقى بۇ كاپىرلارنى قوغداش ئۈچۈن ئەمەس، چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان، پەيغەمبەرنى ئۆز يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقارغان، كىشىلەرنى مەسجىدى ھەرەمدىن توسقان، قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن كەئبىگە ئېلىپ كېلىنگەن قۇربانلىق ماللارنى ئۇ جايغا ئېلىپ بېرىشتىن توسۇۋالغان ئەشەددىي كاپىرلاردۇر. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى تەقەززا قىلاتتى. ئەمما سىلەرنى كاپىرلارغا قول سېلىشتىن ۋە ئۇلارنى ئۇرۇش بىلەن مەغلۇپ قىلىشتىن توسۇشتىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، مەككىدە ئىمان ئېيتقان ئەرلەر ۋە ئىمان ئېيتقان ئاياللار بار بولۇپ، سىلەر ئۇلارنى تونۇمايسىلەر ۋە بىلمەيسىلەر، ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بىلىدۇ. ناۋادا مەككە كاپىرلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانسا، ئۇ مۇئمىنلەرنىڭمۇ زىيانغا ئۇچرىشى ۋە كاپىرلار بىلەن بىر قاتاردا قەتلى

[1] «صحيح مسلم» 3-توم، 1442-بەت، 1808- ھەدىس، «سنن أبي داود» 3- توم، 61-بەت، 2688- ھەدىس.

قىلىنىش ئېھتىمالى بار. چۈنكى، سىلەر مەككىلىكلەرنىڭ ئىچىدىن كىمنىڭ مۇسۇلمان ۋە كىمنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى ئايرىپ بولالمايسىلەر. يەنى سىلەرنىڭ ئۇرۇشتا مەككىدىكى مۇسۇلمانلارنى بىلمەستىن، ئۇلارغا زىيان يەتكۈزۈپ قويۇش ئېھتىماللىقلار بولمىسا ئىدى، ئاللاھ تائالا سىلەرنى مەككىلىك كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن توسمىغان بولاتتى.

مەككىلىكلەردىن ھەق دىنىنى ئىنكار قىلغانلار بىلەن ئىمان ئېيتقانلار بىر-بىرىدىن ئايرىم جايدا تۇرسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كاپىرلارنى ئاخىرەتتە جازالاشتىن ئاۋۋال مۇشۇ دۇنيادىلا قەتلى قىلىش، ئەسىر ئېلىش قاتارلىق جازالار بىلەن ئازابلىغان بولاتتۇق.

﴿كاپىرلار مۇتەئەسسىبلىكنى - جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ مۇتەئەسسىبلىكىنى - دىللىرىغا پۈككەن چاغدا، ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە تەمكىنلىكىنى ئاتا قىلدى﴾ يەنى كاپىرلار ئۆز ۋاقتىدا جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ مۇتەئەسسىبلىكىنى دىللىرىغا پۈكۈپ ۋە قاتتىق تەرسالىق قىلىپ، ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنى يازغاندا، كېلىشىمنامىنىڭ بېشىغا ۋە ئاخىرىغا: ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ نى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دەپ يېزىشنى رەت قىلىپ تۇرۇۋالغان. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە تەمكىنلىك ۋە سوغۇققانلىق ئاتا قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كاپىرلارنىڭ ناھەق شەرتلىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان. بىراق بۇ كېلىشىم ناھايىتى چوڭ بىر زەپەرنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالغان ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىگە قاراڭ! ئۇنىڭ ئۆز تەرەپدارلىرىنى قانداق قوغدايدىغانلىقىغا ۋە ئۇلارغا قانداق ياردەم بېرىدىغانلىقىغا قاراڭ!

ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنىڭ شەرتلىرى بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا بايان قىلىندى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. رىزۋان بەيئىتىگە ئىشتىراك قىلغانلار ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئەڭ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن كىشىلەردۇر.

2. غەنىيمەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ مۇجاھىدلارغا ئاتا قىلغان بۇ دۇنيالىق مۇكاپاتى بولۇپ، ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتلىرى بۇنىڭدىن ئەلۋەتتە كاتتىدۇر.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە ۋەدە قىلغان غەنىيمەتلەرنىڭ قولغا كەلگەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپات-

ــلايدىغان ئايرىم دەلىلــدۇر. پەيغەمبــەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىرانلىقلار بىلەن رىملىقلار تەرىپىدىن كۆپلىگەن غەنىيمەتلەرگە ئىگە بولغانلىقى بۇنىڭ مىسالى.

4. ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە نۇسرىتى ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغانلار ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز ۋاقتىدا مەدىنە ئاھالىسىنى يەھۇدىيلارنىڭ ۋە مۇشرىكلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلاپ قالغانلىقىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىنلەرگە قىلغان ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر.

5. ھەج ياكى ئۆمرىنى نىيەت قىلىپ ھەرەمگە قاراپ يولغا چىققاندىن كېيىن، قايسىبىر سەۋەب بىلەن ھەرەمگە بېرىشتىن توسۇلۇپ قالغان ئادەم توسۇلۇپ قالغان يېرىدە قۇربانلىقىنى ئادا قىلىۋېتىپ، ئېھرامدىن چىقىپ، يۇرتىغا قايتسا بولىدۇ.

6. مۇسۇلمانلار بىر-بىرىگە زىيان يەتكۈزۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن ھەر ئىشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىشقا بۇيرۇلغان.

7. تەۋھىد كەلىمىسى ئىسلامنىڭ شوئارى بولۇپ، ئۇ «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن كەلىمىدە ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

8. ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرەيش كۈچلىرى تاڭغان ناھەق شەرتلەرنى قوبۇل قىلىشى مەسىلىنى قان تۆكمەستىن ھەل قىلىش ۋە تىنچلىق ئۈچۈن ئىدى.

### ◄ چۈشنىڭ ئەمەلگە ئېششى

﴿لَّقَدْ صَدَقَ ٱللَّهُ رَسُولَهُ ٱلرُّءْيَا بِٱلْحَقِّ لَتَدْخُلُنَّ ٱلْمَسْجِدَ ٱلْحَرَامَ إِن شَآءَ ٱللَّهُ ءَامِنِينَ مُحَلِّقِينَ رُءُوسَكُمْ وَمُقَصِّرِينَ لَا تَخَافُونَ فَعَلِمَ مَا لَمْ تَعْلَمُوا۟ فَجَعَلَ مِن دُونِ ذَٰلِكَ فَتْحًا قَرِيبًا ﴿٢٧﴾ هُوَ ٱلَّذِىٓ أَرْسَلَ رَسُولَهُۥ بِٱلْهُدَىٰ وَدِينِ ٱلْحَقِّ لِيُظْهِرَهُۥ عَلَى ٱلدِّينِ كُلِّهِۦ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدًا ﴿٢٨﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

27-ھەقىقەتەن ئاللاھ پەيغەمبىرىنىڭ چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى: (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ خالىسا، سىلەر خاتىرجەم بولغان، (بەزىلىرىڭلار) چېچىڭلار-

نى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرەمگە كىرىسىلەر. چۈنكى، ئاللاھ سىلەر بىلمەيدىغاننى بىلەتتى. شۇڭا، ئاللاھ بۇنىڭدىن (سىلەر مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشتىن) بۇرۇن سىلەرگە يېقىنقى بىر غەلىبىنى ئاتا قىلدى.

28-ئاللاھ ھەق دىننى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن زاتتۇر. ئاللاھ يېتەرلىك گۇۋاھچىدۇر.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە قاراپ يولغا چىقىشتىن خېلى بۇرۇن، چۈشىدە ئۆزى ۋە ساھابىلىرى بىرلىكتە، بەزىلىرى چېچىنى چۈشۈرگەن ۋە بەزىلىرى قىرقىغان، كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن خاتىرجەم بولغان ھالدا مەسجىدى ھەرەمگە كىرگەنلىكىنى كۆرگەن ۋە بۇ چۈشنى ساھابىلىرىگە سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. ساھابىلەر بۇنىڭدىن بەك خۇشال بولغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ مەسجىدى ھەرەمگە چوقۇم كىرىدىغانلىقىدىن قىلچە شەكلەنمىگەن ئىدى. چۈنكى، پەيغەمبەرنىڭ چۈشى ۋەھيىنىڭ بىر تۈرىدۇر. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە مەككىگە قاراپ يولغا چىقىپ، ھۇدەيبىيەگە كەلگەندە، مۇشرىكلار ئۇلارنى مەككىگە كىرىشتىن توسقان ۋە كېلىشىم تۈزۈلۈپ بولۇپ، مۇسۇلمانلار مەدىنىگە قايتىش ئالدىدا تۇرغان پەيتلەردە، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغان بەزى مۇناپىقلار سۆز-چۆچەك تارقىتىشقا باشلىغان. ئۇلار: «چېچىمىزنىمۇ چۈشۈرمىدۇق، ياكى قىسقارتمىدۇق ۋە مەسجىدى ھەرەمنىمۇ كۆرمىدۇققۇ؟» دېيىشكە باشلىغان. يەنە بىر رىۋايەتتە، بەزى كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «سىلى بىزگە ھەرەمگە كىرىمىز دېگەن ئەمەسمىدىلە؟» دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ھەئە، مەن شۇنداق دېگەن، لېكىن مەن سىلەرگە بۇ يىل كىرىمىز دېگەنمۇ؟» دېگەن. ئۇلار: «ياق، يىلنى دېمىگەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەر مەسجىدى ھەرەمگە چوقۇم كىرىسىلەر ۋە كەئبىنى تاۋاپ قىلىسىلەر» دېگەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ئايەتلەر نازىل بولغان[1].

## ◄ تەپسىرى

﴿ھەقىقەتەن ئاللاھ پەيغەمبىرىنىڭ چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى﴾ يەنى

[1] «لباب النقول في أسباب النزول» 529-بەت.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرى مەدىنىدە كۆرگەن چۈشىنى رىئاللىقتا ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ راست گەپ قىلغانلىقىنى، كۆرگەن چۈشىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى، ئۇنىڭ بىر يىلدىن كېيىن مەسجىدى ھەرەمگە خۇددى چۈشىدە كۆرگەن شەكىلدە كىرىشىنى تەقدىر قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭغا كەسكىن قىلىپ: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ خالىسا، سىلەر خاتىرجەم بولغان، (بەزىلىرىڭلار) چېچىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرەمگە كىرىسىلەر﴾ دەپ ۋەھيى قىلدى.

قەتادە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن بىللە كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ چۈش كۆرگەن ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ چۈشىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ ئۇنىڭغا: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ خالىسا، سىلەر خاتىرجەم بولغان، (بەزىلىرىڭلار) چېچىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرەمگە كىرىسىلەر﴾ دېدى، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرگەن چۈشىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغان راست چۈش ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى»[1].

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىشى مۇمكىن: ﴿إِن شَآءَ ٱللَّهُ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ خالىسا﴾ دېگەن سۆزنى ئادەتتە بەندىلەر ئېيتىدۇ ۋە بەندىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ، ئەمما بۇ ئايەتتە بۇ سۆز ئاللاھ تائالانىڭ پېئىلى ئۈچۈن ئېيتىلغان. ھالبۇكى، پۈتۈن كائىنات ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىشلارنىڭ قاچان ۋە قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ۋە كەسكىن بىلىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشىنى قانداقمۇ خاھىشقا باغلايدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: توغرا، ئاللاھ تائالا بارلىق ئىشلارنىڭ بولىدىغان، بولمايدىغانلىقىنى ئالدىنئالا بىلىدۇ. بۇ يەردە ئىنسانلارغا ئۆگىتىش ۋە تەلىم بېرىش كۆزدە تۇتۇلغان. شۇنداقلا مەككىگە قاراپ ماڭغانلار ئىچىدىن بەزىلىرىنىڭ مەككىگە كىرىدىغانلىقى ۋە بەزىلىرىنىڭ ئۆلۈم ياكى كېسەللىك تۈپەيلىدىن كىرەلمەيدىغانلىقى ئاللاھ تائالاغا ئېنىق بولغانلىقتىن، شۇڭا شۇنداق دېگەن. يەنى بۇنىڭدىن مەقسەت ئۇلارنىڭ مەككىگە كىرىشى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ، دېگەننى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇشتۇر.

---

[1] «تفسير الطبري» 22ـتوم، 257ـبەت.

دۈشمەن قورقۇنچىسىدىن پۈتۈنلەي ئەمىن بولغان، ئۇلارنىڭ زىيان-كەشلىكىدىن خاتىرجەم بولغان ۋە بەزلىرىڭلار چېچىڭلارنى چۈشۈرگەن، بەزلىرىڭلار قىرقىغان ھالدا، چوقۇم مەسجىدى ھەرەمگە كىرىسىلەر ۋە كىرگەندىن كېيىنمۇ ھېچكىمدىن ۋە ھېچ نەرسىدىن قورقمايسىلەر. ئاللاھ تائالا سىلەر بىلمىگەننى بىلىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەرنىڭ چۈشى ئەمەلگە ئېشىشتىن ئاۋۋال، ئاللاھ تائالا سىلەرگە باشقا بىر فەتھنى يەنى خەيبەرنىڭ فەتھىسىنى ئاتا قىلدى.

ئى ئىنسانلار! پەيغەمبەرنىڭ چۈشىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدىن قانداقمۇ شەك قىلىسىلەر؟ ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ئۇنى ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن تۇرسا، ئەمەلگە ئاشمايدىغان چۈشنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا كۆرسىتىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر پەيغەمبەر ئېيتقان سۆز ئەمەلگە ئاشمىسا، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر كىشىلەرنىڭ ئالدىدا يالغانچى بولۇپ قالامدۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭ خەۋەر بەرگەنلىرى ئەمەلگە ئاشمىسا، كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزىگە قانداقمۇ ئىشىنىدۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس. پەيغەمبەرگە رەببى تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن چۈش ھەقتۇر، ئۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. پەيغەمبەرنىڭ راستچىللىقىغا، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يەتكۈزگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ تائالا يېتەرلىكتۇر. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ۋە راستچىل پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھتۇر.

بۇ ئايەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش، ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. چۈنكى، مەككىلىك مۇشرىك كۇچلەر-نىڭ ۋەكىلى سەھل ئىبنى ئەمر كېلىشىمگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دەپ يېزىشقا قارشى چىققان بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە قوغدايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقتۇر.
2. چۈشلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى بەزىدە بىر قانچە يىل كېچىكىدۇ.
3. ھەج ياكى ئۆمرە قىلغان كىشىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈشى ئۇنى قىرقىغاندىن ئەۋزەلدۇر.

4. مۇسۇلمان ئادەم كېلەچەكتە قىلماقچى بولغان ھەرقانداق بىر ئىش ياكى سۆز ئۈچۈن «ئىنشائاللاھ» (ئاللاھ خالىسا...) دېيىشى لازىم.

5. ھەق دىن ئىسلامدۇر، باشقا دىنلارنىڭ ھەممىسى باتىلدۇر.

### ◄ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ سۈپەتلىرى

﴿مُّحَمَّدٌ رَّسُولُ ٱللَّهِ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥٓ أَشِدَّآءُ عَلَى ٱلْكُفَّارِ رُحَمَآءُ بَيْنَهُمْ تَرَىٰهُمْ رُكَّعًا سُجَّدًا يَبْتَغُونَ فَضْلًا مِّنَ ٱللَّهِ وَرِضْوَٰنًا سِيمَاهُمْ فِى وُجُوهِهِم مِّنْ أَثَرِ ٱلسُّجُودِ ذَٰلِكَ مَثَلُهُمْ فِى ٱلتَّوْرَىٰةِ وَمَثَلُهُمْ فِى ٱلْإِنجِيلِ كَزَرْعٍ أَخْرَجَ شَطْـَٔهُۥ فَـَٔازَرَهُۥ فَٱسْتَغْلَظَ فَٱسْتَوَىٰ عَلَىٰ سُوقِهِۦ يُعْجِبُ ٱلزُّرَّاعَ لِيَغِيظَ بِهِمُ ٱلْكُفَّارَ وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ مِنْهُم مَّغْفِرَةً وَأَجْرًا عَظِيمًۢا ﴿٢٩﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

29ـ مۇھەممەد ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلار (ساھابىلەر) كاپىرلارغا قاتتىق قولدۇر، ئۆزئارىسىدا كۆيۈمچاندۇر، سەن ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان ۋە سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن، ئۇلار ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرى سەجدىنىڭ ئەسەرلىرىدىن يۈزلىرىدە (ئاشكارىدۇر). ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى سۈپىتى شۇكى، (ئۇلار) بىخ ئۇرۇپ چىقىپ، كۈچلىنىپ، غولى چوڭايغان، ئاندىن ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان، (بولۇقلۇقى ۋە كۆركەم كۆرۈنۈشى بىلەن) دېھقانلارنى مەمنۇن قىلغان بىر زىرائەتكە ئوخشايدۇ. (بۇنداق ئوخشىتىش) مۇئمىنلەر ئارقىلىق كاپىرلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەتنى ۋە كاتتا ئەجرنى ۋەدە قىلدى.

### ◄ تەپسىرى

ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتىلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسىدۇر، ئۇ جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر، ئۇنىڭ ئەۋەتىلىشى بىلەن پەيغەمبەرلىك تا-

مامىلانغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿إِنَّكَ لَمِنَ ٱلْمُرْسَلِينَ ۝٣ عَلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئەلۋەتتە، سەن پەيغەمبەرلەردىنسەن. توغرا يولدىسەن﴾[1] ۋە ﴿وَإِنَّكَ لَعَلَىٰ خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾ يەنى ﴿سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن﴾[2] دەپ تەرىپلەنگەن پەيغەمبەردۇر.

مانا بۇ «راستچىل»، «ئىشەنچلىك» دېگەن نامى بىلەن جىمى ئەرەبلەر ئارىسىدا تونۇلغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئۇنىڭغا يۈكسەك ئۆيۈقلاردا ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر، يەر يۈزىدە ئىنسانىيەتكە ئۈلگىلىك مۆئمىنلەر دۇرۇت ۋە سالام يوللاپ تۇرىدۇ. مانا بۇلار ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولغان ساھابىلەردۇر. ئۇلار كاپىرلارغا قاتتىق ۋە كەسكىن، ئەمما ئۆزئارىسىدا تولىمۇ شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان كىشىلەردۇر. ئۇلار ھەق دىنىنىڭ پېشۋالىرى ۋە بايراقدارلىرىدۇر.

ھەقىقىي مۆئمىن ئادەم ئۆزىنىڭ دىنىغا قارشى چىققان كاپىرلارغا ھەرگىز يول قويمايدۇ، ئۇلارغا يۇمشاقلىق قىلمايدۇ ۋە يېتەرلىك رەددىيەلەرنى بېرىدۇ. چۈنكى، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۆز دىنىنى، ئەقىدىسىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار. ئەمما مۆئمىنلەر ئۆزئارىلىرىدا ناھايىتى مېھرىبان، تولىمۇ شەپقەتلىك ۋە كۆيۈمچان بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداشلاردۇر. ﴿إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ﴾ يەنى ﴿مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر﴾[3]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىقىنى ئىپادىلەپ: «تَرَى الْمُؤْمِنِينَ فِي تَرَاحُمِهِمْ وَتَوَادِّهِمْ وَتَعَاطُفِهِمْ، كَمَثَلِ الْجَسَدِ، إِذَا اشْتَكَى عُضْوًا تَدَاعَى لَهُ سَائِرُ جَسَدِهِ بِالسَّهَرِ وَالْحُمَّى» يەنى «سەن مۆئمىنلەرنى بىر-بىرىگە مېھىر-شەپقەتلىك بولۇشتا، بىر-بىرىنى سۆيۈشتە ۋە بىر-بىرىگە ھېسداشلىق قىلىشتا بىر بەدەنگە ئوخشاش كۆرىسەن، ئۇنىڭ بىرەر ئەزاسى ئاغرىقتىن دەردلەنسە، قالغان ئەزالىرىمۇ ئۇيقۇسىزلىق ۋە قىزىتما بىلەن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغانغا ئوخشاش مۆئمىنلەرمۇ بىر-بىرىگە شۇنداق ھېسداشلىق قىلىدۇ»[4] دېگەن. ئاشۇ مۆئمىنلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئىسلام

---

[1] ياسىن سۈرىسى:3-ئايەت.

[2] قەلەم سۈرىسى:4-ئايەت.

[3] ھۇجۇرات سۈرىسى:10-ئايەت.

[4] «صحيح البخاري» 8-توم، 10-بەت، 6011-ھەدىس، «صحيح مسلم» 4-توم، 199-بەت، 2586-ھەدىس.

دەۋىتى قانات يايدى، ئۇلارنىڭ غەيرىتى ۋە قۇدرىتى بىلەن مۇستەھكەم قەلئەلەر فەتھى قىلىندى. ئۇلار كاپىرلارغا قاتتىق، ئۆز ئارىسىدا مېھرىبان كىشىلەر ئىدى. ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدە ياشىغان ئاشۇ ئۆلگىلىك مۆئمىنلەردىن كېيىن كەلگەن ئەۋلادلار بۆلۈنۈشكە باشلىغان ۋە تۈرلۈك خۇراپاتلارنى دىن نامىدىن قوبۇل قىلغاندىن كېيىنلا ئەھۋال ئۆزگەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام ئۈممىتى خارلىققا يۈزلەندى، ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە سەلتەنىتى قولىدىن كەتتى، ئىسلام دىيارلىرى بولسا كاپىرلارنىڭ تالان-تاراج قىلىشىغا ئۇچرىدى.

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار! بىز هازىر ئىسلام دۈشمەنلىرى پۈتۈن كۈچىنى مۇسۇلمانلارغا قارشى توپلىغان بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىگىمىز ياكى مەدەتكارىمىز ۋەياكى قوللىغۇچىمىز يوقتۇر. بارچە كاپىر مىللەتلەر ئىسلامغا قارشى ۋە مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك مەۋقەسىدە بىرلەشمەكتە. بۇ كاپىرلارنىڭ بەزىسى ئاتېئىزم سەپسەتىسىنى تەشۋىق قىلىپ، بىزنىڭ قەلبى ئاپئاق قەغەزدەك پەرزەنتلىرىمىزنى دىنسىزلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە، يەنە بەزىسى ئىسلام دىيارلىرىنى ئىستېلا قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇنماقتا. بارلىق كاپىرلارنىڭ قورالى ئىقتىساد ۋە پەن-تېخنىكا بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا ۋە ئىسلامغا قارشى كېچە-كۈندۈز ھەرىكەت قىلماقتا، بىز بولساق ئۇلارنىڭ بۇ بىرلەشمە ھۇجۇمى ئالدىدا گاڭگىراپ قالماقتىمىز. بىزنى خارلىقتىن، مۇستەملىكىدىن ۋە ئاسارەتتىن ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىمانىمىز، ئۆز ئەمەلىمىز ۋە تىرىشچانلىقىمىزلا قۇتقۇزالايدۇ. خۇددى ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار ئىسلام بىلەن قۇدرەت تېپىپ سەلتەنەتكە ۋە ئىززەت-ئېتىبارغا ئېرىشكەندەك، بىزمۇ ئەگەر ئىسلامغا ئەمەل قىلساق، ئۇنىڭ بىلەن قايتىدىن قەد كۆتۈرەلەيمىز. ئەمما بىزنىڭ شۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئىشلىشىمىز، ئەمەل قىلىشىمىز شەرتتۇر. ئەگەر بىز ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىشلىمىسەك، جاننى، مالنى پىدا قىلىشنى بىلمىسەك، بىزنىڭ توغرا ئەقىدىمىز، ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانىمىز، ئىسلامغا بولغان مۇھەببىتىمىز بىزگە ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، غەلىبە تىنىمسىز ئىشلەش، كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشىش، بارچە سەۋەبلەرنى قىلىش، ئاندىن ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ بىلەن تايىنىش ئارقىلىقلا قولغا كېلىدۇ. ئەمەلسىز دۇئا ۋە تەۋەككۇل ئىشقا يارىمايدۇ.

هازىرقى ئۇچۇر دەۋرىدە مۇسۇلمانلار ئىسلامنى بىلمىدىم، ھەقىقەتنى

چۈشەنمىدىم دەپ ئۆزرە ئېيتالمايدۇ. ئېيتسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئەسىردىكى ئاساسلىق مەسىلە بىلگەنگە ئەمەل قىلماسلىقتا بولۇۋاتىدۇ. ئىززەت ۋە سەلتەنەتنىڭ ئىسلامنى ئەمەلىي ھاياتىمىزغا تەتبىق قىلىش بىلەن بولىدىغانلىقىغا بىز ھەممىمىز بىردەك ئىشىنىمىز، ئەمما ئەپسۇسكى، بىلگىنىمىزگە ۋە ئىشەنگىنىمىزگە ئەمەل قىلمايمىز.

كاپىرلارغا قاتتىق، مۆئمىنلەرگە مېھرىبان بولىدىغان ئاشۇ ئۆلگىلىك مۆئمىنلەرنىڭ قەلبى پارلاق، يۈزى نۇرلۇق كېلىدۇ. ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ سەجدە قىلىۋاتقان ۋە رۇكۇ قىلىۋاتقان ھالدا كۆرىسەن. يەنى ئۇلارنى دائىم ئىبادەت ئۈستىدە كۆرىسەن. مەلۇمكى ئىبادەتتىن شۇ ساناقلىق ئىبادەتلەرلا كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. چۈنكى، ئىبادەت – ئاللاھ تائالاغا تولۇق ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ تەلپىي بويىچە ياشاش ۋە ھەر ئىشتا ئۇنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن ھالدا ھەرىكەت قىلىش دېگەنلىكتۇر.

﴿ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئالامەتلىرى بار﴾ بۇ ئايەتتىكى «سەجدىنىڭ ئالامەتلىرى»دىن بەزى ئادەملەرنىڭ كۆپ سەجدە قىلغانلىقتىن پېشانىسىدە بەلگە بولۇپ قالىدىغان ئىز كۆزدە تۇتۇلغانمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. بەلكى شۇنداق پېشانىسىدە بەلگە بار كىشىلەردىن بەزىسىنىڭ دىلىدا پىرئەۋننىڭ كىبىرى، ئەبۇ جەھلنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن. ئايەتتىن – توغرىسىنى ئاللاھ تائالا بىلىدۇ، – قەلبى سۈزۈك، چىرايى ئوچۇق، مۇئامىلىسى دۇرۇس، ئەخلاقى گۈزەل مۆئمىنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، ئىچكى دۇنياسى پاكىز، دۇرۇس ۋە گۈزەل بولغان كىشىنىڭ تاشقى دۇنياسىدا ئۇنىڭ ئەسىرى كۆرۈنىدۇ. ھەقىقىي ئىماننىڭ ئالامىتى سىزنىڭ ھەرىكەتلىك بىر قۇرئانغا ئايلىنىشىڭىزدۇر، يەنى«قۇرئان كەرىم»نىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆزىڭىزدە مۇجەسسەم قىلغان، ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ئوبرازىنى ئۆزىڭىزدە نامايان قىلغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى ئۆزىڭىزگە يول قىلغان بولۇشىڭىزدۇر. ئەگەر سىز شۇنداق قىلسىڭىز، ھازىرقى مۇسۇلمانلاردا ئومۇملاشقان يالغان سۆزلەش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، ئالدامچىلىق قىلىش، كۆز بويامچىلىق قىلىش، ۋەزىپىنى قولنىڭ ئۇچىدا قىلىپ قويۇش قاتارلىق ناچار ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇپ، ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق بىلەن زىننەتلەنگەن بولىسىز.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي مۆئمىنلەرنىڭ «تەۋرات»تا بايان قىلىنغان سۈپەتلىرىدۇر. ئەمدى ئۇلارنىڭ «ئىنجىل»لاردىكى سۈپەتلىرىگە

كەلسەك، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ ئازلىقتىن كۆپلۈككە، ئاجىزلىقتىن قۇدرەتكە قاراپ تەرەققىي قىلىپ بارغانلىقىنى شۇنداق ئىپسىل بىر ئۇسۇلدا تەسۋىرلەپ بەرگەن. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دەۋىتىنى تۆت ئادەم بىلەن باشلىغان بولۇپ، ئۇلار: ئۆزى، ۋاپادار ئايالى ھەزرىتى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، يېقىن دوستى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلار ئىدى. ئۇلار ئازلىقتىن كۆپەيدى، ئاجىزلىقتىن كۈچەيدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: ﴿بىخ ئۈرۈپ چىقىپ، كۈچلىنىپ، غولى چوڭايغان، ئاندىن ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان، (بولۇقلۇقى ۋە كۆركەم كۆرۈنۈشى بىلەن) دېھقانلارنى مەمنۇن قىلغان بىر زىرائەتكە ئوخشايدۇ﴾ غان بولدى. ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كاپىرلارنى ھەسرەت چەككۈزۈش، ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى ئاشۇرۇش، روھىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن قىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ بىلەن كاپىرلارنىڭ ھەيۋىسى چۈشتى، ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتى ئاجىزلاشتى. ئارقىدىنلا دۇنيانى تىترىتىپ تۇرغان رىم ۋە ئىران ئىمپېراتورلۇقلىرى ئارقا-ئارقىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا غۇلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئىسلام بايرىقى يۈكسەلدى، مۇسۇلمانلار ئىززەت ۋە شان-شەرەپكە ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن كاپىرلارنىڭ ئوغىسى قايىندى، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا ۋە ئىسلامغا بولغان ئۆچمەنلىكى ھەسسىلەپ ئاشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ياۋروپادىكى خىرىستىيان مۇتەئەسسىپلىرىنى ھەرىكەتكە سېلىپ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئۆتتى. تارىختىكى سەككىز قېتىملىق ئەھلى سەلىب ئۇرۇشى ئەنە شۇنداق باشلاندى. ئىسلام دۈشمەنلىرى ھازىر خىرىستىيان دۇنياسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغىنى يوق. بەلكى يەھۇدىي قىساسچىلىرى، خىرىستىيان رادىكاللىرى، ئاتېئىزم سەپسەتىچىلىرى، ئىسلامنى ھاياتلىقتىن ئايرىش ئۈچۈن خىرىس قىلىدىغان سېكۇلارىزمچىلار ۋە ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدىن سانىۋالغان ئازغۇن پىرقىلەر ھەممىسى ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ئۆچمەنلىك قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆز دىنىنى ۋە مەدەنىيىتىنى تونۇمايدىغان جانباقارلارنى ئىشقا سېلىپ، شۇلارنىڭ قولى بىلەن دۈشمەنلىكلىرىنى يۈرگۈزۈپ كەلمەكتە. يەنە ئۇلار مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى قېنى قىزىق، ئىلمى يېتەرسىز، دىنىنى چۈشەنمەيدىغان ياشلارنىڭ كاللىسىنى دىن نامىدىن يۇيۇپ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلارغا ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى ئورۇنسىز ئۇرۇشلارغا سالدى.

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن ئىماندا مۇستەھكەم بولۇپ، ھاياتىنى ئۇنىڭ دىنىغا ئاتىغان، ئەمەللىرىنى ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئاساسەن توغرىلىغان ھالدا، ئاللاھ تائالاغا

ئىتائەتمەنلىك بىلەن ھايات كەچۈرگەنلەرگە بۈيۈك مەغپىرەت ۋە كاتتا ئەجىر-مۇكاپاتنى ۋەدە قىلدى. بۇ ۋەدە تاقىيامەتكىچە كۈچكە ئىگىدۇر. يەنى تاقىيامەتكىچە شۇنداق ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىگە ۋە مۇكاپاتىغا تېگىشلىك بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. بىز مۇسۇلمانلار دىنىمىزدا مۇستەھكەم، يۈرۈش-تۇرۇشىمىزدا دۇرۇس بولىدىكەنمىز، ئاللاھ تائالا بىزگە بەرگەن ۋەدىسىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىدۇر.

2. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارىسىدا رەھىمدىل بولۇشى، ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلغان كاپىرلارغا قاتتىق قول بولۇشى لازىم.

3. ناماز ئىسلام ئىبادەتلىرىنىڭ تاجىسىدۇر.

4. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل»دىكى سۈپەتلىرى ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ نەقەدەر يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى سۆيۈش ئىماندىن ۋە ئۇلارنى يامان كۆرۈش كۇفرىنىڭ ئالامەتلىرىدىن سانىلىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرىنى سۆيۈش ئىماننىڭ تەلىپىدۇر.

# ھۇجۇرات سۈرىسى

ھۇجۇرات سۈرىسى مەدىنىدە نازىل بولغان 18 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئۇنىڭغا بۇيرۇغان سۈرىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە مۇسۇلمانلارغا بىر-بىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قانداق ھۆرمەتلەش، دىيانەتسىز، پاسىق ئادەملەر ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىنى قانداق ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش تەلىماتلارنى بەرگەن. ئاخىردا ھەقىقىي ئىماننى، ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتىنى، شۇنداقلا پەزىلەتلىك ئەمەللەرنى ۋە گۈزەل ئەخلاقلارنى بايان قىلغان[1].

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى ئىمان ۋە ئەخلاق بىلەن يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن بەزى تەۋسىيەلەرنى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى تۆتىنچى ئايەتتىكى ﴿ٱلۡحُجُرَٰتِ﴾ يەنى «ھۇجرىلار» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان. بۇ سۈرە ئىسلامىي ئەدەپ-ئەخلاق ھەققىدە توختالغانلىقتىن، «ئەخلاق سۈرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## ◄ ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەۋقەسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تُقَدِّمُواْ بَيۡنَ يَدَيِ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن(باشلايمەن).

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 498- بەت.

1ـئى ئىمان ئېيتقانلار! (ھېچقانداق ئىشتا) ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان بىلەن سۈپەتلەنگەن ۋە ئىمانى بىلەن پەخىرلىنىدىغان مۆئمىنلەر! سىلەر ھېچبىر ئىشتا ۋە ھېچبىر سۆزدە ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەڭلار، گەرچە سىلەر پەرىشتىلەردەك بولالمىساڭلارمۇ، شۇلاردەك ئىتائەتمەن بولۇڭلار. ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرنى ﴿لَا يَسۡبِقُونَهُۥ بِٱلۡقَوۡلِ وَهُم بِأَمۡرِهِۦ يَعۡمَلُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ھېچقانداق سۆزدە ئاللاھنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ﴾[1] دەپ سۈپەتلىگەن. مەيلى گەپ-سۆزدە، مەيلى ئىش-ھەرىكەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ بەلگىلىگەنلىرىدىن ئېشىپ كەتمەڭلار، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسكە خىلاپ ئىش كۆرمەڭلار. ﴿وَمَآ ءَاتَىٰكُمُ ٱلرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَىٰكُمۡ عَنۡهُ فَٱنتَهُواْۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۖ إِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ﴾ يەنى ﴿پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر﴾[2].

ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش، توسقانلىرىنى تەرك ئېتىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇنىڭ غەزىپىگە ۋە ئازابىغا لايىق بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، گەپ-سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا بارلىق ئاۋازلارنى، دۇئالارنى، مۇناجاتلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى، تېخى قىلمىغانلىرىڭلارنى، ھەتتا كۆڭلۈڭلارغا كەلتۈرگەنلىرىڭلارنىمۇ ئېنىق ۋە تەپسىلىي بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالا ئەمەللىڭلارغا قاراپ سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

بۇ ئايەت دىنىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىدىن بىرىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، ھۆكۈم قىلىش ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئادالەتلىكى ۋە ئەڭ

---

[1] ئەنبىيا سۈرىسى:27ـئايەت.

[2] ھەشر سۈرىسى:7ـئايەت.

ئەۋزىلى ئىكەنلىكىدۇر. ﴿فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّىٰ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاش توغرىسىدا ساڭا ھۆكۈم چىقارغۇزمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە دىللىرىدا قىلچە غۇم قالماستىن رازى بولمىغۇچە ۋە ساڭا پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾[1].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى قىلىش، توسقانلىرىدىن يېنىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي مەجبۇ-رىيىتىدۇر.

2. قۇرئان ۋە ھەدىستە كۆرسىتىلگەنلەرگە ئەمەل قىلىش زۆرۈر بولغاندەك، بۇ ئىككى مەنبەدە بۇيرۇلمىغانلارنى ئىبادەت قاتارىغا كىرگۈ-زۈۋېلىش قەتئىي توغرا ئەمەس.

### ◄ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا سۆز قىلىشنىڭ ئەدەپلىرى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تَرْفَعُوٓا۟ أَصْوَٰتَكُمْ فَوْقَ صَوْتِ ٱلنَّبِىِّ وَلَا تَجْهَرُوا۟ لَهُۥ بِٱلْقَوْلِ كَجَهْرِ بَعْضِكُمْ لِبَعْضٍ أَن تَحْبَطَ أَعْمَـٰلُكُمْ وَأَنتُمْ لَا تَشْعُرُونَ ﴿٢﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَغُضُّونَ أَصْوَٰتَهُمْ عِندَ رَسُولِ ٱللَّهِ أُو۟لَـٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱمْتَحَنَ ٱللَّهُ قُلُوبَهُمْ لِلتَّقْوَىٰ ۚ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ عَظِيمٌ ﴿٣﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ يُنَادُونَكَ مِن وَرَآءِ ٱلْحُجُرَٰتِ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْقِلُونَ ﴿٤﴾ وَلَوْ أَنَّهُمْ صَبَرُوا۟ حَتَّىٰ تَخْرُجَ إِلَيْهِمْ لَكَانَ خَيْرًا لَّهُمْ ۚ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٥﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

2ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر تۇيماستىن ئەمەللىرىڭلارنىڭ بىكار بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، (پەيغەمبەرگە سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى

[1] نىسا سۈرىسى:65ـ ئايەت.

پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى كۆتۈرمەڭلار، بىر-بىرىڭلار بىلەن (تووۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار.

3-شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ ھۇزۇرىدا پەس ئاۋازدا گەپ قىلىدىغانلار، ئەنە شۇلار ئاللاھ دىللىرىنى تەقۋالىق ئۈچۈن سىناقتىن ئۆتكۈزگەن كىشىلەردۇر. ئۇلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا مۇكاپات بار.

4-(ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سېنى ھۇجرىلىرىڭنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ تووۋلايدىغانلارنىڭ تولىسى ئەقىلسىز كىشىلەردۇر.

5-سەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققانغا قەدەر ئۇلار سەۋر قىلىپ تۇرغان بولسا، ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر.

### تەپسىرى

ئى ئاللاھ تائالاغا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! سىلەر پەيغەمبىرىڭلارغا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا تووۋلاپ سۆز قىلىپ ئاۋازىڭلارنى ئۇنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆز قىلماڭلار، تۆۋەن ئاۋازدا، ئەدەپلىك سۆز قىلىڭلار، خۇددى بىر ئىنتائەتچان بالىنىڭ ئاتىسى ئالدىدا سۆز قىلغىنىغا ئوخشاش ئەدەپلىك سۆز قىلىڭلار.

ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن زامانداش بولۇش ۋە ئۇنىڭ سۆھبىتىگە نائىل بولۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان بەختلىك مۇئمىنلەرگە ئەڭ ئېسىل ۋە ئەڭ گۈزەل قائىدە-يوسۇنلارنى ئۆگەتكەن، ئۇلارنى خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەربىيەلىگەندەك گۈزەل ئەخلاق بىلەن تەربىيەلەپ چىققان ئىدى. ۋەھيىنىڭ تەربىيەسى بىلەن ئەڭ يۇكسەك ئىنسانىي ئەخلاققا ئىگە بولغان بۇ ساھابىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا تۆۋەن ئاۋازدا سۆز قىلىشتىن باشلاپ بىر قاتار گۈزەل ئەخلاق قائىدىلىرىنى ئۆگەتكەنلىكى ئۇلارنى ئەخلاق ۋە دىيانەت بابىدا تېخىمۇ كامالىغا يەتكۈزۈش ۋە كېيىنكىلەر ئۈچۈن مۇسۇلمانلىقنىڭ نەمۇنىسى قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرگىز ئۆزىنى چوڭ تۇتمايتتى، كىشىلەرگە چوڭچىلىق قىلمايتتى، ھەمىشە كەمتەرلىك بىلەن ئىش كۆرەتتى. ئۇ پۈتۈن ئىشلاردا ئىنسانىيەتكە ئۈلگە بولغىنىدەك، كەمتەرلىك بىلەن ھايا بابىدىمۇ ئۇلارغا يۇكسەك ئۈلگە ئىدى. ئۇ ھەمىشە ئۈممىتىنىڭ

غىمىدە بولۇپ، كۆپ تەپەككۇر قىلاتتى، ئاز سۆزلەيتتى. ئەمما كىرەك بولغان ۋەز-نەسىھەتنى ھەرگىز كېچىكتۈرمەيتتى. ئەرەبلەر ئۇمۇمەن تەبىئىتى قوپال، گەپنى سىلىق قىلمايدىغان بىر خەلق بولغانلىقتىن، بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا توۋلاپ گەپ قىلاتتى. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى راھەتسىز قىلماي قالمايتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆز قىلغان چېغىدا سىلىق، يۇمشاق ۋە ئەدەپلىك سۆز قىلىشقا بۇيرۇغان، شۇنداقلا ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى ئاۋازدا توۋلاپ گەپ قىلىشتىن مەنئى قىلغان. بۇ ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ئۇلار تۇيماستىن بىكار بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى، بىراۋ ئۆزى ئادەتلىنىپ قالغان ئىشنى ئويلىماستىن، توغرا-خاتالىقىنى بىلمەستىن قىلىۋەرسە، كېيىنچە بۇ ئادەتنىڭ ياخشى ئەمەللەرنى يەپ كېتىدىغان يامان ئەمەل قاتارىدىن بولۇپ قېلىش قورقۇنچىسى بار. شۇڭا ئۇلار بۇ ماۋزۇدا ئاگاھلاندۇرۇلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا ئاۋازىنى تۆۋەن قىلىدىغان ۋە ئۇنى توۋلاپ راھەتسىز قىلمايدىغان كىشىلەر ئاللاھ تائالا ھەر خىل سىناقلار بىلەن دىللىرىنى پاكلىغان، ساپلاشتۇرغان ۋە تەقۋالىققا لايىق قىلغان كىشىلەردۇر. ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ بۇ گۈزەل ئەخلاقى يۈزىسىدىن كاتتا مەغپىرەت ۋە چوڭ مۇكاپات بار.

مۇپەسسىرلەر ﴿ٱمۡتَحَنَ ٱللَّهُ قُلُوبَهُمۡ لِلتَّقۡوَىٰۚ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە تەبەري «ئۇلار ئاللاھ دىللىرىنى سىنىغاندىن كېيىن، تەقۋالىققا تاللىغان كىشىلەردۇر. خۇددى ئالتۇن ئوتتا قىزىتىلىش ئارقىلىق ساپلاشتۇرۇلغاندەك، ئۇ كىشىلەرنىڭ دىللىرىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ سىنىقىدىن كېيىن پاكلىنىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىدىغان، گۇناھتىن يىراق تۇرىدىغان قىلىپ تاللانغان بولىدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان. يەنە ئۇ قەتادەنىڭ «ئۇلار ئاللاھ دىللىرىنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەرگە خاس قىلغان كىشىلەردۇر» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان[1]. ئەللامە قۇرتۇبىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ «ئۇلار ئاللاھ دىللىرىنى بارچە يامانلىقلاردىن تازىلاپ، ئورنىغا تەقۋالىقنى يەرلەشتۈرگەن كىشىلەردۇر»[2] دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى بايان قىلغان.

---

[1] «تفسير الطبري» 22-توم، 282-بەت.

[2] «تفسير القرطبي» 16-توم، 280-بەت.

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بىر قانچە كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ: ‹ئى مۇھەممەد!› دەپ چاقىردۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن﴿(ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سېنى ھۇجرىلىرىڭنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ توۋلايدىغانلارنىڭ تولىسى ئەقىلسىز كىشىلەردۇر﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولىدۇ.[1]» بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە كۆپلىگەن ھەدىسلەر كەلگەن. ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى نېمە بولسا بولسۇن، ئۇنىڭ مەنىسى ئومۇمىيلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋارقىراپ چاقىرغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئەقىلسىز ئىنسانلار ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەدەپسىزلىكى ۋە چاقىرىشنىڭ، سۆز قىلىشنىڭ ئومۇمىي قائىدە-يوسۇنلىرىنى، شۇنداقلا زىيارەت ئۈچۈن مۇناسىپ ۋاقىت تاللاشنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ﴿ئەقىلسىز كىشىلەردۇر﴾ دەپ سۈپەتلەنگەن. ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىدىن چىققۇچە سەۋر قىلىپ تۇرسا ئىدى، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈندۈزدىكى كۆپىنچە ۋاقىتلىرىنى ساھابىلىرى بىلەن بىللە ئۆتكۈزەتتى، پەقەت ئارام ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىتلاردىلا ئۇلاردىن ئايرىلاتتى.

دېمەك، «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارغا كېرەكلىك بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆگەتكەن، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئەدەپ-ئەخلاق قائىدىلىرىدىن ھېچ نەرسىنى قالدۇرۇپ قويمىغان. نەتىجىدە، مۇسۇلمانلارنى ئەڭ گۈزەل ئەخلاق ۋە ئەڭ ئالىي پەزىلەتلەر بىلەن يېتىشتۈرگەن.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغاندا ياكى ئۇنىڭ ھەدىسى ئوقۇلغاندا، يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماسلىق ۋە ئەدەپلىك بولۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.

2. ئەرەبلەردە: «سەۋرچانلىقتا سالامەتلىك، ئالدىراقسانلىقتا پۇشايمان

[1] «أسباب النزول للواحدي»201- بەت.

بار» دېگەن ماقال بار.

3. بىراۋنىڭ ئۆيىگە ئەدەپ بىلەن ئىجازەت سوراپ كىرىش ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقتۇر.

4. پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالارغىمۇ سىلىق ۋە ئەدەپلىك سۆز قىلىش لازىم.

### ◄ خەۋەر قوبۇل قىلىشتا ئۇنى ئېنىقلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن جَآءَكُمۡ فَاسِقُۢ بِنَبَإٖ فَتَبَيَّنُوٓاْ أَن تُصِيبُواْ قَوۡمَۢا بِجَهَٰلَةٖ فَتُصۡبِحُواْ عَلَىٰ مَا فَعَلۡتُمۡ نَٰدِمِينَ ۝٦ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ فِيكُمۡ رَسُولَ ٱللَّهِۚ لَوۡ يُطِيعُكُمۡ فِي كَثِيرٖ مِّنَ ٱلۡأَمۡرِ لَعَنِتُّمۡ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ حَبَّبَ إِلَيۡكُمُ ٱلۡإِيمَٰنَ وَزَيَّنَهُۥ فِي قُلُوبِكُمۡ وَكَرَّهَ إِلَيۡكُمُ ٱلۡكُفۡرَ وَٱلۡفُسُوقَ وَٱلۡعِصۡيَانَۚ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلرَّٰشِدُونَ ۝٧ فَضۡلٗا مِّنَ ٱللَّهِ وَنِعۡمَةٗۚ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ۝٨﴾

### ◄ تەرجىمىسى

6ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلمەستىن) بىرەر قەۋمگە يامانلىق قىلىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئۇ خەۋەرنى ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار.

7ـ8ـ بىلىڭلاركى، ئاراڭلاردا ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بار. ئەگەر ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىدىغان بولسا، چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار. لېكىن ئاللاھ سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلارنىڭ زىننىتى قىلدى، سىلەرگە كۇفرىنى، بۇزۇقچىلىقنى ۋە ئاسىيلىقنى يامان كۆرسەتتى. توغرا يولدا بولغۇچىلار ئەنە شۇلاردۇر، (بۇ) ئاللاھتىن كەلگەن پەزل ۋە نېمەتتۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

### ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەلىد ئىبنى ئۇقبە دېگەن ئادەمنى بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ زاكىتىنى يىغىپ كېلىشكە بۇيرۇغان

بولۇپ، بۇنى ئاڭلىغان بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىسى ۋەلىدنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ھازىرلانغان ئىدى. ئەمما ۋەلىد بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ ئەلچىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ھازىرلانغانلىقىنى كۆرۈپ، يامان ئويدا بولدۇ، جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆزى بىلەن بۇ قەبىلە ئارىسىدا بولغان ئاداۋەتنى ئېسىگە ئالدۇ، ئۇلارنى ئۆزى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييارلانغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىپ يولدىن قايتىپ كېتىدۇ. ۋەلىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، يالغاندىن بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنى زاكات بېرىشتىن باش تارتتى دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنىڭغا ئاچچىقى كېلىدۇ. شۇ ئارىدا بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى ۋەلىدنىڭ يولدىن قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىدۇ ۋە: «يارەسۇلۇللاھ! بىز ئۆزلىرىنىڭ بىزدىن زاكات يىغىشقا ئادەم ئەۋەتكەنلىكلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى كۈتۈۋېلىشقا چىققان ئىدۇق. كېيىن بىزگە ئۇنىڭ يولدىن قايتىپ كەتكەنلىك خەۋىرى كېلىشى بىلەن ئۆزلىرىگە ئەمەلىي ئەھۋالدىن خەۋەر بېرەيلى دەپ كەلدۇق» دەيدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىقى ئايەت نازىل بولدۇ[1].

### ◄ تەپسىرى

ئى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەر! دىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئانچە ئەمەل قىلىپ كەتمەيدىغان، يالغان ئېيتىشتىن قورقمايدىغان ئادەملەردىن بىرى سىلەرگە بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، ئاۋۋال ئۇ خەۋەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار. بۇ سىلەرنىڭ خاتالىقلارغا چۈشۈپ قالماسلىقىڭلار، يالغانغا ئىشىنىپ كېتىپ، ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلمەي تۇرۇپ، بىرەر قەۋمگە ياكى جامائەگە ۋەياكى بىرەر شەخسكە زىيان يەتكۈزۈپ قويماسلىقىڭلار ۋە بۇ سەۋەبلىك پۇشايماندا قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر. بىر قېتىملىق يالغان تۈپەيلىدىن قانچىلىغان يېقىن دوستلارنىڭ دۈشمەنلىشىپ ئايرىلىپ كەتكەنلىكى، قانچىلىغان ئىناق ئائىلىلەرنىڭ بۇزۇلغانلىقى ۋە قانچىلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قۇرۇق تۆھمەتنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەنلىكى بىر رېئاللىقتۇر. يالغان خەۋەرنى ئېنىقلىماستىن ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كېتىشنىڭ بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان پالاكەتلىرى ۋە خەتەرلىرى بار.

يالغانچى ئادەم پاسىق، گۇناھكار ئادەمدۇر. مۇنداق ئادەملەرنىڭ

---

[1] «أسباب نزول القرآن للواحدي» 1-توم، 407-بەت.

سۆزلىرىگە ئىشىنىش چوڭ خاتالىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يالغانچىلىقنى سۆكۈپ، راستچىللىقنى ماختاپ مۇنداق دېگەن: «عَلَيْكُمْ بِالصِّدْقِ، فَإِنَّ الصِّدْقَ يَهْدِي إِلَى الْبِرِّ، وَإِنَّ الْبِرَّ يَهْدِي إِلَى الْجَنَّةِ، وَمَا يَزَالُ الرَّجُلُ يَصْدُقُ وَيَتَحَرَّى الصِّدْقَ حَتَّى يُكْتَبَ عِنْدَ اللهِ صِدِّيقًا، وَإِيَّاكُمْ وَالْكَذِبَ، فَإِنَّ الْكَذِبَ يَهْدِي إِلَى الْفُجُورِ، وَإِنَّ الْفُجُورَ يَهْدِي إِلَى النَّارِ، وَمَا يَزَالُ الرَّجُلُ يَكْذِبُ وَيَتَحَرَّى الْكَذِبَ حَتَّى يُكْتَبَ عِنْدَ اللهِ كَذَّابًا» يەنى «ھەمىشە راستچىل بولۇڭلار! چۈنكى راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. كىمكى ھەمىشە راست گەپ قىلسا ۋە راست گەپ قىلىشقا ئەھمىيەت بەرسە، ئۇ كىشى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا راستچىل بەندە بولۇپ يېزىلىدۇ؛ سىلەر ھەرقانداق يالغانچىلىقتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى يالغانچىلىق كىشىنى ئاسىيلىققا، ئاسىيلىق دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ. كىمكى ھەمىشە يالغان ئېيتسا ۋە يالغانچىلىقنى تاشلىمىسا، ئۇ كىشى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يالغانچى بولۇپ يېزىلىدۇ»[1].

ھەرقانداق بىر خەۋەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كېتىش تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز يامان ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق بەندىلىرىگە خەۋەرلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىدۇ ۋە ئېنىقلىماي تۇرۇپ، بىرەر خەۋەر ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ۋەلىد ئىبنى ئۇقبە دېگەن ئادەم يالغان خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر ئۇنىڭ خەۋىرىنىڭ راستلىقىدىن شەك قىلغان. شۇنداقتىمۇ بەزى ساھابىلەر بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىگە قارشى ئۇرۇش ئېچىش تەكلىپىنى بەرگەن بولسا، يەنە بەزىلىرى ئالدىراپ ئىش كۆرمەستىن بىر ئاز كېچىكىشنى ۋە خەۋەرنىڭ ئەسلىنى ئېنىقلاشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى.

ئى ئىسلامنىڭ ئەڭ پارلاق دەۋرىدە ياشاۋاتقان ساھابىلەر! ئۇنتۇ-ماڭلاركى، ئاراڭلاردا ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بار، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش سىلەر ئۈچۈن پەرزدۇر. چۈنكى، بارلىق ياخشىلىق ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭ يولىدا ئىزچىل مېڭىش بىلەن بولىدۇ.

[1] «صحيح مسلم» 4-توم، 2013-بەت، 2607-ھەدىس، «صحيح البخاري» 8-توم، 25-بەت، 6094 - ھەدىس.

بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن زامانداش بولالمىغان بولساقمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ نۇرلۇق سۈننىتى ۋە بارلىق دىنىي تەلىماتلىرى بىلەن ھەمىشە بىز بىلەن بىللىدۇر، ئۇ بىزنىڭ قەلبىمىزدە ياشىنىماقتا. ھەقىقىي مۆئمىن ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا سادىق بولىدۇ، ئۇنىڭ يولىدا ئىزچىل يۈرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۆئمىنلەرگە ئىماننى ۋە ئىتائەتنى سۆيدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قەلبىگە يەرلەشتۈردى، كۇفرىنى، ئىتائەتسىزلىكنى، پاسىقلىقنى، بۇزغۇنچىلىقنى ۋە ھەرقانداق گۇناھ-مەئسىيەتنى ئۇلارغا يامان كۆرسىتىپ، ئۇلارنى بۇ ئىشلاردىن يىراق قىلدى. ئەنە شۇنداق سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان مۇسۇلمانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بارلىق ئىشلىرىدا توغرا يولنى تاپقان، ھەققانىيلىق ۋە دۇرۇسلۇق ئۈستىدە بولغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بۇ پەزىلەتنى ئىنئام ۋە مەرھەمەت قىلىش تەرىقىسىدە ئاتا قىلغان بولدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىدىغان، ھەرقانداق ئىشنى ھېكمەت ۋە دانالىق بىلەن قىلىدىغان زاتتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسۇلمان ئادەم ھەرقانداق بىر خەۋەرنى ئېنىقلاپ كۆرمەستىن، ئىش كۆرمەسلىكى لازىم. چۈنكى، دۇنيادا نۇرغۇن ئىشلار كۆرۈنگەندەك چىقمايدۇ.

2. مۆئمىن ئادەمگە ئاتا قىلىنغان ئەڭ چوڭ نېمەت ئۇنىڭ قەلبىگە ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتى ئورنىغانلىقى ۋە كۇفرىنى يامان كۆرگەنلىكىدۇر.

### ◄ ئىچكى نىزالارنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟

﴿وَإِنْ طَآئِفَتَانِ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ٱقْتَتَلُواْ فَأَصْلِحُواْ بَيْنَهُمَا ۖ فَإِنْ بَغَتْ إِحْدَىٰهُمَا عَلَى ٱلْأُخْرَىٰ فَقَٰتِلُواْ ٱلَّتِي تَبْغِي حَتَّىٰ تَفِيٓءَ إِلَىٰٓ أَمْرِ ٱللَّهِ ۚ فَإِن فَآءَتْ فَأَصْلِحُواْ بَيْنَهُمَا بِٱلْعَدْلِ وَأَقْسِطُوٓاْ ۖ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُقْسِطِينَ ۝٩ إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ فَأَصْلِحُواْ بَيْنَ أَخَوَيْكُمْ ۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ۝١٠﴾

## تەرجىمىسى

9ـ ئەگەر مۆئمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تەرەپ تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار (ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە) قايتسا، (ھېچقايىسى تەرەپكە يان باسماي) ئۇلارنى ئادىللىق بىلەن ئەپلەشتۈرۈپ قويۇڭلار، (ھەر ئىشتا) ئادالەتلىك بولۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

10ـ مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر، ئىككى قېرىندىشىڭلار (ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلار)نىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار. رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

## تەپسىرى

مۇسۇلمانلار ئىككى تەرەپ بولۇپ ئۇرۇشۇپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دەرھال تۈزەپ، ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر. ھەربىر مەھەللىدىكى مۇسۇلمانلار جامائەسى مەھەللىسىدىكى نىزالارنى شۇنداق ھەل قىلىدۇ. ئىسلام شەرىئىتى تەتبىق قىلىنىدىغان دۆلەتلەردە بۇ ۋەزىپە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بويىچە ئىش كۆرىدۇ، ئۇلارنى يارىشىشقا ۋە ئارىدىكى دۈشمەنلىكنى ئۇنتۇپ كېتىشكە چاقىرىدۇ. ئىككى تەرەپ ئۇرۇشۇش جەريانىدا ئادەم ئۆلۈش ياكى يارىلىنىش ئەھۋالى يۈز بەرگەن بولسا، ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان تەرەپنىڭ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان تەرەپتىن ئالىدىغان قىساسى بولسا قىساس ئېلىپ بېرىدۇ، دىيەت تۆلەشكە تېگىشلىك بولسا دىيەت تۆلىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نىزالارنى تۈگىتىدۇ.

ناۋادا بۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئەپلىشىشنى قوبۇل قىلماي، قارشى تەرەپكە يولسىزلىق قىلىپ تاجاۋۇز قىلسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ يولسىزلىق قىلغان تەرەپكە قارشى ئۇرۇش ئېچىش ۋەزىپىسى بار. بۇ ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىگە قايتۇرۇش ۋە زۇلۇمنى توختىتىش ئۈچۈندۇر. ئۇرۇشقاندىن كېيىن يولسىزلىق قىلغان تەرەپ ئەگەر يامانلىقنى توختاتسا ۋە ئۇرۇشتىن قول ئۈزسە، بۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمان ئىش باشقۇرغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ھېچقايىسىغا يان

باسماي، ئادالەتلىك بولۇپ ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويىدۇ. بىر-بىرىدىن تارتىپ ئېلىنغان ھەقلەرنى ئادالەت بىلەن ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرىدۇ، قىساسى بولسا ئېلىپ بېرىدۇ. (مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى مۇنداق ئىچكى ئۇرۇشنىڭ فىقھى كىتابلاردا مەخسۇس ئەھكاملىرى بار). ناۋادا ئۆزئارا ئۇرۇشقان ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنى ھەقلىق ساناپ ئۇرۇشتىن قول ئۈزمىسە، ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرىكەتكە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئۇرۇشىنى توختىتىش، مۇسۇلمانلارنىڭ جېنىنى، مال-مۈلۈكىنى ھالاك بولۇشتىن قوغداپ قېلىش مەجبۇرىيىتى بار.

ئىسلام شەرىئىتى تەتبىق قىلىنمايدىغان جايلاردا، بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان ياكى نىزالىشىپ قالغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش مەسئۇلىيىتى شۇ مەھەللىدىكى جامائەتچىلىككە يۈكلىنىدۇ. ئەھلى جامائەت ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويىدۇ، دەۋا ئىشلىرى بولسا سورايدۇ.

﴿مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر﴾ دېگەن بۇ ئايەت ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتتە بۇيرۇغان ئىككى تەرەپنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشنى تەكىتلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىدۇ. ئىسلام نەزىرىدە دىنىي قېرىنداشلىق نەسەبتىكى قېرىنداشلىقتىن ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا قېرىنداشلىقى ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى ساقلاپ قالىدىغان قۇۋۋەتتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئىمان رىشتىسىنىڭ نەسەب رىشتىسىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ۋە مۇسۇلمانلار ئۆزئارا زىددىيەتلىشىپ قالسا، ياكى ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ، ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش لازىملىقىنى تەكىتلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَا تَحَاسَدُوا، وَلَا تَنَاجَشُوا، وَلَا تَبَاغَضُوا، وَلَا تَدَابَرُوا، وَلَا يَبِعْ بَعْضُكُمْ عَلَى بَيْعِ بَعْضٍ، وَكُونُواْ عِبَادَ اللهِ إِخْوَانًا الْمُسْلِمُ أَخُو الْمُسْلِمِ، لَا يَظْلِمُهُ وَلَا يَخْذُلُهُ، وَلَا يَحْقِرُهُ التَّقْوَى هَاهُنَا» وَيُشِيرُ إِلَى صَدْرِهِ ثَلَاثَ مَرَّاتٍ «بِحَسْبِ امْرِئٍ مِنَ الشَّرِّ أَنْ يَحْقِرَ أَخَاهُ الْمُسْلِمَ، كُلُّ الْمُسْلِمِ عَلَى الْمُسْلِمِ حَرَامٌ، دَمُهُ، وَمَالُهُ، وَعِرْضُهُ» يەنى «بىر-بىرىڭلارغا ھەسەت قىلىشماڭلار، ئۆزۈڭلار ئالمايدىغان مالنى باشقىلارغا سېتىش ئۈچۈن ئۇلارنى زىيانغا ئۈچرىتىپ بۇ مالنى ماختاپ باھاسىنى ئاشۇرماڭلار، بىر-بىرىڭلارغا ئاداۋەت تۇتماڭلار، بىر-بىرىڭلارغا تۈزاق قۇرۇشماڭلار، بىر-بىرىڭلارنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلماڭلار، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئۆزئارا قېرىنداش بولۇڭلار! مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ياردەمگە موھتاج بولغان چېغىدا ئۇنى

تەرك ئەتمەيدۇ، ئۇنى خار كۆرمەيدۇ». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆكسىگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «تەقۋالىق بۇ يەردە!» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. ئۇ يەنە: «ئىنساننىڭ گۇناھكار بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشىنى خار كۆرۈشى يېتەرلىكتۇر، مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماننى بوزەك قىلىشى قەتئىي ھارامدۇر، ئۇنىڭ قېنىنى تۆكۈش، مال-مۈلۈكى ۋە نومۇسىغا تېگىش ھارامدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىش بارلىق نىزالارنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسىدۇر. چۈنكى، تەقۋادار بولغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسۇلمانلاردىن ئارىسى بۇزۇلغانلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەش مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر.

2. مۇسۇلمانلاردىن ھەددىدىن ئېشىپ باشقىلارغا زۇلۇم قىلغانلارنى ئەدەپلەش يەنىلا مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر.

3. مەيلى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىدا بولسۇن، مەيلى مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ ئىشىدا بولسۇن، ھۆكۈمدە ئادالەتلىك بولۇش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزدۇر.

4. ئىسلامىي قېرىنداشلىق بارلىق يېقىنلىق رىشتىلىرىدىن كۈچلۈكتۇر. دىنىمىز بۇ قېرىنداشلىقنى ئېغىز بىلەنلا ئەمەس، ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

### ◄ ئىجتىمائىي ئىشلاردىكى ئىلاھىي تەلىماتلار

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا يَسۡخَرۡ قَوۡمٞ مِّن قَوۡمٍ عَسَىٰٓ أَن يَكُونُواْ
خَيۡرٗا مِّنۡهُمۡ وَلَا نِسَآءٞ مِّن نِّسَآءٍ عَسَىٰٓ أَن يَكُنَّ خَيۡرٗا مِّنۡهُنَّۖ وَلَا
تَلۡمِزُوٓاْ أَنفُسَكُمۡ وَلَا تَنَابَزُواْ بِٱلۡأَلۡقَٰبِۖ بِئۡسَ ٱلِٱسۡمُ ٱلۡفُسُوقُ
بَعۡدَ ٱلۡإِيمَٰنِۚ وَمَن لَّمۡ يَتُبۡ فَأُوْلَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّـٰلِمُونَ ١١ يَـٰٓأَيُّهَا
ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱجۡتَنِبُواْ كَثِيرٗا مِّنَ ٱلظَّنِّ إِنَّ بَعۡضَ ٱلظَّنِّ إِثۡمٞۖ وَلَا

[1] «صحيح مسلم» 4-توم، 1986-بەت، 2564-ھەدىس.

تَجَسَّسُواْ وَلَا يَغْتَب بَّعْضُكُم بَعْضًاۚ أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَن يَأْكُلَ
لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ تَوَّابٌ رَّحِيمٌ ﴿١٢﴾
يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَٰكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَىٰ وَجَعَلْنَٰكُمْ شُعُوبًا
وَقَبَآئِلَ لِتَعَارَفُوٓاْۚ إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ ٱللَّهِ أَتْقَىٰكُمْۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ
خَبِيرٌ ﴿١٣﴾

## تەرجىمىسى

11ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى مەسخىرە قىلمىسۇن، بەلكىم مەسخىرە قىلىنغۇچى قەۋم مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. ئاياللارمۇ (باشقا) ئاياللارنى مەسخىرە قىلمىسۇن، بەلكىم مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. بىر-بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنى (يامان) لەقەملەر بىلەن چاقىرماڭلار، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن پاسىق دېگەن ئاتاقتا قېلىش نېمىدېگەن يامان! كىمكى (بۇنداق ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمايدىكەن، ئەنە شۇلار زالىملاردۇر.

12ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! (بىر-بىرىڭلار ھەققىدە) تولا گۇمان قىلىشتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى، بەزى گۇمانلار گۇناھتۇر. بىر-بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامدۇ؟ ئەنە ئۇنىڭدىن يىرگەندىڭلار. ئاللاھتىن قورقۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

13ـ ئى ئىنسانلار! شەكسىزكى، بىز سىلەرنى بىر ئەر، بىر ئاياللدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە قەبىلىلەر قىلدۇق. شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىدىغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلاردۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.

## تەپسىرى

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى مەسخىرە قىلمىسۇن، بەلكىم مەسخىرە قىلىنغۇچى قەۋم مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق

بولۇشى مۇمكىن﴾ . ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بىزنى كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىشتىن مەنئى قىلغان بولۇپ، بۇ رەزىل قىلىقتىن مەنئى قىلىشتا بىزگە مۇئمىنلىك سۈپىتىمىز بىلەن خىتاب قىلغان ۋە بۇ سۈپىتىمىزنى بىزگە ئەسلەتكەن. بۇ ئاللاھ تائالا تەربىيەدىن بىزگە ئۆگىتىلىۋاتقان گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئىماننىڭ تەلىپى ۋە تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. شۇڭا ئۆلىمالار گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ قولدىشىدۇر، دەيدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى، بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنى مەسخىرە قىلمىسۇن. چۈنكى، كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش ۋە ئۇلارنى كۈلكە ئوبيېكتى قىلىۋېلىش شەيتاننى خۇش قىلىدىغان، ئادەمنى گۇناھقا ئېلىپ بارىدىغان، يامانلىققا تۈرتكە بولىدىغان، مۇئمىنلەر ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلىدىغان ۋە ئاللاھ تائالانى غەزەپلەندۈرىدىغان رەزىللىكتۇر. مەسخىرە قىلغۇچىلار رەزىللىككە پاتقان، گۈزەل ئەخلاقتىن، ئېسىل خىسلەتتىن ۋە ياخشى سۈپەتتىن نېسىۋىسى بولمىغان بەختسىزلەردۇر. بىراۋنى مەسخىرە قىلىش مەسخىرە قىلغۇچىنىڭ رەزىللىكىگە ۋە ئەخلاقىنىڭ ناچارلىقىغا دەلىلدۇر. ئاياللارنىڭمۇ بىر-بىرىنى مەسخىرە قىلىشى توغرا ئەمەس، ئۇلارنىڭ مەيلى ئاياللارنى، مەيلى ئەرلەرنى، قانداقلا بىر ئادەمنى مەسخىرە قىلىشى قەتئىي دۇرۇس ئەمەس. بۇنداق قىلغۇچىلار دىنىمىزدا ھارام قىلىنغان قەبىھ گۇناھنى سادىر قىلغان بولىدۇ. ئىنسانلار بىراۋلارنى ئۆزلىرىدىن تۆۋەن كۆرۈپ ياكى كۆزگە ئىلماي مەسخىرە قىلىغىنى بىلەن، مەسخىرە قىلىنغان ئاشۇ شەخسلەر كۆپ ھاللاردا مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ئەۋزەل ۋە ياخشى بولۇپ چىقىدۇ.

﴿بىر-بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنى (يامان) لەقەملەر بىلەن چاقىرماڭلار﴾ مۇئمىنلەر بىر تەنگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنى ئەيىبلىگەنلىكى ئۆزىنى ئەيىبلىگەنلىكىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، باشقىلارنى ئەيىبلىگەنلىك ئۆزىنىڭ ئەيىبلىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىگە: «إِنَّ مِنْ أَكْبَرِ الْكَبَائِرِ أَنْ يَلْعَنَ الرَّجُلُ وَالِدَيْهِ» يەنى «بىراۋنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تىللىشى چوڭ گۇناھتۇر» دېگەندە، ئۇلار: «يا رەسۇلۇللاھ! بىراۋ ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تىللامدۇ؟» دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «يَسُبُّ الرَّجُلُ أَبَا الرَّجُلِ، فَيَسُبُّ أَبَاهُ، وَيَسُبُّ أُمَّهُ فَيَسُبُّ» يەنى «بىراۋ باشقا بىرىنىڭ ئاتىسىنى تىللايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ ئۇنىڭ ئاتىسىنى تىللايدۇ، ئۇنىڭ ئانىسىنى تىللايدۇ، ئۇمۇ ئۇنىڭ

ئانىسىنى تىللايدۇ»[1] دېگەن. مۇھەددىس ئالىملار بۇ ھەدىسنى سەن بىراۋنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تىللىساڭ، ئۇمۇ سېنىڭ ئاتا-ئاناڭنى تىللايدۇ، شۇنىڭ بىلەن سەن ئۆزۈڭنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تىللىغان بولىسەن، دەپ شەرھلىگەن.

﴿بىر-بىرىڭلارنى (يامان) لەقەملەر بىلەن چاقىرماڭلار﴾ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئۆزلىرى ياقتۇرىدىغان، چىرايلىق ئىسىم بىلەن چاقىرىشقا بۇيرۇغان. ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى يامان سۆزلەرنى قىلىشتىن مەنئى قىلىشتا ئىشنى ئەڭ يامىنىدىن ۋە زىيىنى ئەڭ چوڭ بولغىنىدىن باشلاپ، ئاۋۋال مەسخىرە قىلىشتىن، ئاندىن ئەيىبلەشتىن، ئاندىن يامان لەقەملەر بىلەن چاقىرىشتىن توسقان. مەسخىرە قىلىش بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ گۇناھ ۋە ئەڭ ناچار قىلمىشتۇر. ئەمما بىراۋنى ئۆزى يامان كۆرمەيدىغان ۋە رەنجىپ قالمايدىغان لەقىمى بىلەن چاقىرىش گۇناھ ئەمەس. چۈنكى، مەشھۇر بولۇپ قالغان لەقىمى بىلەن چاقىرىلغان كىشىلەرنىڭ تولىسى – ناۋادا بۇ لەقەم ئۆزى يامان كۆرىدىغان سەت لەقەملەردىن بولمىسىلا، – بۇنداق چاقىرىلىشتىن رەنجىپ قالمايدۇ. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەري بۇ ئايەتتە مەنئى قىلىنغىنى بىراۋنى ئۆزى يامان كۆرىدىغان لەقىمى بىلەن چاقىرىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان[2]. تەپسىرى جەزائىرىيدا ﴿وَلَا تَنَابَزُواْ بِٱلۡأَلۡقَٰبِۖ﴾ دېگەن ئايەتكە «مۇسۇلمان ئادەم ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ئۇ يامان كۆرىدىغان لەقەمنى قويمىسۇن» دەپ مەنە ئېيتىلغان[3].

﴿بِئۡسَ ٱلِٱسۡمُ ٱلۡفُسُوقُ بَعۡدَ ٱلۡإِيمَٰنِۚ﴾ دېگەن ئايەتكە ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەري مۇنداق مەنە ئېيتقان: «كىمكى ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، مۆئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىش، ئەيىبلەش ۋە يامان كۆرىدىغان لەقەملىرى بىلەن چاقىرىش قاتارلىق بىز يۇقىرىدا مەنئى قىلغان گۇناھلارنى قىلىدىكەن، ئۇ پاسىقتۇر، يەنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىدۇر. شۇڭا سىلەر بۇ گۇناھلارنى قىلماڭلار، ئەگەر بۇ گۇناھلارنى قىلساڭلار، سىلەر پاسىق دەپ ئاتىلىپ قالىسىلەر»[4]. ئەللامە جەزائىري مۇنداق مەنە ئېيتقان: «بىراۋ ئىمان ئېيتىپ، ئەخلاقىدا، ئىبادەتلىرىدە كامىل مۆئمىن بولغاندىن كېيىن، ئۇنى پاسىق دېيىش ئەڭ قەبىھ قىلمىشتۇر.

---

[1] «صحيح البخاري» 8-توم، 3-بەت، 5973-ھەدىس.
[2] «تفسير الطبري» 21- توم، 516- بەت.
[3] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 5- توم، 130- بەت.
[4] «تفسير الطبري» 21- توم، 517- بەت.

بىر مۇئمىن ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ مۇئمىن قېرىندىشىنى پاسىق، كاپىر دېيىشى قەتئىي ھارامدۇر»[1].

﴿بِئْسَ ٱلِٱسْمُ ٱلْفُسُوقُ بَعْدَ ٱلْإِيمَٰنِ﴾ يەنى كىمكى يۇقىرىقى گۇناھلارنى سادىر قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن يېنىپ، ئاللاھ تائالاغا سەممىي تەۋبە قىلمايدىكەن، ئۇ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان ۋە ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ۋە ئازابىغا تېگىشلىك قىلغان بولىدۇ.

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! (بىر-بىرىڭلار ھەققىدە) تولا گۇمان قىلىشتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى، بەزى گۇمانلار گۇناھتۇر. بىر-بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار﴾ ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، مۇسۇلمانلارنى كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىشتىن، ئەيىبلەشتىن ۋە ئۇلارنى ئۇلار ياقتۇرمايدىغان لەقەملەر بىلەن چاقىرىشتىن توسقان بولسا، بۇ ئايەتتە كۆز ئالدىدا بولمىغان كىشىلەرنىڭمۇ ھۆرمىتىنى ۋە ھەق-ھوقۇقىنى قوغداشقا بۇيرۇغان ۋە بۇلارنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى دەپسەندە قىلىشتىن توسقان. بۇ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ چوڭ ئىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

كىشىلەر ھەققىدە يامان ئويدا بولۇش،

كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش،

كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش.

مۇنداق رەزىل ئىللەتلەر ھەقىقىي مۇئمىن كىشىلەردە تېپىلمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئىللەتلەر ئەلۋەتتە ئىمانغا زىت كېلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى بۇنداق رەزىل قىلمىشلاردىن مەنئى قىلىشتا، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئىمانى بىلەن نىدا قىلغان. بۇ ئىللەتلەر بىر خىل تەدرىجىيلىكنى باشتىن كەچۈرگەن بولىدۇ. مەسىلەن: يامانلىق بىراۋنى يامان گۇمان قىلىش بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئەيىب ئىزدەش، ئاندىن ئۇنىڭ ھەققىدە سۆز-چۆچەك تارقىتىش كېلىپ چىقىدۇ. ئاندىن بۇ ئىشلار ئۆزئارا دۈشمەنلىشىش، بىر-بىرىدىن يىراقلىشىش ۋە بىر-بىرىدىن نەپرەتلىنىش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

ئەگەر قەلبىڭىز ساغلام، نىيىتىڭىز دۇرۇس بولسا، بىراۋنىڭ گۇمان قوزغايدىغان ئىشلىرىنىمۇ ياخشى دەپ ئويلايسىز ۋە يامان نەتىجە چىقىرىشقا ئالدىرىمايسىز. چۈنكى، ئۇ مەزكۇر گۇمانلىق ئىشنى

[1] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 5- توم، 130- بەت.

بىلمەستىن قىلىپ قويغان بولۇشى ياكى سىز باشقىچە چۈشىنىپ قالغان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! (بىر-بىرىڭلار ھەققىدە) تولا گۇمان قىلىشتىن ساقلىنىڭلار﴾ بۇ ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە نازۇك بىر تەبىر بولۇپ، ئايەتتە گۇماننىڭ ھەممىسىدىن ئەمەس، بەلكى كۆپ گۇمان قىلىشتىن توسقان. دېمەك، گۇماننىڭ ھەممىسى گۇناھ ئەمەس ۋە ھەممىسى مەنئى قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئىنسانلار بەزى گۇمانلارغا موھتاج بولىدۇ. مەسىلەن: جاننى ۋە مال-مۈلۈكنى قانداقلا بىر زىيان-زەخمەتتىن قوغداش ئىشلىرىدا ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرگەنگە، ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن دىنىي ھۆكۈملەرنى چىقىرىشتا گۇماننىڭ كۈچلۈك تەرىپىگە ئەمەل قىلغانغا، تىجارەت ۋە كەسىپ ئىشلىرىدا گۇمان ۋە تەخمىنلەرگە تايىنىپ ئىش كۆرگەنگە ئوخشاش. ئەمما مەنئى قىلىنغان گۇمان بەزى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە باشقىلار ھەققىدە پەيدا بولىدىغان سەلبىي ئوي-پىكىر، خاتا چۈشەنچە ۋە يامان ئويلاردۇر. مەسىلەن: گۇمانخور ئادەم بىراۋنىڭ ياخشىلىقىمۇ ۋە يامانلىقىمۇ ئېھتىمالى بولغان بىر ئىشنى كۆرگىنىدە، ئۇنى دەرھال يامانلىق تەرەپكە ئۆرۈپ، ئۇنىڭدىن يامان نەتىجە چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق يامان نەتىجە چىقىرىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەب ئۇنىڭ قارشى تەرەپكە بولغان ئۆچمەنلىكى ياكى يامان گۇمانىدۇر. بۇنى ئۇنىڭ ئىنسانلارغا بولغان خاتا چۈشەنچىسى ۋە ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يامان ۋە گۇناھكار دەپ خىيال قىلىشى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈۋېتىدۇ. كىشىلەر ھەققىدە يامان گۇمان قىلىش ئىنسانلار ئارىسىدا ئورتاق بولۇپ قالغان بىر قەدىمىي ئىللەتتۇر. بىز ئادەتتىكى گۇمان بىلەن يامان گۇماننىڭ پەرقىنى چوقۇم ئايرىشىمىز كېرەك.

ئاللاھ تائالانىڭ ﴿بەزى گۇمانلار گۇناھتۇر﴾ دېگەن سۆزى تولىمۇ بەدىئىي، تولىمۇ ئادالەتلىك ۋە تولىمۇ مەنىلىك بىر سۆزدۇر. بەزى گۇمانلار گۇناھقا سەۋەب بولىدىغان تۇرسا، بىز نېمە ئۈچۈن كىشىلەر ھەققىدە يامان گۇمان قىلىشتىن ساقلانمايمىز؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « إن الْحَلالَ بَيِّنٌ وَإنَّ الْحَرَامَ بَيِّنٌ ، وَبَيْنَهُما أمور مُشْتَبِهَاتٌ لا يَعْلَمُهُنَّ كَثيرٌ مِنَ الناسِ ، فَمَنِ اتَّقَى الشُّبُهَاتِ اسْتَبْرَأَ لِدِينِهِ وَعِرْضِهِ ، وَمَنْ وَقَعَ في الشُّبُهاتِ وَقَعَ في الْحَرَامِ ، كالرَّاعِي يَرْعَى حَوْلَ الْحِمَى يُوشِكُ أَنْ يَرْتَعَ فِيهِ» يەنى «ھالالمۇ ئېنىقتۇر، ھاراممۇ ئېنىقتۇر. ئەمما بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۈبھىلىك نەرسىلەر بار بولۇپ، بۇلارنى كۆپ كىشىلەر بىلمەيدۇ. شۈبھىلىك ئىشلاردىن ساقلانغان ئادەم ئۆزىنىڭ دىنىنى ۋە نومۇسىنى قوغداپ قالغان بولىدۇ.

شۇبھىلىك ئىشلارغا چۈشۈپ قالغان ئادەم ھارامغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ چېگرا بويىدا قوي باققان ۋە قويلىرى چېگرادىن ئۆتۈپ كېتىشكە تاس قالغان پادىچىغا ئوخشايدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

شۇ ئېنىقكى، مەنئى قىلىنغان گۇمان كىشىلەرگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشكە سەۋەب بولىدىغان يامان گۇمانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ساقلىنىش ۋە ئېھتىيات قىلىشقا ئوخشىغان گۇمانلار مەنئى قىلىنمايدۇ. بەلكى مۇنداق گۇمانلار باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىك شەرتى بىلەن يوللۇق سانىلىدۇ.

﴿بىر-بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار﴾ بۇمۇ گۇماننىڭ تەرەققىي قىلغان تۈرى ياكى ئۇنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدۇر. چۈنكى، ئىنسان بىراۋ توغرۇلۇق گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن ئۆز گۇمانىنى كۈچلەندۈرىدىغان بىرەر سەۋەب تاپالمىسا، پەقەت ئۆز گۇمانىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈنلا ئۇنىڭ ئەيىبىنى ۋە كەمچىلىكلىرىنى ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. ئۇ، بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ياخشىلىق تەرەپلىرىنى ھەرگىز ئىزدىمەيدۇ ۋە كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالىدۇ. پەقەتلا ئۇنىڭ يامانلىق تەرەپلىرىنىلا ئىزدەيدۇ، ئۇنىڭ ئەيىبىنى تېپىۋالسا، دەرھال ئۇنى چوڭايتىۋېتىدۇ ۋە مۇبالىغە قىلىپ كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ ئىمانى ئاجىز، ئەخلاقى ناچار ئادەملەرنىڭ قىلىقىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداقلارغا خىتاب قىلىپ: «يَا مَعْشَرَ مَنْ آمَنَ بِلِسَانِهِ ، وَلَمْ يَدْخُلِ الْإِيمَانُ قَلْبَهُ لَا تَغْتَابُوا الْمُسْلِمِينَ ، وَلَا تَتَّبِعُوا عَوْرَاتِهِمْ؛ فَإِنَّهُ مَنْ يَتَّبِعْ عَوْرَةَ أَخِيهِ يَتَّبِعِ اللَّهُ عَوْرَتَهُ حَتَّى يَفْضَحَهُ فِي بَيْتِهِ» يەنى «ئى ئاغزىدا ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، قەلبىگە ئىمان كىرمىگەنلەر جامائەسى! مۇسۇلمانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار! كىمكى بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەيدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەيدۇ، ھەتتا ئۇنى ئۆز ئۆيىدىلا رەسۋا قىلىدۇ»[2] دېگەن. ھەرقانداق بىر تەربىيەچى ياكى ئۇستاز بۇنىڭدىن ئەلۋەتتە مۇستەسنادۇر. چۈنكى، ئۇلار ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن، تەربىيەلەش ئۈچۈن ئۆز تەربىيەسى ئاستىدىكىلەرنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئىزدەپ تاپىدۇ ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ يولىنى قىلىدۇ. ئۇلار ھەرگىز كىشىلەرنى رەسۋا قىلىش ئۈچۈن كەمچىلىك

[1] «صحيح البخاري» 3-توم، 53-بەت، 2051-ھەدىس، «صحيح مسلم» 3-توم، 1219-بەت، 1599-ھەدىس.

[2] «مسند أحمد» 33-توم، 40-بەت، 19801-ھەدىس، «سنن أبي داود» 4-توم، 270-بەت، 4880-ھەدىس.

ئىزدىمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىزدىشى يوللۇقتۇر. چۈنكى، بىر تەربىيەچى ئۆز مەسئۇلىيىتى ئاستىدىكىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى ۋە كەمچىلىكلىرىنى بايقىيالمىسا، ئۇلارغا قانداق تۈزىتىش بېرەلەيدۇ؟

﴿بىر- بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار﴾. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى غەيۋەتنى تونۇشتۇرۇش، ئۇنىڭدىن توسۇش ۋە ئۇنىڭ يامانلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ساھابىلەردىن: «أَتَدْرُونَ مَا الْغِيبَةُ؟» يەنى «غەيۋەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورايدۇ. ساھابىلەر: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلىدۇ» دېيىشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ذِكْرُكَ أَخَاكَ بِمَا يَكْرَهُ» يەنى «غەيۋەت دېگەن بىراۋ ھەققىدە ئۇ يامان كۆرىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتۇر» دەيدۇ. ساھابىلەردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، «بىراۋ ھەققىدە ئېيتقانلىرىم راست بولسىچۇ؟» دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «إِنْ كَانَ فِيهِ مَا تَقُولُ ، فَقَدِ اغْتَبْتَهُ ، وَإِنْ لَمْ يَكُنْ فِيهِ فَقَدْ بَهَتَّهُ» يەنى «ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭ راست بولسا، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان بولىسەن، ناۋادا ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭ يالغان بولسا، ئۇنىڭغا قارا چاپلىغان بولىسەن»[1] دەيدۇ.

بىراۋنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ھەقىقەتەن ئېغىر گۇناھتۇر. غەيۋەت كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇقنى دۈشمەنلىككە، ئىناقلىقنى بۆلۈ- نۈشكە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان، كىشىلەرنى بىر-بىرىدىن يىراقلاشتۇ- رۇۋېتىدىغان خەتەرلىك ئىللەتتۇر.

ئەمما غەيۋەت زۇلۇمغا ۋە ناھەقچىلىككە قارشى تۇرۇش، گۇناھ- مەئسىيەت سادىر قىلغانلارنى ئەيىبلەپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش، مەھكىمىدە گۇۋاھلىق بېرىش، بىراۋنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرىنى باھالاش قاتارلىق ئىشلاردا چەكلەنمەيدۇ. چۈنكى، بۇ ھالەتلەردە كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا بۇنداق قىلىش ئايەتتە چەكلەنگەن غەيۋەت تۈرىگە كىرمەيدۇ.

﴿سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامدۇ؟﴾ دېگەن بۇ ئايەتتە كىشىلەرنىڭ ئابرۇيى ۋە ئار-نومۇسىغا چېقىلىشنىڭ خۇددى ئۆلۈكنىڭ گۆشىنى يېگەندەك يىرگىنىشلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشتە ئىنتايىن مۇكەممەل بىر ئوخشىتىش ئۇسلۇبى قوللىنىلغان. سورۇندا ھازىر بولمىغانلىقى ئۈچۈن رەددىيە بېرەلمەيدىغان

---

[1] «صحيح مسلم» 4-توم، 2001-بەت، 2589-ھەدىس.

كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ ئابرۇيىنى تۆككەن ئادەم خۇددى ئۆلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىغان بىرىنىڭ گۆشىنى يېگەن ئادەمگە ئوخشىتىلغان. بۇ نەپرەتلەندۈرۈش ئۇسلۇبلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىلى سانىلىدۇ. چۈنكى، ئادەم گۆشىنى يېيىش قانچىلىك يىرگىنىشلىك بولسا، ئۆلۈك بىرىنىڭ گۆشىنى يېيىش تېخىمۇ يىرگىنىشلىك ئىشتۇر. دېمەك، غەيۋەت قىلىش ئەنە شۇنداق ساغلام تەبىئەتلىك ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان تولىمۇ رەزىل ئىللەتتۇر.

ئايەتتە يەنە ﴿قېرىندىشىنىڭ﴾ دېگەن سۆزنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى غەيۋەتنىڭ ئادەمنى ئىنتايىن بەك يىرگەندۈرىدىغان سۆز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ گۆشىنى يېيىش شۇنچىلىك بەك يىرگىنىشلىك بولغان يەردە، ئۆزىنىڭ دىنداش ياكى نەسەبتىكى قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىش تېخىمۇ يىرگىنىشلىك، تېخىمۇ سەسكىنىشلىك قىلىقتۇر، ھەتتا ئادەم گۆشىنى يەيدىغانلار ئۈچۈنمۇ ئەڭ قەبىھ ئىشتۇر.

﴿مانا ئۇنىڭدىن يىرگەندىڭلار. ئۇنداقتا، ئاللاھتىن قورقۇڭلار﴾ يەنى سىلەرنىڭ ئۆلۈكنىڭ گۆشىنى يېيىش دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن يىرگىنىدىغانلىقىڭلاردا شەك يوق. چۈنكى، بۇ ئىنسان تەبىئىتىدۇر، ئىنسانلار بۇنداق سۆزلەردىن ئەلۋەتتە يىرگىنىدۇ. ئەگەر بىلسەڭلار، بىراۋنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ، ئۇنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى تۆكۈشمۇ شۇنداق يىرگىنىشلىك گۇناھتۇر. ئەمدى سىلەر بۇنى چۈشەنگەن بولساڭلار، ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە يولۇقۇپ قېلىشتىن ۋە ئۇنىڭ جازاسىغا تېگىشلىك بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. بىراۋ شۇنداق رەزىل ئىشنى قىلسا، سىلەر ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن يىرگىنىسىلەر ۋە نەپرەتلىنىسىلەر، ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، كۆزلەرنىڭ خىيانەتلىرىنى ۋە دىللارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدىغان رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار، بارلىق گۇناھلىرىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار. چۈنكى، ئۇ تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگۈچى ۋە بەندىلىرىگە تولىمۇ شەپقەتلىك، مۇئمىنلەرگە بەكمۇ مېھرىبان زاتتۇر.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا نازىل قىلغان كۆرسەتمىلىرى بولۇپ، ھەقىقىي ئىماننىڭ يۇقىرىقىلارنى قىلماسلىقنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى ئۇلارغا بايان قىلىپ بەرگەن.

﴿ئى ئىنسانلار! شەكسىزكى، بىز سىلەرنى بىر ئەر، بىر ئايالدىن

ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق. شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىدىغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلاردۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾ ئايەتتىكى ﴿ئى ئىنسانلار!﴾ دېگەن خىتابقا قارايدىغان بولساق، ئاللاھ تائالا سۆزنى بارلىق ئىنسانىيەتكە قاراتقان. چۈنكى، ئۆزىنىڭ نەسەبىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ساناش ۋە ئۆز مىللىتىنى ئاشۇرۇپ ماختاش ۋە باشقىلارنى تۆۋەن ساناش قاتارلىق ئىللەتلەر ئىنسانلار يارىتىلغاندىن بېرى ئۇلاردا داۋاملىشىپ كەلگەن ئىللەتلەردىن بولۇپ، بۇلار ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى بۇ ئىللەتتىن توسۇشتا ئىنتايىن ھېكمەتلىك ئۇسلۇبنى قوللانغان.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى ھەر خىل مىللەت، ھەر خىل رەڭلىك ۋە ھەر خىل تىللاردا سۆزلەيدىغان قىلىپ ياراتقانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل سەنئەتلىرىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان دەلىللەردىن بىرىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل مىللەت قىلىپ يارىتىل-غانلىقىنىڭ ھېكمىتى ناھايىتى كۆپتۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن تونۇشۇش ئارقىلىق بىر-بىرىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى، گۈزەل ئەخلاقىنى ۋە ئۆگىنىشكە تېگىشلىك تەرەپلىرىنى ئۆگىنىدۇ، تونۇشۇش ئارقىلىق سودا قىلىشىدۇ ۋە بىر دۆلەتتە بولمىغان نەرسىلەرنى باشقا بىر دۆلەتتىن ئېلىپ كېلىپ ئىنسانلارغا يەتكۈزىدۇ. مەسىلەن: بىر دۆلەتتىن چاي چىقىدۇ، يەنە بىرىدىن قەھۋە چىقىدۇ، يەنە بىرىدىن مېۋە چىقىدۇ. ئىنسانلار ئۆزئارا تونۇشۇش ئارقىلىق بىر دۆلەتتە بار نەرسىلەرنى يوق دۆلەتلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. مۇسۇلمانلار مۇسۇلمان ئەمەس مىللەت كىشىلىرى بىلەن تونۇشۇش ئارقىلىق ئۇلارغا ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزەلەيدۇ، ھېچبولمىغاندا، ئىسلامنىڭ گۈزەل تەرەپلىرىنى ۋە ئەۋزەللىكىنى كۆرسىتەلەيدۇ.

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئەسلىڭلار بولغان ئادەم ئە-لەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ياراتتى، سىلەر ھەممىڭلار بىر ئاتىنىڭ پەرزەنتلىرىدۇر. سىلەرنىڭ ئەسلىڭلار بىر، ئىلاھىڭلار بىر تۇرسا، سىلەر نېمە سەۋەبتىن بىر-بىرىڭلاردىن ئۈستۈنلۈك تالىشىسىلەر؟ نېمىگە ئا-ساسلىنىپ ئۆزۈڭلارنى باشقىلاردىن ئەۋزەل سانايسىلەر؟ بىلىڭلاركى، ھەممىڭلار باراۋەر ئىنسان. سىلەرنىڭ بىر-بىرىڭلاردىن ئارتۇقلۇقۇڭلار ۋە ئەۋزەللىكىڭلار تەقۋادارلىق بىلەنلا ئۆلچىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئىشلاردا ھەممىڭلار باراۋەرسىلەر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قانداق ئادەمنىڭ

ئەڭ ھۆرمەتلىك ئادەم ئىكەنلىكى ھەققىدە سورالغاندا، «أَتْقَاهُمْ» يەنى «ئەڭ تەقۋادار بولغىنىدۇر»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ جۈپتى ھەۋۋا ئىككىسىدىن كۆپەيتتى، ئاندىن سىلەرنى قەبىلىلەرگە ۋە مىللەتلەرگە ئايرىدى، سىلەرنى بىر-بىرىڭلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەربىرىڭلارغا ئالاھىدە ئۆزگىچىلىك ۋە شەكىللەرنى بەردى. بۇ ئۆزگىچىلىكلەر قانداق بولۇپ ئاراڭلاردا بىر-بىرىڭلارنى چەتكە قېقىشقا ۋە دۈشمەنلىشىشكە سەۋەب بولۇپ قالدى؟

ناۋادا بىر-بىرىڭلاردىن ئۈستۈن بولۇش كېرەك بولسا، ئۇ پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋالىقىڭلار بىلەن بولىدۇ. شۇڭا سىلەرنىڭ بىر-بىرىڭلاردىن ئەۋزەللىكىڭلار ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى قىممىتىڭلار پەقەت ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، گۇناھتىن يىراق تۇرۇپ تەقۋالىق قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان، ئۇنىڭ پەرمانلىرىنى تولۇق ئورۇندايدىغان، گۇناھ-مەئسىيەتتىن قاچىدىغان بولساڭلار، ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ھۆرمەتلىك بەندىلىرى بولىسىلەر. بۇنىڭدىن باشقا بىرەر ئىشتا سىلەرنى بىر-بىرىڭلاردىن ئەۋزەل دېگىلى بولمايدۇ. دېمەك، ئۈستۈنلۈكنىڭ ۋە ئارتۇقلۇقنىڭ ئۆلچىمى – تەقۋالىقتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ۋە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتلىك بولۇشنى خالىغانلار تەقۋالىق قىلىشتا بىر-بىرى بىلەن بەسلەشسۇن، تەقۋالىقتا ئالدىرىسۇن. چۈنكى، ئەسقاتىدىغىنى مۇشۇدۇر.

ئىسلامدا شۇنداق بىر ئۆزگەرمەس پرىنسىپ باركى، ئەرەبنىڭ ئەجەمدىن، ئەجەمنىڭ ئەرەبتىن، ئاق تەنلىكنىڭ قارا تەنلىكتىن، قارا تەنلىكنىڭ ئاق تەنلىكتىن ھېچقانداق ئۈستۈنلۈكى يوقتۇر. ئۈستۈنلۈك تەقۋالىق بىلەنلا بولىدۇ. تەقۋالىق دېگەن ئومۇمىي بىر پەزىلەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىپادىسى ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلىنىشتا ۋە ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشتا كۆرۈلىدۇ. تەقۋالىق شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى دىن ۋە دۇنيالىق مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ ئادا قىلىش دېگەنلىكتۇر. دېمەك، تەقۋالىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك خاتىرجەملىكنىڭ ۋە جىمى ياخشىلىقنىڭ تۈرتكىسىدۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ناھايىتى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. ئاخىرەتتە ئۇلارغا شۇنىڭغا ئاساسەن مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

[1] «صحيح مسلم» 4-توم، 1846-بەت، 2378-ھەدىس.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش ۋە ئۇلارغا لەقەملەرنى قويۇش ئىسلام ئەخلاقىغا زىت كېلىدىغان ناچار قىلىقلار بولۇپ، دىنىمىزدا قەتئىي چەكلىنىدۇ، بۇنداق قىلغۇچىلار ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ.

2. كىشىلەر ھەققىدە يامان گۇمان قىلىش ناچار ئەخلاق قاتارىدىن سانىلىدۇ.

3. غەيۋەت قىلىش، گەپ توشۇش ۋە كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش ئېغىر گۇناھتۇر.

4. نەسەب بىلەن پەخىرلىنىش جاھىلىيەتنىڭ ئادەتلىرىدىن بولۇپ، مۇسۇلمان ئادەم ئىسلام بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

5. ئەڭ چوڭ شەرەپ ۋە ئەڭ كاتتا ھۆرمەت تەقۋالىقتىدۇر.

### ھەقىقىي ئىمان

﴿قَالَتِ ٱلۡأَعۡرَابُ ءَامَنَّاۖ قُل لَّمۡ تُؤۡمِنُواْ وَلَٰكِن قُولُوٓاْ أَسۡلَمۡنَا وَلَمَّا
يَدۡخُلِ ٱلۡإِيمَٰنُ فِي قُلُوبِكُمۡۖ وَإِن تُطِيعُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ لَا يَلِتۡكُم
مِّنۡ أَعۡمَٰلِكُمۡ شَيۡـًٔاۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴿١٤﴾ إِنَّمَا ٱلۡمُؤۡمِنُونَ
ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ ثُمَّ لَمۡ يَرۡتَابُواْ وَجَٰهَدُواْ بِأَمۡوَٰلِهِمۡ
وَأَنفُسِهِمۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۚ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلصَّٰدِقُونَ ﴿١٥﴾ قُلۡ أَتُعَلِّمُونَ
ٱللَّهَ بِدِينِكُمۡ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۚ وَٱللَّهُ
بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٞ ﴿١٦﴾ يَمُنُّونَ عَلَيۡكَ أَنۡ أَسۡلَمُواْۖ قُل لَّا تَمُنُّواْ عَلَيَّ
إِسۡلَٰمَكُمۖ بَلِ ٱللَّهُ يَمُنُّ عَلَيۡكُمۡ أَنۡ هَدَىٰكُمۡ لِلۡإِيمَٰنِ إِن كُنتُمۡ
صَٰدِقِينَ ﴿١٧﴾ إِنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ غَيۡبَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَٱللَّهُ بَصِيرُۢ
بِمَا تَعۡمَلُونَ ﴿١٨﴾﴾

### تەرجىمىسى

14-سەھرالىق ئەرەبلەر: «ئىمان ئېيتتۇق» دېيدۇ، ئېيتقىنكى، «سىلەر ئېخى

ئـمان ئېيتمىدىڭلار، لېكىن سىلەر «بويسۇندۇق» دەڭلار، ئـمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى. ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

15. شەكسىزكى، (ھەقىقىي) مۇئمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئـمان كەلتۈرگەن، ئاندىن ھەرگىز شەك كەلتۈرمىگەن، پۇل-ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر. ئەنە شۇلار (ئىمانىدا) راستچىل كىشىلەردۇر.

16. (ئى پەيغەمبەر!) سەھرالىق ئەرەبلەرگە) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھقا دىنىڭلارنى ئۇقتۇرۇپ قويماقچىمۇ؟ ھالبۇكى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكىنى ۋە زېمىن-دىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر».

17. ئۇلار ساڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىنى مىننەت قىلىۋاتىدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر (ئىمانىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ماڭا مۇسۇلمان بولغان-لىقىڭلارنى مىننەت قىلماڭلار، بەلكى ئاللاھ سىلەرنى ئىمانغا ھىدايەت قىلغانلىقىغا مىننەت قىلىدۇ».

18. شەكسىزكى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

## ◄ تەپسىرى

سەھرالىق ئەرەبلەر: بىز ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئـمان ئېيتتۇق، دېيىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھەقىقىي مەنىدە ئىمان ئېيتمىدى. بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى سەھرالىق ئەرەبلەردىن ئەسەد قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿سىلەر تېخى ئىمان ئېيتمىدىڭلار﴾ دېگەن سۆزى ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتتۇق دېگەن سۆزىنىڭ يالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ، ئۇلارنىڭ يالغاندىن ئىمان دەۋاسى قىلىۋاتقانلىقىنى پاش قىلىدۇ. چۈنكى، ئىمان دېگەن چىن قەلبتىن ئىشىنىش بىلەن بىرگە پۈتۈنلەي بويسۇنۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنى باشلىرىغا كەلگەن قىيىنچىلىقلار ئىمان دەۋاسى قىلىشقا زورلىغان بولۇپ، پەقەت مۇسۇلمانلاردىن مەنپەئەت كۆرۈش ئۈچۈنلا ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدىن ساناپ يۈرگەن. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بۇ مەنىدە رەددىيە بەرگەن: سىلەرنىڭ ئىمان ئېيتتۇق دېيىشىڭلار توغرا ئەمەس، چۈنكى سىلەر ئۆز ئىختىيارى بىلەن چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقان

مۆئمىنلەرگە قەتئىي ئوخشىمايسىلەر، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى، سىلەر بويسۇنىدۇق ۋە زىيان-زەخمەتتىن ساقلىنىپ قېلىش ۋە مۇسۇلمانلاردىن پايدا كۆرۈش ئۈچۈن كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمانلارنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالدۇق، دەڭلار. چۈنكى، سىلەر مۇسۇلمانلارنى ئالدىغىنىڭلار بىلەن دىللاردىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدىغان رەببىڭلارنى ھەرگىز ئالدىيالمايسىلەر.

ئاندىن «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتقانلاردىن ئەمەسلىكىنى تەكىتلەپ ئۇلارغا ﴿ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى﴾ دېيىش ئارقىلىق ئۇلار ئەگەر ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، نىيەتلىرىنى دۇرۇس قىلسا، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتقانلار قاتارىدىن بولىدىغانلىقىنى ۋە ئىماننىڭ شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ دىلىغا كىرىپ قەلبىدىن ئورۇن ئالىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا: ئەگەر ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەمەلىيىتىڭلار بىلەن ئىتائەت قىلساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلارنى ھەرگىز بىكار قىلىۋەتمەيدۇ، مۇكاپاتىڭلارنى تولۇق بېرىدۇ، ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەر ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار، دەيدۇ.

ئەمدى بۇ بايانلاردىن كېيىن، ھەقىقىي ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە ھەقىقىي مۆئمىنلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تونۇشقا موھتاج ئىكەنلىكىمىزدە شەك يوق. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ھەقىقىي ئىماننى ۋە ھەقىقىي مۆئمىنلەرنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ھەقىقىي) مۆئمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن ھەرگىز شەك كەلتۈرمىگەن، پۇل-ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر﴾ . ئىمانىدا راستچىل، ھەقىقىي مۆئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى بۇ سۈرىدە ۋە باشقا سۈرىلەردە ئېنىق بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار قىسقىچە مۇنداق:

1. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ مەۋجۇداتنى يوقتىن بار قىلغان تەڭداشسىز ياراتقۇچى، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىگە، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى، تىرىلدۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرگۈچى ئىكەنلىكىگە چىن دىلىدىن ئىشەنگەن كىشىلەردۇر.

2. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلى ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئىكەنلىكىگە، ئاللاھ تائالادىن يەتكۈزگەنلىرىنى تولۇق يەتكۈزگەن، دىن نامىدىن ئۆز خاھىشى بىلەن

سۆزلىمىگەن، پەقەت ئۆزىگە كەلگەن ۋەھيىنىلا يەتكۈزگەن ۋە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانى مەمنۇن قىلغان ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

3. ئۇلار ئىماندا مۇستەھكەم، ئەقىدىسىدە قىلچە ئىككىلەنمەيدىغان، ئاللاھ تائالاغا ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەياكى «قۇرئان كەرىم»گە، شۇنداقلا ئىمان ئېيتىش تەلەپ قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ ھېچبىرىگە قىلچە شەك كەلتۈرمەيدىغان، بەرىسە خۇش بولۇپ، بەرمىسە نارازى بولىدىغانلارغا ۋە غەرەزلىك ئىمان ئېيتقانلارغا ئوخشىمايدىغان، ھەرقانداق قىيىن سىناقلاردىمۇ ئەقىدىسى قىلچە تەۋرەنمەيدىغان كىشىلەردۇر.

4. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا پۇل-مېلى بىلەن، جېنى بىلەن جىھاد قىلىشتىن قاچمايدىغان، ھەقىقەت يولىدا جان پىدا قىلىدىغان، ھەق دىنىنى ۋە ھەقىقەت تەرەپدارلىرىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈمدىن قورقۇپ قالمايدىغان كىشىلەردۇر. چۈنكى، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ھەقىقىي ئىماننىڭ ئالامىتى ۋە دەلىلىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «كىشىلەر كۆچىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈنمۇ ئۇرۇش قىلىدۇ، ئەسەبىيەت (ئۆز قەبىلىسىگە مۇتەئەسسىپلىك قىلىش) ئۈچۈنمۇ ئۇرۇش قىلىدۇ، ئۆزىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈنمۇ ئۇرۇشىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن قايسىسى ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇش بولۇپ سانىلىدۇ؟» دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مَنْ قَاتَلَ لِتَكُونَ كَلِمَةُ اللهِ هِيَ الْعُلْيَا فَهُوَ فِي سَبِيلِ اللهِ» يەنى «ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇشقان ئادەم ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان بولىدۇ»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن. ئايەتتىكى ﴿ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش﴾ دېگەننىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالانىڭ دىنى بولغان ئىسلام دىنىنىڭ بىردىنبىر ھەق دىن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش، كىشىلەرنىڭ بۇ دىنغا كىرىش ۋە باشقىلارنى ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىش ئەركىنلىكىنى قوغداش، كىشىلەرنى بۇ دىنغا كىرىشتىن توسقۇچىلارنى ۋە توسالغۇلارنى يوق قىلىش دېگەنلىكتۇر.

5. يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان كىشىلەر ئىماندا راستچىل ۋە سادىق كىشىلەردۇر.

ئاغزاكى ئىمان ئېيتىپ قويغانلارنىڭ ئىماننىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى

[1] «صحيح البخاري» 4-توم، 20-بەت، 2810-ھەدىس.

ۋە مۇنداقلارنىڭ يالغانچىلار ئىكەنلىكىنى ئوچۇق جاكارلىغان ئايەتلەر نازىل بولغاندىن كېيىن، بەنى ئەسەد قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىماندا راستچىل ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ قەسەم ئىچىشكەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن: ﴿سىلەر ئاللاھقا دىنىڭلارنى ئۇقتۇرۇپ قويماقچىمۇ؟﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان. چۈنكى، بۇ ئادەملەر يالغانچى ئادەملەر ئىدى، ئۇلار تېخى ھەقىقىي مۇئمىن بولمىغان، ئىسلام دىنىنى چىن كۆڭلىدىن قوبۇل قىلمىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىلسىزلىقىدىن «ئاللاھ بىزنىڭ دىلىمىزدا يوشۇرغانلىرىمىزنى بىلمەيدۇ، پەيغەمبىرىگىمۇ بۇنىڭدىن خەۋەر بەرمەيدۇ» دەپ ئويلاپ قالغان. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ئويلىغانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ ئۇلارنىڭ مۇئمىنلەرنىڭ قاتارىدىن ئەمەسلىكىگە دەلىلدۇر. شۇڭا ئۇلارغا: ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾ دەپ رەددىيە بېرىلگەن. يەنى ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ دىلىڭلاردىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسا، سىلەر يەنە يالغان ئېيتىۋاتامسىلەر؟ سىلەر ئۆز گۇمانىڭلارچە، ئاللاھ تائالاغا ئۇنىڭ بىلمىگەنلىرىنى ئۇقتۇرۇپ قويماقچى بولۇۋاتامسىلەر؟ ئاللاھ تائالا ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى ۋە جىمى سىرلارنى تولۇق ۋە ئېنىق بىلىپ تۇرسا، ئۇ سىلەرنىڭ دىلىڭلاردىكىنى بىلمەي قالارمۇ؟!

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! ئۇلار ساڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىنى مىننەت قىلىۋاتىدۇ. ﴿(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر (ئىمانىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ماڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلارنى مىننەت قىلماڭلار، بەلكى ئاللاھ سىلەرنى ئىمانغا ھىدايەت قىلغانلىقىغا مىننەت قىلىدۇ»﴾ يەنى سىلەر ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرگەنلىكىڭلارنى ماڭا مىننەت قىلماڭلار. ئەگەر راستتىنلا كىرگەن بولساڭلار، ئۇنىڭ پايدىسى ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر. ئەمما سىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلار پەقەت ئېغىزىڭلاردىكىلا گەپتۇر، بۇنداق يالغان ئىمان ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنمايدۇ، چۈنكى ھەقىقىي مۇسۇلمانلىق ئاللاھ تائالاغا چىن دىلىدىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش ۋە شۇ ئىماننىڭ تەلىپى بويىچە ئىش كۆرۈشتۇر. سىلەر تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىۋاتىسىلەر. ئەگەر سىلەر ھەقىقىي مۇئمىنلەردىن بولساڭلار، ئىمان ئېيتقانلىقىڭلارغا ھەرگىز مىننەت قىلمايتتىڭلار، چۈنكى ئىماننىڭ پايدىسىنى ئۆزۈڭلار كۆرىسىلەر، ئۇنىڭ ھالاۋىتىنى

ئۆزۈڭلار تېتىيسىلەر. سىلەر قانداقلارچە بۇنىڭغا مىننەت قىلىسىلەر؟
﴿بەلكى ئاللاھ سىلەرنى ئىمانغا ھىدايەت قىلغانلىقىغا مىننەت قىلىدۇ﴾ يەنى بەلكى ئاللاھ تائالا سىلەرنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلغانلىقى ئۈچۈن سىلەرگە مىننەت قىلىدۇ ۋە مىننەت قىلىشقا تامامەن ھەقلىقتۇر. بۇ ئەگەر سىلەر راستىنلا ئىمان ئېيتقان بولساڭلار شۇنداقتۇر.

يۇقىرىقىلار ھەممىنى تولۇق بىلگۈچى ۋە ھەممىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچى زاتنىڭ كۆرسەتمىلىرى بولۇپ، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى بىلىش، ئىنسانلارنىڭ كۆرەلمىگەنلىرىنى كۆرۈش ۋە بىلەلمىگەنلىرىنى بىلىش ئۇنىڭغا خاستۇر. ئۇ سىلەرنىڭ بارلىق ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، قىيامەت كۈنى شۇ بىلگىنىگە ئاساسەن سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىمان قەلبتە، ئىسلام ئىش-ھەرىكەتتە بولىدۇ. ئەمما بۇ ئىككىسى بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. چۈنكى، ئىسلامسىز ئىمان بولمىغاندەك، ئىمانسىز ئىسلام بولمايدۇ. ھەرقانداق مۇسۇلماننى مۇئمىن دېگىلى بولمايدۇ، ئەمما ھەرقانداق مۇئمىننى مۇسۇلمان دېگىلى بولىدۇ.

2. ھەقىقىي مۇئمىنلەر ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىمانىدا قەتئىي شەك قىلمىغان، ئىككىلەنمىگەن، پۇل-مېلى بىلەن، جېنى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلغان كىشىلەردۇر.

3. ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرىگە مىننەت قىلىشى توغرا ئەمەس، ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە مىننەت قىلىشى يوللۇقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا نېمەتنىڭ ۋە ھەرقانداق بىر ياخشىلىقنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىدۇر. شۇڭا ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرىگە مىننەت قىلىشى ئەيىبلىنىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە مىننەت قىلىشى ماختىلىدۇ.

4. ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى چەكسىزدۇر، ئۇنىڭغا مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچبىرى مەخپىي قالمايدۇ.

# قاف سۈرىسى

قاف سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 45 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىمۇ باشقا مەككە سۈرىلىرىگە ئوخشاشلا ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە بېرىش، ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق دىننى ئىنكار قىلغۇچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى قاتارلىقلار ئۈستىدە توختالغان. ئاندىن ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشى ۋە ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىشى، قىيامەتتە بولىدىغان ئىشلار، جەننەت، دوزاخ قاتارلىقلار توغرۇلۇق ھەقىقەتلەر بايان قىلىنغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاخىرەتتىكى تىرىلىش ۋە بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللەرنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرۈش ياكى جازاسىنى تارتىش قاتارلىق ھەقىقەتلەرنى ۋە بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ دەلىل-پاكىتلىرىنى ئىدراك قىلىشتىن غاپىل ھالدا ھايات كەچۈرۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئويغىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿قٓ﴾ «قاف» دېگەن ھەرپتىن ئېلىنغان.

### ◄ ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿قٓۚ وَٱلۡقُرۡءَانِ ٱلۡمَجِيدِ ١ بَلۡ عَجِبُوٓاْ أَن جَآءَهُم مُّنذِرٞ مِّنۡهُمۡ
فَقَالَ ٱلۡكَٰفِرُونَ هَٰذَا شَيۡءٌ عَجِيبٌ ٢ أَءِذَا مِتۡنَا وَكُنَّا تُرَابٗاۖ ذَٰلِكَ
رَجۡعُۢ بَعِيدٞ ٣ قَدۡ عَلِمۡنَا مَا تَنقُصُ ٱلۡأَرۡضُ مِنۡهُمۡۖ وَعِندَنَا كِتَٰبٌ
حَفِيظُۢ ٤ بَلۡ كَذَّبُواْ بِٱلۡحَقِّ لَمَّا جَآءَهُمۡ فَهُمۡ فِيٓ أَمۡرٖ مَّرِيجٍ ٥

أَفَلَمْ يَنظُرُوٓاْ إِلَى ٱلسَّمَآءِ فَوْقَهُمْ كَيْفَ بَنَيْنَٰهَا وَزَيَّنَّٰهَا وَمَا لَهَا مِن
فُرُوجٍ ۞٦ وَٱلْأَرْضَ مَدَدْنَٰهَا وَأَلْقَيْنَا فِيهَا رَوَٰسِىَ وَأَنۢبَتْنَا فِيهَا مِن
كُلِّ زَوْجٍۭ بَهِيجٍ ۞٧ تَبْصِرَةً وَذِكْرَىٰ لِكُلِّ عَبْدٍ مُّنِيبٍ ۞٨ وَنَزَّلْنَا مِنَ
ٱلسَّمَآءِ مَآءً مُّبَٰرَكًا فَأَنۢبَتْنَا بِهِۦ جَنَّٰتٍ وَحَبَّ ٱلْحَصِيدِ ۞٩ وَٱلنَّخْلَ
بَاسِقَٰتٍ لَّهَا طَلْعٌ نَّضِيدٌ ۞١٠ رِّزْقًا لِّلْعِبَادِ ۖ وَأَحْيَيْنَا بِهِۦ بَلْدَةً مَّيْتًا ۚ
كَذَٰلِكَ ٱلْخُرُوجُ ۞١١

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ قاف (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). شەرەپلىك قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

2ـ كاپىرلار ھەقىقەتەن ئۆزلىرىگە ئۆز ئىچىدىن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىنىڭ كەلگەنلىكىدىن ئەجەبلىنىپ كەتتى، ئۇلار: «بۇ ئاجايىپ بىر ئىشتۇر،

3ـ بىز ئۆلۈپ توپىغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن (تىرىلەمدۇق؟) بۇ (ئېھـتىمالدىن تولىمۇ) يىراق بىر قايتىشتۇر» دېيىشتى.

4ـ بىز ئۇلار (نىڭ جەسەتلىرى) دىن زېمىننىڭ قانچىلىك يەپ كەتكەنلىكىنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرىمىز، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب (لەۋھۇلمەھفۇز) بار.

5ـ بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار تۇراقسىز ھالەتتىدۇر.

6ـ ئۇلار ئۈستىدىكى ئاسماننى ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق بولمىغان ھالدا قانداق بەرپا قىلغانلىقىمىزغا ۋە قانداق بېزىگەنلىكىمىزگە قارىمامدۇ؟

7ـ بىز زېمىننى كەڭ قىلدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇستەھكەم تاغلارنى ئورۇنلاشتۇردۇق ۋە ئۇنىڭدا ھەر تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق.

8ـ (بۇنى ئاللاھقا) يۈزلەنگۈچى ھەربىر بەندىگە (قۇدرىتىمىزنى) كۆرسىتىش ۋە ئەسلىتىش ئۈچۈن(قىلدۇق).

9ـ10ـ بىز بۇلۇتتىن بەرىكەتلىك سۇنى چۈشۈردۇق، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن

باغلارنى ۋە ئاشلىقلارنى، ئېگىز ئۆسكەن، مېۋىلىرى سانجاق-سانجاق بولۇپ كەتكەن خورما دەرەخلىرىنى ئۆستۈردۇق.

11-(بۇلارنى) بەندىلەرنىڭ رىزقى ئۈچۈن قىلدۇق. ئۇ سۇ بىلەن ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈردۇق، ئۆلۈكلەرنىڭ (قەبرىلەردىن تىرىلىپ) چىقىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى ئەرەب تىلىنىڭ ھەرپلىرىدىن بولغان «ق» ھەرپى بىلەن باشلاپ، ئاندىن «قۇرئان كەرىم» ھەققىدىكى بايانغا ئۆتكەن. سۈرىلەرنىڭ ھەرپلەر بىلەن باشلىنىشى مەككە سۈرىلىرىنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرىدۇر.

ئاللاھ تائالا شان-شەرەپلىك ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» بىلەن قەسەم قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دېيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! سەن كىشىلەرنى ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ ئۇلارغا ھەق كالامنى ئېلىپ كەلدىڭ. ئەمما ئۇلار سېنىڭ بۇ سۆزۈڭگە چىنپۈتمىدى، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىدىن ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راستلىقىدىن شەكلىنىپ قالدى. كاشكى ئۇلار شۇ شەكلىنىشى بىلەن توختاپ قالغان بولساچۇ! ئۇلار بۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىلەپ ئۇنى رەسمىي ئىنكار قىلىشقا ئۆتتى، ھەتتا ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش دېگەن گەپنى ئەقىلگە سىغمايدىغان، ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلار قاتارىدىن ساناپ كەتتى.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ «مجيد» يەنى (ئۇلۇغ، ئالىي، يۈكسەك، شەرەپلىك) دەپ سۈپەتلەنگەنلىكى ئۇنىڭ كاتتا مەرتىۋىلىك كىتاب ئىكەنلىكى، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ياخشىلىقلارنىڭ بايانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ يولىدا ماڭغانلارنىڭ ئىككىلا ئالەمدە بەختلىك بولىدىغانلىقىغا كاپالەت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇنداق سۈپەتلىنىشى ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان، تەڭداشسىز، ئالىي مەرتىۋىلىك، ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

بۇ كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئىنسانلارغا ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان، كاپىرلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىنىڭ كەلگەنلىكىدىن ئەجەبلىنىپ كەتتى ۋە گويا ئەقىل قوبۇل قىلالمايدىغان بىر ئىش بولغاندەك

ھەيرانلىقتا قالدى. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ ھەيرانلىقىغا رەددىيە بېرىپ، بۇ ئىشنىڭ ھەيران قالىدىغان بىر ئىش ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۆزلىرىدىن چىققان، ئادالىتىنى، راستچىللىقىنى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى ھەممە ئوبدان بىلىدىغان بىر زاتنىڭ، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى بېشىغا كېلىدىغان بىر ئىشتىن ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى، شۇنداقلا مۇنداق بىر زاتنىڭ سەممىي نەسىھەت قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق غەرىزى يوق ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ.

ئەرەبلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بالىلىق ۋاقتىدىن بېرى ياخشى بىلەتتى ۋە ئۇنىڭ راستچىللىقىغا ھەممە بىردەك قايىل ئىدى. مۇنداق بىر زاتتىن پەقەت ياخشىلىقلا كۈتۈلەتتى. ئۇنىڭ ئۆز قەۋمىنى ئۇلارغا يۈزلەنگەن ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇشى ھەرگىزمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئاندىن بۇ كاپىرلار ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە قارىتا ئۆزلىرىنىڭ بەكمۇ ئەجەبلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ: ﴿بىز ئۆلۈپ توپىغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن (تىرىلەمدۇق؟) بۇ (ئېھتىمالدىن تولىمۇ يىراق بىر قايتىشتۇر﴾ دەيدۇ، يەنى بىز ئۆلۈپ، سۆڭەكلىرىمىز چىرىپ توپىغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئەسلىدىكى تىرىك ھالىتىمىزگە قايتامدۇق؟ بۇ قايتىش رېئاللىقتىن ۋە ئېھتىمالدىن تولىمۇ يىراق بىر قايتىشتۇر، دەيدۇ.

كۆرۈۋاتىمىزكى، بۇ كاپىرلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىشى، ئۇنىڭدىن ھەيران قېلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكى ئۇلارنىڭ ئادەم جىسمى چىرىپ توپىغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسلىگە قايتىشىنى مۇمكىن ئەمەس دەپ سانىغانلىقىدىن ئىدى. ئۇلار ئويلايدۇكى، بۇنداق چىرىپ توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن ياكى يىرتقۇچلارنىڭ ياكى لەھەڭ، كىت قاتارلىقلارنىڭ قارنىدا يەم بولۇپ كەتكەن ۋەياكى ئوتتا كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەن بىر جىسىمنى كىم بىرلەشتۈرۈپ توپلىيالايدۇ؟ كىم ئۇنى تىرىلدۈرەلەيدۇ؟ كىم ئۇنى ئەسلىگە قايتۇرالايدۇ؟ بۇ راستتىنلا ئېھتىمالدىن يىراق ۋە مۇمكىن بولمايدىغان بىر قايتىشتۇر.

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ بۇ سەپسەتىسىگە ئۆزىنىڭ چەكسىز ئىلمىنى، تەڭداشسىز قۇدرىتىنى بايان قىلىش، تىرىلىشنىڭ بەزى جانلىق دەلىللىرىنى ۋە مىساللىرىنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئەڭ ئەجەللىك رەددىيە بەرگەن.

سىلەرنى ياراتقان، سىلەرگە رىزىق بېرىپ كېلىۋاتقان رەببىڭلار

زېمىنىنىڭ سىلەرنىڭ جەسەتلىرىڭلاردىن، گۆشۇڭلاردىن، سۆڭەكلىرىڭلاردىن نېمىلەرنى يەپ تۈگەتكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىقا قانداق تارقىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىلمى بىلەن تولۇق قورشىغان ۋە ھەممىنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدىغان زاتتۇر. ئۇنىڭ دەرگاھىدىكى لەۋھۇلمەھفۇزدا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تولۇق يېزىلغان. ھېچ نەرسە ئاللاھ تائالاغا مەخپىي قالمايدۇ. ﴿أَلَا يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ﴾ يەنى ﴿ياراتقان زات (ئۆزىنىڭ ياراتقانلىرىنى) بىلمەمدۇ؟﴾[1].

﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلدى﴾ يەنى بۇ كاپىرلار ھېچبىر ئويلاپ باقماستىنلا، ئۆزلىرىگە كەلگەن بىردىنبىر ھەقىقەت ـ «قۇرئان كەرىم»نى ۋە ئۇنى يەتكۈزۈۋاتقان راستچىل پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلدى. ئۇلارنىڭ قىلغىنى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتۇر. چۈنكى، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىسىنى بىلىپ تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىل زات ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، بۇ ئىككىسىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار بۇ ئىنكار ئىشىدىمۇ قالايمىقان ھالەتتە ئىدى، چۈنكى ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشتا گاھىدا «پەيغەمبەرلىككە باي ئادەم تاللىنىشى كېرەك ئىدى» دېسە، گاھىدا «ئۆزىنى پەيغەمبەر دەۋالغان بۇ ئادەم سېھىرگەردۇر» دەيتتى، يەنە گاھىدا ئۇنى «شائىر» دەيتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئىنكاردا بىرەر ئاساسقا يۆلەنمىگەنلىكىنىڭ ۋە ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈۋاتقانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ تۆھمەتلىرىنىڭمۇ تۈتامى يوق.

بۇ كاپىرلار ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەرنى كۆرمەمدۇ؟ ئۇلار كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ئاسماننى ئاللاھ تائالانىڭ قانداق بەرپا قىلغانلىقىنى ۋە مۇستەھكەم قىلىپ قانداق تۇرغۇزغانلىقىنى كۆرمەمدۇ؟ ئويلىمامدۇ؟ ئاللاھ تائالانىڭ ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن قانداق زىننەتلىگەنلىكىگە قاراپ باقمامدۇ؟ ئۇلار ھېچقانداق ئەيىبسىز ياكى بىرەر يوچۇقسىز شۇنداق كۆركەم، مۇكەممەل تۇرۇۋاتقان بۇ ئاسمانغا قاراپ تەپەككۇر قىلمامدۇ؟ ئۇلار يەنە يەر يۈزىنى ئاللاھ تائالانىڭ قانداق كەڭ قىلىپ ياراتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم تاغلارنى قانداق ئورناتقانلىقىنى، يەر يۈزىدە يەنە ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىپ بەرگەنلىكىنى كۆرمەمدۇ؟

[1] مۇلك سۈرىسى:14ـ ئايەت.

ئاللاھ تائالا بۇلۇتتىن بەرىكەتلىك ۋە مەنپەئەتى كۆپ يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرۈپ بېرىش بىلەن يەر يۈزىدە ھەر تۈرلۈك باغلارنى، زىرائەتلەرنى ۋە مېۋىلەرنى چىقىرىپ بەردى، بۇغداي، قوناق، ئارپا، گۈرۈچ دېگەندەك ئاشلىقلارنى ئۆستۈرۈپ بەردى، مېۋىلىرى سانجاق-سانجاق بولۇپ كەتكەن خورما دەرەخلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بەندىلىرىنىڭ رىزقى ئۈچۈن چىقىرىپ بەردى. بۇنداق كەرەملىك بىر ياراتقۇچىغا شۈكۈر قىلماسلىق، ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ئىنسانلىقتا يارىشامدۇ؟ سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ كەتكەن قاقاس يەرلەرنى شۇ سۇ بىلەن تىرىلدۈرۈپ، ياپيېشىللىقتا ئايلاندۇرغان زات ئۈچۈن ئۆلگەندىن كېيىن چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن جەسەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تىرىلدۈرۈپ ھېساب مەيدانىغا توپلاش قىيىنمۇ؟ ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھ تائالا ئۈچۈن بۇ ئىش ناھايىتى ئاساندۇر. چۈنكى، ئۇنىڭغا قىيىن كېلىدىغان ھېچقانداق ئىش يوقتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ شەرەپلىك كىتابتۇر. چۈنكى، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر.

2. ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ۋە ئىلاھىي ۋەھىيگە ئىشىنىش ئىماننىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. چۈنكى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا، ۋەھيى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىگە دەلىلدۇر.

3. ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ.

4. كائىناتتىكى ھەر شەيئى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا. ئەمما ئەقىل پەردىسى يېپىق بولغانلار ئىبرەت ئالمايدۇ، تەپەككۇر قىلمايدۇ.

5. گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا يۈزلەنگەن ئادەم چوقۇم ئۇنىڭ رەھمىتىگە ۋە مەغپىرىتىگە ئېرىشىدۇ.

### ◄ ئىلگىرىكىلەردىن ئىبرەت ئېلىش

﴿كَذَّبَتۡ قَبۡلَهُمۡ قَوۡمُ نُوحٖ وَأَصۡحَٰبُ ٱلرَّسِّ وَثَمُودُ ١٢ وَعَادٞ
وَفِرۡعَوۡنُ وَإِخۡوَٰنُ لُوطٖ ١٣ وَأَصۡحَٰبُ ٱلۡأَيۡكَةِ وَقَوۡمُ تُبَّعٖۚ كُلّٞ كَذَّبَ

ٱلرُّسُلَ فَحَقَّ وَعِيدِ ﴿١٤﴾ أَفَعَيِينَا بِٱلْخَلْقِ ٱلْأَوَّلِ ۚ بَلْ هُمْ فِى لَبْسٍ مِّنْ خَلْقٍ جَدِيدٍ ﴿١٥﴾

### تەرجىمىسى

12ـ ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇھ قەۋمى، رەس ئاھالىسى ۋە سەمۇد قەۋمىمۇ (پەيـ-غەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان ئىدى.

13ـ14ـ ئاد قەۋمى، پىرئەۋن، لۇتنىڭ قېرىنداشلىرى، ئەيكە ئاھالىسى ۋە تۇببە قەۋمى ـ ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ئىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئاگاھلاندۇرغان (ئازاب) ئۇلارغا تېگىشلىك بولدى.

15ـ بىز دەسلەپكى قېتىم يارىتىشتا ئاجىز كەلدۇقمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇلار (قىيامەت كۈنى) يېڭىدىن يارىتىلىشقا گۇماندىدۇر.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راست ئىكەنلىكى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇماتلارنى بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قەۋمىنىڭ كۆپ سانلىقى بۇ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ دەۋەتلىرىگە قۇلاق سالمىغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇ قەۋملەر ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ۋە ئىبرەتلىك جازالىرىغا ئۇچرىغان ئىدى. ئى مەككىلىكلەر! سىلەرمۇ ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئىلگىرىكى كاپىرلارغا كەلگەن ئىبرەتلىك جازالارنىڭ سىلەرگىمۇ كېلىشى يىراق ئەمەس.

مەككىلىك مۇشرىكلار ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغاندەك، ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن قەۋملەردىن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى، سەمۇد ۋە ئاد قەۋملىرى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى، ئەيكەلىكلەر ۋە تۇببە قەۋمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىگە كەلگەن دىننى ئىنكار قىلغان ۋە پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقارغان ئىدى.

يۇقىرىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىلىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ باشقا سۈرىلىرىدە تەپسىلىي بايان قىلىنغان. دېمەك، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن يالغانغا چىقىرىلغان،

ئۇلارنىڭ قەۋمى ھەق دىنغا ئىشەنمىگەن، خۇسۇسەن، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ھەرگىز ئىشەنمىگەن، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارغا ئاللاھ تائالا ئاگاھلاندۇرغان ئازاب تېگىشلىك بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەر تۈرلۈك ئازابلار بىلەن ھالاك بولۇپ كەتكەن.

﴿بىز دەسلەپكى قېتىم يارىتىشتا ئاجىز كەلدۇقمۇ؟﴾ . بۇ ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئايرىم بىر دەلىلدۇر. بۇنىڭ مەنىسى: بىز ئەڭ دەسلەپتە مەۋجۇداتنى يوقتىن ياراتقان چېغىمىزدا، بىزنىڭ ئۇنى يارىتىشتىن ئاجىز كەلگەن يېرىمىز بارمۇ؟ جاۋاب شۇكى، ھەرگىز ئاجىز كەلمىدۇق. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، بىز دەسلەپتە يوقتىن ياراتقان مەۋجۇداتنى يوق قىلىۋېتىپ قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن قانداقمۇ ئاجىز كېلىمىز؟! ئۆزىمىز يوقتىن ياراتقان مەخلۇقاتنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن، ئىنساننى ئۆلگىنىدىن كېيىن تىرىلدۈرۈشتىن ئاجىز كېلەرمىزمۇ؟! مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ۋە ھەممىنى ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ-يۇ، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىشەنمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار قىيامەتتىكى تىرىلىشكە قارىتا چوڭقۇر گۇماندىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرلەرنى ۋە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن دىننى ئىنكار قىلىش ئازغۇن قەۋملەرنىڭ ئورتاق قىلمىشىدۇر.

2. كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ ھەقىقەتكە قارشى چىققانلارنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەتتۇر.

3. ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئەقىلسىز ئىنسانلاردۇر.

### ◄ تەقۋالىق ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قورقۇش

﴿وَلَقَدْ خَلَقْنَا ٱلْإِنسَٰنَ وَنَعْلَمُ مَا تُوَسْوِسُ بِهِۦ نَفْسُهُۥ ۖ وَنَحْنُ
أَقْرَبُ إِلَيْهِ مِنْ حَبْلِ ٱلْوَرِيدِ ﴿١٦﴾ إِذْ يَتَلَقَّى ٱلْمُتَلَقِّيَانِ عَنِ ٱلْيَمِينِ
وَعَنِ ٱلشِّمَالِ قَعِيدٌ ﴿١٧﴾ مَّا يَلْفِظُ مِن قَوْلٍ إِلَّا لَدَيْهِ رَقِيبٌ عَتِيدٌ
﴿١٨﴾ وَجَآءَتْ سَكْرَةُ ٱلْمَوْتِ بِٱلْحَقِّ ۖ ذَٰلِكَ مَا كُنتَ مِنْهُ تَحِيدُ ﴿١٩﴾

وَنُفِخَ فِي ٱلصُّورِۚ ذَٰلِكَ يَوۡمُ ٱلۡوَعِيدِ ﴿٢٠﴾ وَجَآءَتۡ كُلُّ نَفۡسٖ مَّعَهَا
سَآئِقٞ وَشَهِيدٞ ﴿٢١﴾ لَّقَدۡ كُنتَ فِي غَفۡلَةٖ مِّنۡ هَٰذَا فَكَشَفۡنَا عَنكَ
غِطَآءَكَ فَبَصَرُكَ ٱلۡيَوۡمَ حَدِيدٞ ﴿٢٢﴾ وَقَالَ قَرِينُهُۥ هَٰذَا مَا لَدَيَّ عَتِيدٌ
﴿٢٣﴾ أَلۡقِيَا فِي جَهَنَّمَ كُلَّ كَفَّارٍ عَنِيدٖ ﴿٢٤﴾ مَّنَّاعٖ لِّلۡخَيۡرِ مُعۡتَدٖ مُّرِيبٍ
﴿٢٥﴾ ٱلَّذِي جَعَلَ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ فَأَلۡقِيَاهُ فِي ٱلۡعَذَابِ ٱلشَّدِيدِ
﴿٢٦﴾ ۞ قَالَ قَرِينُهُۥ رَبَّنَا مَآ أَطۡغَيۡتُهُۥ وَلَٰكِن كَانَ فِي ضَلَٰلِۭ بَعِيدٖ
﴿٢٧﴾ قَالَ لَا تَخۡتَصِمُواْ لَدَيَّ وَقَدۡ قَدَّمۡتُ إِلَيۡكُم بِٱلۡوَعِيدِ ﴿٢٨﴾ مَا
يُبَدَّلُ ٱلۡقَوۡلُ لَدَيَّ وَمَآ أَنَا۠ بِظَلَّٰمٖ لِّلۡعَبِيدِ ﴿٢٩﴾ يَوۡمَ نَقُولُ لِجَهَنَّمَ
هَلِ ٱمۡتَلَأۡتِ وَتَقُولُ هَلۡ مِن مَّزِيدٖ ﴿٣٠﴾ وَأُزۡلِفَتِ ٱلۡجَنَّةُ لِلۡمُتَّقِينَ
غَيۡرَ بَعِيدٍ ﴿٣١﴾ هَٰذَا مَا تُوعَدُونَ لِكُلِّ أَوَّابٍ حَفِيظٖ ﴿٣٢﴾ مَّنۡ خَشِيَ
ٱلرَّحۡمَٰنَ بِٱلۡغَيۡبِ وَجَآءَ بِقَلۡبٖ مُّنِيبٍ ﴿٣٣﴾ ٱدۡخُلُوهَا بِسَلَٰمٖۖ ذَٰلِكَ
يَوۡمُ ٱلۡخُلُودِ ﴿٣٤﴾ لَهُم مَّا يَشَآءُونَ فِيهَا وَلَدَيۡنَا مَزِيدٞ ﴿٣٥﴾

## تەرجىمىسى

16-بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى ياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلتۈرگەنلىرىنىمۇ بىلىمىز، بىز ئىنسانغا ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز.

17-ئىنساننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ خاتىرىلەيدىغان ئىككى پەرىشتە بار.

18-ئىنسان قانداقلا بىر سۆزنى قىلسۇن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ يېنىدا كۆزىتىپ تۇرغۇچى (ۋە يېزىشقا) ھازىر پەرىشتە بولىدۇ.

19-ئۆلۈمنىڭ سەكراتى ھەقىقەتنى ئېلىپ كېلىدۇ-دە، «(ئى ئىنسان!) بۇ سەن داۋاملىق قېچىپ كېلىۋاتقان نەرسىدۇر» (دېيىلىدۇ).

20-سۇر چېلىنىدۇ، ئەنە شۇ (كاپىرلار) ئاگاھلاندۇرۇلغان كۈندۇر.

21-ھەر ئىنسان (ھېساب مەيدانىغا) بىر ھەيدىگۈچى ۋە بىر گۇۋاھچى بىلەن بىللە كېلىدۇ.

22ـ(ئۇنىڭغا) «(ئى ئىنسان!) سەن بۇ كۈندىن غەپلەتتە ئىدىڭ، سەندىن (كۆزۈڭدىكى) پەردىنى كۆتۈرۈۋەتتۇق، بۈگۈن كۆزۈڭ ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى» (دېيىلىدۇ).

23ـئۇنىڭغا مەسئۇل بولغان پەرىشتە: «مانا بۇ (نامە ـ ئەمەل) مېنىڭ ئالدىمدا تەيياردۇر» دەيدۇ.

24ـ26ـ (ئاللاھ ئۇ ئىككى پەرىشتىگە ئەمر قىلىپ:) «كۇفرىدا چىڭ تۇرغۇچى، ياخشىلىقتىن توسقۇچى، ھەددىدىن ئاشقۇچى، (دىنغا) شەك كەلتۈرگۈچى، ئاللاھقا باشقا مەبۇدنى شېرىك قىلغۇچى ھەربىر كاپىرنى جەھەننەمنىڭ ئىچىگە ـ شىددەتلىك ئازابنىڭ ئىچىگە ئېتىڭلار» (دەيدۇ).

27ـئۇنىڭ ھەمراھى (بولغان شەيتان): «ئى رەببىمىز! مەن ئۇنى ئازدۇرمىدىم، لېكىن ئۇ ئۆزى چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا ئىدى» دەيدۇ.

28ـ29ـ ئاللاھ: «مېنىڭ ئالدىمدا دەۋالاشماڭلار، سىلەرنى مەن ئالدىنئالا ئاگاھلاندۇرغان ئىدىم، مېنىڭ دەرگاھىمدا سۆز ئۆزگەرمەيدۇ، مەن بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەسمەن» دەيدۇ.

30ـئۇ كۈندە بىز جەھەننەمگە: «توشتۇڭمۇ؟» دەيمىز، جەھەننەم: «يەنە بارمۇ؟» دەيدۇ.

31ـجەننەت تەقۋادارلارغا يىراق بولمىغان بىر جايغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ.

32ـ34ـ (ئۇلارغا): «سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان (جەننەت) مۇشۇدۇر، (بۇ) ئاللاھقا يۈزلەنگەن، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان، خىلۋەتتە رەھمان ئاللاھتىن قورققان ۋە ئىخلاسمەن قەلب بىلەن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە خاستۇر. سىلەر جەننەتكە ئامان ـ ئېسەن كىرىڭلار، بۇ مەڭگۈ قېلىش كۈنىدۇر» (دېيىلىدۇ).

35ـجەننەتتە ئۇلارغا خالىغان نەرسىلەر بار ۋە بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزدا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقى (يەنى ئاللاھنى كۆرۈش نېمىتى) بار.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، بىز ئىنساننى مۇكەممەل قىلىپ ياراتتۇق، ئۇنىڭ سۈرىتىنىمۇ چىرايلىق شەكىلگە كىرگۈزدۇق، بىز ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى ئېنىق بىلىمىز، ھەتتا ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كەلتۈرگەنلىرىنىمۇ ۋە ئىچىدە يوشۇرغانلىرىنىمۇ بىلىپ تۇرىمىز. ﴿إِنَّهُۥ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ﴾

يەنى ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن دىللاردىكى سىرلارنىمۇ بىلگۈچىدۇر﴾[1]. دېمەك، ئاللاھ تائالا ئىنسانىنىڭ ئاشكارا قىلغان ۋە يوشۇرغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ، ھەتتا كۆڭلىگە كەلتۈرگەنلەرنىمۇ ئېنىق بىلىدۇ. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىندۇر. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ ھەممە ئىشىنى تولۇق ۋە تەپسىلىي كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتتە، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش جەھەتتىكى يېقىنلىقى ئورۇن جەھەتتىكى يېقىنلىققا ئوخشىتىلغان.

گەرچە ئاللاھ تائالا ئىنسانىنىڭ پۈتۈن قىلىۋاتقانلىرىنى ۋە جىمى ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى قىيامەت كۈنى دەلىل-ئىسپاتى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنى ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنى پەرىشتىلەرگە يازدۇرۇپ تۇرىدۇ.

ئىنسان قانداقلا بىر ئىشنى قىلسۇن ياكى قانداق بىر سۆزنى سۆزلىسۇن، ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىككى پەرىشتە ئۇنى يېزىشقا ئۈلگۈرۈپ بولىدۇ. بۇ ئىككى پەرىشتىنىڭ بىرى، ئىنسانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى يازسا، يەنە بىرى، ئۇنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ يامانلىقلىرىنى يازىدۇ. بۇ ئىككى پەرىشتە ئىنسانىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنى بىر-بىرلەپ يېزىپ تۇرۇۋاتقاندا ۋە ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئۇ ئىنسانغا ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىندۇر، ئۇنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنى بىۋاسىتە كۆرۈپ تۇرىدۇ.

ئۆلىمالار بۇ ئايەتتە مۆئمىنلەر ئۈچۈن خۇش خەۋەر، كاپىرلار ۋە گۇناھكارلار ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش بارلىقىنى ئېيتقان. چۈنكى، ياخشى ئىش قىلىدىغان مۆئمىن ئادەم بۇ ئايەتتىن سۆيۈنىدۇ ۋە قىلغان ياخشى ئىشلىرىنىڭ بىكارغا كەتمەيدىغانلىقىدىن، چوڭ-كىچىك ھەممىسىنىڭ خاتىرىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ ياخشى ئىشنى دا-ۋاملاشتۇرىدۇ. ئەمما مۆئمىنلەر ئىچىدىكى گۇناھكارلار ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى پەرىشتىلەرنىڭ يېزىپ تۇرىدىغانلىقىدىن قورقۇپ بولسىمۇ گۇناھنى تەرك ئېتىدۇ.

شۇ گۇناھكار بەندىلەرنىڭ ھالىغا ۋايكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر كۈنى چوقۇم ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ-يۇ، ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلمايدۇ، ئۇنىڭدىن قورقمايدۇ. ئەمما ئۆلۈمنىڭ سەكراتى كەلگەن چاغدا، ئۇلار

[1] مۈلك سۈرىسى:13-ئايەت.

قورقۇنچتىن ئەقلىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ﴿ئۆلۈمنىڭ سەكراتى شەكسىز كېلىدۇـدە، «(ئى ئىنسان!) بۇ سەن داۋاملىق قېچىپ كېلىۋاتقان نەرسىدۇر» (دېيىلىدۇ)﴾ . توغرا، ھەرقانداق ئادەم ئۆلۈمنىڭ سەكراتىنى باشتىن كەچۈرىدۇ، ھېچكىمگە بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلۇش يوق. كاپىر ئىنسان شۇ ۋاقىتتىلا ئىشنىڭ ھەقىقىتىگە يېتىدۇ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى بىلىدۇ، پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە جەزم قىلىدۇ. سەكراتنىڭ ئازابىنى چېكىدۇ، گويا ئۇنىڭغا: «ئى كاپىر ئىنسان! مانا بۇ ئۆلۈم ئەزەلدىن سەن قېچىپ كېلىۋاتقان ۋە سەن يامان كۆرۈپ كېلىۋاتقان نەرسىدۇر. ئەمدى بۇگۈن ئۇنىڭغا تۇتۇلدۇڭ» دېيىلىدۇ.

ئەمما ئاخىرەتلىكى ياخشى بولغان مۆئمىن ئادەم سەكراتقا چۈشكەن ۋاقىتتا، ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان جەننەت نېمەتلىرىنى كۆرۈپ خۇشاللىنىدۇ، ھەسرەتـنادامەت چەكمەيدۇ، بەلكى مەمنۇنلۇق بىلەن جان ئۈزىدۇ.

قىيامەت قايىم بولغاندا ھەممە جانلىق ھالاك بولۇپ، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممە پانىي بولىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئىرادە قىلغان ۋاقىتتا ئاخىرەت ئالىمى باشلىنىدۇ. شۇ چاغدا خالايىقنى تىرىلدۈرۈپ قەبرىلىرىدىن چىقىرىش ۋە ھېساب مەيدانىغا توپلاش ئۈچۈن، ئىككىنچى قېتىم سۇر چېلىنىدۇ. بۇ كاپىرلار بىلەن گۇناھكارلار ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابلىق كۈننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى بولۇپ، ئۇلاردىن ھەربىر ئادەمنى بىردىن ھەيدىگۈچى ۋە بىردىن گۇۋاھچى بىرگە ئېلىپ ماڭىدۇ ۋە ئۇلارغا دېيىلىدۇ: «ئى ئىنسان! سەن دۇنيادىكى چاغلىرىڭلاردا بېشىڭغا كېلىدىغان مۇشۇ كۈندىن غەپلەتتە ياشىدىڭ، ئەمدى بۇگۈن سېنىڭ كۆزۈڭدىن غەپلەت پەردەڭنى كۆتۈرۈۋەتتۇق، كۆزۈڭنى ئېچىۋەتتۇق، دۇنيادىكى ۋاقتىڭدا ماددىي مەنپەئەتلەرگە چۆمۈپ كەتكەنلىكىڭ ئۈچۈن، ئۆزۈڭ بۇ غەپلەت پەردىسىنىڭ ئىچىدە قېلىپ ھەقىقەتنى كۆرمەيتتىڭ، ئەمدى ھازىر ئۇنى كۆرۈۋاتىسەن، كۆزۈڭمۇ ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى، سەن دۇنيادا ئىنكار قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشلارنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئەمدى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈۋاتىسەن». بۇ چاغدا ئۇنىڭ نامە ـ ئەمەلىنى خاتىرىلەپ تۇرۇشقا مەسئۇل بولغان پەرىشتە: ﴿مانا بۇ (نامەـئەمەل مېنىڭ ئالدىمدا تەيياردۇر﴾ دەيدۇ.

﴿وَقَالَ قَرِينُهُۥ هَـٰذَا مَا لَدَىَّ عَتِيدٌ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿قَرِينُهُۥ﴾ دېگەن سۆز توغرۇلۇق مۇپەسسىرلەر ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى ئۇنى شۇ بەندىنىڭ نامەـئەمەلىگە مەسئۇل پەرىشتە دېسە، بەزىسى ئۇنى شۇ ئىنسانغا دۇنيادا ھەمراھ بولغان شەيتان دەپ تەپسىر قىلغان. بىز بۇ

يەردە ئەڭ كۈچلۈك قاراشنى تاللاپ ئۇنى پەرىشتە دەپ ئالدۇق.

﴿قَرِينُهُۥ﴾ دېگەن سۆزنى شۇ بەندىنىڭ شەيتاندىن بولغان ھەمراھى دەپ تەپسىر قىلغاندا، ئۇنىڭ مەنىسى: ئۇ ئىنسانغا دۇنيادا ھەمراھ بولغان شەيتان دوستى ئۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مانا بۇ يېنىمدىكىسى جەھەننەمگە تەيياردۇر، چۈنكى مەن ئۇنى دۇنيادا ئازدۇرۇش ئارقىلىق جەھەننەمگە لايىق قىلىپ شۇنداق تەييارلىدىم» دەيدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.

شۇ ئەسنادا، ئاللاھ تائالا ئۇنى ھەيدىگۈچى ۋە گۇۋاھ بولغۇچى ئىككى پەرىشتىگە بۇيرۇق قىلىپ دەيدۇكى، دۇنيادا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشىلىققا قارشى چىقىپ، ئۇنى توسقان، ئىنكاردا ۋە گۇناھ-مەئسىيەتتە ھەددىدىن ئاشقان، ھەق دىنغا شەك كەلتۈرگەن، ئاللاھ تائالاغا ساختا مەبۇدلارنى شېرىك قىلغان ھەربىر تەرسا كاپىرنى دەھشەتلىك ئازابقا تاشلاڭلار، ئۇنى ئەڭ قاتتىق ئازاب بىلەن ئازابلاڭلار.

ئۇ كاپىر دوزاخقا تاشلانغان چاغدا: «ئى رەببىم! مېنى شەيتان ئازدۇرغان ئىدى» دەيدۇ. ئەمما شەيتان بۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ-دە، «ئى رەببىمىز! مەن ئۇنى ئازدۇرمىدىم، بەلكى ئۇ ئۆزى چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا ئىدى. مەن پەقەت ئۇنىڭ كۆڭلىگە يامانلىقنىڭ ۋەسۋەسىسىنى سالدىم، كۇفرىنى، ئازغۇنلۇقنى ۋە تۇرلۇك يامان ئىشلارنى ئۇنىڭغا چىرايلىق قىلىپ كۆرسەتتىم، خالاس. ئەمما كۇفرىلىقنى ۋە ئازغۇنلۇقنى ئۇ ئۆزى تاللىدى، گۇناھنىمۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن سادىر قىلدى. دېمەك، ئۇ كۇفرىنى، ئازغۇنلۇقنى ۋە بارچە يامان ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ تاللىۋالغان ۋە بۇ ھەقتىكى ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇشلارغا قۇلاق سالمىغان ئىدى» دەيدۇ. ئۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا دەيدۇكى، سىلەر مېنىڭ ئالدىمدا دەۋالاشماڭلار، مەن ئىلگىرى سىلەرنى بۇ كۈنگە قېلىشىڭلاردىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، سىلەرگە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ۋە كىتابلارنى نازىل قىلغان ئىدىم. مېنىڭ دەرگاھىمدا سۆز ئۆزگەرتىلمەيدۇ، مېنىڭ ھۆكمىمگە ھېچكىم قارشى چىقالمايدۇ. مەن كاپىرلارنىڭ دوزاختا مەڭگۈ قېلىشىنى، گۇناھكارلارنىڭ گۇناھىغا لايىق ئازابلىنىشىنى بەلگىلىۋەتتىم. بۇ ھۆكۈمنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. مەن ھېچكىمنى باشقىسىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئازابلىمايمەن، ھېچكىمنى ئۆزى تېگىشلىك بولغان جازادىن ئارتۇق جازالىمايمەن. چۈنكى، مەن بەندىلىرىمگە قىلچە ئۇۋال قىلمايمەن، لېكىن ئىنسانلار ئىماندىن كۇفرىنى ئەۋزەل كۆرۈش بىلەن ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىدۇ.

ئى ئىنسانلار! شۇ كۈننى ئەستىن چىقارماڭلاركى، ئۇ كۈندە بىز جەھەننەمگە: ﴿توشتۇڭمۇ؟﴾ يەنى ساڭا كىرگەن گۇناھكارلار بىلەن سېنىڭ شۇ كەڭرى جايلىرىڭ ئەمدى توشتىمۇ؟ دەپ سوئال قويىمىز. جەھەننەم بۇ سوئالغا ﴿يەنە بارمۇ؟﴾ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مۇپەسسىرلەر ﴿يەنە بارمۇ؟﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىلەر: «بۇلاردىن ئارتۇقىنى سىغدۇرالمايمەن، چۈنكى مەن هازىر لىق تولۇپ كەتتىم» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر: «دوزاخقا كىرىدىغانلاردىن يەنە بارمۇ؟ ئەگەر بولسا سىغدۇرالايمەن» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەللامە تەبەريي «بۇ ئايەتنىڭ ئەڭ توغرا تەپسىرى كېيىنكىسىدۇر»[1] دېگەن.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿يەنە بارمۇ؟﴾ دېگەن سۆزنى راستتىنلا جەھەننەم ئېيتامدۇ ياكى بۇ بىر ئوخشىتىشمۇ دېگەن مەسىلە توغرۇلۇق ئىختىلاپ قىلىشقان بولۇپ، بەزىلەر بۇ سۆزنى جەھەننەمنىڭ ئىنتايىن كەڭرى ئىكەنلىكىگە بىر ئوخشىتىشتۇر، دېگەن. ئەمما كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر قىيامەت كۈندە جەھەننەمنىڭ راستتىنلا سۆزلەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئىمام شەۋكانى بۇ هەقتىكى هەر خىل قاراشلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «جەھەننەم زۇۋانغا كېلىپ: ‹مەن ئەمدى توشۇپ كەتتىم، مەندە بوش ئورۇن قالمىدى› دەيدۇ. مۇجاھىد، ئاتائ، مۇقاتىل قاتارلىقلارمۇ شۇنداق قارايدۇ»[2]. ئەللامە مۇھەممەد ئەمىن شىنقىيتىيمۇ بۇنى كۈچلەندۈرگەن ۋە ئۇ كۈندە جەھەننەمنىڭ كاپىرلارنى كۆرىدىغانلىقىنى ۋە زۇۋانغا كېلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ سوئالىغا: ﴿يەنە بارمۇ؟﴾ دەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان[3]. تەپسىرى تەبەرىيدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان: «ئاللاھ: ﴿لَأَمۡلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنَ ٱلۡجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ أَجۡمَعِينَ﴾ يەنى ﴿مەن چوقۇم جەھەننەمنى جىنلار ۋە ئىنسانلار (ئىچىدىكى گۇناھكارلارنىڭ) هەممىسى بىلەن تولدۇرىمەن﴾[4] دېگەن سۆزنى ئالدىن ئېيتقان بولۇپ، قىيامەت كۈندە ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندىن كېيىن، جەھەننەمگە لايىق بولغانلارنى توپ-توپ قىلىپ جەھەننەمگە تاشلىغانسېرى جەھەننەم گۈركىرەپ يەنە زىيادىسىنى تەلەپ

[1] «تفسير الطبري» 22 ـ توم، 360ـ بەت.
[2] «فتح القدير» 5ـتوم، 2ـبەت.
[3] «أضواء البيان في إيضاح القرآن بالقرآن» 7ـتوم، 430ـبەت.
[4] سەجدە سۈرىسى:13ـئايەت.

قىلىدۇ، ئۇنىڭغا تاشلانغانلار ئۇنىڭ ئىچىدە يوقاپ كەتكەندەكلا تۇيۇلىدۇ، جەھەننەم قەتئىي تولمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا جەھەننەم زۇۋانغا كېلىپ، ‹ئى رەببىم! سەن مېنى ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ گۇناھكارلىرى بىلەن تولدۇرۇشقا قەسەم قىلغان ئەمەسمىدىڭ؟› دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ قەدىمىنى جەھەننەمگە قويىدۇ ـ دە، جەھەننەم يەنە زۇۋانغا كېلىپ: ‹بولدى، ئەمدى مەن توشۇپ كەتتىم، مەندە يىڭنە سىغقۇدەكمۇ ئورۇن قالمىدى› دەيدۇ»[1].

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مۆئمىنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىشقا ئۆتىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: جەننەت تەقۋادارلارغا يىراق بولمىغان بىر جايغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ، جەننەت ئۇلاردىن قەتئىي يىراق بولمايدۇ. ئۇلار جەننەتنى ۋە جەننەتتىكى نېمەتلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭدا كۆزلەر كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاقلار ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان نازۇنېمەتلەرنى كۆرىدۇ ۋە ئۇلاردىن ھۇزۇرلىنىدۇ. ئۇلارغا دېيىلىدۇكى، ئى تەقۋادارلار! سىلەرگە ۋە سىلەرگە ئوخشاش رەببىگە چىن ئىخلاسى بىلەن يۈزلەنگەن، ئۇنىڭ بۇيرۇغان ۋە توسقانلىرىغا رىئايە قىلغان، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان، خىلۋەت جايلاردىمۇ ئۇنىڭدىن قورقۇپ، يامان ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلانغان ۋە بۇ يەرگە ساغلام قەلب بىلەن كەلگەن ھەربىر مۇسۇلمانغا دۇنيادىكى چاغدا ۋەدە قىلىنغان ئېسىل جەننەتلەر، گۈزەل نېمەتلەر مانا مۇشۇدۇر. يەنە ئۇلارغا دېيىلىدۇكى، سىلەر ھەرقانداق بىر قورقۇنچتىن ياكى غەم ـ قايغۇدىن تامامەن خالاس بولغان ھالدا، جەننەتكە ئامان ـ ئېسەن كىرىڭلار. چۈنكى، سىلەرگە بۈگۈندىن ئېتىبارەن ھېچقانداق قورقۇنچ، غەم ـ ئەندىشە بولمايدۇ، كىرگەن جايلىرىڭلاردا مەڭگۈ تۇرىسىلەر، ئۇنىڭدىن چىقىرىلمايسىلەر، ئۇنىڭدا كۆڭلۈڭلار تارتقاننىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىسىلەر، رەببىڭلارنىڭ ھۇزۇرىدا بۇلاردىنمۇ زىيادىسى بار. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈشتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈش جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى ۋە قۇدرىتى شۇنچىلىك چەكسىز بولۇپ، ئۇ بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ جان تومۇرلىرىدىنمۇ يېقىندۇر.

2. ئىنساننىڭ ياخشى ۋە يامان بارلىق ئىشلىرى ئۇنىڭغا مەسئۇل

[1] «تفسير الطبري» 22 ـ توم، 360 ـ بەت.

قىلىنغان ئىككى پەرىشتە تەرىپىدىن تولۇق خاتىرىلىنىپ تۇرىدۇ.

3. ئوڭاي جان ئۈزۈش ۋە ئاخىرەتكە ئىمان بىلەن كېتىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئارزۇسىدۇر.

4. سەكراتقا چۈشكەن ئادەمگە ئۆزىنىڭ بارىدىغان جايى كۆرسىتىلىدۇ. ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغانلار بۇ ۋاقىتتا پۇشايمان قىلىدۇ، ئەمما ئۇ چاغدىكى پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ.

5. كۇفرلىق قىلىش، ياخشىلىقنى توسۇش، دۈشمەنلىك ۋە شەك قاتارلىق گۇناھلار بەختسىزلىككە سەۋەب بولىدىغان قىلمىشلارنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر.

6. دوزاخ ئەھلىنىڭ بىر-بىرى بىلەن جەڭگى - جېدەل قىلىشىدىغانلىقى مۇقەررەردۇر.

7. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئۇۋال قىلمايدۇ.

8. تەقۋادارلىق ئەڭ كاتتا پەزىلەت ۋە ئەڭ چوڭ نېمەتتۇر.

9. چوڭ-كىچىك ھەرقانداق گۇناھتىن كېيىن تەۋبە قىلىشنى بىلگەنلەر بەختلىك كىشىلەردۇر.

10. جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا نائىل بولۇش ۋە ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈشتۇر.

### ◄ ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇش

﴿وَكَمۡ أَهۡلَكۡنَا قَبۡلَهُم مِّن قَرۡنٍ هُمۡ أَشَدُّ مِنۡهُم بَطۡشٗا فَنَقَّبُواْ فِي
ٱلۡبِلَٰدِ هَلۡ مِن مَّحِيصٍ ٣٦ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَذِكۡرَىٰ لِمَن كَانَ لَهُۥ قَلۡبٌ
أَوۡ أَلۡقَى ٱلسَّمۡعَ وَهُوَ شَهِيدٞ ٣٧ وَلَقَدۡ خَلَقۡنَا ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ
وَمَا بَيۡنَهُمَا فِي سِتَّةِ أَيَّامٖ وَمَا مَسَّنَا مِن لُّغُوبٖ ٣٨ فَٱصۡبِرۡ عَلَىٰ مَا
يَقُولُونَ وَسَبِّحۡ بِحَمۡدِ رَبِّكَ قَبۡلَ طُلُوعِ ٱلشَّمۡسِ وَقَبۡلَ ٱلۡغُرُوبِ ٣٩
وَمِنَ ٱلَّيۡلِ فَسَبِّحۡهُ وَأَدۡبَٰرَ ٱلسُّجُودِ ٤٠ وَٱسۡتَمِعۡ يَوۡمَ يُنَادِ ٱلۡمُنَادِ
مِن مَّكَانٖ قَرِيبٖ ٤١ يَوۡمَ يَسۡمَعُونَ ٱلصَّيۡحَةَ بِٱلۡحَقِّۚ ذَٰلِكَ يَوۡمُ
ٱلۡخُرُوجِ ٤٢ إِنَّا نَحۡنُ نُحۡيِۦ وَنُمِيتُ وَإِلَيۡنَا ٱلۡمَصِيرُ ٤٣ يَوۡمَ تَشَقَّقُ

ٱلْأَرْضُ عَنْهُمْ سِرَاعًا ۚ ذَٰلِكَ حَشْرٌ عَلَيْنَا يَسِيرٌ ﴿٤٤﴾ نَّحْنُ أَعْلَمُ بِمَا يَقُولُونَ ۖ وَمَآ أَنتَ عَلَيْهِم بِجَبَّارٍ ۖ فَذَكِّرْ بِٱلْقُرْءَانِ مَن يَخَافُ وَعِيدِ ﴿٤٥﴾

### تەرجىمىسى

36-بىز ئۇلاردىن (يەنى مەككە كاپىرلىرىدىن) ئىلگىرى ئۇلارغا قارىغاندا بەك كۈچلۈك بولغان نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى هالاك قىلىۋەتتۇق. ئۇ ئۈممەتلەر (ئۆلۈمدىن) قاچىدىغان جاي بارمىدۇ (دەپ) ھەرقايسى شەھەرلەرنى كېزىپ چىققان ئىدى.

37-شەكسىزكى، بۇنىڭدا ئەقلى بار ياكى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە پەند-نەسىھەت بار.

38-شەكسىزكى، بىز ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتتۇق، بىزگە ھېچقانداق ھاردۇق يەتكىنى يوق.

39-(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن.

40-كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ۋە سەجدىدىن (نامازدىن) كېيىن ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن.

41-نىدا قىلغۇچى[1] يېقىن بىر جايدىن نىدا قىلىدىغان كۈندە (نىداغا) قۇلاق سالغىن.

42-ئۇ كۈندە ئۇلار (يەنى بارلىق خالايىق) سۇر ئاۋازىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئاڭلايدۇ، ئەنە شۇ (قەبرىلەردىن) چىقىش كۈنىدۇر.

43-بىز ھەقىقەتەن ياشىتىمىز ۋە ئۆلتۈرىمىز، ئاخىر قايتىدىغان جاي بىزنىڭ دەرگاھىمىزدۇر.

44-ئۇ كۈندە يەر يېرىلىپ ئۇلار (قەبرىلىرىدىن) تېز چىقىپ كېلىدۇ. ئەنە شۇنداق يىغىش بىز ئۈچۈن تولىمۇ ئاساندۇر.

---

[1] نىدا قىلغۇچى ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چېلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىملىق سۇر چېلىشى بىلەن ھەممە جانلىق ئۆلىدۇ، ئىككىنچى قېتىملىق چېلىشى بىلەن ھەممە خالايىق تىرىلىپ قەبرىلىرىدىن چىقىدۇ.

45-بىز ئۇلارنىڭ ئېيتىدىغان سۆزلىرىنى ئوبدان بىلىمىز، سەن ئۇلارنى (ئىمانغا) زورلىغۇچى ئەمەسسەن، سەن مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمدىن قورقىدىغانلارغا قۇرئان بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلغىن.

## ◄ تەپسىرى

سىلەردىن ئىلگىرى نۇرغۇنلىغان ئۇممەتلەرنى ئەڭ تېز ۋە ئەڭ قاتتىق ئازابلار بىلەن ھالاك قىلىۋەتتۇق. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغان، ھەق دىنغا قارشى چىققان ئىدى.

ئى مەككىلىكلەر! ھالاك قىلىنغان مەزكۇر ئۇممەتلەر كۈچ-قۇۋۋەتتە ۋە بايلىقتا سىلەردىن ئەلۋەتتە ئۈستۈن ئىدى، ئۇلار سودا-سانائەت ۋە بىناكارلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى، شەھەرلەرنى كېزىپ يۈرۈپ باشقىلارنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇراتتى، ئۆزلىرىگە بوي ئەگمىگەنلەردىن ئەڭ قاتتىق ئىنتىقام ئالاتتى، بارغانلا جايلىرىدا كۆپلىگەن بۇزغۇنچىلىقلارنى تۇغدۇراتتى، ئۇلارغا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيتتى. دېمەك، ئۇلار شۇنداق كۈچلۈك، شۇنداق قۇدرەتلىك قەۋملەر ئىدى. ئەمما ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى يۈزلەنگەن ۋاقىتتا ئۇلار ئۆزلىرىنى قوغداپ قالالمىدى، بۇ ئازابتىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى، «بۇ ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولىدىغان جاي بارمىدۇ» دەپ ھەر قايسى جايلارنى كېزىپ باقتى، ئاخىر ئەڭ ئېبرەتلىك شەكىلدە ھالاك بولۇپ تۈگەشتى. ئى مەككىلىك كاپىرلار! سىلەر ئۇلارنىڭ ھالىدىن ۋە ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئالامسىلەر؟ بۇنىڭدا ئەقلى بار، ياخشى-ياماننى پەرق ئېتەلەيدىغان، ھەق سۆزگە كۆڭلىدىن بېرىلىپ قۇلاق سالىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.

ئاللاھ تائالا كۆپلىگەن ئايەتلەردە، ئۆزى ھازىر بولسىمۇ، قۇلىقى ۋە ئەقلى باشقا يەردە بولغانلىقتىن ياكى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قۇلاقلىرى بىلەن كۆزلىرى پەردىلەنگەنلىكتىن ۋەز-نەسىھەتلەردىن مەنپەئەت ئالالمىغان كاپىرلارنى سۆككەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى بولغان بىلەن ھەق سۆزگە كۆڭلى بىلەن بېرىلىپ قۇلاق سالمايدۇ، كۆزلىرى بولغىنى بىلەن ھەقىقەتنىڭ دەلىللىرىنى كۆرمەيدۇ، ئەقلى بولغىنى بىلەن شۇ ئەقلىنى ھەقىقەت ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشقا ئىشلەتمەيدۇ. ﴿أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ ٱلْقُرْءَانَ أَمْ عَلَىٰ قُلُوبٍ أَقْفَالُهَآ﴾ يەنى ﴿ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار﴾[1].

---

[1] مۇھەممەد سۈرىسى:24-ئايەت.

بىز ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتتۇق. بىز ھەممىنى بىر لەھزىنىڭ ئىچىدىلا يارىتىپ بولۇشقىمۇ ئەلۋەتتە قادىر ئىدۇق. بىزگە بۇ يارىتىشتىن ھېچقانداق ھاردۇق يەتكىنى يوق، چارچاپ قالغىنىمىزمۇ يوق، چۈنكى بىز ئۈچۈن ھەممىسى ئاساندۇر. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئايەت يەھۇدىيلارنىڭ «ئاللاھ دۇنيانى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن، شەنبە كۈنى ھاردۇقنى چىقىرىش ئۈچۈن ئەرشكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ دەم ئالغان» دېگەن سۆزىگە رەددىيە بېرىش ئاساسىدا نازىل بولغان.

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇغان ۋە بۇ يولدا ئۇلاردىن ئەزىيەتتىن باشقىسىنى كۆرمىگەن، ياخشىلىق قىلىپ يامانلىق كۆرگەن ھەربىر دەۋەتچىگە تەسەللى بېرىش بىلەن تۈگەتكەن. چۈنكى، بۇ ئەھۋالغا سەۋر قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن ساۋاب كۈتۈشتىن باشقا مەلھەم يوقتۇر. سەۋرچانلىق بىلەن ئاللاھ تائالادىن ساۋاب كۈتۈش رەنجىگەن كۆڭۈللەرنىڭ ئەڭ ياخشى شىپاسىدۇر. ئاللاھ تائالا ھەمىشە ھەقىقىي مۆئمىنلەر بىلەن بىللىدۇر، ئۇلارنى ياردەمسىز تاشلاپ قويمايدۇ. ئەگەر مۆئمىنلەر ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان رەۋىشتە ھەقىقىي مۆئمىن بولۇپ ياشايدىغان بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە نۇسرىتى ئۇلارغا ھەر تەرەپتىن كېلىدۇ. تارىخ بۇنىڭغا گۇۋاھتۇر.

ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، ناماز ئوقۇش بىلەن، تەسبىھ ۋە تەھلىللەر بىلەن مەنىۋىيىتىڭنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرگىن، رەببىڭدىن ياردەم تىلىگىن، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن سەھەر ۋاقتىدا، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن، كۈن پاتقاندىن كېيىن ۋە ھەر نامازدىن كېيىن رەببىڭنى ئۇلۇغلاپ، مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن.

ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىقى ۋاقىتلاردا تەسبىھ ئېيتىشقا بۇيرۇشىدىكى ھېكمەت شۇكى، بۇ ۋاقىتلار ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرى نامايان بولىدىغان ۋاقىتلار بولۇپ، ئەقلىنى ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلغان ئادەم كۈننىڭ چىقىشى، ئۇنىڭ پېتىشى، كۈندۈزدە ھەرىكەتنىڭ ۋە تىرىكچىلىكنىڭ داۋام قىلىشى، ئاندىن جىمجىتلىق ۋە سۈكۈناتلىق كېچىنىڭ كىرىپ كېلىشى، ئەتراپتىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭلارنىڭ كېچىنىڭ كىرىشى بىلەن پەسىيىپ قېلىشى، ئەتىسى يەنە قايتىدىن يېڭى كۈننىڭ باشلىنىشى، دۇنيانىڭ ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇقتىن كېيىن، قاراڭغۇلۇققا ۋە سالقىنلىققا، بەزىدە سوغۇققا ئۆزگىرىشى قاتارلىق ئۆزگىرىشلەردىن ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، گۈزەل

سەنئەتلىرىنى، مۇكەممەل ئورۇنلاشتۇرۇشىنى بىلىپ يېتىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر نامازدىن كېيىن مۇنۇلارنى ئوقۇيتتى: ﴿لاَإِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ، وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ. اللَّهُمَّ لاَمَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ، وَلاَمُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ، وَلاَيَنْفَعُ ذَا الْجَدِّ مِنْكَ الْجَدُّ﴾ يەنى «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر. پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇسانالار ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئى ئاللاھ! سەن ئاتا قىلغاننى توسۇۋالغۇچى يوق ۋە سەن توسقاننى بەرگۈچى يوق، سېنىڭ دەرگاھىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ»[1].

قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ئىشلار ھەققىدە قورقۇنچلۇق بولۇپ، ئۇ كۈندە ئىسراپىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چالغان ھامان بارلىق خالايىق تىرىلىپ قەبرىلىرىدىن ئالدىراپ چىقىشقا باشلايدۇ ۋە ھەممىسى ھېساب مەيدانىغا بېرىپ توختايدۇ. «چىقىش كۈنى» قىيامەتنىڭ ئىسىملىرىدىن بولۇپ، قىيامەت بارلىق خالايىق تىرىلىپ قەبرىلىرىدىن چىقىشى بىلەن باشلانغان بىر كۈن بولغانلىقتىن، شۇڭا شۇنداق دەپ ئاتالغان. قىيامەت كۈنىنىڭ باشقا ئىسىملىرىمۇ بولۇپ، ئۇلار: ئاخىرەت كۈنى، ئاخىرەت يۇرتى، دىن كۈنى، تىرىلىش كۈنى، ھۆكۈم كۈنى، مەھشەر كۈنى، ھەسرەت كۈنى، ھېساب كۈنى قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق ئىسىمدۇر.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، بىز ئەجەلى توشقانلارنى ۋاپات قىلدۇرىمىز، ئاندىن قىيامەت كۈنى ئۇلارنى تىرىلدۈرىمىز. باشقا بىر مەنە بىلەن ئېيتقاندا، بىز مەخلۇقاتقا ھاياتلىق بېغىشلايمىز، خالىغان چاغدا ئۇ ھاياتنى يەنە ئۆزىمىز قايتۇرۇپ ئالىمىز. چۈنكى، بىز بۇنىڭغا ئەلۋەتتە قادىرمىز. بۇنىڭغا ھېچكىم شېرىك بولالمايدۇ، مەخلۇقاتنىڭ قايتىشى بىز تەرەپكە بولۇپ، ھەممە بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزغا كېلىدۇ. ئۇ كۈندە يەر يېرىلىپ جىمى خالايىق قەبرىلىرىدىن چىقىپ، ھېساب مەيدانىغا تېز كېلىدۇ. خالايىقلارنى ھېساب مەيدانىغا (مەھشەرگاھقا) ئەنە شۇنداق يىغىش بىز ئۈچۈن تولىمۇ ئاساندۇر.

ئى پەيغەمبەر! بىز ئۇلارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئوبدان بىلىمىز،

[1] «صحيح البخاري» 1-توم، 168-بەت، 844-ھەدىس.

بىز ئۇلارنىڭ تولۇق جازاسىنى بېرىمىز، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن غەمكىن بولمىغىن. سەن ئۇلارنى ئىمانغا زورلايدىغان بىر زورلىغۇچى ئەمەسسەن، چۈنكى سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەتلا كىشىلەرگە دىننى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر. مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمدىن قورقىدىغان، غەيبكە ئىشىنىدىغان ۋە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىدىغان كىشىلەرگە مېنىڭ سۆزۈم بولغان «قۇرئان كەرىم» بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلغىن. چۈنكى، سېنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىڭ شۇنداق كىشىلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئېلىشنى بىلگەنلەر يولىنى توغرىلاپ ماڭالايدىغان كىشىلەردۇر.

2. نامااز ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ كاپالەتلىك ئامىللىرىدىن بىرىدۇر.

3. ھەربىر پەرز نامازدىن كېيىن ئاللاھ تائالاغا زىكىر، تەسبىھ ۋە تەكبىرلەرنى ئېيتىش، ئاندىن دۇئا قىلىش پەزىلەتلىك ئەمەللەردۇر.

4. ۋەز-نەسىھەتتىن پەقەت قەلب كۆزى ئويغاق بولغانلارلا مەنپەئەت ئالىدۇ.

# زارىيات سۈرىسى

زارىيات سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 60 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىسپاتلاش مەسىلىسىنى بايان قىلىدۇ. ئاندىن مۆئمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ھەققىدە توختىلىدۇ. بۇ سۈرە تەۋھىد ئەقىدىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە شېرىك ئەقىدىسىنىڭ باتىللىقىنى ئىسپاتلاش، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىنى بايان قىلىش بىلەن تاماملىنىدۇ[1].

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: بارلىق جانلىقلارنىڭ رىزىق مەنبەسى ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى ئىنسانلارغا بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا لايىقىدا ئەمەل-ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتىكى ﴿ذارِيات﴾ يەنى «سورۇغۇچى شاماللار» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

## ◄ تىرىلىش دەلىللىرى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿وَٱلذَّٰرِيَٰتِ ذَرۡوٗا ١ فَٱلۡحَٰمِلَٰتِ وِقۡرٗا ٢ فَٱلۡجَٰرِيَٰتِ يُسۡرٗا ٣
فَٱلۡمُقَسِّمَٰتِ أَمۡرًا ٤ إِنَّمَا تُوعَدُونَ لَصَادِقٞ ٥ وَإِنَّ ٱلدِّينَ لَوَٰقِعٞ
٦ وَٱلسَّمَآءِ ذَاتِ ٱلۡحُبُكِ ٧ إِنَّكُمۡ لَفِي قَوۡلٖ مُّخۡتَلِفٖ ٨ يُؤۡفَكُ
عَنۡهُ مَنۡ أُفِكَ ٩ قُتِلَ ٱلۡخَرَّٰصُونَ ١٠ ٱلَّذِينَ هُمۡ فِي غَمۡرَةٖ سَاهُونَ

[1] «التفسير الواضح» 3-توم، 529-بەت.

﴿١١﴾ يَسْـَٔلُونَ أَيَّانَ يَوْمُ ٱلدِّينِ ﴿١٢﴾ يَوْمَ هُمْ عَلَى ٱلنَّارِ يُفْتَنُونَ ﴿١٣﴾
ذُوقُوا۟ فِتْنَتَكُمْ هَـٰذَا ٱلَّذِى كُنتُم بِهِۦ تَسْتَعْجِلُونَ ﴿١٤﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ(تۇپراقنى) سورۇغۇچى شاماللار بىلەن،

2ـ(يامغۇرنىڭ) ئېغىرلىقىنى كۆتۈرگۈچى بۇلۇتلار بىلەن،

3ـ يېنىك ماڭغۇچى كېمىلەر بىلەن،

4ـ ھەربىر ئىشنى تەقسىم قىلغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

5ـ سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسىلەر ئەلۋەتتە راستتۇر.

6ـ مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش چوقۇم بولىدىغان ئىشتۇر.

7ـ8ـ يوللىرى بار ئاسمان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ (قۇرئان ھەققىدىكى) گېپىڭلارنىڭ تۈتامى يوقتۇر.

9ـ(ھىدايەتتىن) بۇرۇۋېتىلگەن ئادەم قۇرئاندىن بۇرۇۋېتىلىدۇ.

10ـ كاززاپلارغا لەنەت بولسۇنكى،

11ـ ئۇلار جاھالەتكە پاتقان غاپىللاردۇر.

12ـ ئۇلار: «قىيامەت قاچان بولىدۇ؟» دەپ سورايدۇ.

13ـ ئۇ بولسا ئۇلار دوزاختا كۆيدۈرۈلىدىغان كۈندە (بولىدۇ).

14ـ(ئۇلارغا) «ئازابىڭلارنى تېتىڭلار، مانا بۇ سىلەر تېزرەك كېلىشىنى تەلەپ قىلغان نەرسىدۇر» (دېيىلىدۇ).

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇ كۈندە ئەمەللەردىن چوقۇم ھېساب ئېلىنىدىغانلىقىنى قەسەم بىلەن تەكىتلىگەن.

«ئاللاھ تائالانىڭ شامال قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلغانلىقىنىڭ سىرى شۇكى، ئەرەبلەر پەيغەمبەر دېگەن كۈچلۈك بولىدۇ، دەلىل-

پاكىتلىرى كۈچلۈك ۋە مۇنازىرىلەردە يېڭىۋالىدىغان بولىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى ياراتقان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىپ، بۇ قەسەم ئايەتلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق ئوقۇتقانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىۋاتقان بىرى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئەرەبلەر يالغان ئىشقا قەسەم قىلغان ئادەم چوقۇم ھالاك بولىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. شۇڭا كۆپ قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ ھالاكىتىنى كۈتەتتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەسەم ئايەتلىرىنى كۆپ ئوقۇغان ۋە كۆپ قەسەم قىلغان تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ھالاك بولمىغانلىقى، ئەكسىچە بارغانسېرى كۈچلىنىپ كېتىۋاتقانلىقى شۇ ئەرەبلەرنىڭ نەزىرىدىمۇ ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىپ تۇراتتى. بۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالانىڭ شامال، يامغۇر ۋە كېمە قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە ۋە ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىگە ئوچۇق دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتنى يوقتىن ياراتقان زات ئۈچۈن ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرۈش ھەرگىز قىيىن ئەمەس. يەنە ئۇنىڭ سۇسىزلىقتىن قاقاسلىققا ئايلىنىپ قالغان زېمىنلەرنى يامغۇر بىلەن تىرىلدۈرۈپ ياپيېشىل قىلغانلىقى ئۇنىڭ ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئايرىم بىر دەلىلدۇر»[1].

بۇ يەردە يەنە باشقا بىر نۇقتا بار. ئۇ بولسىمۇ، «قۇرئان كەرىم»دىكى قەسەم بىلەن باشلانغان سۈرىلەرنىڭ ھەممىسىدە، يا تەۋھىد ياكى پەيغەمبەرلىك ۋەياكى ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشتىن ئىبارەت مۇشۇ ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى ئىسپاتلاش كۆزدە تۇتۇلغان. چۈنكى، بۇ ئۈچى دىننىڭ يادروسىدۇر. مەسىلەن، قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، سافات سۈرىسىدە تەۋھىدكە قەسەم قىلىنغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ إِلَٰهَكُمْ لَوَاحِدٌ﴾ يەنى ﴿سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ھەقىقەتەن بىر ئىلاھتۇر﴾[2]، نەجم، زۇھا سۈرىلىرىدە بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە قەسەم قىلىنغان. ﴿مَا ضَلَّ صَاحِبُكُمْ وَمَا غَوَىٰ﴾ يەنى ﴿سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (مۇھەممەد) ئازمىدى ۋە

---

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 530- بەت.

[2] سافات سۈرىسى:4-ئايەت.

يولدىن ئاداشمىدى﴾[1]، ﴿وَٱلضُّحَىٰ ۝١ وَٱلَّيۡلِ إِذَا سَجَىٰ ۝٢ مَا وَدَّعَكَ رَبُّكَ وَمَا قَلَىٰ ۝٣﴾ يەنى ﴿چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەم قىلىمەن، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭ سېنى تاشلىۋەتمىدى ۋە يامان كۆرۈپمۇ قالمىدى﴾[2]. باشقا سۈرىلەردىكى قەسەملەر ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ۋە ھېساب بېرىشكە، شۇنداقلا ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە تۇپراقنى توزىتىپ ئۇچۇرىدىغان شاماللار بىلەن قەسەم قىلغان. شامال يامغۇرغا ھامىلىدار بۇلۇتلارنى قوزغايدىغان، دېڭىزلاردا بولسا كېمىلەرنى ماڭدۇرىدىغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگىدۇر. ئەمما يامغۇرنى تەقسىم قىلىش ۋە بەلگىلەنگەن جايلارغا ياغدۇرۇش ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىدۇر. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ﴿ذارىيات﴾ نىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە سورالغىنىدا، ئۇنى ﴿شامالLAR﴾ دەپ جاۋاب بەرگەن. ﴿حاملات﴾ ھەققىدە سورالغىنىدا، ﴿بۇلۇتلار﴾ دەپ جاۋاب بەرگەن، ﴿جاريات﴾ ھەققىدە سورالغىنىدا، ﴿كېمىلەر﴾ دەپ جاۋاب بەرگەن، ﴿مقسمات﴾ ھەققىدە سورالغىنىدا، ﴿تەقسىم قىلغۇچى پەرىشتىلەر﴾ دەپ جاۋاب بەرگەن. ئاندىن ئۇ مۇنداق دېگەن: «بۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق تەپسىر قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىغان بولسام، مەن بۇنداق دېمىگەن بولاتتىم»[3].

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كىتابىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇركى، ئۇ يۇقىرىقى نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق ۋەدە قىلىنغان قىيامەتنىڭ چوقۇم قايىم بولىدىغانلىقىنى، ئىنسانلارنىڭ ياخشى ۋە يامان بارلىق ئەمەللىرىدىن ھېساب ئېلىنىشىنىڭ ۋە ھەربىرىنىڭ مۇكاپات ياكى جازادىن بولغان نېسىۋىسىنى تولۇق بېرىشىنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. ئاللاھ تائالا يەنە يوللارغا ئىگە ئاسمانلار بىلەن قەسەم قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن يۇلتۇزلارنىڭ يوللىرى مەقسەت قىلىنغانمۇ ياكى ئاسماننىڭ بەدىئىي سۈرەتتە يارىتىلغانلىقى مەقسەت قىلىنغانمۇ؟ ئىشقىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بايان قىلىنغانلىقىدا شەك يوق.

﴿إِنَّكُمۡ لَفِي قَوۡلٖ مُّخۡتَلِفٖ﴾ يەنى ﴿ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ (قۇرئان ھەققىدىكى) گېپىڭلارنىڭ تۇتامى يوقتۇر﴾ دېگەن ئايەت ئۆز ۋاقتىدىكى

---

[1] نەجم سۈرىسى:2-ئايەت.
[2] زۇھا سۈرىسى:1-3-ئايەتلەر.
[3] «تفسير ابن كثير» 7-توم، 413-بەت.

ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىقىشتىكى تۇتامسىز تۆھمەتلىرىگە ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى گاھىدا شائىر دېسە، گاھىدا سېھىرگەر دەيتتى، گاھىدا ئۇنى مەجنۇن دېسە، گاھىدا قۇرئاننى ئۇنىڭغا بىرەر ئادەم ئۆگەتكەن دېگەنگە ئوخشاش تۆھمەتلەرنى قىلاتتى. ئۇلار بۇ تۆھمەتلىرىدىمۇ ئاخىرغىچە تۇرمايتتى، تۈنۈگۈن بىر تۆھمەتنى توقۇپ چىققان بولسا، بۈگۈن باشقا بىر تۆھمەتنى توقۇپ چىقاتتى ۋە تۈنۈگۈنكى سۆزىگە ئىگە بولمايتتى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ تۇتامى يوقلۇقىنى ۋە قىلغان تۆھمەتلىرىگە ئۆزلىرىمۇ ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۆزىنىڭ تاللىشى ۋە خاھىشى سەۋەبلىك ھىدايەتتىن ۋە ئىماندىن بۇرۇۋېتىلگەنلەر «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەگىشىشتىنمۇ بۇرۇۋېتىلىدۇ. ئۆزىنىڭ تەخمىنلىرىگە تايىنىپ ئاخىرەتنى ۋە ئۇنىڭدىكى تىرىلىش، ھېساب بېرىش، جەننەت، دوزاخ قاتارلىق ھەقىقەتلەرنى ئىنكار قىلغان كاززاپلارغا لەنەت بولسۇنكى، ئۇلار جاھالەت پاتقاقلىرىغا پېتىپ كەتكەن غاپىللاردۇر.

ئۇلار تېخى قىيامەت توغرۇلۇق بېرىلگەن ۋەدىلەرنى مەسخىرە قىلىپ «قاچان بولىدۇ ئۇ قىيامەت؟» دەيدۇ. ئۇلارغا شۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: ﴿ئۇ بولسا ئۇلار دوزاختا كۆيدۈرۈلىدىغان كۈندە بولىدۇ﴾ يەنى قىيامەت قايىم بولغان كۈندە بۇ كۈننى ئىنكار قىلغان كاپىرلار دوزاخ ئوتىدا ئازابلىنىۋاتقان بولىدۇ. ئۇلارغا شۇ ۋاقىتتا دېيىلىدۇكى، سىلەر ئىنكار قىلغان بۇ ئازابنى راسا تېتىڭلار! بۇ ئازاب سىلەرنىڭ كۇفرىلىقىڭلار سەۋەبلىك سىلەرگە بەلگىلەنگەن تېگىشلىك جازادۇر، يەنە كېلىپ بۇ ئازاب سىلەر دۇنيادىكى ۋاقىتلاردا تېزرەك كەلسە بولاتتى، دەپ بىزنى ئالدىراتقان ئازابىنىڭ ئۆزىدۇر. قېنى ئەمدى بۇنى تېتىڭلار!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىش شەك قوبۇل قىلمايدىغان ھەقىقەت بولۇپ، ياخشىلارنىڭ مۇكاپاتىنى ئالىدىغانلىقى، يامانلارنىڭ جازاسىنى تارتىدىغانلىقى ھەق ۋە راستتۇر.

2. ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى مەسخىرە قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى ئېغىر بولىدۇ.

### تەقۋادارلار كىم ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى نېمە؟

﴿إِنَّ ٱلْمُتَّقِينَ فِى جَنَّٰتٍ وَعُيُونٍ ﴿١٥﴾ ءَاخِذِينَ مَآ ءَاتَىٰهُمْ رَبُّهُمْ ۚ إِنَّهُمْ
كَانُوا۟ قَبْلَ ذَٰلِكَ مُحْسِنِينَ ﴿١٦﴾ كَانُوا۟ قَلِيلًا مِّنَ ٱلَّيْلِ مَا يَهْجَعُونَ
﴿١٧﴾ وَبِٱلْأَسْحَارِ هُمْ يَسْتَغْفِرُونَ ﴿١٨﴾ وَفِىٓ أَمْوَٰلِهِمْ حَقٌّ لِّلسَّآئِلِ
وَٱلْمَحْرُومِ ﴿١٩﴾ وَفِى ٱلْأَرْضِ ءَايَٰتٌ لِّلْمُوقِنِينَ ﴿٢٠﴾ وَفِىٓ أَنفُسِكُمْ ۚ
أَفَلَا تُبْصِرُونَ ﴿٢١﴾ وَفِى ٱلسَّمَآءِ رِزْقُكُمْ وَمَا تُوعَدُونَ ﴿٢٢﴾ فَوَرَبِّ
ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ إِنَّهُۥ لَحَقٌّ مِّثْلَ مَآ أَنَّكُمْ تَنطِقُونَ ﴿٢٣﴾﴾

### تەرجىمىسى

15-16-شەكسىزكى، تەقۋادارلار رەببى ئاتا قىلغان (نېمەتلەر)نى قوبۇل قىلغان هالدا جەننەتلەردە ۋە بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى (تائەت-ئىبادەتنى) ﺋﯧﺘﯩﺮﻗﯩﻨﯩﭗ قىلىدىغان كىشىلەر ئىدى.

17-ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى.

18-سەھەرلەردە (رەببىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى.

19-ئۇلارنىڭ پۇل-ماللىرىدا (كىشىلەردىن هاجەتلىرىنى) تىلەيدىغان موهتاجلارنىڭ ۋە (هايا قىلىپ) تىلىمەيدىغان ئېهتىياج ئىگىلىرىنىڭ هەققى بار ئىدى.

20-21- زېمىندا ۋە ئۆزۈڭلاردا (ئاللاهقا) چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (ئاللاهنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار، سىلەر (بۇلارنى) كۆرمەيۋاتامسىلەر؟

22-ئاسماندا سىلەرنىڭ رىزقىڭلار ۋە سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسىلەر بار.

23-ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ رەببى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، هەقىقەتەن سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ سۆزى ئۆزۈڭلارغا ئېنىق بولغاندەك راستتۇر.

### تەپسىرى

بۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق مەسئۇلىيەتلىرىنى تونۇپ ۋە جايىدا

ئادا قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ رازى بولۇشىغا سازاۋەر بولغانلار، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ «تەقۋادارلار» دېگەن كاتتا ئۇنۋانىغا نائىل بولغانلار جەننەتلەردە باغۇ-بوستانلىقلارنىڭ ۋە سۈيى فونتان بولۇپ ئېتىلىپ چىقىدىغان بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا تۈرلۈك نېمەتلەردىن ھۇزۇرلىنىدۇ، ئۇلار ئىسسىقمۇ كۆرمەيدۇ، سوغۇقمۇ كۆرمەيدۇ، ئۇسسۇزلۇقمۇ تارتمايدۇ، ئاچلىقمۇ تارتمايدۇ، ھەرقانداق بىر قورقۇنچتىن، غەم-قايغۇدىن پۈتۈنلەي خالىي بولغان ھالدا، راھەت ۋە ھۇزۇر ئىچىدە ياشايدۇ، دۇنيادا قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلىرى ئۈچۈن قىلچە قايغۇرمايدۇ، خۇشاللىق ۋە ئامانلىق ئىچىدە نېمەتلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلىپ، كۆڭۈل شادلىقى ۋە سەممىي مۇھەببىتى بىلەن ئورۇندايتتى، تەقۋادارلىق ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ياشايتتى، دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىنى ئېتىرقىنىپ، مۇكەممەل قىلاتتى، كۈندۈزلىرى ھالال كەسىپ قىلىپ تىرىكچىلىك قىلسا، كېچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش بىلەن بولاتتى. ئۇلار ئەنە شۇنداق بىر پۈتۈن ئىبادەت ئىچىدە تۇرۇپمۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقاتتى. شۇڭا بارلىق كەمچىلىكلىرى ۋە چوڭ-كىچىك گۇناھلىرى ئۈچۈن سەھەر ۋاقىتلىرىدا ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ ئىستىغپار ئېيتاتتى. گويا ئۇلار ئېغىر گۇناھلارنى سادىر قىلغان گۇناھكارلاردەك ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ مەغپىرەت تىلەيتتى، كەچۈرۈم سورايتتى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىپ تۇرۇشنى بىلەتتى. ئۇلارنىڭ پۇل-مېلىدا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە قىيىنچىلىقىنى ئوچۇق ئېيتىپ ياردەم سورايدىغان موھتاجلارنىڭ ۋە خىجىل بولۇپ ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى ئېيتالمايدىغان نومۇسچان پېقىرلارنىڭ ھەققى بار بولۇپ، ئۇلار بۇ ھەقنى تولۇق ئورۇنداپ تۇراتتى.

ئايەتتىكى ﴿سائىللار﴾ دىن مەقسەت: ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى ئوچۇق بايان قىلىپ باشقىلاردىن ياردەم سورايدىغان (تىلەيدىغان) كىشىلەردۇر. ئەمما ﴿سائىللىق قىلمايدىغان موھتاجلار﴾ دىن مەقسەت: ئۆزى ياردەمگە موھتاج بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئىپپىتىنى ساقلاپ ئۆزىنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا خار قىلىشنى خالىمايدىغان، ئەھۋالىنى بىلمىگەنلەر ئۇلارنى باي دەپ ئويلاپ قالىدىغان يوقسۇللار بولۇپ، ئۇلار يوقسۇللۇقنىڭ ئەڭ قاتتىق كۈنلىرىنى باشلىرىدىن كەچۈرۈۋاتقانلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَيْسَ المِسْكِينُ الَّذِي يَطُوفُ عَلَى النَّاسِ تَرُدُّهُ اللُّقْمَةُ

وَاللُّقْمَتَانِ، وَالتَّمْرَةُ وَالتَّمْرَتَانِ، وَلَكِنِ المِسْكِينُ الَّذِي لاَ يَجِدُ غِنًى يُغْنِيهِ، وَلاَ يُفْطَنُ بِهِ، فَيُتَصَدَّقُ عَلَيْهِ وَلاَ يَقُومُ فَيَسْأَلُ النَّاسَ» يەنى «مىسكىن دېگەن كىشىلەردىن بىر-ئىككى لوقما تائام ياكى بىر-ئىككى تال خورما تىلەپ يۈرىدىغانلار ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي مىسكىنلەر ھاجىتىنى قامدىغۇدەك بىر نەرسىسى بولمىغان ۋە كىشىلەر سەدىقە قىلاي دېسە ئۇنىڭ ھاجەتمەنلىكىنى بىلمىگەن ۋە كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلمەيدىغان موھتاجلاردۇر»[1].

﴿زېمىندا ۋە ئۆزۈڭلاردا (ئاللاھقا) چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار﴾ . بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ زېمىندىكى ۋە ئىنسانلاردىكى چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەردۇر. ﴿سَنُرِيهِمْ ءَايَٰتِنَا فِى ٱلْءَافَاقِ وَفِىٓ أَنفُسِهِمْ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُ ٱلْحَقُّ﴾ يەنى ﴿ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغانغا قەدەر، بىز ئۇلارغا ئۇپۇقلاردىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرىمىز﴾[2]، ﴿وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦٓ أَنَّكَ تَرَى ٱلْأَرْضَ خَٰشِعَةً فَإِذَآ أَنزَلْنَا عَلَيْهَا ٱلْمَآءَ ٱهْتَزَّتْ وَرَبَتْ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىدىن بىرى، سېنىڭ زېمىننى قاقاس كۆرۈشۈڭ، (ئاندىن) بىز ئۇنىڭغا يامغۇر ياغدۇرغان چېغىمىزدا، ئۇنىڭ (زىرائەتلەر بىلەن) ھەرىكەتلىنىپ كۆپۈشىدۇر﴾[3]. يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسە – تاغ-داۋانلار، ۋادىلار، دېڭىز-ئوكيانلار، كەڭرى كەتكەن ئېتىزلىقلار، بۇ ئېتىزلىقلاردىكى تۈرلۈك زىرائەتلەر، باغۇ-بوستانلار، يەرنىڭ ئاستىدىكى مەدەن بايلىقلىرى، تاتلىق سۇ، گاز ۋە نېفىت، يەر يۈزىدە قوزغىلىپ تۇرىدىغان شامال قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە ئىلىم-ھېكمىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەردىن بولۇپ، بۇلاردىن پەقەت ئاللاھ تائالانى تونۇغان، تەقۋادار ئادەملەرلا ئىبرەت ئالىدۇ.

سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلاردىمۇ سىلەرنى ياراتقان ئاللاھ تائالا-نىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بار. سىلەر-نىڭ ئۆزۈڭلاردا ۋە ئەزالىرىڭلاردىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمەتلىك ئو-رۇنلاشتۇرۇشىغا دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بار. بۇلارنى چۈشىنىدىغان ۋە بۇلاردىن پايدىلىنىدىغان كىشىلەر تەقۋادارلاردۇر. چۈنكى،

[1] «صحيح البخاري» 2-توم، 125-بەت، 1479-ھەدىس.
[2] فۇسسىلەت سۈرىسى:53-ئايەت.
[3] فۇسسىلەت سۈرىسى:39-ئايەت.

ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان كائىنات دەلىللىرى ۋە قۇرئان ئايەتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغانلار ۋە ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان كىشىلەر ئاشۇلاردۇر.

ئىنساندىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىققا بولغان تەبىئىي مايىللىق، مۇھەببەت-نەپرەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان دەلىللەر ئەمەسمۇ؟ بۇلارنى چۈشىنىدىغانلار يەنىلا ئاشۇ تەقۋادارلاردۇر. بۇ يەردىكى «تەقۋادارلار» كىملەرنى كۆرسىتىدۇ؟ شەكسىزكى، بۇ يەردىكى «تەقۋادارلار» ئۆزىنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە، چوڭقۇر مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئىچىدە ئادا قىلىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقۇش بىلەن ئىش كۆرىدىغان، توغرا تەپەككۇر قىلالايدىغان، ھوشيار ۋە ئەقىللىق كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىمانى بولمىغانلارنىڭ ياكى مەنىۋىيىتى ئاجىزلارنىڭ تەپەككۇر دۇنياسى ماددا ئالەمدىلا توختاپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇلار دۇنيالىقتىن باشقىسىنى ياخشى چۈشەنمەيدۇ.

بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ رىزقىڭلار ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنىڭكىنى تار قىلىدۇ. ئەمما ئىنسان سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلغان رىزقىغا سەۋەب قىلىش ۋە ئىشلەش ئارقىلىقلا ئېرىشىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى سەۋەبلەرگە باغلىغان. ﴿وَأَن لَّيْسَ لِلْإِنسَٰنِ إِلَّا مَا سَعَىٰ﴾ يەنى ﴿ئىنسان پەقەت ئۆزى قىلغان ئىشىنىڭلا نەتىجىسىنى كۆرىدۇ﴾[1]. بىز ئۇيغۇرلاردا «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دېيىدىغان ھېكمەت بار.

﴿ئاسمانىنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ رەببى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ سۆزى ئۆزۈڭلارغا ئېنىق بولغانىدەك راستتۇر﴾ يەنى سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنىڭ ئاسماندا تەقدىر قىلىنغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغان ئىشلارنىڭ راستلىقى خۇددى ئۆزۈڭلار قىلغان گەپ ئۆزۈڭلارغا ناھايىتى ئېنىق بولغانىدەك ئېنىق ۋە راستتۇر، سىلەرمۇ ئۆزۈڭلار قىلىۋاتقان سۆزۈڭلاردىن قىلچە شەكلەنمىگىنىڭلاردەك ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىدىنمۇ قىلچە شەكلەنمەڭلار.

---

[1] نەجم سۈرىسى:39-ئايەت.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. تەقۋادارلارنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتى مەڭگۈلۈك جەننەتلەردە نېمەتلىنىشتۇر.

2. تەھەججۇد نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇش، تەۋبە-ئىستىغپارنى كۆپ ئېيتىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش تەقۋادارلارنىڭ ئەخلاقىدۇر.

3. ئاسمان ـ زېمىندا ۋە ئىنسانىنىڭ ئۆزىدە ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر كۆپتۇر.

4. ئاللاھ تائالا بارلىق جانلىقلارنىڭ رىزقىنى بېرىدۇ ۋە ئۇنى ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن تەقسىم قىلىدۇ.

### مېھماننى ھۆرمەتلەشنىڭ پەزىلىتى

﴿هَلْ أَتَىٰكَ حَدِيثُ ضَيْفِ إِبْرَٰهِيمَ ٱلْمُكْرَمِينَ ﴿٢٤﴾ إِذْ دَخَلُوا۟ عَلَيْهِ
فَقَالُوا۟ سَلَٰمًا ۖ قَالَ سَلَٰمٌ قَوْمٌ مُّنكَرُونَ ﴿٢٥﴾ فَرَاغَ إِلَىٰٓ أَهْلِهِۦ فَجَآءَ
بِعِجْلٍ سَمِينٍ ﴿٢٦﴾ فَقَرَّبَهُۥٓ إِلَيْهِمْ قَالَ أَلَا تَأْكُلُونَ ﴿٢٧﴾ فَأَوْجَسَ
مِنْهُمْ خِيفَةً ۖ قَالُوا۟ لَا تَخَفْ ۖ وَبَشَّرُوهُ بِغُلَٰمٍ عَلِيمٍ ﴿٢٨﴾ فَأَقْبَلَتِ
ٱمْرَأَتُهُۥ فِى صَرَّةٍ فَصَكَّتْ وَجْهَهَا وَقَالَتْ عَجُوزٌ عَقِيمٌ ﴿٢٩﴾ قَالُوا۟
كَذَٰلِكِ قَالَ رَبُّكِ ۖ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْحَكِيمُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٣٠﴾﴾

### تەرجىمىسى

24-(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا ئىبراھىمنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىنىڭ خەۋىرى كەلدىمۇ؟

25-ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىرىپ «سالام» دېدى، ئىبراھىم سالامنى ئىلىك ئالدى ۋە: «بۇ ناتونۇش ئادەملەرغۇ» دېدى.

26-27-شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ئائىلىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ (كاۋاپ قىلىنغان) بىر سېمىز موزاينى ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ: «يېمەمسىلەر؟» دېدى.

28-(ئۇلارنىڭ يېمىگەنلىكىنى كۆرۈپ) ئۇلاردىن بىر ئاز قورقۇنچ ھېس قىلدى، ئۇلار: «قورقمىغىن» دېدى ۋە ئۇنىڭغا بىلىملىك (بولىدىغان) بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردى.

29-ئىبراھىمنىڭ ئايالى سۈرەن سېلىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ يۈزىنى كاچاتلاپ: «مەن بىر تۇغماس موماي تۇرسام (قانداقمۇ تۇغىمەن؟)» دېدى.

30-ئۇلار: «رەببىڭ شۇنداق دېدى. ئۇ ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر» دېدى.

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ساڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە مېھمان سۈپىتىدە كەلگەن ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەرنىڭ قىسسىسى يېتىپ كەلدىمۇ؟

قىسسىنى مۇنداق سوئال قويۇش بىلەن باشلاش قىسسىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ئەسكەرتىش ۋە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئۈچۈن ئەڭ تەسىرلىك ئۇسلۇبتۇر. بۇ ئۇسلۇب يەنە بىر تەرەپتىن بۇنداق قىسسىنىڭ پەقەت ۋەھيى يولى بىلەنلا بىلىنىدىغان قىسسىلەر ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلماقتا. ﴿لَقَدْ كَانَ فِي قَصَصِهِمْ عِبْرَةٌ لِّأُولِي ٱلْأَلْبَٰبِ ۗ مَا كَانَ حَدِيثًا يُفْتَرَىٰ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ (يەنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ) قىسسىلىرىدە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار. (بۇ قۇرئان) توقۇپ چىقىرىلغان سۆز ئەمەس﴾[1]. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قىسسىسى ھۇد ۋە ھىجر سۈرىلىرىدىمۇ بايان قىلىنغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەن پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتلىك بەندىلەر بولۇپ، ﴿بَلْ عِبَادٌ مُّكْرَمُونَ﴾ يەنى ﴿ئەمەلىيەتتە (پەرىشتىلەر) ھۆرمەتلىك بەندىلەردۇر﴾[2] دېگەن ئايەتتە ئىپادىسىنى تاپقان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇلارنى ئالاھىدە ھۆرمەتلىگەن ۋە ئىززەتلىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار ھەم ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ھەم ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەردۇر.

پەرىشتىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا سالام بەرگىنىدە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سالىمىنى

---

[1] يۈسۈف سۈرىسى:111-ئايەت.
[2] ئەنبىيا سۈرىسى:26-ئايەت.

ئىلىك ئالغان ۋە ئۆزىنىڭ مېھماندوستلۇق ئادىتى بويىچە، گەرچە بۇ مېھمانلار ئۇنىڭغا ناتونۇش كىشىلەر بولسىمۇ، ئۇلارنى ئىككىلەنمەي قارشى ئالغان. شۇنداقتىمۇ ئۇ خاتىرجەم بولالماي ﴿بۇ ناتونۇش ئادەملەرغۇ؟﴾ دېگەن. بەزى مۇپەسسىرلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزنى پەرىشتىلەرنىڭ يۈزىگە ئېيتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن، يەنە بەزىسى بۇ سۆزنى ئىچىدە دېگەنلىكىنى بايان قىلغان. ھەر ھالدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردىن بىر ئاز خاۋاتىرلەنگەن.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شۇنىڭدىن كېيىن دەرھال ئائىلىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ كېتىپ، مېھمانلارغا تاماق تەييارلاشنى بۇيرۇدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر سېمىز موزاينى كاۋاپ قىلىپ ئېلىپ چىقىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى. ئەمما مېھمانلارنىڭ يېمەيۋاتقانلىقىدىن بىر ئاز تەشۋىشلەندى ۋە ئۇلاردىن قورقۇشقا باشلىدى. چۈنكى، ئەرەبلەردە: «من لم يأكل طعامك لم يحفظ زمامك» يەنى «تامىقىڭنى يېمىگەن ئادەمدىن قورق!» دەيدىغان سۆز بار. مېھمانلار تاماققا ئېغىز تەگكۈزمىگەندىن كېيىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىگە ھەر خىل ئويلار كېلىپ ئۇلاردىن قورقۇشقا باشلايدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇلاردىن ﴿يېمەمسىلەر؟﴾ دەپ سوراپ قويىدۇ. پەرىشتىلەر بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭغا: ﴿قورقمىغىن﴾ دەيدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ پەرىشتە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ، ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالانىڭ كېيىنچە بىلىملىك بولىدىغان بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدىغانلىق بېشارىتىنى يەتكۈزىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى بۇ بېشارەتتىن ئەجەبلەنگەنلىكتىن ۋارقىراپ كېلىپ ئۆزىنىڭ يۈزىنى كاچاتلاپ: «مەن تۇغماس بىر موماي تۇرسام، مەن ئەمدى قانداقمۇ تۇغىمەن؟» دەيدۇ. ئەمما پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «بۇ خۇش خەۋەرنى بىز ئۆزىمىز دەۋالمىدۇق، رەببىڭىز شۇنداق دېدى، رەببىڭىزنىڭ ئىشىدىن ئەجەبلىنىپ كەتمەڭ، چۈنكى ئۇ ھەممىگە قادىردۇر، بىز بولساق، رەببىڭىزنىڭ سىزگە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىمىز. رەببىڭىز ھەر ئىشنى ھېكمەت بىلەن ۋە جايىدا قىلىدىغان، ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان زاتتۇر. شۇڭا رەببىڭىزنىڭ ئىشىدىن ئەجەبلىنىپ كېتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق»[1] دەيدۇ.

---

[1] «التفسير الواضح» 3-توم، 537-بەت.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسىدۇر.
2. مېھماننى ھۆرمەتلەش پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر.
3. تەبىئىي قورقۇش ھەرقانداق ئىنساندا بولىدىغان ئەھۋالدۇر.

### زالىملارنىڭ جازاسى

﴿قَالَ فَمَا خَطْبُكُمْ أَيُّهَا ٱلْمُرْسَلُونَ ﴿٣١﴾ قَالُوٓا۟ إِنَّآ أُرْسِلْنَآ إِلَىٰ قَوْمٍ
مُّجْرِمِينَ ﴿٣٢﴾ لِنُرْسِلَ عَلَيْهِمْ حِجَارَةً مِّن طِينٍ ﴿٣٣﴾ مُّسَوَّمَةً عِندَ
رَبِّكَ لِلْمُسْرِفِينَ ﴿٣٤﴾ فَأَخْرَجْنَا مَن كَانَ فِيهَا مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٣٥﴾
فَمَا وَجَدْنَا فِيهَا غَيْرَ بَيْتٍ مِّنَ ٱلْمُسْلِمِينَ ﴿٣٦﴾ وَتَرَكْنَا فِيهَآ ءَايَةً
لِّلَّذِينَ يَخَافُونَ ٱلْعَذَابَ ٱلْأَلِيمَ ﴿٣٧﴾ وَفِى مُوسَىٰٓ إِذْ أَرْسَلْنَٰهُ إِلَىٰ
فِرْعَوْنَ بِسُلْطَٰنٍ مُّبِينٍ ﴿٣٨﴾ فَتَوَلَّىٰ بِرُكْنِهِۦ وَقَالَ سَٰحِرٌ أَوْ مَجْنُونٌ
﴿٣٩﴾ فَأَخَذْنَٰهُ وَجُنُودَهُۥ فَنَبَذْنَٰهُمْ فِى ٱلْيَمِّ وَهُوَ مُلِيمٌ ﴿٤٠﴾ وَفِى عَادٍ
إِذْ أَرْسَلْنَا عَلَيْهِمُ ٱلرِّيحَ ٱلْعَقِيمَ ﴿٤١﴾ مَا تَذَرُ مِن شَىْءٍ أَتَتْ عَلَيْهِ
إِلَّا جَعَلَتْهُ كَٱلرَّمِيمِ ﴿٤٢﴾ وَفِى ثَمُودَ إِذْ قِيلَ لَهُمْ تَمَتَّعُوا۟ حَتَّىٰ حِينٍ
﴿٤٣﴾ فَعَتَوْا۟ عَنْ أَمْرِ رَبِّهِمْ فَأَخَذَتْهُمُ ٱلصَّٰعِقَةُ وَهُمْ يَنظُرُونَ ﴿٤٤﴾ فَمَا
ٱسْتَطَٰعُوا۟ مِن قِيَامٍ وَمَا كَانُوا۟ مُنتَصِرِينَ ﴿٤٥﴾ وَقَوْمَ نُوحٍ مِّن قَبْلُ ۖ
إِنَّهُمْ كَانُوا۟ قَوْمًا فَٰسِقِينَ ﴿٤٦﴾﴾

### تەرجىمىسى

31-ئىبراھىم: «ئى ئەلچىلەر! سىلەر نېمە ئىش بىلەن ئەۋەتىلدىڭلار» دېدى.

32-33-34- ئۇلار: بىز ھەقىقەتەن بىر گۇناھكار قەۋمنىڭ ئۈستىگە رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا ھەددىدىن ئاشقۇچىلار ئۈچۈن بەلگە قويۇلغان (يەنى كىمگە چۈشىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن) ساپال تاشلارنى ياغدۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدۇق» دېدى.

35_(ھالاك بولمىسۇن دەپ) ئۇ شەھەردىكى مۆئمىنلەرنى (دەرھال) سىرتقا چىقىرىۋەتتۇق.

36_ئەمەلىيەتتە، بىز ئۇ يەردە بىر ئائىلە ئەزالىرىدىن باشقا مۇسۇلمان تاپالمىدۇق.

37_قاتتىق ئازابتىن قورقىدىغانلار (نىڭ ئىبرەت ئېلىشى) ئۈچۈن ئۇ شەھەردە ئىزنالارنى قالدۇردۇق.

38_مۇسا (نىڭ قىسسىسى) دىمۇ (نۇرغۇن ئىبرەت بار). ئۆز ۋاقتىدا بىز ئۇنى روشەن دەلىل بىلەن پىرئەۋنگە ئەۋەتكەن ئىدۇق.

39_پىرئەۋن ئۆز قوشۇنى بىلەن (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتتى ۋە (مۇسانى): «بۇ بىر سېھىرگەر ياكى مەجنۇندۇر» دېدى.

40_بىز ئۇنى ۋە قوشۇننى جازالىدۇق، ئۇلارنى دېڭىزغا تاشلىدۇق، ئۇ (ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك) مالامەتكە تېگىشلىك ئىدى.

41_ئاد قەۋمى(نىڭ قىسسىسى) دىمۇ (نۇرغۇن ئىبرەت بار). ئۆز ۋاقتىدا بىز ئۇلارغا (ھالاك قىلغۇچى) شۇم بورااننى ئەۋەتكەن ئىدۇق.

42_ئۇ (بوران) قانداقلا نەرسىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇنى چىرىگەن سۆڭەكتەك قىلىۋېتەتتى.

43_سەمۇد قەۋمى (نىڭ قىسسىسى) دىمۇ (نۇرغۇن ئىبرەت بار). ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا: «سىلەر مەلۇم مۇددەتكىچە ياشىۋېلىڭلار» دېگەن ئىدۇق.

44_ئۇلار رەببىنىڭ ئەمرىگە قارشى چىقتى، ئۇلارنى قاراپ تۇرغان ھالىتىدە چاقماق سوقتى.

45_ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقىمۇ قادىر بولالمىدى، ئۆزلىرىنى قوغدايمۇ قالالمىدى.

46_بىز ئىلگىرى نۇھ قەۋمىنى (ھالاك قىلدۇق). چۈنكى، ئۇلار ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋم ئىدى.

### تەپسىرى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆيىگە كەلگەن مېھمانلارنىڭ پەرىشتىلەر ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بىرئاز جىددىيلىشىدۇ ۋە ئالدىراپ ئۇلاردىن: سىلەر نېمە ئىش بىلەن ئەۋەتىلدىڭلار؟ دەپ سورايدۇ. پەرىشتىلەر: بىز گۇناھكار قەۋم-لۇتنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىشقا ئەۋەتىلدۇق.

چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر لۇت ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قەبىھ قىلمىشلارنى قىلغان گۇناھكار قەۋم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا رەببىڭنىڭ ئازابى ھەقلىق بولدى، شۇڭا بىز ئۇلارنى يۇرتى بىلەن قوشۇپ كۆمتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدۇق، بىز ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئۈستىگە رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا ھەربىر گۇناھكارغا تاشلىنىشى ئۈچۈن، مەخسۇس بەلگە قويۇلغان ساپال تاشلارنى ياغدۇرىمىز، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

پەرىشتىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ پەرىشتە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن، قەۋمىنىڭ ئۇلارغا يامانلىق قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ قورقۇشقا باشلايدۇ ۋە ﴿هَٰذَا يَوْمٌ عَصِيبٌ﴾ يەنى ﴿بۇ بىر قىيىن كۈندۇر﴾[1] دەيدۇ. ئەمما پەرىشتىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامغا ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى ئېنىق ئېيتىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرنى قۇتقۇزۇش، كاپىرلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئاندىن لۇت ئەلەيھىسسالامنى ئائىلىسىدىكى مۇئمىنلەرنى ئېلىپ كېچىلەپ شەھەردىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇيدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ھالاك بولىدىغانلار قاتارىدىن ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شەھەردىكى مۇئمىنلەر دەرھال سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ شەھەردە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكى مۇئمىنلەردىن باشقا مۇسۇلمان ئائىلىسى يوق ئىدى. تاڭ ئېتىش بىلەن پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى بويىچە شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۈستىگە ئاسماندىن ساپال تاشلارنى ياغدۇرىدۇ. ئاندىن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ شەھىرى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ كۆمتۈرۈۋېتىلىدۇ. نەتىجىدە، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ شەھىرى ئاھالىسى بىلەن بىرلىكتە پۈتۈنلەي ھالاك بولۇپ تۈگىشىدۇ. ئۇلارنىڭ يەر ـ ماكانلىرىنىڭ خارابىلىرى كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇپ شۇ خارابە ھالىتىدە قالىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ مىساللارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ھەر زامان كاپىرلىرىنى ۋە ھەددىدىن ئاشقان زالىملارنى قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدىمۇ ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار. چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدا بىز ئۇنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىگە

---

[1] ھۇد سۈرىسى:77ـ ئايەت.

ئۆپئوچۇق مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتكەن ئىدۇق. مۇسا ئەلەيھىسسالام قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە پىرئەۋنگە ناھايىتى چىرايلىق ۋە سىلىق ۋەز-نەسىھەت قىلدى، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى ئىمانغا دەۋەت قىلدى، ئەمما پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىدى، ئۇنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىپ: ﴿بۇ بىر سېھىرگەردۇر ياكى مەجنۇندۇر﴾ دېدى. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى ئىسرائىل ئەۋلادىنى قىيناشتا، زۇلۇمدا ۋە بۇزغۇنچىلىقتا ھەققەتەن ھەددىدىن ئاشقان، ھەتتا پىرئەۋن ئۆزىنى مىسىر خەلقىنىڭ ئىلاھى دەۋالغان ئىدى. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى ئۆزلىرىگە يەتكۈزۈلگەن ھەقىقەتلەرنى ئىنكار قىلىپ، پەيغەمبەرلەرگە قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى قاتتىق جازالىدى ۋە دېڭىزدا غەرق قىلىۋەتتى، پىرئەۋن غەرق بولۇۋاتقان شۇ ئەسنادا ئۆزىگە ئۆزى مالامەت قىلاتتى ۋە ئۆزىنى ئەيىبلەۋاتاتتى.

ئاد قەۋمىنىڭ قىسسىسىدىمۇ ئەلۋەتتە ئىبرەتلەر بار. ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى. ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋالدى ۋە ئىمان ئېيتىشقا زادى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا سەككىز كۈندۈز، يەتتە كېچە داۋام قىلغان قاتتىق بوراننى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلىۋەتتى. كاپىر قەۋم ھەممىسى تۇرغان يېرىدىلا قېتىپ قالدى، ئۇلار خۇددى خورما دەرىخىنىڭ پور كۆتەكلىرىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قانداقلا نەرسىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇنى چىرىگەن سۆڭەكتەك قىلىپ قويىدىغان، ھەممىنى ھالاك قىلىپ ماڭىدىغان تولىمۇ خەتەرلىك شۇم بوراننى ئەۋەتكەن ئىدى.

سەمۇد قەۋمىنىڭ قىسسىسىدىمۇ ئەلۋەتتە ئىبرەتلەر بار. ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھ ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى. ئەمما ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنى يالغانغا چىقاردى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭغا جان-جەھلى بىلەن قارشى چىقىشتى ۋە ئۇنىڭغا قىلمىغان يامانلىقى قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ﴿سىلەر مەلۇم مۇددەتكىچە ياشىۋېلىڭلار﴾ دەپ ئۇقتۇرۇلدى. ئاندىن ئۇلارغا ئاسماندىن بىر چاقماقنىڭ يۇزلىنىشى بىلەنلا ئۇلار قاراپ تۇرغان پېتى پۈتۈنلەي كۆيۈپ ھالاك بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئۇ ۋاقىتتا ھېچكىمنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىدى ۋە بۇ ئازابتىن ئۆزلىرىنىمۇ

قۇتقۇزۇپ قالالمىدى. ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىمۇ ھالاك قىلغان ئىدۇق. چۈنكى، ئۇلارمۇ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان بىر پاسىق قەۋم ئىدى.

كۇفرىلىقتا چىڭ تۇرۇش ۋە ھەقىقەتكە قارشى چىقىش ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلغان زالىملارغا قارىتا ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىۋەتكەن قانۇنىيىتى ئەنە شۇنداقتۇر. مەيلى ئۆتمۈشلەردىكى، مەيلى زامانىمىزدىكى زالىملار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن، بەزى زالىملارنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرىدۇ، ئەمما ئۇلارنى ھەرگىز جازاسىز قويمايدۇ. ئاللاھ تائالا بەلگىلىۋەتكەن بۇ قانۇنىيەت قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ. بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدىغانلار بارمۇ؟

ئاللاھ تائالانىڭ كۈچ-قۇۋۋەتتە، بايلىقتا ۋە سان جەھەتتە مۇسۇلمانلاردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولغان نۇرغۇن كاپىرلارنى ھالاك قىلىپ، ئۇلارغا قارىغاندا، كۈچ-قۇۋۋەت، مال-دۇنيا ۋە سان جەھەتتە خېلى ئاز تۇرىدىغان مۆئمىنلەرنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەنلىكى ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان دەلىللەرنىڭ بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۆئمىنلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ، زالىملارنى ھالاك قىلىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەرىشتىلەرنىڭ ئىنسان سۈرىتىگە كىرىدىغانلىقى راستتۇر.

2. زۇلۇمدا ھەددىدىن ئاشقان قەۋملەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقىدا شەك يوق.

3. ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ ھالاكىتىدە كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار.

4. ھەرقانداق بىر مۆئمىننى مۇسۇلمان دېگىلى بولىدۇ، ئەمما ھەرقانداق مۇسۇلماننى مۆئمىن دېگىلى بولمايدۇ.

5. ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ھەممىنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ.

6. ھەقىقەتكە قارشى چىقىدىغانلار ھەر زامان ۋە ھەر جايدا تېپىلىدۇ.

7. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى چىقىش ھالاك بولۇشنىڭ سەۋەبىدۇر.

## ◄ كائىنات دەلىللىرى

﴿وَٱلسَّمَآءَ بَنَيۡنَٰهَا بِأَيۡيْدٍ وَإِنَّا لَمُوسِعُونَ ٤٧ وَٱلۡأَرۡضَ فَرَشۡنَٰهَا فَنِعۡمَ
ٱلۡمَٰهِدُونَ ٤٨ وَمِن كُلِّ شَيۡءٍ خَلَقۡنَا زَوۡجَيۡنِ لَعَلَّكُمۡ تَذَكَّرُونَ ٤٩
فَفِرُّوٓاْ إِلَى ٱللَّهِۖ إِنِّي لَكُم مِّنۡهُ نَذِيرٞ مُّبِينٞ ٥٠ وَلَا تَجۡعَلُواْ مَعَ ٱللَّهِ
إِلَٰهًا ءَاخَرَۖ إِنِّي لَكُم مِّنۡهُ نَذِيرٞ مُّبِينٞ ٥١ كَذَٰلِكَ مَآ أَتَى ٱلَّذِينَ
مِن قَبۡلِهِم مِّن رَّسُولٍ إِلَّا قَالُواْ سَاحِرٌ أَوۡ مَجۡنُونٌ ٥٢ أَتَوَاصَوۡاْ بِهِۦۚ
بَلۡ هُمۡ قَوۡمٞ طَاغُونَ ٥٣ فَتَوَلَّ عَنۡهُمۡ فَمَآ أَنتَ بِمَلُومٍ ٥٤ وَذَكِّرۡ
فَإِنَّ ٱلذِّكۡرَىٰ تَنفَعُ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٥٥ وَمَا خَلَقۡتُ ٱلۡجِنَّ وَٱلۡإِنسَ إِلَّا
لِيَعۡبُدُونِ ٥٦ مَآ أُرِيدُ مِنۡهُم مِّن رِّزۡقٍ وَمَآ أُرِيدُ أَن يُطۡعِمُونِ ٥٧
إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلرَّزَّاقُ ذُو ٱلۡقُوَّةِ ٱلۡمَتِينُ ٥٨ فَإِنَّ لِلَّذِينَ ظَلَمُواْ ذَنُوبًا
مِّثۡلَ ذَنُوبِ أَصۡحَٰبِهِمۡ فَلَا يَسۡتَعۡجِلُونِ ٥٩ فَوَيۡلٞ لِّلَّذِينَ كَفَرُواْ
مِن يَوۡمِهِمُ ٱلَّذِي يُوعَدُونَ ٦٠﴾

## ◄ تەرجىمىسى

47ـ بىز ئاسماننى قۇدرەت بىلەن بەرپا قىلدۇق، بىز (ئۇنى) ئەلۋەتتە كېڭەيتكۈچىمىز.

48ـ بىز زېمىننى (ياشاشقا قولايلىق قىلىپ) يايدۇق. بىز نېمىدېگەن ياخشى يايغۇچىمىز!

49ـ بىز سىلەرنى ئىبرەت ئالسۇن دەپ، ھەربىر نەرسىنى جۈپ ياراتتۇق.

50ـ (ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى) «(ئى ئىنسانلار!) ئاللاھ تەرەپكە قېچىڭلار. چۈنكى، مەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن (ئەۋەتىلگەن) ئوپئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن.

51ـ سىلەر باشقا مەبۇدنى ئاللاھقا شېرىك قىلماڭلار. مەن راستىنلا سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن (ئەۋەتىلگەن) ئوپئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن».

52ـ شۇنىڭدەك (يەنى مەككىلىكلەر پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغاندەك)، ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرگىمۇ بىرەر پەيغەمبەر كەلسىلا، ئۇلار (ئۇنى ئىنكار قىلىپ):

«سېھىرگەر ياكى مەجنۇن» دېگەن ئىدى.

53ـ ئۇلار بۇنداق دېيىشنى بىر ـ بىرىگە تەۋسىيە قىلىشقانمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمدۇر.

54ـ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، (ئۇلار سەۋەبلىك) سەن ھەرگىز ئەيىبلەنمەيسەن.

55ـ سەن (يەنىلا) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن. چۈنكى، ۋەز ـ نەسىھەت مۆئمىنلەرگە پايدا بېرىدۇ.

56ـ جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپلا ياراتتىم.

57ـ مەن ئۇلاردىن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنىمۇ ئىستىمەيمەن.

58ـ شەكسىزكى، ئاللاھ (ھەممىگە) رىزىق بەرگۈچىدۇر، كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىگىسىدۇر، ناھايىتى قۇدرەتلىكتۇر.

59ـ شەكسىزكى، بۇ زالىملارغىمۇ ئىلگىرىكى زالىملارنىڭ (ئازابتىن) نېسىۋىسى بولغاندەك نېسىۋە بولىدۇ. ئۇلار (ئۆزلىرىنى ئازابلاشقا) مېنى ئالدىراتمىسۇن (ئۇ ئازاب چوقۇم كېلىدۇ).

60ـ كاپىرلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇلغان كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

### تەپسىرى

بىز ئاسماننى چەكسىز قۇدرىتىمىز بىلەن بەرپا قىلدۇق، بىز ئەلۋەتتە داۋاملىق ئۇنىڭ ئەتراپىنى كېڭەيتىپ تۇرىمىز، چۈنكى بىز قۇدرەتلىكمىز. ئاسماننى بىنا قىلىشتا بىزگە ھاردۇق يەتكىنى يوق، چارچاپ قالغىنىمىزمۇ يوق. زېمىننى سىلەرنىڭ يەرلىشىشىڭلار ۋە ئۈستىدە ياشىشىڭلار ئۈچۈن قولايلىق قىلىپ بەردۇق. بىز نېمىدېگەن ياخشى قولايلاشتۇرغۇچىلارمىز!

﴿وَٱلسَّمَآءَ بَنَيۡنَٰهَا بِأَيۡيْدٖ وَإِنَّا لَمُوسِعُونَ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿لَمُوسِعُونَ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق مۇپەسسىرلەر ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر بۇ سۆزنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ تەپسىرىگە ئاساسلىنىپ «ئەلۋەتتە قادىرمىز» دەپ تەپسىر قىلغان. چۈنكى، ئۇلار بۇ سۆزگە ئۇنىڭ باشقا ئايەتلەردىكى دالالىتىگە قاراپ «قۇدرەت» مەنىسىدە مەنە ئېيتقان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ

سۆزنى «ئەلۋەتتە كېڭەيتكۈچىمىز» دەپ تەپسىر قىلغان. چۈنكى، ئۇلار سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسىگە ئەمەل قىلغان. كۆپلىگەن مۇپەسسىرلەر ھەر ئىككى مەنىسىنى بايان قىلغان[1].

ئامېرىكىلىق ئاسترونومىيە ئالىمى ئەدۋىن ھابىل (Edwin Hubble)[2] 1929-يىلى ناسانىڭ[3] مەخسۇس كۆزىتىش ئاپپاراتى (تېلېسكوپ) بىلەن ئاسمان جىسىملىرىنى، خۇسۇسەن، يۇلتۇزلارنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئەڭ يېڭى بىر بايقاشنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، كائىناتنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ تۇرىدىغانلىقى ئىدى. ئەدۋىن ھابىلنىڭ بۇ يېڭى بايقىشى يۈزىسىدىن ناسانىڭ بۇ مەشھۇر كۆزىتىش ئاپپاراتى كېيىنچە «ھابىل» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ﴿ئەلۋەتتە كېڭەيتكۈچىمىز﴾ ياكى ﴿ئەلۋەتتە يايغۇچىمىز﴾ دېگەن قىسمىدا ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتنى ئۈزلۈكسىز شۇنداق كېڭەيتىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان دەپ قارىلىدۇ. يەنە بەزى ئالىملار: بۇ ئايەت ئوربىتىلارنىڭ ۋە ئوربىتىلاردىكى يۇلتۇزلارنىڭ بىر-بىرىدىن توختىماي يىراقلىشىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئايەتكە باشقا مەنىلەرنى ئېيتقانلارمۇ بار. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا جانلىق، جانسىز ھەربىر نەرسىنى، ھەتتا ئۆسۈملۈكلەرنىمۇ ئەركەك ۋە چىشى قىلىپ جۈپ ياراتقان. يەنى ئاللاھ تائالا تەبىئەتتە كېچە بىلەن كۈندۈزنى، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنى، ئىسسىق بىلەن سوغۇقنى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ياراتقانغا ئوخشاش، ھەرقانداق نەرسىنى جۈپ ياراتقان. ﴿بىز سىلەرنى (ئىلاھىي قۇدرەت ئۈستىدە) ئويلانسۇن دەپ، ھەربىر نەرسىنى جۈپ ياراتتۇق﴾.

بۇ كاتتا كائىناتنى ۋە تەبىئەتتىكى بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى مەۋجۇداتنى يارىتىشقا قادىر بولغان زات ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە، ھەممىنى ھېساب مەيدانىغا توپلاپ ياخشىلارنىڭ مۇكاپاتىنى، يامانلارنىڭ جازاسىنى بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر بارلىق گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى تەرك ئەتكەن ۋە تەۋبە قىلغان ھالدا، ئاللاھ تائالا تەرەپكە يۈزلىنىڭلار، ئۇنىڭ تەرىپىگە ئالدىراڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماڭلار. مەن پەقەت

---

[1] «تفسير القرطبي» 17-توم، 52-بەت.

[2] ئەدۋىن ھابىل (1889-1953م) تاشقى ھاۋا بوشلۇقىنى بايقىغان ۋە يىگىرمىنچى ئەسىر فىزىكا ئىلمى تەرەققىياتىغا چوڭ ھەسسە قوشقان ئاسترونومىيە ئالىمى.

[3] ناسا – ئامېرىكا دۆلەتلىك ئاۋىئاتسىيە ۋە ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى.

سىلەرنى سىلەرگە كېلىدىغان ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئوپئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن.

مەككىلىك مۇشرىكلار ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغاندەك، ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەرگىمۇ قانداقلا بىر پەيغەمبەر كېلىپ، ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلسا، ئۇلار ئۇ پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىپ: «بۇ بىر سېھىرگەردۇر ياكى مەجنۇندۇر» دەيتتى. ئۇلار پەيغەمبەرلەرگە مۇنداق تۆھمەت قىلىشنى ئەۋلادتىن-ئەۋلاد بىر-بىرىگە شۇنداق تەۋسىيە قىلىشقانمۇ؟ ياق، ئۇلار بۇنداق تەۋسىيە قىلىشمىغان، لېكىن ئۇلار تولىمۇ ھەددىدىن ئاشقۇچى بىر قەۋمدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتكە قارشى چىقىشتا ۋە پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلىشتا بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان گۇناھكارلاردۇر. مەلۇمكى، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشىغا، پەيغەمبەرنى يالغانغا چىقىرىشىغا ۋە بارلىق يامانلىقلارنى سادىر قىلىشىغا سەۋەب بولغان نەرسە ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى بۇزۇقلۇق ۋە ئازغۇنلۇق خاھىشىدۇر.

ئى پەيغەمبەر! سەن ھازىرچە ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگىن. ئۇلارنىڭ ھىدايەت تاپمىغانلىقى سەۋەبلىك سەن ئەيىبلەنمەيسەن. چۈنكى، سەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن. سېنىڭ ۋەزىپەڭ ۋە مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت ھەق دىننى ئۇلارغا چۈشىنىشلىك قىلىپ، ئوچۇق-ئاشكارا يەتكۈزۈپ قويۇشتۇر. ئەمما ھىدايەتنى قوبۇل قىلىپ ھەق دىنغا كىرىش ياكى كىرمەسلىك ئۇلارنىڭ ئىختىيارىدۇر. شۇڭا دىننى يەتكۈزۈش سېنىڭ ۋەزىپەڭ، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش رەببىڭنىڭ ئىشىدۇر. سەن ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىشنى ۋە ئۈگۈت بېرىشنى توختاتمىغىن. چۈنكى، ۋەز-نەسىھەت رەببىڭ ھىدايەت قىلغان مۇئمىنلەرگە پايدا بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولدا مۇستەھكەم قىلىدۇ.

تەبەرىي، بەغەۋىي، ئىبنى ئەتىيە قاتارلىق تەپسىرلەردە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، (ئۇلار سەۋەبلىك) سەن ھەرگىز ئەيىبلەنمەيسەن﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر ئەمدى ۋەھيى توختايدىغان ئوخشايدۇ ۋە ئازاب چۈشۈشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغان ۋە قاتتىق غەمكىن بولغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا ﴿سەن (يەنىلا) ۋەز-نەسىھەت قىلغىن. چۈنكى، ۋەز-نەسىھەت مۇئمىنلەرگە پايدا بېرىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇشال بولغان».

﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپلا ياراتتىم﴾
بۇ ئايەت كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن كەلگەن يېڭى بىر باشلىنىش بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئىبادەت ئۈچۈن ياراتقان ئىكەن، ئۇلارغا ھەمىشە چىرايلىق ۋەز-نەسىھەت قىلىپ ۋە تەسىرلىك ئۈگۈتلەرنى بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا يارىتىلغانلىقىنى ھەر زامان ئەسلىتىپ تۇرۇش پايدىلىقتۇر.

﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپلا ياراتتىم﴾
دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەري بۇ ئايەتنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ «جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىتائەت قىلسۇن ۋە مېنىڭ ئەمرىمگە بويسۇنسۇن دەپ ياراتتىم»[1] دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ، مۇشۇ تەپسىرنى كۈچلەندۈرگەن. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئىبادەت – ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ۋە تەلەپ قىلغان بويىچە ياشاش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا بەندىچىلىك بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئۇنداقتا، ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپلا ياراتتىم﴾ دېگەن ئايەت بىلەن ﴿وَلَقَدْ ذَرَأْنَا لِجَهَنَّمَ كَثِيرًا مِّنَ ٱلْجِنِّ وَٱلْإِنسِ﴾ يەنى ﴿شەك-شۈبھىسىزكى، جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخ ئۈچۈن ياراتتۇق﴾[2] دېگەن ئايەتنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ يەنى ئىنسانلار بىلەن جىنلاردىن نۇرغۇنلىرىنىڭ جەھەننەم ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى ئىپادىلىگەن كېيىنكى ئايەت ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلسۇن دەپ يارىتىلغانلىقىنى ئىپادىلىگەن ئالدىنقى ئايەتكە زىت كەلمەمدۇ؟ جاۋاب شۇكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئۆزلىرىگە بۇيرۇلغان ھەرقانداق ئىبادەتنى ۋە ھەرقانداق ئەمر-پەرماننى ئورۇنداشقا سالاھىيەتلىك قىلىپ يارىتىپ، ئۇلارغا يېتەرلىك ئەقىل-ئىدراك ۋە ئىقتىدار ئاتا قىلغان. ئاللاھ تائالا ئىنساننى بۇنداق ئىقتىدارلىق ۋە ئەقىل-ئىدراكلىق قىلىپ ياراتقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يارىتىلىشىنىڭ غايىسىنى تەلەپكە لايىق ياشاش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا بەندىچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىگە باغلىغان. كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ بۇ غايە ئۈچۈن ياشىمىغانلىقى ئۇلارنىڭ شۇ غايە ئۈچۈن

[1] «تفسير الطبري» 22- توم، 444- بەت.
[2] ئەئراف سۈرىسى:179-ئايەت.

يارىتىلغانلىقىدىكى ھېكمەتكە زىت كەلمەيدۇ. مەسىلەن: مەلۇم بىر دورا مەلۇم كېسەللەرنىڭ ئىستېمال قىلىشى ئۈچۈن ياسالغان بولسىمۇ، بۇ خىل كېسەللەرنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ ئۇ دورىنى ئىستېمال قىلمىغانلىقى دورىنىڭ ياسىلىشىدىكى مەقسەتكە زىت كەلمەيدۇ.

﴿مەن ئۇلاردىن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنىمۇ ئىستىمەيمەن﴾ يەنى مەن بەندىلىرىمدىن رىزىق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇلارنىڭ مېنى قايسىبىر شەكىلدە رىزىقلاندۇرۇشىنىمۇ ئىستىمەيمەن. چۈنكى، مەن ئۇلارغا موھتاج ئەمەسمەن، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا موھتاجدۇر. بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتكە مۇنداق مەنە ئېيتقان: مەن ئۇلاردىن بەندىلىرىمنى رىزىقلاندۇرۇپ قويۇشىنى تىلىگىنىم يوق، ئۇلاردىن بىرەر كىشىنى تويغۇزۇپ قويۇشىنىمۇ سورىغىنىم يوق. چۈنكى، بەندىلىرىمنىڭ رىزقىنى بېرىش مېنىڭ ئىشىمدۇر. ئەمما ئۇلارنى ئۆز ئارىسىدىكى يوقسۇللارغا خەير-ساخاۋەت قىلىشقا ۋە ئاچ قالغانلارنى غىزالاندۇرۇشقا بۇيرۇغانلىقىم مېنىڭ ئۇلارغا ھاجىتىم چۈشۈپ قالغانلىقىدىن ئەمەس، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ھاجىتى چۈشۈپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، بۇنىڭ پايدىسى پەقەتلا ئۇلارغا بولىدۇ.

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا بارلىق جانلىقلارغا رىزىق بەرگۈچىدۇر، ئۇ رىزىق بېرىشتە بەندىلىرىنى مۇسۇلمان - كاپىر، تەقۋادار - پاسىق، ياخشى-يامان دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ، بۇ دۇنيادا ھەممە مەخلۇقاتنى رىزىقلاندۇرۇپ تۇرىدۇ، ئەمما ئاخىرەتتە مۇئمىنلەرگىلا ئىنئام قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن قۇدرەتلىكتۇر، چەكسىز كۈچ-قۇۋۋەت ئىگىسىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى ۋە جىنلارنى پەقەت ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلسۇن دەپلا ياراتقانلىقى ئېنىقلانغان ئىكەن، ئۆزىنىڭ يارىتىلىشىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق غايىسىنى ئۇنتۇپ، دۇنيا تىرىكچىلىكى بىلەنلا بولۇپ كېتىش ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان، ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كاپىر ئۈممەتلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابقا ئوخشاش ئازابلار چوقۇم كېلىدۇ. شۇڭا بۇ كاپىرلار ئۇ ئازابقا ئالدىراپ كەتمىسۇن، ئۆزلىرىنى ئازابلاشقا مېنى ئالدىراتمىسۇن. ھەق دىنىنى ئىنكار قىلغان ۋە قىيامەتنىڭ بولۇشىغا ئىشەنمىگەن كاپىرلارنىڭ ھالىغا ۋايكى، بىز ئاگاھلاندۇرغان ئازاب ئۇلارغا چوقۇم چۈشىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەر نەرسىنىڭ جۈپ يارىتىلغانلىقى ھازىرقى زاماندا بايقالغان ئىلمىي ھەقىقەت بولۇپ، بۇنى ھەممىدىن ئىلگىرى «قۇرئان كەرىم» ئىپادىلىغان.

2. ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ گۇناھى پەقەت تەۋبە بىلەنلا مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئەمما باشقا گۇناھلارنىڭ بەزىسىنى ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىسى ئۈچۈن تەۋبەسىزمۇ مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ.

3. نەپسى ـ خاھىش ئىنساننى ھەر تۈرلۈك بالايىئاپەتلەرگە گىرىپتار قىلىدۇ.

4. ۋەز-نەسىھەت قىلىش دىنىي مەجبۇرىيەت بولۇپ، ۋەز-نەسىھەت مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىدۇ.

5. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ۋە جىنلارنى پەقەت ئۆزىگە ئىبادەت قىلسۇن دەپلا ياراتقان. ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش – ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى، ئورۇنداش، توسقانلىرىدىن يېنىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن ھالدا، ئۇ تەلەپ قىلغان بويىچە ھايات كەچۈ-رۈشتۇر.

# تۇر سۈرىسى

تۇر سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 49 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىش، قىيامەتنىڭ ھەقىقەتلىرى، كاپىرلار بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى، مۇئمىنلەر ئۈچۈن ھازىرلانغان جەننەتلەردىكى نازۇنېمەتلەر قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئاندىن مۇشرىكلارنىڭ بۇزۇق ۋە خۇراپىي ئېتىقادى ھەققىدە مۇنازىرە قىلىنغان. سۈرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇئمىنلەرگە بەزى نەسىھەتلەرنى قىلىش بىلەن ئاخىرلاشقان[1].

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا قارشى دەلىل-پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ شەك-شۈبھىلىرىنى بىتچىت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿ٱلطُّورِ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، «تۇر» ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سۆز قىلغان تاغنىڭ ئىسمىدۇر. ئۇرنى مىسىرنىڭ جەنۇبى سىنا رايونىدا.

## ◄ قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى ۋە كاپىرلارنىڭ ئەھۋالى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿وَٱلطُّورِ ۝١ وَكِتَٰبٖ مَّسۡطُورٖ ۝٢ فِي رَقّٖ مَّنشُورٖ ۝٣ وَٱلۡبَيۡتِ
ٱلۡمَعۡمُورِ ۝٤ وَٱلسَّقۡفِ ٱلۡمَرۡفُوعِ ۝٥ وَٱلۡبَحۡرِ ٱلۡمَسۡجُورِ ۝٦ إِنَّ
عَذَابَ رَبِّكَ لَوَٰقِعٞ ۝٧ مَّا لَهُۥ مِن دَافِعٖ ۝٨ يَوۡمَ تَمُورُ ٱلسَّمَآءُ
مَوۡرٗا ۝٩ وَتَسِيرُ ٱلۡجِبَالُ سَيۡرٗا ۝١٠ فَوَيۡلٞ يَوۡمَئِذٖ لِّلۡمُكَذِّبِينَ ۝١١

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 543- بەت.

ٱلَّذِينَ هُمۡ فِي خَوۡضٖ يَلۡعَبُونَ ﴿١٢﴾ يَوۡمَ يُدَعُّونَ إِلَىٰ نَارِ جَهَنَّمَ دَعًّا
﴿١٣﴾ هَٰذِهِ ٱلنَّارُ ٱلَّتِي كُنتُم بِهَا تُكَذِّبُونَ ﴿١٤﴾ أَفَسِحۡرٌ هَٰذَآ أَمۡ أَنتُمۡ
لَا تُبۡصِرُونَ ﴿١٥﴾ ٱصۡلَوۡهَا فَٱصۡبِرُوٓاْ أَوۡ لَا تَصۡبِرُواْ سَوَآءٌ عَلَيۡكُمۡۖ
إِنَّمَا تُجۡزَوۡنَ مَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿١٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ تۇر تېغى بىلەن،

2ـ 3ـ يېيىلغان تېرە قەغەزگە پۈتۈلگەن كىتاب بىلەن،

4ـ بەيتۇلمەئمۇر[1] بىلەن،

5ـ ئاسمان بىلەن،

6ـ ئوت بولۇپ ياندىدىغان دېڭىز بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

7ـ رەببىڭنىڭ ئازابى چوقۇم چۈشكۈچىدۇر.

8ـ ئۇنى ھېچقانداق توسۇپ قالغۇچى يوقتۇر.

9ـ ئۇ كۈندە ئاسمان قاتتىق تەۋرەيدۇ.

10ـ تاغلار سۈرۈلۈپ يۈرۈپ كېتىدۇ (توزۇپ يوقىلىدۇ).

11ـ 12ـ غەپلەتكە چۆمۈپ ئويناپ يۈرىدىغان كاپىرلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

13ـ ئۇ كۈندە ئۇلار دوزاخقا قاتتىق ئىتتىرىلىدۇ.

14ـ 15ـ (ئۇلارغا) «مانا بۇ سىلەر يالغان دېگەن دوزاختۇر. بۇ سېھىرمىكەن؟ ياكى سىلەر كۆرمەيۋاتامسىلەر؟

16ـ سىلەر دوزاخقا كىرىڭلار! (سىلەر بۇنىڭغا) چىدامسىلەر ياكى چىدىمامسىلەر، سىلەرگە بەرىبىر ئوخشاشتۇر. سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر» (دېيىلىدۇ).

---

[1] بەيتۇلمەئمۇر-پەرىشتىلەر تاۋاپ بىلەن ئاۋات قىلىپ تۇرىدىغان يەتتىنچى ئاسماندىكى ئىبادەت ئۆيىدۇر.

## تەپسىرى

يۇقىرىقى ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالا تۇر تېغى بىلەن، يېيىلغان نېپىز تېرىگە پۈتۈلگەن كىتاب بىلەن، بەيتۇلمەئمۇر بىلەن، ئېگىز ئاسمان بىلەن ۋە ئوت بولۇپ ياندۇرۇلغان دېڭىز بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق كاپىرلار ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

ئايەتتىكى ﴿تُور تېغى﴾دىن ھەرقانداق بىر تاغ كۆزدە تۇتۇلغانمۇ ياكى مىسىردىكى تۇر سىنا تېغىمۇ ياكى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلغان ئورۇنمۇ؟ توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. چۈنكى، ئەرەبچىدىكى «طور» دېگەن سۆز «تاغ» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ «بىر نەرسە ئۈنىدىغان تاغ تۇر دەپ ئاتىلىدۇ، ئەمما ھېچ نەرسە ئۈنمەيدىغان تاغ تۇر دەپ ئاتالمايدۇ» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان[1].

مۇپەسسىرلەر ﴿يېيىلغان تېرە قەغەزگە پۈتۈلگەن كىتاب﴾ دېگەن ئايەتتىكى كىتابنىڭ قايسى كىتاب ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە بەغەۋىي مۇنداق دېگەن: «كەلبىي ئۇ كىتابنىڭ ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن تەۋرات تېكىستلىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇ كىتابنىڭ لەۋھۇلمەھفۇز ئىكەنلىكىنى، يەنە بەزىسى بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى يېزىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر قىيامەت كۈنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن»[2].

﴿بەيتۇلمەئمۇر﴾ يەتتىنچى ئاسماندىكى ئىبادەت ئۆيى بولۇپ، ئۇنى پەرىشتىلەر ئىبادەت بىلەن ئاۋات قىلىپ تۇرىدۇ، ئورنى كەئبىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدۇ. «البيت» «ئۆي» دېگەن مەنىنى، «مەئمۇر» «ئاۋات» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، دېمەك، «بەيتۇلمەئمۇر» گۈللەنگەن، ئاۋات قىلىنغان ئىبادەت ئۆيىدۇر. ئىسرا-مىراج توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «فَرُفِعَ لِي الْبَيْتُ الْمَعْمُورُ، فَسَأَلْتُ جِبْرِيلَ، فَقَالَ: هَذَا الْبَيْتُ الْمَعْمُورُ يُصَلِّي فِيهِ كُلَّ يَوْمٍ سَبْعُونَ أَلْفَ مَلَكٍ، إِذَا خَرَجُوا لَمْ يَعُودُوا إِلَيْهِ آخِرَ مَا عَلَيْهِمْ» يەنى «بەيتۇلمەئمۇر ماڭا كۆتۈرۈلدى.

[1] «تفسير الطبري» 2-توم، 159-بەت.
[2] «تفسير البغوي» 7- توم، 382- بەت.

مەن جىبرىلدىن سورىۋىدىم، ئۇ ماڭا: ‹بۇ بەيتۇلمەئمۇردا ھەر كۈنى يەتمىش مىڭ پەرىشتە ناماز ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭدىن چىقىپ كەتكەنلىرى قايتا كىرەلمەيدۇ› دېدى»[1].

بەزىلەر سورىشى مۇمكىن، يۇقىرىقى نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىشنىڭ ھېكمىتى نېمە؟ جاۋاب شۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان نەرسىلەردۇر. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلغان تۇر تېغى، ئىنسانلارنىڭ ھىدايەت مەنبەسى بولغان كىتاب - «قۇرئان كەرىم»، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىنىدىغان مۇقەددەس جاي بەيتۇلمەئمۇر، ئاسمان ۋە دېڭىز قاتارلىقلار ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر.

رەببىڭنىڭ كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابى ئەلۋەتتە ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ. قىيامەت كۈنىدە ئاسمان قاتتىق سىلكىنىدۇ، زېمىنمۇ دەھشەتلىك تەۋرەيدۇ، تاغلار سۇرۇلگىنىچە سۇرۇلۇپ يۈرۈپ، ئاخىر ھەممىسى چېچىلىپ كەتكەن قۇمدەكلا توزۇپ كېتىدۇ. قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابى پەيغەمبەرلەرنى ۋە بۇ كۈننى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ شۇ كۈندىكى ھالىغا ۋاي!!! ئۇلار باتىلغا ۋە غەپلەتكە چۆمۈپ كەتكەن بولۇپ، ئەس-ھوشىنى بىلمەستىن، غەپلەت ئىچىدە ئويناپ يۈرىدۇ. ئۇلار قىيامەت كۈنىدە جەھەننەمگە تاشلانغاندا، ئۇلارغا دېيىلىدۇكى، مانا بۇ سىلەر دۇنيادىكى ۋاقىتلاردا ئىشەنمىگەن جەھەننەمدۇر! بۇ سېھىرمىكەن ياكى سىلەر بۇنى كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ سىلەر دۇنيادىكى چېغىڭلاردا پەيغەمبىرىڭلارنى سېھىرگەر دەيتتىڭلار، ئەمدى بۇ ھەقىقەتلەرنى سېھىر دەپ بېقىڭلارچۇ قېنى!

ئۇلارغا يەنە دېيىلىدۇكى، قېنى يۈرۈڭلار! سىلەر دۇنيادىكى ۋاقىتلاردا يوق سانىغان ۋە ئىنكار قىلغان جەھەننەمگە كىرىڭلار! ئۇنىڭ قاتتىق ھارارىتىنى ۋە دەھشەتلىك ئازابىنى تېتىڭلار. قاتتىق ئازابقا چىداڭلار ياكى چىدىماڭلار بەرىبىر ئۇنى سىلەر چوقۇم تېتىيسىلەر. سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭلا جازاسىنى تارتىسىلەر، چۈنكى سىلەر شۇنداق ئازابقا تېگىشلىك بولدۇڭلار.

---

[1] «صحيح البخاري» 4-توم، 109-بەت، 3207-ھەدىس، «صحيح مسلم» 1-توم، 149-بەت، 164-ھەدىس.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلىرىدىن ئۆزى خالىغانلىرى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئەمما ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلىشا بولمايدۇ.

2. قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابى ۋە بارلىق قىيىنچىلىقلىرى كاپىرلارغا بولىدۇ.

3. قىيامەت كۈنىدە ھەركىم ئۆزى قىلغان ياخشى-يامان ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى كۆرىدۇ.

## تەقۋادارلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى مۇكاپاتى

﴿إِنَّ ٱلْمُتَّقِينَ فِى جَنَّٰتٍ وَنَعِيمٍ ﴿١٧﴾ فَٰكِهِينَ بِمَآ ءَاتَىٰهُمْ رَبُّهُمْ
وَوَقَىٰهُمْ رَبُّهُمْ عَذَابَ ٱلْجَحِيمِ ﴿١٨﴾ كُلُوا۟ وَٱشْرَبُوا۟ هَنِيٓـًٔۢا بِمَا كُنتُمْ
تَعْمَلُونَ ﴿١٩﴾ مُتَّكِـِٔينَ عَلَىٰ سُرُرٍ مَّصْفُوفَةٍ ۖ وَزَوَّجْنَٰهُم بِحُورٍ عِينٍ
﴿٢٠﴾ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَٱتَّبَعَتْهُمْ ذُرِّيَّتُهُم بِإِيمَٰنٍ أَلْحَقْنَا بِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ
وَمَآ أَلَتْنَٰهُم مِّنْ عَمَلِهِم مِّن شَىْءٍ ۚ كُلُّ ٱمْرِئٍۭ بِمَا كَسَبَ رَهِينٌ ﴿٢١﴾
وَأَمْدَدْنَٰهُم بِفَٰكِهَةٍ وَلَحْمٍ مِّمَّا يَشْتَهُونَ ﴿٢٢﴾ يَتَنَٰزَعُونَ فِيهَا كَأْسًا
لَّا لَغْوٌ فِيهَا وَلَا تَأْثِيمٌ ﴿٢٣﴾ ۞ وَيَطُوفُ عَلَيْهِمْ غِلْمَانٌ لَّهُمْ كَأَنَّهُمْ
لُؤْلُؤٌ مَّكْنُونٌ ﴿٢٤﴾ وَأَقْبَلَ بَعْضُهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ يَتَسَآءَلُونَ ﴿٢٥﴾ قَالُوٓا۟ إِنَّا
كُنَّا قَبْلُ فِىٓ أَهْلِنَا مُشْفِقِينَ ﴿٢٦﴾ فَمَنَّ ٱللَّهُ عَلَيْنَا وَوَقَىٰنَا عَذَابَ
ٱلسَّمُومِ ﴿٢٧﴾ إِنَّا كُنَّا مِن قَبْلُ نَدْعُوهُ ۖ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْبَرُّ ٱلرَّحِيمُ ﴿٢٨﴾﴾

## تەرجىمىسى

17ـ18ـ شەكسىزكى، تەقۋادارلار رەببى ئاتا قىلغان نەرسىلەر بىلەن ھۇزۇرلانغان ھالدا، جەننەتلەردە ۋە نېمەت ئىچىدە بولىدۇ، رەببى ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ.

19ـ(ئۇلارغا) «قىلغان ئەمەللىرىڭلار (نىڭ مۇكاپاتى) ئۈچۈن سىڭىشلىك

يەڭلار ۋە ئىچىڭلار» (دېيىلىدۇ).

20ـ ئۇلار قاتار تىزىلغان تەختلەر ئۈستىدە يۆلەنگەن ھالدا ئولتۇرىدۇ، بىز شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىپ بېرىمىز.

21ـ ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئىمان ئېيتىپ ئۆزلىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىنى (جەننەتتە) ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيمىز، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن رەنىگە ئېلىنغاندۇر.

22ـ (ئۇلار ھۇزۇرلىنىۋاتقان نېمەتنىڭ ئۈستىگە) يەنە ئۇلارنى كۆڭلى تارتقان مېۋە ۋە گۆش بىلەن تەمىنلەيمىز.

23ـ ئۇلار جەننەتتە بىر ـ بىرىگە بىھۇدە سۆزلەتمەيدىغان ۋە گۇناھقا سەۋەب بولمايدىغان (شاراب تولدۇرۇلغان) جاملارنى سۇنۇشىدۇ.

24ـ ئۇلارنىڭ سەدەپنىڭ ئىچىدىكى مەرۋايىتتەك (كۆرۈنىدىغان) ياش مۇلازىملىرى (خىزمەت قىلىش بىلەن) ئۇلارنى ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

25ـ (جەننەتتىكىلەر) بىر ـ بىرىگە قارىشىپ پاراڭ سېلىشىدۇ.

26ـ ئۇلار ئېيتىدۇ: «بىز ئىلگىرى ئائىلىمىزدىكى چاغدا (ئاللاھنىڭ ئازا- بىدىن) قورقاتتۇق.

27ـ مانا ئاللاھ بىزگە مەرھەمەت قىلدى، (تېنىمىزنىڭ ئىچىگە) ئۆتۈپ كېتىدىغان قاتتىق ئازابتىن ساقلىدى.

28ـ چۈنكى بىز بۇنىڭدىن ئىلگىرى (دۇنيادا شۇ ئازابتىن پاناھ تىلەپ) ئاللاھقا دۇئا قىلاتتۇق. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئېھسان قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر».

### ◄ تەپسىرى

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتاب- لىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ۋە قىيامەت كۈنىگە چىن قەلبىدىن ئىمان ئېيتقان، شۇ ئىمانغا ئۇيغۇن ھالدا ھايات كەچۈرۈپ، ياخشى ئىشلارنى قىلغان ۋە يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرغان تەقۋادارلار ئېسىل جەننەتلەردە، كاتتا نازۇنېمەتلەر ئىچىدە بولىدۇ، ئۇلار رەببىنىڭ رازىلىقىغا ۋە مەمنۇنلۇقىغا نائىل بولىدۇ. ئۇلار مەڭگۈلۈك تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردە رەببى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان پەزل ـ مەرھەمەتلەر سايىسىدا ھۇزۇرلىنىدۇ.

ئۇلارغا ئەۋلادلىرىدىن ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئە-مەللەرنى قىلغانلارنى قوشىمىز ۋە ئۇلارنى بىر يەردە قىلىمىز. گەرچە ئۇلار ئاتا-ئانىلىرىنىڭ دەرىجىسىگە يەتمىسىمۇ، ئۇلارنى ئاتا-ئانىلىرىنىڭ دەرىجىلىرىگە كۆتۈرىمىز، ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيمىز. بۇلار پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-مەرھەمىتى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللهَ لَيَرْفَعُ ذُرِّيَّةَ الْمُؤْمِنِ مَعَهُ فِي دَرَجَتِهِ وَإِنْ كَانُواْ لَمْ يَبْلُغُوهَا فِي الْعَمَلِ لِيُقِرَّ بِهِ عَيْنَهُ» يەنى «ئاللاھ مۇئمىن ئادەمنىڭ پەرزەنتلىرىنى جەننەتتە ئۇنىڭغا ئوخشاش دەرىجىدە قىلىدۇ، گەرچە پەرزەنتلىرىنىڭ ئەمەلدىكى دەرىجىسى ئاتىسىغا يەتمىسىمۇ، ئاللاھ ئاتىسىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ». ئاندىن ﴿وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَٱتَّبَعَتۡهُمۡ ذُرِّيَّتُهُم﴾ دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلغان[1].

ھەرقانداق ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئۆزىنىڭ ياخشى-يامان ئەمەللىرىدىن جاۋابكاردۇر، ھەرقانداق ئادەم ياخشى ئەمەلىنىڭ مۇكا-پاتىنى كۆرىدۇ، يامان ئەمەلىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ﴿كُلُّ ٱمۡرِيِٕۭ بِمَا كَسَبَ رَهِينٞ﴾ دېگەن ئايەتكە ﴿ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە مەسئۇلدۇر﴾ يەنى ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ياخشى ياكى يامان ئەمەلىدىن جاۋابكار بولۇپ، ھېچكىم باشقا بىرىنىڭ گۇناھى سەۋەبلىك جازالانمايدۇ، ھەركىم ئۆز گۇناھىنىڭ جازاسىنى ئۆزى تارتىدۇ[2] دەپ تەپسىر قىلغان بولسا، مۇقاتىل «ھەربىر كاپىر ئادەم ئۆزىنىڭ كۇفرىلىق قىلمىشى بىلەن دوزاختا مەھبۇستۇر. ئەمما مۇئمىن ئادەم مەھبۇس ئەمەس»[3] دەپ تەپسىر قىلغان.

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى ﴿رَهِينٞ﴾ (گۆرۈ، رەنە) دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسىنى كۆزدە تۇتۇپ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: «ھەربىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا رەنىگە ئېلىنغان بولۇپ، ئەمەلى ياخشى بولسا مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، يامان بولسا جازاسىنى تارتىدۇ. گويا ئەمەل قەرزنىڭ ئورنىدا، ئىنسان گۆرۈ ئورنىدا قويۇلغان بولۇپ، ئەگەر بەندىنىڭ ئەمەلى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا

[1] «القضاء والقدر للبيهقي» 357-بەت.
[2] «تفسير الطبري» 22- توم، 473- بەت.
[3] «تفسير البغوي» 7- توم، 389- بەت.

قوبۇل بولغان ياخشى ئەمەللەردىن بولسا، ئۇ قەرزىنى تۆلىگەن ۋە گۆرۈدىن قۇتۇلغان بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇ قەرزىنى تۆلىيەلمىگەن بولىدۇ ۋە گۆرۈدە قېلىۋېرىدۇ. ﴿كُلُّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ رَهِينَةٌ ۝٣٨ إِلَّآ أَصْحَٰبَ ٱلْيَمِينِ﴾ يەنى ﴿ھەر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن رەنىگە ئېلىنغاندۇر. پەقەت نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾ [1]. ﴿كُلُّ ٱمْرِيٍٕ بِمَا كَسَبَ رَهِينٌ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ بۇ يەرگە كەلتۈرۈلگەنلىكى مۆئمىنلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ياخشى ئەمەللىرى يۈزىسىدىن ئاللاھ تائالانىڭ قەرزىنى ئادا قىلىپ رەنىدىن قۇتۇلغانلىقىغا، كاپىرلارنىڭ ۋە گۇناھكارلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يامان ئەمەللىرى تۈپەيلىدىن رەنىدە قالغانلىقىغا ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك»[2].

تەقۋادارلارغا جەننەتلەردە نېمەت ئۈستىگە نېمەت ئاتا قىلىمىز، ئۇلارنى كۆڭلى تارتقان مېۋە ۋە گۆش بىلەن ئۈزۈلدۈرمەي تەمىنلەپ تۇرىمىز. ئۇلار شاراب بىلەن تولدۇرۇلغان جاملارنى بىر-بىرىگە تەقدىم قىلىشىپ ھۇزۇرلىنىدۇ. يەنى جەننەت ئەھلى جەننەتلەردە ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئاتا قىلغان، ئەقلىنى يوقاتمايدىغان، قالايمىقان سۆزلەتمەيدىغان، گۇناھ-مەئسىيەتكە سەۋەب بولمايدىغان، پاك شارابلارنى بىر-بىرىگە تۇتۇشىدۇ. جەننەتنىڭ شارابلىرى توغرۇلۇق ساففات سۈرىسىدە: ﴿لَا فِيهَا غَوْلٌ وَلَا هُمْ عَنْهَا يُنزَفُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇنىڭدا ئەقلىنى بۇزىدىغان نەرسە يوق، ئۇلار ئۇنى ئىچىش بىلەن مەست بولمايدۇ﴾[3] دېگەن. جەننەت ئەھلىنىڭ خۇددى سەدەپنىڭ ئىچىدىكى مەرۋايىتتەك كۆرۈنىدىغان ياش مۇلازىملىرى بولۇپ، بۇ مۇلازىملار ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىدۇ، جەننەت ئەھلى جەننەتلەردە بىر-بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشىدۇ ۋە دۇنيادىكى ئەھۋالى توغرۇلۇق سۆزلىشىدۇ. ئۇلار دېيىشىدۇكى، بىز دۇنيادىكى ۋاقتىمىزدا ئائىلىمىزدە ئاللاھ تائالادىن قورقاتتۇق، ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلاتتۇق، مۇشۇ كۈننىڭ ئازابىدىن ھەزەر ئەيلەيتتۇق، ئاللاھ تائالا بىزگە دۇنيادىمۇ كاتتا ئىنئام قىلىپ، بىزنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغان ئىدى. بۇگۈنمۇ بۇ يەردە بىزگە ئىنئام قىلدى ۋە بىزنى ئۇز پەزل-كەرەمى بىلەن دوزاخنىڭ تەندىن ئۆتۈپ كېتىدىغان دەھشەتلىك ئازابىدىن ساقلىدى. بىزنى بۇ بەختكە ئېرىشتۈرگەن ئەمەل شۇكى، بىز دۇنيادىكى چاغلىرىمىزدا، ئاللاھ

---

[1] مۇددەسسىر سۈرىسى:38-39-ئايەتلەر.
[2] التفسير الواضح» 3- توم، 548- بەت.
[3] ساففات سۈرىسى:47-ئايەت.

تائالاغا دۇئا قىلىپ ئۇنىڭدىن جەننەتنى تىلەيتتۇق، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلاتتۇق (يەنى ئىمانىمىزدا چىڭ تۇرۇپ، شۇ ئىمانىمىزنىڭ تەقەززاسى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ هايات كەچۈرەتتۇق، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق، هاجەتلىرىمىزنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن تىلەيتتۇق). چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن كاتتا ئاتا-ئېھسان ۋە مەرھەمەت ئىگىسىدۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1.تەقۋالىق ئەڭ چوڭ كارامەت بولۇپ، تەقۋادارلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

2. تەقۋادار مۇئمىنلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدۇر.

3. جەننەت ئەھلىنىڭ جەننەتلەردە خالىغان نېمەتلەردىن ھۇزۇرلىنىدىغانلىقى شەكسىز ھەقىقەتتۇر.

4. ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر جەننەتكە كىرىشنىڭ ئاساسلىق ئامىلىدۇر.

5. جەننەت ئەھلىگە ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان پەرزەنتلىرىنى بىللە قوشۇپ بېرىش ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا مۇكاپاتىدۇر.

6. ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە مەسئۇلدۇر، ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن قوراللانغانلار ئۆزىنى ئازابتىن قۇتقۇزالايدۇ.

7. ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن بۇ دۇنيا تەييارلىق مەيدانىدۇر.

8. ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىش ئىبادەتتۇر.

## كاپىرلارنىڭ تۆھمەتلىرىگە رەددىيە

﴿فَذَكِّرْ فَمَآ أَنتَ بِنِعْمَتِ رَبِّكَ بِكَاهِنٍ وَلَا مَجْنُونٍ ﴿٢٩﴾ أَمْ يَقُولُونَ
شَاعِرٌ نَّتَرَبَّصُ بِهِۦ رَيْبَ ٱلْمَنُونِ ﴿٣٠﴾ قُلْ تَرَبَّصُوا۟ فَإِنِّى مَعَكُم مِّنَ
ٱلْمُتَرَبِّصِينَ ﴿٣١﴾ أَمْ تَأْمُرُهُمْ أَحْلَٰمُهُم بِهَٰذَآ ۚ أَمْ هُمْ قَوْمٌ طَاغُونَ ﴿٣٢﴾
أَمْ يَقُولُونَ تَقَوَّلَهُۥ ۚ بَل لَّا يُؤْمِنُونَ ﴿٣٣﴾ فَلْيَأْتُوا۟ بِحَدِيثٍ مِّثْلِهِۦٓ إِن

كَانُواْ صَٰدِقِينَ ٣٤ أَمۡ خُلِقُواْ مِنۡ غَيۡرِ شَيۡءٍ أَمۡ هُمُ ٱلۡخَٰلِقُونَ ٣٥
أَمۡ خَلَقُواْ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَۚ بَل لَّا يُوقِنُونَ ٣٦ أَمۡ عِندَهُمۡ خَزَآئِنُ
رَبِّكَ أَمۡ هُمُ ٱلۡمُصَيۡطِرُونَ ٣٧ أَمۡ لَهُمۡ سُلَّمٞ يَسۡتَمِعُونَ فِيهِۖ فَلۡيَأۡتِ
مُسۡتَمِعُهُم بِسُلۡطَٰنٖ مُّبِينٍ ٣٨ أَمۡ لَهُ ٱلۡبَنَٰتُ وَلَكُمُ ٱلۡبَنُونَ ٣٩ أَمۡ
تَسۡـَٔلُهُمۡ أَجۡرٗا فَهُم مِّن مَّغۡرَمٖ مُّثۡقَلُونَ ٤٠ أَمۡ عِندَهُمُ ٱلۡغَيۡبُ فَهُمۡ
يَكۡتُبُونَ ٤١ أَمۡ يُرِيدُونَ كَيۡدٗاۖ فَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ هُمُ ٱلۡمَكِيدُونَ
٤٢ أَمۡ لَهُمۡ إِلَٰهٌ غَيۡرُ ٱللَّهِۚ سُبۡحَٰنَ ٱللَّهِ عَمَّا يُشۡرِكُونَ ٤٣ وَإِن يَرَوۡاْ
كِسۡفٗا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ سَاقِطٗا يَقُولُواْ سَحَابٞ مَّرۡكُومٞ ٤٤ فَذَرۡهُمۡ حَتَّىٰ
يُلَٰقُواْ يَوۡمَهُمُ ٱلَّذِي فِيهِ يُصۡعَقُونَ ٤٥ يَوۡمَ لَا يُغۡنِي عَنۡهُمۡ كَيۡدُهُمۡ
شَيۡـٔٗا وَلَا هُمۡ يُنصَرُونَ ٤٦ وَإِنَّ لِلَّذِينَ ظَلَمُواْ عَذَابٗا دُونَ ذَٰلِكَ
وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ٤٧ وَٱصۡبِرۡ لِحُكۡمِ رَبِّكَ فَإِنَّكَ
بِأَعۡيُنِنَاۖ وَسَبِّحۡ بِحَمۡدِ رَبِّكَ حِينَ تَقُومُ ٤٨ وَمِنَ ٱلَّيۡلِ فَسَبِّحۡهُ
وَإِدۡبَٰرَ ٱلنُّجُومِ ٤٩

### تەرجىمىسى

29-(ئى پەيغەمبەر!) سەن ۋەز-نەسىھەت قىلغىن. سەن رەببىڭنىڭ رەھمىتى بىلەن كاھىنمۇ ئەمەس ۋە مەجنۇنمۇ ئەمەسسەن.

30-ئۇلار تېخى «ئۇ (مۇھەممەد بولسا) بىر شائىردۇر، بىز ئۇنىڭغا ئۆلۈم كېلىشىنى كۈتىمىز» دەۋاتامدۇ؟

31-(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر كۈتۈڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە (سىلەرگە چۈشىدىغان ئازابنى) كۈتىمەن».

32-ئۇلارنىڭ ئەقلى ئۇلارنى مۇشۇنداق (سۆزنى) قىلىشقا بۇيرۇمدۇ؟ بەلكى ئۇلار ھەددىدىن ئاشقان قەۋمدۇر.

33-ئۇلار: «قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى توقۇپ چىقتى» دېيىشەمدۇ؟ بەلكى ئۇلار (قۇرئانغا) ئىشەنمەيدۇ.

34-ئەگەر ئۇلار (سۆزىدە) راستچىل بولسا، قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىر سۆزنى

كەلتۈرۈپ باقسۇن.

35ـ ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ ياكى ئۇلار (ئۆزلىرى) ياراتقۇچىمۇ؟

36ـ ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ بەلكى ئۇلار (ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە) ئىشەنمەيدۇ.

37ـ رەببىڭنىڭ خەزىنىلىرى ئۇلارنىڭ قولىدىمىكەن ياكى ئۇلار (كائىناتقا) ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىمىكەن؟

38ـ ياكى ئۇلارنىڭ سۆز تىڭشاش ئۈچۈن (ئاسمانغا چىقىدىغان) شوتىسى بارمۇ؟ ئەگەر بولسا، ئۇلارنىڭ سۆز تىڭشىغۇچىسى ئوچۇق بىر پاكىت كەلتۈرسۇن.

39ـ قىزلار ئاللاھنىڭ، ئوغۇللار سىلەرنىڭمۇ؟

40ـ ياكى سەن ئۇلاردىن (دەۋىتىڭ ئۈچۈن) ھەق تەلەپ قىلىپ، قەرزدارچىلىقتىن ئۇلارنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ كېتىپتىمۇ؟

41ـ ياكى ئۇلاردا غەيبنىڭ ئىلمى بولۇپ، ئۇلار ئۇنى (كۆچۈرۈپ) يازامدىكەن؟

42ـ ئۇلار تېخى (ساڭا) تۇزاق قۇرماقچى بولۇۋاتامدۇ؟ ئەسلى تۇزاققا چۈ-شىدىغانلار كاپىرلارنىڭ ئۆزىدۇر.

43ـ ياكى ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھى بارمىكەن؟ ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

44ـ ئەگەر ئۇلار ئاسماندىن (ئۆزلىرىگە ئازاب بولۇپ) چۈشۈۋاتقان بىرەر پار-چىنى كۆرسە: «بۇ توپىلاشقان بۇلۇتتۇر» دەيدۇ.

45ـ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنى ھالاك قىلىنىدىغان كۈنگە ئۇچراشقانغا قەدەر ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرگىن.

46ـ ئۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكرى ھېچنەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، ئۇلارغا ياردەممۇ قىلىنمايدۇ.

47ـ ئۇ زالىملارغا قىيامەتتىن بۇرۇن (بۇ دۇنيادا) چوقۇم ئازاب بار، ئەمما ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

48ـ (ئى پەيغەمبەر!) سەن رەببىڭنىڭ (ئازابنى كېچىكتۈرۈش) ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىسەن (يەنى ھىمايىمىزدىسەن)، ئورنۇڭدىن تۇرغان ۋاقتىڭدا رەببىڭنى مەدھىيەلەش بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن.

49ـ كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ۋە يۇلتۇزلار پاتقاندىن كېيىنكى ۋاقىتتىمۇ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن.

## تەپسىرى

ئىنسانلار ئارىسىدا مەيلى ئۆز ئائىلىسىدە بولسۇن، مەيلى قانداقلا بىر جايدا بولسۇن ھەمىشە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىنى كۆرۈپ ۋە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىر دەقىقىمۇ ئېسىدىن چىقارماي، ئۇنىڭ ئازابىدىن قورققان، رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا، ئۆزىنىڭ مۇئمىنلىكىگە ئۇيغۇن ياشايدىغان كىشىلەر بار. ئەنە شۇنداق كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەتنىڭ پايدىسى بولىدۇ. ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش يولىدىكى ئالدىنقى ئىشى كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىشتۇر.

ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ ۋەزىپەڭ ۋە ئەڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتىڭ كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا دىنىنى يەتكۈزۈشتۇر. سەن ئىنسانلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ۋە ئۇلارغا يول كۆرسىتىدىغان بىر پەيغەمبەرسەن. سەن ھەرگىز كاپىرلار ئېيتقاندەك ئۆز خاھىشىڭدىن سۆزلەيدىغان كاھىن (جىنكەش) ياكى ئۆزۈڭنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى بىلمەيدىغان مەجنۇن ئەمەسسەن. بەلكى رەببىڭنىڭ نېمىتى، رەھمىتى ۋە ئۇلۇغ پەزلى بىلەن پەيغەمبەرلىككە سازاۋەر بولغان زاتسەن. سېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭ ھەق، ئەقلىڭ جايىدا، ئۆزۈڭ ھەقىقەتەن ئۇلۇغلۇق زاتسەن.

مەككىلىك ئەرەبلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام دەۋىتى، ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى، بۇ دەۋەتنىڭ بۇتپەرەسلەرگە بولغان خەتىرى ۋە بۇ دەۋەتنى قانداق قىلىپ ئۈجۈقتۇرۇپ يوقىتىش مەسىلىسى توغرۇلۇق ئۆز ئارىسىدا كۆپ باش قاتۇرۇشاتتى، كېچە - كېچىلەپ كېڭەشلەرنى قىلاتتى. ئۇلارنىڭ مەجلىسلىرىنىڭ تولىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى شائىر دەپ تۆھمەت قىلىش بىلەن ئاياغلىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زاماننىڭ ھادىسىلىرىنىڭ ھالاك قىلىشىغا تاپشۇرۇشنىمۇ ئويلايتتى ۋە زۇھەير، نابىغە قاتارلىق جاھىلىيەت شائىرلىرىنىڭ ھالاك بولغىنىدەك ئۇنىڭمۇ ئۆزلۈكىدىن ھالاك بولۇپ تۈگىشىشىنى كۈتەتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: ﴿(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر كۈتۈڭلار، چۈنكى مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە (سىلەرگە چۈشىدىغان ئازابنى) كۈتىمەن»﴾، يەنى سىلەر مېنى زاماننىڭ پالاكەتلىرىنىڭ ھالاك قىلىۋېتىشىنى كۈتسەڭلار، شۇنداق كۈتۈشكە داۋام قىلىۋېرىڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە دەۋىتىمنىڭ غەلىبە قىلىشىنى ۋە سىلەرنىڭ ھالاك بولۇشۇڭلارنى

كۆتمەن، دېيىشكە بۇيرۇغان.

بۇ كاپىرلارنىڭ سۆزلىرى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىدى. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى گاھ شائىر دېسە، گاھ كاھىن، گاھ مەجنۇن دەيتتى، زادى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ تۇتامى يوق ئىدى. ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق تۆھمەتلەرنى قىلىشقا ئۇلارنىڭ ئەقلى شۇنداق بۇيرۇغانمۇ؟ بىر ئادەم ھەم شائىر، ھەم مەجنۇن، ھەم كاھىن بولالامدۇ؟ ئېنىقكى، ئۇلار شۇنداق ھەددىدىن ئاشقان ئازغۇن قەۋمدۇر. كۇفرىلىق ۋە ئازغۇنلۇق ئۇلارنىڭ ئەقىل كۆزلىرىنى كور قىلىۋەتكەن، ئاتا-بوۋىلىرىنى تەقلىد قىلىشتىكى تەرسالىق ئۇلارنى شۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبى پېچەتلەنگەن، كۆزلىرىگە پەردە تارتىلغان، قۇلاقلىرى ئاڭلىماس بولۇپ قالغان. بۇ ھالەتتىكى ئىنسانلار قانداقمۇ ھىدايەت تاپسۇن؟! ئۇلار قانداقمۇ توغرا يولنى كۆرەلىسۇن؟!

ئۇلار پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قۇرئاننى ئۆزى توقۇپ چىققان دەۋاتامدۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر. بۇ كاپىرلار ئەسلىدە «قۇرئان كەرىم»گە ئىشەنمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار ھەرگىز ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمدۇر. «قۇرئان كەرىم»نى قانداقمۇ بىرەر ئىنسان توقۇپ چىقالىسۇن؟! ئى مەككىلىكلەر! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۆسكەن ۋە سىلەر ياخشى بىلىدىغان بىر شەخس تۇرسا، ئۇنىڭ راستچىللىقىغا ئۆزۈڭلارمۇ گۇۋاھ تۇرساڭلار، قانداقمۇ ئۇ ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ نامىدىن يالغان ئېيتسۇن؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان ۋە ھېچكىمدىن تەلىم ئالمىغان بىر زات تۇرسا، ئۇ ئۆزلۈكىدىن بۇنداق كاتتا مۆجىزىنى قانداق كەلتۈرەلىسۇن؟ ئەگەر سىلەر بۇ سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، قېنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۆزنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار! ﴿فَإِن لَّمۡ تَفۡعَلُواْ وَلَن تَفۡعَلُواْ فَٱتَّقُواْ ٱلنَّارَ ٱلَّتِي وَقُودُهَا ٱلنَّاسُ وَٱلۡحِجَارَةُۖ أُعِدَّتۡ لِلۡكَٰفِرِينَ﴾ يەنى ﴿ئەگەر بۇنداق قىلالمىساڭلار، - ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر - كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار﴾[1] سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن تەۋھىد ئەقىدىسىنى ۋە ئاخىرەت ھەققىدىكى ھەقىقەتلەرنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەر؟ ھالبۇكى، پۈتۈن كائىنات بۇ ھەقىقەتلەرگە گۇۋاھتۇر. سىلەرمۇ ئاللاھ تائالا ياراتقان

[1] بەقەرە سۈرىسى:24-ئايەت.

مەخلۇقاتلاردىن بىرى ئەمەسمۇ؟ ياكى سىلەر ياراتقۇچىسىز يارىتىلىپ قالغانمۇ؟ ياكى ئۆزۈڭلار ياراتقۇچىلارمۇ؟

ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ ياق! ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار يارىتىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇلار ھەقىقەتنى بىلمەي تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار بىلمەي تۇرۇپ قانداقمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا رەببى تەرىپىدىن كەلگەن دىننى ئىنكار قىلىشىدۇ؟ ھالبۇكى، بۇ دىننى ئەۋەتكەن زات ئۇلارنىڭ ۋە ھەممىنىڭ يېگانە ياراتقۇچىسىدۇر. ھەقىقەت شۇكى، ئۇزىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەق دىننى نازىل قىلغان زات ئۆزى ياراتقان مەۋجۇداتنى ئوبدان بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ كائىناتنىڭ يېگانە ئىگىسى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسىدۇر، ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكمى مۇتلەق كۈچكە ئىگە، ئۇنىڭ ھۆكمىگە قارشى چىققۇچى ياكى ئۇنى قايتۇرۇۋەتكۈچى يوق. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، بۇ كاپىرلار خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت خەزىنىلىرىنى قولىغا ئېلىۋالغاندەك چوڭ سۆزلەرنى قىلسا بولامدۇ؟ ﴿وَقَالُواْ لَوۡلَا نُزِّلَ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانُ عَلَىٰ رَجُلٖ مِّنَ ٱلۡقَرۡيَتَيۡنِ عَظِيمٍ﴾ يەنى ﴿ئۇلار يەنە: «بۇ قۇرئان نېمىشقا (مەككە ۋە تائىف) ئىككى شەھەردىكى بىرەر كاتتا ئادەمگە نازىل قىلىنمىدى؟» دېيىشتى﴾[1]، ﴿أَهُمۡ يَقۡسِمُونَ رَحۡمَتَ رَبِّكَۚ﴾ يەنى ﴿رەببىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلامدىكەن؟﴾[2]، ئۇ كاپىرلار ئۆزلىرىنى كائىناتتىكى ھەر نەرسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارمىز ياكى ئۇنى بويسۇندۇرغۇچىلارمىز دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ھېچ نەرسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ، ھېچ نەرسىنى بويسۇندۇرالمايدۇ. ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ تائالا ھەممىگە يېتەرلىكتۇر ۋە ھەممىدىن بىھاجەتتۇر. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ خەزىنىلىرى ئۆز ئىلكىدە بولغان زات ھەممىگە قادىردۇر ۋە ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئوبدان بىلىدۇ.

بۇ كاپىرلار كائىناتنىڭ سىر-ئەسرارلىرىدىن نېمىنى بىلسۇن؟ ئۇلارنىڭ خەۋەر تىڭشاش ئۈچۈن ئاسمانغا چىقىدىغان شوتىسى بارمىدى؟ ئەگەر بار بولسا، ئۇلارنىڭ ئاڭلىغانلىقىغا بىرەر دەلىل-ئىسپات كەلتۈرۈپ باقمامدۇ؟

ئى كاپىرلار! سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ئەجەبلىنەرلىككى، سىلەر قىز-

---

[1] زۇخرۇف سۈرىسى:31-ئايەت.

[2] زۇخرۇف سۈرىسى:32-ئايەت.

لارنى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىپ، ئوغۇللارنى ئۆزۈڭلارغا مەنسۇپ قىلىۋالامسىلەر؟ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالا ياراتقان ئەمەسمۇ؟ ئاياللارنىڭ قىز تۇغقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغىنىڭلاردا غەزەپتىن يۈزۈڭلار قارىيىپ كېتىدىغان تۇرۇپ، ئۆزۈڭلار ياقتۇرمايدىغان قىزلارنى قانداقمۇ ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىسىلەر؟

ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلار سېنىڭ راستچىللىقىڭنى ۋە گۈزەل ئەخلاقىڭنى بىلىپ تۇرۇپ، قانداقمۇ سەن دەۋەت قىلغان دىنغا ئەگەشمەيدۇ؟ ياكى سەن ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۇلاردىن ھەق تەلەپ قىلدىڭمۇ؟ شۇڭا ئۇلارنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇمۇ؟ ئۇلار بۇ ئېغىر يۈكنىڭ ئاستىدا قالغانلىقتىن، ئىمان ئېيتىشتىن يۈز ئۆرۈپتۇمۇ؟ ياكى ئۇلاردا غەيبكە ئائىت ئىلىملەر بولۇپ، ئۇنى ئۇلار خالىغانچە ئۆزلىرى كۆچۈرۈپ چىقىپ كىشىلەرگە تارقىتامدۇ؟ ئۇلارنىڭ بىلجىرلاشلىرىنى ھېچبىر ئەقىل ئىگىسى قوبۇل قىلالمايدۇ. بۇ كاپىرلار ساڭا ۋە سەن دەۋەت قىلىۋاتقان دىنغا قارشى تۇزاقلارنى پىلانلاۋاتامدۇ؟ ئەسلى تۇزاققا چۈشىدىغانلار ئاشۇ كاپىرلارنىڭ ئۆزىدۇر. ئىلگىرىكىلەرمۇ ئۆزلىرى كولىغان ئورىغا ئۆزلىرى چۈشۈپ ھالاك بولغان. (چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تۇزاقلارنى قۇرۇپ، رەزىل پىلانلارنى تۈزۈپ ھەرىكەتكە ئۆتكەن بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرى پۈتۈنلەي ھالاك بولۇپ تۈگەشكەن).

ياكى بۇ كاپىرلارنىڭ ئاللاھ تائالادىن باشقا يەنە بىر ئىلاھى بارمۇ؟ ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر.

ئەمەلىيەت شۇكى، «قۇرئان كەرىم» مۇشرىكلار بىلەن ئىنتايىن ئورۇنلۇق ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق ھالدا مۇنازىرىلەشسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىگە ئەڭ قايىل قىلارلىق ۋە ئەڭ كۈچلۈك دەلىل-ئىسپاتلارنى كەلتۈرسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئىمان ئېيتمايدۇ، چۈنكى ئۇلار تەقلىدچىلىك سەۋەبلىك ئەقلى يوقالغان، كۆزلىرى جاھالەت تۇپەيلىدىن پەردىلەنگەن، قۇلاقلىرى ھەقىقەتنىڭ ساداسىنى ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قالغان مەخلۇقلاردۇر. ئۇلار شۇنداق غەپلەتتە ياشايدىغان مەخلۇقلاركى، ئۇلار ئاسماندىن ئۆزلىرىگە چۈشۈۋاتقان ئازابنى كۆرسىمۇ، ئۇنى توپىلاشقان بۇلۇت دەپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۇيۇقسىزلا ھالاك بولۇپ تۈگىشىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سەن ئۇ كاپىرلارنى ئۆزلىرى

ئاگاھلاندۇرۇلغان قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۆز مەيلىگە قويۇپ تۇرغىن، ئۇلارنى تەرك ئەتكىن. قىيامەت كۈنى كەلگەندە ئۇلارنىڭ ھەق دىنغا قارشى تۈزگەن رەزىل پىلانلىرى، ئىشلەتكەن ھىيلە-مىكىرلىرى ئەسقاتمايدۇ، مال-دۇنياسىنىڭ ۋە قەۋم-قېرىنداشلىرىنىڭ، پەرزەنتلىرىنىڭ كۆپلۈكى پايدا بەرمەيدۇ، پەقەت ساغلام قەلب بىلەن بارغانلارلا پايدا تاپىدۇ.

باتىل يولنى تاللاش بىلەن ئۆزلىرىگە ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلغان، ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلماسلىق بىلەن چوڭ يولسىزلىقلارنى قىلغان بۇ كاپىرلار ئۈچۈن ئاخىرەت ئازابىدىن باشقا، بۇ دۇنيادىمۇ ئازاب ۋە جازالار بار. ئۇلاردا مۇئمىنلەردە بولغىنىدەك مۇسىبەتلىرىگە تەسەللى بولىدىغان، ئىرادىسىنى كۈچەيتىدىغان، ۋىجدانىنى راھەتلەندۈرىدىغان مەنىۋى قۇۋۋەتلەر يوق.

ئى پەيغەمبەر! سەن رەببىڭنىڭ زالىم كاپىرلارنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكىچە كېچىكتۈرۈش ھەققىدىكى ھۆكمىگە رازى بولۇپ سەۋرچان بولغىن. چۈنكى، رەببىڭنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ ھەممىسى ياخشىلىق ۋە سەن ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. سەن ھەقىقەتەن رەببىڭنىڭ ھىمايىسى ۋە قوغدىشى ئاستىدا تۇرۇۋاتىسەن، رەببىڭ سېنى دۈشمەنلىرىڭنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن قوغدىغۇچىدۇر ۋە دەۋىتىڭنى تاماملىغۇچىدۇر، شۇڭا سەن ھەممىدىن خاتىرجەم بولغان ھالدا، ئۇنىڭ ھۆكمىگە ۋە تەقدىرىگە رازى بولغىن، سەن ھەمىشە رەببىڭنى مەدھىيىلەش بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن، سەھەر ئورنۇڭدىن تۇرغىنىڭدا رەببىڭگە كۆپلەپ ھەمدۇسانا ئېيتقىن، ئۇنى ئۇلۇغلاپ تەسبىھ ئېيتقىن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ۋە يۇلتۇزلار پاتقاندىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ رەببىڭگە كۆپلەپ ھەمدۇسانا ئېيتقىن، ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن.

ئى رەببىم! سېنىڭ بۇ ئۇلۇغ دىنىڭغا خىزمەت قىلىش يولىدا يۈرگەنلەرنىڭ ۋە بۇ ئۇلۇغ دىنىنىڭ گۈزەللىكلىرىنى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن نامايان قىلىپ كىشىلەرنى بۇ دىنغا دەۋەت قىلىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ قەدىمىنى مۇستەھكەم قىلغىن ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلغىن، ئامىن.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقىي ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ زىممىسىگە كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىش ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ۋەزىپىسى يۈكلىنىدۇ.

2. پال بېقىش، جىنكەشلىك ۋە غەيبىتىن سۆزلەش كاپىرلىقتۇر.

3. دىنىنىڭ چەكلىمىسىدىن چەتنەپ كېتىش بارلىق يامانلىقلارنىڭ ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ باشلىنىشىدۇر.

4. يالغان سۆزلەش قەتئىي هارامدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان سۆزلەش تېخىمۇ ئېغىر گۇناھتۇر.

5. كاپىرلار تەسەۋۋۇرى بۇزۇق، تەپەككۇرى چولتا، ئەقلى كەم ۋە ماددىدىن باشقىسىنى ئويلىيالمايدىغان بەختسىز مەخلۇقلاردۇر.

6. دىنىنى دەۋەت قىلغانلىققا هەق تەلەپ توغرا ئەمەس. ئەمما دىنىنى ئۆگىتىش ۋە دەۋەت ئىشلىرىغا تەيىنلەنگەنلەرنىڭ مائاش ئېلىشى جائىزدۇر.

7. غەيبنى ئاللاھ تائالادىن باشقا هېچكىم بىلمەيدۇ.

8. «قۇرئان كەرىم»دە ئالدىنئالا بېرىلگەن خەۋەرلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىپ كېلىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيى ئىكەنـ-لىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

9. ئاللاھ تائالانىڭ هەققىگە قارىتا سادىر قىلىنغان گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ جازاسى ئاخىرەتكە كېچىكتۈرۈلگەن بولسىمۇ، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغانلىقنىڭ بىر قىسىم جازاسى مۇشۇ دۇنيادىلا بېرىلىدۇ.

10. هەر ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە رازىلىق بىلدۈرۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر.

11. ئۇيقۇدىن تۇرغاندا: «الحَمْدُ لِلَّهِ الذى أحْيَانَا بَعْدَ ما أمَاتَنَا وإلَيْهِ النُّشُورُ» دېيىش سۈننەتتۇر.

# نەجم سۈرىسى

نەجم سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 62 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە تۇنجى قېتىم ئوچۇق-ئاشكارا ئوقۇپ جاكارلىغان سۈرىدۇر[1]. بۇ سۈرىمۇ باشقا مەككە سۈرىلىرىگە ئوخشاش ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇ سۈرىدە يەنە مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھ دەپ ئاتىۋالغان نەرسىلىرىنىڭ ئەھمىيەتتە قۇرۇق ئىسىملاردىنلا ئىبارەت نەرسىلەر ئىكەنلىكى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى ۋە بۇ ئىسىم-سۈپەتلەرنىڭ كائىناتتىكى نامايەندىسى بايان قىلىنغان. ئاخىرىدا، ئىسلامنىڭ ھەقىقەتلىرى توغرۇلۇق ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلاردا قەيت قىلىنغان بەزى ھەقىقەتلەر بايان قىلىنغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ۋەھيىنىڭ راستلىقىنى، ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ھەقلىقىنى ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئەقىدىسىنىڭ باتىللىقىنى ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت.

سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايىتىدىكى ﴿ٱلنَّجۡمِ﴾ «يۇلتۇز» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

## ◄ ۋەھيىنىڭ ھەقلىقى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿وَٱلنَّجۡمِ إِذَا هَوَىٰ ١ مَا ضَلَّ صَاحِبُكُمۡ وَمَا غَوَىٰ ٢ وَمَا

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 553- ئايەت.

يَنطِقُ عَنِ ٱلْهَوَىٰٓ ۝٣ إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْىٌ يُوحَىٰ ۝٤ عَلَّمَهُۥ شَدِيدُ
ٱلْقُوَىٰ ۝٥ ذُو مِرَّةٍ فَٱسْتَوَىٰ ۝٦ وَهُوَ بِٱلْأُفُقِ ٱلْأَعْلَىٰ ۝٧ ثُمَّ دَنَا
فَتَدَلَّىٰ ۝٨ فَكَانَ قَابَ قَوْسَيْنِ أَوْ أَدْنَىٰ ۝٩ فَأَوْحَىٰٓ إِلَىٰ عَبْدِهِۦ مَآ
أَوْحَىٰ ۝١٠ مَا كَذَبَ ٱلْفُؤَادُ مَا رَأَىٰٓ ۝١١ أَفَتُمَٰرُونَهُۥ عَلَىٰ مَا يَرَىٰ ۝١٢
وَلَقَدْ رَءَاهُ نَزْلَةً أُخْرَىٰ ۝١٣ عِندَ سِدْرَةِ ٱلْمُنتَهَىٰ ۝١٤ عِندَهَا جَنَّةُ
ٱلْمَأْوَىٰٓ ۝١٥ إِذْ يَغْشَى ٱلسِّدْرَةَ مَا يَغْشَىٰ ۝١٦ مَا زَاغَ ٱلْبَصَرُ وَمَا
طَغَىٰ ۝١٧ لَقَدْ رَأَىٰ مِنْ ءَايَٰتِ رَبِّهِ ٱلْكُبْرَىٰٓ ۝١٨

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ساقىغان ۋاقىتتىكى يۇلتۇز بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،

2ـ سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (مۇھەممەد) ئازمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى،

3ـ ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ.

4ـ ئۇنىڭ سۆزلىگىنى پەقەتلا ئۇنىڭغا قىلىنغان ۋەھيىدۇر.

5ـ ۋەھيىنى ئۇنىڭغا ناھايىتى كۈچلۈك پەرىشتە (جىبرىل) ئۆگەتتى.

6ـ7ـ ئۇ مۆكەممەل يارىتىلىشقا ئىگە بولۇپ، يۇقىرى ئۇپۇقتا (ئۆز شەكلىدە) تۇردى.

8ـ9ـ ئاندىن ئۇ ئاستا-ئاستا پەسلەپ (مۇھەممەدكە) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئازراق ئارىلىق قالغۇچە يېقىنلاشتى.

10ـ ئاندىن ئاللاھ بەندىسى (مۇھەممەد) گە قىلىدىغان ۋەھيىنى (جىبرىل ئارقىلىق) قىلدى.

11ـ ئۇنىڭ كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى.

12ـ (ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن تالاش-تارتىش قىلىشامسىلەر؟

13ـ15ـ شەكسىزكى، ئۇ (مۇھەممەد) جىبرىلنى يېنىدا جەننەتۇلمەئۋا ئورۇن

ئالغان سىدرەتۇلمۇنتەھا دەرىخىنىڭ قېشىدا ئىككىنچى قېتىم (ئۆز شەكلىدە) كۆردى.

16-ئۇ چاغدا سىدرەتۇلمۇنتەھانى (ئاجايىباتلار) قاپلىغان ئىدى.

17-(مۇھەممەدنىڭ) كۆزى (ئوڭ-سولغا) قىيىپ كەتمىدى، (كۆرۈشكە بۇيـ-رۇلغان شەيئىلەردىن) ئۆتۈپمۇ كەتمىدى.

18-شەكسىزكى، ئۇ رەببىنىڭ ئەڭ چوڭ دەلىللىرىدىن بىر قىسمىنى كۆردى.

## ◄ بۇ سۈرىنىڭ باشقا سۈرىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئەللامە فەخرۇددىن رازىي مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا قەسەم بىلەن باشلىغان سۈرىلەردىن ساففات، زارىيات، تۇر سۈرىلىرىگە كەلسەك، بۇ سۈرىلەرنىڭ بىرىنچىسىدىكى قەسەم ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئىككىنچىسىدىكى قەسەم ھەشرنىڭ (يەنى قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنى ھېساب مەيدانىغا توپلاپ ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشنىڭ) راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۈچىنچىسىدىكى قەسەم قىيامەت كۈندىكى ئازابنىڭ كاپىرلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قىلىنغان. ئەمما بۇ سۈرىدە ئاللاھ تائالا قەسەمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قىلغان. بۇنىڭ بىلەن دىننىڭ ئۈچ چوڭ ئاساسى دەلىل-پاكىتلىرى بىلەن ئىسپاتلانغان بولدى. يەنە مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، ‹قۇرئان كەرىم›دە، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر تەۋھىد ئەقىدىسىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرگە نىسبەتەن كۆپ بايان قىلىنغان. مەسىلەن: زارىيات، تۇر، لەيل، زۇھا، بۇرۇج قاتارلىق سۈرىلەر بۇنىڭ مىسالى. بۇنىڭدىكى سىر شۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنىڭ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەلىللىرى كائىنات ئالامەتلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى قاتارلىقلار بىلەن ئىسپاتلىنىپ ناھايىتى ئوچۇق ۋە روشەن ھالدا نامايان بولۇپ تۇرماقتا. ئەمما قىيامەتتىن ئىبارەت بىر ئادالەت كۈنىنىڭ بولۇشىنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى - گەرچە بۇ ئەقىل قوبۇل قىلىدىغان، ئادالەت تەقەززا قىلىدىغان مەسىلە بولسىمۇ- «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەددىسكە ئوخشاش دىنىي مەنبە بىلەن ئەڭ مۇكەممەل تەكىتلىگىلى بولىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى

ئىسپاتلاش ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»دە قەسەمنى كۆپ كەلتۈرگەن. بۇنىڭدىن مەقسەت ئىنسانلارغا ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راست ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈندۇر»[1].

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى يۇلتۇز بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق باشلىغان بولۇپ، ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان بۇ يۇلتۇز پۈتۈن يۇلتۇزلارنى، جۈملىدىن ھۆكەر يۇلتۇزىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇلتۇز بىلەن قەسەم قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىدايەت يېتەكچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنغان. چۈنكى، يۇلتۇزلار كېچىدە يول يۈرگۈچىلەرگە يول كۆرسەتكەندەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسەتكەن ھىدايەت يۇلتۇزىدۇر. خۇددى كېچىدە يۈرگەنلەر ھۆكەر يۇلتۇزى ئارقىلىق يول تاپقىنىدەك، ئىنسانىيەتمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق توغرا يولنى تاپىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىش بىلەن ئىككى دۇنيانىڭ بەخت-سائادەتلىرىگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئى ئىنسانلار! مەن سىلەرگە سارقىغان يۇلتۇز بىلەن قەسەم قىلىپ شۇنى تەكىتلەيمەنكى، سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتتىن ئېزىپ كەتمىدى، توغرا يولدىن ئاداشمىدى، بەلكى ئۇ تۇپتوغرا يولدا يۈرۈۋاتقان زاتتۇر. ئۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا، سىلەرنىڭ مۇھىتىڭلاردا سىلەر بىلەن بىللە ئۆسۈپ يېتىلگەن ۋە سىلەرگە ناھايىتى تونۇشلۇق بولغان زاتتۇر. ئۇنىڭ راستچىللىقىنى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى سىلەر ھەممىدىن ياخشى بىلىسىلەر. ئۇ ئۆز خاھىشى بىلەن سۆزلىمەيدۇ، يەنى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن سىلەرگە يەتكۈزگەنلىرى ئۆز خاھىشى ياكى ئۆز رەيى بىلەن ئېيتقان سۆزلەر ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قىلىنغان ۋەھيىدۇر.

مۇپەسسىرلەر ﴿ذُو مِرَّةٍ فَٱسْتَوَىٰ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ﴿ذُو مِرَّةٍ﴾ دېگەن قىسمىنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما «كۆرۈنۈشى چىرايلىق» دەپ مەنە ئېيتقان، مۇجاھىد «كۈچلۈك» دەپ مەنە ئېيتقان[2]. بۇ ئىككى مەنىدە زىتلىق يوقتۇر. چۈنكى، جىبرىل ئەلەيھىسسالام ھەم كۈچلۈك ھەم كۆرۈنۈشى چىرايلىق

---

[1] «مفاتيح الغيب للرازي» 28-توم، 231-بەت.

[2] «تفسير الطبري» 22-توم، 499-بەت.

پەرىشتىدۇر.

«قۇرئان كەرىم»نى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جىبرىل ئەلەيھىسسالام تەلىم بەردى ۋە ئۇنى ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالادىن كەلگەن پېتى ئوقۇپ بېرىپ يەتكۈزدى. جىبرىلنىڭ «ئىنتايىن كۈچلۈك پەرىشتە» دەپ سۈپەتلەنگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئۇ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقسىز قەۋمىنى يۇرتى بىلەن قوشۇپ دۈم كۆمتۈرۈۋەتكەن، سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھكار قەۋمىنى بىر ئاۋاز بىلەنلا مۇردىلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان پەرىشتىدۇر. جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى ئېلىپ چۈشۈشى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك بولغان ۋاقىت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشىدىغان بولۇپ، ئۇ ھەر خىل شەكىلدە كۆرۈنەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىلنى ئۆز شەكلىدە كۆرگەنمۇ؟ جاۋاب: ھەئە، ئۆز شەكلىدە كۆرگەن. ئۇنى ئاللاھ تائالا ياراتقان سۈرىتى بىلەن، ئالتە يۈز قاناتلىق ھالىتىدە كۆرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قاناتلىرى ئۇپۇقلارنى يېپىۋالغۇدەك دەرىجىدە چوڭ ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىسرا-مىراج كېچىسى يۇقىرى ئۇپۇقتا ئۆز شەكلىدە كۆرگەن.

﴿ئاندىن ئۇ ئاستا-ئاستا يەسلەپ (مۇھەممەدكە) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئازراق ئارىلىق قالغۇچە يېقىنلاشتى﴾ يەنى جىبرىل ئەلەيھىسسالام يۇقىرى ئۇپۇقتىن پەسلەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلاشتى، ئۇنىڭ يېقىنلىشىشى ئىككى ياچاق ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق بولغان ئىدى. بۇ چاغدا جىبرىل ھاۋادا مۇئەللەقتە ئىدى. ﴿ئاندىن ئاللاھ بەندىسى (مۇھەممەد) گە قىلىدىغان ۋەھيىنى قىلدى. ئۇنىڭ كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى﴾ يەنى ئاللاھ تائالا جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن بەندىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم»دىن تېگىشلىك ۋەھيىنى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىل ئەلەيھىسسالامنى ئەسلىدىكى سۈرىتىدە كۆردى ۋە ئۇنىڭ دىلى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەقىقەتلەرنى تەستىقلىدى، ھېچ ئىنكار قىلمىدى. قەتادە ﴿مَا كَذَبَ ٱلۡفُؤَادُ مَا رَأَىٰٓ﴾ دېگەن ئايەتنى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىلنى ئەسلىدىكى سۈرىتىدە كۆردى» دەپ تەپسىر قىلغان[1].

بۇ ئايەتلەر ۋەھيىنىڭ ھەقلىقىنى تەكىتلەش ۋە بارلىق شەك-شۈبھىلەرگە

[1] «تفسير الطبري» 22- توم، 509- بەت.

رەددىيە بېرىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ۋەھيىنىڭ جىبرىلنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاللاھ تائالادىنلا كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ شېئىر ياكى سېھىر ئەمەسلىكىنى، شەيتاننىڭ ياكى جىنلارنىڭ جىبرىلنىڭ شەكلىگە كىرەلمەيدىغانلىقىنى ھەركىمنىڭ ياخشى بىلىپ قېلىشىنى مەقسەت قىلغان. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىلنى ئەسلىدىكى شەكلى ۋە باشقا شەكىللەرگە كىرگەن ھالەتلىرى بىلەن ئېنىق تونۇغان، تونۇغاندىمۇ ئۇنىڭ كۆزى بىلەن دىلى شەكلىنىشكە ئورۇن بەرمەيدىغان دەرىجىدە مۇكەممەل تونۇغان ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا بىرسىنى جىبرىلغا ئوخشىتىپ قېلىشى ياكى ئۇنى تونۇماي قېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ﴿ئۇ مۇكەممەل يارىتىلىشقا ئىگە بولۇپ، يۇقىرى ئۇپۇقتا (ئۆز شەكلىدە) تۇردى﴾، ﴿ئاندىن ئۇ ئاستا-ئاستا پەسلەپ (مۇھەممەدكە) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئازراق ئارىلىق قالغۇچە يېقىنلاشتى﴾، ﴿ئاندىن ئاللاھ بەندىسى (مۇھەممەد)گە قىلىدىغان ۋەھيىنى (جىبرىل ئارقىلىق) قىلدى﴾، ﴿(ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن تالاش-تارتىش قىلىشامسىلەر؟﴾ دېگەن ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىلاھىي تەرتىپ بولۇپ، شۇنداق ھېكمەتلىك ھالدا تەرتىپلەنگەن. گويا ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارغا دەيدۇكى، سىلەر شۇنچىلىك روشەن ۋە شۇنچىلىك تەپسىلىي باياندىن كېيىنمۇ يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنىڭ راستلىقىغا شەك قىلامسىلەر؟ بۇ سۆزلەرگە ئىشەنمىسەڭلار، ئەمدى قانداق سۆزلەرگە ئىشىنىسىلەر؟

شەكسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىل ئەلەيھىسسالامنى يۇقىرى ئاسماندا سىدرەتۇلمۇنتەھا بىلەن جەننەتۇلمەئۋانىڭ يېنىدا ئىككىنچى قېتىم كۆرگەن ئىدى. جەننەتۇلمەئۋا-مۇئمىنلەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ جانلىرى ئۆرلەپ ئورۇن ئالىدىغان جاينىڭ نامى بولۇپ، ئورنى يەتتىنچى ئاسماندىدۇر. ئەمما سىدرەتۇلمۇنتەھا-ناھايىتى چوڭ بىر دەرەخنىڭ نامى بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىمۇ يەتتىنچى ئاسماندىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىل ئەلەيھىسسالامنى بۇ قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھانى ئاللاھ تالانىڭ ئەمرى بىلەن بارلىققا كەلگەن ئاجايىباتلار (ياكى بەزى مۇپەسسىرلەر دېگەندەك ئاللاھ تائالانىڭ نۇرى) قاپلىۋالغان ۋاقتىدا كۆردى. بۇ ئىسرا-مىراج كېچىسى بولغان ئىشلار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزى كۆرۈشكە تېگىشلىك بولغان شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق ۋە ئاشكارا كۆرگەن، ئەمما قاراشقا تېگىشلىك بولمىغان جايلارغا قارىمىغان، بەلگىلەنگەن سىزىقتىن ئېشىپ كەتمىگەن ئىدى. شەكسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

بۇ ئىسرا-مىراج كېچىسىدە رەببىنىڭ دەلىللىرىدىن ئەڭ چوڭىنى كۆرگەن ئىدى. مۇپەسسىرلەر ﴿رەببىنىڭ دەلىللىرىدىن ئەڭ چوڭىنى كۆردى﴾ دېگەن ئايەتتىكى «ئەڭ چوڭ دەلىل» ئۈستىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرا-مىراج كېچىسىدە قانىتى بىلەن پۈتكۈل ئۇپۇقنى ئورىۋالغان قۇشنى كۆرگەنلىكىدۇر، دەپ تەپسىر قىلغان. يەنە بەزىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىبرىلنى ئەسلىدىكى شەكلىدە كۆرگەنلىكىدۇر، دەپ تەپسىر قىلغان. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسرا-مىراج كېچىسىدە ئاللاھ تائالانى كۆرگەنمۇ؟ بۇ مەسىلىدە ساھابىلەردىن باشلاپ نۇرغۇن ئۆلىمالار ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانى كۆرگەن دېسە، بەزىسى كۆرمىگەن دېگەن. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانى كۆرمىگەن دېگۈچىلەرنىڭ دەلىلى كۈچلۈكتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە ئىسرا-مىراج قىسسىسىنى ﴿شەكسىزكى، ئۇ رەببىنىڭ دەلىللىرىدىن ئەڭ چوڭىنى كۆردى﴾ دېگەن ئايەت بىلەن تاماملىغان بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسرا-مىراج كېچىسىدە ئاللاھ تائالانى كۆرمىدى، بەلكى ئۇنىڭ دەلىللىرىدىن ئەڭ چوڭىنى كۆردى دېگەنلىكتۇر. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانى كۆرگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرگەن دەلىللەرنىڭ ئەڭ چوڭى سانالغان بولاتتى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئىكەنلىكى شەك قوبۇل قىلمايدىغان بىردىنبىر ھەقىقەتتۇر.

2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دىن نامىدىن ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىگەن ئەمەس.

3. جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئىسرا-مىراج كېچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەسلىدىكى ئۆز شەكلى بىلەن كۆرۈنگەن.

### ◄ مۇشرىكلارنىڭ ساختا ئىلاھلىرى

﴿أَفَرَءَيْتُمُ ٱللَّٰتَ وَٱلْعُزَّىٰ ﴿١٩﴾ وَمَنَوٰةَ ٱلثَّالِثَةَ ٱلْأُخْرَىٰٓ ﴿٢٠﴾ أَلَكُمُ
ٱلذَّكَرُ وَلَهُ ٱلْأُنثَىٰ ﴿٢١﴾ تِلْكَ إِذًا قِسْمَةٌ ضِيزَىٰٓ ﴿٢٢﴾ إِنْ هِىَ إِلَّآ أَسْمَآءٌ

سَمَّيۡتُمُوهَآ أَنتُمۡ وَءَابَآؤُكُم مَّآ أَنزَلَ ٱللَّهُ بِهَا مِن سُلۡطَٰنٍۚ إِن
يَتَّبِعُونَ إِلَّا ٱلظَّنَّ وَمَا تَهۡوَى ٱلۡأَنفُسُۖ وَلَقَدۡ جَآءَهُم مِّن رَّبِّهِمُ
ٱلۡهُدَىٰٓ ﴿٢٣﴾ أَمۡ لِلۡإِنسَٰنِ مَا تَمَنَّىٰ ﴿٢٤﴾ فَلِلَّهِ ٱلۡأٓخِرَةُ وَٱلۡأُولَىٰ ﴿٢٥﴾ ۞
وَكَم مِّن مَّلَكٖ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ لَا تُغۡنِي شَفَٰعَتُهُمۡ شَيۡـًٔا إِلَّا مِنۢ بَعۡدِ
أَن يَأۡذَنَ ٱللَّهُ لِمَن يَشَآءُ وَيَرۡضَىٰٓ ﴿٢٦﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ
لَيُسَمُّونَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةَ تَسۡمِيَةَ ٱلۡأُنثَىٰ ﴿٢٧﴾ وَمَا لَهُم بِهِۦ مِنۡ عِلۡمٍۖ إِن
يَتَّبِعُونَ إِلَّا ٱلظَّنَّۖ وَإِنَّ ٱلظَّنَّ لَا يُغۡنِي مِنَ ٱلۡحَقِّ شَيۡـٔٗا ﴿٢٨﴾ فَأَعۡرِضۡ
عَن مَّن تَوَلَّىٰ عَن ذِكۡرِنَا وَلَمۡ يُرِدۡ إِلَّا ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا ﴿٢٩﴾ ذَٰلِكَ
مَبۡلَغُهُم مِّنَ ٱلۡعِلۡمِۚ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعۡلَمُ بِمَن ضَلَّ عَن سَبِيلِهِۦ وَهُوَ
أَعۡلَمُ بِمَنِ ٱهۡتَدَىٰ ﴿٣٠﴾ وَلِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِ لِيَجۡزِيَ
ٱلَّذِينَ أَسَٰٓـُٔواْ بِمَا عَمِلُواْ وَيَجۡزِيَ ٱلَّذِينَ أَحۡسَنُواْ بِٱلۡحُسۡنَى ﴿٣١﴾

### تەرجىمىسى

19ـ20ـ(ئى مۇشرىكلار!) ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، (سىلەر چوقۇنۇۋاتقان) لات، ئۇززا ۋە ئاخىرقىسى ـ ئۈچىنچىسى بولغان مانات (قاتارلىق بۇتلار سىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلەمدۇ؟).

21ـئوغۇل سىلەرگە، قىز ئاللاھقا خاسمۇ؟

22ـئۇنداقتا بۇ ئادالەتسىز تەقسىماتتۇر.

23ـبۇ بۇتلار پەقەت سىلەر ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭلار ئاتىۋالغان قۇرۇق ناملاردىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئاللاھ ئۇ نەرسىلەر (نىڭ ئىلاھلىقى) توغرۇلۇق ھېچبىر دەلىل ـ پاكىت چۈشۈرگىنى يوق، ئۇ مۇشرىكلارغا رەببى تەرىپىدىن ھىدايەت كەلگەن تۇرۇقلۇق، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ۋە ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ.

24ـئىنسان ئۆزى ئۈچۈن نېمىنى ئارزۇ قىلسا شۇ بولامدۇ؟

25ـئاخىرەت ۋە دۇنيا ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر.

26ـئاسمانلاردا نۇرغۇن پەرىشتىلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ھېچ

نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، پەقەت ئاللاھ ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان ئادەمگە (شاپا-ئەت قىلىشقا) رۇخسەت قىلغاندىن كېيىنلا (ئۇلارنىڭ شاپائىتى ئەسقاتىدۇ).

27-شەكسىزكى، ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتمايدىغانلار پەرىشتىلەرنى (ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەپ) چىشى جىنس نامى بىلەن ئاتايدۇ.

28-ئۇلار مۇنداق ئاتاشتا ھېچقانداق ئىلىمگە ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت پەرەزگىلا ئاساسلىنىدۇ، پەرەز ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا ھېچنېمىگە يارىمايدۇ.

29-(ئى پەيغەمبەر!) بىزنىڭ ۋەز-نەسىھىتىمىز (قۇرئان)دىن يۈز ئۆرۈگەن، پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىنىلا كۆزلىگەنلەر بىلەن كارىڭ بولمىسۇن.

30-ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى شۇنچىلىك. شەكسىزكى، رەببىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقان ئادەمنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

31-ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ (ئۇلارنى) يامان ئىش قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالاش، (تائەت-ئىبادەتلەرنى) مۆكەممەل قىلغانلارنى (مۇكاپاتلارنىڭ) ئەڭ ياخشىسى (بولغان جەننەت) بىلەن تارتۇقلاش ئۈچۈن (ياراتتى).

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى نازىل قىلغاندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ ۋەھيى نازىل قىلغانلىقىنىڭ راستلىقىنى، نازىل قىلغان ۋەھيىنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك قىسسىلەرنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلارغا كايىپ دەيدۇكى، ئى مۇشرىكلار! سىلەر ئاللاھ تائالانى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارغا قاراپ باقمىدىڭلارمۇ؟ ئۇلار توغرۇلۇق ئويلىنىپ باقمىدىڭلارمۇ؟ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ، سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە ئوخشاش قۇدرىتى بارمۇ؟ ئۇلار بىرەر ئىش قىلالامدۇ؟ بۇ بۇتلار ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك بىراۋغا ۋەھيى قىلالامدۇ؟ ئېنىقكى، سىلەر ئىلاھلىرىمىز دەپ چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلار قولىدىن ھېچ نەرسە كەلمەيدىغان، ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدىغان، ھېچبىر چاقىرىقنى ئاڭلىمايدىغان ۋە ھېچ نەرسىنى كۆرمەيدىغان نەرسىلەردۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، ئەرەبلەرنىڭ بۇتلىرىدىن مەشھۇر ئۈچ بۇتنىلا تىلغا ئالغان. چۈنكى، بۇ ئۈچ بۇت ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئالاھىدە ئۇلۇغلىنىدىغان بۇتلار ئىدى. بۇ بۇتلار مەككە، تائىف قاتارلىق جايلاردا

ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئۈچ بۇتنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئۇ نەرسىلەرنىڭ تولىمۇ ئاددىي نەرسىلەر ئىكەنلىكى ۋە مۇشرىكلار چوڭ بىلىپ ئېتىقاد قىلغىنى بىلەن بۇ نەرسىلەرنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. ئاندىن ئۇلارنىڭ پەرىشتىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ قىزلىرى دەپ كەمستىشلىرىگە رەددىيە بەرگەن. چۈنكى، ئەرەبلەر قىزلارنى ئوغۇللاردىن تۆۋەن كۆرەتتى، ئۆزلىرىنىڭ قىز باللىرى بولۇپ قېلىشىنى ياقتۇرمايتتى، قىزلارنى يامان كۆرەتتى. ئۇلار ئەدەپسىزلىك قىلىپ ئوغۇللارنى ئۆزلىرىگە مەنسۇپ قىلىپ، قىزلارنى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلاتتى ۋە پەرىشتىلەرنى «ئاللاھنىڭ قىزلىرى» دەۋالاتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: ﴿ئۇنداقتا بۇ ئادالەتسىز تەقسىماتتۇر﴾ دېگەن.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇشرىكلارغا كايىشنى داۋاملاشتۇرۇپ بۇ مەندە دەيدۇكى، سىلەر ئىلاھ دەپ چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلار ۋە ھەيكەللەر پەقەت سىلەر ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭلار شۇنداق دەپ ئاتىۋالغان قۇرۇق ناملاردۇر. ئەمەلىيەتتە ئۇلاردا ئىلاھلىققا ئائىت ھېچبىر نەرسە يوق، ھەتتا ئۇلاردا ھاياتمۇ يوق. چۈنكى، ئۇلار ھېچ نەرسىنى كۆرمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان ۋە بىلمەيدىغان ئەشيالاردۇر. ئۇلارنىڭ ھېچكىمگە پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقى ئوچۇق ئوتتۇردا تۇرماقتا. بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىلاھلىقى ياكى شاپائەتچى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئاللاھ تائالا ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرگەن ئەمەس. دېمەك، سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار چوقۇنۇۋاتقان بۇ نەرسىلىرىڭلارنىڭ ئىلاھلىقىغا ھېچبىر دەلىلىڭلار يوقتۇر.

ئۇنداقتا، بۇ مۇشرىكلار نېمىگە ئاساسلىنىپ بۇ بۇتلارغا چوقۇنىدۇ؟ جاۋاب شۇكى، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا تايىنىدۇ، يەنى بۇ مۇشرىكلار بۇتلارنى ئىلاھ دېيىشتە پەرەزگىلا تايىنىدۇ، خالاس. شەكسىزكى، گۇمان ۋە پەرەزگە تايىنىپ ھېچبىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. بۇ مۇشرىكلارغا ئۆزلىرىنى ياراتقان يېگانە رەببى تەرىپىدىن ھىدايەت مەشئىلى بولغان «قۇرئان كەرىم» بىلەن، ھىدايەت يېتەكچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلگەن تۇرۇقلۇق، ئۇلار يەنىلا گۇمانغا، پەرەزگە ۋە ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىدۇ. ئىبادەت قىلىنىشقا ئاللاھ تائالادىن باشقا لايىق بىرىنىڭ يوقلۇقى ۋە بۇتلارنىڭ ھېچكىمگە مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدىغانلىقى توغرۇلۇق ئوچۇق بايانلار ۋە كەسكىن دەلىل-ئىسپاتلار كەلگەن تۇرۇقلۇق، ئۇلار يەنىلا ئۆزىنىڭ كۆڭلى خالىغان ۋە نەپسى خاھىشى تەلەپ قىلغان نەرسىلەرگە چوقۇنۇپ يۈرىدۇ. بۇ

نىمىدىگەن ئەخمەقلىق؟ ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىلاھىنى ئۆزى تەيىنلەمدۇ؟ ياكى ئىنسان نىمىنى ئارزۇ قىلسا شۇ بولامدۇ؟ ياق! ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. ئىنسان نىمىنى ئارزۇ قىلسا ئۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ، بولۇپمۇ مۇشرىكلارنىڭ «بۇتلىرىمىز قىيامەت كۈنى بىزگە شاپائەت قىلىدۇ» دېگەن باتىل ئېتىقادى بويىچە ئارزۇسىغا يېتىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار بۇتلىرى ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىنمۇ؟ چۈنكى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىغا نائىل بولۇش پەقەت ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن يول بىلەنلا بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان، ھېچبىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدىغان گۇمانغا ۋە ھەمىشە ئۆزىنى يامان ئىشلارغا بۇيرۇپ تۇرىدىغان نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىدىغانلىقىنى سۆككەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ شۇ گۇمان ۋە شۇ نەپسى خاھىشى بىلەن ئارزۇ قىلغان نەرسىسىگە ھەرگىز يېتەلمەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئارزۇ قىلغان نەرسىسى بۇتلىرىنىڭ ئاخىرەتتە ئۆزلىرىگە شاپائەت قىلىشى بولۇپ، بۇنىڭ قەتئىي مۇمكىن ئەمەسلىكى تەكىتلەنگەن. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىنى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئىزاھلىغان ھالدا دەيدۇكى، ئاخىرەت ۋە بۇ دۇنيادىن ئىبارەت ئىككىلا ئالەم ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغانچە ئىش كۆرىدۇ، نىمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ خالىغىنى بولىدۇ، ئۇنىڭ خالىمىغىنى بولمايدۇ. مۇشرىكلارنىڭ شاپائەتچىلىرىمىز دەپ گۇمان قىلغان بۇتلىرى ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نۇرغۇنلىغان پەرىشتىلەرمۇ ئاللاھ تائالانىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىمگە شاپائەت قىلالمايدۇ، ئۇلار پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان ئادەمگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن شاپائەت قىلالايدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالا شاپائەت قىلىش ھوقۇقىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن پەرىشتىلىرىگىلا بېرىدىغان تۇرسا، مۇشرىكلارنىڭ بۇتلىرى قانداقمۇ شاپائەت قىلالىسۇن؟!

ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت ھاياتىغا ئىشەنمەيدىغان ئاشۇ كاپىرلار پەرىشتىلەرنى «ئاللاھنىڭ قىزلىرى» دەپ چىشى جىنس نامى بىلەن ئاتايدۇ. ئۇلار نىمىگە ئاساسلىنىپ شۇنداق دەيدۇ؟ ئۇلارنىڭ شۇنداق دېيىشكە بىرەر دەلىل-ئىسپاتى بارمۇ؟ ياكى قولىدا بۇنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر ساماۋى كىتاب بارمۇ؟ جاۋاب: ھېچقايسىسى يوق! ئۇلار پەقەت

گۇمان ۋە پەرەز بىلەنلا شۇنداق دەيدۇ ۋە شۇنداق بولۇشىنى خام خىيال قىلىشىدۇ، خالاس. مەلۇمكى، گۇمان ۋە پەرەز قىلىش بىلەن بىرەر ھەقىقەتنى ئىسپاتلىغىلى بولمىغاندەك، ئۇنىڭغا تايىنىپ ئىش كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى پەيغەمبەر! بىزنىڭ ۋەز- نەسىھەتىمىز بولغان «قۇرئان كەرىم»دىن يۈز ئۆرۈگەنلەر بىلەن سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن، ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن. بىزنىڭ سۆزىمىزگە قۇلاق سالمىغانلارنى تەرك ئەتكىن، ئۇلارنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگىن. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى پەقەت مۇشۇ دۇنياغىلا قاراتقان، ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئىشلار ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەيدىغان، ئاقىۋەت توغرۇلۇق ئويلىنىپ كۆرمەيدىغان، پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىنىلا كۆزلەيدىغان، بۇنىڭدىن باشقىسىنى بىلمەيدىغان ئادەملەردۇر. ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى شۇنچىلىك بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇ تەرەپكە ئۆتەلمەيدۇ. شۇڭا سەن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن، ئۇلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغان ئادەمنى ئوبدان بىلگەندەك، ھىدايەت تاپقان ئادەمنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. ئاخىرەتتە شۇنىڭغا قاراپ ھەر كىمگە ئۆزىنىڭ مۇكاپات ۋە جازادىن بولغان تېگىشلىكىنى تولۇق بېرىدۇ.

﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ (ئۇلارنى) يامان ئىش قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالاش، (تائەت-ئىبادەتلەرنى) مۇكەممەل قىلغانلارنى (مۇكاپاتلارنىڭ) ئەڭ ياخشىسى (بولغان جەننەت) بىلەن تارتۇقلاش ئۈچۈن (ياراتتى)﴾ يەنى ئاللاھ تائالا پۈتۈن كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى، يېگانە ئىگىسى، ئىدارە قىلغۇچىسى ۋە تەقدىر قىلغۇچىسى بولۇپ، بۇ ھاياتلىقنى دۇنيادا كۇفرى-زالالەت يولىنى تاللاپ ھاياتىنى شۇ يولدا تۈگەتكەنلەرنى جازالاش، ئىمان ئېيتىپ شۇ ئىمانغا ئۇيغۇن ھايات كەچۈرگەن ۋە تائەت-ئىبادەتنى مۇكەممەل قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن ياراتتى.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانى قويۇپ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنغۇچىلارنىڭ ئىلاھلىرى ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىققان قۇرۇق ناملار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىتى يوقتۇر.

2. ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنغۇچىلار ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى ھەۋەسلىرىگە چوقۇنىدۇ.

3. ئىنسان ئارمانلىرىغا قۇرۇق ئارزۇ بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ئەمگىكى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن يېتىدۇ.

4. شاپائەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئىككى شەرت بار بولۇپ، بىرىنچىسى، شاپائەت قىلغۇچىغا ئاللاھ تائالانىڭ شاپائەت رۇخستى بەرگەن بولۇشى، ئىككىنچىسى، شاپائەت قىلىنغۇچىدىن ئاللاھ تائالانىڭ رازى بولغان بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر.

5. ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلاردىن ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ.

6. بىلىمسىزلىك بىلەن نادانلىق بارلىق بەختسىزلىكلەرنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

### ◄ گۇناھلاردىن ساقلىنىشنىڭ پەزىلىتى

﴿ٱلَّذِينَ يَجۡتَنِبُونَ كَبَٰٓئِرَ ٱلۡإِثۡمِ وَٱلۡفَوَٰحِشَ إِلَّا ٱللَّمَمَۚ إِنَّ رَبَّكَ وَٰسِعُ ٱلۡمَغۡفِرَةِۚ هُوَ أَعۡلَمُ بِكُمۡ إِذۡ أَنشَأَكُم مِّنَ ٱلۡأَرۡضِ وَإِذۡ أَنتُمۡ أَجِنَّةٞ فِي بُطُونِ أُمَّهَٰتِكُمۡۖ فَلَا تُزَكُّوٓاْ أَنفُسَكُمۡۖ هُوَ أَعۡلَمُ بِمَنِ ٱتَّقَىٰٓ ٣٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

32ـ ئۇلار كىچىك گۇناھلاردىن خالىي بولالمىسىمۇ، چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن يىراق تۇرىدىغان كىشىلەردۇر، شەكسىزكى، رەببىڭ مەغپىرىتى كەڭ زاتتۇر. ئۇ سىلەرنى زېمىندىن ياراتقان چاغدىكى ۋاقىتلاردىمۇ، سىلەر ئانىلىرىڭلارنىڭ قورساقلىرىدىكى تۆرەلمە ھالىتىدىكى ۋاقىتلاردىمۇ سىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۆزۈڭلارنى ئاقلىماڭلار. ئاللاھ تەقۋادار بولغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ ئېسىل مۇكاپاتىغا ئېرىشىدىغانلار كىچىك گۇناھلاردىن خالىي بولالمىسىمۇ، چوڭ گۇناھلاردىن، ئەقىل ھەم دىن قوبۇل قىلمايدىغان ئەخلاقسىزلىقلاردىن ۋە بارلىق قەبىھ ئىشلاردىن ساقلانغۇچىلاردۇر.

ئۆلىمالار «چوڭ گۇناھلار»نىڭ نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان. ھەدىسلەردە، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، زىنا قىلىش، جازانىخورلۇق قىلىش، ئاتا-ئانىنى

قاقشىتىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، تۆھمەت قىلىش، جىھاد مەيدا-نىدىن قېچىش قاتارلىق «چوڭ گۇناھلار» ھالاك قىلغۇچى گۇناھلار دەپ سۈپەتلەنگەن.

ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزىي گۇناھلارنى مۇنداق تەرىپلىگەن: «كىچىك گۇناھلار- سادىر قىلغۇچىسىغا بۇ دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە بېرىشغا كېلىدىغان بىرەر ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلمىغان گۇناھلاردۇر. چوڭ گۇناھلار- سادىر قىلغۇچىسى دوزاخقا كىرىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلغان ياكى لەنەت قىلىنغان ۋەياكى غەزەپ قىلىنغان گۇناھكىلاردۇر. شۇنىڭدەك، ماۋۇ گۇناھنى قىلغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ ياكى جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇرىيالمايدۇ ۋەياكى ماۋۇ گۇناھنى قىلغان ئادەم بىزدىن ئەمەس، ئۇنى قىلغۇچى گۇناھكاردۇر، دەپ ئاگاھلاندۇرۇلغان گۇناھلارمۇ چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ»[1].

يەنە بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دېگەن: «قاتتىق ئازاب بىلەن ياكى دوزاخ بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلغان ياكى غەزەپ قىلىنغان ۋەياكى لەنەت قىلىنغان ھەرقانداق گۇناھ چوڭ گۇناھتۇر. چوڭ گۇناھقا يەتمىگەن ياكى ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلمىغان ياكى لەنەت قىلىنمىغان ھەرقانداق گۇناھ كىچىك گۇناھتۇر»[2]. ئەمما گەرچە گۇناھ كىچىك گۇناھلاردىن بولسىمۇ، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئادەتتە ساناش ئارقىلىق بۇ كىچىك گۇناھلار ئەلۋەتتە چوڭ گۇناھلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا «داۋاملاشتۇرۇش بىلەن كىچىك گۇناھ كىچىك پېتى تۇرمايدۇ (يەنى چوڭ گۇناھلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ)، تەۋبە قىلىش بىلەن چوڭ گۇناھ قالمايدۇ» دېيىلگەن.

كىچىك گۇناھلاردىنمۇ ئەلۋەتتە ساقلىنىش كېرەك. گۇناھ مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، سادىر قىلىنغان قانداقلا بىر گۇناھقا پۇشايمان قىلىش ۋە ئۇنى قايتا قىلماسلىق ئادەمنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ۋە مەغپىرىتىگە سازاۋەر قىلىدۇ. بىزنى ياراتقان زات بىزنى ۋە بىزنىڭ بارلىق ئەھۋالىمىزنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇ زات بىزنى دۇنيانىڭ لەززىتى ۋە ئۇنىڭ ئازدۇرغۇچى كۆچلىرى ئالدىدا چىدامسىز ۋە ئاجىز ياراتتى، ئاللاھ تائالا بىزنىڭ ئەسلىمىزنى زېمىندىن، يەنى تۇپراقتىن ياراتقان بولۇپ، ئۇ بىزنى تۇپراقتىن ياراتقان چاغدىكى ۋاقتىمىزدىمۇ، ئانىمىزنىڭ قارنىدىكى ۋاقتىمىزدىمۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئاتىمىزنىڭ پۇشتىدىكى ۋاقتىمىزدىمۇ بىزنى ئوبدان بىلەتتى.

---

[1] «مجموع الفتاوى» 11- توم، 650- 652-بەتلەر.

[2] «مركز الفتوى. اسلام ويب» 2009م/6/9.

ئى ئىنسانلار! ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ھەرگىز ئۆزۈڭلارنى ئاقلىماڭلار، ئۆزۈڭلارنى گۇناھلاردىن پاك دەپ ئويلىماڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئۆزۈڭلاردىنمۇ ئوبدان بىلىدۇ، ئۇ تەقۋادار بولغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنى ياخشى ۋە تەقۋادار كىشىلەر قاتارىدىن ساناپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئاللاھ تائالاغا ئىخلاسسىزلىق ۋە رىياكارلىق دېگەندەك بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. چۈنكى، كىشىلەر ئۆزلىرىنى قانچىلىك ئاقلىسىمۇ، كىمنىڭ ھەقىقىي تەقۋادار مۇئمىن ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالا ئوبدان بىلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىسىنى ھىدايەتكە يېتەكلەيدۇ، خالىغان بەندىسىنى ئازغۇنلۇقتا قالدۇرىدۇ. چۈنكى، ھىدايەت تاپىدىغان ئادەمنى ئاللاھ تائالا ئوبدان بىلىدۇ.

2. كىچىك گۇناھلار ئىبادەتلەرنىڭ سايىسىدا يۇيۇلۇپ كېتىدۇ.

3. كىشىنىڭ ئۆزىنى ماختىشى توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك باشقىلارنىڭ ئۇنى ئۆزىدە بولمىغان خىسلەتلەر بىلەن ماختىشىغا يول قويۇشىمۇ توغرا ئەمەس.

### ◄ ئىسلامنىڭ ھەقىقەتلىرى

﴿أَفَرَءَيْتَ ٱلَّذِى تَوَلَّىٰ ﴿٣٣﴾ وَأَعْطَىٰ قَلِيلًا وَأَكْدَىٰٓ ﴿٣٤﴾ أَعِندَهُۥ عِلْمُ
ٱلْغَيْبِ فَهُوَ يَرَىٰٓ ﴿٣٥﴾ أَمْ لَمْ يُنَبَّأْ بِمَا فِى صُحُفِ مُوسَىٰ ﴿٣٦﴾ وَإِبْرَٰهِيمَ
ٱلَّذِى وَفَّىٰٓ ﴿٣٧﴾ أَلَّا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَىٰ ﴿٣٨﴾ وَأَن لَّيْسَ لِلْإِنسَٰنِ إِلَّا
مَا سَعَىٰ ﴿٣٩﴾ وَأَنَّ سَعْيَهُۥ سَوْفَ يُرَىٰ ﴿٤٠﴾ ثُمَّ يُجْزَىٰهُ ٱلْجَزَآءَ ٱلْأَوْفَىٰ
﴿٤١﴾ وَأَنَّ إِلَىٰ رَبِّكَ ٱلْمُنتَهَىٰ ﴿٤٢﴾ وَأَنَّهُۥ هُوَ أَضْحَكَ وَأَبْكَىٰ ﴿٤٣﴾
وَأَنَّهُۥ هُوَ أَمَاتَ وَأَحْيَا ﴿٤٤﴾ وَأَنَّهُۥ خَلَقَ ٱلزَّوْجَيْنِ ٱلذَّكَرَ وَٱلْأُنثَىٰ
﴿٤٥﴾ مِن نُّطْفَةٍ إِذَا تُمْنَىٰ ﴿٤٦﴾ وَأَنَّ عَلَيْهِ ٱلنَّشْأَةَ ٱلْأُخْرَىٰ ﴿٤٧﴾ وَأَنَّهُۥ
هُوَ أَغْنَىٰ وَأَقْنَىٰ ﴿٤٨﴾ وَأَنَّهُۥ هُوَ رَبُّ ٱلشِّعْرَىٰ ﴿٤٩﴾ وَأَنَّهُۥٓ أَهْلَكَ عَادًا
ٱلْأُولَىٰ ﴿٥٠﴾ وَثَمُودَا۟ فَمَآ أَبْقَىٰ ﴿٥١﴾ وَقَوْمَ نُوحٍ مِّن قَبْلُ ۖ إِنَّهُمْ كَانُوا۟

هُمْ أَظْلَمَ وَأَطْغَىٰ ﴿٥٢﴾ وَٱلْمُؤْتَفِكَةَ أَهْوَىٰ ﴿٥٣﴾ فَغَشَّىٰهَا مَا غَشَّىٰ ﴿٥٤﴾
فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكَ تَتَمَارَىٰ ﴿٥٥﴾ هَٰذَا نَذِيرٌ مِّنَ ٱلنُّذُرِ ٱلْأُولَىٰٓ ﴿٥٦﴾
أَزِفَتِ ٱلْـَٔازِفَةُ ﴿٥٧﴾ لَيْسَ لَهَا مِن دُونِ ٱللَّهِ كَاشِفَةٌ ﴿٥٨﴾ أَفَمِنْ هَٰذَا
ٱلْحَدِيثِ تَعْجَبُونَ ﴿٥٩﴾ وَتَضْحَكُونَ وَلَا تَبْكُونَ ﴿٦٠﴾ وَأَنتُمْ سَٰمِدُونَ
﴿٦١﴾ فَٱسْجُدُوا۟ لِلَّهِ وَٱعْبُدُوا۟ ۩ ﴿٦٢﴾

### تەرجىمىسى

33-34-(ئى پەيغەمبەر! ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتقان ۋە (بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلغان نەرسىدىن) ئازغىنە بىر نەرسە بېرىپ، قالغىنىنى بەرمىگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟

35-ئۇنىڭدا غەيب ئىلمى بولۇپ، ئۇ (غەيبنى) كۆرۈپ تۇرامدۇ؟

36-37- ئۇ مۇسانىڭ سەھىپىلىرىدىكى ۋە (مەسئۇلىيىتىنى) تولۇق ئادا قىلغان ئىبراھىمنىڭ سەھىپىلىرىدىكى (تۆۋەندىكى سۆز) لەردىن خەۋەردار بولمىدىمۇ:

38-«بىر گۇناھكار ئادەم باشقىسىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

39-ئىنسان پەقەت ئۆزى قىلغان ئىشنىڭلا نەتىجىسىنى كۆرىدۇ.

40-شەكسىزكى، ئۇنىڭ قىلغان ئىشى كەلگۈسىدە (قىيامەت كۈنىدە) كۆرۈلىدۇ.

41-ئاندىن ئۇنىڭغا تولۇق مۇكاپات ياكى تېگىشلىك جازا بېرىلىدۇ.

42-ئاخىر بارىدىغان جاي رەببىڭنىڭ دەرگاھىدۇر».

43-ھەقىقەتەن كۈلدۈرگەنمۇ، يىغلاتقانمۇ ئاللاھتۇر.

44-ئەلۋەتتە، ئۆلتۈرىدىغانمۇ، تىرىلدۈرىدىغانمۇ ئاللاھتۇر.

45-46- ئاللاھ بىر جۈپنى - ئەركەك بىلەن چىشىنى (بالىياتقۇغا) تۆكۈلگەن مەنىيدىن ياراتتى.

47-ئىككىنچى قېتىم يارىتىشنىمۇ ئاللاھ ئۈستىگە ئالدى.

48-ئاللاھ (خالىغان بەندىسىنى) باي قىلىدۇ ۋە مەمنۇن قىلىدۇ.

49-شەكسىزكى، ئاللاھ شىئرا يۇلتۇزىنىڭمۇ [1] رەببىدۇر.

50-51-ئاللاھ قەدىمكى ئاد قەۋمىنىمۇ، سەمۇد قەۋمىنىمۇ ھالاك قىلدى، (ئۇلاردىن بىرىنىمۇ) قويمىدى.

52-ئىلگىرى نۇھنىڭ قەۋمىنىمۇ (ھالاك قىلغان ئىدى). شەكسىزكى، ئۇلار تېخىمۇ زالىم، تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقۇچى ئىدى.

53-54- ئاللاھ لۇت قەۋمىنىڭ شەھەرلىرىنى دۈم كۆمتۈرۈۋەتتى، ئۇ شەھەرنى (دەھشەتلىك ئازاب) قاپلىۋالدى.

55-(ئى ئىنسان!) رەببىڭنىڭ قايسىبىر نېمىتىدىن گۇمانلىنىسەن؟

56-بۇ (مۇھەممەد) ئىلگىرىكى ئاگاھلاندۇرغۇچىلار قاتارىدىكى بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر.

57-قىيامەت يېقىنلاشتى.

58-ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ.

59-(ئى مۇشرىكلار!) بۇ سۆز (قۇرئان)دىن ئەجەبلىنىۋاتامسىلەر؟

60-(ئۇنى ئاڭلىغان چاغدا) يىغلاشنىڭ ئورنىغا كۈلۈۋاتامسىلەر؟

61- غاپىللارچە يۈرۈۋاتامسىلەر؟

62-(ۋاي سىلەرگە! كېلىڭلار) ئاللاھقا سەجدە قىلىڭلار ۋە (ئۇنىڭغا) ئىبادەت قىلىڭلار.

### نازىل بولۇش سەۋەبى

مۇجاھىد، زەيد ۋە مۇقاتىل قاتارلىقلار مۇنداق دېگەن: «ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان مۇشرىكلار ئۇنى: ‹سەن ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ دىنىنى تاشلىدىڭمۇ؟ ئۇلارنى دوزاخقا كىرىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟› دەپ ئەيىبلەشكە باشلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ۋەلىد ئۇلارغا: ‹مەن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورققانلىقىمدىن مۇسۇلمان بولدۇم› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن بەزى مۇشرىكلار ئۇنى ئەيىبلەپ ئۇنىڭغا: ‹ئەگەر سەن ئىسلامدىن يېنىپ ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ دىنىغا قايتساڭ ۋە پۇل-مېلىڭدىن ئازراق بىر نەرسە بەرسەڭ، مەن سېنىڭ جەننەتكە

[1] شىئرا يۇلتۇزى-ئەرەبلەرنىڭ خۇزائە قەبىلىسى چوقۇنغان يۇلتۇزدۇر.

كىرىشكەندە كېيىن نەقىل بەرلىك ھالدا قىلىنغان، دېيىلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋەلىد بۇ شەرتنى قوبۇل قىلىپ ئىسلامدىن يېنىۋالدى، ۋەدە قىلغان مال-دۇنيادىن ئازراق بېرىپ، ئاندىن بېخىللىق قىلىپ قالغىنىنى بەرمەيدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ﴿(ئى پەيغەمبەر! ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتقان ۋە (بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلغان نەرسىدىن) ئازغىنە بىر نەرسە بېرىپ، قالغىنىنى بەرمىگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى»[1].

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ھەق دىندىن يۈز ئۆرۈپ ئىماندىن يېنىۋالغان ۋە ئۆزى ۋەدە قىلغان پۇل-مالدىن ئازراق بېرىپ قويۇپ، ئاندىن بېخىللىق قىلىپ قالغىنىنى بەرمەي تۇرۇۋالغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئەجەبا، ئۇ غەيبنى بىلىدىغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ جەننەتكە كىرىشكەندە كېيىن بولىدىغانلىقى ئادەمنى راستىنلا شۇنداق قىلالايدۇ، دەپ ئويلامدۇ؟ ياكى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى تەستىقلايدىغان بىرەر ساماۋى كىتاب نازىل بولغانمۇ؟ ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان «تەۋرات»تىكى ۋە ئەھدىسىگە ۋاپادارلىقى بىلەن تونۇلغان ۋاپادار پەيغەمبەر - ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىپىلىرىدىكى ھەقىقەتلەرنى بىلمەمدۇ؟ بۇ ھەقىقەتلەر ئۇنىڭغا يەتمىدىمۇ؟ پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ساغلام ئەقىدىسى ۋە رەببىگە بولغان ۋاپادارلىقى بىلەن نۇرغۇنلىغان قىيىن سىناقلاردىن سالامەت ئۆتۈپ، «خەلىلۇللاھ» (ئاللاھنىڭ دوستى) دېگەن ئېسىل ئۇنۋانغا ئېرىشكەن، ئىرادىلىك پەيغەمبەر ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىپە- لىرىدىكى ﴿بىر گۇناھكار ئادەم باشقىسىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. ئىنسان پەقەت ئۆزى قىلغان ئىشنىڭلا نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. شەكسىزكى، ئۇنىڭ قىلغان ئىشى كەلگۈسىدە (قىيامەت كۈنىدە) كۆرۈلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا تولۇق مۇكاپات ياكى تېگىشلىك جازا بېرىلىدۇ. ئاخىر بارىدىغان جاي رەببىڭنىڭ دەرگاھىدۇر﴾ دېگەن ئىلاھىي پرىنسىپتىن ئۇنىڭ خەۋىرى يوقمۇ؟ بۇ پرىنسىپنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىمۇ شۇنداق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ تا قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟

ئىنسانلارنى كۈلدۈرىدىغانمۇ، يىغلىتىدىغانمۇ ئاللاھ تائالادۇر. چۈنكى،

---

[1] «أسباب النزول للواحدي» 207- بەت.

ئاللاھ تائالا كۈلدۈرەلەيدۇ ۋە يىغلىتالايدۇ. ئاللاھ تائالا قانداق كۈلدۈرىدۇ؟ ئاللاھ تائالا كۈلدۈرۈشنى، خۇشال قىلىشنى خالىغان بەندىسىگە خۇشاللىقنىڭ سەۋەبلىرىنى ۋە ئامىللىرىنى يارىتىپ بېرىدۇ، غەمكىن قىلىشنى ۋە يىغلىتىشنى خالىغان بەندىسىگە بولسا غەمكىنلىكنىڭ ۋە يىغلاشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئەۋەتىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بەزى بەندىلىرىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتلىك يولغا يېتەكلەش ئارقىلىق ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغانلىقى، يەنە بەزى بەندىلىرىنى ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشى ۋە ئۆزىنىڭ تاللىشى سەۋەبلىك، ھىدايەتتىن ئىبارەت بۇ نېمەتتىن مەھرۇم قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى غەمكىنلىككە مۇپتىلا قىلىدىغانلىقى، ئىنسان ۋە ھايۋاندىن ئەركەك-چىشى قىلىپ بىر جۈپنى ياراتقانلىقى، ئۆزىنىڭ تىرىلدۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرگۈچى، باي قىلغۇچى ۋە پېقىر قىلغۇچى ئىكەنلىكى، بەزى مۇشرىكلار ئىلاھ دەپ چوقۇنۇۋاتقان شىئرا يۇلتۇزىنىڭ ۋە باشقا بارلىق يۇلتۇزلارنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكى، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنى، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋملىرىنى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى، پەيغەمبەرلەرگە قارشى تۇرغانلىقى سەۋەبلىك ھالاك قىلىۋەتكەنلىكى شەكسىز ھەقىقەتتۇر.

ئى ئىنسانلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ قايسىبىر نېمىتىگە شەك قىلىسىلەر؟ ئۇنتۇماڭلاركى، سىلەرگە ۋە پۈتۈن ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن بۇ پەيغەمبەر – مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاشلا پەيغەمبەردۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىلەر قانداقمۇ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمايسىلەر؟

قىيامەتنىڭ ۋاقتى يېقىنلاشتى، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ئوتتۇرىغا چىقارغۇچى يوقتۇر، چۈنكى ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنى ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئەللامە بەغەۋىي ﴿لَيۡسَ لَهَا مِن دُونِ ٱللَّهِ كَاشِفَةٌ﴾ دېگەن ئايەت توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتنى تۆۋەندىكى ئايەتلەر ئارقىلىق چۈشىنىشكە بولىدۇ:

بىرىنچىسى، قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ﴿إِنَّ ٱللَّهَ عِندَهُۥ عِلۡمُ ٱلسَّاعَةِ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، قىيامەتنىڭ ۋاقتى توغرىسىدىكى بىلىم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر﴾[1].

[1] لۇقمان سۈرىسى:34- ئايەت.

ئىككىنچىسى، قىيامەتنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ئوتتۇرىغا چىقارغۇچى يوقتۇر. ﴿لَا يُجَلِّيهَا لِوَقْتِهَآ إِلَّا هُوَ﴾ يەنى ﴿ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقتىدا مەيدانغا چىقىرىدۇ﴾[1]»[2].

ئى مۇشرىكلار! سىلەر تېخىچە «قۇرئان كەرىم»دىن ئەجەبلىنىۋاتامسىلەر؟ ئۇنىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، سىلەر ئۇنىڭ تەسىرىدىن يىغلاشنىڭ ئورنىغا، غاپىللارچە كۈلۈۋاتامسىلەر؟ سىلەر بۇ ئۇلۇغ كىتابنى مەسخىرە قىلىۋاتامسىلەر؟ ئاخىرەتتە بېشىڭلارغا كېلىدىغان قاتتىق ئازابتىن قورقۇپ يىغلىمامسىلەر؟ ئەپسۇسكى، سىلەر راستىنلا غەپلەت ئىچىدە يۈرۈۋاتىسىلەر.

«قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغاندا ياكى ئاڭلىغاندا كۆز يېشى قىلىش ياخشى ئەمەللەردىن سانىلىدۇ. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ﴿(ئۇنى ئاڭلىغان چاغدا) يىغلاشنىڭ ئورنىغا كۈلۈۋاتامسىلەر؟ غاپىللارچە يۈرۈۋاتامسىلەر؟﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە ئولتۇرۇپ ئىبادەت بىلەن بەند بولىدىغان «سۇففە ئەھلى» قاتتىق يىغلاپ كەتكەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ تۆككەن ياشلىرى ساقاللىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ قېلىپ ئۇلار بىلەن بىرگە يىغلىغان. شۇنىڭ بىلەن مەسجىد ئىچىدە يىغا-زار تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «لَا يَلِجُ النَّارَ رَجُلٌ بَكَى مِنْ خَشْيَةِ اللهِ» يەنى «ئاللاھتىن قورقۇپ ياش تۆككەن ئادەم دوزاخقا كىرمەيدۇ»[3] دېگەن.

ئى ئىنسانلار! ۋاي ئىست سىلەرگە، كېلىڭلار! ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىپ ناماز ئوقۇڭلار ۋە ئۇنىڭغا لايىقىدا ئىبادەت قىلىڭلار!

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھېچكىمگە قىلچىلىكمۇ ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

---

[1] ئەئراف سۈرىسى: 187- ئايەت.

[2] «تفسير الكبير للرازي».

[3] «سنن الترمذي» 4-توم، 171-بەت، 1633-ھەدىس.

2. كائىناتتىكى بارچە ئالەملەر ۋە جىمى مەۋجۇداتلار ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا.

3. ئىنسانلار قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى بىلسىمۇ، ئۇنىڭ ۋاقتىنى بىلمەيدۇ. قىيامەت تۇيۇقسىز كېلىدۇ.

4. بىغەملىكتىن كۆپ كۈلۈش مەنئى قىلىنىدۇ، ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ يىغلاش ساۋابلىق ئەمەلدىن سانىلىدۇ.

5. سەجدە ئايەتلىرىنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان كىشى ئۈچۈن سەجدە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.

# قەمەر سۈرىسى

قەمەر سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 55 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىدە كۆپلىگەن خۇش خەۋەر ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلار، ئۆتمۈشلەردىكى ئۈممەتلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە ئاقىۋىتى بايان قىلىنغان. ئاخىرىدا كاپىرلارغا تەييارلانغان ئازاب-ئوقۇبەتلەر ۋە تەقۋادارلارغا تەييارلانغان مۇكاپاتلار بايان قىلىنغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: بۇرۇنقى ئىنكارچىلارنىڭ ھالا-كىتىنى بايان قىلىش ئارقىلىق كاپىرلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىدە ئاينىڭ يېرىلغانلىق مۆجىزىسى بايان قىلىنغان بولۇپ، سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿ٱلْقَمَرُ﴾ «ئاي» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

## ◄ كاپىرلارنىڭ ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىگە قارشى مەۋقەسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿ٱقۡتَرَبَتِ ٱلسَّاعَةُ وَٱنشَقَّ ٱلۡقَمَرُ ١ وَإِن يَرَوۡاْ ءَايَةٗ يُعۡرِضُواْ وَيَقُولُواْ
سِحۡرٞ مُّسۡتَمِرّٞ ٢ وَكَذَّبُواْ وَٱتَّبَعُوٓاْ أَهۡوَآءَهُمۡۚ وَكُلُّ أَمۡرٖ مُّسۡتَقِرّٞ ٣
وَلَقَدۡ جَآءَهُم مِّنَ ٱلۡأَنۢبَآءِ مَا فِيهِ مُزۡدَجَرٌ ٤ حِكۡمَةُۢ بَٰلِغَةٞۖ فَمَا
تُغۡنِ ٱلنُّذُرُ ٥ فَتَوَلَّ عَنۡهُمۡۘ يَوۡمَ يَدۡعُ ٱلدَّاعِ إِلَىٰ شَيۡءٖ نُّكُرٍ ٦
خُشَّعًا أَبۡصَٰرُهُمۡ يَخۡرُجُونَ مِنَ ٱلۡأَجۡدَاثِ كَأَنَّهُمۡ جَرَادٞ مُّنتَشِرٞ ٧
مُّهۡطِعِينَ إِلَى ٱلدَّاعِۖ يَقُولُ ٱلۡكَٰفِرُونَ هَٰذَا يَوۡمٌ عَسِرٞ ٨﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى.

2ـ مۇشرىكلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) بىرەر دەلىل-پاكىتنى كۆرسىلا، (ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىپ: «(بۇ) داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سېھىردۇر» دېيىشىدۇ.

3ـ ئۇلار (پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدى، ئۆز خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، (ياخشى- يامان) ھەربىر ئىش ئۆز ئورنىغا ئورۇنلاشقۇچىدۇر.

4ـ ھەقىقەتەن ئۇلارغا (ئۆزلىرىنى كۇفرىلىقتىن) مەنئى قىلىشقا يېتەرلىك خەۋەرلەر كەلدى.

5ـ(بۇ قۇرئان) ۋايىغا يەتكەن ھېكمەتتۇر. (ئەمما ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەن قەۋمگە) ئاگاھلاندۇرۇشلار ئۇنۇم بەرمەيدۇ.

6ـ(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، (قىيامەت) كۈنىدە چاقىر- غۇچى (ئىسرافىل ئۇلارنى ھېساب مەيدانىغا توپلىنىشتىن ئىبارەت) دەھشەتلىك ئىشقا چاقىرىدۇ.

7ـ ئۇلار قورقىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، خۇددى تارقىلىپ كەتكەن چېكەتكىدەك، قەبرىلىرىدىن چىقىپ كېلىدۇ.

8ـ ئۇلار چاقىرغۇچىنىڭ ئالدىغا بويۇنلىرىنى سوزغان ھالدا يۈگۈرىدۇ، كا- پىرلار: «بۇ قىيىن بىر كۈنغۇ» دېيىشىپ كېتىدۇ.

## نازىل بولۇش سەۋەبى

قەتادە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىردىن كېيىن قۇياش پېتىشقا ئاز قالغان بىر ۋاقىتتا ۋەز سۆزلەپ: «بۇ دۇنيانىڭ ئاخىرلىشىشىغا پەقەت مۇشۇ كۈننىڭ ئاخىرلىشىشىغا قالغانچىلىك ۋاقىت قالدى»[1] دېگەن. ئىمام بۇخارىي ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئۆمەر ۋە ئەنەس قاتارلىق ساھابىلەردىن رىۋايەت قىلىدۇكى، «مەككىلىك كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن

[1] «تاريخ الطبري» 1ـ توم، 11ـ بەت.

مۆجىزە تەلەپ قىلغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئاينى يېرىپ كۆرسەتكەن»[1]. بۇنى كۆرگەن مەككىلىكلەر ھەيران قالغانلىقتىن «مۇھەممەد بىزگە سېھىر قىلدى» دېيىشكەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ﴿قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان[2].

### ◄ تەپسىرى

قىيامەت چوقۇم قايىم بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ بولىدىغانلىقى ئالدىن پۈتۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، بۇنىڭدا قىلچە شەك يوق. بولىدىغانلىقى پۈتۈلۈپ كەتكەن ئىش بولماي قالمايدۇ. قىيامەتنىڭ ۋاقتى يېقىندۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى نۇرغۇن زامانلار ئۆتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى بىگىز بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى جۈپلەپ تۇرۇپ، «مەن بىلەن قىيامەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىت مانا مۇشۇنچىلىكتۇر»[3] دەپ كۆرسەتكەن. يەنى بىگىز بارماق بىلەن ئوتتۇرا بارماقنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك يېقىن بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن ۋاقىت بىلەن قىيامەت قايىم بولىدىغان ۋاقىتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق شۇنچىلىك يېقىندۇر. تەبىئىيكى، بۇ يېقىنلىق دۇنيا يارىتىلغاندىن باشلاپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلگەن ۋاقىتقا قەدەر ئۆتكەن مىليونلارچە يىللارغا نىسبەتەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر قالغان ۋاقىتنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

﴿قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى﴾ يەنى ئاينىڭ يېرىلىپ ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكى قىيامەت ۋاقتىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىغا ۋە بۇ ئىشنىڭ ئەقلىغمۇ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىگە ئوپئوچۇق دەلىلدۇر. چۈنكى، ئاينىڭ يېرىلىپ ئىككىگە بۆلۈنۈشىگە ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە مۇمكىن ئەمەس دەپ سانالغان ئىشنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى، كاپىرلار مۇمكىن ئەمەس دەپ سانىغان قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئوچۇق دەلىلدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاينىڭ يېرىلىپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كۆرۈنگەنلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىدىن سانىلىدۇ. مۆجىزە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ﴿مۇشرىكلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) بىرەر

---

[1] «صحيح البخاري» 6ـ توم، 142ـ بەت، 4867ـ ھەدىس.

[2] «أسباب النزول للواحدي» 207ـ بەت.

[3] «صحيح مسلم» 4ـ توم، 2268ـ بەت، 2590ـ ھەدىس.

دەلىل-پاكىتنى كۆرسىلا، (ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتىپ: «(بۇ) داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سېھىردۇر» دېيىش﴾ دېگەن ئايەت مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ ئاينىڭ يېرىلغانلىقىنى كۆرگەنلىكىگە ۋە ئۇنى ئەقلى قوبۇل قىلالمىغانلىقتىن، ئۇنى بىر كۆرۈنۈپ هامان يوقىلىپ كېتىدىغان ۋە داۋام قىلمايدىغان سېھىر دەپ تونۇۋالغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

ئەللامە ئابدۇرراھمان ناسىر ئەل سەئدىي ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشىغا ئاز قالغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، كاپىرلار قىيامەتنى ئىنكار قىلىپ تۇرماقتا، شۇڭا ئۇلاردا قىيامەت كۈنى ئۈچۈن تەييارلىقمۇ يوق. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ناھايىتى چوڭ ئالامەتلەرنى ۋە بۈيۈك مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راستلىقىغا ئەڭ چوڭ دەلىل ۋە ئەڭ چوڭ مۆجىزە ئاينىڭ يېرىلغانلىقى ئىدى. چۈنكى، شۇ ۋاقىتتا مەككىلىك مۇشرىكلار ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالىغۇدەك ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ مۆجىزە تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلغان. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايغا ئىشارەت قىلىشى بىلەنلا ئاي ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىرى ئەبۇ قۇبەيس تېغىدا، يەنە بىرى قۇئەيقىئان تېغىدا كۆرۈنگەن. مۇشرىكلار ۋە مۇسۇلمانلار ھەممىسى بۇ ئاجايىپ ئەھۋالنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن. ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى مۇنداق بىر ئادەتتىن تاشقىرى ئىشنى كۆرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئاڭلاپمۇ باقمىغان، ھەتتا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى قاتارىدىمۇ مۇنداق ئاجايىپ ئىشنى ئاڭلاپ باقمىغان. شۇڭا ئۇلار قاتتىق ھەيرانلىقتا قالغان. ئەمما ئۇلار بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ ئىمان ئېيتىشنىڭ ئورنىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىپ، ئاينىڭ يېرىلغانلىقىنى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان سېھىرلەردىن بىر سېھىردۇر، دېيىشكەن. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى ئويئوچۇق تۆھمەت بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئىنسانلىق دەرىجىسىدىكى ئەڭ پەس ۋە ئەڭ ئەقىلسىز ئىنسانلار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ»[1].

مۇپەسسىرلەر ﴿سِحۡرٞ مُّسۡتَمِرّٞ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى، «بۇ بارلىق سېھىرلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان كۈچلۈك سېھىردۇر» دېسە، يەنە بەزىسى «بۇ داۋاملاشمايدىغان،

[1] «تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان» 836- بەت.

پات يېقىندا يوقىلىدىغان سېھىردۇر» دەپ تەپسىر قىلغان[1]. قەتادە، مۇجاھىد، فەرراﺋ، كىسائىي[2] ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە قاتارلىقلار ئىككىنچىسىنى كۈچلەندۈرگەن[3]. ئەللامە فەخرۇددىن رازىي ﴿مُّسْتَمِرٌّ﴾ دېگەن سۆزنىڭ «داۋاملىشىپ كەلگەن»، «كۈچلۈك»، «يامان كۆرۈلىدىغان» ۋە «يوقالغۇچى» دېگەن مەنىلەردە كېلىدىغانلىقىنى زىكىر قىلىپ، «داۋاملىشىپ كەلگەن» دېگەن مەنىنى بىرىنچى مەنىسى دەپ بايان قىلغان[4]. بىزمۇ بۇ مەنىنى كۈچلەندۈردۇق. چۈنكى، بۇنداق مەنە ئېيتىش ﴿مُّسْتَمِرٌّ﴾ دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسىگىمۇ ئۇدۇل كېلىدۇ. كاپىرلار ئاينىڭ يېرىلىپ ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك مۆجىزىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنى «سېھىر» دەپ بىلجىرلىغان. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ دىنىنى مۇكەممەل قىلىپ تاماملاشنى ئىرادە قىلغان. ئاللاھ تائالا ھەر زامان پىرئەۋنلىرىنىڭ تۈرلۈك توسقۇنلۇقلىرىنى بەربات قىلىپ، بۇ ھەق دىنىنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈشكە ۋە ئۇلارنىڭ ھايات دەستۇرى قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

كاپىرلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلتۈرگەن مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلدى ۋە ھىدايەتنىڭ ئورنىغا زالالەتنى تاللىۋالدى. چۈنكى، ئۇلار شەيتاننىڭ نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىپ، ئەقىل ۋە مەنتىقىنىڭ ساداسىغا ھېچ قۇلاق سالمىدى. ئۇلار ﴿ئۇلار (پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدى، ئۆز خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، (ياخشى- يامان) ھەربىر ئىش ئۆز ئورنىغا ئورۇنلاشقۇچىدۇر﴾ دېگەن ھەقىقەتنى بىلمىدى. يەنى بۇ دۇنيادا قىلىنغان ياخشى- يامان ھەرقانداق ئەمەل قىيامەت كۈنى چوقۇم ئۆز ئىگىسىنى تاپىدۇ-دە، ئۇ ياخشى ئەمەلنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ، يامان ئەمەلنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ھەق بىلەن باتىلنىڭ نەتىجىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ھەقىقەتنى تونۇپ ھىدايەت يولىغا كىرگەن مۇئمىنلەر جەننەتلەردە بولىدۇ، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ ئازغۇنلۇقنى تاللىغان كاپىرلار دوزاختا بولىدۇ.

شەكسىزكى، ئۇ كاپىرلارغا «قۇرئان كەرىم»دە ئۆتمۈشلەردىكى ئۈممەتلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە ئاقىۋەتلىرىدىن ئۇلار ئىبرەت ئېلىپ، كۇفرى-زالالەتتىن ۋە ھەرقانداق يامانلىقلاردىن يېنىشقا يېتەرلىك نۇرغۇن

[1] «تفسير البغوي» 7- توم، 424- بەت.
[2] كىسائىي (119 ھـ737/م189 ھـ805م ) كۇفىدە ئۆتكەن مەشھۇر قىرائەت ئالىمى.
[3] «تفسير القرطبي» 17- توم، 118- بەت.
[4] «تفسير الكبير للرازي» 26- بەت.

خەۋەرلەر كەلدى. ئۇلارغا كەلگەن بۇ ئىبرەتلىك خەۋەرلەر ۋايىغا يەتكەن ھېكمەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئەپسۇسكى، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى، ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتتى، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى ۋە ھېچ ئىبرەت ئالمىدى. نەتىجىدە، ئۇلارغا قىلىنغان بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلار ئۇنۇم بەرمىدى. ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەنلەرگە ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلارنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگىن، ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام سۇر چېلىپ ھەممىنى ھېساب مەيدانىغا چاقىرىدىغان شۇ دەھشەتلىك قىيامەت كۈنىنى ئۇنتۇمىغىنكى، ئۇلار ئۇ كۈندە قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، خۇددى ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەن چېكەتكىلەردەك قەبرىلىرىدىن چىقىدۇ ۋە ئىسرافىل ئە-لەيھىسسالام چاقىرغان ھېساب مەيدانىغا يۈگۈرۈپ كېلىشىدۇ. كاپىرلار بۇ كۈندىكى دەھشەتلىك ئەھۋالنى كۆرۈپ ﴿بۇ قىيىن بىر كۈنغۇ﴾ دەيدۇ ۋە كۇفرى-زالالەت بىلەن ئۆتكەن ھاياتىغا ئېچىنىپ قاتتىق ھەسرەت-نادامەت چېكىدۇ. ئەمما ئۇ چاغدىكى ھەسرەت-نادامەتنىڭ كىمگە پايدىسى بولسۇن؟!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

ئاينىڭ يېرىلغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ ۋەقەلىكنى ئۆز ۋاقتىدا كاپىر، مۇئمىن ھەممىسى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن بولسىمۇ، كاپىرلار ئۇنى «سېھىر» دېگەن.

ھەقىقەتكە ئەگەشمەيدىغانلار ئۆزىنىڭ نەپسى ھەۋەسىگە ئەگىشىدۇ.

### ◄ ھەقنى ئىنكار قىلغان قەۋملەرنىڭ ئاقىۋىتى

﴿كَذَّبَتْ قَبْلَهُمْ قَوْمُ نُوحٍ فَكَذَّبُوا۟ عَبْدَنَا وَقَالُوا۟ مَجْنُونٌ وَٱزْدُجِرَ
٩ فَدَعَا رَبَّهُۥٓ أَنِّى مَغْلُوبٌ فَٱنتَصِرْ ١٠ فَفَتَحْنَآ أَبْوَٰبَ ٱلسَّمَآءِ
بِمَآءٍ مُّنْهَمِرٍ ١١ وَفَجَّرْنَا ٱلْأَرْضَ عُيُونًا فَٱلْتَقَى ٱلْمَآءُ عَلَىٰٓ أَمْرٍ
قَدْ قُدِرَ ١٢ وَحَمَلْنَٰهُ عَلَىٰ ذَاتِ أَلْوَٰحٍ وَدُسُرٍ ١٣ تَجْرِى بِأَعْيُنِنَا

جَزَآءً لِّمَن كَانَ كُفِرَ ﴿١٤﴾ وَلَقَد تَّرَكْنَـٰهَآ ءَايَةً فَهَلْ مِن مُّدَّكِرٍ
﴿١٥﴾ فَكَيْفَ كَانَ عَذَابِى وَنُذُرِ ﴿١٦﴾ وَلَقَدْ يَسَّرْنَا ٱلْقُرْءَانَ لِلذِّكْرِ
فَهَلْ مِن مُّدَّكِرٍ ﴿١٧﴾ كَذَّبَتْ عَادٌ فَكَيْفَ كَانَ عَذَابِى وَنُذُرِ ﴿١٨﴾ إِنَّآ
أَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ رِيحًا صَرْصَرًا فِى يَوْمِ نَحْسٍ مُّسْتَمِرٍّ ﴿١٩﴾ تَنزِعُ
ٱلنَّاسَ كَأَنَّهُمْ أَعْجَازُ نَخْلٍ مُّنقَعِرٍ ﴿٢٠﴾ فَكَيْفَ كَانَ عَذَابِى وَنُذُرِ
﴿٢١﴾ وَلَقَدْ يَسَّرْنَا ٱلْقُرْءَانَ لِلذِّكْرِ فَهَلْ مِن مُّدَّكِرٍ ﴿٢٢﴾ كَذَّبَتْ ثَمُودُ
بِٱلنُّذُرِ ﴿٢٣﴾ فَقَالُوٓا۟ أَبَشَرًا مِّنَّا وَٰحِدًا نَّتَّبِعُهُۥٓ إِنَّآ إِذًا لَّفِى ضَلَـٰلٍ
وَسُعُرٍ ﴿٢٤﴾ أَءُلْقِىَ ٱلذِّكْرُ عَلَيْهِ مِنۢ بَيْنِنَا بَلْ هُوَ كَذَّابٌ أَشِرٌ ﴿٢٥﴾
سَيَعْلَمُونَ غَدًا مَّنِ ٱلْكَذَّابُ ٱلْأَشِرُ ﴿٢٦﴾ إِنَّا مُرْسِلُوا۟ ٱلنَّاقَةِ فِتْنَةً
لَّهُمْ فَٱرْتَقِبْهُمْ وَٱصْطَبِرْ ﴿٢٧﴾ وَنَبِّئْهُمْ أَنَّ ٱلْمَآءَ قِسْمَةٌۢ بَيْنَهُمْ ۖ كُلُّ
شِرْبٍ مُّحْتَضَرٌ ﴿٢٨﴾ فَنَادَوْا۟ صَاحِبَهُمْ فَتَعَاطَىٰ فَعَقَرَ ﴿٢٩﴾ فَكَيْفَ كَانَ
عَذَابِى وَنُذُرِ ﴿٣٠﴾ إِنَّآ أَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ صَيْحَةً وَٰحِدَةً فَكَانُوا۟ كَهَشِيمِ
ٱلْمُحْتَظِرِ ﴿٣١﴾ وَلَقَدْ يَسَّرْنَا ٱلْقُرْءَانَ لِلذِّكْرِ فَهَلْ مِن مُّدَّكِرٍ ﴿٣٢﴾
كَذَّبَتْ قَوْمُ لُوطٍۭ بِٱلنُّذُرِ ﴿٣٣﴾ إِنَّآ أَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ حَاصِبًا إِلَّآ ءَالَ
لُوطٍ ۖ نَّجَّيْنَـٰهُم بِسَحَرٍ ﴿٣٤﴾ نِّعْمَةً مِّنْ عِندِنَا ۚ كَذَٰلِكَ نَجْزِى مَن شَكَرَ
﴿٣٥﴾ وَلَقَدْ أَنذَرَهُم بَطْشَتَنَا فَتَمَارَوْا۟ بِٱلنُّذُرِ ﴿٣٦﴾ وَلَقَدْ رَٰوَدُوهُ عَن
ضَيْفِهِۦ فَطَمَسْنَآ أَعْيُنَهُمْ فَذُوقُوا۟ عَذَابِى وَنُذُرِ ﴿٣٧﴾ وَلَقَدْ صَبَّحَهُم
بُكْرَةً عَذَابٌ مُّسْتَقِرٌّ ﴿٣٨﴾ فَذُوقُوا۟ عَذَابِى وَنُذُرِ ﴿٣٩﴾ وَلَقَدْ يَسَّرْنَا
ٱلْقُرْءَانَ لِلذِّكْرِ فَهَلْ مِن مُّدَّكِرٍ ﴿٤٠﴾ وَلَقَدْ جَآءَ ءَالَ فِرْعَوْنَ ٱلنُّذُرُ
﴿٤١﴾ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَـٰتِنَا كُلِّهَا فَأَخَذْنَـٰهُمْ أَخْذَ عَزِيزٍ مُّقْتَدِرٍ ﴿٤٢﴾

## تەرجىمىسى

9ـئۇلاردىن ئىلگىرى نۇھنىڭ قەۋمى ئۇنى ئىنكار قىلغان ئىدى، ئۇلار بەندىمىز (نۇھ)نى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى مەجنۇن دېگەن ۋە (دەۋەتنى

توختىتىشقا) مەجبۇرلىغان ئىدى.

10ـ ئۇ رەببىگە: «مەن راستىنلا ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىدىم، ماڭا ياردەم بەرگىن» دەپ دۇئا قىلدى.

11ـ ئاندىن بىز ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىنى قۇيۇلۇپ ياغقۇچى يامغۇر بىلەن ئېچىۋەتتۇق.

12ـ زېمىندىن بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردۇق، ئالدىنئالا بەلگىلەنگەن ئىشقا بىنائەن، (يامغۇر سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى) سۇ بىر-بىرىگە قوشۇلدى.

13ـ نۇھنى تاختا ۋە مىخلار بىلەن ياسالغان كېمىگە چىقاردۇق.

14ـ ئىنكار قىلىنغان (نۇھ)نى مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن، كېمە بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا (ھىمايىمىز ئاستىدا) ماڭاتتى.

15ـ بۇ (ۋەقە)نى ئىبرەت قىلىپ قالدۇردۇق، (ئۇنىڭدىن) ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟

16ـ مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق بولدى؟

17ـ ھەقىقەتەن بىز بۇ قۇرئاننى يادلاش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، (ئۇنىڭدىن) ۋەز-نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟

18ـ ئاد قەۋمىمۇ (پەيغەمبىرى ھۇدنى) ئىنكار قىلغان ئىدى، (ئۇلارغا) مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق بولدى؟!

19ـ بىز ھەقىقەتەن ئۇلارغا شۇملۇقى ئۈزۈلمەيدىغان بىر كۈندە قاتتىق ئاۋازلىق سوغۇق بوران ئەۋەتتۇق.

20ـ بوران ئىنسانلارنى (ئورۇنلىرىدىن) يۇلۇپ كېتەتتى، ئۇلار گويا قومۇرۇۋېتىلگەن خورما كۆتەكلىرىدەك ياتاتتى.

21ـ مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق بولدى؟!

22ـ ھەقىقەتەن بىز بۇ قۇرئاننى يادلاش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، (ئۇنىڭدىن) ۋەز-نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟

23ـ سەمۇد قەۋمى (پەيغەمبىرى سالىھنىڭ) ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى يالغانغا چىقاردى.

24ـ ئۇلار: «ئارىمىزدىكى بىر ئادەمگە ئەگىشەمدۇق؟ ئۇ چاغدا بىز راستىنلا ئازغۇن ۋە ساراڭ بولغان بولىمىز.

25ـ ئارىمىزدىن پەقەت ئۇنىڭغىلا ۋەھيى نازىل بولۇپتۇمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ھاكاۋۇر كاززاپتۇر» دېدى.

26ـ ئۇلار ئەتە (ئاخىرەتتە) كىمنىڭ يالغانچى، مۇتەكەببىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ.

27ـ(بىز سالىھقا) «بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن چىشى تۆگىنى ئەۋەتىمىز، سەن (ئۇلارنىڭ تۆگىنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى) كۈتكىن، (ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە) سەۋر قىلغىن.

28ـ ئۇلار بىلەن تۆگىنىڭ ئارىسىدا سۇنىڭ تەقسىم قىلىنىدىغانلىقىنى، قايسىسىنىڭ نۆۋىتى كەلسە شۇنىڭ ھازىر بولىدىغانلىقىنى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىن» (دېدۇق).

29ـ ئۇلار (بۇ تەقسىماتقا نارازى بولۇپ، قۇدار ئىسىملىك) بۇرادىرىنى چاقىردى. ئۇ قىلىچىنى ئېلىپ تۆگىنى بوغۇزلىدى.

30ـ مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق بولدى؟!

31ـ شەكسىزكى، بىز ئۇلارغا قاتتىق بىر ئاۋازنى ئەۋەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇددى قوتاندىكى چەيلەنگەن ئوت ـ چۆپتەك بولۇپ كەتتى.

32ـ ھەقىقەتەن بىز بۇ قۇرئاننى يادلاش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، (ئۇنىڭدىن) ۋەز ـ نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟

33ـ لۇتنىڭ قەۋمى (ئۇنىڭ) ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى يالغانغا چىقاردى.

34ـ35ـ بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاش (ياغدۇرغۇچى بوراننى) ئەۋەتتۇق، پەقەت لۇتنىڭ تەۋەلىرىنىلا دەرگاھىمىزدىن ئىنئام قىلىپ سەھەردە قۇتقۇزدۇق، شۈكۈر قىلغۇچىنى بىز مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز.

36ـ شەكسىزكى، لۇت ئۇلارنى بىزنىڭ جازالىشىمىزدىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى، ئۇلار بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن شەكلەندى.

37ـ ئۇلار لۇتتىن مېھمانلىرىنى (بەچچىۋازلىق قىلىش ئۈچۈن) تەلەپ قىلغان ئىدى. بىز ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىۋەتتۇق، (ئۇلارغا) «مېنىڭ ئازابىمنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمنى تېتىڭلار» (دېدۇق).

38ـ ھەقىقەتەن ئۇلارغا ئەتىگەندە (ئاخىرەتكە) ئۇلىنىپ كېتىدىغان ئازاب چۈشتى.

39ـ(ئۇلارغا): «مېنىڭ ئازابىمنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمنى تېتىڭلار»

(دېدۇق).

40ـ ھەقىقەتەن بىز بۇ قۇرئاننى يادلاش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، (ئۇنىڭدىن) ۋەز-نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟

41ـ شەكسىزكى، پىرئەۋن تەۋەلىرىگە ئاگاھلاندۇرۇشلار كەلدى.

42ـ ئۇلار پۈتۈن مۆجىزىلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنى ھەممىدىن غالىب، چەكسىز قۇدرەتلىك بولۇش سۈپىتىمىزگە لايىق شەكىلدە جازالىدۇق.

### بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بۇ بەش قىسسىدە ئۆزلىرىگە كەلگەن پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقىرىش، ئاگاھلاندۇرۇشلارنى قۇرۇق گەپ، يالغان ۋەدىلەر دەپ ئىنكار قىلىش، پەيغەمبەرلەر دەۋەت قىلغان ھەق دىننى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ۋە بۇ پەيغەمبەرلەرگە تۇرلۇك ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزۈش قاتارلىق قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىنغان بەزى قەۋملەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنغان. ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان مەككە كاپىرلىرى ھالاك قىلىنغان بۇرۇنقى ئىنكارچى قەۋملەردىن كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. مەككىلىكلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئېلىپ ھەقىقەتكە قارشى چىقىشتىن ۋاز كېچىشى كۈتۈلگەن بولسىمۇ، ئۇلارغا بۇ گۈزەل قىسسىلەرنىڭ ۋە تەسىرلىك ۋەز-نەسىھەتلەرنىڭ قىلچە پايدىسى بولمىغان ئىدى. بۇ قىسسىلەر ﴿وَلَقَدۡ جَآءَهُم مِّنَ ٱلۡأَنۢبَآءِ مَا فِيهِ مُزۡدَجَرٌ ۝٤ حِكۡمَةُۢ بَٰلِغَةٞۖ فَمَا تُغۡنِ ٱلنُّذُرُ﴾ يەنى ﴿ھەقىقەتەن ئۇلارغا (ئۆزلىرىنى كۇفرىلىقتىن مەنئى قىلىشقا يېتەرلىك خەۋەرلەر كەلدى. (بۇ قۇرئان) ۋايىغا يەتكەن ھېكمەتتۇر. (ئەمما ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەن قەۋمگە) ئاگاھلاندۇرۇشلار ئۇنۇم بەرمەيدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتلەرنىڭ تەپسىلاتى بولۇپ، ﴿(ئەمما ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەن قەۋمگە) ئاگاھلاندۇرۇشلار ئۇنۇم بەرمەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتتە بايان قىلىنغان مەنىنى تەكىتلەيدۇ.

بۇ قىسسىلەر ئاۋۋال نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرى، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ۋە ئاخىرىدا پىرئەۋن قىسسىسى بىلەن تاماملانغان.

[1] قەمەر سۈرىسى: 4ـ5ـ ئايەتلەر.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، مەككىلىك مۇشرىكلاردىن ئىلگىرى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ھەق دىنىنى ئىنكار قىلغان، بەندىمىز نۇھ ئەلەيھىسسالامنى يالغانغا چىقارغان ئىدى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئۇنى مەجنۇن (يەنى ئەقلىنى يوقاتقان ئادەم) دەپ ئەيىبلىدى ۋە بارلىق ھىيلە-مىكىرلىرىنى ئىشلىتىپ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە توسقۇنلۇق قىلدى، ئۇنى دەۋەتنى تەرك ئېتىشكە مەجبۇرلىدى.

نۇھ ئەلەيھىسسالامغا قەۋمىنىڭ تۈرلۈك ئەزىيەتلىرى ۋە ھەددىدىن ئاشقان دۈشمەنلىكى كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ بېرىپ، ئاخىرى تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەندە، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، ئى رەببىم! مەن قەۋمىم تەرەپتىن بوزەك قىلىندىم، مەن ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىدىم، ماڭا ياردەم قىلغىن، ئۇلاردىن مەن ئۈچۈن ئىنتىقام ئالغىن، دەپ ئىلتىجا قىلدى. نۇھ سۈرىسىدە ئۇنىڭ ﴿وَقَالَ نُوحٌ رَّبِّ لَا تَذَرْ عَلَى ٱلْأَرْضِ مِنَ ٱلْكَٰفِرِينَ دَيَّارًا﴾ يەنى ﴿ئى رەببىم! يەر يۈزىدە كاپىرلاردىن بىرىنىمۇ قويمىغىن﴾[1] دەپ دۇئا قىلغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. چۈنكى، بۇ كاپىرلارغا ئازاب ھەقىقەتەن تېگىشلىك بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن خۇددى ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ كەتكەندەك قاتتىق يامغۇر يېغىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، زېمىندىكى بۇلاقلاردىن سۇ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلايدۇ، نەتىجىدە، يامغۇر سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيى ئىككىسى بىرلىشىپ توپان بالاسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا توپاندىن ئىلگىرى نۇھ ئەلەيھىسسالامنى بىر كېمە ياساشقا بۇيرۇغان بولۇپ، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇنى ياساشقا كىرىشكەندە، ئۇنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى كاپىرلار ئۇنى مەسخىرە قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئىشىنى بىھۇدىلىك دەپ ئەيىبلەيتتى. توپان بالاسى يۈز بېرىش بىلەن تەڭ نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆزى بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان ئازغىنە كىشىنى ۋە ئاللاھ تائالا ئېلىشنى بۇيرۇغان جانلىقلارنى ئېلىپ كېمىگە چىقىدۇ. كېمە ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ئاستىدا يۈرەتتى. شۇنداق قىلىپ كېمىدىكىلەر توپان بالاسىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ۋە مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلغان كاپىرلار بولسا توپان بالاسىدا غەرق بولۇپ تۈگىشىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامغا

---

[1] نۇھ سۈرىسى:26-ئايەت.

ئاتا قىلغان مۇكاپاتى ۋە كاپىرلارغا بەرگەن جازاسى ئىدى.

بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، ﴿بۇ (ۋەقە)نى ئىبرەت قىلىپ قالدۇردۇق، (ئۇنىڭدىن) ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟﴾ يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ بۇ ھالاكىتىنى ئۇلاردىن كېيىن كېلىدىغان قەۋملەر ئۈچۈن ئىبرەت قىلىپ قالدۇردۇق، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ جازادىن ئىبرەت ئالىدىغانلار بارمۇ؟

رەببىڭنىڭ گۇناھكار كاپىرلارغا بېرىدىغان جازاسى قانداق بولدى؟ ئۇنىڭ كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرغانلىرى قانداق ئەمەلگە ئاشتى؟!

﴿ھەقىقەتەن بىز بۇ قۇرئاننى ئوقۇش ۋە يادلاش ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، (ئۇنىڭدىن) ۋەز-نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟﴾ دېگەن ئايەت ھەربىر قىسسىدىن كېيىن تەكرار كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بايان قىلىنغان ھەربىر قىسسىنىڭ ۋەز-نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَلَقَدْ يَسَّرْنَا ٱلْقُرْءَانَ لِلذِّكْرِ فَهَلْ مِن مُّدَّكِرٍ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿لِلذِّكْرِ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى مەنىلەرنى ئېيتقان:

بىرىنچىسى، يادلاش، ئەستە تۇتۇش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، ساماۋى كىتابلاردىن «قۇرئان كەرىم»دىن باشقا بىرىنى يادلىۋالغان ئادەم يوق.

ئىككىنچىسى، ۋەز-نەسىھەت دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»دە ۋەز-نەسىھەت ئېلىش ئۈچۈن يېتەرلىك ھېكمەتلەر بايان قىلىنغان.

ئۈچىنچىسى، دىللارغا تەسىر قىلىپ ھۇزۇر بېغىشلاش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»نى ئاڭلىغان ياكى ئوقۇغان ئادەم ئۇنىڭدىن ھۇزۇر- ھالاۋەت ھېس قىلىدۇ، قانچىلىك كۆپ ئاڭلىغان ۋە ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭدىن زېرىكىپ قالمايدۇ.

تۆتىنچىسى، ئەسلىتىش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ھەربىر ئادەمگە ئۆزىنىڭ دىنىي مەجبۇرىيىتىنى ئەسلىتىدۇ، ئۆزىنىڭ مۆجىزىسى بىلەن تا قىيامەتكىچە پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە مۇنازىرە ئېلان قىلىدۇ، قۇرئاننىڭ مۇنازىرىسىنى ھېچكىم يېڭىپ چىقالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ دائىملىق مۆجىزىدۇر.

سەئىد ئىبنى جۇبەير ﴿وَلَقَدْ يَسَّرْنَا ٱلْقُرْءَانَ لِلذِّكْرِ فَهَلْ مِن مُّدَّكِرٍ﴾

دېگەن ئايەتكە «قۇرئاننى ئوقۇش ۋە يادلاش ئۈچۈن ئوڭاي قىلدۇق»[1] دەپ مەنە ئېيتقان. ئەللامە ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتكە «قۇرئاندىن ۋەز-نەسىھەت ئالغۇچىلار ئۈچۈن ئۇنىڭ لەۋزىنى ئاسان قىلدۇق، مەنىسىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردۇق»[2] دەپ مەنە ئېيتقان.

ئەللامە ئابدۇرراھمان سەئدىي ﴿وَلَقَدۡ يَسَّرۡنَا ٱلۡقُرۡءَانَ لِلذِّكۡرِ فَهَلۡ مِن مُّدَّكِرٖ﴾ دېگەن ئايەتنى «بىز بۇ قۇرئاننى ئوقۇش ۋە يادلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ لەۋزىنى ئاسان قىلىپ بەردۇق، چۈشىنىش ئۈچۈن مەنىسىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردۇق»[3] دەپ تەپسىر قىلغان. تەپسىرى مۇيەسسەردىمۇ شۇنداق تەپسىر قىلىنغان[4].

شەكسىز ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىپ، ئۇنىڭدا تۈرلۈك ۋەز-نەسىھەتلەرنى، پايدىلىق قىسسىلەرنى، ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تولۇق بايان قىلىپ بەرگەن، ئۇنى ئوقۇش، يادلاش ۋە مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ۋەز-نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن، ھەركىم ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئەستە تۇتۇشى ئۈچۈن، كۆڭۈلنى ئىمان بىلەن ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئاسان قىلىپ بەرگەن. «قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەرگە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان يېگانە ساماۋى كىتابتۇر. ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئالغۇچىلار بارمۇ؟ ئۇنى تىلاۋەت قىلىپ ھۇزۇر-ھالاۋەتكە ئېرىشكۈچىلەر بارمۇ؟ ئۇنى يادلاپ دىلىدا ساقلىغۇچىلار بارمۇ؟

ئاد قەۋمى ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ھۇد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ ھەق دەۋىتىگە قارشى چىققان، ئۇنىڭ چىرايلىق ۋەز-نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىماي، ئۇنىڭغا ھەر تۈرلۈك ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزگەن ۋە ئىمان ئېيتماسلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز داۋام قىلغان، شۇملۇقى ئۈزۈلمەيدىغان كۈنلەردە قاتتىق ئاۋازلىق سوغۇق بوران بىلەن ھالاك قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ شۇنداق دەھشەتلىك بوران بولۇپ، ئۇ كاپىرلارنى تۇرغان يەرلىرىدىن يۇلۇپ ئېلىپ كەتكەن، ئۇلارنى گويا قومۇرۇۋېتىلگەن خورما كۆتەكلىرىدەك قىلىۋەتكەن، ئۇلار مۈردىلارغا ئايلىنىپ يەردە ياتقان

---

[1] «تفسير البغوي» 7- توم، 429- بەت

[2] «تفسير ابن كثير» 7- توم، 478- بەت.

[3] «تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان» 837-بەت.

[4] «التفسير الميسر» 529- بەت.

پېتى قالغان. ئاندىن ئاللاھ تائالا ھەرقايسى زامانلاردىكى كاپىرلارغا ئورتاق ئىبرەت بېرىش ۋە ئۇلارنى ئويغا سېلىش ئۈچۈن ﴿مېنىڭ ئازابىم ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىم قانداق بولدى؟!﴾ دېگەن.

مۇپەسسىرلەر ﴿كَذَّبَتْ ثَمُودُ بِٱلنُّذُرِ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿بِٱلنُّذُرِ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە قۇرتۇبىي «سەمۇد قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى ياكى ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئايەتلەرنى ئىنكار قىلدى» دەپ مەنە ئېيتقان[1]. ئەللامە مۇھەممەد تاھىر ئىبنى ئاشۇر مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتتىكى «النذر» دېگەن سۆز ‹نذير› دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ‹انذر› دېگەن سۆز يىلتىزىدىن چىققان ئىسىمدۇر. شۇڭا ئايەتنىڭ مەنىسى ‹سەمۇد قەۋمى ئاللاھ پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق نازىل قىلغان ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ئىنكار قىلدى› دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ‹ئاگاھلاندۇرغۇچى› دېگەن مەنىدە ئەمەس. شۇڭا بۇ ئايەت شۇئەرا سۈرىسىدىكى ﴿كَذَّبَتْ ثَمُودُ ٱلْمُرْسَلِينَ﴾ يەنى ﴿سەمۇد (قەۋمىمۇ) پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى﴾[2] دېگەن ئايەتكە ئوخشىمايدۇ»[3].

سەمۇد قەۋمى ئاللاھ تائالانىڭ كاپىرلارغا قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەت تەييارلىغانلىقى ھەققىدىكى بارلىق ئاگاھلاندۇرۇشلارنى قەتئىيلىك بىلەن ئىنكار قىلغان، ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر سالىھ ئەلەيھىسسالامنى يالغانغا چىقارغان، سالىھ ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق «بىزگە ئوخشاش بىر ئادەم قانداقمۇ بىزگە پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدۇ؟ ئەگەر بىز بۇنداق بىر ئادەمگە ئەگەشسەك بولساق، ئەلۋەتتە يولىمىزدىن ئازغان ۋە ساراڭدەك ئىش قىلغان بولىمىز» دەپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى كەسكىن رەت قىلغان ئىدى. ھەتتا ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنى تۆۋەن كۆرۈپ، «بۇ ۋەھيى ئارىمىزدا يا بايلىقتا يوق ياكى ئابرۇي-شۆھرەتتە يوق، شۇنداق ئاددىي بىر ئادەمگە نازىل قىلىنىپتۇمۇ؟ ھالبۇكى، ئارىمىزدا ئۇنىڭدىن ئەۋزەل كىشىلىرىمىز بار تۇرسا، بىز قانداقمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىمىز؟ سالىھ يالغانچىدۇر، بەلكى ئەڭ يامان يالغانچىدۇر ۋە مۇتەكەببىردۇر، شۇڭا ئۇ يالغاندىن ئۆزىنى پەيغەمبەر دەۋالىدۇ» دېگەن ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ تۆھمەتلىرىگە رەددىيە بېرىپ: ﴿ئۇلار ئەتە (ئاخىرەتتە) كىمنىڭ ھاكاۋۇر كاززاپ ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ﴾ دېگەن.

---

[1] «تفسير القرطبي» 7- توم، 126- بەت.

[2] شۇئەرا سۈرىسى: 141- ئايەت.

[3] «التحرير والتنوير» 28- توم، 195- بەت.

سەمۇد قەۋمىنىڭ سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى ئەمەلىيەتتە جىمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى ئىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلغان ئادەمنىڭ ئىمانى تولۇقلانمايدۇ.

ئۆز ۋاقتىدا سەمۇد قەۋمى سالىھ ئەلەيھىسسالامدىن بىر مۆجىزە تەلەپ قىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ بىر چىشى تۆگىنى تاشنىڭ ئىچىدىن مۆجىزىلىك بىر شەكىلدە چىقىرىپ بەرگەن، ئاندىن سالىھ ئەلەيھىسسالامنى قەۋمىنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋرچان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۆگىنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۈتۈشكە بۇيرۇغان ئىدى. تۆگە ئادەتتىكى تۆگىلەردىن ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن چوڭ بىر تۆگە بولغانلىقتىن، سەمۇد قەۋمى سۇ ئالىدىغان قۇدۇقنىڭ سۈيىنىڭ كۆپرەكىنى شۇ چىشى تۆگە ئىچىپ كېتەتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا سالىھ ئەلەيھىسسالامغا بۇيرۇپ، سۇنى سەمۇد قەۋمى بىلەن تۆگە ئوتتۇرىسىدا تەقسىم قىلىشنى، قۇدۇقتا بىر كۈن تۆگە، يەنە بىر كۈن سەمۇد قەۋمى بارىدىغان قىلىپ بەلگىلەشنى تەۋسىيە قىلغان ئىدى. ﴿قَالَ هَـٰذِهِۦ نَاقَةٌ لَّهَا شِرْبٌ وَلَكُمْ شِرْبُ يَوْمٍ مَّعْلُومٍ﴾ يەنى ﴿بۇ چىشى تۆگە (قۇدۇق سۈيىدىن بىر كۈن) ئىچىدۇ، سىلەرمۇ مۇئەييەن بىر كۈن ئىچىسىلەر﴾[1]. ئەمما سەمۇد قەۋمى بۇ تەقسىماتتىن زېرىكىدۇ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىدۇ، تۆگە بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق نۆۋەت بىلەن سۇ ئىچىش ئىشى ئۇلارنى راھەتسىز قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ تۆگىنى بوغۇزلاپ تاشلاپ بۇ تەقسىماتتىن قۇتۇلۇش نىيىتىگە كېلىدۇ. ئاندىن ئۇلار جىنايەت سادىر قىلىشتىن ئىككىلىنىپ قالمايدىغان، كۆڭلى قارا ئادەم قۇدار ئىبنى سالىف دېگەن بىرىنى چاقىرىپ كېلىپ، تۆگىنى ئۆلتۈرۈش ئىشىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، قۇدار تۆگىنى بىر قول سىلىش بىلەنلا بوغۇزلاپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ۋە ئازابىغا تامامەن ھەقلىق بولۇپ قالغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا جىبرىلنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىر ئاۋاز ئەۋەتىش بىلەنلا ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋېتىدۇ، ئۇلار بولسا خۇددى قوتاندىكى چەيلەنگەن ئوت-چۆپلەردەك بولۇپ قالىدۇ.

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ ئۇ يەتكۈزگەن بارلىق ئاگاھلاندۇرۇشلارنى يالغان، قۇرۇق گەپ دەپ ئىنكار قىلغان، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ

[1] شۇئەرا سۈرىسى:155-ئايەت.

پەيغەمبەرلىكنى بولسا يالغانغا چىقارغان ئىدى. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى لۇۋات (يەنى بەچچىۋازلىق)تىن ئىبارەت ئەڭ يىرگىنىشلىك، ئەڭ پاسكىنا قىلىقنى قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاش ياغدۇرىدىغان دەھشەتلىك بوراننى ئەۋەتىپ ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتكەن بولۇپ، پەقەت لۇت ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىمان ئېيتقان ئازغىنە كىشىلەرنىلا قوغداپ قالغان ئىدى. ئاللاھ تائالا لۇت ئەلەيھىسسالامغا تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن شەھەردىن چىقىپ كېتىش توغرۇلۇق ئالدىن پەرمان چۈشۈرگەن ئىدى. شۇ ئېنىقكى، ئاللاھ تائالانىڭ لۇت ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆئمىنلەرنى ھالاك بولۇشتىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى ھەقىقەتەن كاتتا نېمەتتۇر. شۇ ئېنىقكى، ئاللاھ تائالا نېمىتىگە شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايدۇ، تۇزكورلۇق قىلغۇچىلارنى جازالايدۇ.

ئاللاھ تائالا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىشتىن ئىلگىرى، لۇت ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنى بۇ ھالاكەتتىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. ئەمما ئۇلار بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ ھېچبىرىگە ئىشەنمىگەن ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامنى بولسا مەسخىرە قىلىشقان ئىدى. ھەتتا بۇ ھەددىدىن ئاشقان قەۋم ئۆزلىرىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن كەلگەن پەرىشتىلەرنى ئىنسان دەپ ئويلاپ ئۇلارغا جىنسىي تەرەپتىن چېقىلماقچى بولغان ئىدى. شۇڭا بۇ ئەخلاقسىز قەۋم ئاۋۋال كۆزلىرىدىن ئايرىلغان، ئاندىن ھالاك قىلىنغان. چۈنكى، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىۋەتكەن ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا پەرىشتىلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق ﴿مېنىڭ ئازابىمنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمنى تېتىڭلار﴾ دېدى-دە، ئۇلار ئەڭ دەھشەتلىك ئازابنى تېتىدى ۋە پۈتۈنلەي ھالاك بولۇپ تۈگەشتى.

پىرئەۋن جامائەسىمۇ ئاگاھلاندۇرۇشلارنى يالغان دېگەن ۋە ئۇنىڭغا ھېچ ئىشەنمىگەن، ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى يالغانغا چىقارغان ئىدى. ھالبۇكى، بۇ ئىككى پەيغەمبەر ئۇلارغا نۇرغۇنلىغان مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ۋە كۆپلىگەن ئاگاھلاندۇرۇشلارنى يەتكۈزگەن. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى بۇ ئىككى پەيغەمبەرنى ۋە ئۇلار كۆرسەتكەن مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىپ، ئاگاھلاندۇرۇشلارغا پىسەنت قىلماي، زالىملىقتا ۋە كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى قاتتىق جازالىدى ۋە سۇدا غەرق قىلىپ ھالاك قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى مۆئمىنلەرنى بولسا قۇتقۇزدى. ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرنى ئەنە

شۇنداق قۇتقۇزىدۇ، كاپىرلارنى ئەنە شۇنداق جازالايدۇ. بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدىغانلار بارمۇ؟!

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. توپان ۋەقەسى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا مەڭگۈلۈك ئىبرەت بولۇشقا يېتەرلىك چوڭ ۋەقەلىكتۇر.

2. «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشنىڭ، يادلاشنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئېلىشنىڭ ئوڭاي قىلىنغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسلام ئۇممىتىگە ئاتا قىلغان كاتتا ئىلتىپاتىدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئازابقا قالىدىغانلىقى ھەقىقەتتۇر.

4. ئىنسان قانچىلىك كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك بولۇپ كەتسۇن، ئۇنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ئاللاھ تائالانىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئالدىدا ھېچ نەرسە ئەمەس.

5. مۆجىزىلەرنى كۆرگەن ھەممىلا ئادەمنىڭ ئىمان ئېيتىشى ناتايىن. چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەنلەردىن كۆپلىرى ئىمان ئېيتمىغان.

### مۇشرىكلارغا تەھدىت ۋە تەقۋادارلارغا ۋەدە

﴿أَكُفَّارُكُمۡ خَيۡرٞ مِّنۡ أُوْلَٰٓئِكُمۡ أَمۡ لَكُم بَرَآءَةٞ فِي ٱلزُّبُرِ ٤٣ أَمۡ
يَقُولُونَ نَحۡنُ جَمِيعٞ مُّنتَصِرٞ ٤٤ سَيُهۡزَمُ ٱلۡجَمۡعُ وَيُوَلُّونَ ٱلدُّبُرَ ٤٥
بَلِ ٱلسَّاعَةُ مَوۡعِدُهُمۡ وَٱلسَّاعَةُ أَدۡهَىٰ وَأَمَرُّ ٤٦ إِنَّ ٱلۡمُجۡرِمِينَ
فِي ضَلَٰلٖ وَسُعُرٖ ٤٧ يَوۡمَ يُسۡحَبُونَ فِي ٱلنَّارِ عَلَىٰ وُجُوهِهِمۡ ذُوقُواْ
مَسَّ سَقَرَ ٤٨ إِنَّا كُلَّ شَيۡءٍ خَلَقۡنَٰهُ بِقَدَرٖ ٤٩ وَمَآ أَمۡرُنَآ إِلَّا
وَٰحِدَةٞ كَلَمۡحِۭ بِٱلۡبَصَرِ ٥٠ وَلَقَدۡ أَهۡلَكۡنَآ أَشۡيَاعَكُمۡ فَهَلۡ مِن
مُّدَّكِرٖ ٥١ وَكُلُّ شَيۡءٖ فَعَلُوهُ فِي ٱلزُّبُرِ ٥٢ وَكُلُّ صَغِيرٖ وَكَبِيرٖ
مُّسۡتَطَرٌ ٥٣ إِنَّ ٱلۡمُتَّقِينَ فِي جَنَّٰتٖ وَنَهَرٖ ٥٤ فِي مَقۡعَدِ صِدۡقٍ
عِندَ مَلِيكٖ مُّقۡتَدِرِۭ ٥٥﴾

## تەرجىمىسى

43-(ئى قۇرەيش كاپىرلىرى!) سىلەرنىڭ كاپىرلىرىڭلار ئاشۇ (ھالاك قىلىنـ-غان) لاردىن ياخشىمۇ؟ ياكى ساماۋى كىتابلاردا سىلەر ئۈچۈن (ئازابتىن) كەچۈرۈم بارمۇ؟

44-ئۇلار «بىز غالىب كەلگۈچى جامائەمىز» دەۋاتامدۇ؟

45-بۇ جامائە يېقىندا مەغلۇپ قىلىنىدۇ ۋە ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ.

46-ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇلغان (ئازابنىڭ ۋاقتى) قىيامەتتۇر. قىيامەت (كۈنىدە ئۇلار تارتىدىغان ئازاب بەدرى ئۇرۇشىدا تارتقانلىرىدىن) تېخىمۇ چوڭ ۋە تېخىمۇ قاتتىقتۇر.

47-گۇناھكارلار ھەقىقەتەن (دۇنيادا) ئازغۇنلۇقتىدۇر، (ئاخىرەتتە بولسا) دو-زاختىدۇر.

48-ئۇلار دوزاختا دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدىغان كۈندە، (ئۇلارغا) «دوزاخنىڭ قاتتىق ئازابىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ).

49-بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق.

50-(بىرەر ئىشنى ئىرادە قىلغان چېغىمىزدا) بىزنىڭ ئەمرىمىز پەقەت كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئورۇندىلىدىغان («بول!» دېگەندىن ئىبارەت) بىرلا سۆزدۇر.

51-بىز ھەقىقەتەن سىلەرگە ئوخشاش بولغانلارنى ھالاك قىلغان ئىدۇق، (ئۇ-نىڭدىن) ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟

52-ئۇلار قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى (ئۇلارنىڭ) نامە-ئەمەلدە مەۋجۇتتۇر.

53-چوڭ-كىچىك ئىشنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا يېزىلغاندۇر.

54-55- شەكسىزكى، تەقۋادارلار (جەننەتلەردىكى) باغۇ-بوستانلاردا، ئۆستەڭـ-لەرنىڭ ئەتراپىدا، قۇدرەتلىك پادىشاھ (ئاللاھ)نىڭ دەرگاھىدىكى كۆڭۈلدىكىدەك جايدا بولىدۇ.

## تەپسىرى

مەككىلىك كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى، ئۇلار ئۇنىڭ راستچىللىقىغا، بىرەر قېتىممۇ يالغان ئېيتىپ باقمىغانلىقىغا ۋە گۈزەل ئەخلاقىغا ئىشىنىدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانلىقىغا ئىشەنمىگەن ئىدى. بۇ ھەر زامان كاپىرلىرىنىڭ ئورتاق ئادىتى بولۇپ، بۇرۇنقى ئۈممەتلەردىن

چىققان كاپىرلارمۇ ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرىگە ئىشەنمىگەن، بۇ مۆجىزىلەرنى سېھىر ياكى ئەپسانە دېگەن. نەتىجىدە، ئۇلار ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ئازاب بىلەن ھالاك قىلىنغان ئىدى. ئاللاھ تائالا مەككىلىك كاپىرلارغا ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى ئاشۇ كاپىرلارنىڭ ئىبرەتلىك ئاقىۋەتلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە ئۇلارغىمۇ بۇرۇنقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازاب-ئوقۇبەتلىك كۈنلەرنىڭ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە جىددىي ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بېرىدۇ. ھەتتا ئۇلارغا «سىلەر نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭلاردىن ئىلگىرىكى كاپىرلارغا چۈشكەن ئازابلارغا ئوخشاش ئازابقا ئۇچراپ قېلىشىڭلاردىن قورقمايسىلەر؟ ياكى سىلەر ئۇلاردىن كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىكمۇ؟ سىلەرنىڭ كۇفرىلىقىڭلار ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنىڭ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ كۇفرىلىقىدىن ئازمىدى؟ ياكى سىلەرنىڭ كاپىرلىرىڭلار ئۇلاردىن ياخشىمىدى؟ ۋەياكى سىلەرنىڭ جازالانمايدىغانلىقىڭلار توغرۇلۇق قولۇڭلاردا خېتىڭلار بارمىدى؟ سىلەر قانداقمۇ بۇنچىلىك غەپلەتتە يۈرۈۋاتىسىلەر؟» دېگەن مەنىدە كۆپ قېتىم ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ ﴿بىز غالىب كەلگۈچى جامائەمىز﴾ دېگەن گۇمانىغا رەددىيە بېرىپ: ﴿بۇ جامائە يېقىندا مەغلۇپ قىلىنىدۇ ۋە ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان. مۇشرىكلارنىڭ مەغلۇپ بولۇپ قاچقانلىقى بەدرى ئۇرۇشىدا ئەمەلگە ئاشقان[1].

بەدرى ئۇرۇشىدا مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ ئارقىغا قاچقانلىقى ﴿بۇ جامائە يېقىندا مەغلۇپ قىلىنىدۇ ۋە ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ﴾ دېگەن ئايەتتە ئالدىن بېرىلگەن خەۋەرنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى ئىدى. بۇ ئايەت يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ خەۋەرلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ئايەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

مەككە كاپىرلىرىنىڭ بەدرى ئۇرۇشىدا يېڭىلىپ ئارقىغا قاچقانلىقى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بەلگىلىگەن ئازابنىڭ ھەممىسى ئەمەس ئىدى. بەلكى ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇلغان ئاساسلىق ئازاب قىيامەت كۈنىدىدۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابى دۇنيانىڭ ئازابلىرىدىن تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ قاتتىقتۇر.

---

[1] «تفسير الطبري» 22- توم، 603- بەت.

ئاللاھ تائالانىڭ كاپىرلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە جازالىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿گۇناھكارلار ھەقىقەتەن (دۇنيادا) ئازغۇنلۇقتىدۇر، (ئاخىرەتتە بولسا) دوزاختىدۇر﴾ دەيدىغان قانۇنى بار بولۇپ، ئۇ ئۆزگەرمەيدۇ. يەنى ھەقىقەتكە قارشى چىقىپ، ھەقىقەت تەرەپدارلىرىغا دۈشمەن بولۇپ، ئازغۇنلۇق ۋە جاھالەتنىڭ پاتقاقلىرىغا پاتقان گۇناھكارلار بۇ دۇنيادا شۇ ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىدىن چىقالمايدۇ، ئاخىرەتتە بولسا دوزاختا دۇم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدۇ. ئاندىن ئۇلارنى مەنىۋى جەھەتتىن ئازابلاش ۋە ھەسرەت-نادامەتكە قويۇش ئۈچۈن ﴿دوزاخنىڭ قاتتىق ئازابىنى تېتىڭلار﴾ دېيىلىدۇ.

﴿بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق﴾ يەنى كائىناتتىكى ھەربىر ئىش پەقەت بىزنىڭ تەقدىرىمىز، بىزنىڭ خاھىشىمىز ۋە بىزنىڭ ئىرادىمىز بىلەن بولغىنىدەك، ھەر نەرسە بىز بەلگىلىگەن ئۆلچەم ۋە بىز تەقدىر قىلغان رەۋىشتە مەيدانغا كېلىدۇ. زادى دۇنيادا بىزگە كېلىدىغان ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەممە ئىشنىڭ پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە تەقدىرى بىلەنلا بولىدىغانلىقىدا قىلچە شەك يوق.

بۇ ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ھەرگىزمۇ قىيىن كېلىدىغان ياكى ئېغىر تۇيۇلىدىغان ئىش ئەمەس. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئىش ئۇنىڭ «بول!» دېگەن بىرلا ئەمرى بىلەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا بولۇپ بولىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنىڭ چاقماق تېزلىكىدە ئورۇندىلىدىغانلىقىنى ۋە ئىرادىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ تېزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئى كاپىرلار! ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر ئىچىدىكى سىلەرگە ئوخشاش كاپىرلاردىن نۇرغۇنلىرىنى ھالاك قىلىپ يوقاتتۇق، ئۇلارنىڭ بۇ ئاقىۋەتلىرىدىن ئىبرەت ئالىدىغانلار يوقمۇ؟ ئۇلارنىڭ چوڭ-كىچىك بارلىق قىلمىشلىرى نامە-ئەمەل دەپتىرىگە بىر-بىرلەپ تولۇق يېزىلغان بولۇپ، ئۇلار شۇنىڭغا ئاساسەن جازاسىنى كۆرىدۇ. ﴿وَوُضِعَ ٱلْكِتَٰبُ فَتَرَى ٱلْمُجْرِمِينَ مُشْفِقِينَ مِمَّا فِيهِ وَيَقُولُونَ يَٰوَيْلَتَنَا مَالِ هَٰذَا ٱلْكِتَٰبِ لَا يُغَادِرُ صَغِيرَةً وَلَا كَبِيرَةً إِلَّآ أَحْصَىٰهَا ۚ وَوَجَدُوا۟ مَا عَمِلُوا۟ حَاضِرًا ۗ وَلَا يَظْلِمُ رَبُّكَ أَحَدًا﴾ يەنى ﴿كىشىلەرنىڭ نامە-ئەمەلى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەنلەردىن قورققانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار: «ۋاي ئىست بىزگە! بۇ قانداق كىتاب؟ چوڭ-كىچىك ھېچبىر ئىشنى چالا قويماي تولۇق خاتىرىلەپتۇغۇ؟» دەيدۇ، ئۇلار قىلغان-ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ

نامە-ئەمەلگە خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، رەببىڭ ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ﴾ [1].

يۇقىرىقىلار كاپىرلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئەھۋالى توغرۇلۇق قىسقىچە بايان بولۇپ، تۆۋەندە تەقۋادار مۆئمىنلەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ. بۇ تەرىقىدە بايان قىلىش بۇ ئىككى پىرقىنىڭ پەرقىنى ئوچۇق كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ قورقۇتۇش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسلۇبىدۇر.

ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ، يامان ئىشلاردىن ساقلانغان ۋە تەقۋادارلىق دائىرىسىدە ئىش كۆرگەن كىشىلەر جەننەتلەردىكى ئالىي دەرىجىلىك سارايلاردا، ئۆتتۈرىسىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان باغ - بوستانلاردا، ئەڭ قۇدرەتلىك پادىشاھ - ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى يۇقىرى مەرتىۋىلىك، مۆكەممەل ئورۇندا بولىدۇ.

مۇتلەق كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر ﴿فِي مَقْعَدِ صِدْقٍ عِندَ مَلِيكٍ مُّقْتَدِرٍ﴾ دېگەن ئايەتنى «بىھۇدە ئىشلاردىن ۋە گۇناھتىن خالىي مۆكەممەل ئورۇندا، ھەر نەرسىگە قادىر، ناھايىتى قۇدرەتلىك ئۇلۇغ پادىشاھ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولىدۇ»[2] دەپ تەپسىر قىلغان. خۇلاسە قىلغاندا، تەقۋادار مۆئمىنلەر ئاخىرەتتە جەننەتلەردىكى باغ - بوستانلار ئارىسىدا، ئۆستەڭلەرنىڭ ئەتراپىدا ۋە ھەممىنى ياراتقان يېگانە پادىشاھ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى بىھۇدە ئىشلار بولمايدىغان، ھېچقانداق كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرمەيدىغان، گۇناھ - مەئسىيەت سادىر بولمايدىغان، ئەڭ مۆكەممەل جايدا بولىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ، تۆزكورلۇق قىلغۇچىلارنى جازالايدۇ.

2. مېھماننى ھۆرمەتلەش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقىدۇر.

3. كۇفرىلىقنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەتتۇر.

4. «قۇرئان كەرىم»دە ئالدىن بېرىلگەن خەۋەرلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى بۇ كىتابنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

---

[1] كەھف سۈرىسى:49-ئايەت.

[2] «تفسير الطبري» 22- توم، 608- بەت.

5. قىيامەت كۈنى ھەممە خالايىقنىڭ ئۈچرىشىش ئورنىدۇر.

6. ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ.

7. بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى پەرىشتىلەرنىڭ يېزىپ تۇرىدىغانلىقى ھەق ۋە راستتۇر.

8. چوڭ-كىچىك ھەممە نەرسىنىڭ لەۋھۇلمەھفۇزدا يېزىلغانلىقى شەكسىز ھەقىقەتتۇر.

9. ئەڭ ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارنىڭ ئاقىۋىتىدۇر.

# رەھمان سۈرىسى

رەھمان سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 78 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئىمام تىرمىزى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە كېلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىگە رەھمان سۈرىسىنى بېشىدىن ئاخىرىغىچە تىلاۋەت قىلىپ بەرگەندە، ساھابىلەر جىم تۇرۇپ چىن ئىخلاسى بىلەن ئۇنىڭغا قۇلاق سالغان. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: «مەن بۇ سۈرىنى بۈگۈن كېچە جىنلارغا ئوقۇپ بەردىم، ئۇلارنىڭ ئىنكاسى سىلەرنىڭكىدىن ياخشى بولدى. چۈنكى، مەن ﴿(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟﴾ دېگەن ئايەتنى ھەر قېتىم تەكرار ئوقۇغىنىمدا، ئۇلار ‹ئى رەببىمىز! سېنىڭ نېمەتلىرىڭدىن ھېچبىرىنى ئىنكار قىلالمايمىز، بارچە مەدھىيە ساڭا خاستۇر› دېدى»[1].

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: كىشىلەرنى ئىمانغا تەرغىب قىلىش، كاپىرلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇش يولىدا ئاللاھ تائالانىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك نېمەتلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

رەھمان سۈرىسىدە ئىنسانغا ئاتا قىلىنغان نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان «قۇرئان كەرىم»دىن باشلاپ بىر قاتار نېمەتلەر بايان قىلىنغان. ئاندىن كائىناتتىكى، ئىنساننىڭ زاتىدىكى سانسىزلىغان نېمەتلەر بايان قىلىنىپ، قىيامەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ۋە دوزاخ ئەھلىنىڭ ئاخىرەتتىكى ئازاب-ئوقۇبەتلىك ئەھۋالى بايان قىلىنغان. بۇ سۈرە جەننەت ئەھلىنىڭ ئاخىرەتتىكى نازۇنېمەتلىك ۋە راھەت-پاراغەتلىك ئەھۋالىنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشقان.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿ٱلرَّحۡمَٰنُ﴾ «رەھمان» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، ﴿ٱلرَّحۡمَٰنُ﴾ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى ۋە ئۇنىڭ سۈپىتىدۇر.

[1] «سنن الترمذي» 5-توم، 399-بەت، 3291-ھەدىس.

## نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿ٱلرَّحۡمَٰنُ ۝١ عَلَّمَ ٱلۡقُرۡءَانَ ۝٢ خَلَقَ ٱلۡإِنسَٰنَ ۝٣ عَلَّمَهُ ٱلۡبَيَانَ
۝٤ ٱلشَّمۡسُ وَٱلۡقَمَرُ بِحُسۡبَانٖ ۝٥ وَٱلنَّجۡمُ وَٱلشَّجَرُ يَسۡجُدَانِ ۝٦
وَٱلسَّمَآءَ رَفَعَهَا وَوَضَعَ ٱلۡمِيزَانَ ۝٧ أَلَّا تَطۡغَوۡاْ فِي ٱلۡمِيزَانِ ۝٨
وَأَقِيمُواْ ٱلۡوَزۡنَ بِٱلۡقِسۡطِ وَلَا تُخۡسِرُواْ ٱلۡمِيزَانَ ۝٩ وَٱلۡأَرۡضَ وَضَعَهَا
لِلۡأَنَامِ ۝١٠ فِيهَا فَٰكِهَةٞ وَٱلنَّخۡلُ ذَاتُ ٱلۡأَكۡمَامِ ۝١١ وَٱلۡحَبُّ ذُو
ٱلۡعَصۡفِ وَٱلرَّيۡحَانُ ۝١٢ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ۝١٣﴾

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ2ـ رەھمان ئاللاھ قۇرئاننى بىلدۈردى،

3ـ ئىنساننى ياراتتى،

4ـ ئۇنىڭغا مەقسەتنى قانداق ئۇقتۇرۇشنى ئۆگەتتى.

5ـ كۈن بىلەن ئاي مۇئەييەن ھېساب بويىچە (ئايلىنىپ تۇرىدۇ).

6ـ ئوت-چۆپلەر ۋە دەل-دەرەخلەرمۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ.

7ـ8ـ ئاللاھ ئاسماننى ئېگىز ياراتتى. ئۆلچەمدە كەم-زىيادە قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ تارازىنى بېكىتتى.

9ـ ئۆلچەمنى ئادالەت بىلەن بەرپا قىلىڭلار، تارازىدا كەم بەرمەڭلار.

10ـ ئاللاھ زېمىننى مەخلۇقات ئۈچۈن (ياشاشقا مۇناسىپ قىلىپ) ئورۇنلاشتۇردى.

11ـ ئۇنىڭدا مېۋىلەر، بوغۇنلۇق خورما دەرەخلىرى بار،

12ـ يەنە سامىنى بار دانلىق زىرائەتلەر، خۇشبۇي ئۆسۈملۈكلەر بار.

13ـ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى

ئىنكار قىلالامسىلەر؟

### تەپسىرى

ئۆزىدە رەھىم-شەپقەت مۇجەسسەملەنگەنلىكتىن، ﴿رەھمان﴾ دېگەن سۆزنى ئۆزىنىڭ خاس ئىسىملىرىدىن ۋە گۈزەل سۈپەتلىرىدىن بىرى قىلىپ تاللىغان، بارلىق رەھىم-شەپقەتنىڭ مەنبەسى بولغان ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ تائالا ئىنسانغا «قۇرئان كەرىم»نى بىلدۈردى، ئىنساننى يوقتىن ياراتتى، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ۋە دېمەكچى بولغانلىرىنى بايان قىلىپ ئۇقتۇرۇشنى ئۆگەتتى، يەنى سۆزلەش قابىلىيىتىنى ئاتا قىلدى.

بۇ سۈرىدە، ئاللاھ تائالانىڭ بەزى نېمەتلىرى ساناپ چىقىلغان بولۇپ، بۇ نېمەتلەرنىڭ ئىچىدىن دىنىنىڭ مەنبەسى، بەخت-سائادەتنىڭ كېپىلى، ھىدايەتنىڭ يېتەكچىسى ۋە ئادالەتنىڭ مىزانى بولغان «قۇرئان كەرىم» ئالدىنقى ئورۇنغا تىزىلغان. ئاندىن ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىنساننىڭ يارىتىلىشى، ئاندىن بۇ ئىنساننىڭ باشقا جانلىقلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۆزگىچىلىكلىرىدىن بىرى بولغان سۆزلەش ۋە مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇش ئىقتىدارى تىزىلغان، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى بەزى نېمەتلىرى بايان قىلىنغان.

﴿رەھمان﴾ دېگەن بۇ ئۇلۇغ ئىسىمنىڭ ئىگىسى ئاللاھ ئىنسانغا «قۇرئان كەرىم»نى بىلدۈردى. «قۇرئان كەرىم» بولسا ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەتنىڭ مەنبەسى، ھىدايەتنىڭ يېتەكچىسى، ئىلىم-ھېكمەتنىڭ بېشى، بارچە ساماۋى كىتابلارنى تەستىقلىغۇچى، ئۇ كىتابلارنىڭ مەقسەت-غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى ئۇلۇغ كىتابتۇر. ئۇنىڭدا ھەققانىيلىق، دۇرۇسلۇق ۋە راستچىللىق ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭدا ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئىبرەتلىك قىسسىلىرى، نەپسىنى پاكلاش، مەنىۋىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئامىللىرى، بەخت-سائادەتنىڭ يوللىرى بايان قىلىنغان. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇنىڭدىكى جەۋھەرلەرنى تونۇمايدۇ.

«بۇ سۈرىدە ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ساناشتا ئىنسانغا قۇرئاننى بىلدۈرگەنلىك نېمىتىنىڭ بارلىق نېمەتلەرنىڭ بېشىغا كەلتۈرۈلگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئىنسانغا بېرىلگەن ئەڭ كاتتا نېمەت ‹قۇرئان كەرىم› نېمىتى ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق. ﴿وَيَوْمَ نَبْعَثُ

فِي كُلِّ أُمَّةٖ شَهِيدًا عَلَيۡهِم مِّنۡ أَنفُسِهِمۡۖ وَجِئۡنَا بِكَ شَهِيدًا عَلَىٰ هَٰٓؤُلَآءِۚ وَنَزَّلۡنَا عَلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ تِبۡيَٰنٗا لِّكُلِّ شَيۡءٖ وَهُدٗى وَرَحۡمَةٗ وَبُشۡرَىٰ لِلۡمُسۡلِمِينَ﴾ يەنى ﴿بىز ساڭا قۇرئاننى ھەممە نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت ۋە مۇسۇلمانلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر قىلىپ نازىل قىلدۇق﴾[1]، ﴿وَنُنَزِّلُ مِنَ ٱلۡقُرۡءَانِ مَا هُوَ شِفَآءٞ وَرَحۡمَةٞ لِّلۡمُؤۡمِنِينَ وَلَا يَزِيدُ ٱلظَّٰلِمِينَ إِلَّا خَسَارٗا﴾ يەنى ﴿بىز قۇرئاندىن مۆئمىنلەرگە شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان ئايەتلەرنى نازىل قىلىمىز. بۇ ئايەتلەر زالىملارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ﴾[2].

ئاللاھ تائالانىڭ ‹قۇرئان كەرىم›نى بىلدۈرگەنلىك نېمىتىدىن كېيىن، ئىنساننى ياراتقانلىق نېمىتى كېلىدۇ. شەكسىزكى، نەپسى خاھىشى بىلەن ئەقلى ئوتتۇرىسىدىكى زىتلىقلار ئىچىدە ئۆمۈر سۈرىدىغان، تەلەپ ۋە ئىستەكلىرى ھەر خىل بولغان، پەرىشتىلەردە بولىدىغان روھانىيلىق بىلەن ھايۋانلاردا بولىدىغان نەپسانىيەتچىلىكنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن مۇنداق بىر ئەقىللىق مەخلۇق - ئىنساننىڭ مۇشۇ شەكىلدە ۋە مۇشۇ تەركىبتە يارىتىلغانلىقى نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنساننى يارىتىپ، ئۇنىڭغا ‹قۇرئان كەرىم›نى بىلدۈرگەنلىكى ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان نېمىتىنىڭ ۋايىغا يەتكەنلىكىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى ئىدى.

توغرا، ئاللاھ تائالا بىزنى شۇنداق ئەقىل-ئىدراكلىق ۋە ھۆرمەتلىك ئىنسان قىلىپ ياراتقاندىن كېيىن، بىزگە ھىدايەتنىڭ مەنبەسى ۋە يېتەكچىسى بولغان ‹قۇرئان كەرىم›نى بىلدۈردى، كۆڭلىمىزدە ئويلىغانلىرىمىزنى سۆز بىلەن ئوچۇق ئۇقتۇرالايدىغان ئىقتىدارنى ئاتا قىلدى. شۇڭا مۇپەسسىرلەرنىڭ ئايەتتىكى﴿ٱلۡبَيَانَ﴾ دېگەن كەلىمىنى ھالال-ھارامنى ئايرىش، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلارنى بىلىش، ھىدايەت ۋە زالالەتنى پەرق ئېتىش، ھەممە نەرسىنىڭ نامىنى بىلىش ۋە مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇش ئىقتىدارى دېگەنگە ئوخشاش ھەرخىل مەنىلەردە تەپسىر قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ھەقىقەت شۇكى، ﴿ٱلۡبَيَانَ﴾ دېگەن كەلىمە بۇ دېيىلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، سۆزلەش ئىقتىدارى ئىنساننى باشقا جانلىقلاردىن پەرقلىق قىلغان نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىكىدۇر.

---

[1] نەھل سۈرىسى:89-ئايەت.

[2] ئىسرا سۈرىسى:82-ئايەت.

قۇياش، ئاي ۋە باشقا سەييارىلەر مۇئەييەن ھېساب ۋە مۇكەممەل نىزام بويىچە ئايلىنىپ تۇرىدۇ. قۇياشنىڭ ئايغا يېتىشىۋېلىشى ياكى ئاينىڭ قۇياشتىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئوربىتىسىدا ئىنتىزاملىق ھالدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ. قۇياش بىلەن ئاي ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان ئەڭ كاتتا دەلىللەردىن سانىلىدۇ، بۇ ئىككىسى ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرى بولۇپ، قۇياش ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق بېرىدۇ، ئاي ۋاقىتنى ھېسابلاشنىڭ ئاساسىدۇر. زېمىندىن چىقىپ، يەردە يېيىلىپ ياتىدىغان ئوت-چۆپ قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ئۆزىنىڭ غولىغا تايىنىپ يۇقىرىغا قاراپ ئۆسىدىغان زىرائەتلەر ۋە دەل-دەرەخلەر ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ ۋە ئۇنىڭ خاھىشى بويىچە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئاسماننى تۈۋرۈكسىز ۋە ئېگىز ياراتتى، يەر يۈزىدە ئادالەتنى بېكىتىپ بەندىلىرىنى ئادالەتلىك بولۇشقا، زۇلۇم قىلماسلىققا بۇيرۇدى، يەنە ئىنسانلار ئۆلچەمدە كەم-زىيادە قىلىپ، بىر-بىرىگە زىيان يەتكۈزمىسۇن دەپ، تارازىنى بېكىتتى»[1].

مۇپەسسىرلەر ﴿وَوَضَعَ ٱلۡمِيزَانَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، پېشقەدەم مۇپەسسىرلەردىن قەتادە، سۇددىي، مۇجاھىد قاتارلىقلار «ئاللاھ ئادالەتنى بېكىتتى» دەپ مەنە ئېيتقان. ھەسەن، زەھھاك قاتارلىقلار «ئاللاھ تارازىنى بېكىتتى» دەپ مەنە ئېيتقان. تەبەرىي، بەغەۋىي، قۇرتۇبىي، مۇيەسسەر قاتارلىق تەپسىرلەردە ئايەت ئادالەت مەنىسىدە تەپسىر قىلىنغان. ئەللامە تەبەرىي ﴿أَلَّا تَطۡغَوۡاْ فِي ٱلۡمِيزَانِ﴾ دېگەن ئايەتنى «تارازىدا ناھەقچىلىك قىلماڭلار، كەم تارتىپ بەرمەڭلار»[2] دەپ تەپسىر قىلغان.

ئەللامە ئابدۇراھمان سەئدىي بۇ ئايەت توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئادالەتنى بېكىتىپ، ئۇلارنى ئىش-ھەرىكەتتە، گەپ سۆزدە ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرۇدى. بۇ ئايەتتىكى ﴿ٱلۡمِيزَانِ﴾ دېگەن سۆز بىز بىلىدىغان تارازىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆلچەم، تارازا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كەڭ مەنىدىكى ئۆلچەمنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ ئۆلچەمدە ئادالەتنى تەلەپ قىلىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھەقچىلىككە يول قويماسلىق، دەۋا ئىشلىرىنى لىللا ھەل قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئادالەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ﴿أَلَّا تَطۡغَوۡاْ فِي ٱلۡمِيزَانِ﴾

---

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 580- بەت.

[2] «تفسير الطبري» 23-توم، 15-بەت.

يەنى سىلەرنىڭ ئادالەتتىن چەتنەپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئادالەتنى چۈشۈردى. چۈنكى، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش سىلەرنىڭ ئەقلىڭلار بىلەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە چاتاق چىقاتتى ۋە ئاسمان-زېمىندا بۇزغۇنچىلىق يۈز بەرگەن بولاتتى»[1].

ئى ئىنسانلار! ئاراڭلاردا ئادالەتسىزلىك قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن، بىر-بىرىڭلارغا زۇلۇم قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۆلچەمدە كەم-زىيادە قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدە ئادالەتنى بېكىتتى، تارازىنى بەلگىلىدى. شۇڭا سىلەر ھېچكىمگە زۇلۇم قىلماڭلار، ھېچقانداق ئىشتا ئادالەتسىزلىك قىلماڭلار، ئۆلچەمدە ئادالەتلىك بولۇڭلار، تارازىدا كەم بەرمەڭلار. ئاللاھ تائالا زېمىننى مەخلۇقاتنىڭ ماكانلىشىشى ۋە ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن مۇناسىپ قىلىپ كەڭرى يارىتىپ بەردى، ئۇلار شۇ زېمىندا ماكانلىشىدۇ ۋە شۇ زېمىندا ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. زېمىندا ھەر تۈرلۈك مېۋىلەر بار، ئۇنىڭدا بوغۇنلۇق خورما دەرەخلىرى، ياپراقلىق زىرائەتلەر، خۇشبۇي ئۆسۈملۈكلەر بار. گويا ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، ئى ئىنسانلار! رەببىڭلار سىلەر ئۈچۈن يەر يۈزىدە ئالما، ئانار، ئۈزۈم، ئامۇت، ئەنجۈر قاتارلىق ھەر تۈرلۈك ۋە ھەر خىل تەملىك مېۋىلەرنى، خۇشسۈپەت خورمىلىرى بوغۇم-بوغۇم بولۇپ ساڭگىلاپ تۇرىدىغان خورما دەرەخلىرىنى، زىغىر، ئارپا، بۇغداي، گۈرۈچكە ئوخشىغان سامىنى بار دانلىق زىرائەتلەرنى يارىتىپ بەردى. ئى ئىنسانلار! جىنلار! ئەمدى، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، سىلەر رەببىڭلارنىڭ بۇنچە كۆپ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟ بۇ نېمەتلەرنىڭ قايسىبىرىنى يالغان دېيەلەيسىلەر؟ قايسىبىرىگە تېنىۋالالايسىلەر؟ نېمەتنى ئىنكار قىلىش دېگەن ئۆزى مەنپەئەتلىنىۋاتقان ياخشىلىقلارنى نېمەت دەپ تونۇماسلىق ياكى تونۇغان تەقدىردىمۇ، شۇ نېمەتنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىق دېگەنلىكتۇر. ئايەتتە نېمەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ بۇ ئىنكارىنى «كِذْبٌ» يەنى (يالغان) دېگەن سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن ﴿تُكَذِّبَانِ﴾ دېگەن كەلىمە بىلەن ئىپادىلەشتىكى ھېكمەت شۇكى، ھەرقانداق بىر نېمەتنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق بىر ھەقىقەتتۇر، بۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش خۇددى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بىر نەرسىنى ئۇ ئەمەس دەپ تۇرۇۋالغانغا ئوخشاشلا بىر ئىشتۇر.

[1] «تيسر الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان» 840- بەت.

بەلكى بەزىلەر سورىشى مۇمكىن: بۇ سۈرىدە ﴿(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەكرارلىنىشىدىكى سەۋەب نېمە؟ جاۋاب بېرىپ دەيمىزكى، بىر خىل سۆزنى قايتا-قايتا تەكىتلەش مەلۇم بىر ھەقىقەتنى ئىقرار قىلدۇرۇشنىڭ ئۇسۇلىدۇر. بۇ يەردىكى تەكراردىن مەقسەت ئىنسانلار بىلەن جىنلارغا بۇ سانىسىزلىغان نېمەتلەرنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە قانداقلا بىر نېمەتنى بايان قىلغاندىن كېيىنلا ئۇنى ئېتىراپ قىلمىغانلارغا مەزكۇر ئايەت بىلەن كايىغان. بۇ ئۇسلۇب ئەرەبلەر شېئىر ۋە نەسر قاتارلىق ئەدەبىيات ساھەلىرىدىمۇ كەڭ قوللىنىپ كەلگەن ئۇسلۇبتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «رەھمان» ئاللاھ تائالانىڭ خاس ئىسىملىرىدىن بىرى بولۇپ، «ئاللاھ» دېگەن ئىسىمغا ئوخشاشتۇر. بۇ ئىسىم ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇ ئىسىم ئىنسانلارغا قويۇلغاندا، ئۇنىڭ ئالدىغا «ئابدۇ» يەنى (بەندىسى) دېگەن سۆز قوشۇپ قويۇلىدۇ، مەسىلەن: «ئابدۇ رەھمان» يەنى (رەھمان ئاللاھنىڭ بەندىسى) دېگەنگە ئوخشاش.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خَيْرُكُمْ مَنْ تَعَلَّمَ الْقُرْآنَ وَعَلَّمَهُ» يەنى «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

3. ھەربىر ئىشتا ئادالەتنى بەرپا قىلىش، ئادالەتلىك ئىش قىلىش ۋە ئىلىم-سېتىم ئىشلىرىدا تارازىنى دۇرۇس تۇتۇش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزدۇر.

4. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن پەرزدۇر.

5. ئاسترونومىيە ئىلمىنى ئوقۇشمۇ خۇددى باشقا ئىلىم-پەنلەرنى ئۆگىنىشكە ئوخشاشلا پەرز كىفايە (يەنى مەلۇم كىشىلەرنىڭ ئورۇندىشى ئارقىلىق باشقىلاردىن ساقىت بولىدىغان پەرز) دۇر.

[1] «صحيح البخاري» 6-توم، 192-بەت، 5027-ھەدىس.

### ئاللاھ تائالانىڭ بىر قىسىم نېمەتلىرى

﴿خَلَقَ ٱلۡإِنسَٰنَ مِن صَلۡصَٰلٖ كَٱلۡفَخَّارِ ١٤ وَخَلَقَ ٱلۡجَآنَّ مِن مَّارِجٖ
مِّن نَّارٖ ١٥ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ١٦ رَبُّ ٱلۡمَشۡرِقَيۡنِ وَرَبُّ
ٱلۡمَغۡرِبَيۡنِ ١٧ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ١٨ مَرَجَ ٱلۡبَحۡرَيۡنِ
يَلۡتَقِيَانِ ١٩ بَيۡنَهُمَا بَرۡزَخٞ لَّا يَبۡغِيَانِ ٢٠ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا
تُكَذِّبَانِ ٢١ يَخۡرُجُ مِنۡهُمَا ٱللُّؤۡلُؤُ وَٱلۡمَرۡجَانُ ٢٢ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ
رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ٢٣ وَلَهُ ٱلۡجَوَارِ ٱلۡمُنشَـَٔاتُ فِي ٱلۡبَحۡرِ كَٱلۡأَعۡلَٰمِ
٢٤ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ٢٥ كُلُّ مَنۡ عَلَيۡهَا فَانٖ ٢٦
وَيَبۡقَىٰ وَجۡهُ رَبِّكَ ذُو ٱلۡجَلَٰلِ وَٱلۡإِكۡرَامِ ٢٧ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا
تُكَذِّبَانِ ٢٨﴾

### تەرجىمىسى

14ـ ئاللاھ ئىنساننى (چەكسە ئاۋاز چىقىدىغان) ساپالدەك قۇرۇغان قارا لايدىن ياراتتى.

15ـ جىنلارنى ئوتنىڭ يالقۇنىدىن ياراتتى.

16ـ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

17ـ ئۇ ئىككى مەشرىقنىڭ ۋە ئىككى مەغرىب (يەنى ياز ۋە قىشتا قۇياش بىلەن ئاي كۆرۈنىدىغان ۋە ئولتۇرىدىغان جاي)نىڭ رەببىدۇر.

18ـ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

19ـ ئۇ ئىككى دېڭىزنى ئاققۇزدى، ئۇلار ئۇچرىشىدۇ.

20ـ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توسۇق بولغاچقا، بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ.

21ـ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

22ـ ئۇ ئىككى دېڭىزدىن مەرۋايىت بىلەن مارجان چىقىدۇ.

23-(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

24-دېڭىزلاردا قاتناۋاتقان تاغدەك كېمىلەر ئاللاھنىڭدۇر.

25-(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

26-يەرنىڭ ئۈستىدىكى ھەركىم (ۋە ھەممە نەرسە) يوقالغۇچىدۇر.

27-ئەڭ بۈيۈك ۋە كەرەملىك رەببىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ.

28-(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانغا ئۆزى يارىتىلغان ئەسلى ماددىنى خاتىرىلەتكەنلىكى ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان كاتتا نېمەتلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ ئىنساننىڭ ئۆزىنى بىلىشى ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ئىش كۆرۈشى ئۈچۈندۇر.

«قۇرئان كەرىم» دەيدۇكى، ﴿ئاللاھ ئىنساننى (چەكسە) ئاۋاز چىققۇدەك قۇرۇغان قارا لايدىن ياراتتى﴾ . يەنە باشقا ئايەتلەردە: ﴿فَٱسۡتَفۡتِهِمۡ أَهُمۡ أَشَدُّ خَلۡقًا أَم مَّنۡ خَلَقۡنَآۚ إِنَّا خَلَقۡنَٰهُم مِّن طِينٖ لَّازِبِۭ﴾ يەنى ﴿بىز ئۇلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئادەمنى) يېپىشقاق لايدىن ياراتتۇق﴾[1]، ﴿وَلَقَدۡ خَلَقۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ مِن صَلۡصَٰلٖ مِّنۡ حَمَإٖ مَّسۡنُونٖ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بىز ئىنساننى (چەكسە) ئاۋاز چىققۇدەك قۇرۇغان قارا لايدىن ياراتتۇق﴾[2] دېگەن. بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىنساننىڭ تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقى بايان قىلىنغان. يەنى ئادەمنىڭ شەكىلگە كىرگۈزۈلۈشىدە زېمىننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن بىر سىقىمدىن تۇپراق ئېلىنغان، ئاندىن ئۇ تۇپراق سۇ بىلەن يۇغۇرۇلۇپ خىش ھالىغا كەلتۈرۈلگەن، ئاندىن ئۇ قۇرۇپ خۇددى ساپالدەك قاتتىق ھالغا كەلگەن، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان دېگەن مەخلۇق مەيدانغا كەلگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بىز ئادەم بالىلىرى قۇرۇغان قارا لايدىن يارىتىلدۇق. بىزنىڭ ماددىي تەركىبىمىز تۇپراقتىن، روھىمىز ئاللاھ تائالادىندۇر. بىز دۇنيا مەنپەئەتىنىڭ قىزىقتۇرۇشى، يات جىنسىتىكىلەرنىڭ مەپتۇن

---

[1] ساففات سۈرىسى:11-ئايەت.

[2] ھىجر سۈرىسى:26-ئايەت.

قىلىشى ۋە نەپسىمىزنىڭ تەلەپلىرى ئالدىدا ئۆزىمىزنى يىغالمايدىغان ۋە بەزىدە ئەقلىمىزگە ئىگە بولالمايدىغان دەرىجىدە ئاجىز يارىتىلغانمىز. ئاللاھ تائالا بىزنىڭ خاراكتېرىمىزنى ﴿وَخُلِقَ ٱلۡإِنسَٰنُ ضَعِيفًا﴾ يەنى ﴿ئىنسان ئاجىز يارىتىلغان﴾ [1] دېگەن بىر ئايەت بىلەنلا ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى ئىنسانلار! ئۆزۈڭلارنى تونۇۋېلىڭلار، ئا-جىزلىقىڭلارنى بىلىۋېلىڭلار، سىلەردە روھنىڭ تۆرتكىلىرىدىن بولغان ئېسىل پەزىلەتلەر غەلىبە قىلىپ، نەپسىنىڭ تۆرتكىلىرىدىن بولغان ئاچكۆزلۈك، مەنمەنچىلىك قاتارلىق رەزىللىكلەر مەغلۇپ بولسۇن. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سىلەرنى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىڭلار، ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرمەڭلار. چۈنكى، شەيتان ئوت يالقۇنىدىن يا-رىتىلغان مەخلۇق بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ تەبىئىتىمۇ مۇتەكەببىرلىك ۋە ئىسيانكارلىق بىلەن تولغان. خۇددى ئوت يالقۇنى مەغرۇرلۇق بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلىگىنىدەك، شەيتانمۇ ئۆزىنىڭ مۇتەكەببىرلىكى ۋە مەغرۇرلۇقى بىلەن سىلەرگە ئۈستۈن بولۇش ۋە شۇ ئارقىلىق سىلەرنى ھەق يولدىن ئازدۇرۇپ ئۆزىنىڭ يولىغا ئەگەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، خۇددى ئوت يالقۇنى ئۆزىگە يېقىنلاشقانلارنى زىيانغا ئۇچراتقاندەك شەيتانمۇ ئۆزىدىن يىراق تۇرمىغانلارنى ئازدۇرۇپ كېتىش بىلەن زىيانغا ئۇچرىتىدىغان مەخلۇقتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرمەڭلار، توغرا يولدا تۈپتۈز مېڭىڭلار. مانا بۇ بايانلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

ئاللاھ تائالا مەشرىقلەرنىڭ ۋە مەغرىبلەرنىڭ يەنى ياز ۋە قىش كۈنلىرىدە قۇياشنىڭ چىقىدىغان ۋە پاتىدىغان پەرقلىق جايلىرىنىڭ رەببىدۇر. چۈنكى، قۇياش يازدا باشقا جايدىن چىقىپ باشقا جايغا، قىشتا باشقا جايدىن چىقىپ باشقا جايغا پاتىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۆزىنى ﴿ئىككى مەشرىق بىلەن ئىككى مەغرىبنىڭ رەببى﴾ دەپ سۈپەتلىگەن. چۈنكى، قۇياش يازدا بىر ئورۇندىن چىقسا، قىشتا باشقا بىر ئورۇندىن چىقىدۇ، پاتقاندىمۇ شۇنداق. يەنى قۇياش شىمالى تىروپىك سىزىقى تەرىپىدىن چىققىنىدا، ياز يەرشارىنىڭ شىمالي يېرىمىدا بولغان بولىدۇ، قۇياش جەنۇبى تىروپىك سىزىقى تەرىپىدىن چىققىنىدا، ياز جەنۇبتا، قىش

---

[1] نىسا سۈرىسى:28-ئايەت.

شىمالدا بولغان بولىدۇ. شەكسىزكى، قۇياشنىڭ چىقىدىغان ۋە پاتىدىغان ئورۇنلىرى ۋە ئۇنىڭ بىر تىروپىك سىزىقىدىن يەنە بىر تىروپىك سىزىقىغا يۆتكىلىشى بىزگە ئاتا قىلىنغان كاتتا نېمەتلەردىن سانىلىدۇ. چۈنكى، قۇياش ئەگەر بىرلا ئورۇندىن چىقىپ، يەنە بىرلا ئورۇندىن پاتىدىغان بولسا ئىدى، كائىناتنىڭ نىزامى بۇزۇلغان بولاتتى، ياز ۋە قىشنىڭ زىرائەتلىرى نابۇت بولغان بولاتتى. ئاللاھ تائالا يەنە: ﴿فَلَآ أُقۡسِمُ بِرَبِّ ٱلۡمَشَٰرِقِ وَٱلۡمَغَٰرِبِ إِنَّا لَقَٰدِرُونَ﴾ يەنى ﴿مەشرىقلارنىڭ ۋە مەغرىبلەرنىڭ رەببى (بولغان ئاللاھ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى﴾[1] دېگەن سۆزىدە «مەشرىقلار ۋە مەغرىبلەر» دەپ كۆپلۈك شەكلىنى كەلتۈرگەن. چۈنكى، بىر يىل ئىچىدە قۇياش چىقىدىغان ۋە پاتىدىغان 360 ئورۇن بولۇپ، قۇياش ھەر كۈنى ئايرىم بىر ئورۇندىن چىقىپ، يەنە ئايرىم بىر ئورۇنغا پاتىدۇ. قۇياش بىر قېتىم چىققان ۋە پاتقان ئورۇنلىرىغا پەقەت بىر يىلدىن كېيىنلا يەنە بىر قېتىم قايتىپ كېلىدۇ. شۇڭا ئايەتتە ﴿مەشرىقلارنىڭ ۋە مەغرىبلەرنىڭ﴾ يەنى قۇياش چىقىدىغان ۋە قۇياش پاتىدىغان ئورۇنلارنىڭ دەپ كەلگەن. «زېمىننىڭ ئايلىنىشى سەۋەبلىك قۇياشنىڭ چىقىدىغان ۋە پاتىدىغان ئورۇنلىرى شۇنداق پەرقلىق بولىدۇ. زېمىن ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدۇ، ئۇ يەنە ئەينى ۋاقىتتا قۇياشنىڭ ئەتراپىدىمۇ ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزگە قۇياش ئايلانغاندەك كۆرۈنىدۇ. ھەقىقەتتە زېمىن ئۆز ئوقىدا يىگىرمە تۆت سائەتتە بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ، سائىتىگە مىڭ مىل (1600 كىلومېتىر)، قۇياشنىڭ ئەتراپىدا سائىتىگە ئاتمىش مىڭ مىل (90 مىڭ كىلومېتىر) تېزلىكتە ئايلىنىدۇ. زېمىننىڭ شۇنداق ئايلىنىشى سەۋەبلىك بىزگە قۇياش ئايلىنىۋاتقاندەك، قۇياش كۈنچىقىش تەرەپتىن كۈنپېتىش تەرەپكە يۆتكەلگەندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە ئايلانغىنى قۇياش ئەمەس، بەلكى زېمىندۇر»[2]. دېمەك، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن زېمىننى ۋە قۇياشنى ئەنە شۇنداق بويسۇندۇرغان ۋە زېمىننى شۇنداق ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق قوياشنىڭ چىقىش ۋە پېتىش ئورۇنلىرىنى شۇنداق بەلگىلىگەن. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

ئىككى دېڭىزنى بىر-بىرىگە يېقىن ئاقتۇرىدىغان ۋە بۇ ئىككىسى بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىدىغان تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەيدىغان توساقنى بېكىتكەن زات ئاللاھ تائالادۇر.

---

[1] مەئارىج سۈرىسى:40- ئايەت.

[2] «موسوعة التابليسي» تفسير سورة الرحمن.

مۇپەسسىرلەر ئومۇمەن ﴿مَرَجَ ٱلْبَحْرَيْنِ يَلْتَقِيَانِ﴾ ﴿ئۇ ئىككى دېڭىزنى ئاققۇزدى، ئۇلار ئۇچرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توسۇق بولغاچقا، بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى فۇرقان سۈرىسىدىكى ﴿وَهُوَ ٱلَّذِى مَرَجَ ٱلْبَحْرَيْنِ هَٰذَا عَذْبٌ فُرَاتٌ وَهَٰذَا مِلْحٌ أُجَاجٌ وَجَعَلَ بَيْنَهُمَا بَرْزَخًا وَحِجْرًا مَّحْجُورًا﴾ يەنى ﴿ئاللاھ بىرى بەك تاتلىق، بىرى بەك تۇزلۇق بولغان ئىككى دېڭىزنى بىر-بىرىگە تۇتىشاڭغۇ قىلىپ قويۇۋەتكەن ۋە (ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (كۆرۈنمەيدىغان) توسۇق ۋە مۇستەھكەم پاسىل بەرپا قىلغان زاتتۇر﴾[1] دېگەن ئايەتكە ئاساسلىنىپ تەپسىر قىلغان ۋە بۇ سۈرىدىكى ﴿الْبَحْرَيْنِ﴾ دېگەن سۆزنىمۇ فۇرقان سۈرىسىدىكىگە ئوخشاشلا «بىرى تاتلىق بىرى ئاچچىق ئىككى دېڭىز» دەپ تەپسىر قىلغان. سۈيى تاتلىق بولغىنى دەريا، سۈيى ئاچچىق بولغىنى دېڭىز ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئەمما مۇپەسسىرلەر دەيدۇكى، دەريا بىلەن دېڭىزنىڭ «ئىككى دېڭىز» دەپ ئاتىلىشى ئەرەب تىلىدىكى «التغليب» يەنى (بىرىنى يەنە بىرىگە كىرگۈزۈپ ئىپادىلەش) دەيدىغان قائىدىگە ئاساسەن ئاتالغان، مەسىلەن: ﴿كَمَآ أَخْرَجَ أَبَوَيْكُم مِّنَ ٱلْجَنَّةِ﴾ ﴿شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا-ئاناڭلارنى (ئازدۇرۇپ) جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك﴾[2] دېگەن ئايەتتە «ئاتا-ئاناڭلارنى» دېگەن سۆز «أَبَوَيْكُم» يەنى لۇغەت ئېتىبارى بىلەن «ئىككى ئاتاڭلارنى» دەپ كەلتۈرۈلگەن. ھالبۇكى، ئىنساننىڭ بىرلا ئاتىسى بولىدۇ. ئەمما بۇ يەردە بىرىنى يەنە بىرىگە كىرگۈزۈپ بايان قىلىش ئۇسۇلى بويىچە شۇنداق كەلگەن.

ئەمما ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرى دېڭىز، دەريالار ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلارغا ئاساسلىنىپ، بۇ سۈرىدىكى ﴿ٱلْبَحْرَيْنِ﴾ دېگەن سۆزدىن دەريا بىلەن دېڭىز مەقسەت قىلىنمايدۇ، بەلكى ئىككى دېڭىز كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتا دۇنياغا تونۇلغان مەشھۇر ئالىم دوكتور زەغلۇل نەججار[3] مۇنداق دېگەن: «رەھمان سۈرىسىدە كەلگەن ﴿ٱلْبَحْرَيْنِ﴾ دېگەن سۆزدىن دەريا بىلەن دېڭىز ئەمەس، بەلكى ئىككى دېڭىز مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ داۋامىدىكى ﴿يَخْرُجُ مِنْهُمَا ٱللُّؤْلُؤُ وَٱلْمَرْجَانُ﴾ يەنى ﴿ئۇ ئىككى دېڭىزدىن

[1] فۇرقان سۈرىسى:53- ئايەت.
[2] ئەئراف سۈرىسى:27- ئايەت.
[3] دوكتور زەغلۇل نەججار - 1933- يىلى مىسىردا تۇغۇلغان، مەشھۇر بىئولوگىيە تەتقىقاتچىسى ۋە دەۋەتچى ئالىم.

مەرۋايىت بىلەن مارجان چىقىدۇ﴾ دېگەن ئايەت بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ. چۈنكى، مەرۋايىت بىلەن مارجان پەقەت دېڭىزدىنلا چىقىدۇ، بۇ ئىككىسى دەريالاردىن چىقمايدۇ»[1].

ئۆتمۈشلەردە كېمىلەر ئىنسانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ يۈكلىرىنى توشۇش رولىنى ئوينايتتى. ئەگەر ئاللاھ تائالا دېڭىزلارنى ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان قىلماستىن، تۇرغۇن قىلىپ قويغان بولسا ئىدى، بۇ كېمىلەر ماڭالمىغان بولاتتى. بۇمۇ ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىدىن بىرىدۇر. زامانىمىزدا كۆرۈۋاتىمىزكى، دېڭىزلاردا تاغدەك ئېگىز پاراخوتلار دۆلەتلەر ۋە قىتئەلەر ئارىسىدا قاتناپ يۈرۈش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ رىزقىنى ۋە ھەر خىل ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىنى توشۇيدۇ. ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ كۆپ يۈكلەرنى توشۇيدىغان قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ بىرى پاراخوت بولۇپ، پاراخوتلار نەچچە ئون مىڭ توننا ئېغىرلىقتىكى يۈكلەرنى كۆتۈرۈپ سۇ ئۈستىدە يۈرىدۇ. بۇمۇ ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىدىن بىر نېمەتتۇر. چۈنكى، چوڭ تىپتىكى پاراخوتلارنىڭ ۋە ئادەتتىكى كېمىلەرنىڭ سۇ ئۈستىدە تىنچ-ئامان يۈرۈشى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ۋە ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئىلىم-مەرىپەتنىڭ نەتىجىسىدۇر. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈمنى ياراتقان زات ئاللاھ تائالادۇر. ھاياتلىقنىڭ نېمەت ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئەمما ئۆلۈممۇ نېمەتمۇ؟ ھەئە، ئۆلۈم ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان ۋە ھاياتىنى ئۇنىڭ يولىدا يۈرۈشكە ئاتىغان كىشىلەر ئۈچۈن نېمەتتۇر. چۈنكى، ئۇلار ئۆلۈم ئارقىلىق جاپا-مۇشەققەتلىك دۇنيادىن ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك ۋە نازۇ-نېمەتلىك ئالەمگە يۆتكەلگەن بولىدۇ. دېمەككى، ئۆلۈم ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ چوڭ نېمەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا مەڭگۈلۈك ھاياتنى پەقەت ئۆزىگىلا پۈتكەن. چۈنكى، بارلىق جانلىقلار ئۆلۈپ تۈگىگەندىن كېيىنمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغۇچى پەقەت ئاللاھ تائالادۇر. ئاخىر ھەممە ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا بارىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا بۇ دۇنيادىكى ياخشى-يامان بارلىق ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھاياتى مەڭگۈلۈك ھايات بولۇپ، ئۇ مەڭگۈگە شۇنداق داۋام قىلىدۇ. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

---

[1] دوكتۇر زەغلۇل نەججارنىڭ «تفسير سورة الرحمن» ناملىق تور دەرسىدىن.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسانىنىڭ تۇپراقتىن، جىنلارنىڭ ئوت يالقۇنىدىن ۋە پەرىشتىلەرنىڭ نۇردىن يارىتىلغانلىقى شەكسىز ھەقىقەتتۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە ۋە ئىنئاملىرىغا شۈكۈر قىلىش ھەربىر ئىنساننىڭ بۇرچىدۇر.

3. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممە يوق بولغۇچىدۇر.

## قىيامەت كۈنىدىكى ئىلاھىي نېمەتلەر

﴿يَسْـَٔلُهُۥ مَن فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ كُلَّ يَوْمٍ هُوَ فِى شَأْنٍ ﴿٢٩﴾ فَبِأَىِّ
ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٣٠﴾ سَنَفْرُغُ لَكُمْ أَيُّهَ ٱلثَّقَلَانِ ﴿٣١﴾ فَبِأَىِّ
ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٣٢﴾ يَٰمَعْشَرَ ٱلْجِنِّ وَٱلْإِنسِ إِنِ ٱسْتَطَعْتُمْ
أَن تَنفُذُوا۟ مِنْ أَقْطَارِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ فَٱنفُذُوا۟ ۚ لَا تَنفُذُونَ إِلَّا
بِسُلْطَٰنٍ ﴿٣٣﴾ فَبِأَىِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٣٤﴾ يُرْسَلُ عَلَيْكُمَا شُوَاظٌ
مِّن نَّارٍ وَنُحَاسٌ فَلَا تَنتَصِرَانِ ﴿٣٥﴾ فَبِأَىِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٣٦﴾
فَإِذَا ٱنشَقَّتِ ٱلسَّمَآءُ فَكَانَتْ وَرْدَةً كَٱلدِّهَانِ ﴿٣٧﴾ فَبِأَىِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا
تُكَذِّبَانِ ﴿٣٨﴾ فَيَوْمَئِذٍ لَّا يُسْـَٔلُ عَن ذَنۢبِهِۦٓ إِنسٌ وَلَا جَآنٌّ ﴿٣٩﴾ فَبِأَىِّ
ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٤٠﴾ يُعْرَفُ ٱلْمُجْرِمُونَ بِسِيمَٰهُمْ فَيُؤْخَذُ
بِٱلنَّوَٰصِى وَٱلْأَقْدَامِ ﴿٤١﴾ فَبِأَىِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٤٢﴾ هَٰذِهِۦ
جَهَنَّمُ ٱلَّتِى يُكَذِّبُ بِهَا ٱلْمُجْرِمُونَ ﴿٤٣﴾ يَطُوفُونَ بَيْنَهَا وَبَيْنَ حَمِيمٍ
ءَانٍ ﴿٤٤﴾ فَبِأَىِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٤٥﴾﴾

## تەرجىمىسى

**29**-ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە مەۋجۇدات ئاللاھتىن (ھاجەتلىرىنى) تىلەيدۇ، ئاللاھ ھەر ۋاقىت (ئۆزىنىڭ رەب سۈپىتىنى نامايان قىلىدىغان) بىر ئىش بىلەن بولۇپ تۇرىدۇ.

30ـ(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

31ـئى ئىنسانلار ۋە جىنلار جامائەسى! (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) سىلەرگە يۈزلىنىمىز.

32ـ(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

33ـئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! ئەگەر سىلەر ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ چېگرالىرىدىن ئۆتۈپ كېتەلىسەڭلار، ئۆتۈپ كېتىڭلار، (ئالاھىدە بىر) قۇدرەت بولمىغۇچە سىلەر ئۆتۈپ كېتەلمەيسىلەر (سىلەرگە نەدە ئۇنداق قۇدرەت؟).

34ـ(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

35ـسىلەرگە قىزىق ئوتنىڭ يالقۇنى ۋە تۈتۈنى ئەۋەتىلىدۇ، ئۇ چاغدا سىلەر ئۆزۈڭلارنى قوغدىيالمايسىلەر.

36ـ(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

37ـئۇ چاغدا ئاسمان يېرىلىپ، (قىزىتىلغان) ياغدەك بولۇپ، قىزىلگۈل رەڭگىگە كىرىپ قالىدۇ.

38ـ(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

39ـ(گۇناھكارلارنىڭ ئالاھىدە ئالامەتلىرى بولغانلىقتىن) بۇ كۈندە ئىنسان ۋە جىننىڭ (گۇناھكارلىرىدىن) ھېچبىرى ئۆزىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا سوراق قىلىنمايدۇ.

40ـ(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

41ـگۇناھكارلار ئۆزىنىڭ (قارايغان) بەلگىلىرىدىن تونۇلىدۇ، ئۇلار كوكۇ-لىسىدىن ۋە پۇتلىرىدىن تۇتۇلىدۇ (ۋە جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ).

42ـ(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

43ـ مانا بۇ، گۇناھكارلار ئىنكار قىلىپ كەلگەن جەھەننەمدۇر (دېيىلىدۇ).

44ـ ئۇلار دوزاختا قايناپ تۇرغان سۇ بىلەن ئوت ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ.

45ـ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا مەۋجۇتلۇقنىڭ مەنبەسى ۋە ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. ھەممە ئۇنىڭدىن كەلگەن ۋە يەنە ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ھاجەتلىرىنى تىلى بىلەن ياكى ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن ئاللاھ تائالادىن تىلەيدۇ، ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى بىلەن يۈرىدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بىر دەقىقە تاشلىۋېتىدىغان بولسا، كائىناتنىڭ نىزامى بۇزۇلىدۇ. مۆئمىنلەر ئۆزلىرىنىڭ ھاجەتلىرىنى ئاللاھ تائالادىن تىلەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالادىن باشقا ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى ۋە دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلار يەنە ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت، رەھمەت ۋە رىزىق تىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا ھەر لەھزىدە ۋە ھەر دەقىقىدە مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىدىن بىرەر ئىش بىلەن بولىدۇ. يەنى تىلىگەنلەرگە تىلىگەنلىرىنى بېرىش، يارىتىش، تەقدىر قىلىش، بەندىلىرىنى پەرۋىش قىلىش ۋە ئەجىلى توشقانلارنىڭ جېنىنى ئېلىش، بىرلىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈش، يەنە بىرلىرىنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش دېگەندەك ئۇلارنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولىدۇ. قىسقىسى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىشلىرىنى ساناپ بولغىلى بولمىغاندەك، بۇ ئىشلارنى سۈپەتلەپ بەرگىلىمۇ بولمايدۇ. ئالەملەرنىڭ رەببى ۋە كائىناتنى ئىدارە قىلغۇچى زاتنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى شۇنچە مۇكەممەل ۋە شۇنچە تېزدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتقا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىدۇر. ھەممە خالايىق بىر كۈنى ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

شۇ ئېنىقكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىشلىرى شۇنچىلىك كۆپ بولغىنى بىلەن ئاللاھ تائالانى بىر ئىش يەنە بىر ئىشنى قىلىشتىن توسۇپ قويمايدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ئەكسىچە، بىرلا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە كۆپ ئىشلارنى قىلالايدۇ. مەلۇمكى، مەۋجۇداتنىڭ ئىشلىرى

تۈگمەيدۇ، يارىتىش، ئۆلتۈرۈش، رىزىق بېرىش قاتارلىق ئىشلار تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلاردىن ھېساب ئېلىش، ياخشىغا مۇكاپات، يامانغا جازا بېرىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بولىدۇ. ﴿ئى ئىنسانلار ۋە جىنلار جامائەسى! (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) سىلەرگە يۈزلىنىمىز﴾ دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ھەممىڭلاردىن بىرلا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ھېساب ئېلىشقا تۇتۇشىمىز. چۈنكى، بىزنى بىر ئىشتىن يەنە بىر ئىش توسۇپ قويالمايدۇ ۋە كېچىكتۈرۈپمۇ قويالمايدۇ. تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن«ئاللاھ قىيامەت كۈنىدە بىرلا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە شۇنچە كۆپ خالايىقتىن قانداق ھېساب ئېلىپ بولىدۇ؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «ئاللاھ بىرلا ۋاقىتتا شۇنچە كۆپ مەخلۇقاتنىڭ رىزقىنى قانداق بېرىپ بولسا، ئۇلاردىن ھېسابىنىمۇ شۇنداق ئېلىپ بولىدۇ»[1] دېگەن ئىكەن.

ئى جىنلار بىلەن ئىنسانلار جامائەسى! ئەگەر كۈچۈڭلار يەتسە، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىشتىن قېچىپ، ئاسمان ۋە زېمىننىڭ چېگرالىرىدىن چىقىپ كېتەلىسەڭلار چىقىپ كېتىڭلار، ئەمما سىلەردە ئالاھىدە بىر قۇدرەت بولمىسا، ھەرگىز چىقىپ كېتەلمەيسىلەر. ھالبۇكى، بۇنداق قۇدرەت سىلەردە نەدە بولسۇن! ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

ئۇلارغا ﴿ئۆتۈپ كېتەلىسەڭلار، ئۆتۈپ كېتىڭلار﴾ دەپ بولۇپ، ئاندىن ﴿(ئالاھىدە بىر) قۇدرەت بولمىغۇچە سىلەر ئۆتۈپ كېتەلمەيسىلەر (سىلەرگە نەدە ئۇنداق قۇدرەت؟)﴾ دېيىشتىكى سەۋەب نېمە؟ ئۇنىڭ جاۋابى كېيىنكى ﴿سىلەرگە قىزىق ئوتنىڭ يالقۇنى ۋە تۈتۈنى ئەۋەتىلىدۇ، ئۇ چاغدا سىلەر ئۆزۈڭلارنى قوغدىيالمايسىلەر﴾ دېگەن ئايەتتۇر. يەنى قىيامەت كۈنىدە گۇناھكارلارغا دوزاخ ئوتىنىڭ كۈچلۈك يالقۇنى بىلەن ئاچچىق تۈتۈنىنى ئەۋەتىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئازابنى ئۆزلىرىدىن قايتۇرۇۋېتىشقا كۈچى يەتمەي قالىدۇ، ئۆزلىرىنى قوغداپمۇ قالالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى شۇنداق تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ قېچىپ كېتەلىسۇن! ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلۇشنى ئويلاشقا قانداقمۇ جۈرئەت قىلالىسۇن! شەكسىزكى، گۇناھكارلارنى ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئىتائەتمەنلەر بىلەن ئاسىيلارنى پەرقلەندۈرۈش كاتتا نېمەتلەردىن سانىلىدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

---

[1] «نهج البلاغة» 1ـتوم، 103ـبەت.

قىيامەت كۈنى ئاسمان يېرىلىپ، جەھەننەمنىڭ ھارارىتىدىن ئېرىپ، خۇددى ئېرىگەن مايدەك قىزىرىپ، قىزىلگۈل رەڭگىگە كىرىپ قالىدۇ. ئاسمان يېرىلغان بۇ كۈندە ئىنسان ۋە جىنلاردىن ھېچكىم گۇناھى توغرۇلۇق سورالمايدۇ. چۈنكى، بۇ كۈندە گۇناھكارلار يۈزلىرىنىڭ قارىيىپ كەتكەنلىكىدىن تونۇلىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ تۇرىدۇ. بۇ قەبرىدىن چىققان ۋاقىتتىكى ئەھۋالدۇر. يەنى ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىققان چېغىدا گۇناھلىرى توغرۇلۇق سوراق قىلىنمايلا ھېساب مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەمما ﴿فَوَرَبِّكَ لَنَسْـَٔلَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ ۝٩٢ عَمَّا كَانُواْ يَعْمَلُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلمىشلىرى توغرىسىدا سوراققا تارتىمىز﴾[1] دېگەن ئايەت ھېساب مەيدانىدا بولىدىغان ئەھۋالدىن خەۋەر بەرگەن. شۇڭا بۇ ئىككى ئايەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىتلىق يوق. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئىككى ئايەت توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «گۇناھكارلار گۇناھلىرى توغرۇلۇق سورالمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئەمما نېمە ئۈچۈن گۇناھ قىلغانلىقى توغرۇلۇق سورىلىدۇ»[2]. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر مۇنداق دېگەن: «﴿فَيَوْمَئِذٍ لَّا يُسْـَٔلُ عَن ذَنۢبِهِۦٓ إِنسٌ وَلَا جَآنٌّ﴾ دېگەن ئايەت ﴿وَلَا يُسْـَٔلُ عَن ذُنُوبِهِمُ ٱلْمُجْرِمُونَ﴾ يەنى ﴿گۇناھكارلار (بەلگىلىرى ئارقىلىق تونۇلغانلىقى ئۈچۈن) گۇناھلىرىدىن سورالمايدۇ﴾[3] دېگەن ئايەتكە ئوخشايدۇ. چۈنكى، قىيامەت كۈنى ئۇزۇن بىر كۈن بولغانلىقتىن، ئۇ كۈندە بىر قانچە ئورۇن بولىدۇ، بەزى ئورۇندا گۇناھكارلار گۇناھلىرى توغرۇلۇق سوراققا تارتىلسا، بەزى ئورۇنلاردا سورالمايدۇ. بۇ ئىكرىمەنىڭ سۆزىدۇر. يەنە بەزىلەر ‹گۇناھكارلار دوزاخقا تاشلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى توغرۇلۇق سوراققا تارتىلمايدۇ› دېگەن. قەتادە ۋە ھەسەن ‹ئۇلار گۇناھلىرى توغرۇلۇق سورالمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى ساقلاپ قويغان، پەرىشتىلەر يېزىپ بولغان بولىدۇ› دېگەن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ‹پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى توغرۇلۇق سورىمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ يۈزىدىكى نىشانىسىدىن گۇناھكار ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ› دېگەن»[4]. گۇناھكارلارغا دېيىلىدۇكى، مانا

---

[1] ھىجر سۈرىسى:92ـ93ـ ئايەتلەر.

[2] «تفسير القرطبي» 17ـ توم، 158ـ بەت.

[3] قەسەس سۈرىسى:78ـ ئايەت.

[4] «تفسير القرطبي» 17ـ توم، 158ـ بەت.

بۇ دۇنيادىكى ۋاقىتلاردا سىلەر ئىنكار قىلىپ كەلگەن جەھەننەمدۇر. ئاندىن جەھەننەم ئەھلى بولغانلار جەھەننەمنىڭ ئوتى بىلەن ئۇنىڭ قايناپ تۇرغان يۇقىرى ھارارەتلىك قايناق سۈيى ئوتتۇرىسىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

قىيامەت كۈندە بولىدىغان ئىشلارنى بايان قىلىش، گۇناھكارلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ياخشىلارغا ئۇ جايدىكى نېمەتلەر ھەققىدە خۇش خەۋەر بېرىشنىڭ ئۆزى كاتتا بىر نېمەتتۇر. چۈنكى، بۇ بايانلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر ۋەز-نەسىھەت ئالىدۇ، ياخشى ئىش قىلغۇچىلار تېخىمۇ قىزغىنلىق ۋە زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، گۇناھكارلار، خاتا يولدا ماڭغانلار گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، توغرا يولنى تېپىۋېلىپ ياخشىلاردىن بولۇشقا تىرىشىدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. گۇناھكارلار ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

2. قىيامەت قايىم بولغاندا دۇنيا پۈتۈنلەي خاراب بولۇپ، باشقا بىر ئالەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

3. قىيامەت كۈنى ئىنسانلار قەبرىلىرىدىن چىقىرىلغاندا ئۇلارنىڭ جەننەت ئەھلى ياكى دوزاخ ئەھلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلىرى بولىدۇ.

### ◄ قىيامەت كۈندە تەقۋادارلارغا تەييارلانغان نېمەتلەر

﴿وَلِمَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِۦ جَنَّتَانِ ﴿٤٦﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا
تُكَذِّبَانِ ﴿٤٧﴾ ذَوَاتَآ أَفْنَانٍ ﴿٤٨﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ
﴿٤٩﴾ فِيهِمَا عَيْنَانِ تَجْرِيَانِ ﴿٥٠﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٥١﴾
فِيهِمَا مِن كُلِّ فَٰكِهَةٍ زَوْجَانِ ﴿٥٢﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ
﴿٥٣﴾ مُتَّكِـِٔينَ عَلَىٰ فُرُشٍۭ بَطَآئِنُهَا مِنْ إِسْتَبْرَقٍۚ وَجَنَى ٱلْجَنَّتَيْنِ دَانٍ
﴿٥٤﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٥٥﴾ فِيهِنَّ قَٰصِرَٰتُ ٱلطَّرْفِ لَمْ

يَطۡمِثۡهُنَّ إِنسٌ قَبۡلَهُمۡ وَلَا جَآنٌّ ﴿٥٦﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ
﴿٥٧﴾ كَأَنَّهُنَّ ٱلۡيَاقُوتُ وَٱلۡمَرۡجَانُ ﴿٥٨﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ
﴿٥٩﴾ هَلۡ جَزَآءُ ٱلۡإِحۡسَٰنِ إِلَّا ٱلۡإِحۡسَٰنُ ﴿٦٠﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا
تُكَذِّبَانِ ﴿٦١﴾

### تەرجىمىسى

46-رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تۇرۇشتىن قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار.

47-(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

48-ئۇ ئىككى جەننەتتە تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر بار.

49-(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

50-ئۇ ئىككى جەننەتتە ئېقىپ تۇرىدىغان ئىككى بۇلاق بار.

51-(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

52-ئۇ ئىككى جەننەتتە ھەر مېۋىدىن ئىككى خىلدىن بار.

53-(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

54-ئۇلار ئەستەرلىرى قېلىن تاۋاردىن بولغان تۆشەكلەرگە يۆلىنىدۇ، ئىككى جەننەتنىڭ مېۋىسى (ئۇلارنىڭ ئۈزۈشى ئۈچۈن) يېقىندۇر.

55-(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

56-ئۇ جەننەتلەردە ئەرلىرىدىن باشقىلارغا قارىمايدىغان، ئىلگىرى ھېچبىر ئىنسان ۋە جىنمۇ يېقىنچىلىق قىلىپ باقمىغان ھۆرلەر بار.

57-(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

58ـ ئۇلار (گۈزەللىكتە ۋە سۈزۈكلۈكتە) گويا ياقۇت ۋە مەرۋايىتتۇر.

59ـ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

60ـ ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا ياخشىلىقتۇر.

61ـ (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

## ◄ تەپسىرى

مۇئمىن ئادەمنىڭ ئاللاھ تائالادىن قورقۇشى، ئۆزىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۈتۈن ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىش قىلىشى ئەلۋەتتە ئۇ ئادەمنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ ۋە يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. قىيامەت كۈنى رەببىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، بۇ دۇنيادىكى بارلىق قىلغان-ئەتكەنلىرىدىن تەپسىلىي ھېساب بېرىشتىن قورققان ئادەم ئۈچۈن ئىككى جەننەت بار، ئۇ ئادەم بۇ ئىككى جەننەتنىڭ ئىچىدە رەببىنىڭ سانسىزلىغان نېمەتلىرىدىن ۋە كاتتا ئىنئاملىرىدىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنىدۇ. بۇ ئىككى جەننەتتە تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە لەززەتلىك مېۋىلەر بار. جەننەتكە كىرگەن مۇئمىنلەر بۇ جەننەتلەردە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ سايىسىدا سايىدايدۇ ۋە مېۋىلەردىن خالىغانچە يەپ ھۇزۇرلىنىدۇ. بۇ ئىككى جەننەتتە ناھايىتى سۈزۈك ئېقىپ تۇرىدىغان ئىككى بۇلاق بار. بۇ ئىككى بۇلاقنىڭ بىرى تەسنىم، يەنە بىرى سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى جەننەتتە ھەممە مېۋىلەردىن ئىككى خىلدىن بار، بىرى تونۇلغان مېۋە، يەنە بىرى تونۇلمىغان، ئەمما ئىنتايىن لەززەتلىك مېۋە. رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا ھېساب بېرىشتىن قورققانلىقى ئۈچۈن يامانلىقلاردىن ساقلىنىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار كىرىدىغان مەزكۇر ئىككى جەننەتتە ئۇلار ئەستەرلىرى قېلىن تاۋاردىن بولغان تۆشەكلەرگە يۆلەنگەن ھالدا، ھۇزۇرلىنىدۇ ۋە مېۋىلەردىن كۆڭلى تارتقانلىرىنى ئۈزۈپ يەپ نېمەتلىنىدۇ. جەننەتنىڭ مېۋىلىرى جەننەت ئەھلىدىن ھەرگىز يىراق ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئولتۇرغان پېتى، ئۆرە تۇرغان پېتى ۋە ياتقان پېتى، يەنى ھەممە ھالەتتە بۇ مېۋىلەردىن ئۈزۈپ يېيەلەيدۇ، بۇ مېۋىلەرگە ھەرقانداق ھالەتتە قولى يېتىدۇ. چۈنكى، بۇ مېۋىلەرنىڭ دەرەخلىرى خورما دەرەخلىرىدەك

ئېگىز ئەمەس، گۈل-چېچەكلەرگە ئوخشاش شوخلۇق ئەمەس. شۇڭا بۇ مېۋىلەرگە ھەركىمنىڭ قولى يېتىدۇ ۋە راھەت بىلەن ئۈزۈپ يېيەلەيدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

جەننەتلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرىدىن باشقىسىغا قارىمايدىغان، ئىنسان ۋە جىننىڭ قولى تېگىپ باقمىغان، سۈزۈكلۈكتە خۇددى ياقۇتتەك، ئاقلىقتا خۇددى مەرۋايىتتەك ئېسىل ھۆرلەر بار. بۇ ھۆرلەر جەننەت ئەھلىگە خاس بولۇپ، جەننەت ئەھلى ئۇلار بىلەن كۆڭۈل ئاچىدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى پەقەت ياخشىلىقتۇر. يەنى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ ياخشى ئىش قىلغان، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىنى قېتىرقىنىپ قىلغان ۋە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغان مۇئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى ئەلۋەتتە ياخشى ۋە مۇكەممەل بولىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ئىبادەتنىڭ ئەۋزىلىدۇر. بىراۋنىڭ بىرەر گۇناھ ئىشنى قىلىشتىن پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قورقۇپ يېنىشى ئۇنىڭ تەقۋادارلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

2. جەننەتتىكى ھۆرلەر جەننەت ئەھلىگە بېرىلگەن مۇكاپاتلارنىڭ بىر قىسمىدۇر.

3. دۇنيادىكى ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرىدىن باشقىسىغا كۆز سالمايدىغان، ئىپپەتلىك ئاياللاردۇر.

4. جىنلاردىنمۇ مۇئمىن بولغانلىرى جەننەتكە كىرىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

5. ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى پەقەت ياخشىلىق بولىدۇ. ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلارنى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدۇ.

## ◄ قىيامەت كۈنىدە مۇئمىنلەرگە تەييارلانغان نېمەتلەر

﴿وَمِن دُونِهِمَا جَنَّتَانِ ﴿٦٢﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٦٣﴾

مُدۡهَآمَّتَانِ ﴿٦٤﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٦٥﴾ فِيهِمَا عَيۡنَانِ
نَضَّاخَتَانِ ﴿٦٦﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٦٧﴾ فِيهِمَا فَٰكِهَةٞ
وَنَخۡلٞ وَرُمَّانٞ ﴿٦٨﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٦٩﴾ فِيهِنَّ خَيۡرَٰتٌ
حِسَانٞ ﴿٧٠﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٧١﴾ حُورٞ مَّقۡصُورَٰتٞ فِي
ٱلۡخِيَامِ ﴿٧٢﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٧٣﴾ لَمۡ يَطۡمِثۡهُنَّ إِنسٞ
قَبۡلَهُمۡ وَلَا جَآنّٞ ﴿٧٤﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ﴿٧٥﴾ مُتَّكِـِٔينَ
عَلَىٰ رَفۡرَفٍ خُضۡرٖ وَعَبۡقَرِيٍّ حِسَانٖ ﴿٧٦﴾ فَبِأَيِّ ءَالَآءِ رَبِّكُمَا
تُكَذِّبَانِ ﴿٧٧﴾ تَبَٰرَكَ ٱسۡمُ رَبِّكَ ذِي ٱلۡجَلَٰلِ وَٱلۡإِكۡرَامِ ﴿٧٨﴾

## تەرجىمىسى

62-ئۇ ئىككى جەننەتتىن باشقا يەنە ئىككى جەننەت بار.

63-(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

64-ئۇ ئىككى جەننەت ياپيېشىلدۇر.

65-(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

66-ئۇ ئىككى جەننەتتە ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىغان ئىككى بۇلاق بار.

67-(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

68-ئۇ ئىككى جەننەتتە مېۋىلەر، خورمىلار ۋە ئانارلار بار.

69-(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

70-ئاشۇ جەننەتلەردە گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە چىرايلىق ھۆرلەر بار.

71-(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

72-ئۇلار (جەننەتتىكى) چېدىرلارنىڭ ئىچىدە پەردىلەنگەن ھۆرلەردۇر.

73-(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

74-بۇرۇن ئۇلارغا ھېچبىر ئىنسان ۋە جىنمۇ يېقىنچىلىق قىلىپ باقمىغان.

75-(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

76-ئۇلار يېشىل ياستۇقلارغا، چىرايلىق تۆشەكلەرگە يۆلەنگەن ھالدا (را-ھەتلىنىدۇ).

77-(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

78-ئەڭ بۈيۈك ۋە كەرەملىك رەببىڭنىڭ ئىسمى ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

«﴿وَلِمَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِۦ جَنَّتَانِ﴾ يەنى ﴿رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تۇرۇشتىن قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار﴾ دېگەن ئالدىنقى ئايەتتە بايان قىلىنغان «ئىككى جەننەت» ۋاقىئە سۈرىسىدىكى ﴿وَٱلسَّـٰبِقُونَ ٱلسَّـٰبِقُونَ ۝١٠ أُوْلَـٰٓئِكَ ٱلْمُقَرَّبُونَ ۝١١ فِى جَنَّـٰتِ ٱلنَّعِيمِ﴾ يەنى ﴿(ئۈچىنچى پىرقە ياخشى ئىشلاردا) ئەڭ ئالدىدا بولغۇچىلار بولۇپ، (ئۇلار مۇكاپاتتىمۇ) ئەڭ ئالدىدا بولغۇچىلاردۇر. ئۇلار نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە ئاللاھقا يېقىن بولغۇچىلاردۇر﴾[1] دېگەن ئايەتلەردە سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان مۇئمىنلەر كىرىدىغان جەننەتنىڭ سۈپىتىدۇر. ﴿وَمِن دُونِهِمَا جَنَّتَانِ﴾ يەنى ﴿ئۇ ئىككى جەننەتتىن باشقا يەنە ئىككى جەننەت بار﴾ دېگەن بۇ ئايەتتە زىكىر قىلىنغان «ئىككى جەننەت» بولسا ئەسھابۇليەمىن (يەنى نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەر) گە خاس قىلىنغان جەننەتلەردۇر. جەننەت ئەھلى قايسى جەننەتتە بولسا بولسۇن، ئۇلار شۇ جەننەتتە كۆڭلى تارتقان نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. ﴿نَحْنُ أَوْلِيَآؤُكُمْ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَفِى ٱلْـَٔاخِرَةِ ۖ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَشْتَهِىٓ أَنفُسُكُمْ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَدَّعُونَ﴾ يەنى ﴿جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار﴾[2]»[3].

[1] ۋاقىئە سۈرىسى:10-12-ئايەتلەر.

[2] فۇسسىلەت سۈرىسى:31-ئايەت.

[3] التفسير الواضح» 3- توم، 590- بەت.

## تەپسىرى

يۇقىرىقى ئايەتلەردە سۈپىتى بايان قىلىنغان مەزكۇر ئىككى جەننەتتىن باشقا يەنە ئىككى جەننەت بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالادىن قورققان ۋە ئۇنىڭ يولىدا ئىزچىل ماڭغان، ياخشى ئىشلاردا باشقىلارغا باشلامچى بولغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتا ۋە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشتا ھەمىشە ئالدىنقىلاردىن بولغان كىشىلەر ئۈچۈن تەييارلانغاندۇر. بۇ ئىككى جەننەتنىڭ گۈزەللىكى باشقىچە بولۇپ، ياپيېشىللىقتا چۆمگەن. ئۇ ئىككى جەننەتتە ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىغان ئىككى بۇلاق بار. بۇ ئىككى جەننەتتە مېۋىلەر، خۇسۇسەن، خورما دەرەخلىرى ۋە ئانار بار. مېۋىلەر ئىچىدىن خورما بىلەن ئانار ئىككىسىنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغانلىقى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بۇ ئىككى مېۋىنىڭ كۆپ تېپىلىدىغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك. يۇقىرىدا سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان مەزكۇر تۆت جەننەتتە، شەكلى گۈزەل، ئەخلاقى گۈزەل، ئۆزى چىرايلىق ۋە ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل ھۆرلەر بار. بۇ ھۆرلەر جەننەتتىكى مەخسۇس چېدىرلاردا پەردىلەنگەن بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرىدىن باشقىسىغا قارىمايدىغان ۋە باشقىسىنى ئارزۇ قىلمايدىغان، ئىلگىرى ئىنسان ۋە جىن تۇتۇپ باقمىغان گۈزەللەردۇر.

«قۇرئان كەرىم» بۇ يەردە، ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرىدىن باشقىسىغا كۆز سالمايدىغان، قارىمايدىغان گۈزەللەرنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرى قاتارىدا بايان قىلغان. ھەممىگە مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر ئەر ئايالىنىڭ ئۆزىگىلا مەنسۇپ بولۇشىنى، ئۆزىنىلا كۈتۈشىنى ۋە سۆيگۈ-مۇھەببىتىنى ئۆزىگىلا بېغىشلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. جەننەتتىكى ھۆرلەر ئەنە شۇنداق پاك، ئەنە شۇنداق سۆيگۈ-مۇھەببەتلىك گۈزەللەردۇر. جەننەتتىكى ھۆرلەر ئۆز ئەرلىرىدىن ئىلگىرى ھېچبىر ئىنسى-جىن يېقىن كېلىپ باقمىغان، خۇددى نەچچە قات تۈگۈنلەر ئىچىدە ئەتىۋارلاپ ساقلانغان قىممەتلىك گۆھەرلەرگە ئوخشاش پەردە ئىچىدە ساقلانغان قىممەتلىك گۈزەللەردۇر.

بۇ جەننەتلەرگە نېسىپ بولغان بەختلىك مۆئمىنلەر ئېسىل تەختلەردە يېشىل ياستۇقلارغا يۆلەنگەن، چىرايلىق بىساتلارغا پۈتلىرىنى سوزغان ھالدا راھەتلىنىدۇ، نېمەتلەردىن ھۇزۇرلىنىدۇ. ئى ئىنسانلار! جىنلار! سىلەر رەببىڭلارنىڭ نېمەتلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلالايسىلەر؟

مۇشۇنداق كاتتا نېمەتلەرنىڭ ۋە سانسىزلىغان ئاتا-ئېھسانلارنىڭ ئىگىسى بولغان كەرەملىك ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى ھەممىدىن بۈيۈكتۇر،

ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، بەرىكىتى ۋە ياخشىلىقلىرى ناھايىتى كۆپتۇر!

ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى ۋە ئىسمى ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، مەرتىۋىسى ناھايىتى يۇكسەكتۇر، ئۇ بارلىق كەمچىلىكلەردىن ۋە نۇقسانلىقلاردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ ۋە ئەقىلسىزلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاخىرەت نېمەتلىرى بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىدىن ئەلۋەتتە كۆپ ۋە ئەلۋەتتە ياخشىدۇر.

2. جەننەتنىڭ مېۋىلىرى بۇ دۇنيانىڭ مېۋىلىرىدىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر.

3. بەرىكەت ۋە ياخشى نەتىجە ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن بولىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان ئادەم ھەرقانداق بىر ئىشنى «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم» دەپ باشلاشقا بۇيرۇلغان.

# ۋاقىئە سۈرىسى

ۋاقىئە سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 97 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئۇنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە كۆپلىگەن ھەدىسلەر كەلگەن. بۇ سۈرە قىيامەت، ئۇ كۈندە بولىدىغان ئىشلار، مۆئمىنلەرگە تەييارلانغان نېمەتلەرنىڭ بايانى، كاپىرلارغا تەييارلانغان ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ تۈرلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. سۈرىدە يەنە ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشى، ئۆسۈملۈكلەر، سۇ، ئوت قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان كائىنات ئالامەتلىرى بايان قىلىنغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتىكى ﴿ٱلْوَاقِعَةُ﴾ «ۋاقىئە» دىگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، «ۋاقىئە» قىيامەتنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرىدۇر.

## ◄ قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿إِذَا وَقَعَتِ ٱلۡوَاقِعَةُ ١ لَيۡسَ لِوَقۡعَتِهَا كَاذِبَةٌ ٢ خَافِضَةٞ رَّافِعَةٌ
٣ إِذَا رُجَّتِ ٱلۡأَرۡضُ رَجّٗا ٤ وَبُسَّتِ ٱلۡجِبَالُ بَسّٗا ٥ فَكَانَتۡ هَبَآءٗ
مُّنۢبَثّٗا ٦ وَكُنتُمۡ أَزۡوَٰجٗا ثَلَٰثَةٗ ٧﴾

## ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-قىيامەت قايىم بولغان چاغدا،

2ـ ئۇنىڭ قايىم بولغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ.

3ـ(ئۇ قىيامەت كاپىرلارنى دوزاخقا كىرگۈزۈش بىلەن دەرىجىسىنى) چۈشۈرگۈچىدۇر، (مۆئمىنلەرنى جەننەتكە كىرگۈزۈش بىلەن مەرتىۋىسىنى) كۆتۈرگۈچىدۇر.

4ـ7ـ زېمىن شىددەتلىك تەۋرىتىلگەن، تاغلار پارچە-پارچە بولۇپ توزاندەك توزۇپ كەتكەن چاغدا، سىلەر ئۈچ پىرقىغا بۆلۈنىسىلەر.

### ◄ تەپسىرى

قىيامەتتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ۋەقە يۈز بەرگەندە، ئۇ كۈندە بولىدىغان تىرىلىش، ئەمەللەردىن ھېساب بېرىش، مۇكاپات، جازا، جەننەت ۋە دوزاخ قاتارلىق ھەقىقەتلەردىن ھېچقانداق بىرىنى يالغان دەيدىغان ئادەم قالمايدۇ. چۈنكى، ھەممە ئۇنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ ۋە ھېس قىلىپ تۇرىدۇ. كاپىرلار بۇ دۇنيادا قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغان ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا ئىشەنمىگەن بىلەن، ئاخىرەتتە قىيامەتنى كۆرگەندە ئۇنى يالغان دېيەلمەيدۇ ۋە ئۇ كۈندە ھەممە كىشى قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئىلگىرى دۇنيادا بېرىلگەن خەۋەرلەرنىڭ ھەقىقەتەن راست ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئىشىنىدۇ. دېمەك، ئۇ كۈندە ئىنكارچى قالمايدۇ، ھەممە ئادەم ئىشەنگۈچى بولۇپ قالىدۇ. قىيامەت شۇنداق چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىدۇكى، قىيامەت بۇ دۇنيادا ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان، كۇفرىلىق بىلەن پەخىرلەنگەن ۋە ئۆزلىرىنى توغرا يولدا يۈرگۈچىلەرمىز دەپ سانىغان گۇناھكارلارنى بۇ كۈندە خار قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ شەنىنى تۆۋەنلىتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيادا ئېرىشكەن مەرتىۋىلىرىنى ئەڭ تۆۋەن ۋە ئەڭ پەس دەرىجىلەرگىچە چۈشۈرۈۋېتىدۇ. ئەمما دۇنيادا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقى بىلەن پەخىرلەنگەن، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان ئىمانى بىلەن شان-شەرەپ ھېس قىلغان، گەرچە مال-دۇنيادا، يۈز-ئابرۇيدا ۋە نەسەبتە ئۈستۈن بولمىسىمۇ، ئىسلامدىن ئىبارەت مەنىۋى بايلىق ۋە كاتتا شەرەپ بىلەن پەخىرلەنگەن، ئۇنىڭ بىلەن بەخت-سائادەت ھېس قىلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋىيىتىنى ئىمان بىلەن بېيىتقان كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلەرگىچە كۆتۈرىدۇ. دېمەك، قىيامەت كاپىرلارنىڭ دەرىجىسىنى چۈشۈرگۈچىدۇر، مۆئمىنلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرگۈچىدۇر.

ئى ئىنسانلار! قىيامەت كۈنى زېمىن شىددەتلىك تەۋرىتىلگەن، زېمىن

ئۈستىدىكى ھەممە نەرسە ۋەيران قىلىنغان، تاغلار پارچىلىنىپ توزاندەك ھەر يانغا توزۇپ كەتكەن ۋە ھەممە نەرسە يوقىلىپ، دۇنيا تۈپتۈز باياۋانغا ئايلىنىپ قالغان چاغدا، سىلەر ئۈچ پىرقىغا بۆلۈنىسىلەر. بۇ ئۈچ پىرقە:

1ـ ئەسھابۇليەمىين (نامە ـ ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەر)،

2ـ ئەسھابۇششىمال (نامە ـ ئەمەلى سول قولىغا بېرىلگەنلەر)،

3ـ ئەسسابىقۇن (دۇنيادا ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا ئەڭ ئالدىدا بولغۇچىلار)دىن ئىبارەتتۇر.

﴿زېمىن شىددەتلىك تەۋرىتىلگەن، تاغلار پارچە ـ پارچە بولۇپ توزاندەك توزۇپ كەتكەن چاغدا، سىلەر ئۈچ پىرقىغا بۆلۈنىسىلەر﴾ دېگەن ئايەتتىكى خىتابنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرىگە قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن بولغاندەك، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. نېمىلا بولسۇن، بۇ خىتابنىڭ قىيامەت مەيدانىغا ھازىر بولىدىغان ئىنسانلار توپىغا قارىتىلغانلىقىدا شەك يوق.

يەنى قىيامەت قايىم بولۇپ، زېمىن دەھشەتلىك ھالدا قاتتىق تەۋرىگەن، ئۆي ـ ئىمارەتلەر يىقىلىپ، تاغلار پارچىلىنىپ كۆككۈم تالقان بولۇپ كەتكەن ۋە بىر دۆۋە قۇمدەك بولۇپ قالغان چاغدا، ئىنسانلار ئۈچ پىرقە بولۇپ ئايرىلىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

2. ئىنسانلارنىڭ مەرتىۋىسىنى ئىمان بىلەن تەقۋالىق كۆتۈرىدۇ، كۇفرى بىلەن گۇناھ ـ مەئسىيەت تۆۋەنلىتىدۇ.

3. قىيامەتنىڭ باشلىنىشى ئىنتايىن دەھشەتلىك بولىدۇ، ئۇ كۈندە ھەممە نەرسە يانىي بولۇپ، دۇنيا تۈپتۈز باياۋانغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

### ياخشى ئەمەلدە ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى

﴿فَأَصْحَٰبُ ٱلْمَيْمَنَةِ مَآ أَصْحَٰبُ ٱلْمَيْمَنَةِ ﴿٨﴾ وَأَصْحَٰبُ ٱلْمَشْـَٔمَةِ
مَآ أَصْحَٰبُ ٱلْمَشْـَٔمَةِ ﴿٩﴾ وَٱلسَّٰبِقُونَ ٱلسَّٰبِقُونَ ﴿١٠﴾ أُوْلَٰٓئِكَ

ٱلۡمُقَرَّبُونَ ﴿١١﴾ فِي جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ﴿١٢﴾ ثُلَّةٞ مِّنَ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿١٣﴾ وَقَلِيلٞ
مِّنَ ٱلۡأٓخِرِينَ ﴿١٤﴾ عَلَىٰ سُرُرٖ مَّوۡضُونَةٖ ﴿١٥﴾ مُّتَّكِـِٔينَ عَلَيۡهَا مُتَقَٰبِلِينَ
﴿١٦﴾ يَطُوفُ عَلَيۡهِمۡ وِلۡدَٰنٞ مُّخَلَّدُونَ ﴿١٧﴾ بِأَكۡوَابٖ وَأَبَارِيقَ وَكَأۡسٖ
مِّن مَّعِينٖ ﴿١٨﴾ لَّا يُصَدَّعُونَ عَنۡهَا وَلَا يُنزِفُونَ ﴿١٩﴾ وَفَٰكِهَةٖ مِّمَّا
يَتَخَيَّرُونَ ﴿٢٠﴾ وَلَحۡمِ طَيۡرٖ مِّمَّا يَشۡتَهُونَ ﴿٢١﴾ وَحُورٌ عِينٞ ﴿٢٢﴾ كَأَمۡثَٰلِ
ٱللُّؤۡلُوِ ٱلۡمَكۡنُونِ ﴿٢٣﴾ جَزَآءَۢ بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿٢٤﴾ لَا يَسۡمَعُونَ فِيهَا
لَغۡوٗا وَلَا تَأۡثِيمًا ﴿٢٥﴾ إِلَّا قِيلٗا سَلَٰمٗا سَلَٰمٗا ﴿٢٦﴾

### تەرجىمىسى

8ـ(بىرىنچى پىرقە) نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلىدىغان ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار نېمىدېگەن بەختلىك ئادەملەر!

9ـ(ئىككىنچى پىرقە) نامە-ئەمەلى سول قولىغا بېرىلىدىغان ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار نېمىدېگەن بەختسىز ئادەملەر!

10ـ(ئۈچىنچى پىرقە ياخشى ئىشلاردا) ئەڭ ئالدىدا بولغۇچىلار بولۇپ، (ئۇلار مۇكاپاتلىرىنى ئېلىشتىمۇ) ئەڭ ئالدىدا بولغۇچىلاردۇر.

11ـ12ـ ئۇلار نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە ئاللاھقا يېقىن بولغۇچىلاردۇر.

13ـ14ـ بۇلار ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىچىدە كۆپتۇر، كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدە ئازدۇر.

15ـ16ـ ئۇلار (ئالتۇندىن) ياسالغان تەختلەرگە يۆلەنگەن ھالدا بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ.

17ـ18ـ ھەمىشە ياش تۇرىدىغان غۇلاملار (مۇلازىم باللار) ئېقىپ تۇرىدىغان شارابتىن تولدۇرۇلغان پىيالە، چەينەك، جاملار بىلەن ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا (خىزمەت ئۈچۈن) ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

19ـ ئۇ شارابنى ئىچىش بىلەن ئۇلارنىڭ بېشى ئاغرىمايدۇ، مەست بولمايدۇ.

20ـ21ـ ئۇلارغا خالىغان مېۋىلەر ۋە كۆڭۈللىرى تارتقان قۇش گۆشلىرى بار.

22ـ23ـ ئۇلارغا سەدەپنىڭ ئىچىدە ساقلانغان گۆھەرگە ئوخشايدىغان شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر بار.

24ـ بۇ ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر.

25ـ 26ـ ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە ۋە گۇناھ بولىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلىمايدۇ، پەقەت (ھۇزۇر ۋە ئامان-ئېسەنلىك بېغىشلايدىغان) «سالام! سالام!» دېگەن سۆزنىلا ئاڭلايدۇ.

### ◄ تەپسىرى

قىيامەت كۈنى ئىنسانلار ئايرىلىدىغان ئۈچ پىرقە مۇنداق بولىدۇ: بىرىنچى پىرقە، دۇنيادا ئىمان بىلەن ياشاپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقى ئۈچۈن جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغانلىقتىن، نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلىدىغان، بەختلىك كىشىلەردۇر. بۇلارنىڭ ئەھۋالى تولىمۇ ياخشى بولىدۇ. بۇلار نېمىدېگەن بەختلىك ئادەملەر!

ئىككىنچى پىرقە، دۇنيادا كۇفرى ۋە ئىنكار بىلەن ياشاپ، ھاياتىنى گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، دوزاخقا كىرىشكە تېگىشلىك بولغانلىقتىن، نامە-ئەمەلى سول قولىغا بېرىلىدىغان بەختسىز ئادەملەردۇر. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى بەكمۇ يامان بولىدۇ. ئۇلار نېمىدېگەن بەختسىز ئادەملەر!

ئۈچىنچى پىرقە، دۇنيادىكى ۋاقىتلىرىدا ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتىنى ئېلىشتىمۇ ھەممىدىن ئالدىدا تۇرىدۇ. يەنە ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ مۇكاپاتى ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ يېقىن بەندىلىرى سۈپىتىدە نازۇنېمەتلىك، ئەڭ ئېسىل جەننەتلەردە نېمەتلىنىشتۇر.

مۇپەسسىرلەر ﴿ثُلَّةٌ مِّنَ ٱلْأَوَّلِينَ ۝١٣ وَقَلِيلٌ مِّنَ ٱلْآخِرِينَ﴾ يەنى ﴿بۇلار ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىچىدە كۆپتۇر، كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدە ئازدۇر﴾ دېگەن ئايەتلەردىكى ﴿ئىلگىرىكىلەر﴾ بىلەن ﴿كېيىنكىلەر﴾ نىڭ كىملەر ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى جەۋزىي مۇپەسسىرلەرنىڭ ئۈچ خىل قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

﴿ئىلگىرىكىلەر﴾ دىن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغىچىلىك كەلگەن ئۈممەتلەر، ﴿كېيىنكىلەر﴾ دىن ئىسلام ئۈممىتى مەقسەت قىلىنىدۇ.

﴿ئىلگىرىكىلەر﴾ دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى، ﴿كېيىنكىلەر﴾ دىن تابىئىنلار مەقسەت قىلىنىدۇ.

﴿ئىلگىرىكىلەر﴾ بىلەن ﴿كېيىنكىلەر﴾ دىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ساھابىلىرى مەقسەت قىلىنىدۇ[1].

مۇجاھىد بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۇممەتنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن. ئەللامە ئىبنى كەسىرمۇ ﴿ئىلگىرىكىلەر﴾ بىلەن ﴿كېيىنكىلەر﴾ نىڭ ھەممىسىدىن ئىسلام ئۇممىتى كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئەللامە تەبەري، قۇرتۇبىي، بەغەۋىي قاتارلىق مۇپەسسىرلەر ﴿ئىلگىرىكىلەر﴾ دىن بۇرۇنقى ئۇممەتلەر، ﴿كېيىنكىلەر﴾ دىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئۇممىتى كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. تەپسىر تەبەري ۋە تەپسىرى مۇيەسسەر قاتارلىق تەپسىرلەردە ﴿ئىلگىرىكىلەر﴾ ئىسلام ئۇممىتىنىڭ دەسلەپكىلىرىدىن نۇرغۇن جامائەنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك، ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ كۆپلىگەن جامائەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، ﴿كېيىنكىلەر﴾ ئىسلام ئۇممىتىنىڭ كېيىنكىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئېسىل جەننەتلەردە ئالتۇندىن ياسالغان تەختلەرگە يۆلەنگەن ھالدا بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ ھۇزۇرلىنىدۇ، پاراڭ سېلىشىدۇ.

ئۇلار جەننەتلەردە كۆڭلى راھەت، دىلى پاك، غەم-قايغۇدىن خالىي ھالدا ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك تۇرمۇشتا نېمەتلىنىدۇ. ھەمىشە ياش تۇرىدىغان، يېشى چوڭىيىپ ياكى قېرىپ قالمايدىغان، تېنى ئاجىزلىشىپمۇ قالمايدىغان پاك-پاكىز ياش مۇلازىم باللار قوللىرىدا جەننەتنىڭ ئەڭ شېرىن دەريا-ئۆستەڭلىرىدە ئېقىپ تۇرىدىغان ئېسىل شارابلار بىلەن توشقۇزۇلغان پىيالە، چەينەك، جاملارنى تۇتقان ھالدا جەننەت ئەھلىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئۇچۇن مۇلازىمەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى مەمنۇن قىلىدۇ. مەلۇمكى، جەننەتنىڭ شارابلىرى دۇنيانىڭ هاراقلىرىغا ئوخشاش ئەقىلنى كەتكۈزمەيدۇ، ئىچكەنلەرنى قالايمىقان سۆزلەتمەيدۇ. بۇ شارابلارنى ئىچكەنلەردە باش ئاغرىش، كۆڭۈلسىزلىك دېگەنلەر بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ جەننەتنىڭ شارابلىرىدۇر. ياش باللار يەنە جەننەت ئەھلىنىڭ ئەتراپىدا ھەر خىل شېرىن مېۋىلەرنى ۋە ئۇچارقاناتلارنىڭ لەززەتلىك گۆشلىرىنى ئايلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. جەننەت ئەھلى بۇلاردىن خالىغانلىرىنى يەيدۇ.

ئايەتتە مېۋىنىڭ گۆشنىڭ ئالدىدا كەلتۈرۈلگەنلىكى تاسادىپىيلىق

---

[1] «زاد المسير في علم التفسير» 4-توم، 220-بەت.

ئەمەس، بەلكى بۇ ھازىرقى زامان مەدەنىيەتنىڭ ئىسپاتلىغان ھەقىقەتتۇر. چۈنكى، ھازىرقى مەدەنىيەتنىڭ نامايەندىسى بولغان ئىلگىرى يېپىشمىشمۇ يا ئېتىلمىشمۇ يا پۈتمىشنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان. ھالبۇكى، «قۇرئان كەرىم» بۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا ئىشارەت قىلغان. جەننەت ئەھلى ئۈچۈن جەننەتلەردە، خۇددى سەدەپنىڭ ئىچىدە ساقلانغان، قىممەتلىك مەرۋايىتلارغا ئوخشايدىغان شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر بېرىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى جەننەت ئەھلىنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ بەدىلىگە بېرىلگەن مۇكاپاتلاردۇر. جەننەت ئەھلى جەننەتلەردە نېمەتلىنىش جەريانىدا، ۋايىغا يەتكەن ھۇزۇر-ھالاۋەت ئىچىدە بولىدۇ. ئۇلارنى راھەتسىز قىلىدىغان ۋاراڭ-چۇرۇڭلار، يالغان ۋە بىھۇدە سۆزلەر بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاڭلايدىغىنى پەقەت بىر-بىرىگە ئامان-ئېسەنلىك تىلەپ ئېيتىلىدىغان «سالام، سالام» دېگەن سۆزدىنلا ئىبارەتتۇر. يەنى جەننەت ئەھلى بىر-بىرىگە شۇنداق ئامانلىق تىلەيدۇ، پەرىشتىلەر بولسا، ئۇلارغا: ﴿سَلَٰمٌ عَلَيۡكُم بِمَا صَبَرۡتُمۡۚ فَنِعۡمَ عُقۡبَى ٱلدَّارِ﴾ يەنى ﴿چىدامچانلىق كۆرسەتكەنلىكىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتتىكى گۈزەل ئاقىۋەت (يەنى جەننەت) نېمىدېگەن ياخشى!﴾[1] دەيدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلار ھەر زامان ۋە ھەر جايدا ئالقىشلىنىدۇ. بۇ دۇنيادا ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغانلار ۋە تائەت-ئىبادەتتە ئالدىنقىلاردىن بولغانلار جەننەت ئەھلى ئىچىدىمۇ ئالاھىدە ئىززەت-ئىكرامغا ئېرىشىدۇ.

2. نامە-ئەمەلى سول قولىغا بېرىلگەنلەر بەختسىزلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى يامان بولىدۇ.

3. جەننەتنىڭ شارابلىرى ئادەمنى راھەتسىز قىلمايدىغان، ئەقلىنى يوقاتمايدىغان، پاك ۋە ھالال شارابلاردۇر.

### ◄ نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى

﴿وَأَصۡحَٰبُ ٱلۡيَمِينِ مَآ أَصۡحَٰبُ ٱلۡيَمِينِ ٢٧ فِي سِدۡرٖ مَّخۡضُودٖ ٢٨

[1] رەئد سۈرىسى:24-ئايەت.

وَطَلْحٍ مَّنضُودٍ ﴿٢٩﴾ وَظِلٍّ مَّمْدُودٍ ﴿٣٠﴾ وَمَآءٍ مَّسْكُوبٍ ﴿٣١﴾ وَفَٰكِهَةٍ
كَثِيرَةٍ ﴿٣٢﴾ لَّا مَقْطُوعَةٍ وَلَا مَمْنُوعَةٍ ﴿٣٣﴾ وَفُرُشٍ مَّرْفُوعَةٍ ﴿٣٤﴾
إِنَّآ أَنشَأْنَٰهُنَّ إِنشَآءً ﴿٣٥﴾ فَجَعَلْنَٰهُنَّ أَبْكَارًا ﴿٣٦﴾ عُرُبًا أَتْرَابًا ﴿٣٧﴾
لِّأَصْحَٰبِ ٱلْيَمِينِ ﴿٣٨﴾ ثُلَّةٌ مِّنَ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿٣٩﴾ وَثُلَّةٌ مِّنَ ٱلْءَاخِرِينَ
﴿٤٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

27-نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەر نېمىدېگەن بەختلىك كىشىلەر!

28-34- ئۇلار تىكەنسىز سىدرى دەرىخىنىڭ، مېۋىسى سانجاق-سانجاق بولۇپ كەتكەن بانان دەرىخىنىڭ، دائىملىق سايىنىڭ، ئېقىپ تۇرىدىغان سۇنىڭ، تۈگىمەيدىغان ۋە چەكلەنمەيدىغان مول مېۋىلەرنىڭ ئارىسىدا ۋە كۆتۈرۈلگەن (ئالىي) تۆشەكلەرنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ.

35-شەكسىزكى، بىز هۆرلەرنى يېڭىدىن ياراتتۇق.

36-ئۇلارنى (هەمىشە) قىزلىق هالىتىدە تۇرىدىغان قىلدۇق.

37-ئۇلارنى ئەرلىرىگە ئامراق ۋە تەڭتۇش قىلدۇق.

38-بۇ (ئىنئاملار) نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەر ئۈچۈندۇر.

39-40-بۇلار بولسا ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ كۆپتۇر، كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ كۆپتۇر.

### ◄ تەپسىرى

قىيامەت كۈنىدە نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلىدىغان كىشىلەر نېمىدېگەن بەختلىك، نېمىدېگەن سائادەتمەن كىشىلەر! ئۇلار «قۇرئان كەرىم»دە «ئەسهابۇليەمىن» دەپ ئاتالغان كىشىلەردۇر، ئۇلار هەقىقەتەن مۇرادىغا يەتكەن، بەختلىك كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ﴿(ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا) ئەڭ ئالدىدا بولغۇچىلار﴾ دېگەن پىرقىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان پىرقىدۇر. «ئەسهابۇليەمىن» دېيىلگەن بۇ كىشىلەر گۇناهلىرىنىڭ جازاسىنى چېكىپ بولغان ياكى گۇناهلىرى ئەپۇ قىلىنغان بەزى مۇئمىنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە، تىكەنسىز سىدرى دەرىخىنىڭ، هەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ،

مېۋىلىرى ئۈستى-ئۈستىگە تىزىلىپ، سانجاق-سانجاق بولۇپ كەتكەن بانان دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدا، دائىملىق سايىلارنىڭ ئاستىدا، ئۆزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدىغان سۇلارنىڭ يېنىدا، ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ۋە ھېچ ۋاقىت يېيىشتىن مەنئى قىلىنمايدىغان مېۋىلەرنىڭ ئارىسىدا، قىلىن ۋە يۇمشاق تۆشەكلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ھۇزۇرلىنىدىغان كىشىلەردۇر. بۇ نېمىدېگەن گۈزەل بايان!

ئاللاھ تائالا ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغان، ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك پىرقىنى سۈپەتلىگەن سۆزىدە: ئۇلارنىڭ دۇنيادا ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا ۋە ئۇنىڭغا ئالدىراشتا ئالدىدا بولغانلىقى، ئاخىرەتتە مۇكاپاتلىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتىمۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرغۇچىلار ئىكەنلىكى، نازۇنېمەتلىك، ئېسىل جەننەتلەردە ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولغۇچىلار ئىكەنلىكى، ئالتۇندىن ياسالغان تەختلەرگە يۆلەنگەن ھالدا بىر-بىرىگە قارىشىپ بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشىدىغانلىقى، جەننەتنىڭ مۇلازىم بالىلىرىنىڭ ئۇلارغا جەننەتنىڭ ئېسىل شارابلىرىدىن تولدۇرۇلغان پىيالە، چەينەك، جاملارنى ئايلاندۇرۇپ، سۇنۇپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا ئۆزلىرى خالىغان مېۋىلەردىن ۋە كۆڭۈللىرى تارتقان ئۇچارقاناتلارنىڭ گۆشلىرىدىن ئۆزلىرىگە تەقدىم قىلىنىپ تۇرىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئۇلارغا سەدەپنىڭ ئىچىدىكى مەرۋايىتلارغا ئوخشايدىغان شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنىڭ بېرىلىدىغانلىقى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

«قۇرئان كەرىم» جەننەت ئەھلىدىن بولغان بۇ ئىككى پىرقىنىڭ مۇكاپاتلىرىنى شۇنچىلىك مۇكەممەل، شۇنچىلىك ئىخچام ۋە شۇنچىلىك جەلپكار ئۇسلۇبتا بايان قىلغان. ھەر ئىككى پىرقىنىڭ جەننەتتىكى ھۇزۇر-ھالاۋىتىنى، راھەت-پاراغىتىنى ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە لايىق ۋە مۇناسىپ كېلىدىغان شەكىلدە تەسۋىرلەپ بەرگەن.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَفُرُشٍ مَّرْفُوعَةٍ﴾ دېگەن ئايەتكە مەنە ئېيتىشتا ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، كۆپلىگەن تەپسىرلەردە «ئېگىز تۆشەكلەر» دەپ مەنە ئېيتىلغان بولسا، تەپسىرى تەبەرىي ۋە تەپسىرى ۋازىھ قاتارلىق تەپسىرلەردە، بۇ ئايەتكە «(ھۆسن-جامالدا ۋە مەرتىۋىدە) يۇقىرى تۇرىدىغان ھۆرلەر» دەپ مەنە ئېيتىلغان.

جەننەت ئەھلى ئەنە شۇنداق نېمەتلىنىدۇ. نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەرگە ئۇلار ئۇچۇن ئالاھىدە يارىتىلغان، ھەمىشە قىز ھالىتىدە

تۈرتۈلگەن، ياش قورامى تەڭتۈش، سۆيگۈ-مۇھەببەتتە ئىشىپ تۈرىدىغان گۈزەل ھۆرلەر بېرىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ﴿(ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا) ئەڭ ئالدىدا بولغۇچىلار﴾ دېگەن پىرقىنىڭ جەننەتتىكى مۇكاپاتلىرىنى بايان قىلغان سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، ﴿بۇ ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر﴾ دېگەن بولسا، بۇ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كىشىلەر (يەنى ئەسھابۇليەمىين) ھەققىدىكى بايانىدا يۇقىرىقى جۈملىنى ئىشلەتمىگەن. بۇنداق قىلىش مەزكۇر پىرقە ياخشى ئەمەلدە ئالدىنقىلارغا يەتمىگەن بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى ئۆز پەزل-مەرھەمىتى بىلەن جەننەتكە كىرگۈزگەنلىكىگە ئىشارەت قىلىش ئۈچۈندۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەر بەختلىك كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار دوزاختىن ساقلىنىپ، جەننەتنى قازانغان بولىدۇ.

2. ئاخىرەتنىڭ ئەڭ ئېسىل نېمەتلىرى تەقۋادار مۇئمىنلەرگە خاستۇر.

3. جەننەت ئەھلى بولغان ئاياللار ھەممىسى جەننەتتە بىر خىل ياشتىكى قىزلارغا ئايلىنىدۇ.

4. جەننەت ئىمان ۋە تەقۋالىق بىلەن قولغا كېلىدۇ.

### ◄ نامە-ئەمەلى سولىدىن بېرىلگەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى

﴿وَأَصْحَٰبُ ٱلشِّمَالِ مَآ أَصْحَٰبُ ٱلشِّمَالِ ﴿٤١﴾ فِى سَمُومٍ وَحَمِيمٍ ﴿٤٢﴾
وَظِلٍّ مِّن يَحْمُومٍ ﴿٤٣﴾ لَّا بَارِدٍ وَلَا كَرِيمٍ ﴿٤٤﴾ إِنَّهُمْ كَانُوا۟ قَبْلَ ذَٰلِكَ
مُتْرَفِينَ ﴿٤٥﴾ وَكَانُوا۟ يُصِرُّونَ عَلَى ٱلْحِنثِ ٱلْعَظِيمِ ﴿٤٦﴾ وَكَانُوا۟ يَقُولُونَ
أَئِذَا مِتْنَا وَكُنَّا تُرَابًا وَعِظَٰمًا أَءِنَّا لَمَبْعُوثُونَ ﴿٤٧﴾ أَوَءَابَآؤُنَا ٱلْأَوَّلُونَ
﴿٤٨﴾ قُلْ إِنَّ ٱلْأَوَّلِينَ وَٱلْءَاخِرِينَ ﴿٤٩﴾ لَمَجْمُوعُونَ إِلَىٰ مِيقَٰتِ يَوْمٍ
مَّعْلُومٍ ﴿٥٠﴾ ثُمَّ إِنَّكُمْ أَيُّهَا ٱلضَّآلُّونَ ٱلْمُكَذِّبُونَ ﴿٥١﴾ لَءَاكِلُونَ مِن
شَجَرٍ مِّن زَقُّومٍ ﴿٥٢﴾ فَمَالِـُٔونَ مِنْهَا ٱلْبُطُونَ ﴿٥٣﴾ فَشَٰرِبُونَ عَلَيْهِ مِنَ
ٱلْحَمِيمِ ﴿٥٤﴾ فَشَٰرِبُونَ شُرْبَ ٱلْهِيمِ ﴿٥٥﴾ هَٰذَا نُزُلُهُمْ يَوْمَ ٱلدِّينِ ﴿٥٦﴾﴾

## تەرجىمىسى

41ـ نامە ـ ئەمەلى سول قولىغا بېرىلگەنلەر نېمىدېگەن بەختسىز كىشىلەر!

42ـ44ـ ئۇلار (بەدەننىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىدىغان) ئوتلۇق شامالنىڭ، يۇقىرى هارارەتلىك قايناق سۇنىڭ ۋە قارا تۈتۈندىن هاسىل بولغان سالقىنمۇ ئەمەس، پايدىلىقمۇ ئەمەس سايىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ.

45ـ چۈنكى ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى (هارام بىلەن) راهەت ـ پاراغەتكە چۆمگەن ئىدى،

46ـ ئۇلار چوڭ گۇناهتا (كاپىرلىقتا) چىڭ تۇرغان ئىدى.

47ـ48ـ ئۇلار: «بىز ئۆلۈپ تۇپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغان چاغدىمۇ چوقۇم تىرىلدۈرۈلەمدۇق؟ بۇرۇنقى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزمۇ تىرىلدۈرۈلەمدۇ؟» دەيتتى.

49ـ50ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن ئىلگىرىكىلەرمۇ، كېيىنكىلەرمۇ (قىيامەتتىن ئىبارەت) مەلۇم كۈندىكى مۇئەييەن ۋاقىتتا ئەلۋەتتە توپلىنىدۇ.

51ـ ئاندىن سىلەر، ئى ئازغۇنلۇقتا پاتقان ئىنكارچىلار!

52ـ چوقۇم زەققۇم دەرىخىدىن يەيسىلەر،

53ـ ئۇنىڭدىن قورساقلىرىڭلارنى تولدۇرىسىلەر،

54ـ55ـ ئۇنىڭ ئۈستىگە هارارىتى يۇقىرى قايناق سۇنى ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ كەتكەن تۆگىلەر ئىچكەندەك ئىچىسىلەر».

56ـ مانا بۇ ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى زىياپىتىدۇر.

## تەپسىرى

نامە ـ ئەمەلى سول قولىغا بېرىلگەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار نېمىدېگەن بەختسىز كىشىلەر! ئۇلار بەدەننىڭ ئىچكى قىسمىغا ئۆتۈپ كېتىدىغان قاتتىق ئىسسىق ۋە زەھەرلىك ئوت شامال بىلەن، ئىچكى ئەزاسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان يۇقىرى هارارەتلىك قايناق سۇ بىلەن ۋە جەھەننەمنىڭ قاپقارا تۈتۈنىدىن هاسىل بولغان سالقىنمۇ ئەمەس، پايدىلىقمۇ ئەمەس سايە بىلەن ئازابلىنىدۇ. ئايەتتىكى ﴿ظِلٍّ﴾ يەنى ﴿سايە﴾ دىن مەقسەت تۈتۈن بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلىگەن ئوت يالقۇنىدۇر[1].

[1] «تفسير ابن كثير» 8ـ توم، 299ـ بەت.

يەنى دوزاخ ئەھلى قاتتىق ئىسسىقتىن قىينىلىپ كېتىپ سايىدايلى دېسىمۇ ئۇلارغا دوزاخنىڭ قاپقارا تۈتۈنىدىن ھاسىل بولغان ئوتلۇق شامال ئەۋەتىلىدۇ. ﴿لَهُم مِّن فَوْقِهِمْ ظُلَلٌ مِّنَ ٱلنَّارِ وَمِن تَحْتِهِمْ ظُلَلٌ ۚ ذَٰلِكَ يُخَوِّفُ ٱللَّهُ بِهِۦ عِبَادَهُۥ ۚ يَٰعِبَادِ فَٱتَّقُونِ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنى ئۈستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت، ئاستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت ئورىۋالىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتتىكى﴿ظُلَلٌ ۚ﴾ دېگەن سۆزمۇ ئوت دېگەن مەنىدە كەلگەن. بۇ دوزاخ ئەھلىنىڭ دوزاختا تاشلىنىش ئالدىدىكى ئەھۋالىدۇر. دېمەك، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئازابى ئۇلار دوزاخقا كىرىشتىن بۇرۇن باشلىنىدۇ.

نامە-ئەمەلى سول قولىغا بېرىلگەنلەر نېمە سەۋەبتىن شۇنداق ئازابلىنىدۇ؟ چۈنكى ئۇلار دۇنيادىكى ۋاقىتلىرىدا نەپسى خاھىشىغا ئەگىشەتتى، ئەيشى-ئىشرەتلىك ھاياتقا چۆكۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار ھالال بىلەن ھارامنىڭ پەرقىنى ئايرىمىغان، چوڭچىلىق قىلىپ ھە-قىقەتكە ئەگىشىشتىن باش تارتقان، كۇفرىلىقنى ۋە ئازغۇنلۇقنى ئۆزلىرىگە راۋا كۆرگەن ۋە گۇناھتا، مۇشرىكلىكتە ۋە كۇفرىلىقتا چىڭ تۇرغان ئازغۇنلار ئىدى. ئۇلار يەنە قىيامەت دېگەن يوق گەپ، ئۇ بولمايدۇ، دەپ قەسەم ئىچەتتى. ﴿وَأَقْسَمُوا۟ بِٱللَّهِ جَهْدَ أَيْمَٰنِهِمْ لَا يَبْعَثُ ٱللَّهُ مَن يَمُوتُ ۚ بَلَىٰ وَعْدًا عَلَيْهِ حَقًّا وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار: «ئاللاھ ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى تىرىلدۈرەلمەيدۇ» دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن بولۇشىغا قەسەم ئىچىشتى﴾[2]. ئۇلار يەنە ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلاتتى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش بار دېگەن سۆزدىن ھەيران قالاتتى. شۇڭا ئۇلار ﴿بىز ئۆلۈپ تۇپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغان چاغدىمۇ چوقۇم تىرىلدۈرۈلەمدۇق؟﴾ دەيتتى. يەنى بىزنىڭ بەدىنىمىز تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن، سۆڭەكلىرىمىز چىرىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ بىز تىرىلىپ چىقىپ قايتىدىن ئادەم بولامدۇق؟ بىز ۋە ئاتا-بوۋىلىرىمىزمۇ راستتىنلا تىرىلەمدۇق؟ ئۇلار بىزدىن نەچچە ئون يىللار ئىلگىرى ئۆلگەن ۋە بەدەنلىرى تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن تۇرسا، ئۇلار قانداق ئەسلىگە كېلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ تىرىلىپ قايتىدىن ئادەم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دەيتتى.

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسىنىڭ سەۋەبىنى ﴿چۈنكى ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى راھەت-پاراغەتكە چۆمگەن ئىدى﴾ دېگەن سۆزى

[1] زۇمەر سۈرىسى:16-ئايەت.
[2] نەھل سۈرىسى:38-ئايەت.

بىلەن ئىزاھلىغان بولسىمۇ، نامە-ئەمەلى ئۇنى قولىغا بېرىلىدىغانلارغا قىلغان ئىنئاملىرىنىڭ سەۋەبىنى ئىزاھلىمىغان. چۈنكى، جازا ئادالەتنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئەمما مۇكاپات ۋە ئىنئام ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-مەرھەمىتى بىلەن بولىدۇ. چۈنكى، ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەنلا جەننەتكە لايىق بولالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «لَنْ يُنْجِيَ أَحَدًا مِنْكُمْ عَمَلُهُ» يەنى «سىلەرنىڭ ھېچ بىرىڭلارنى قىلغان ئەمەلى قۇتقۇزالمايدۇ (يەنى دوزاختىن قۇتقۇزۇپ جەننەتكە كىرگۈزەلمەيدۇ)» دېگەندە، ساھابىلەر: «يارەسۇلۇللاھ! سىلىچۇ؟ سىلىمۇ شۇنداقمۇ؟» دەپ سوراشقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «وَلَا أنا ، إِلَّا أَنْ يَتَغَمَّدَنِيَ اللّٰهُ مِنْهُ بِرَحْمَةٍ» يەنى «ئەلۋەتتە مەنمۇ شۇنداق، مەنمۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن پەزل-كەرەمى مېنى قورشىغاندىلا ئاندىن كىرەلەيمەن» [1] دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىپ ئېيتقان بۇ بىمەنە سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىپ دېگىنكى، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر ۋە سىلەر ھەممىڭلار قىيامەت كۈنى ھېساب مەيدانىغا توپلىنىسىلەر، بارچە قىلمىشىڭلاردىن تەپسىلىي ھېساب بېرىسىلەر. ئاندىن سىلەر ئى ئازغۇن ئىنكارچىلار! ئى ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى يالغان دېگەن كاپىرلار! قىيامەت كۈنىدە يېمىكىڭلارغا زەققۇم دەرىخىنىڭ ئاچچىق مېۋىسىدىن يەيسىلەر، ئىچمىكىڭلارغا جەھەننەمنىڭ قايناق سۈيىنى ئىچىسىلەر. زەققۇم دەرىخى جەھەننەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈنىدىغان ۋە زالىملارغا ئازابنى تېتىتىدىغان، كۆرۈنۈشى تولىمۇ سەت بىر دەرەختۇر. كاپىرلار ئاچلىق ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىدىن بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى مەجبۇرىي ھالدا قورساقلىرىغا تولدۇرۇۋالىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن جەھەننەمنىڭ قايناق سۈيىدىن مەجبۇرىي ھالدا ئىچىدۇ. ئۇلار قاتتىق ئۇسسۇزلۇقتىن خۇددى تۆگىنىڭ ئىچكىنىدەك شۇنچە كۆپ ئىچسىمۇ ئۇلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقى قانمايدۇ. يەنى زەققۇم دەرىخىنىڭ مېۋىسى ئۇلارنىڭ ئاچلىقىغا دال بولالمىغاندەك، قايناق سۇمۇ ئۇلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىغا دال بولالمايدۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق ئازابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئازابلار دوزاخ ئەھلى دوزاخقا كىرە-كىرمەيلا باشلىنىدىغان تۇنجى ئازابلاردۇر. شۇڭا بۇلارنى زىياپەت دەپ تەبىرلىگەن. ﴿مانا بۇ، ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى زىياپىتىدۇر﴾ مەلۇمكى، زىياپەت

[1] «صحيح مسلم» 4- توم، 2169-بەت، 2816-ھەدىس.

دېگەن ھۆرمەتلىك مېھمانلارغا سۇنۇلىدىغان قارشى ئېلىش تائامىدۇر. ئەمما دوزاخ ئەھلى دوزاختا تۇنجى قېتىم تېتىيدىغان ئازابنىڭ «زىياپەت» دەپ ئاتالغانلىقى زىت مەنىسى مەقسەت قىلىنغان سۆزلەردىن بولۇپ، دوزاخ ئەھلىنى مەنىۋى تەرەپتىن تېخىمۇ بەك ئازابلاش ئۈچۈندۇر. تۇنجى ئازاب بۇنداق بولغان يەردە، كېيىنكى ئازابلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. نامە-ئەمەلى سول قولىغا بېرىلىدىغان پىرقە بارلىق كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىگە بېرىلىپ كېتىپ، ئاخىرەتلىكىنى ئۇنتۇغانلار زىيان تارتىدۇ، ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

3. قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى شەك قوبۇل قىلمايدىغان ھەقىقەت بولۇپ، ئەقلىي دەلىللەرمۇ بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ.

### ◄ ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ بەزى دەلىللىرى

﴿نَحْنُ خَلَقْنَـٰكُمْ فَلَوْلَا تُصَدِّقُونَ ٥٧ أَفَرَءَيْتُم مَّا تُمْنُونَ ٥٨
ءَأَنتُمْ تَخْلُقُونَهُۥٓ أَمْ نَحْنُ ٱلْخَـٰلِقُونَ ٥٩ نَحْنُ قَدَّرْنَا بَيْنَكُمُ ٱلْمَوْتَ
وَمَا نَحْنُ بِمَسْبُوقِينَ ٦٠ عَلَىٰٓ أَن نُّبَدِّلَ أَمْثَـٰلَكُمْ وَنُنشِئَكُمْ فِى
مَا لَا تَعْلَمُونَ ٦١ وَلَقَدْ عَلِمْتُمُ ٱلنَّشْأَةَ ٱلْأُولَىٰ فَلَوْلَا تَذَكَّرُونَ
٦٢ أَفَرَءَيْتُم مَّا تَحْرُثُونَ ٦٣ ءَأَنتُمْ تَزْرَعُونَهُۥٓ أَمْ نَحْنُ ٱلزَّٰرِعُونَ ٦٤
لَوْ نَشَآءُ لَجَعَلْنَـٰهُ حُطَـٰمًا فَظَلْتُمْ تَفَكَّهُونَ ٦٥ إِنَّا لَمُغْرَمُونَ ٦٦
بَلْ نَحْنُ مَحْرُومُونَ ٦٧ أَفَرَءَيْتُمُ ٱلْمَآءَ ٱلَّذِى تَشْرَبُونَ ٦٨ ءَأَنتُمْ
أَنزَلْتُمُوهُ مِنَ ٱلْمُزْنِ أَمْ نَحْنُ ٱلْمُنزِلُونَ ٦٩ لَوْ نَشَآءُ جَعَلْنَـٰهُ أُجَاجًا
فَلَوْلَا تَشْكُرُونَ ٧٠ أَفَرَءَيْتُمُ ٱلنَّارَ ٱلَّتِى تُورُونَ ٧١ ءَأَنتُمْ أَنشَأْتُمْ
شَجَرَتَهَآ أَمْ نَحْنُ ٱلْمُنشِـُٔونَ ٧٢ نَحْنُ جَعَلْنَـٰهَا تَذْكِرَةً وَمَتَـٰعًا
لِّلْمُقْوِينَ ٧٣ فَسَبِّحْ بِٱسْمِ رَبِّكَ ٱلْعَظِيمِ ٧٤﴾

## تەرجىمىسى

57ـ(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنى بىز ياراتقان تۇرساق، (تىرىلدۈرۈشىمىزگە) نېمىشقا ئىشەنمەيسىلەر؟

58ـ59ـ سىلەر ئۆزۈڭلار (ئاياللىرىڭلارنىڭ بالىياتقۇسىغا) تۆكىدىغان مەنىيگە قاراپ باقمامسىلەر؟ ئۇنى سىلەر (ئىنسان قىلىپ) يارىتامسىلەر ياكى ياراتقۇچى بىزمۇ؟

60ـ61ـ بىز سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۆلۈمنى بەلگىلىدۇق، سىلەرنى باشقا بىر قەۋمگە ئالماشتۇرۇشتىن ۋە سىلەرنى ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان (باشقا) بىر شەكىلدە يارىتىشتىن ئاجىز ئەمەسمىز.

62ـشەكسىزكى، سىلەر دەسلەپكى يارىتىشنى بىلدىڭلار، (ئاللاھنىڭ سىلەرنى قايتا يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكى توغرۇلۇق) ئويلىنىپ كۆرمەمسىلەر؟

63ـسىلەر تېرىۋاتقان زىرائەتكە قاراپ باقتىڭلارمۇ؟

64ـئۇنى سىلەر ئۈندۈردۈڭلارمۇ ياكى ئۈندۈرگۈچى بىزمۇ؟

65ـ67ـ ئەگەر بىز خالىساق ئەلۋەتتە ئۇنى دانسىز قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇ-رۇۋېتەتتۇق-دە، ئۇ چاغدا سىلەر گاڭگىراپ قالاتتىڭلار ۋە: «بىز راستتىنلا زىيان تارتتۇق، بەلكى (ھەممىدىن) قۇرۇق قاپتۇق» (دەپ قالاتتىڭلار).

68ـسىلەر ئىچىۋاتقان سۇغا قاراپ باقتىڭلارمۇ؟

69ـئۇنى بۇلۇتتىن سىلەر چۈشۈردۈڭلارمۇ ياكى چۈشۈرگۈچى بىزمۇ؟

70ـئەگەر بىز خالىساق ئۇنى تۇزلۇق قىلىپ قوياتتۇق. سىلەر (بۇ نېمەتلەرگە) شۈكۈر قىلمامسىلەر؟

71ـسىلەر ياندۇرۇۋاتقان ئوتقا قاراپ باقتىڭلارمۇ؟

72ـئۇنىڭ دەرىخىنى سىلەر ئۈستۈردۈڭلارمۇ ياكى ئۆستۈرگۈچى بىزمۇ؟

73ـبىز ئۇنى (كىشىلەرگە دوزاخ ئوتىنى) ئەسلىتىدىغان ۋە يولۇچىلار پايدى-لىنىدىغان نەرسە قىلدۇق.

74ـشۇنىڭ ئۈچۈن، سەن (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلۇغ رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن.

## تەپسىرى

بىز سىلەرنى يوقتىن پەيدا قىلغان ۋە ناھايىتى چىرايلىق شەكىلدە

ياراتقان تۇرساق، ئەمدى سىلەر ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن سىلەرنى بىزنىڭ تىرىلدۈرىدىغانلىقىمىزغا ئىشەنمەمسىلەر؟ يوقتىن بار قىلىشقا قادىر بولغان زات سىلەرنى ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن تىرىلدۈرەلمەمدۇ؟ سىلەر قانداقمۇ بۇنى ئىنكار قىلىسىلەر؟

ئەللامە تەبەرىي ﴿نَحۡنُ خَلَقۡنَٰكُمۡ فَلَوۡلَا تُصَدِّقُونَ﴾ دېگەن ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: «ئى ئىنسانلار! بىز سىلەرنى يوقتىن يارىتىپ ئىنسان قىلغان تۇرساق، سىلەر ئەمدى ئۆزۈڭلارنى ياراتقان زاتنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەمسىلەر؟ شەكسىزكى، سىلەرنى يوقتىن ياراتقان زات سىلەر ئۆلۈپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، سىلەرنى تىرىلدۈرۈپ، بۇرۇنقى تىرىك ھالىتىڭلارغا قايتۇرىدۇ»[1]. ئەللامە قۇرتۇبىي «بىز سىلەرنى يوقتىن ياراتقان تۇرساق، يارىتىلىپ بولغانىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ياراتقانغا ئوخشاش تۇرسا، سىلەر ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە نېمىشقا ئىشەنمەيسىلەر؟»[2] دەپ تەپسىر قىلغان.

شۇ ئېنىقكى، مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ بىردىنبىر ياراتقۇچىسى ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، بارلىق مەۋجۇداتنى ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقانلىقىغا ئىشىنەتتى، ئەمما بۇ ئىشىنىش ئەمەل بىلەن ئىسپاتلانمىغان قۇرۇق ئىشىنىش بولغانلىقتىن، ئۇ يوقنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈلۈپ، گويا ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغانلار قاتارىدىن سانالغان. چۈنكى، مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇقلۇق، بۇتلارغا چوقۇناتتى، ئەمەل-ئىبادەتلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە قىلماي، بۇتلىرىغا قىلاتتى ۋە بۇتلىرىنى ئاللاھ تائالاغا ۋاستە بولغۇچى ئىلاھلار دەپ ئېتىقاد قىلاتتى.

ئاندىن «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ يېگانە ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل-ئىسپاتلارنى كەلتۈرۈشكە باشلايدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ئۆزۈڭلار ئاياللىرىڭلارنىڭ بالىياتقۇسىغا تۆكىدىغان مەنىيگە (ئىسپېرمىغا) قاراپ باقمامسىلەر؟ سىلەر بۇ ھەقتە ئويلىنىپ باقتىڭلارمۇ؟ ئۇنى ئىنسان قىلىپ ياراتقۇچى سىلەرمۇ ياكى يېگانە ياراتقۇچى بىزمۇ؟ دىنسىزلار گۇمان قىلغاندەك تۆرەلمىنى تەبىئەت ياراتقان ئەمەس، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ياراتقانمۇ ئەمەس، بەلكى يېگانە ياراتقۇچى بىزدۇرمىز. ئى مۇشرىكلار! ئۇنى سىلەرمۇ يارىتالمايسىلەر.

---

[1] «تفسير الطبري» 22- توم، 136- بەت.

[2] «تفسير القرطبي» 7- توم، 196- بەت.

ئانىنىڭ بالىياتقۇسىغا تۆكۈلگەن بۇ ئىسپىرما بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە، بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا يۆتكىلىپ تۇرۇش جەريانىدا مۇكەممەل بىر ئىنسان بولۇپ چىقىدۇ. مەنىيدىن ئىبارەت ئاشۇ بىر تامچە سۇدىن شۇنداق مۇكەممەل ئىنساننى ياراتقان زات - ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ سىلەرنى ۋە ئەجدادلىرىڭلارنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغان زات قىيامەت كۈنى قايتا يارىتىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ سىلەر قىيامەت كۈنىدىكى تىرىلىشنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەر؟

سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۆلۈمنى بىز بەلگىلىدۇق، بىز ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىنى شۇنداق تەقدىر قىلدۇقكى، ئۇنىڭ ئەجىلى ئىلگىرى - كېيىن بولمايدۇ. بىز سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىپ، ئورنۇڭلارغا ئۆز تىپىڭلاردىن بولغان باشقا بىر قەۋمنى كەلتۈرۈشتىن ۋە سىلەرنى ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان باشقا بىر شەكىلدە، باشقا بىر سۈرەتتە يارىتىشتىن ھەرگىز ئاجىز ئەمەسمىز، چۈنكى بىز ھەممىگە قادىرمىز. مۇجاھىد قاتارلىق مۇپەسسىرلەر ﴿وَلَقَدۡ عَلِمۡتُمُ ٱلنَّشۡأَةَ ٱلۡأُولَىٰ﴾ دېگەن ئايەتنى «سىلەر دەسلەپكى يارىتىشنى ئەلۋەتتە بىلدىڭلار. چۈنكى، سىلەر دەسلەپتە ئىسپىرمىدىن ئەلەقكە[1]، ئاندىن ئەلەقتىن بىر پارچە گۆشكە ئايلىنىپ، ئاندىن رەسمىي ئىنسان شەكلىگە كىرىپ تەرەققىي قىلىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈردۇڭلار»[2] دەپ تەپسىر قىلغان. قەتادە ۋە زەھھاك «سىلەر ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقىنى بىلدىڭلار»[3] دەپ تەپسىر قىلغان. يەنى تۇپراق بىلەن ئىنسان ئوتتۇ-رىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بار. سىلەر بۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلىپ كۆرمەمسىلەر؟ شۇ جانسىز تۇپراقتىن سىلەردەك جانلىق ئىنساننى ياراتقان زاتنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى ئويلاپ كۆرمەمسىلەر؟

سىلەر ئۆزۈڭلار تېرىۋاتقان زىرائەتلەرگە قاراپ باقتىڭلارمۇ؟ بۇ ھەقتە ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ ئۇلارنى سىلەر ئۈندۈردۈڭلارمۇ ياكى يېگانە ئۈندۈرگۈچى بىزمۇ؟ ھەقىقەت شۇكى، قۇرغاقچىلىقتىن قاقاس بولۇپ كەتكەن يەر-زېمىننى ياپيېشىل ئۆسۈملۈكلەر بىلەن تىرىلدۈرىدىغان

---

[1] ئەلەق توغرۇلۇق ئىزاھات ئۈچۈن ھەج سۈرىسىنىڭ 5- ئايىتىنىڭ تەپسىرىگە بېرىلگەن بەت ئاستىدىكى ئىزاھاتقا قارالسۇن.

[2] «تفسير القرطبي» 7- توم، 196- بەت.

[3] «تفسير القرطبي» 7- توم، 196- بەت.

زات-ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالا يەرگە چېچىلغان قۇرۇق ئۇرۇقتىن ۋە قارا تۇپراقتىن ياپيېشىل ئۈسۈملۈكلەرنى ۋە زىرائەتلەرنى چىقىرىپ بېرىۋاتقان زاتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ پەرۋىشى ۋە ئىنايىتى بولمايدىغان بولسا، دېھقانلار يەرگە چاچقان ئۇرۇقنىڭ تۇپراق ئاستىدا سېسىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۆز قۇدرىتى بىلەن يەرنىڭ ئاستىدىكى شۇ ئۇرۇقلاردىن ياپيېشىل زىرائەتلەرنى چىقىرىدۇ. بۇنىڭ ئۆزىلا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دەلىل بولالامدۇ؟ ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا شۇ زىرائەتلەرنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ. رېئاللىقتا كۆرۈۋاتىمىزكى، بىر-بىرىگە يانداش ئىككى ئېتىزنىڭ بىرىدە زىرائەت ياخشى بولىدۇ، يەنە بىرىدە ناچار بولىدۇ ياكى ھېچ بولمايدۇ. ھەتتا بەزىدە بىر ئېتىزنىڭ ئىچىدىمۇ شۇنداق پەرقلەر بولىدۇ. بەزى زىرائەتلەر بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا نابۇت بولۇپ تۈگىشىدۇ، يەنە بەزىلىرى ھوسۇل بېرىدۇ. ئەگەر زىرائەتلەرنىڭ ئۈنۈپ چىقىشى ۋە ھوسۇل بېرىشى تەبىئەتنىڭ تەقەززاسى بولىدىغان بولسا، نېمىشقا بەزىسى نابۇت بولىدۇ؟ نېمىشقا ھەممىسى ئوخشاش بولمايدۇ؟

ئەگەر بىز خالىساق سىلەر يەرگە تېرىغان زىرائەتنى نابۇت قىلىپ، ئۇنى دانسىز بىر قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇرۇپ قويالايتتۇق-دە، ئۇ چاغدا سىلەر بۇ ئەھۋالدىن ئەجەبلىنىپ گاڭگىراپ قالاتتىڭلار ۋە «بىز راستتىنلا زىيان تارتىپتۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە مول - ھوسۇلنىڭ ھەممىسىدىن قۇرۇق قاپتۇق، بارلىق ياخشىلىقتىن مەھرۇم قاپتۇق» دەپ ئۆزۈڭلارغا ئۆزۈڭلار مالامەت قىلاتتىڭلار ھەمدە قاتتىق قايغۇرۇپ كېتەتتىڭلار.

سىلەر ئىچىۋاتقان سۇغا قاراپ باقتىڭلارمۇ؟ ئۇنى بۇلۇتتىن سىلەر چۈشۈردۈڭلارمۇ ياكى چۈشۈرگۈچى بىزمۇ؟ ھەقىقەت شۇكى، دېڭىز-ئوكيانلاردىكى سۇنى پارغا ئايلاندۇرۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈشكە ۋە ئۇلارنى بىر يەرگە يىغىپ بۇلۇت ھاسىل قىلدۇرۇشقا، ئاندىن بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇشقا قادىر زات – ئاللاھ تائالادۇر. ئەگەر رەببىڭ خالىسا، بۇلۇتتىن چۈشىدىغان سۇنى زىرائەتلەر ئۈچۈن پايدىسىز قىلىپ، تۇزلۇق قىلىپ قويغان بولاتتى، ئۇ چاغدا سىلەر يامغۇردىن پايدىلىنالمايتتىڭلار. ئەمما ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بولغان چەكسىز مېھىر-شەپقىتى ۋە كۆيۈمچانلىقى يۈزىسىدىن يامغۇر سۈيىنى تاتلىق، زىرائەتلەرنى سۇغىرىشقا مۇناسىپ قىلىپ بەردى. ئەمدى سىلەر رەببىڭلارنىڭ بۇ كاتتا نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلمامسىلەر؟

سىلەر ياندۇرۇۋاتقان شۇ ئوتقا قاراپ باقتىڭلارمۇ؟ ئۇ ئوتقا يېقىلغان ئوتۇننىڭ دەرىخىنى ياكى ئۇنىڭ ماددىسىنى سىلەر ياراتتىڭلارمۇ؟ ياكى

ياراتقۇچى بىزمۇ؟ ئەلۋەتتە، يېگانە ياراتقۇچى ئاللاھ تائالادۇر. ئەمما كىشىلەرنىڭ تولىسى بۇنى بىلمەيدۇ.

بىز ئوتنى كىشىلەرگە دوزاخنى ئەسلىتىدىغان، ھەممە ئادەم، ھەتتا يولۇچىلارمۇ پايدىلىنىدىغان بىر مەنپەئەتلىك نەرسە قىلدۇق. ئۇنىڭدىن بايمۇ، پېقىرمۇ، مۇساپىرمۇ، مۇقىممۇ پايدىلىنالايدۇ. چۈنكى، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاج بولىدۇ. شۇ ئېنىقكى، ئوت بولسا سۇ، ھاۋا، تۇپراققا ئوخشاش مۇھىم ماددىلارنىڭ بىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەن ئى پەيغەمبەر! ئۇلۇغ رەببىڭنىڭ ئىسمىنى ئۇلۇغلاپ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، يەنى ئۇنىڭ بارچە ئەيىب-نۇقسانلاردىن ۋە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاك ئىكەنلىكىنى ئېغىزىڭدىن چۈشۈرمىگىن.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن ھېساب مەيدانىغا ئېلىپ بارىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ھېسابسىزدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ھەربىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ بۇرچىدۇر.

4. كائىناتتا ئىنسانلار ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەر ئىنتايىن كۆپتۇر.

5. ئاللاھ تائالانى لايىقىدا مەدھىيىلەش ۋە ئۇلۇغلاش مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئەخلاقىدۇر.

### ◄ «قۇرئان كەرىم» ھەققەتىنىڭ ئۆزىدۇر

﴿فَلَآ أُقۡسِمُ بِمَوَٰقِعِ ٱلنُّجُومِ ٧٥ وَإِنَّهُۥ لَقَسَمٞ لَّوۡ تَعۡلَمُونَ عَظِيمٌ
٧٦ إِنَّهُۥ لَقُرۡءَانٞ كَرِيمٞ ٧٧ فِي كِتَٰبٖ مَّكۡنُونٖ ٧٨ لَّا يَمَسُّهُۥٓ إِلَّا
ٱلۡمُطَهَّرُونَ ٧٩ تَنزِيلٞ مِّن رَّبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٨٠ أَفَبِهَٰذَا ٱلۡحَدِيثِ أَنتُم
مُّدۡهِنُونَ ٨١ وَتَجۡعَلُونَ رِزۡقَكُمۡ أَنَّكُمۡ تُكَذِّبُونَ ٨٢ فَلَوۡلَآ إِذَا
بَلَغَتِ ٱلۡحُلۡقُومَ ٨٣ وَأَنتُمۡ حِينَئِذٖ تَنظُرُونَ ٨٤ وَنَحۡنُ أَقۡرَبُ إِلَيۡهِ

مِنكُمْ وَلَٰكِن لَّا تُبْصِرُونَ ﴿٨٥﴾ فَلَوْلَآ إِن كُنتُمْ غَيْرَ مَدِينِينَ
﴿٨٦﴾ تَرْجِعُونَهَآ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٨٧﴾ فَأَمَّآ إِن كَانَ مِنَ ٱلْمُقَرَّبِينَ
﴿٨٨﴾ فَرَوْحٌ وَرَيْحَانٌ وَجَنَّتُ نَعِيمٍ ﴿٨٩﴾ وَأَمَّآ إِن كَانَ مِنْ أَصْحَٰبِ
ٱلْيَمِينِ ﴿٩٠﴾ فَسَلَٰمٌ لَّكَ مِنْ أَصْحَٰبِ ٱلْيَمِينِ ﴿٩١﴾ وَأَمَّآ إِن كَانَ مِنَ
ٱلْمُكَذِّبِينَ ٱلضَّآلِّينَ ﴿٩٢﴾ فَنُزُلٌ مِّنْ حَمِيمٍ ﴿٩٣﴾ وَتَصْلِيَةُ جَحِيمٍ ﴿٩٤﴾
إِنَّ هَٰذَا لَهُوَ حَقُّ ٱلْيَقِينِ ﴿٩٥﴾ فَسَبِّحْ بِٱسْمِ رَبِّكَ ٱلْعَظِيمِ ﴿٩٦﴾

### تەرجىمىسى

75ـ76ـ يۇلتۇزلارنىڭ ئورۇنلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇ ئەلۋەتتە بۈيۈك قەسەمدۇر.

77ـ78ـ شەكسىزكى، بۇ لەۋھۇلمەھفۇزدا ساقلانغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر.

79ـئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ.

80ـئۇ ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

81ـسىلەر بۇ سۆز (قۇرئان)نى كۆزگە ئىلمايۋاتامسىلەر؟

82ـسىلەر (ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن) رىزقىڭلارغا (شۈكۈر قىلىشىڭلارنىڭ ئورنىغا) تۇزكورلۇق قىلىۋاتامسىلەر؟

83ـ84ـ جان ھەلقۇمغا يەتكەن چاغدا، سىلەر (جان تالىشىۋاتقان كىشىگە قاراپ تۇرىسىلەر (شۇ ھالدا ئۇنىڭ جېنىنى ساقلاپ قالالامسىلەر؟).

85ـبىز ئۇنىڭغا سىلەردىن بەكرەك يېقىنمىز، لېكىن سىلەر كۆرمەيسىلەر.

86ـ87ـ ئەگەر (سىلەر ئويلىغاندەك) جازاغا تارتىلمايدىغان بولساڭلار ۋە (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، سىلەر نېمىشقا ئۇنى (يەنى ئۇ مېيتنىڭ جېنىنى تېنىگە) قايتۇرۇۋالمايسىلەر؟

88ـ89ـ ئەگەر ئۇ (مېيىت) ئاللاھقا يېقىن كىشىلەردىن بولسا، ئۇنىڭغا راھەت-پاراغەت، ياخشى رىزىق ۋە نازۇنېمەتلىك جەننەت بار.

90ـ91ـ ئەگەر ئۇ نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەردىن بولسا، (ئۇنىڭغا) «نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەردىن بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا سالام!» (دېيىلىدۇ).

92ـ93ـئەگەر ئۇ (ئىربىلىشنى) ئىنكار قىلغۇچى ئازغۇنلاردىن بولسا، يۇقىرى ھارارەتلىك قايناق سۇ بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ،

94ـجەھەننەمگە تاشلىنىپ كۆيدۈرۈلىدۇ.

95ـشەك-شۈبھىسىزكى، بۇ ئېنىق ھەقىقەتتۇر.

96ـشۇنىڭ ئۈچۈن، سەن (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلۇغ رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ﴿فَلَآ أُقۡسِمُ بِمَوَٰقِعِ ٱلنُّجُومِ﴾ دېگەن ئايەتتە يۇلتۇزلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى بىلەن، يۇلتۇزلار ئۇيۇقتا ئايلىنىش جەريانىدا يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەر ۋە ئۆزگىرىشلەر بىلەن قەسەم قىلغان. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان دەلىللەردىن سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالا يۇلتۇزلارنىڭ جايلىرى بىلەن قەسەم قىلغاندىن كېيىن، بۇ قەسەمنىڭ بۈيۈك بىر قەسەم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئارقىلىق قەسەم قىلىنغان نەرسىنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

قەسەمنىڭ يۇلتۇزلارنىڭ ئۆزى بىلەن ئەمەس، بەلكى يۇلتۇزلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى، يۇلتۇزلار ئۇيۇقتا ئايلىنىپ ئۆتىدىغان جايلار ۋە شۇ جەرياندا يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەر بىلەن قىلىنغانلىقى بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە ئوپئوچۇق دالالەت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. ﴿ئەگەر بىلسەڭلار، بۇ ئەلۋەتتە بۈيۈك قەسەمدۇر﴾ دېگەن ئايەت بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ. بۇ يەردىكى قەسەم «قۇرئان كەرىم»نىڭ ناھايىتى ئۇلۇغ، ھەر تەرەپتىن مەنپەئەتلىك مۆكەممەل بىر كىتاب ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن قىلىنغان. ﴿شەكسىزكى، بۇ لەۋھۇلمەھفۇزدا ساقلانغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر﴾ يەنى «قۇرئان كەرىم» پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنىشتىن ئاۋۋال لەۋھۇلمەھفۇزدا ساقلانغان ئىدى. لەۋھۇلمەھفۇز – مەخلۇقاتنىڭ بارلىق تەقدىرى ۋە كائىناتتا تاقيامەتكىچە بولىدىغان ئىشلار پۈتۈلگەن كىتابتۇر.

«قۇرئان كەرىم» شۇنداق كەڭ كەتكەن بىر ئوكيانغا ئوخشاش بولۇپ، خۇددى دېڭىز-ئوكيانلارنىڭ سۈيىنى ھېسابلىغىلى بولمىغاندەك، «قۇرئان كەرىم»نىڭ پايدىلىرىنىمۇ ھېسابلاپ بولغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ

ھەربىر ئايىتىدىن ھىدايەت، ئىلىم، ياخشىلىق، بەرىكەت ۋە قەلبلەر ئۈچۈن نۇر چىقىپ تۇرىدۇ. ﴿يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ قَدۡ جَآءَكُمۡ رَسُولُنَا يُبَيِّنُ لَكُمۡ كَثِيرٗا مِّمَّا كُنتُمۡ تُخۡفُونَ مِنَ ٱلۡكِتَٰبِ وَيَعۡفُواْ عَن كَثِيرٖۚ قَدۡ جَآءَكُم مِّنَ ٱللَّهِ نُورٞ وَكِتَٰبٞ مُّبِينٞ ١٥ يَهۡدِي بِهِ ٱللَّهُ مَنِ ٱتَّبَعَ رِضۡوَٰنَهُۥ سُبُلَ ٱلسَّلَٰمِ وَيُخۡرِجُهُم مِّنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِ بِإِذۡنِهِۦ وَيَهۡدِيهِمۡ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ﴾ يەنى ﴿ئى ئەھلى كىتاب! سىلەرگە كىتابىڭلاردا سىلەر يوشۇرغان نەرسىلەرنىڭ نۇرغۇنىنى ئاشكارا بايان قىلىپ بېرىدىغان ۋە نۇرغۇنىدىن (پايدىسى بولمىغانلىقتىن بايان قىلماي) ئۆتۈپ كېتىدىغان ئەلچىمىز كەلدى، ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نۇر ۋە روشەن كىتاب كەلدى. ئاللاھ شۇ كىتاب ئارقىلىق رازىلىقىنى ئىزدىگەنلەرنى نىجاتلىق يوللىرىغا يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ﴾[1]. «قۇرئان كەرىم» ئەنە شۇنداق شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ كىتاب بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن پەرىشتىلەردىن باشقىلار يېقىن كېلەلمەيدىغان ۋە لەۋھۇلمەھفۇزدا ساقلانغان كىتابتۇر. شۇڭا ئۇنى ھەر تەرەپتىن پاكىز ۋە پاك بولغان كىشىلەرلا تۇتۇشقا لايىقتۇر.

مۇپەسسىرلەر ﴿لَّا يَمَسُّهُۥٓ إِلَّا ٱلۡمُطَهَّرُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ﴾ دېگەن ئايەتتىكى «ه» دېگەن ئالماشنىڭ قايتىدىغان يېرى توغرۇلۇق ئىختىلاپ قىلىشقان بولۇپ، بەزىلەر بۇ ئالماشنى قۇرئانغا قايتىدۇ دېسە، بەزىلەر لەۋھۇلمەھفۇزغا قايتىدۇ، دېگەن. ئالماشنى قۇرئانغا قايتىدۇ دېگەندە ئايەتنىڭ مەنىسى: «قۇرئاننى پەقەت پاك بولغان كىشىلەرلا تۇتۇشقا بولىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغانلار ئايەتتىكى پاكلىقتىن ماددىي جەھەتتىكى پاكلىق كۆزدە تۇتۇلامدۇ ياكى مەنىۋى جەھەتتىكى پاكلىقمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپلاشقان. بەزى ئۆلىمالار ئايەتتىكى پاكلىقتىن ماددىي پاكلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ، شۇڭا تاھارەتسىز ياكى جۇنۇپ ئادەمنىڭ قۇرئاننى تۇتۇشى جائىز ئەمەس دېسە، يەنە بەزى ئۆلىمالار بۇنىڭدىن مەنىۋى پاكلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن، كاپىرلارنىڭ قۇرئاننى تۇتۇشى توغرا ئەمەس دەيدۇ. يەنە بەزى ئۆلىمالار ئايەتتىكى پاكلىقتىن ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر ئىككى پاكلىق كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، قۇرئاننى تۇتماقچى ياكى تۇتۇپ ئوقۇماقچى بولغان كىشىنىڭ كۇفرىلىق، مۇشرىكلىك دېگەندەك

[1] مائىدە سۈرىسى:15ـ16ـئايەتلەر.

مەنىۋى پاسكىنىلىقلاردىن ۋە تاھارەتسىزلىك، جۇنۇپلۇق دېگەندەك ھەرقانداق بىر ماددىي پاسكىنىلىقتىن پاك-پاكىز بولۇشى كېرەكلىكىنى، يەنە كۆڭلىدىكى يامان ئوي-خىياللارنى، نەپسى خاھىشىنىڭ ئازغۇن ئىستەكلىرىنى قايرىپ قويۇپ، قەلبىنى ئاللاھ تائالاغا بېغىشلىغان، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن ھالدا ئوقۇشى لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى، قۇرئان ئوقۇماقچى بولغان ئادەم كۇفرى، شەك دېگەندەك مەنىۋى پاسكىنىلىقلارنىڭ ھەممىسىدىن تەلتۆكۈس پاكلىنىپ، كامىل تاھارەت ئېلىش بىلەن ماددىي پاسكىنىلىقلاردىن پاكلىنىپ، پۈتۈن بىر پاكلىق ئىچىدە «قۇرئان كەرىم»گە يۈزلىنىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «لَا يَمَسُّ الْقُرْآنَ إِلَّا طَاهِرٌ» يەنى «قۇرئاننى پەقەت پاك بولغان كىشىلا تۇتىدۇ»[1] دېگەن.

ئايەتتىكى ئالماش لەۋھۇلمەھفۇزنى كۆرسىتىدۇ دېگەندە ئايەتنىڭ مەنىسى: «لەۋھۇلمەھفۇزنى پاك بولغانلارلا (يەنى پەرىشتىلەرلا) تۇتىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە «شرح العمدة» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1- توم، 384-بېتىدە ئايەتتىكى ئالماشنىڭ لەۋھۇلمەھفۇزنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «ئايەتتىكى ‹ە› دېگەن ئالماش لەۋھۇلمەھفۇزنى كۆرسىتىدۇ، ‹پاك بولغانلار›دىن پەرىشتىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئايەت ئاسماندىكى لەۋھۇلمەھفۇزنى پەرىشتىلەردىن باشقا ھېچبىر مەخلۇقات تۇتالمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق:

بىرىنچىدىن: كۆپ سانلىق ساھابىلەر ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن فەقىھلەر (فىقھشۇناس ئالىملار)، ھەتتا ‹قۇرئاننى تاھارەتسىز تۇتسا بولمايدۇ› دەيدىغان ئالىملارمۇ ﴿لَّا يَمَسُّهُۥٓ إِلَّا ٱلۡمُطَهَّرُونَ﴾ يەنى : ﴿ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى مۇنۇ ئايەتكە ئوخشىتىدۇ: ﴿كَلَّآ إِنَّهَا تَذۡكِرَةٞ ١١ فَمَن شَآءَ ذَكَرَهُۥ ١٢ فِي صُحُفٖ مُّكَرَّمَةٖ ١٣ مَّرۡفُوعَةٖ مُّطَهَّرَةِۭ ١٤ بِأَيۡدِي سَفَرَةٖ ١٥ كِرَامِۭ بَرَرَةٖ﴾ يەنى ﴿سەن ئۇنداق قىلمىغىن. بۇ ئايەتلەر ۋەز-نەسىھەتتۇر. خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئالىدۇ. ئۇ (ئايەتلەر) قىممەتلىك، يۇقىرى مەرتىۋىلىك پاك سەھىپىلەرگە ھۆرمەتلىك، ياخشى پۈتۈكچى (پەرىشتە) لەرنىڭ قولى بىلەن يېزىلغاندۇر﴾[2]. بۇ ئايەتلەر

---

[1] «سنن الترمذي» 1-توم، 236-بەت، 131-ھەدىس، ئەللامە ئەلبانى «سەھىھ»دەپ باھالىغان.

[2] ئەبەسە سۈرىسى:11-16-ئايەتلەر.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى پاك سەھىپىلەرگە ھۆرمەتلىك ۋە ياخشى پەرىشتىلەرنىڭ قولى ئارقىلىق يېزىلىپ لەۋھۇلمەھفۇزدا ساقلانغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق بولغان ئىكەن، ﴿لَّا يَمَسُّهُۥٓ إِلَّا ٱلۡمُطَهَّرُونَ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿ٱلۡمُطَهَّرُونَ﴾ يەنى (پاك بولغانلار) پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ئاشۇ پاك پەرىشتىلەرنىڭ قولى بىلەن يېزىلىپ لەۋھۇلمەھفۇزدا ساقلانغان.

ئىككىنچىدىن: «قۇرئان» دېگەن سۆز بىر كىتابقا توپلانغان ئايەتلەرنى كۆرسىتىدۇ، ئايەتلەر بىر كىتابقا توپلانمىسا، ئۇ «قۇرئان» دېيىلمەيدۇ، بەلكى ئايەتلەر دېيىلىدۇ. ھالبۇكى، ﴿لَّا يَمَسُّهُۥٓ إِلَّا ٱلۡمُطَهَّرُونَ﴾ دېگەن ئايەت مەككىدە نازىل بولغان، ئۇ چاغلاردا قۇرئاننىڭ ھەممە ئايەتلىرى نازىل بولۇپ بولمىغانلىقى ئۈستىگە، قۇرئان كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈلمىگەن، قۇرئان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈلۈپ «مۇسھەف» دەپ ئاتالغان.

ئۈچىنچىدىن: ﴿إِنَّهُۥ لَقُرۡءَانٞ كَرِيمٞ ٧٧ فِي كِتَٰبٖ مَّكۡنُونٖ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿مَّكۡنُونٖ﴾ ئازغۇنلارنىڭ، پاسىقلارنىڭ قولى تېگىپ قېلىشتىن قوغدالغان كىتاب دېگەنلىكتۇر، بۇ سۈپەت لەۋھۇلمەھفۇزغىلا مۇناسىپ كېلىدىغان سۈپەتتۇر. چۈنكى، قۇرئاننى پاسىقلارمۇ، ھەتتا كاپىرلارمۇ تۇتىدۇ، ئەمما لەۋھۇلمەھفۇزنى پەقەت پەرىشتىلەرلا تۇتالايدۇ.

تۆتىنچىدىن: ﴿لَّا يَمَسُّهُۥٓ إِلَّا ٱلۡمُطَهَّرُونَ﴾ دېگەن ئايەت لەۋھۇلمەھفۇزنىڭ سۈپىتىدۇر. ئەگەر بۇ ئايەتتىن ‹قۇرئاننى تاھارەتسىز تۇتماڭلار› دېگەن بۇيرۇق رايى مەقسەت قىلىنغان بولسا، بۇ ئايەت بۇنداق سۈپەت تەرىقىسىدە كەلمىگەن بولاتتى.

بەشىنچىدىن: ئەگەر بۇ ئايەتتىكى «لا» ھەرپى مەنئى قىلىشنى ئىپادىلەيدىغان بولسا، بۇ ھەرپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملە سۈپەت جۈملە بولالمايتتى. ئەگەر بۇ ئايەت ‹قۇرئاننى تاھارەتسىز تۇتماڭلار› دېگەننى ئىپادىلەيمەكچى بولسا، ئەلۋەتتە ئۇ ‹فلا يمسه› دەپ باشلانغان بولاتتى.

ئالتىنچىدىن: ﴿لَّا يَمَسُّهُۥٓ إِلَّا ٱلۡمُطَهَّرُونَ﴾ دېگەن ئايەتتىكى﴿ٱلۡمُطَهَّرُونَ﴾ دېگەن سۆز ئەسلىدە پاك بولغانلارنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇلار پەرىشتىلەردۇر. ئەگەر بۇ سۆزدىن ئىنسانلار ئىپادىلەنمەكچى بولسا، ئەلۋەتتە ئۇ ﴿ٱلۡمُتَطَهِّرُونَ﴾ يەنى (پاكلانغۇچىلار) دەپ كەلگەن بولاتتى. ئادەم ئەۋلادىنىڭ

پاكلىقى بايان قىلىنغان كۆپلىگەن ئايەتلەردە شۇنداق ﴿الْمُتَطَهِّرُونَ﴾ دەپ كەلگەن. مەسىلەن: ﴿فِيهِ رِجَالٌ يُحِبُّونَ أَن يَتَطَهَّرُواْ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلْمُطَّهِّرِينَ﴾ يەنى ﴿ئۇنىڭدا (تەقۋالىق قىلىش ئارقىلىق گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن پاك بولۇشنى ياخشى كۆرگەندەك، نىجاسەتلەردىن) پاكلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر بار، ئاللاھ (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ﴾[1]، ﴿إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلتَّوَّٰبِينَ وَيُحِبُّ ٱلْمُتَطَهِّرِينَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ كۆپلەپ تەۋبە قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ، پاكلانغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ﴾[2]».

بۇرۇنقى ئۆلىمالاردىن ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزىي، ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىدىن مۇھەممەد ئىبنى ئۇسەيمىن قاتارلىقلارمۇ بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرگەن. ئىبنى قەييىم جەۋزى «مدارج السالكين» ناملىق ئەسىرىنىڭ 2-توم، 417-بېتىدە مۇنداق دېگەن: «﴿لَّا يَمَسُّهُۥٓ إِلَّا ٱلْمُطَهَّرُونَ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿ٱلْمُطَهَّرُونَ﴾ پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ بايانى مۇنداق:

بىرىنچىدىن: ﴿فِى كِتَٰبٍ مَّكْنُونٍ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿مَّكْنُونٍ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى قوغدالغان، باشقىلارنىڭ كۆرۈشىدىن ساقلانغان دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ سۈپەت پەقەت لەۋھۇلمەھفۇزغىلا ماس كېلىدۇ، چۈنكى ئۇنى پەرىشتىلەردىن باشقا ھېچقانداق مەخلۇقات كۆرەلمەيدۇ ۋە تۇتالمايدۇ.

ئىككىنچىدىن: ﴿لَّا يَمَسُّهُۥٓ إِلَّا ٱلْمُطَهَّرُونَ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿الْمُطَهَّرُونَ﴾ يەنى ﴿پاك بولغانلار﴾ دىن پەرىشتىلەر مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەگەر تاھارەتلىك كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلغان بولسا، ئەلۋەتتە: ئايەت ﴿لَّا يَمَسُّهُۥٓ إِلَّا الْمُتَطَهِّرُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇنى پەقەت پاكلانغۇچىلارلا تۇتىدۇ﴾ دەپ كەلگەن بولاتتى. چۈنكى، پەرىشتىلەر: ﴿الْمُطَهِّرُونَ﴾ يەنى ﴿پاك بولغانلار﴾ دۇر، ئەمما مۆئمىنلەر ﴿الْمُتَطَهِّرُونَ﴾ يەنى (پاكلانغۇچىلار) دۇر (چۈنكى پەرىشتىلەر ئەسلىدىنلا پاك بەندىلەردۇر، ئەمما مۆئمىنلەر ئىمان ئېيتىش، تەۋبە قىلىش ئارقىلىق گۇناھلىرىدىن پاكلانغۇچىلاردۇر).

ئۈچىنچىدىن: ﴿لَّا يَمَسُّهُۥٓ إِلَّا ٱلْمُطَهَّرُونَ﴾ دېگەن ئايەت خەۋەر جۈملە

[1] تەۋبە سۈرىسى:108-ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى:222-ئايەت.

بولۇپ، لەۋھۇلمەھفۇزنى پەرىشتىلەردىن باشقا ھېچبىر مەخلۇقاتنىڭ تۇتالمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىشتۇر. چۈنكى، خەۋەر جۈملە يېزىلىش شەكلى ۋە مەنىسىدە خەۋەر جۈملىسىنىڭ شەرتىگە مۇۋاپىق بولۇشى لازىم. ئەگەر بۇ ئايەتتىن مەنئى قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان بولسا ئىدى، بۇ مەنئى قىلىش جۈملىسى بولغان بولاتتى، ئۇ چاغدا، بۇ ئايەت ﴿لَا يَمَسَّهُ﴾ دەپ جەزم قىلىنىپ كەلگەن بولاتتى.

تۆتىنچىدىن: ﴿لَّا يَمَسُّهُۥٓ إِلَّا ٱلۡمُطَهَّرُونَ﴾ دېگەن ئايەت مۇشرىكلارنىڭ ‹قۇرئاننى شەيتان ئېلىپ كەلگەن› دەيدىغان بولمىغۇر سۆزىگە رەددىيە ئاساسىدا كەلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا ‹قۇرئان كەرىم›نى ھەر تەرەپتىن قوغدالغان ئىشەنچلىك كىتاب ـ لەۋھۇلمەھفۇزدا ساقلىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى جىبرىلنىڭ ۋاستىسى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە چۈشۈرگەنلىكىنى جاكارلايدۇ. ﴿وَمَا تَنَزَّلَتۡ بِهِ ٱلشَّيَٰطِينُ ٢١٠ وَمَا يَنۢبَغِي لَهُمۡ وَمَا يَسۡتَطِيعُونَ ٢١١ إِنَّهُمۡ عَنِ ٱلسَّمۡعِ لَمَعۡزُولُونَ﴾ يەنى ﴿قۇرئاننى شەيتانلار ئېلىپ چۈشكىنى يوق. بۇ ئۇلار قىلىدىغان ئىش ئەمەس. (ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ زادى كۈچى يەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئوغرىلىقچە (ۋەھىينى) تىڭشاشتىن مەنئى قىلىنغان﴾[1].

بەشىنچىدىن: ﴿لَّا يَمَسُّهُۥٓ إِلَّا ٱلۡمُطَهَّرُونَ﴾ دېگەن ئايەت ئەبەسە سۈرىسىدىكى: ﴿كَلَّآ إِنَّهَا تَذۡكِرَةٞ ١١ فَمَن شَآءَ ذَكَرَهُۥ ١٢ فِي صُحُفٖ مُّكَرَّمَةٖ ١٣ مَّرۡفُوعَةٖ مُّطَهَّرَةِۢ ١٤ بِأَيۡدِي سَفَرَةٖ ١٥ كِرَامِۢ بَرَرَةٖ﴾ يەنى ﴿سەن ئۇنداق قىلمىغىن. بۇ ئايەتلەر ۋەز ـ نەسىھەتتۇر. خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ. ئۇ (ئايەتلەر) قىممەتلىك، يۇقىرى مەرتىۋىلىك پاك سەھىپىلەرگە ھۆرمەتلىك، ياخشى پۈتۈكچى (پەرىشتە) لەرنىڭ قولى بىلەن يېزىلغاندۇر﴾[2] دېگەن ئايەتلەرگە ئوخشايدۇ. چۈنكى، ئىككىلىسى پەرىشتىلەرنى ۋە لەۋھۇلمەھفۇزنى سۈپەتلىگەن. ئىمام مالىك ‹مۇۋەتتەئ› ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: ‹مەن ﴿لَّا يَمَسُّهُۥٓ إِلَّا ٱلۡمُطَهَّرُونَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىر تەپسىرىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. چۈنكى، بۇ ئايەت ئەبەسە سۈرىسىدىكى ئايەتكە ئوخشاشتۇر›[3].

ئالتىنچىدىن: ﴿لَّا يَمَسُّهُۥٓ إِلَّا ٱلۡمُطَهَّرُونَ﴾ دېگەن ئايەت مەككىدە نازىل

---

[1] شۇئەرا سۈرىسى: 210 ـ 212 ـ ئايەتلەر.
[2] ئەبەسە سۈرىسى: 11 ـ 16 ـ ئايەتلەر.
[3] «موطأ الإمام مالك» 1 ـ توم، 91 ـ بەت.

بولغان ئايەت بولۇپ، مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەر ئاساسەن، تەۋھىد ئەقىدىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، پەيغەمبەرنىڭ ھەقلىقىنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راستلىقىنى تەكىتلەش، مۇشرىكلارنىڭ شىرىك ئەقىدىسىگە رەددىيە بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا بۇ ئايەتتىن پەرىشتىلەر كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى ئېنىقتۇر».

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام دەۋىتىنىڭ مەككە باسقۇچىدا، ئىبادەتلەر پەرز قىلىنمىغان، جۈملىدىن تاھارەتمۇ پەرز قىلىنمىغان ھەم كىشىلەرنىڭ قولىدا تاھارەت بىلەن تۇتۇش كېرەك بولغان قۇرئانمۇ بولمىغان ۋاقىت بولۇپ، پەقەت سۈرە ۋە ئايەتلەر توپلانمىغان شەكىلدە ئوقۇلاتتى. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن توپلىنىپ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈلگەن.

## ◄ «قۇرئان كەرىم»نى تاھارەتسىز تۇتۇشنىڭ ھۆكمى

كۆپ سانلىق فەقىھلەر «قۇرئان كەرىم»نى تاھارەتسىز تۇتۇشقا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ھۆكۈم يۇقىرىقى ﴿لَّا يَمَسُّهُۥٓ إِلَّا ٱلۡمُطَهَّرُونَ﴾ دېگەن ئايەتتىن ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «إِنَّمَا يَمَسُّهُ الْمُطَهَّرُونَ» يەنى «قۇرئاننى پەقەت پاك بولغان كىشىلەرلا تۇتسا بولىدۇ»[1] دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان ھۆكۈمدۇر. يۇقىرىقى ئايەت گەرچە پەرىشتىلەر توغرىسىدا نازىل بولغان ئايەت بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا «قۇرئان كەرىم»نى تاھارەت بىلەن تۇتسا ياخشى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى، لەۋھۇلمەھفۇز بىلەن «قۇرئان كەرىم» نى پەرىشتىلەردىن ئىبارەت پاك بەندىلەرلا تۇتقان ئىكەن، ئىنسانلاردىنمۇ ئۇنى پەقەت تاھارەتلىك، جۇنۇپ ئەمەس كىشىلەرلا تۇتسا بولىدىغانلىقى چىقىدۇ.

ھەنەفىي، شافىئىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىدە، تاھارەتسىز ياكى جۇنۇپ كىشىنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تۇتۇشى ھارام، ئەمما ئۇنى ئۇنىڭدىن ئايرىم تۇرىدىغان قاپچۇق بىلەن تۇتسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سابىق مۇپتىسى ئەللامە ئابدۇللاھ ئىبنى باز تاھارەتسىز ياكى جۇنۇپ كىشىنىڭ قۇرئاننى قاپچۇقى بىلەن بولسىمۇ تۇتۇشقا بولمايدىغانلىقى، ھەتتا بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكەپ قويۇش ئۈچۈن بولسىمۇ تۇتماسلىقى، پەقەت باشقا بىر نەرسە (لۆڭگە،

[1] «المستدرك على الصحيحين للحاكم» 2-توم، 519-بەت.

ياغلىق بىلەن) تۇتسا بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق پەتىۋا بەرگەن[1].

ئەمما تاھارەتسىز كىشى «قۇرئان كەرىم»نى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان قاپچۇقى بىلەن تۇتسا ۋە يادىسىغا ئوقۇسا بولىدۇ. شۇنىڭدەك، بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارنىڭ قۇرئان سۈرىلىرىنى ئۆگىنىش ياكى يادلاش ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم»نى تاھارەتسىز تۇتۇشى ۋە ئوقۇشى جائىزدۇر[2].

## ◄ جۇنۇپ ئادەمنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تۇتۇشى ۋە ئوقۇشىنىڭ ھۆكمى

كۆپ سانلىق ئۆلىمالار جۇنۇپ (غۇسلى قىلىشى پەرز بولۇپ قالغان كىشى)نىڭ ۋە ھەيزدار ئاياللارنىڭ بىرەر ئايەتنى بولسىمۇ يادىسىغا ياكى قاراپ ئوقۇشى جائىز ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «لاَ تَقْرَإِ الْحَائِضُ ، وَلاَ الْجُنُبُ شَيْئاً مِنَ الْقُرْآنِ» يەنى «ھەيزدار ئاياللار ۋە جۇنۇپ كىشىلەر قۇرئاندىن ھېچ نەرسە ئوقۇمىسۇن»[3] دېگەن ھەدىسىنى دەلىل كەلتۈرىدۇ. توغۇتلۇق ئايالمۇ بۇ ھۆكۈمگە كىرىدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇنۇپلۇقتىن باشقا ھەرقانداق ۋاقىتتا بىزگە قۇرئان ئوقۇپ بېرەتتى»[4] دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

ئەمما جۇنۇپلۇقى ئېسىدە يوق ئىختىيارسىز قۇرئان ئوقۇپ سالسا گۇناھ بولمايدۇ. شۇنداقلا، جۇنۇپ كىشىنىڭ تائام يېيىش ياكى بىرەر ئىشنى باشلاش ئالدىدا ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ دېيىشى، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش نىيىتى بىلەن ﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ﴾ دېيىشى، قاتناشقا ئولتۇرغاندا زىكرى نىيىتى بىلەن: ﴿سُبۡحَٰنَ ٱلَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَٰذَا وَمَا كُنَّا لَهُۥ مُقۡرِنِينَ ١٣ وَإِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا لَمُنقَلِبُونَ﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇشى، مۇسىبەتتە ﴿إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّآ إِلَيۡهِ رَٰجِعُونَ﴾ دېيىشى، «ئايەتۇلكۇرسى»نى، «فاتىھە» ۋە «ئىخلاس» سۈرىلىرىنى زىكرى مەقسىتى بىلەن ئوقۇشى ھەنەفىي ۋە شافىئىي مەزھىپىنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن جائىزدۇر. چۈنكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممىلا ۋاقىتتا ئاللاھقا زىكرى ئېيتاتتى»[5] دېگەن. يۇقىرىقى ئەھكاملار ھەيزدار ۋە توغۇتلۇق ئاياللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[6].

---

[1] «ئىبنى بازنىڭ پەتىۋالىرى» 149/10،150-نومۇرلۇق پەتىۋا.

[2] «الفقه الإسلامي وأدلته» 1-توم 295-بەت.

[3] «سنن الترمزي» 1-توم، 236-بەت، 131-ھەدىس.

[4] «سبل السلام» 1-توم 88-بەت.

[5] «صحيح مسلم» 1- توم، 194- بەت.

[6] «الفقه الإسلامي وأدلته» 1-توم 384-بەت، تحفة الفقهاء 30-بەت.

بەزى ئۆلىمالار تاھارەتسىز ياكى جۇنۇپ كىشىلەر ۋەياكى ھەيزدار ئاياللار «قۇرئان كەرىم»نى تۇتسا ياكى ئوقۇسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ مۇنداق:

بىرىنچىدىن، يۇقىرىقى ﴿ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ﴾ دېگەن ئايەت «قۇرئان كەرىم»نى تاھارەتسىز ياكى جۇنۇپ كىشىلەرنىڭ ۋەياكى ھەيزدار ئاياللارنىڭ تۇتماسلىقىغا دەلىل بولالمايدۇ. چۈنكى بۇ ئايەتتىكى﴿پاك بولغانلار﴾ دىن پەرىشتىلەر كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى يۇقىرىدا ئۆتتى.

ئىككىنچىدىن، ئۆلىمالار «قۇرئاننى پەقەت پاك بولغان كىشىلەرلا تۇتسا بولىدۇ» دېگەن ھەدىسنى ئاجىز دەپ باھالىغان. ئىبنى ھەزم، ئىمام نەۋەۋى قاتارلىق ئۆلىمالار ھەدىسنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىلىرى ئىچىدە ئىسمى ئېنىقسىز كىشىلەرنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەدىسنى «ئاجىز ھەدىس» دەپ قارىغان. ئاجىز ھەدىسلەر دىنىي مەسىلىلەردىن ھېچبىر مەسىلىگە دەلىل بولالمايدۇ. شۇڭا بۇ ھەدىسكە ئاساسلىنىپ «تاھارەتسىز ئادەم قۇرئاننى تۇتسا بولمايدۇ» دېگىلى بولمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، بۇ ھەدىسنى سەھىھ دەپ قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئەمر ئىبنى ھەزم دېگەن ساھابىگە يەمەن ئەھلىگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن يازدۇرغان. يەمەن ئەھلى ئۇ چاغدا مۇسۇلمان ئەمەس ئىدى. شۇڭا بۇ ھەدىستىكى «پاك بولغان كىشىلەر»دىن مۆئمىنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ناسىرۇددىن ئەلبانىي «تمام المنة» ناملىق ئەسىرىنىڭ 107-بېتىدە، «بۇ ھەدىس مۇشرىكلارنى قۇرئاننى تۇتۇشتىن مەنئى قىلىش ئۈچۈن ئېيتىلغان» دېگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن، مەزكۇر ھەدىسنىڭ مەنىسى: قۇرئاننى مۆئمىن كىشىلەرلا تۇتىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

دېمەك، «قۇرئان كەرىم»نى تاھارەتسىز تۇتۇشنى مەنئى قىلىدىغان كۈچلۈك دەلىل يوق.

مۆئمىنلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغ كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى ھۆرمەت-ئىھتىرام بىلەن، تاھارەت بىلەن تۇتۇشى ۋە تاھارەت بىلەن تۇرۇپ ئوقۇشى ھەقىقەتەن ئەۋزەل. ئەمما زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا تاھارەتسىز تۇتۇش ۋە ئوقۇش جائىزدۇر.

ھەيزدار ئايال بىلەن جۇنۇپ بولغان كىشىنىڭ مەسىلىسىگە كەلسەك، مۇھەممەد ئىبنى سىرىن، ھەسەن بەسرى، ئىبنى ھەزم قاتارلىق ئۆلىمالار

«تاھارەتسىز ياكى جۇنۇپ كىشىنىڭ ۋەياكى ھەيزدار ئايالنىڭ ‹قۇرئان كەرىم›نى تۇتۇشى ۋە ئوقۇشى جائىز» دەپ قارىغان بولسىمۇ، كۆپلىگەن قاراشلارغا ئاساسلانغاندا، جۇنۇپ كىشى غۇسلى قىلىپ پاكلانماي تۇرۇپ «قۇرئان كەرىم»نى تۇتماسلىقى لازىم. ھەيزدار ۋە تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭمۇ ئۇنى تۇتماسلىقى لازىم. ئەمما ئۇ ئاياللار «قۇرئان كەرىم»نى يادىسىغا ياكى قاراپ ئوقۇسا بولىدۇ. چۈنكى، ھەيزنىڭ ۋاقتى ئۈچ كۈندىن ئون كۈنگىچە، نىپاس (يەنى تۇغۇتنىڭ قېنىدىن پاكلىنىش جەريانى)نىڭ ۋاقتى بەزىدە قىرىق كۈنگىچە سوزۇلىدۇ. بۇ ئۇزۇن مۇددەت بويىچە ئاياللارنى قۇرئان ئوقۇشتىن مەھرۇم قىلىش توغرا ئەمەس.

﴿ئۇ ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾ يەنى «قۇر-ئان كەرىم» ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا لەۋھۇلمەھفۇزدىكى ساقلانغان يېرىدىن تەدرىجىي نازىل قىلىنغان كىتابتۇر. «قۇرئان كەرىم» شۇنداق ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك كىتاب بولغانلىقتىن، ئۇنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلۇغلاش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر.

ئى كاپىرلار! سىلەر شۇنداق بىر ئۇلۇغ كىتابنى كۆزگە ئىلىمايۋاتامسىلەر؟ ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيۋاتامسىلەر؟ سىلەرنىڭ شۈكۈر قىلغىنىڭلار بۇمۇ؟ يەنى سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە سانسىز رىزىق ئاتا قىلغانلىقىنىڭ بەدىلىگە ئادا قىلىدىغان شۈكۈر بۇرچۇڭلارنى ئۇنىڭ سۆزىنى ئىنكار قىلىش بىلەن ئورۇندامسىلەر؟ سىلەر نېمەتكە شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭغا تۆزكورلۇق قىلامسىلەر؟

سىلەر بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا جان ھەلقۇمغا كەلگەن، جان تالىشىۋاتقان كىشىگە قاراپ تۇرىسىلەر، قولۇڭلاردىن ھېچبىر ئىش كەلمەيدۇ، ئەگەر قولۇڭلاردىن كەلسە، نېمىشقا سەكراتتىكى ئادەمنىڭ جېنىنى قوغداپ قالالمايسىلەر؟ ئۇنتۇماڭلاركى، بىز ئۇنىڭغا سىلەردىنمۇ بەك يېقىنمىز، ھەتتا جان تومۇرىدىنمۇ بەك يېقىنمىز. ئۇ سەكراتتىكى چاغدا بىزنىڭ جان ئالغۇچى پەرىشتىلىرىمىز ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەك يېقىندۇر، ئەمما سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر.

﴿ئەگەر (سىلەر ئويلىغاندەك) جازاغا تارتىلمايدىغان بولساڭلار ۋە (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، سىلەر نېمىشقا ئۇنى (يەنى ئۇ مېيىتنىڭ جېنىنى تېنىگە) قايتۇرۇۋالالمايسىلەر؟﴾ يەنى ئەگەر سىلەر راستىنلا ئاخىرەتتىكى تىرىلىشكە ئىشەنمىسەڭلار ۋە «ئاخىرەت، مۇكاپات-جازا

دېگەنلەر بولمايدۇ» دېگەن سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، كېلىڭلار، شۇ جان ئۈزگەن مېيىتنىڭ جېنىنى قايتۇرۇپ كېلىڭلار ياكى ئۇنى ئۆلۈمدىن توسۇپ قېلىڭلار. بۇنى قىلالامسىلەر؟ ھەرگىز قىلالمايسىلەر. ئەمما ئاخىرەتنىڭ بولىدىغانلىقى، ئۆلگەنلەرنىڭ تىرىلىدىغانلىقى ئاللاھ تائالا جاكارلىغان، جىمى پەيغەمبەرلەر ئېلان قىلغان بىردىنبىر ھەقىقەتتۇر. ئاخىرەتتە ئىنسانلار مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولغانلار، يەنە بىرى، نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەر، ئۈچىنچىسى، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان ئازغۇنلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئۆلگۈچى ئەگەر ئۆزىنىڭ سەممىي ئىمانى ۋە ياخشى ئەمەللىرى يۈزىسىدىن ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولغانلاردىن بولسا، ئۇنىڭ بارىدىغان جايى نازۇنېمەتلىك جەننەتلەر بولۇپ، ئۇ كىشى بۇ جەننەتلەردە راھەت-پاراغەت، ئېسىل رىزىق ۋە يۇقىرى ماقام قاتارلىقلار بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. ئۆلگۈچى ئەگەر نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەردىن بولسا، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىدەك نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەر بىلەن پەرىشتىلەر «سالام» دەپ ئۇنى قارشى ئالىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچى ئاخىرەتنى ۋە شۇ كۈندىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغان ئازغۇنلاردىن بولسا، ئۇ دوزاخنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھارارەتلىك قايناق سۈيى بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ. ئۇ جەھەننەمدە زەققۇم دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى يېگەندىن كېيىن، ئۇسسۇزلۇقتىن قايناق سۇنى ئىچىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

زەققۇم ھەققىدە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق بايانلار كەلگەن: ﴿إِنَّ شَجَرَتَ ٱلزَّقُّومِ ﴿٤٣﴾ طَعَامُ ٱلۡأَثِيمِ ﴿٤٤﴾ كَٱلۡمُهۡلِ يَغۡلِي فِي ٱلۡبُطُونِ ﴿٤٥﴾ كَغَلۡيِ ٱلۡحَمِيمِ﴾ يەنى ﴿زەققۇم دەرىخى ھەقىقەتەن ئېغىر گۇناھكارلارنىڭ تامىقىدۇر. ئۇ ئېرىتىلگەن مەدەندەك (قىزىق)تۇر، ئۇ قورساقلاردا قايناق سۇ قاينىغاندەك قاينايدۇ﴾[1]، ﴿ثُمَّ إِنَّكُمۡ أَيُّهَا ٱلضَّآلُّونَ ٱلۡمُكَذِّبُونَ ﴿٥١﴾ لَأٓكِلُونَ مِن شَجَرٖ مِّن زَقُّومٖ ﴿٥٢﴾ فَمَالِـُٔونَ مِنۡهَا ٱلۡبُطُونَ ﴿٥٣﴾ فَشَٰرِبُونَ عَلَيۡهِ مِنَ ٱلۡحَمِيمِ ﴿٥٤﴾ فَشَٰرِبُونَ شُرۡبَ ٱلۡهِيمِ﴾ يەنى ﴿ئاندىن سىلەر، ئى ئازغۇنلۇقتا پاتقان ئىنكارچىلار! چوقۇم زەققۇم دەرىخىدىن يەيسىلەر، ئۇنىڭدىن قورساقلىرىڭلارنى تولدۇرىسىلەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارارىتى يۇقىرى قايناق سۇنى ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ كەتكەن تۆگىلەر ئىچكەندەك ئىچىسىلەر﴾[2].

بۇ سۈرىدە بايان قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى شەكسىز ھەقىقەت بولۇپ،

---

[1] دۇخان سۈرىسى:43-46-ئايەتلەر.

[2] ۋاقىئە سۈرىسى:51-55-ئايەتلەر.

بۇلارنىڭ ھەممىسى راستتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سەن ئى پەيغەمبەر! كەرەملىك ئۇلۇغ رەببىڭنىڭ ئىسمىنى ئۇلۇغلاپ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، يەنى ئۇنىڭ جىمى كەمچىلىكلەردىن ۋە نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى ئېغىزىڭدىن چۈشۈرمىگىن ۋە شۇنداق ئېتىقاد قىلغىن.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئىلاھىي كالام ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق.

2. «قۇرئان كەرىم»نى ئۇلۇغلاش ئىماننىڭ ئىپادىسىدۇر.

3. ھەممە ئاللاھ تائالاغا موھتاجدۇر، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە تەڭ كېلىدىغان بىرەر كۈچ يوقتۇر.

4. نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەر ئىچىدە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدىغانلارنىڭ دەرىجىسى ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ.

5. «قۇرئان كەرىم»نىڭ خەۋەرلىرىنىڭ ھەممىسى راست، ھۆكۈملىرىنىڭ ھەممىسى ئادالەتلىكتۇر.

# ھەدىد سۈرىسى

ھەدىد سۈرىسى مەدىنىدە نازىل بولغان، 29 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىشقا بۇيرۇش، ئۇنىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى، ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتى، شۇنداقلا مۇئمىنلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىش، ئاندىن دۇنيا ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. سۈرىنىڭ ئاخىرىدا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز قەۋملىرى بىلەن بولغان ئەھۋالى بايان قىلىنغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىسلام دەۋىتىنى قانات يايدۇرۇش ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ-قۇۋۋەت ھاسىل قىلىشنىڭ ئامىللىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى 25-ئايەتتە كەلگەن «تۆمۈر» دېگەن مەنىدىكى ﴿ٱلۡحَدِيدَ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، مەزكۇر ئايەتتە تۆمۈرنىڭ پايدىسى ۋە ئەھمىيىتى بايان قىلىنغان.

### ◄ تەسبىھ پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا ئېيتىلىدۇ

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ١ لَهُۥ
مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ يُحۡيِۦ وَيُمِيتُۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَىۡءٍ قَدِيرٌ ٢
هُوَ ٱلۡأَوَّلُ وَٱلۡأَخِرُ وَٱلظَّٰهِرُ وَٱلۡبَاطِنُۖ وَهُوَ بِكُلِّ شَىۡءٍ عَلِيمٌ ٣ هُوَ
ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ فِى سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰ عَلَى ٱلۡعَرۡشِۖ
يَعۡلَمُ مَا يَلِجُ فِى ٱلۡأَرۡضِ وَمَا يَخۡرُجُ مِنۡهَا وَمَا يَنزِلُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ وَمَا

يَعۡرُجُ فِيهَاۖ وَهُوَ مَعَكُمۡ أَيۡنَ مَا كُنتُمۡۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ ﴿٤﴾
لَّهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرۡجَعُ ٱلۡأُمُورُ ﴿٥﴾ يُولِجُ ٱلَّيۡلَ فِي
ٱلنَّهَارِ وَيُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِي ٱلَّيۡلِۚ وَهُوَ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿٦﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارلىق شەيئىلەر ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتتى. ئاللاھ (ھەممىدىن) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

2ـ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھا-ياتلىق بېرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

3ـ ئاللاھ ئەۋۋەلدۇر (ھەممىدىن بۇرۇن مەۋجۇتتۇر)، ئاخىردۇر (ھەممە يوقالغاندىن كېيىنمۇ باقىيدۇر)، زاھىردۇر (دەلىل-پاكىتلىرى بىلەن ئاشكارىدۇر)، باتىندۇر (كۆزلەرنىڭ كۆرۈشىدىن مەخپىيدۇر). ئۇ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

4ـ ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئەرشنىڭ ئۈستىگە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) ئۈرلىگەن زاتتۇر. ئاللاھ زېمىنغا كىرىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى، ئۇنىڭدىن چىقىدىغان نەرسىلەرنى، ئاسماندىن چۈ-شىدىغان نەرسىلەرنى، ئۇنىڭغا ئۆرلەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر قەيەردە بولساڭلار، ئۇ سىلەر بىلەن بىللىدۇر. ئاللاھ قىلغۇۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

5ـ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ھەممە ئىش پەقەتلا ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ.

6ـ ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ. ئاللاھ دىللاردىكىنى بىلگۈچىدۇر.

## تەپسىرى

«تەسبىھ ـ ئاللاھ تائالانى ھەرقانداق كەمچىلىكتىن، ئۇنىڭغا لايىق كەلمەيدىغان بارلىق سۈپەتلەردىن پاك دەپ بىلىش ۋە ئۇنى بارلىق مۇكەممەل، ئېسىل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەش دېگەنلىكتۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس تىلى بىلەن ئاللاھ

تائالاغا ھەر ۋاقىت تەسبىھ ئېيتىدۇ. ﴿تُسَبِّحُ لَهُ ٱلسَّمَوَٰتُ ٱلسَّبۡعُ وَٱلۡأَرۡضُ وَمَن فِيهِنَّۚ وَإِن مِّن شَيۡءٍ إِلَّا يُسَبِّحُ بِحَمۡدِهِۦ وَلَٰكِن لَّا تَفۡقَهُونَ تَسۡبِيحَهُمۡۚ إِنَّهُۥ كَانَ حَلِيمًا غَفُورًا﴾ يەنى ﴿ئاللاھنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتمايدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر. لېكىن سىلەر ئۇلارنىڭ (ئېيتقان) تەسبىھىنى چۈشەنمەيسىلەر﴾[1]. ئىنسان، جىن ۋە پەرىشتە قاتارلىق ئەقىل-ئىدراكلىق مەخلۇقاتنىڭ تەسبىھى ئاللاھ تائالانى مەدھىيەلەش، ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭغا تائەت-ئىبادەت قىلىش بىلەن بولىدۇ، ئەمما ئەقىل-ئىدراكسىز مەۋجۇداتنىڭ تەسبىھى ئۆز تىلى ۋە ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭ مۇكەممەللىكىنى نامايان قىلىش بىلەن بولىدۇ. شەكسىزكى، بۇ مەنە بويىچە ئېيتقاندا، بارچە مەۋجۇدات ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىدۇ»[2].

ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتتى. ئۇلار ھەمىشە شۇنداق تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بولسا ھەر نەرسىگە كۈچى يېتىدىغان، ھەممىگە غالىب كېلىدىغان، ھېچ نەرسىگە ئاجىز كەلمەيدىغان، ھەربىر ئىشنى ھېكمەت بىلەن ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە قىلىدىغان، ئاسمان-زېمىننىڭ ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ھەممە نەرسىنىڭ پادىشاھلىقى، ھۆكۈمرانلىقى ئىلكىدە بولغان، كائىناتنى ئۆزى خالىغىنى بويىچە ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان مۇكەممەل زاتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى ئىگىدارچىلىقىنىڭ ۋە مۇتلەق پادىشاھلىقىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى شۇكى، ئاللاھ تائالا ھاياتلىق بېرىدۇ ۋە ئۇنى ئالىدۇ، مەخلۇقاتىدىن خالىغان بىرىنىڭ جېنىنى ئالىدۇ، خالىغان بىرىگە ھايات بېغىشلايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ئەۋۋەلدۇر، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ باشلىنىشى يوق، ئۇ ئەزەلدىن مەۋجۇتتۇر، دۇنيادا ھېچ نەرسە يوق چاغدىمۇ ئاللاھ تائالا مەۋجۇت ئىدى. چۈنكى، جىمى مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە مەنبەسى ئاللاھ تائالادۇر.

ئاللاھ تائالا ئاخىردۇر، يەنى ئاللاھ تائالا بارلىق مەۋجۇدات ھالاك بولغان ۋە ھەممە نەرسە يوقالغاندىن كېيىنمۇ باقىيدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ھاياتى مەڭگۈلۈك ھايات بولۇپ، ئۇ ھەرگىز ئاخىرلاشمايدۇ.

---

[1] ئىسرا سۈرىسى:44-ئايەت.

[2] «التفسير الواضح» 3- توم، 609- بەت.

ئاللاھ تائالا زاھىردۇر، يەنى ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ئۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ماددىي ۋە ئەقلىي دەلىللەرنىڭ روشەنلىكى، شۇنداقلا چەكسىز قۇدرىتى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرى بىلەن ھەممىگە ئاشكارىدۇر.

ئاللاھ تائالا باتىندۇر، يەنى ئاللاھ تائالا ھەر شەيئىگە ئەڭ يېقىندۇر، ئۇ مۇشۇ دۇنيادا كۆز بىلەن كۆرۈلۈشتىن مەخپىيدۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ زاتىنى ۋە قانداق ئىكەنلىكىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى، ئەقىل بىلەن بىلگىلى بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: «اَللّٰهُمَّ أَنْتَ الْأَوَّلُ فَلَيْسَ قَبْلَكَ شَيْءٌ ، وَأَنْتَ الْآخِرُ فَلَيْسَ بَعْدَكَ شَيْءٌ ، وَأَنْتَ الظَّاهِرُ فَلَيْسَ فَوْقَكَ شَيْءٌ ، وَأَنْتَ الْبَاطِنُ فَلَيْسَ دُونَكَ شَيْءٌ ، اقْضِ عَنَّا الدَّيْنَ ، وَأَغْنِنَا مِنَ الْفَقْرِ» يەنى «ئى ئاللاھ! سەن ئەۋۋەلسەن، سەندىن ئىلگىرى ھېچ نەرسە يوقتۇر، سەن ئاخىرسەن، سەندىن كېيىن ھېچ نەرسە يوقتۇر، سەن ئاشكارىسەن، سەندىن ئۈستۈن ھېچ نەرسە يوقتۇر، سەن مەخپىيسەن، سەندىن مەخپىي ھېچ نەرسە يوقتۇر، قەرزىمىزنى ئۆتەشكە مۇۋەپپەق قىلغىن ۋە بىزنى پېقىرلىقتىن قۇتقۇزغىن»[1].

ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئەرشنىڭ ئۈستىگە ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئۆرلىگەن زاتتۇر. مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا ئاسمانلار بىلەن زېمىننى ۋە ھەرقانداق نەرسىنى ئالتە كۈندە ئەمەس، بىر لەھزىدە يارىتىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. ﴿إِنَّمَآ أَمۡرُهُۥٓ إِذَآ أَرَادَ شَيۡـًٔا أَن يَقُولَ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا پەقەتلا «بول!» دەيدۇ-دە، ئۇ دەرھال بولىدۇ﴾[2] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. بەزى ئۆلىمالار ئېيتقاندەك، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئالتە كۈننى بايان قىلىشى بەندىلىرىگە ئالدىرىماستىن قېتىرقىنىپ ئىش قىلىشنى ئۆگىتىش ۋە ئۇلارغا ئاسمانلار بىلەن زېمىننىڭ يارىتىلىشىنىڭ ئۇلارنىڭ يارىتىلىشىدىن ئەلۋەتتە چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. ﴿لَخَلۡقُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ أَكۡبَرُ مِنۡ خَلۡقِ ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ﴾ يەنى ﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى ئەلۋەتتە ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشىدىن چوڭ ئىشتۇر﴾[3].

ئاللاھ تائالا ئاسمانلار بىلەن زېمىننى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن،

---

[1] «صحيح مسلم» 4-توم، 2084-بەت، 2713-ھەدىس.

[2] ياسىن سۈرىسى:82-ئايەت.

[3] غافىر سۈرىسى:57-ئايەت.

ئەرشنىڭ ئۈستىگە ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئۆرلىدى. ﴿ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰ عَلَى ٱلۡعَرۡشِۖ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿ٱسۡتَوَىٰ﴾ نىڭ تەپسىرى ئۈچۈن ئەئراف سۈرىسىنىڭ 54-ئايىتىگە قارالسۇن.

ئاللاھ تائالا زېمىنغا كۆمۈلىدىغان ئۇرۇق، دان ۋە جەسەت قاتارلىقلارنى، زېمىننىڭ ئاستىدا بولىدىغان مەدەن، نېفىت، گاز قاتارلىقلارنى ۋە زېمىندىن چىقىدىغان زىرائەت، مېۋە، كۆكتات، سۇ قاتارلىقلارنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە ئاسماندىن چۈشىدىغان يامغۇر، قار، مۆلدۈر، چاقماق، پەرىشتە قاتارلىقلارنى ۋە ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان سۇ ھورى، ياخشى ئەمەل ۋە پەرىشتە قاتارلىقلارنىمۇ ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ قۇدرىتى ۋە ئىلمى بىلەن ھەمىشە سىلەر بىلەن بىللىدۇر. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان بارلىق ئىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى، ھۆكۈمرانلىقى ۋە باشقۇرۇش ئىشى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىگە يوقتۇر. ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكمىگە قارشى چىققۇچى ياكى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى يوقتۇر، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە توسقۇنلۇق قىلغۇچىمۇ يوقتۇر. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھ تائالاغا قايتۇرۇلىدۇ، ئۇ كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ، كېچىنىڭ ۋاقتىدىن كۈندۈزگە ۋە كۈندۈزنىڭ ۋاقتىدىن كېچىگە ئېلىش ئارقىلىق كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئۇزۇن ۋە قىسقا قىلىپ ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا دىللاردا يوشۇرۇنغانلارنىمۇ ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ تائالادىن ھېچ نەرسىنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ. ﴿يَعۡلَمُ خَآئِنَةَ ٱلۡأَعۡيُنِ وَمَا تُخۡفِي ٱلصُّدُورُ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾[1]. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، ئۇ بارچە مۇكەممەل سۈپەتلەرگە ئىگىدۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا، تەكبىر ۋە تەسبىھ ئېيتىش پەزىلەتلىك ئەمەللەردىن سانىلىدۇ. تەسبىھ ــ ئاللاھ تائالانى بارچە نۇقسانلاردىن ۋە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاك دەپ تەرىپلەش دېمەكتۇر. ﴿سُبۡحَٰنَ ٱلَّذِيٓ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ پاكتۇر﴾ دېگەنگە ئوخشاش. ھەمدۇسانا ــ ئاللاھ تائالانى مەدھىيەلەش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش دېمەكتۇر. ﴿ٱلۡحَمۡدُ

[1] غافىر سۈرىسى:19-ئايەت.

﴿لِلَّهِ﴾ يەنى ﴿جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر﴾ دېگەنگە ئوخشاش. تەكبىر-ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش دېمەكتۇر. ﴿اَللّٰهُ أَكْبَرْ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر﴾ دەپ تەكبىر ئېيتقانغا ئوخشاش.

2. كائىناتتىكى ھەرقانداق نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە ۋە ئىلمىگە ئىشارەت قىلماقتا. مەسىلەن: دېڭىز، ئوكيانلاردىن پارغا ئايلىنىپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەن سۇنىڭ بۇلۇتلارنى تەشكىل قىلىپ، زېمىنغا يامغۇر ياكى قار بولۇپ قايتىدىن چۈشۈشى، ئاللاھ تائالانىڭ كېچىنىڭ ۋاقتىدىن ئېلىپ كۈندۈزنى ئۇزۇن، كۈندۈزنىڭ ۋاقتىدىن ئېلىپ كېچىنى ئۇزۇن قىلىشى ئۇنىڭ قۇدرىتى ۋە ھېكمىتى بىلەنلا بولىدىغان ئىشلاردۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا يارىتىشقا قادىر تۇرۇقلۇق، ئۇنى ئالتە كۈندە يارىتىشى ئىنسانلارغا ئىشلارنى ئالدىرىماي مۇكەممەل قىلىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈندۇر.

4. ئاللاھ تائالانى قويۇپ مەخلۇقاتقا ئىشەنچ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا چىن يۈرەكتىن باغلىنىش ئازغۇنلۇقتۇر. چۈنكى، ھەممىنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تائالا بولغان ئىكەن، ئەلبەتتە ئاللاھ تائالادىن يۇقىرى تۇرىدىغان بىرى بولماسلىقى لازىم.

5. ئاللاھ تائالانىڭ بىزنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممە ئىشىمىزنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى شەكسىز ھەقىقەت بولغان ئىكەن، بەندىلەرنىڭ ئاللاھ تائالادىن ھايا قىلىشى، گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلماسلىقى لازىم.

### ◄ ئىمان ئېيتىشقا ۋە ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشقا دەۋەت

﴿ءَامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَأَنفِقُواْ مِمَّا جَعَلَكُم مُّسْتَخْلَفِينَ فِيهِۖ
فَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنكُمْ وَأَنفَقُواْ لَهُمْ أَجْرٌ كَبِيرٌ ۝٧ وَمَا لَكُمْ
لَا تُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلرَّسُولُ يَدْعُوكُمْ لِتُؤْمِنُواْ بِرَبِّكُمْ وَقَدْ أَخَذَ
مِيثَٰقَكُمْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ۝٨ هُوَ ٱلَّذِى يُنَزِّلُ عَلَىٰ عَبْدِهِۦٓ
ءَايَٰتٍ بَيِّنَٰتٍ لِّيُخْرِجَكُم مِّنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ بِكُمْ
لَرَءُوفٌ رَّحِيمٌ ۝٩ وَمَا لَكُمْ أَلَّا تُنفِقُواْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلِلَّهِ مِيرَٰثُ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِۚ لَا يَسْتَوِى مِنكُم مَّنْ أَنفَقَ مِن قَبْلِ ٱلْفَتْحِ

وَقَٰتَلَ ۚ أُوْلَٰٓئِكَ أَعْظَمُ دَرَجَةً مِّنَ ٱلَّذِينَ أَنفَقُواْ مِنۢ بَعْدُ وَقَٰتَلُواْ ۚ
وَكُلًّا وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلْحُسْنَىٰ ۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ ﴿١٠﴾ مَّن ذَا ٱلَّذِى
يُقْرِضُ ٱللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا فَيُضَٰعِفَهُۥ لَهُۥ وَلَهُۥٓ أَجْرٌ كَرِيمٌ ﴿١١﴾ يَوْمَ
تَرَى ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ يَسْعَىٰ نُورُهُم بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَبِأَيْمَٰنِهِم ۖ
بُشْرَىٰكُمُ ٱلْيَوْمَ جَنَّٰتٌ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا ۚ
ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿١٢﴾

## تەرجىمىسى

7ـئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئاللاھ سىلەرنى باشقۇرۇشقا ئىگە قىلغان نەرسىلەردىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلىڭلار، سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە (ئاللاھ يولىدا) پۇل-مال سەرپ قىلغانلار ئۈچۈن كاتتا مۇكاپات بار.

8ـ(ئى كاپىرلار!) پەيغەمبەر سىلەرنى رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىشقا چاقىرىۋاتقان، ئاللاھ سىلەردىن چىن ئەھدە ئالغان تۇرسا، سىلەر نېمىشقا ئاللاھقا ئىمان ئېيتمايسىلەر؟ ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتماقچى بولساڭلار (ئۇنىڭغا ئالدىراڭلار).

9ـئاللاھ سىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن، بەندىسىگە روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلغان زاتتۇر. شەك-شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرگە ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر، تولىمۇ رەھىم-شەپقەتلىكتۇر.

10ـئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ مىراسى ئاللاھقا خاس تۇرسا، سىلەر نېمىشقا ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل-مال) سەرپ قىلمايسىلەر؟ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن مەككە فەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى پۇل-مال سەرپ قىلغانلار ۋە (ئاللاھ يولىدا) ئۇرۇشقا قاتناشقانلار بىلەن (مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن پۇل-مال سەرپ قىلغانلار ۋە ئۇرۇشقا قاتناشقانلار) باراۋەر ئەمەس، ئەنە شۇلارنىڭ دەرىجىسى كېيىن پۇل-مال سەرپ قىلغان ۋە ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنىڭ دەرىجىسىدىن يۇقىرىدۇر، (ئۇلارنىڭ) ھەربىرىگە ئاللاھ جەننەتنى ۋەدە قىلدى. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.

11ـكىمكى ئاللاھقا ياخشى قەرز بېرىدىكەن (يەنى ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىدىكەن)، ئۇنداق كىشىگە ئاللاھ ئۇنى ھەسسىلەپ قايتۇرىدۇ،

ئۇنىڭغا قىممەتلىك مۇكاپات بېرىدۇ.

12-ئۇ كۈندە مۇئمىن ئەرلەرنى، مۇئمىن ئاياللارنى كۆرىسەنكى، ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرىپىدە چاقناپ تۇرىدۇ، (ئۇلارغا) «بۈگۈن سىلەرگە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ، ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ تۇرىسىلەر، بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر» (دېيىلىدۇ).

## ◄ تەپسىرى

ئۆزىنى ئاتاش، پىداكارلىق قىلىش ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ۋە ھەرقانداق بىر دەۋەتنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن ئاساسلىق ئامىللاردىن سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كېرەك بولغان ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش ئىسلام پەرزلىرىدىن بىرىدۇر. «قۇرئان كەرىم» قانداقلا بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىدا ياكى مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇلغان بىرەر پەرزنى ياكى مەنئى قىلىنغان بىرەر ئىشنى بايان قىلغىنىدا، ئاۋۋال كىشىلەرنىڭ ۋىجدانىنى ئويغىتىپ، ئۇلاردىكى دىنىي روھنى تىرىلدۈرىدۇ. شۇڭا بۇيرۇقلارنى ياكى مەنئىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن ئايەتلەرنىڭ ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار!﴾ دېگەن نىدا بىلەن باشلانغانلىقىنى كۆرىمىز. ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىنىشى، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تۇنجى قۇرۇلغان ئىسلام دۆلىتىنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار ئىقتىسادقا زور ئېھتىياجلىق ئىدى. ھازىرمۇ ئەھۋال شۇنداق. دېمەك، ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىي ئىبادەتتۇر.

ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر تېخىچە ئىمان ئېيتمىغان بولساڭلار، دەرھال ئىمان ئېيتىڭلار، ئەگەر ئىمان ئېيتقانلاردىن بولساڭلار، ئىما-نىڭلارنى يېڭىلاڭلار، تولۇقلاڭلار ۋە كۈچلەندۈرۈڭلار، ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىڭلار. ئايەتتىكى ﴿فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ يولى﴾ دىن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن، ئىسلام دەۋىتى ئۈچۈن ۋە ئىسلام دىيارى ئۈچۈن ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان ۋە ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بارلىق ئىشلار مەقسەت قىلىنىدۇ. يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش، يوقسۇللارغا ياردەم قىلىش قاتارلىق ئىشلارمۇ ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلغانلىقتۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! قول-ئىلىكىڭلاردا بولغان پۇل-مالدىن ئاللاھ يولىغا سەرپ قىلىڭلار. ئۇنتۇماڭلاركى، سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىكى مال-دۇنيانىڭ ئەسلى ئىگىسى ئاللاھ تائالادۇر، سىلەر پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە بەرگەنلىرىنى ئامانەت سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلغۇچى ۋەكىللەر. ناۋادا سىلەر ئىلىكىڭلاردىكى پۇل-مالنى ئۆزۈڭلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ياخشى يوللارغا، ئېھتىياجلىق تەرەپلەرگە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە سەرپ قىلساڭلار، پۇل-مېلىڭلارنى ئاللاھ يولىغا سەرپ قىلغان بولىسىلەر ۋە ئۆزۈڭلاردىكى بۇ ئامانەتنى جايىغا يەتكۈزگەن بولىسىلەر، ئەگەر ئۇنى يامان يوللارغا ۋە ھارام ئىشلارغا چىقىم قىلساڭلار، ئۇنى شەيتاننىڭ يولىغا سەرپ قىلغان بولىسىلەر ۋە ئىلىكىڭلاردىكى ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىسىلەر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئىلىكىڭلاردا قىلغان پۇل-مالنى ياخشى يوللارغا ئىشلىتىشكە بۇيرۇدى، ئۇنى ھارام ئىشلارغا ئىشلىتىشتىن توستى. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، قول-ئىلىكىڭلاردىكى پۇل-مالدىن ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا سەرپ قىلىشتىن بېخىللىق قىلماڭلار، شۇنىمۇ ئۇنتۇماڭلاركى، پۇل-مېلىڭلاردىن ئۆزۈڭلار ھايات ۋاقتىڭلاردا ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىۋالغىنىڭلارلا سىلەرگە ھېسابتۇر. چۈنكى، سىلەرگە ئەسقاتىدىغىنى مۇشۇدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «يَقُولُ ابْنُ آدَمَ ، مَالِي مَالِي ، هَلْ لَكَ مِنْ مَالِكَ إِلَّا مَا تَصَدَّقْتَ فَأَمْضَيْتَ ، أَوْ لَبِسْتَ فَأَبْلَيْتَ ، أَوْ أَكَلْتَ فَأَفْنَيْتَ» يەنى «ئادەم بالىسى پۇل-مېلىم، پۇل-مېلىم دەيدۇ، ھالبۇكى، سېنىڭ پۇل-مېلىڭدىن پەقەت ئۆزۈڭ يەپ-ئىچىپ تۈگەتكىنىڭ ياكى كىيىپ كونىراتقىنىڭ ياكى سەدىقە قىلىپ قالدۇرغىنىڭلا ساڭا ھېسابتۇر»[1] دېگەن.

ئى ئىنسانلار! پەيغەمبەر سىلەرنى ﴿رەببىڭلارغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار﴾ دەپ دەۋەت قىلىپ تۇرسا، سىلەر نېمىشقا ئىمان ئېيتمايسىلەر؟ سىلەرگە نېمە بولدى؟ ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا روھ ئالەمدە سىلەردىن چىن ۋەدە ئالغان ئىدى، سىلەر بۇ دۇنياغا كەلگەندىن كېيىنمۇ، سىلەرگە سىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىڭلارغا تۈرتكە بولىدىغان ئەقىل، ئىمكانىيەت، پۇرسەت قاتارلىقلارنى ئاتا قىلدى. ئىنسان ئەگەر تەقلىدچىلىكتىن ۋە نەپسى خاھىشىنىڭ ئەسىرلىكىدىن قۇتۇلىدىغان بولسا، ئۇ ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ يارىتىلىشتىكى فىترىتى ۋە ساپ تەبىئىتى ئۇنى ئىمانغا يېتەكلەيدۇ.

---

[1] «صحيح مسلم» 4-توم، 2273-بەت، 2958-ھەدىس.

ئى ئىنسانلار! ئەگەر ئىمان ئېيتىشنى خالىساڭلار، دەرھال ئىمان ئېيتىڭلار، ئۇنىڭغا ئالدىراڭلار، كېچىكتۈرمەڭلار. چۈنكى، سىلەرنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقىڭلارغا ھېچبىر ئۆزرەڭلار يوقتۇر.

ئاللاھ تائالا بەندىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ھىدايەت مەشئىلىنى ۋە ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى نازىل قىلدى. بۇ پەقەت سىلەرنى كۇفرىنىڭ ۋە زالالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ يورۇقلۇقىغا چىقىرىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سىلەرگە تولىمۇ مېھرىباندۇر ۋە بەكمۇ شەپقەتلىكتۇر.

بۇ بايانلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلماسلىقىقا نېمە ئۆزرەڭلار بار؟ ھالبۇكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ، شۇنداقلا بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەممە نەرسىنىڭ پادىشاھلىقى، ھۆكۈمرانلىقى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. سىلەر بولساڭلار ئاخىرەتكە خۇددى بۇ دۇنياغا دەسلەپتە كەلگەن پېتى كېتىسىلەر، تاپقانلىرىڭلار ۋە يىغقانلىرىڭلار بۇ دۇنيادا قالىدۇ، چۈنكى سىلەر بۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئۆزۈڭلار بىلەن بىللە ئېلىپ كەلمىگەن ئىدىڭلار ۋە ئېلىپ كېتەلمەيسىلەر. ئاخىرەت سەپىرىڭلاردا سىلەرگە ئىمانىڭلار بىلەن ياخشى ئەمەللىڭلاردىن باشقىسى ھەمراھ بولمايدۇ. سىلەر تاپقان پۇل-مېلىڭلاردىن ئۆزۈڭلار ھايات ۋاقتىڭلاردا ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلغانلىرىڭلاردىن باشقىسى ئاخىرەتتە سىلەرگە ئەسقاتمايدۇ. سىلەرنىڭ مال-دۇنيالىرىڭلارغا ئىگە بولىدىغان ۋارىسلارنىڭ يەيدىغان رىزقى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ سىلەر قالدۇرغان مىراستىن نەپ ئېلىشى ياكى ئالالماسلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە باغلىقتۇر. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە تەقدىر قىلىنغان رىزىقنىلا يېيەلەيدۇ. ھالال-ھارامنى ئايرىماستىن كۆپ مىقداردا مال-دۇنيا توپلىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ۋارىسلىرىغا قالدۇرغان مال-دۇنياسىنىڭ ئۇلارغا ئەسقاتمىغانلىقىنى ۋە تۇزۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئۇلاردىن زاكات بەرمىگەنلەرنىڭ ھالى تېخىمۇ يامان. ئەمما مېلى ئاز بولسۇن، مېلى كۆپ بولسۇن، مال-دۇنيا يىغىپ ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغانلار، ئۇنى ياخشى يوللارغا سەرپ قىلغانلار نېمىدېگەن بەختلىك كىشىلەر! دۇنيادا يەنە نۇرغۇن ئەزىمەتلەر باركى، ئۇلارنىڭ پۇل-مېلى ياكى ئىلمى ئاز بولسىمۇ، ئاشۇ ئاز پۇل-مالنى ۋە ئىلىمنى توغرا يولغا ئىشلىتىش، مۇئامىلىدە سەمىمىي ۋە راستچىل بولۇش، قولىدىن كەلگەنچە باشقىلارغا ياردەم قىلىش، ياخشىلىق يەتكۈزۈش قاتارلىق ئېسىل پەزىلىتى بىلەن تارىخلارغا قەيت

قىلىنىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

دۇنيادا بالىلارغا كۆپ مال-دۇنيا مىراس قالدۇرغاندىن كۆرە، ئىمان بىلەن گۈزەل ئەخلاقنى مىراس قالدۇرغانغا نېمە يەتسۇن! چۈنكى پۇل-مالنىڭ يوقسۇللۇقىدىن ئىمان ۋە ئەخلاقنىڭ يوقسۇللۇقى يامان ئەمەسمۇ؟!

ئى مۇسۇلمان قېرىنداش! شۇنى ئۇنتۇماڭكى، سىزنىڭ ئەۋلادلىرىڭىزغا مىراس دەپ قالدۇرغانلىرىڭىز ئۇلارنىڭ بەخت-سائادىتىگە كېپىللىك قىلالمايدۇ، ھەقىقىي كېپىل ئاللاھ تائالادۇر. ئۇلارغا مال-دۇنيا قالدۇرۇش ئەيىب ئەمەس ياكى خاتا ئەمەس. ئەمما ئىمان بىلەن ئەخلاق ئەھمىيەت جەھەتتە مال-دۇنيانىڭ ئالدىدا تۇرۇشى ۋە ئەڭ ياخشى مىراس بولۇشى لازىم. بالىلارغا مال-دۇنيادىن مىراس قالدۇرۇش تەشەببۇس قىلىنىدىغان ياخشى ئىشتۇر. سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «يارەسۇلۇللاھ! مەن باي بىر ئادەممەن، مېنىڭ شۇ بىرلا قىزىمدىن باشقا ۋارىسىمىمۇ يوق. شۇڭا پۇل-مېلىمنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلىۋەتسەم بولامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ياق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ «ئۇنداقتا يېرىمىنى سەدىقە قىلسام بولامدۇ؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ياق» دەيدۇ. ئاندىن ئۇ «ئۇنداقتا، ئۈچتىن بىرىنى سەدىقە قىلايمۇ؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الثُّلُثُ وَالثُّلُثُ كَثِيرٌ، أَنْ تَدَعَ وَرَثَتَكَ أَغْنِيَاءَ خَيْرٌ مِنْ أَنْ تَدَعَهُمْ عَالَةً يَتَكَفَّفُونَ النَّاسَ فِي أَيْدِيهِمْ» يەنى «ئۈچتىن بىرى ھە! ئۈچتىن بىرىمۇ كۆپ، سەن پەرزەنتلىرىڭنى كىشىلەرنىڭ قولىدىكىسىنى تەمە قىلىدىغان موھتاجلىقتا قويۇپ كەتكەندىن كۆرە، ئۇلارنى باي ھالەتتە قويۇپ كەتكىنىڭ ياخشىدۇر»[1] دېگەن.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەردىن مەككە فەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى جىھادقا قاتناشقان ۋە ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلغانلار بىلەن مەككە فەتھى قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن جىھادقا چىققان ۋە پۇل-مال سەرپ قىلغانلار باراۋەر ئەمەس. چۈنكى، ئالدىنقىلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى دەرىجىسى يۇقىرى بولىدۇ. ھەممىسى ياخشى، ئەلۋەتتە ھەممىسىدە ياخشىلىق بار، ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتىغا

[1] «صحيح البخاري» 7-توم، 62-بەت، 5354-ھەدىس، «صحيح مسلم» 3-توم، 1250-بەت، 1628-ھەدىس.

ئېرىشىدۇ، ئەمما مۇكاپات دەرىجىگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھ تائالا جەننەتنى ۋەدە قىلغان بولۇپ، جەننەت ئۇلارنىڭ قارارگاھى بولىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە دەرىجىلىرىگە قاراپ ئورۇنلىشىدۇ. ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ.

كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ياخشى قەرز بېرىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ پۇل-مېلىغا بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ ۋە سەرپ قىلغان نەرسىلىرىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نەچچە ھەسسە كۆپ قىلىپ ئۇنىڭغا قايتۇرىدۇ، پۇل-مال سەرپ قىلغان كىشىنىڭ ئۆزىگە كاتتا مۇكاپاتلارنى ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلەرنى ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا خالىس پۇل-مال سەرپ قىلغۇچىلار ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلىنىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! سەن قىيامەت كۈنىدە مۇئمىن ئەرلەرنى ۋە مۇئمىن ئاياللارنى شۇنداق بەختلىك ۋە پارلاق ھالدا كۆرىسەنكى، ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرىپىدە چاقناپ تۇرىدۇ، ئۇلارغا مۇنداق دېيىلىدۇ: «بۈگۈن سىلەرگە دەل-دەرەخلىرىنىڭ ۋە قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ، سىلەر ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىسىلەر، بۇ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتتۇر». بۇنىڭدىن كاتتا مۇكاپات بارمۇ؟ بۇنىڭدىن ئارتۇق مۇۋەپپەقىيەت بارمۇ؟! جانابى ئاللاھ تائالادىن بىزنى ئاشۇ بەختلىك مۇئمىنلەرنىڭ قاتارىدىن قىلغاي، ئامىن.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش ئەقلىنىڭ تەلىپى ۋە يارىتىلىشىنىڭ تەقەززاسىدۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش، يوقسۇللارنىڭ، يېتىملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئىمانىنىڭ تەقەززاسىدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان مېھرىبانلىقى ۋە كۆيۈمچانلىقى ھەقىقەتەن چەكسىزدۇر.

4. بۇ دۇنيادا ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھايات كەچۈرگەنلەر ئاخىرەتتە ئۆزلىرىنى جەننەتكە باشلايدىغان نۇرغا ئىگە بولىدۇ.

## مۇناپىقلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالى

﴿يَوْمَ يَقُولُ ٱلْمُنَٰفِقُونَ وَٱلْمُنَٰفِقَٰتُ لِلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱنظُرُونَا نَقْتَبِسْ
مِن نُّورِكُمْ قِيلَ ٱرْجِعُوا۟ وَرَآءَكُمْ فَٱلْتَمِسُوا۟ نُورًا ۖ فَضُرِبَ بَيْنَهُم
بِسُورٍ لَّهُۥ بَابٌۢ بَاطِنُهُۥ فِيهِ ٱلرَّحْمَةُ وَظَٰهِرُهُۥ مِن قِبَلِهِ ٱلْعَذَابُ ﴿١٣﴾
يُنَادُونَهُمْ أَلَمْ نَكُن مَّعَكُمْ ۖ قَالُوا۟ بَلَىٰ وَلَٰكِنَّكُمْ فَتَنتُمْ أَنفُسَكُمْ
وَتَرَبَّصْتُمْ وَٱرْتَبْتُمْ وَغَرَّتْكُمُ ٱلْأَمَانِىُّ حَتَّىٰ جَآءَ أَمْرُ ٱللَّهِ وَغَرَّكُم
بِٱللَّهِ ٱلْغَرُورُ ﴿١٤﴾ فَٱلْيَوْمَ لَا يُؤْخَذُ مِنكُمْ فِدْيَةٌ وَلَا مِنَ ٱلَّذِينَ
كَفَرُوا۟ ۚ مَأْوَىٰكُمُ ٱلنَّارُ ۖ هِىَ مَوْلَىٰكُمْ ۖ وَبِئْسَ ٱلْمَصِيرُ ﴿١٥﴾﴾

### تەرجىمىسى

13ـ ئۇ كۈندە مۇناپىق ئەرلەر، مۇناپىق ئاياللار مۇئمىنلەرگە: «توختاپ تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ نۇرۇڭلاردىن ئازراق نەپ ئېلىۋالايلى» دەيدۇ. ئۇلارغا: «ئارقاڭلارغا قايتىپ نۇر ئىزدەپ بېقىڭلار» دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر سېپىل سوقۇلىدۇ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ، دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدە (مۇئمىنلەر بار تەرەپتە) رەھمەت، تېشىدا (مۇناپىقلار بار تەرەپتە) ئازاب بولىدۇ.

14ـ ئۇلار مۇئمىنلەرنى چاقىرىپ: «بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق» دەپ توۋلايدۇ، مۇئمىنلەر: «(كۆرۈنۈشتە) شۇنداق ئىدى، لېكىن سىلەر (مۇناپىقلىق قىلىپ) ئۆزۈڭلارنى ھالاك قىلدىڭلار، (مۇئمىنلەرگە بالايىئاپەت كېلىشىنى) كۈتتۈڭلار، (ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشتىن) شەكلەندىڭلار، (يالغان) ئارزۇلار سىلەرنى ئالدىدى. ئاخىر سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئەمرى (ئۆلۈم) كەلدى. ئۇچىغا چىققان ئالدامچى (شەيتان) سىلەرنى ئاللاھنىڭ (كەڭچىلىكى) بىلەن ئالدىدى» دەيدۇ.

15ـ (ئۇلارغا) «بۈگۈن سىلەردىنمۇ، كاپىرلاردىنمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) فىدىيە ئېلىنمايدۇ، سىلەرنىڭ جايىڭلار دوزاختۇر، دوزاخ سىلەرگە ئەڭ لايىقتۇر، دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!» (دېيىلىدۇ).

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللارنىڭ قىيامەت

كۆندىكى خارلىققا پاتقان ھالىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرگىنىڭكى، ئۇلار سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈۋاتقاندا ئۆزلىرىنىڭ نۇرى ئالدى تەرىپىدە ۋە ئوڭ تەرىپىدە چاقناپ تۇرغان مۇئمىنلەرگە تەلمۈرۈپ: ﴿توختاپ تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ نۇرۇڭلاردىن ئازراق نەپ ئېلىۋالايلى﴾، شۇنىڭ يورۇقى بىلەن سىرات كۆۋرۈكىدىن سالامەت ئۆتۈپ كېتەيلى، يولىمىزنى تېپىۋالايلى، دەيدۇ. «چۈنكى قىيامەت كۈنىدە مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ نۇر بېرىلىدۇ، ئۇلار شۇ نۇر بىلەن سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتىدۇ، يەنى ئۇلار بۇ دۇنيادا ھەق دىنىنىڭ نۇرى بىلەن توغرا يولدا تۈپتۈز ۋە ئىزچىل ماڭغاندەك، قىيامەت كۈنىدىمۇ جەننەتنىڭ يولىغا شۇنداق تۈپتۈز ماڭىدۇ. ئەمما ئۇ كۈندە مۇناپىقلارغا ھېچقانداق نۇر بېرىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار مۇئمىنلەرنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، ئۇلارنىڭ نۇرىدىن كەلگەن ئازراق يورۇقلۇق بىلەن يولنى ئىنتايىن تەسلىكتە كۆرۈپ كېتىپ بارغاندا، ئاللاھ تائالا توساتتىن قاتتىق بوراننى ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇناپىقلار تەسلىكتە بولسىمۇ يولنى كۆرۈپ مېڭىۋاتقان بۇ غۇۋا يورۇقلۇقمۇ يوقاپ كېتىدۇ»[1]. شۇ ۋاقىتتا مۇئمىنلەر ئۆزلىرىدىكى بۇ نۇرنىڭ ئۆچۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ: ﴿رَبَّنَآ أَتۡمِمۡ لَنَا نُورَنَا﴾ يەنى ﴿ئى رەببىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى تولۇقلاپ بەرگىن﴾[2] دەپ دۇئا قىلىدۇ. مۇناپىقلار شۇ ۋاقىتتا قاراڭغۇلۇقتا قالغانلىقتىن، مۇئمىنلەرگە يالۋۇرۇپ، ئۇلاردىن نۇر تىلەپ: ﴿سىلەرنىڭ نۇرۇڭلاردىن ئازراق نەپ ئېلىۋالايلى﴾ دەيدۇ. ئەمما مۇناپىقلارنىڭ ئالىدىغان جاۋابى: ﴿ئارقاڭلارغا قايتىپ نۇر ئىزدەپ بېقىڭلار﴾ دېيىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ جاۋابنى پەرىشتىلەر بېرەمدۇ ياكى مۇئمىنلەرمۇ، ئۇنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. مۇناپىقلار يەنىلا مۇئمىنلەردىن نۇر تىلەپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈرمەكچى بولغىنىدا، مۇناپىقلار بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا چوڭ بىر سېپىل سوقۇلىدۇ، بۇ سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بولۇپ، دەرۋازىنىڭ ئىچىدە رەھمەت ۋە نېمەت، تېشىدا ھەر تۈرلۈك ئازاب بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇناپىقلار بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ ئوتتۇرىسى چېگرالىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مۇناپىقلار مۇئمىنلەرنى چاقىرىپ ئۇلارغا: بىز دۇنيادىكى ۋاقتىمىزدا سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق، سىلەر ناماز ئوقۇساڭلار بىزمۇ ناماز ئوقۇيتتۇق، روزا تۇتساڭلار بىزمۇ روزا تۇتاتتۇق، ھەتتا جىھاد مەيدانلىرىدىمۇ سىلەر بىلەن بىر سەپتە ئەمەسمىدۇق؟ ئەمدى بىز قانداق بولۇپ سىلەردىن ئايرىلىپ

---

[1] «تفسير البغوي» 8- توم، 35- بەت.

[2] تەھرىم سۈرىسى:8-ئايەت.

قالدۇق؟ دەيدۇ.

مۇئمىنلەر مۇناپىقلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: توغرا، سىلەر دۇنيادىكى ۋاقىتلاردا كۆرۈنۈشتە بىز بىلەن بىللە ئىدىڭلار، ئەمما دىلىڭلاردا كۇفرىنى يوشۇرۇپ، ئاغزىڭلاردا يالغاندىن ئىمان ئېيتىپ قويۇپ مۇناپىقلىق قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەر ئەمەلىيەتتە مۇئمىنلەرنىڭ قاتارىدىن ئەمەس ئىدىڭلار. چۈنكى، مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىللەت سىلەردە ھۆكۈم سۈرەتتى، ھەمىشە ئىككى يۈزلىمچىلىك قىلاتتىڭلار، شۇڭا سىلەر «مۇناپىقلىق» دېگەن بۇ چوڭ بالاغا گىرىپتار بولغان ئىدىڭلار. شۇنىڭ بىلەن سىلەر مۇئمىنلەرگە يامانلىق تىلىدىڭلار، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقتا قېلىشىنى ۋە قەتئىي غەلىبە قىلالماسلىقىنى ئۈمىد قىلدىڭلار، ئۇلارنىڭ ھالاكىتىنى كۈتتۈڭلار، دىنىمىزغا شەك بىلەن مۇئامىلە قىلدىڭلار. چۈنكى، دىنغا چىن قەلبىڭلاردىن ئىشەنمىگەنلىكتىن، ھەمىشە دىنغا شەك كەلتۈردۈڭلار، شەيتان ۋە نەپسى خاھىشىڭلار سىلەرنى ئاللاھ تائالا توغرۇلۇق ئالداپ «ئاللاھ كەڭچىلىك قىلىدۇ، سىلەرنى كەچۈرۈۋېتىدۇ» دەپ سىلەرنى قاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئاللاھ تائالانى لايىقىدا قەدىرلىمىدىڭلار، ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلمىدىڭلار، ئازابىدىن قورقمىدىڭلار، ئاخىرەتنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلمىدىڭلار. ئەمدى مانا، چارىسىز ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىسىلەر، ئۆزۈڭلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ھەرگىز قۇتقۇزالمايسىلەر، بۈگۈن سىلەردىنمۇ، سىلەرگە ئوخشاش باشقا كاپىرلاردىنمۇ دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قېلىش بەدىلىگە ھېچقانداق فىدىيە قوبۇل قىلىنمايدۇ. ناۋادا پۈتۈن دۇنيانىڭ بايلىقى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولۇپ، سىلەر ئۇنىڭ ھەممىسىنى پىدا قىلغان تەقدىردىمۇ، سىلەرنىڭ ئازابتىن قۇتۇلۇپ قېلىشىڭلار قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. سىلەرنىڭ جايىڭلار زادى بەلگىلىنىپ بولغان. ئۇ بولسىمۇ، دوزاختۇر. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!

شۇ ئېنىقكى، ھەقىقىي بەختلىك كىشى بۇ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق لەززەتلىرىگە ۋە نېمەتلىرىگە ئالدىنىپ قالماي، ئۆزىنىڭ ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ھاياتىنى ئويلايدۇ، ئاخىرەتلىكىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەنچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارلىقى بولۇپ، بۇ دۇنيادا نېمە تېرىسا، ئاخىرەتتە شۇنى ئورىدىغان گەپ. ھەركىم بۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى قۇرۇپ چىقىدۇ، ئۆزى ئۈچۈن جەننەتكە قەسىر سېلىش ياكى دوزاختا ئازگال قېزىش ھەركىمنىڭ ئۆزىگە باغلىق ئىشتۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقىي غەلىبە ئاخىرەتتە دوزاختىن يىراق قىلىنىپ، جەننەتكە ئېرىشىشتۇر. بۇنىڭدىن چوڭ غەلىبە ۋە بۇنىڭدىن كاتتا ئۇتۇق يوق.

2. جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرىشتىن ئاۋۋال نامە-ئەمەلىنىڭ ئوڭ قولىغا بېرىلىشى بىلەن ۋە ئالدىدا ئۇلارنى باشلاپ ماڭىدىغان نۇرنىڭ بېرىلىشى بىلەن مەمنۇن قىلىنىدۇ.

3. مۇئمىنلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى نۇرى ئۇلار مۇشۇ دۇنيادا ئۆزلىرى ھاسىل قىلغان نۇردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن خەۋەر بېرىپ: «بَشِّرِ الْمَشَّائِينَ فِي الظُّلَمِ إِلَى الْمَسَاجِدِ بِالنُّورِ التَّامِّ يَوْمَ الْقِيَامَةِ» يەنى «قاراڭغۇلاردا مەسجىدلەرگە ماڭغۇچىلارغا ئاخىرەتتىكى مۇكەممەل نۇردىن خۇش بېشارەت بەرگىن»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

4. مۇناپىقلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان يامانلىق، شەك-شۈبھە ۋە دۈشمەنلىك ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ ناچارلىقلار ئۇلار ئۆلگەنگە قەدەر ئۇلارنىڭ دىلىدا شۇنداق داۋام قىلىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇلارنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ.

## ئۆگۈت ۋە كۆرسەتمىلەر

﴿أَلَمْ يَأْنِ لِلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ أَن تَخْشَعَ قُلُوبُهُمْ لِذِكْرِ ٱللَّهِ وَمَا نَزَلَ مِنَ
ٱلْحَقِّ وَلَا يَكُونُوا۟ كَٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ مِن قَبْلُ فَطَالَ عَلَيْهِمُ
ٱلْأَمَدُ فَقَسَتْ قُلُوبُهُمْ ۖ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ فَٰسِقُونَ ﴿١٦﴾ ٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ
يُحْىِ ٱلْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا ۚ قَدْ بَيَّنَّا لَكُمُ ٱلْءَايَٰتِ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ ﴿١٧﴾
إِنَّ ٱلْمُصَّدِّقِينَ وَٱلْمُصَّدِّقَٰتِ وَأَقْرَضُوا۟ ٱللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا يُضَٰعَفُ
لَهُمْ وَلَهُمْ أَجْرٌ كَرِيمٌ ﴿١٨﴾ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦٓ أُو۟لَٰٓئِكَ
هُمُ ٱلصِّدِّيقُونَ ۖ وَٱلشُّهَدَآءُ عِندَ رَبِّهِمْ لَهُمْ أَجْرُهُمْ وَنُورُهُمْ ۖ وَٱلَّذِينَ
كَفَرُوا۟ وَكَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَآ أُو۟لَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلْجَحِيمِ ﴿١٩﴾

[1] «سنن أبي داود» 1-توم، 154-بەت، 561-ھەدىس، «سنن الترمذي» 1-توم، 435-بەت، 223-ھەدىس.

### تەرجىمىسى

16- ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئاللاھنى ياد ئەتكەندە ۋە نازىل قىلىنغان ھەقىقەت (قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلىغاندا) دىللىرى ئېرىيدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلمىدىمۇ؟ ئۇلار ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەردەك بولۇپ قالمىسۇنكى، زامانىنىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتكەن ۋە كۆپ سانلىقى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلار ئىدى.

17- بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەقىقەتەن زېمىننى (سۇسىزلىقتىن) ئۆلگەندىن كېيىن (يامغۇر بىلەن) تىرىلدۈرىدۇ. شەكسىزكى، بىز ھەقىقەتەن سىلەرنى ئەقلىنى ئىشلەتسۇن (شۇنىڭ بىلەن ئىبرەت ئالسۇن) دەپ، سىلەرگە (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەرنى بايان قىلدۇق.

18- سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەرگە، سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا ۋە ئاللاھقا ياخشى قەرز بەرگۈچىلەرگە (ئۇلارنىڭ بەرگەنلىرى) ھەسسىلەپ قايتۇرۇلىدۇ ھەم ئۇلارغا تولىمۇ ئېسىل بىر مۇكاپات بار.

19- ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقانلار- ئەنە شۇلار سىددىقلاردۇر[1]. شېھىتلەر رەببىنىڭ دەرگاھىدا كاتتا مۇكاپاتقا ۋە نۇرغا ئېرىشىدۇ. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە يالغانغا چىقارغانلار- ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر.

### تەپسىرى

مۇئمىنلەرنىڭ ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش بىلەن، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئاڭلاش بىلەن دىللىرى يۇمشايدىغان ۋاقىت تېخى يېتىپ كەلمىدىمۇ؟ يەنى ئاللاھ تائالاغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يۈزلىنىپ، ئۇنىڭغا تولۇق ئىتائەت قىلىشىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى مۇكەممەل ئادا قىلىشىنىڭ ۋاقتى كەلمىدىمۇ؟

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئاللاھ قۇرئان نازىل بولۇۋاتقان ئون ئۈچ يىلدىن كېيىنمۇ مۇھاجىرلارنىڭ دىللىرى يېتەرلىك ھالدا يۇمشاپ بولالمىغانلىقىغا كايىپ ﴿ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئاللاھنى ياد ئەتكەندە ۋە نازىل قىلىنغان ھەقىقەت (قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلىغاندا) دىللىرى

[1] سىددىقلار- پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتلەرنى مۇكەممەل دەرىجىدە تەستىقلىغان كىشىلەر.

ئېرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلمىدىمۇ؟﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان»[1].

﴿ئۇلار ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەردەك بولۇپ قالمىسۇنكى، زامانىنىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتكەن ۋە كۆپ سانلىقى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلار ئىدى﴾. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۆئمىنلەرنى يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلاردەك بولۇپ قېلىشتىن توسقان. چۈنكى، يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ زامانىدىن يىراقلاشقانسېرى، دىندىن يىراقلىشىپ كېتىپ، دىللىرى تاشتەك قېتىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن. «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل»نىڭ ساختا نۇسخىلىرىنى ئۆزلىرى يېزىپ چىقىپ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىۋالغان ۋە «ئاللاھ نازىل قىلغان ساماۋى كىتاب مۇشۇدۇر» دېگەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تولىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىققان پاسىق ئادەملەر ئىدى.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ھەرگىز ئەھلى كىتابقا ئوخشاش بولۇپ قالماڭلار! دەرۋەقە، مۇسۇلمانلار ئۇلارغا ئوخشاپ قالمىدى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى ئۇنتۇپ قالمىدى، ئۇنى ئۆزگەرتىلىشتىن ۋە ھەرقانداق بىر بۇرمىلاشتىن ساقلاپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ﴿إِنَّا نَحۡنُ نَزَّلۡنَا ٱلذِّكۡرَ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، قۇرئاننى بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز﴾[2] دېگەن ۋەدىسى ئەمەلگە ئېشىپ كەلدى.

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت بىلەن ئىسلامنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن چاغلىرىدا ياشىغان، ئۇلگىلىك كىشىلەرگە كايىغان يەردە، بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز قانچىلىك كۆپ كايىشقا تېگىشلىك بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ ئىلگىرىكىلەر ئىماندا، پەزىلەتتە ۋە پىداكارلىقتا بىزدىن ئەلۋەتتە ئۈستۈن ئىدى. ئۇلار شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئاللاھ تائالانىڭ كايىشىغا ئۇچرىغان. ئەمدى بىزنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە قايتىش ۋاقتىمىز كەلمىدىمۇ؟ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنغا قايتىش ۋە ئۇنىڭغا يۈرەكتىن باغلىنىش ۋاقتى يېتىپ كەلمىدىمۇ؟ قۇرغاقچىلىقتىن قۇرۇپ قاقاس بولۇپ كەتكەن زېمىننى يامغۇر بىلەن تىرىلدۈرۈپ ياپيېشىل قىلىدىغان ۋە زىرائەتلەر بىلەن ياشارتىدىغان زات ئۆلگەن قەلبلەرنى تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. قەلبلەرنىڭ تىرىلىشى ئۈچۈن ئىمان،

---

[1] «تفسير القرطبي» 17_توم، 249_بەت.

[2] ھىجر سۈرىسى:9_ئايەت.

ئىخلاس ۋە ياخشى نىيەت كېرەك. ئاللاھ تائالا سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان كائىنات دەلىللىرىنى مۇشۇنداق بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئەر-ئايال مۇسۇلمانلاردىن يوقسۇللارغا ياردەم قىلغانلار، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلىغانلار ۋە پۇل-مېلىنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا ياخشى قەرز بەرگەنلەرگە كەلسەك، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بەرگەنلىرىنىڭ ئورنىنى ئەلۋەتتە تولدۇرۇپ بېرىدۇ، زىيادە قىلىپ بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتىنى ھەسسىلەپ كۆپ قىلىپ بېرىدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالاغا بېرىلگەن ياخشى قەرزنى ئاللاھ تائالا نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ قايتۇرۇپ بېرىدۇ ۋە ئۇلارغا ئاخىرەتتە كاتتا مۇكاپات ئاتا قىلىدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦٓ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلصِّدِّيقُونَۖ وَٱلشُّهَدَآءُ عِندَ رَبِّهِمۡ لَهُمۡ أَجۡرُهُمۡ وَنُورُهُمۡۖ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتكە: «ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقانلار ـ ئەنە شۇلار سىددىقلاردۇر. شېھىتلەر رەببىنىڭ دەرگاھىدا كاتتا مۇكاپاتقا ۋە نۇرغا ئېرىشىدۇ» دەپ مەنە ئېيتقان بولۇپ، ئايەتنىڭ ﴿شېھىتلەر رەببىنىڭ دەرگاھىدا كاتتا مۇكاپاتقا ۋە نۇرغا ئېرىشىدۇ﴾ دېگەن قىسمىغا ﴿ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقانلار ـ ئەنە شۇلار سىددىقلاردۇر﴾ دېگەن قىسمىدىن ئايرىم مۇستەقىل مەنە ئېيتقان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿شېھىتلەر﴾ دېگەن سۆزنى ﴿ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقانلار﴾ نىڭ سۈپىتى دەپ تەپسىر قىلغان. شۇڭا ئۇلار يۇقىرىقى ئايەتنى: ‹ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقانلار ـ ئەنە شۇلار رەببىنىڭ دەرگاھىدا ئىمانى مۇكەممەل كىشىلەرنىڭ ۋە شېھىتلەرنىڭ مەرتىۋىسىدە بولىدۇ، ئۇلار كاتتا مۇكاپاتقا ۋە نۇرغا ئېرىشىدۇ› دەپ تەپسىر قىلغان»[1].

﴿ٱلصِّدِّيقُونَۖ﴾ «الصديق» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، «‹الصديق›: ناھايىتى راستچىل دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. مۇجاھىد ‹الصديق› ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ھەرقانداق ئادەمنى

[1] «تفسير الطبري» 23-توم، 192-بەت.

كۆرسىتىدۇ، دېگەن»[1]. بۇنداق بولغاندا، ئايەتتىكى ﴿ٱلصِّدِّيقُونَ﴾ دېگەن سۆز: ئىمانى مۇكەممەل، ناھايىتى راستچىل، دىنىنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا مۇكەممەل ئىشەنگەن، ئەمەلىيىتى ئېتىقادىغا ۋە سۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان مۇئمىنلەرنى كۆرسىتىدۇ. «الصديق» لىق دىندا كاتتا مەرتىۋە بولۇپ، پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسىدىن كېيىنكى ۋە شېھىتلىك مەرتىۋىسىنىڭ ئالدىدىكى مەرتىۋىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ فَأُوْلَٰٓئِكَ مَعَ ٱلَّذِينَ أَنۡعَمَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِم مِّنَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ وَٱلصِّدِّيقِينَ وَٱلشُّهَدَآءِ وَٱلصَّٰلِحِينَۚ وَحَسُنَ أُوْلَٰٓئِكَ رَفِيقٗا﴾ يەنى ﴿كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، راستچىللار، شېھىتلەر ۋە سالىھلار (يەنى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغان مۇئمىنلەر) بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار!﴾[2] دېگەن سۆزى بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ. ئەمدى ﴿وَٱلشُّهَدَآءِ﴾ دېگەن سۆزگە كەلسەك، «مۇقاتىل قاتارلىق مۇپەسسىرلەر ‹ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن شېھىتلەر› دېسە، مۇجاھىد قاتارلىق مۇپەسسىرلەر ‹قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەر› دەيدۇ، يەنە كەلبىي قاتارلىق مۇپەسسىرلەر ‹ئۆز پەيغەمبەرلىرىنىڭ دىنىنى تولۇق يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگۈچى ئۈممەتلەر› دەپ تەپسىر قىلىدۇ»[3].

يۇقىرىقى ئايەتتە ﴿ٱلصِّدِّيقُونَ﴾ ۋە ﴿وَٱلشُّهَدَآءِ﴾ دەپ سۈپەتلەنگەن كىشىلەرنىڭ مۇكاپاتى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە تولۇق بېرىلىدۇ، ئۇلار ئالدىدا ۋە ئۇلۇق تەرىپىدە چاقناپ تۇرۇپ ئۇزلىرىگە يول كۆرسىتىدىغان نۇرغا ئېرىشىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان، ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى ئايەتلىرىنى ۋە كائىناتتىكى ئىلاھىي قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان ئالامەتلىرىنى يالغانغا چىقارغان كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى مەڭگۈلۈك دوزاختۇر. چۈنكى، ئۇلار دوزاخقا تېگىشلىكتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ قالغانلار ئۇنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم قالغاننىڭ سىرتىدا، ئۇنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

---

[1] «تفسير البغوي» 8- توم، 38- بەت.
[2] نىسا سۈرىسى: 69-ئايەت.
[3] «تفسير القرطبي» 17- توم، 229- بەت.

2. مۇسۇلمانلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىش ۋە ئۇلارغا دىنىي مەسىلىلەردىن بىلمىگەنلىرىنى ئۆگىتىش ئۇلارنىڭ غەپلەتتە قالماسلىقى ۋە ھەمىشە قەلبى ئويغاق تۇرۇشى ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىقتۇر.

3. يەر-زېمىن سۇ بىلەن ياشارغاندەك قەلبلەر ئىمان ۋە ئىلىم بىلەن ياشنايدۇ.

4. مۇئمىنلەر ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا دەرىجىلىرىگە مۇناسىپ مۇكاپاتلارغا ئېرىشىدۇ.

### ◄ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ھەقىقىتى

﴿ٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّمَا ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَا لَعِبٞ وَلَهۡوٞ وَزِينَةٞ وَتَفَاخُرُۢ بَيۡنَكُمۡ
وَتَكَاثُرٞ فِي ٱلۡأَمۡوَٰلِ وَٱلۡأَوۡلَٰدِۖ كَمَثَلِ غَيۡثٍ أَعۡجَبَ ٱلۡكُفَّارَ نَبَاتُهُۥ
ثُمَّ يَهِيجُ فَتَرَىٰهُ مُصۡفَرّٗا ثُمَّ يَكُونُ حُطَٰمٗاۖ وَفِي ٱلۡأٓخِرَةِ عَذَابٞ
شَدِيدٞ وَمَغۡفِرَةٞ مِّنَ ٱللَّهِ وَرِضۡوَٰنٞۚ وَمَا ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَآ إِلَّا مَتَٰعُ
ٱلۡغُرُورِ ٢٠ سَابِقُوٓاْ إِلَىٰ مَغۡفِرَةٖ مِّن رَّبِّكُمۡ وَجَنَّةٍ عَرۡضُهَا كَعَرۡضِ
ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِ أُعِدَّتۡ لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦۚ ذَٰلِكَ فَضۡلُ
ٱللَّهِ يُؤۡتِيهِ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ ذُو ٱلۡفَضۡلِ ٱلۡعَظِيمِ ٢١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

20-(ئى ئىنسانلار!) بىلىڭلاركى، دۇنيا ھاياتى پەقەت ئويۇن-تاماشىدىن، بىخۇدلۇقتىن، زىبۇزىننەتتىن، ئۆزئارا پەخىرلىنىشتىن، پۇل-مال ۋە پەرزەنت-لەرنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ماختىنىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇ ئۆسۈملۈكى دېھقانلارنى خۇشال قىلغان يامغۇرغا ئوخشايدۇ، ئاندىن ئۇ ئۆسۈملۈك قۇرۇپ قالىدۇ-دە، ئۇنىڭ سارغىيىپ قالغانلىقىنى كۆرىسەن، ئاندىن ئۇ يانجىلغان چۆپكە ئايلىنىدۇ. ئاخىرەتتە (كاپىرلارغا) قاتتىق ئازاب بار، (مۇئمىنلەرگە) ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقى بار، دۇنيا ھاياتى پەقەت (غەپلەتتىكى ئادەم) ئالدىنىپ قالىدىغان بىر مەنپەئەتتىن ئىبارەتتۇر.

21-رەببىڭلارنىڭ مەغپىرىتىنى، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقانلارغا تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان-زېمىندەك كېلىدىغان

جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئالدىراڭلار. بۇ (مەغپىرەت بىلەن جەننەت) ئاللاھنىڭ پەزلىدۇركى، ئۇنى خالىغان ئادەمگە ئاتا قىلىدۇ، ئاللاھ كاتتا پەزل ئىگىسىدۇر.

## ◄ تەپسىرى

دۇنيالىقلا بىرلىپ كېتىپ، ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇپ كېتىش، دىنىنىڭ روھىدىن يىراقلىشىپ كېتىش ئاللاھ تائالادىن يىراقلىشىپ كېتىشنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ پانىي دۇنيانى ئاخىرەتنىڭ ئالدىغا قويۇۋالىدىغانلار ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا چوقۇنىدىغان، ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان كىشىلەردۇر. دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكنىڭ ئالدىغا قويۇۋېلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلار ئومۇمەن ئاللاھ تائالادىن يىراقلىشىپ قېلىش، غەپلەتكە پېتىپ كېتىش، كۆڭۈل قارىيىپ دىلنىڭ قېتىپ كېتىشى قاتارلىقلاردۇر.

دىنىمىز باي بولۇشنى چەكلىمەيدىغان، يوقسۇللۇقنى تەرغىب قىلىدىغان دىن ئەمەس، بەلكى ئۇ دۇنيالىق بىلەن ئاخىرەتلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا، بۇ دۇنيالىق ئۈچۈن ئىشلەشكە، ئاخىرەتلىك ئۈچۈنمۇ ئەمەل قىلىشقا چاقىرىدۇ. دۇنيالىقنىڭمۇ بولغىنى ياخشى. چۈنكى، زاكات، سەدىقە، ھەج، ئۆمرە قاتارلىق بەزى ئىبادەتلەر ئىقتىساد بىلەن بولىدۇ. دۇنيالىق ئۈچۈن ئىشلەش ئەيىبلەنمەيدۇ. پەقەت دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكنىڭ ئالدىغا قويۇۋېلىش ياكى ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇپ كېتىش سۆكۈلىدۇ. قەدىمدە ساماۋى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان دىندارلارنىڭ ئېزىپ كېتىشى، دىنغا ئاسىيلىق قىلىشىمۇ پەقەت نەپسى ئاۋارىگەرچىلىك سەۋەبىدىن بولغان. مال-دۇنياغا يۈرەكتىن بېرىلىش ئەنە شۇنداق بەختسىزلىكلەرگە يول ئاچىدۇ. شۇڭا مال-دۇنيا مۇسۇلمان ئادەمنىڭ قەلبىدە ئەمەس، قولىدا بولۇشى كېرەك. چۈنكى، مال-دۇنيانىڭ ھېرىسلىقى ئىنساننى تۈرلۈك يامان يوللارغا باشلايدۇ ۋە تۈرلۈك خەتەرلەرگە دۇچار قىلىدۇ.

ئى ئىنسانلار! بىلىڭلاركى، دۇنيا ھاياتى، دۇنيا ھەلەكچىلىكى كۆپ ۋاقىتلاردا ئادەمنى ئالدايدۇ، ئۇنى مۇھىم غايىلىرىدىن ئاداشتۇرۇپ قويىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى كۆپلىگەن ئادەملەرنى مەنپەئەتلىك ئىشلاردىن ۋاز كەچكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتىگە باغلايدۇ، ئۇ پەقەت ۋاقىتلىق لەززەتلەرنىڭ ئارقىسىدا ئادەمنى بەند قىلىۋالىدىغان، ئادەمگە ھاياتىدىكى مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان نەرسە بولۇپ،

خۇددى بالىلارنىڭ ئويۇنلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى، كىچىك بالىلارنىڭ ئويۇنلىرىمۇ بالىلارنى ۋاقىتلىق خۇشال قىلىدۇ. دېمەككى، بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى ۋە لەززەتلىرى ئەقىلسىزلار ۋە ئەخمەقلەر ئۈچۈنلا قىممەتلىك سانىلىدىغان نەرسىلەردۇر. ئەمما ئەقىللىق ۋە ئىمانلىق كىشىلەر ئۈچۈن ئىماننىڭ لەززىتىگە يېتەلەيدىغان ھېچقانداق نەرسە يوقتۇر. چۈنكى، مۆئمىن ئادەمنىڭ قەلبى ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەرىشتىلىرىگە ۋە قىيامەت كۈنىگە بولغان چىن ئىمانى بىلەن پارلاقتۇر ۋە ئاۋاتتۇر. مۆئمىن ئادەم مۇشۇ ئىماننىڭ لەززىتى بىلەن ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك ھاياتتا ياشايدۇ. ئەمما ئىمانى يوق ياكى ئىمانى ئاجىز كىشىلەر ئۆزىنىڭ لەززىتىنى ۋە ھۇزۇر-ھالاۋىتىنى مۇشۇ دۇنيالىق ئۈچۈن ئۆزئارا بەسلىشىش، ئۆزىنىڭ نەسەبى ياكى مەنسىپى ۋەياكى بايلىقى بىلەن پەخىرلىنىش، مال-دۇنياسىنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ماختىنىش، تېخىمۇ كۆپەيتىشنىڭ غېمىنى يېيىش قاتارلىقلاردىن ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋە قىممەتلىك نەرسىلىرى مۇشۇلار بولۇپ، باشقىسىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئەمما مۆئمىن ئادەمنىڭ نەزىرىدە دۇنيا ھاياتى ئۆتكۈنچى ھاياتتۇر. بۇ دۇنيا ھاياتى ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارلىقى بولۇپ، مۆئمىن ئادەم مۇشۇ دۇنيادا تېرىغانلىرىنىڭ مول-ھوسۇلىنى ئاخىرەتتە ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، ئىشلەيدۇ. مۇنداق كىشى دۇنيالىقتىن جايىدا پايدىلىنىدۇ، ئاخىرەتنىمۇ ئۇنتۇمايدۇ. دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ٱلَّذِى خَلَقَنِى فَهُوَ يَهْدِينِ ۝٧٨ وَٱلَّذِى هُوَ يُطْعِمُنِى وَيَسْقِينِ﴾ يەنى ﴿ئۇ كۈندە مال-دۇنيامۇ، بالىچاقىلارمۇ پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ساغلام قەلب بىلەن كەلگەن ئادەملا (ئۇلار بىلەن مەنپەئەتلىنىدۇ)﴾ [1] دېگەن سۆزىنى ياخشى بىلىدۇ.

بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى تېز يوقۇلۇپ كېتىشتە خۇددى يامغۇرغا ئوخشايدۇ. چۈنكى، يامغۇرنىڭ يېغىشى بىلەن ئۆسۈملۈكلەر ئۈنۈپ چىقىشقا باشلايدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكلەردىن دېھقانلار خۇشال بولىدۇ، ئاندىن بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز ۋە ئاخىرىدا بۇ ئۆسۈملۈك يانجىلغان چۆپكە ئايلىنىپ تۈگىشىدۇ. دۇنيا ھاياتى ئەنە شۇنچىلىكتۇر، ئۇ شۇنداق تېز تۈگەپ قالىدۇ، ئاخىرەتكە ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلدىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئېلىپ كەتكىلى بولمايدۇ.

---

[1] شۇئەرا سۈرىسى:88-89-ئايەتلەر.

ئاخىرەتتە كاپىرلارغا ۋە ئاسىي-گۇناھكارلارغا تەييارلانغان قاتتىق ئازاب بار، ئۇنىڭدا يەنە مۇئمىنلەرگە، تەۋبە قىلغۇچىلارغا ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقى بار. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى بارچە نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى ئەقىل ئىگىلىرى! رەببىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىشكە، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانىنىڭ تەقەززاسىغا لايىق ئەمەل قىلغان، ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان بويىچە ھايات كەچۈرگەنلەرگە تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان-زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئالدىراڭلار ۋە بۇ ئىشتا بىر-بىرىڭلار بىلەن بەسلىشىڭلار. دۇنيادا بەسلىشىشكە تېگىشلىك ئىش مانا مۇشۇدۇر. مۇئمىنلەرگە ئاتا قىلىنىدىغان بۇ مەغپىرەت بىلەن جەننەت ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-مەرھەمىتى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆزى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلۇغ پەزل-مەرھەمەت ۋە كاتتا ئىنئام ئىگىسىدۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىگە ۋە ئەرزىمەس لەززەتلىرىگە ئالدىنىپ ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ قالغانلار ھەقىقىي زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

2. ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەش ۋە جەننەتكە كىرىشكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىش يولىدا بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ شەرەپلىك ئىشتۇر.

2. جەننەتكە كىرىشنىڭ ئاساسلىق شەرتلىرى ئىمان، تەقۋالىق ۋە ياخشى ئەمەلدۇر.

### ھەممە ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ

﴿مَآ أَصَابَ مِن مُّصِيبَةٍ فِى ٱلْأَرْضِ وَلَا فِىٓ أَنفُسِكُمْ إِلَّا فِى كِتَٰبٍ
مِّن قَبْلِ أَن نَّبْرَأَهَآ ۚ إِنَّ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٌ ﴿٢٢﴾ لِّكَيْلَا تَأْسَوْا۟ عَلَىٰ مَا
فَاتَكُمْ وَلَا تَفْرَحُوا۟ بِمَآ ءَاتَىٰكُمْ ۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ
﴿٢٣﴾ ٱلَّذِينَ يَبْخَلُونَ وَيَأْمُرُونَ ٱلنَّاسَ بِٱلْبُخْلِ ۗ وَمَن يَتَوَلَّ فَإِنَّ ٱللَّهَ

﴿هُوَ ٱلْغَنِيُّ ٱلْحَمِيدُ ﴿٢٤﴾﴾

## تەرجىمىسى

22-يەر يۈزىدە يۈز بەرگەن (ھادىسىلەر) ۋە ئۆزۈڭلار ئۇچرىغان بالا-قازالارنىڭ ھەممىسى بىز يارىتىشتىن بۇرۇنلا لەۋھۇلمەھفۇزدا بار ئىدى، شەكسىزكى، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر.

23-(ئاللاھ بۇنى) قولۇڭلاردىن كەتكەنگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە (ئاللاھنىڭ) بەرگەنلىرى بىلەن كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (بايان قىلدى). شەكسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان ماختانچاقلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

24-ئۇلار بېخىللىق قىلىدىغان ۋە كىشىلەرنى بېخىللىق قىلىشقا بۇيرۇيدىغانلاردۇر. كىمكى (ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشتىن) باش تارتىدىكەن، بىلىپ قويسۇنكى، ئاللاھ (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيە-لەنگۈچىدۇر.

## تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم» بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا ۋە ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ياخشى يوللارغا پۇل-مال سەرپ قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بىر ئىللەتنى داۋالايدۇ. ئۇ بولسىمۇ، جىھادقا چىقسا ئۆلۈپ كېتىشتىن، پۇل-مال سەرپ قىلسا كەمبەغەل بولۇپ قېلىشتىن قورقۇش پىسخىكىسىدۇر. بۇ پىسخىكا بەزى كىشىلەرنى بۇ ئىككى چوڭ ئەمەلدىن يالتايتىپ قويىدۇ. چۈنكى، ئىنسان جىھادقا چىقسا جېنىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن، ئاللاھ يولىغا پۇل-مال سەرپ قىلسا كەمبەغەل بولۇپ قېلىشتىن قورقىدۇ. ئەمما ئۇ ھەممە ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلگەن ۋە بۇنىڭغا چىن دىلىدىن ئىشەنگەن چېغىدا، ئۇ نە ئۆلۈمدىن، نە كەمبەغەللىكتىن قورقمايدۇ. چۈنكى، مۇنداق كىشى ھاياتنى بەرگۈچى، ئۇنى ئالغۇچى، باي قىلغۇچى ۋە پېقىر قىلغۇچى پەقەت ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىگە ئىمانى كامىل بولغانلىقتىن، ئۆلۈمدىن ۋە پېقىرلىقتىن قەتئىي قورقۇپ قالمايدۇ. ئاللاھ تائالا بىزدىن ئەنە شۇنداق ئىماننى تەلەپ قىلىدۇ. ﴿أَيْنَمَا تَكُونُواْ يُدْرِككُّمُ ٱلْمَوْتُ وَلَوْ كُنتُمْ فِي بُرُوجٍ مُّشَيَّدَةٍ﴾ يەنى ﴿سىلەر قەيەردە بولساڭلار بولۇڭلار، ھەتتا مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان

تەقدىردىمۇ (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سەلەرنى تاپىدۇ﴾[1].

ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدە يۈز بېرىدىغان ھەرقانداق بىر بالايىئاپەت، يەنى قۇرغاقچىلىق ياكى زىرائەتلەرنىڭ نابۇت بولۇشى ۋەياكى ئۆلۈم-يېتىم قاتارلىق بەختسىزلىكلەر ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان كېسەللىك، پېقىرلىق، كۆڭۈلسىزلىك دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىن پۈتۈۋەتكەن تەقدىرى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەخلۇقاتنى يارىتىشتىن بۇرۇن پۈتۈۋەتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھفۇزدا بار. شەكسىزكى، بۇ ئىش ئاللاھ تائالا ئۈچۈن تولىمۇ ئاساندۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە بۇلارنى بايان قىلىشىدىكى مەقسەت بېشىڭلارغا كەلگەنلەردىن قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلەر بىلەن كۆرەڭلەپ ھەددىڭلاردىن ئېشىپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلغان ئىشلارنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى، ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلمىغان ئىشنىڭ بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن ئادەم ئۆزىگە كەلگەن ئامەتكە كۆرەڭلەپ كەتمەيدۇ، بېشىغا كەلگەن خاپىلىقلارغا قايغۇرۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەممە ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. مۇئمىن ئادەم مۇسىبەت كەلسە سەۋر قىلىدۇ، نېمەتكە ئېرىشسە شۈكۈر قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، قولىغا كەلگەن ئامەتلەرنى ئاللاھ تائالادىن كەلدى دەپ شۈكۈر قىلماي، ئۆزىدىن كۆرۈپ ماختىنىپ يۈرىدىغان مۇتەكەببىرلەرنى قەتئىي ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان ماختانچاقلار ئادەتتە بېخىل كېلىدۇ. چۈنكى، مۇنداقلار باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا رىئايە قىلمايدۇ. ئۆزىنىڭ بېخىللىقى سەۋەبلىك باشقىلارغا يامان تەسىر بېرىدۇ، قول ئاستىدىكىلەرنى ۋە ئەتراپىدىكىلەرنى بېخىللىققا چاقىرىدۇ. بېخىللارنىڭ نەزەر دائىرىسى تار، ئەقلى قىسقا كېلىدۇ، ئۆزى شەخسىيەتچى كېلىدۇ. بېخىللىقنىڭ زىيىنى بېخىللارنىڭ ئۆزلىرىگە بولىدۇ، بېخىللىق ئۇلارغا زىيان-زەخمەتنىلا كەلتۈرىدۇ.

﴿وَمَن يَتَوَلَّ فَإِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلْغَنِيُّ ٱلْحَمِيدُ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ﴿وَمَن يَتَوَلَّ﴾ دېگەن قىسمىغا بەزى مۇپەسسىرلەر«كىمكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن

---

[1] نىسا سۈرىسى:78-ئايەت.

باش تارتىدىكەن...»[1] دەپ مەنە ئېيتقان بولسا، يەنە بەزىسى «كىمكى ئاللاھنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن...»[2] دەپ مەنە ئېيتقان. ئايەتنى ئالدىنقى مەنە بويىچە تەپسىر قىلغاندا مەنىسى: كىمكى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداشتىن، توسقانلىرىدىن يېنىشتىن باش تارتىپ، قولىدىن كەتكەنگە قايغۇرىدىكەن ۋە ئۇنىڭ بەرگەنلىرىگە كۆرەڭلەپ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنداق ئادەمدىن بىھاجەتتۇر، دېگەنلىك بولىدۇ. ئايەتنى كېيىنكى مەنە بويىچە تەپسىر قىلغاندا، ئۇنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭ يولىغا پۇل-مال سەرپ قىلىشتىن ئىبارەت ئەمر-پەرمانىغا ئەمەل قىلىشتىن باش تارتىدىكەن، بىلىپ قويسۇنكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ پۇل-مېلىدىن ۋە ئىتائىتىدىن بىھاجەتتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەس، ھەر زامان مەدھىيەلەنگۈچىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەممە ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىش ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر.

2. بېخىللىق پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تىلىدا سۆكۈلىدىغان يامان قىلىقتۇر.

### ◄ تۆمۈرنىڭ مۇھىملىقى

﴿لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِٱلْبَيِّنَٰتِ وَأَنزَلْنَا مَعَهُمُ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْمِيزَانَ لِيَقُومَ ٱلنَّاسُ بِٱلْقِسْطِ ۖ وَأَنزَلْنَا ٱلْحَدِيدَ فِيهِ بَأْسٌ شَدِيدٌ وَمَنَٰفِعُ لِلنَّاسِ وَلِيَعْلَمَ ٱللَّهُ مَن يَنصُرُهُۥ وَرُسُلَهُۥ بِٱلْغَيْبِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ قَوِىٌّ عَزِيزٌ ﴿٢٥﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

25-بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئوپئوچۇق دەلىل-پاكىتلار بىلەن

---

[1] «تفسير الكشاف» 6- توم، 51- بەت.

[2] «تفسير الطبري» 23- توم، 98- بەت.

ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى ۋە مىزاننى چۈشۈردۇق. بىز كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىنسانلار ئۈچۈن كۆپ پايدىلىق بولغان تۆمۈرنىمۇ چۈشۈردۇق. بۇ ئاللاھنىڭ ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ (ئىمان ئېيتىپ) ئاللاھنىڭ دىنىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىدىغانلارنى بىلىشى (يەنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى) ئۈچۈندۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى كۈچلۈكتۇر، (ھەممىدىن) غالىبتۇر.

### ◄ تەپسىرى

شەكسىزكى، بىز پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئوپئوچۇق دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن، روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق. ئۇلار بىلەن بىللە كىشىلەرگە يول كۆرسىتىدىغان ساماۋى كىتابلارنى نازىل قىلدۇق، ئىنسانلار ئۆز ئارىسىدا ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن، دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئادالەت بىلەن ئىش كۆرسۇن دەپ، مىزاننى، ئادالەتنى ۋە قانۇننى چۈشۈردۇق. شۇنداقلا بىز يەنە كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، قاتتىق بولسىمۇ يۇمشىتىپ ھەر تۈرلۈك ئىشلارغا ئىشلەتكىلى بولىدىغان ۋە ئىنسانلارغا ناھايىتى كۆپ پايدىلىق بولغان تۆمۈرنىمۇ چۈشۈردۇق.

مۇپەسسىرلەرنىڭ كۆپ سانلىقى ئايەتتىكى ﴿وَٱلۡمِيزَانَ﴾ دېگەن سۆزگە ساماۋى كىتابلاردا بۇيرۇلغان ئادالەت دەپ مەنە ئېيتقان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى ئادالەت ۋە ھەق ئۈستىگە قۇرۇشى ئۈچۈن ئادالەتنى چۈشۈردۇق، دېگەنلىكتۇر[1].

ئۆلىمالار بۇ سۈرىدە ئىككى چوڭ مۆجىزىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلدى. ئۇلار مۇنداق:

1. ئىنسانلار تۆمۈردىن بىھاجەت بولالمايدۇ. چۈنكى، تۆمۈر يۇمشىتىپ ئىشلەتكىلى بولىدىغان ماددا بولغانلىقتىن، ئۇ پەن ـ تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنىڭ ھەممىسىدە، چوڭ ـ كىچىك بارلىق تۈرمۇش قوراللىرىدا، زاۋۇت، ئۆي ۋە ئىشخانا سەرەمجانلىرىدىن باشلاپ نۇرغۇن نەرسىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭدەك، قاتتىق قوراللىرى ۋە كۆپ نەرسىلەر يەنە تۆمۈر بىلەن ياسىلىدۇ.

2. تۆمۈرنىڭ يەر جىسىملىرىدىن ئەمەس، ئاسمان جىسىملىرىدىن ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەسلىدە ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەنلىكى شەكسىز ھەقىقەتتۇر. ھازىرقى زامان ئالىملىرى تۆمۈرنى ھاسىل قىلىدىغان

---

[1] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 5 ـ توم، 275 ـ بەت.

ئېنېرگىيەنى ئۆلچەپ كۆرگەندىن كېيىن، تۆمۈرنى ھاسىل قىلىدىغان ئېنېرگىيەنىڭ ئىنتايىن چوڭ ۋە كۈچلۈك ئېنېرگىيە ئىكەنلىكىنى، مۇنداق بىر زور ئېنېرگىيەنىڭ يەر شارىدا ئەمەس، بەلكى چوڭ يۇلتۇزلاردىلا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان. ئۇلار بۇ تەتقىقاتقا ئاساسلىنىپ، تۆمۈرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى يەر جىسمىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ يۇلتۇزلارغا ئائىتتۇر، دېگەن يەكۈننى چىقارغان. مانا بۇ، «قۇرئان كەرىم» 14 ئەسىردىن كۆپرەك چاغلار ئىلگىرى ئېلان قىلغان ھەقىقەتنىڭ ئىلىم-پەن سايىسىدا ئىسپاتلىنىشىدۇر. مانا بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدىغان دەلىلدۇر. ھازىرقى سانائەتلەرنىڭ ئىچىدە تۆمۈر ئىشلىتىلمەيدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز. ھالبۇكى، «قۇرئان كەرىم» نازىل بولغان زامانلاردا ئىنسانلار تۆمۈردىن پايدىلىنىپ نەيزە، قىلىچ قاتارلىق قوراللارنى ياسىغان بولسىمۇ، تۆمۈردىن تولۇق پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇلاردا تۆمۈرلەردىن ھەر ساھەدە پايدىلىنىش تېخنىكىلىرى يېتىلىپ بولمىغانلىقتىن، تاش، ياغاچ قاتارلىقلاردىن كۆپرەك پايدىلىناتتى. دېمەكچىكى، ئاللاھ تائالا تۆمۈرنىڭ ئىنسانلارغا بولغان پايدىلىرىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ۋە ئىنسانلارنىڭ كېلەچەكتە تۆمۈردىن كۆپ پايدىلىنالايدىغانلىقىنى ئۆز ۋاقتىدىلا جاكارلىغان.

«ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ ساماۋى كىتابلارنى ۋە ئادالەتنى چۈشۈرۈپ، كىشىلەرنى بارلىق ھايات ساھەلىرىدە ئادىللىق بىلەن ئىش كۆرۈشكە بۇيرۇغانلىقىغا تۆمۈرنى چۈشۈرگەنلىكىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلتۈرگەنلىكى، يەنە تۆمۈرنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغانلىقى شۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇكى، كىتاب قانۇننىڭ كۈچىگە، ئادالەت ھۆكۈمنىڭ كۈچىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. تۆمۈرنى چۈشۈرۈش بولسا، قانۇننى ئىجرا قىلىش كۈچىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. چۈنكى، قانۇننى ئىجرا قىلىپ ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈچ كېرەك. كۈچ - قورال كۈچى، پەن-تېخنىكا كۈچى، ئىلىم كۈچى، ئىقتىساد كۈچى، ئادەم كۈچى، تەشۋىقات كۈچى قاتارلىق جىمى كۈچلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالا قانۇنلارنى بەلگىلىدى، بىزنى ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرىدى، ئاندىن بىزگە تۆمۈرنى ئىشلىتىپ قوراللىنىشنى ئىلھام قىلدى. چۈنكى، دىننى ۋە مۇسۇلمانلارنى قوغداش ئۇرۇش بىلەن ۋە ئۇنىڭغا تولۇق تەييارلىق كۆرۈش بىلەن بولىدۇ. ئۇرۇشقا تولۇق تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ قالغىلى بولىدۇ»[1].

«ئاللاھ تائالا دىن ئۈچۈن كىتابلارنى نازىل قىلغاندەك، دۇنيالىق ئۈچۈن

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 623- بەت.

ئادالەتنى چۈشۈرگەن، تۆمۈرنى بولسا دىن ۋە دۇنيالىق ھەر ئىككىسى ئۈچۈن چۈشۈرگەن. تۆمۈر جىھاد قىلىپ دىننى قوغداش ئۈچۈن زۆرۈردۇر. چۈنكى، قورال-ياراقلارنى ياساش تۆمۈرگە ئېھتىياجلىق بولغاندەك، ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇنلىغان سانائەتلىرى يەنىلا تۆمۈرگە موھتاجدۇر»[1].

﴿وَلِيَعْلَمَ ٱللَّهُ مَن يَنصُرُهُۥ وَرُسُلَهُۥ بِٱلْغَيْبِ﴾ يەنى ئاللاھ تائالانىڭ تۆمۈرنى چۈشۈرۈشىدىكى ھېكمەت ئاللاھ تائالانى كۆزلىرى بىلەن كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئۇنى قەلبى بىلەن بىلگەنلىكىگە كۆپايە قىلىپ، ئۇنىڭ دىنىنى يەتكۈزىدىغان ۋە ھەق يولىدا جىھاد قىلىپ ئۇنىڭ دىنىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىدىغانلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ﴿وَلِيَعْلَمَ ٱللَّهُ مَن يَنصُرُهُۥ وَرُسُلَهُۥ بِٱلْغَيْبِ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿وَلِيَعْلَمَ﴾ يەنى ﴿بىلىشى ئۈچۈندۇر﴾ دېگەن سۆز ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن ئەزەلدىن مەلۇم بولسىمۇ، ئىنسانلارغا نىسبەتەن مەلۇم ئەمەس ئىشلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ۋە ئاشكارا قىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بولىدىغان بارلىق ئىشلارنى ئۇ ئىشلار ۋۇجۇدقا كېلىشتىن بۇرۇن بىلگەن ۋە لەۋھۇلمەھفۇزغا شۇنداق خاتىرىلەپ قويغان»[2].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكى ۋە ئۇ پەيغەمبەرلەرگە كىتابلارنى نازىل قىلغانلىقى ئۇلارغا قىلغان كاتتا ئىنئامىدۇر.
2. ئاللاھ تائالانىڭ تۆمۈرنى چۈشۈرگەنلىكى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر.
3. ئادالەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ بۈيۈك قانۇنىدۇر.

### ◄ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشتىن مەقسەت

﴿وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا نُوحًا وَإِبْرَٰهِيمَ وَجَعَلْنَا فِى ذُرِّيَّتِهِمَا ٱلنُّبُوَّةَ وَٱلْكِتَٰبَ ۖ فَمِنْهُم مُّهْتَدٍ ۖ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ فَٰسِقُونَ ﴿٢٦﴾ ثُمَّ قَفَّيْنَا عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِم بِرُسُلِنَا وَقَفَّيْنَا بِعِيسَى ٱبْنِ مَرْيَمَ وَءَاتَيْنَٰهُ ٱلْإِنجِيلَ ۖ

[1] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 5- توم، 276- بەت.
[2] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 5- توم، 277- بەت.

وَجَعَلۡنَا فِي قُلُوبِ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوهُ رَأۡفَةٗ وَرَحۡمَةٗۚ وَرَهۡبَانِيَّةً ٱبۡتَدَعُوهَا
مَا كَتَبۡنَٰهَا عَلَيۡهِمۡ إِلَّا ٱبۡتِغَآءَ رِضۡوَٰنِ ٱللَّهِ فَمَا رَعَوۡهَا حَقَّ رِعَايَتِهَاۖ
فَـَٔاتَيۡنَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنۡهُمۡ أَجۡرَهُمۡۖ وَكَثِيرٞ مِّنۡهُمۡ فَٰسِقُونَ ﴿٢٧﴾
يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَءَامِنُواْ بِرَسُولِهِۦ يُؤۡتِكُمۡ كِفۡلَيۡنِ
مِن رَّحۡمَتِهِۦ وَيَجۡعَل لَّكُمۡ نُورٗا تَمۡشُونَ بِهِۦ وَيَغۡفِرۡ لَكُمۡۚ وَٱللَّهُ
غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٢٨﴾ لِّئَلَّا يَعۡلَمَ أَهۡلُ ٱلۡكِتَٰبِ أَلَّا يَقۡدِرُونَ عَلَىٰ شَيۡءٖ
مِّن فَضۡلِ ٱللَّهِ وَأَنَّ ٱلۡفَضۡلَ بِيَدِ ٱللَّهِ يُؤۡتِيهِ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ ذُو
ٱلۡفَضۡلِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٢٩﴾

### تەرجىمىسى

26-بىز ھەقىقەتەن نۇھنى ۋە ئىبراھىمنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، پەيغەمبەرلىكنى ۋە كىتابنى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدا قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھىدايەت تاپقانلار بار، ئۇلارنىڭ تولىسى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.

27-ئۇلاردىن كېيىن پەيغەمبەرلىرىمىزنى داۋاملىق ئەۋەتىپ تۇردۇق، ئارقىدىن مەريەم ئوغلى ئىيسانى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ دىللىرىغا شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقنى سالدۇق، ئۇلار يېڭىدىن پەيدا قىلىۋالغان رەھبانىيەتكە (تەركىدۇنيالىققا) ئۇلارنى بىز بۇيرۇمىدۇق، لېكىن ئۇلار ئۇنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ (پەيدا قىلىۋالدى)، بىراق ئۇلار ئۇنىڭغىمۇ لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى. ئۇلاردىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەجرىنى بەردۇق. ئۇلاردىن كۆپلىرى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.

28-ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە رەھمىتىدىن ئىككى ھەسسە بېرىدۇ ۋە سىلەرگە سىلەر (يورۇقىدا) ماڭىدىغان نۇرنى ئاتا قىلىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

29-بۇ ئەھلى كىتابنىڭ ئاللاھنىڭ پەزلىگە ئۆزلىرىنىڭ قىلچىلىك ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى، پەزلىنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ پەزل-كەرەم ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈندۇر.

## تەپسىرى

بىز بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قەۋملىرىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدۇق. پەيغەمبەرلىكنى بۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن چىقىدىغان قىلدۇق. بۇ ئىككى پەيغەمبەردىن كېيىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى بۇلارنىڭ نەسلىدىن كەلدى. مەزكۇر قەۋملەرنىڭ ئىچىدە، بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ ھىدايەت تاپقانلىرىمۇ ۋە ئازغۇنلۇقنى تاللاپ ئۆزلىرىگە كۇفرىلىقنى راۋا كۆرگەنلىرىمۇ بار. بۇ جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ تەقدىرى بولۇپ، ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ قەۋمىدىن ئۇنىڭغا ئەگەشمىدىغانلىرى چىققاندەك، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىدىغانلىرىمۇ چىققان. شۇنداقتىمۇ بىز پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئارقا-ئارقىدىن ئەۋەتىپ تۇردۇق. مەريەم ئوغلى ئىيسانىمۇ ئىسرائىل ئەۋلادىغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا دىنىي دەستۇر قىلىپ «ئىنجىل»نى ئاتا قىلغان ئىدۇق.

مەلۇمكى، ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئاتىسى ۋە تۇنجى پەيغەمبەر بولسىمۇ، توپان بالاسىدىن كېيىنكى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى نۇھ ئەلەيھىسسالامدۇر ۋە كاپىر قەۋمنى دىنغا دەۋەت قىلغان تۇنجى پەيغەمبەرمۇ نۇھ ئەلەيھىسسالامدۇر. نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەن بولىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام يەنە «قۇرئان كەرىم»دە «ئۇلۇل ئەزم» يەنى (ئەزىمەتلىك پەيغەمبەرلەر) دەپ سۈپەتلەنگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇنجىسىدۇر. ئۇلار: نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردۇر.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كەلگەن[1]. شۇڭا نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىككىسىنىڭ نەسلىدىن كەلگەن دېيىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن

---

[1] «قۇرئان كەرىم»دە ئىسىملىرى بايان قىلىنغان پەيغەمبەرلەردىن سەككىز پەيغەمبەردىن باشقا ھەممىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەردۇر. مەزكۇر سەككىز پەيغەمبەر: ئادەم، شىس، ئىدرىس، نۇھ، ھۇد، يۇنۇس، لۇت ۋە سالىھ ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلاردۇر. («اسلام ويب. سؤال وجواب» 57533- نومۇرلۇق پەتىۋا).

كەلگەنلىكى ئېتىبارى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن سانىلىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر. ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئەسلى ئىنجىلنى نازىل قىلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ بۇزۇلغان ئەقىدىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا بۇيرۇغان. ئەمما ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، خرىستىيانلار ئەسلى ئىنجىلنى يىتتۈرۈپ قويغان بولۇپ، ھازىرقى خرىستىيانلارنىڭ قولىدىكى ئىنجىللارنى كېيىنكىلەر يېزىپ چىققان، ھەتتا بۇ ئىنجىللارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئاپتورلىرىغا مەنسۇپ قىلىنغان. مەسىلەن: «مەتتا ئىنجىلى»، «ماركوس ئىنجىلى»، «يۇھەننا ئىنجىلى» ۋە «لۇقا ئىنجىلى» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ ئىنجىللارنىڭ ھەممىسى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ قارار قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنى ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى دەپ ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدىكى «ئۈچ ئىلاھ» – ئاللاھ، ئىيسا ۋە مۇقەددەس روھتىن ئىبارەتتۇر. ھازىرقى خرىستىيانلارنىڭ ئېتىقاد سىستېمىسى مۇشۇنداق خۇراپاتلار بىلەن تولۇپ كەتكەن.

ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن ۋە ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان ھاۋارىيلارنىڭ دىللىرىغا مېھىر-شەپقەتنى ۋە كۆيۈمچانلىقنى سالغان. ئەمما ئۇلار تاللىۋالغان تەركىدۇنيالىقنى ۋە راھىبلىق تۈزۈمىنى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئەمەس، پەقەتلا ئۇلار ئۆزى ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولىمىز دېگەن ئېتىقاد بىلەن مۇشۇنداق دىنىي تۈزۈمنى چىقىرىۋالغان. ئۇلار بۇنداق تەركىدۇنيالىقنى ئۆزلىرى چىقىرىۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرى ئەمەل قىلالمىغان ۋە توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇيرۇمىغان بىر بىدئەتنى دىن ھېسابىدا قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنى بىھۇدە ئاۋارە قىلىدىغانلارنىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. ئۆزگەرتىلمىگەن ساماۋى دىن تەركىدۇنيالىقنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئەقىل ۋە نەپسىنى ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى مۇشۇ ئىمتىھان دۇنياسىغا ئەۋەتكەن، نەپسىنىڭ تەلەپلىرىنى يوللۇق ھالدا قاندۇرۇپ، ئۇنى ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشتىن چەكلەش ئۈچۈن ئەقىلنى بەرگەن ۋە دىننى نازىل قىلغان. ھالبۇكى، تەركىدۇنيالىق دېگەن نەپسىنىڭ ئېھتىياجلىرىنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىش ۋە پۈتۈنلەي بوغۇۋېلىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ئىنسان تەبىئىتىگە زىت بىر ئىشتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ دىنى ئىنسان تەبىئىتىگە زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇ نەپسنى ئاتا قىلىپ ئۇنى باشقۇرۇش ئىشىغا ئەقىل بىلەن دىننى مەسئۇل قىلغان. نەپس ۋە نەپسىنىڭ تەلەپلىرى بولمايدىغان بولسا، دۇنيا

تەرەققىي قىلمىغان بولاتتى. نەپس ۋە نەپسىنىڭ تەلەپلىرى بولمايدىغان بولسا ئىدى، ئىنسانلار جەننەتكە تېگىشلىك بولمىغان بولاتتى. چۈنكى، جەننەت نەپسنى يېڭىش، ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە چەك قويۇش، ئۇنى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بويىچە باشقۇرۇش بەدىلىگە ئېرىشىلىدىغان مۇكاپاتتۇر. نەپس بولمىغان بولسا، ئىمتىھان، سىناق دېگەنلەرمۇ بولمايتتى. ئىمتىھان ۋە سىناق بولمىسا، جەننەت بىلەن دوزاخمۇ بولمايتتى. چۈنكى، جەننەت بىلەن دوزاخ ئىمتىھان ۋە سىناقلارنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ ئىمتىھان ۋە سىناقلىرىدىن ئۆتكەنلەر جەننەتكە، ئۆتەلمىگەنلەر دوزاخقا كىرىدۇ. ئىنسانلار نەپسنى يېڭىش ۋە كونترول قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ساۋاب دەرىجىلىرىنى قازىنىدۇ، ئۇلار ئۆز نەپسىگە بېرىلگەن، ئەقلىنى ۋە دىنىنى ئۆز نەپسىنىڭ خاھىشلىرىغا بويسۇندۇرغانسېرى گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ سادىر قىلىپ مېڭىۋېرىدۇ.

خرىستىيانلاردا ئومۇملاشقان تەركىدۇنيالىقتىن ئىبارەت بۇ خۇراپىي ئېقىم نەپسىنىڭ تەلەپلىرىنى پۈتۈنلەي بوغۇپ تاشلاشنى تەرغىب قىلغانلىقتىن، خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى جاق تويغۇزدى، ئۇلارنى دىندىن زېرىكتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دىنىنىڭ روھىدىن يىراقلىشىپ كۇفرىلىققا كىرىپ كەتتى. ئەمما ھەق دىن نەپسىنىڭ ئېستەكلىرىنى ۋە ئارزۇلىرىنى پۈتۈنلەي بوغۇۋېلىشقا ئەمەس، ئۇنى ئەقىل ۋە دىنىنىڭ كونتروللىقىدا باشقۇرۇشقا، نەپسىنىڭ يولسىز تەلەپلىرىنى رەت قىلىپ، يوللۇق ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشقا بۇيرۇغان.

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَءَامِنُواْ بِرَسُولِهِۦ يُؤۡتِكُمۡ كِفۡلَيۡنِ مِن رَّحۡمَتِهِۦ وَيَجۡعَل لَّكُمۡ نُورٗا تَمۡشُونَ بِهِۦ وَيَغۡفِرۡ لَكُمۡۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ﴾

دېگەن ئايەتتىكى ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار!﴾ دېگەن خىتاب ھەققىدە مۇپەسسىرلەر مۇنداق ئىككى خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

1. بۇ خىتاب مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلارغا ئىمان كەلتۈرگەن ئەھلى كىتابقا قارىتىلغان بولۇپ، ئەگەر ئۇلار ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئىمان كەلتۈرسە، ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى ئىككى ھەسسە ئارتۇق بېرىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ ئىككى ھەسسە مۇكاپاتنىڭ بىر ھەسسىسى ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقانلىقى، يەنە بىر ھەسسىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

2. بۇ خىتاب ئاللاھ تائالاغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلغان ئومۇمىي خىتاب بولۇپ، بۇ ئايەتتىكى ئىككى ھەسسە مۇكاپات ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقى ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ ياخشىلىقىغا ياكى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يانغانلىقىغا ئاساسەن ۋەدە قىلىنغان مۇكاپاتتۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىپ، تەقۋادارلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا يول تۇتقۇچىلارغا ئىككى ھەسسە مۇكاپات ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ توغرا يولدا ئاخىرىغىچە داۋام قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا يولنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان مەنىۋى نۇر ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ۋە ئۇلارنىڭ بارچە گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان.

﴿بۇ ئەھلى كىتابنىڭ ئاللاھنىڭ پەزلىگە ئۆزلىرىنىڭ قىلچىلىك ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى، پەزلىنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ پەزل-كەرەم ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈندۇر﴾، يەنى يۇقىرىقى ھەقىقەتلەرنى سىلەرگە بىلدۈرۈشىمىز يەھۇدىيلارنىڭ ۋە خرىستىيانلارنىڭ ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە رەھمىتىدىن ئىككى ھەسسە بېرىدۇ...﴾ دېگەن ئايەتنى بۇرمىلاپ، مەنىسىنى ئۆزگەرتىپ «مۇھەممەدكە ئىمان ئېيتساڭلار ئىككى ھەسسە ساۋابقا، ئەگەر ئىمان ئېيتمىساڭلار بىر ھەسسە ساۋابقا ئېرىشىسىلەر» دەپ قەۋمىنى ئازدۇرماسلىقى ئۈچۈن، ئەھلى كىتابتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتمىغانلارغا ھېچقانداق ساۋاب يوقلۇقىنى بىلىشى ئۈچۈن، ﴿وَقَالُواْ لَن يَدۡخُلَ ٱلۡجَنَّةَ إِلَّا مَن كَانَ هُودًا أَوۡ نَصَٰرَىٰۗ تِلۡكَ أَمَانِيُّهُمۡۗ قُلۡ هَاتُواْ بُرۡهَٰنَكُمۡ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ﴾ يەنى ﴿يەھۇدىيلارنىڭ: «يەھۇدىي بولمىغان ئادەم ھەرگىز جەننەتكە كىرمەيدۇ»؛ خرىستىيانلارنىڭمۇ «خرىستىيان بولمىغان ئادەم ھەرگىز جەننەتكە كىرمەيدۇ»﴾[1] دېگەن سەپسەتىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كىشىلەرنى ئازدۇرماسلىقى ئۈچۈن، پەزل-كەرەمنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنى ئۆزى خالىغان بەندىسىگە بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغ پەزل-كەرەم ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈندۇر.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى:111-ئايەت.

شۇ ئېنىقكى، مەيلى يەھۇدىي بولسۇن، ياكى خرىستىيان بولسۇن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆز پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ھالدا ئۆلگەنلىرى مۇئمىنلىك ھالىتىدە ئۆلگەن بولىدۇ. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلماي، ئۆز دىنىدا تۇرۇپ ئۆلگەنلەر گەرچە ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئۆز دىنىغا ئىمانى بولغان بولسىمۇ، كاپىر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشى بىلەن ئىلگىرىكى ساماۋى دىنلار ئەمەلدىن قالغان ۋە «تەۋرات»، «ئىنجىل» قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنىڭ ۋەزىپىسى تۈگىگەن، ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئالغان، «قۇرئان كەرىم» مۇكەممەل دىنىي دەستۇر بولۇپ تاللانغان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرمىگۈچە ئىمان قوبۇل بولمايدىغان بولغان ئىدى.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى دىنىنى يەتكۈزۈشتۇر، ئەمما ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر.

2. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاۋارىيلىرى ھەقىقەتەن ياخشى زاتلار بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ماختىغان.

3. بىدئەتنىڭ ھەممە تۈرى قەتئىي ھارامدۇر ۋە ئازغۇنلۇقتۇر.

4. ئەھلى كىتاب ئەگەر ھىدايەت تاپماقچى بولسا، «قۇرئان كەرىم» ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچلىك ھىدايەت يېتەكچىسىدۇر.

5. ئىمان بىلەن تەقۋالىق ئاخىرەتنىڭ ئەڭ كاتتا ئوزۇقى بولغاندەك، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشنىڭ كاپالىتىدۇر.

6. ئەھلى كىتابنىڭ جەننەت بىرگىلا خاستۇر، دەپ جۆيلۈشى ئۇچىغا چىققان ئازغۇنلۇق ۋە يالغانچىلىقتۇر.

# مۇجادەلە سۈرىسى

مۇجادەلە سۈرىسى مەدىنىدە نازىل بولغان، 29 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، باشقا مەدىنە سۈرىلىرىگە ئوخشاش ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئىللەتلەرنى ۋە ئەخلاقسىزلىقلارنى تۈگىتىپ، ئىسلام ئەخلاقىنى ۋە ئۇنىڭ ئەدەپ-ئەخلاق قائىدىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلارغا مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[1].

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ۋە ھېچقانداق ئىشنىڭ ئاللاھ تائالاغا مەخپىي ئەمەسلىكىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتىكى ﴿تُجَٰدِلُكَ﴾ «سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن» دېگەن كەلىمىدىن ئېلىنىپ، «مۇجادەلە» دەپ ئاتالغان. مۇجادەلە-مۇنازىرىلىشىش، تارتىشىش، جېدەللىشىش دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

## زىھار ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿قَدۡ سَمِعَ ٱللَّهُ قَوۡلَ ٱلَّتِي تُجَٰدِلُكَ فِي زَوۡجِهَا وَتَشۡتَكِيٓ إِلَى ٱللَّهِ
وَٱللَّهُ يَسۡمَعُ تَحَاوُرَكُمَآۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعُۢ بَصِيرٌ ١ ٱلَّذِينَ يُظَٰهِرُونَ
مِنكُم مِّن نِّسَآئِهِم مَّا هُنَّ أُمَّهَٰتِهِمۡۖ إِنۡ أُمَّهَٰتُهُمۡ إِلَّا ٱلَّٰٓـِٔي وَلَدۡنَهُمۡۚ
وَإِنَّهُمۡ لَيَقُولُونَ مُنكَرٗا مِّنَ ٱلۡقَوۡلِ وَزُورٗاۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَعَفُوٌّ غَفُورٞ
٢ وَٱلَّذِينَ يُظَٰهِرُونَ مِن نِّسَآئِهِمۡ ثُمَّ يَعُودُونَ لِمَا قَالُواْ فَتَحۡرِيرُ

[1] «التفسير الواضح» 3-توم، 627-بەت.

رَقَبَةٍ مِّن قَبْلِ أَن يَتَمَآسَّا ۚ ذَٰلِكُمْ تُوعَظُونَ بِهِۦ ۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ
خَبِيرٌ ﴿٣﴾ فَمَن لَّمْ يَجِدْ فَصِيَامُ شَهْرَيْنِ مُتَتَابِعَيْنِ مِن قَبْلِ أَن
يَتَمَآسَّا ۖ فَمَن لَّمْ يَسْتَطِعْ فَإِطْعَامُ سِتِّينَ مِسْكِينًا ۚ ذَٰلِكَ لِتُؤْمِنُوا۟
بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ ۚ وَتِلْكَ حُدُودُ ٱللَّهِ ۗ وَلِلْكَٰفِرِينَ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٤﴾

## ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە ئاللاھقا دەردىنى ئېيتقان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاڭلىدى. ئاللاھ ئىككىڭلارنىڭ سۆزلەشكىنىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

2ـ سىلەردىن ئاياللىرىنى زىھار[1] قىلغانلارنىڭ ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ئەمەستۇر، پەقەت ئۇلارنى تۇغقان ئاياللارلا ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر. ئۇلار (زىھار قىلغۇچىلار) ئەلۋەتتە يامان سۆزنى، يالغان سۆزنى قىلغان بولىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

3ـ ئايالىنى زىھار قىلىپ، ئاندىن دېگەن سۆزىگە پۇشايمان قىلغانلار ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى بىر قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم. سىلەرگە بۇنىڭ بىلەن نەسىھەت قىلىنىۋاتىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

4ـ(ئازاد قىلىشقا قۇل) تاپالمىغان ئادەم ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى، ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم، (روزا تۇتۇشقا) قادىر بولالمىغان ئادەم ئاتمىش پېقىرنى تويغۇزۇشى لازىم. بۇ (ھۆكۈملەر) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشىنىشىڭلار ئۈچۈن (بايان قىلىندى). بۇلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، (بۇنى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا دەردلىك ئازاب بار.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

تەپسىرى بەغەۋىيدە بايان قىلىندۇكى، ﴿قَدْ سَمِعَ ٱللَّهُ قَوْلَ ٱلَّتِي

[1] زىھار ئۈچۈن ئەھزاب سۈرىسىنىڭ 4ـئايىتىگە بەت ئاستىدا بېرىلگەن ئىزاھاتقا قارالسۇن.

﴿تُجَدِلُكَ ...﴾ دېگەن ئايەت سەئلەبە قىزى خەۋلە دېگەن ئايال ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، خەۋلە ئەۋس ئىبنى سامىت دېگەن كىشىنىڭ نىكاھىدا ئىدى. بىر كۈنى ئەۋس ئايالىغا ئاچچىقلىنىپ، ئۇنىڭغا: «سەن ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاشسەن» دەيدۇ ۋە ئارقىدىنلا دېگەن سۆزىگە پۇشايمان قىلىدۇ. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەردە، زىھار (يەنى ئايالىنى ئۆزىنىڭ ئانىسىنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشىتىش) تالاق ھېسابلىناتتى. ئەۋس ئايالىغا: «سەن ئەمدى ماڭا ھالال ئەمەس» دەيدۇ. خەۋلە: «ياق، بۇ تالاق ئەمەس» دەيدۇ. خەۋلە ئېرىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا بايان قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا، سىز ئېرىڭىزدىن تالاق بولۇپ كېتىپسىز» دەيدۇ. خەۋلە: «ئۇ تالاق دېگەن سۆزنى ئېيتمىدى، ئۇ ئېيتقان سۆزىگە پۇشايمان قىلدى. ئەمما مەن دەردىمنى ئاللاھقا ئېيتىمەن» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇنىڭغا: «سىز ئېرىڭىزگە ھالال ئەمەس» دەيدۇ. خەۋلە ئاسمانغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ: «ئى ئاللاھ! دەردىمنى ساڭا ئېيتىمەن، پەيغەمبىرىڭگە بۇ ھەقتە ئايەت نازىل قىلغىن» دەپ ئىلتىجا قىلىدۇ. بۇ ئىسلامدا يۈز بەرگەن تۇنجى <زىھار> ۋەقەسى ئىدى»[1].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «ھەممىنى تولۇق ئاڭلاپ تۇرىدىغان ئاللاھ نىمىدېگەن ئۇلۇغ! مەن خەۋلەنىڭ دەردىنى ئاڭلىدىم. چۈنكى، ئۇ رەسۇلۇللاھقا ئېرىدىن دەردلىنىپ ھال ئوقۇۋاتقاندا، مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن بىر ھۇجرىدا ئىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى: ‹يارەسۇلۇللاھ! ئېرىم مېنىڭ ياشلىقىمنى ئالدى، ئۇنىڭغا پەرزەنت تۇغۇپ بەردىم. ئەمدى مېنىڭ يېشىم چوڭ بولۇپ قالغان ئىدى، بالامنى مەندىن تارتىۋالدى ۋە مېنى زىھار قىلدى. ئى ئاللاھ! ساڭا ھالىمنى ئەرز قىلىمەن، ساڭا مۇناجات قىلىمەن› دېدى. كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا جىبرىل رەسۇلۇللاھقا ئاللاھ تائالادىن بۇ ئايەتنى ئېلىپ كەلدى»[2].

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئېرى توغرۇلۇق سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ھەم چارىسىزلىكىدىن ئاللاھ تائالاغا دەردىنى بايان قىلغان

---

[1] «تفسير البغوي» 8- توم، 50- بەت.

[2] «أسباب النزول لزغلول» 1-توم، 427-بەت.

ئايالنىڭ سۆزىنى ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ئاڭلىدى. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان سۆزلىرىڭلارنى تولۇق ئاڭلاپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەممە ئاۋازلارنى، دۇئالارنى ۋە مۇناجاتلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى تولۇق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

زىھار جاھىلىيەتنىڭ ئادەتلىرىدىن بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىدا مەنئى قىلىنغان يامان قىلىقتۇر. بۇ يەنە تولىمۇ ئەدەپسىزلىك ۋە ئەخلاقسىزلىقتۇر. بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئايالىنى ئۆز ئانىسىنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاتسا بولامدۇ؟ بۇ قانداق ئەخلاقسىزلىق؟ ئۇلارنىڭ ئەدەپسىزلىكىگە ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ئۇلار (زىھار قىلغۇچىلار) ئەلۋەتتە يامان سۆزنى، يالغان سۆزنى قىلغان بولىدۇ﴾ دېگەن رەددىيەسى يېتەرلىكتۇر. چۈنكى، ئايالىنى ئۆز ئانىسىغا ئوخشىتىش يامان سۆزدۇر ھەم يالغان سۆزدۇر. چۈنكى، بىراۋنىڭ ئايالى ئۇنىڭ ئانىسىغا ئوخشىمايدۇ-دە.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئىنتايىن مېھرىبان زات بولۇپ، بۇنداق يامان سۆزلەرنى قىلغان ۋە گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلغاندىن كېيىن، تەۋبە قىلغانلارنى ئەلۋەتتە ئەپۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

ئۆلىمالار ﴿ئايالىنى زىھار قىلىپ، ئاندىن دېگەن سۆزىگە پۇشايمان قىلغانلار﴾ دېگەن ئايەتتىكى «پۇشايمان» ئۈستىدە ئىختىلاپلاشقان. شافىئىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، بىراۋ ئايالىنى زىھار قىلىپ بولۇپ، يەنە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇۋەرسە، ئۇ كىشى زىھار قىلغىنىغا پۇشايمان قىلغان بولۇپ سانىلىدۇ. ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، ئايالىنى زىھار قىلغان ئادەم ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، ئۇ زىھار قىلغىنىغا پۇشايمان قىلغان بولىدۇ. مالىكىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، ئايالىنى زىھار قىلغان ئادەم ئۆزىنىڭ زىھار قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلغانلىقىنى بىلدۈرسىلا ئايالى ئۇنىڭغا ھالال بولىدۇ. چۈنكى، ئايەت بۇ ئېھتىماللارنىڭ ھەممىسىگە يول قويىدۇ. بۇ ھەقتە بىرەر سەھىھ ھەدىس كەلمىگەن. شۇڭا يۇقىرىقى مەزھەپ قاراشلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئېلىشقا بولىدۇ.

ئايالىنى زىھار قىلىپ بولۇپ، ئاندىن قىلغان سۆزىگە پۇشايمان قىلىپ، ئايالى بىلەن بىرگە ياشاشنى خالىغان ئادەم بۇ خاتالىقى ئۈچۈن چوقۇم جازا (كاپارەت) تۆلەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئايالىغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنلاشماي تۇرۇپ، بىر قۇل ئازاد قىلىشتۇر. مۇنداق ئادەم بىر قۇل ئازاد قىلماي تۇرۇپ، ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە بولمايدۇ،

ئۇنىڭ ئايالى بىلەن بىللە يېتىشىمۇ توغرا ئەمەس. بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، ئايالىغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنلاشماستىن، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياتسا، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلانسا بولىدۇ. زىھارنىڭ كاپارىتىنى تۆلىمەي تۇرۇپ ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئادەم يەنە كاپارەت تۆلەيدۇ. مۇنداق ئادەم كۆپ قېتىم جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، بىر قېتىملا كاپارەت تۆلەيدۇ.

كاپارەت ئۈچۈن ئازاد قىلىدىغان قۇلى يوق ياكى سېتىپ ئېلىپ ئاندىن ئازاد قىلىشقا پۇلى يوق ئادەم ئۇدا ئىككى ئاي ئۈزمەي روزا تۇتىدۇ. روزا تۇتقۇچىنىڭ ئۆزرىسى چىقىپ قېلىپ ئىككى ئايلىق بۇ روزىنى ئارقا-ئارقىدىن تۇتالمىسا، ئارىلىق قويۇپ تۇتسىمۇ بولىدۇ دېگەنلەرمۇ بار، بولمايدۇ دېگەنلەرمۇ بار. بولمايدۇ دېگەنلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇ كىشى روزىسىنى يەنە باشتىن تۇتىدۇ. ئەمما ئۆزرىسىز تۇرۇپ روزىسىنى ئارقا-ئارقىدىن تۇتماستىن ئۈزۈپ قويغانلار ئۈزۈپ قويغان يېرىدىن ئەمەس، بەلكى يەنە باشتىن تۇتىدۇ. بۇ روزا ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ تۇتۇلىدۇ. ئىككى ئاي ئارقىمۇ-ئارقا روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمايدىغان ئادەم ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ئاتمىش پېقىرغا تويغۇدەك بىر ۋاخ تاماق بېرىش ئارقىلىق كاپارەتنى ئادا قىلىدۇ.

ئاتمىش پېقىرنى تويغۇزۇش كاپارىتىنى قانداق ئادا قىلىش كېرەك؟

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سابىق مۇپتىسى ئەللامە ئىبنى باز مۇنداق دېگەن: ئاتمىش پېقىرنىڭ ھەممىسىگە تويغۇدەك بىر ۋاخ تاماق بېرىشكە بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىر يېرىم كىلو بۇغداي ياكى گۈرۈچ ۋەياكى خورما بېرىشكىمۇ بولىدۇ [1]. ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ سانلىقى ۋە ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ ئۆلىمالىرى تاماقنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ پۇلىنى بەرسە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ھازىرقى زاماندا تاماق ياكى ئاشلىق بەرگەندىن كۆرە، نەق پۇل بېرىش پېقىرلار ئۈچۈن بەكرەك پايدىلىقتۇر.

ئايالىنى زىھار قىلغانلار ئۈچۈن مۇنداق قاتتىق جازانىڭ بەلگ-لەنگەنلىكى ئۇلارنى بۇ ئەخلاقسىزلىقتىن قەتئىي تۈردە مەنئى قىلىش، بۇ يامان ئادەتنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ۋە بۇ ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ بەلگىلىمىسىدىن چەتنەپ

---

[1] «ئىبنى باز پەتىۋالىرى» 12312-نومۇرلۇق پەتىۋادىن.

كەتمەيدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈندۇر. ﴿بۇ (ھۆكۈملەر) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشىنىشىڭلار ئۈچۈن (بايان قىلىندى)﴾ دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

دېمەك، زىھار قىلىش گۇناھتۇر، كاپارەت بېرىش ئىبادەتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىسىنى رەت قىلىش ياكى ئىنكار قىلىش كۇفرىلىقتۇر. شەكسىزكى، كاپىرلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بار.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ئىخلاسمەن بەندىلىرىنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىدۇ، ئۇلارنى قىيىنچىلىقلاردىن چىقىرىدۇ.

2. بىراۋنىڭ ئۆز ئايالىنى ئانىسىغا ئوخشىتىشى (زىھار قىلىشى) گۇناھ ۋە ھارام ئىش بولۇپ، جاھىلىيەت ئەرەبلىرىنىڭ قىلىقىدۇر.

3. ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش ئىماندۇر، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىش كۇفرىلىقتۇر.

## ◄ ئاللاھنىڭ ئىلمى ھەممىنى قورشاپ تۇرىدۇ

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يُحَآدُّونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ كُبِتُواْ كَمَا كُبِتَ ٱلَّذِينَ مِن
قَبۡلِهِمۡۚ وَقَدۡ أَنزَلۡنَآ ءَايَٰتِۢ بَيِّنَٰتٖۚ وَلِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٞ مُّهِينٞ ٥ يَوۡمَ
يَبۡعَثُهُمُ ٱللَّهُ جَمِيعٗا فَيُنَبِّئُهُم بِمَا عَمِلُوٓاْۚ أَحۡصَىٰهُ ٱللَّهُ وَنَسُوهُۚ وَٱللَّهُ
عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ شَهِيدٌ ٦ أَلَمۡ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا
فِي ٱلۡأَرۡضِۖ مَا يَكُونُ مِن نَّجۡوَىٰ ثَلَٰثَةٍ إِلَّا هُوَ رَابِعُهُمۡ وَلَا خَمۡسَةٍ
إِلَّا هُوَ سَادِسُهُمۡ وَلَآ أَدۡنَىٰ مِن ذَٰلِكَ وَلَآ أَكۡثَرَ إِلَّا هُوَ مَعَهُمۡ أَيۡنَ
مَا كَانُواْۖ ثُمَّ يُنَبِّئُهُم بِمَا عَمِلُواْ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَيۡءٍ
عَلِيمٌ ٧﴾

## ◄ تەرجىمىسى

5-شەكسىزكى، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىققانلار ئۇلاردىن

بۇرۇنقىلار خار قىلىنغاندەك خار قىلىنىدۇ. بىز ھەقىقەتەن روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق. كاپىرلارغا خار قىلغۇچى ئازاب بار.

6ـ ئۇ (قىيامەت) كۈندە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرىگە ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى (نامە ـ ئەمەلىگە) خاتىرىلەپ قويغان، ئۇلار بولسا ئۇنتۇپ قالغان. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.

7ـ ئاللاھنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇ- رىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئۈچ ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسى ئەلۋەتتە ئاللاھتۇر، بەش ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئالتىنچىسى ئەلۋەتتە ئاللاھتۇر، مەيلى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ ئادەم پىچىرلاشسۇن، ئۇلار قەيەردە بولسۇن، ئاللاھ ھامان ئۇلار بىلەن بىللىدۇر. ئاندىن قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

### تەپسىرى

قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش، بۇ ئىككى مەنبەگە زىت كېلىدىغان يوللارنى تۇتۇش ۋە ئۇنىڭدا مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىققۇچىلار خۇددى ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەر ھالاك قىلىنغاندەك ھالاك قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ھەق دىنىغا قارشى چىققان قەۋمنى جازالاش قانۇنى ئۆزگەرمەيدۇ. بىز ئىلگىرىكى قەۋملەردىن ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى چىققان ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنىڭ ئاقىۋىتى، ئۇلارنىڭ قانداق جازالانغانلىقى توغرۇلۇق ناھايىتى ئوچۇق ۋە تەپسىلىي ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق. كاپىرلار ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خار قىلغۇچى ئازاب بار. ئاللاھ تائالا ھەممە ئىشتىن تولۇق خەۋەر بېرىدىغان قىيامەت كۈنىدە كاپىرلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدىن تەپسىلىي خەۋەر بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ دۇنيادىكى يامان قىلمىشلىرىنى ئۇنتۇپ قالغىنى بىلەن، ئاللاھ تائالا ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ نامە ئەمەل دەپتىرىگە بىر ـ بىرلەپ خاتىرىلەپ قويىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر ۋە ئاشكارا ھەم يوشۇرۇن ھەممە ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىنىڭ كەڭ ۋە مەلۇماتىنىڭ چەكسىزلىكىنىڭ يەنە بىر دەلىلى شۇكى، ئۈچ ئادەم بىر يەردە مەخپىي ھالدا پىچىرلاشسا، ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسى چوقۇم ئاللاھ تائالادۇر، بەش ئادەم بىر يەردە مەخپىي ھالدا پىچىرلاشسا، ئۇلارنىڭ ئالتىنچىسى چوقۇم ئاللاھ تائالادۇر، يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ پۈتۈن مەخپىي پاراڭلىرىنى ۋە ھەممە پىچىرلاشلىرىنى خۇددى ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىكى بىر شەخستەكلا ئېنىق ئاڭلاپ، بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدۇ. مەيلى پىچىرلاشقانلارنىڭ سانى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ چەكسىز ئىلمى ۋە قۇدرىتى بىلەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. ئاندىن قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن ئۇلارنى خەۋەردار قىلىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىنى ئېنىق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالاغا ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋەياكى ئۇنىڭ دىنىغا قارشى چىققانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خارلىققا، قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

2. ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرغان ئىكەن، بەندىلەرنىڭ ئاللاھ تائالادىن ھايا قىلىشى، ئۇنىڭدىن قورقۇشى زۆرۈردۇر.

### ◄ پىچىرلىشىشنىڭ ئەدەپلىرى

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ نُهُوا۟ عَنِ ٱلنَّجْوَىٰ ثُمَّ يَعُودُونَ لِمَا نُهُوا۟ عَنْهُ
وَيَتَنَـٰجَوْنَ بِٱلْإِثْمِ وَٱلْعُدْوَٰنِ وَمَعْصِيَتِ ٱلرَّسُولِ ۖ وَإِذَا جَآءُوكَ
حَيَّوْكَ بِمَا لَمْ يُحَيِّكَ بِهِ ٱللَّهُ وَيَقُولُونَ فِىٓ أَنفُسِهِمْ لَوْلَا يُعَذِّبُنَا
ٱللَّهُ بِمَا نَقُولُ ۚ حَسْبُهُمْ جَهَنَّمُ يَصْلَوْنَهَا ۖ فَبِئْسَ ٱلْمَصِيرُ ﴿٨﴾ يَـٰٓأَيُّهَا
ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِذَا تَنَـٰجَيْتُمْ فَلَا تَتَنَـٰجَوْا۟ بِٱلْإِثْمِ وَٱلْعُدْوَٰنِ وَمَعْصِيَتِ
ٱلرَّسُولِ وَتَنَـٰجَوْا۟ بِٱلْبِرِّ وَٱلتَّقْوَىٰ ۖ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ٱلَّذِىٓ إِلَيْهِ تُحْشَرُونَ
﴿٩﴾ إِنَّمَا ٱلنَّجْوَىٰ مِنَ ٱلشَّيْطَـٰنِ لِيَحْزُنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَلَيْسَ
بِضَآرِّهِمْ شَيْـًٔا إِلَّا بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ ٱلْمُؤْمِنُونَ ﴿١٠﴾﴾

## تەرجىمىسى

8ـ(ئى پەيغەمبەر! يامانلىق ئۈچۈن) پىچىرلىشىشتىن مەنئى قىلىنغان، ئاندىن مەنئى قىلىنغان ئىشقا قايتىپ، گۇناھ قىلىش، دۈشمەنلىك قىلىش ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش توغرىسىدا پىچىرلاشقان كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار سېنىڭ يېنىڭغا كەلگەندە، ئاللاھ ساڭا سالام قىلىشتا قوللانمىغان (ساڭا ھالاكەت بولسۇن دېگەندەك) سۆزلەر بىلەن سالام قىلىدۇ، ئۇلار ئىچىدە: «(ئەگەر ئۇ راست پەيغەمبەر بولىدىغان بولسا) ئاللاھ بۇ سۆزىمىز تۈپەيلىدىن بىزنى جازالىماسمىدى؟» دەيدۇ، دوزاخ ئۇلارغا يېتەرلىكتۇر، ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ، دوزاخ نېمىدېگەن يامان بارار جاي!

9ـئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر پىچىرلاشساڭلار، گۇناھ قىلىش، دۈشمەنلىك قىلىش ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش توغرىسىدا پىچىرلاشماڭلار، ياخشىلىق، تەقۋالىق ھەققىدە پىچىرلىشىڭلار ۋە سىلەر دەرگاھىغا توپلىنىدىغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

10ـ(گۇناھ، دۈشمەنلىك ۋە ئاسىيلىق توغرىسىدا) پىچىرلىشىش پەقەتلا شەيتاندىن بولۇپ، مۇئمىنلەرنى قايغۇغا سېلىش ئۈچۈندۇر. ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ ئىزنى بولمىسا، (بۇنداق پىچىرلىشىش) مۇئمىنلەرگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. مۇئمىنلەر ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن.

## نازىل بولۇش سەۋەبى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلار ئۆز ئارىسىدا پىچىرلىشاتتى ۋە مۇئمىنلەرگە قاراپ بىر-بىرىگە ئىشارەت قىلىشاتتى. بۇ ۋاقىتتا مۇئمىنلەر ئۇلارنىڭ نېمە دەپ پىچىرلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىيالمىغانلىقتىن، بىزنىڭ تۇغقانلىرىمىزدىن ياكى مۇھاجىرلاردىن ۋەياكى ئەنسارلاردىن بىرەر قېرىندىشىمىزنىڭ بېشىغا مۇسىبەت كەلگەن ئوخشىمامدۇ، دەپ ئويلاپ بىئارام بولاتتى. شۇڭا ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مۇئمىنلەرنى قارىتىپ قويۇپ، ئۆز ئارىسىدا مۇنداق پىچىرلىشىشتىن توسقان بولسىمۇ، ئۇلار بۇنىڭدىن يانمىغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ﴿(ئى پەيغەمبەر! يامانلىق ئۈچۈن) پىچىرلىشىشتىن مەنئى قىلىنغان، ئاندىن مەنئى قىلىنغان ئىشقا قايتىپ، گۇناھ قىلىش، دۈشمەنلىك قىلىش ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش توغرىسىدا پىچىرلاشقان

كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان»[1].

ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە كېلىشىچە، يەھۇدىيلاردىن بىر قانچە كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا سالام بەرگەندەك قىلىپ: «ئەسسامۇ ئەلەيكە!» يەنى (ساڭا ھالاكەت بولسۇن!) دېگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەھۇدىيلارنىڭ بۇ ئەدەپسىزلىكىنى بىلىپ، ئۇلارغا: «ئى ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى! ھالاكەت ۋە ئاللاھنىڭ لەنىتى سىلەرگە بولسۇن! ئاللاھنىڭ غەزىپى سىلەرگە بولسۇن!» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى ئائىشە! ئالدىراپ كەتمەڭ، سىلىق بولۇڭ، قاتتىق سۆز قىلماڭ» دەيدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يۈزلىنىپ: «يارەسۇلۇللاھ! ئۇلارنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىمىدىلىمۇ؟» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاڭلىدىم، شۇڭا ‹سىلەرگە بولسۇن!› دەپ جاۋاب بەردىمغۇ؟ مېنىڭ ئۇلار ئۈچۈن دېگەن سۆزلىرىم ئىجابەت بولىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ماڭا دېگەنلىرى ئىجابەت بولمايدۇ»[2] دەيدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ﴿ئۇلار سېنىڭ يېنىڭغا كەلگەندە، ئاللاھ ساڭا سالام قىلىشتا قوللانمىغان (ساڭا ھالاكەت بولسۇن دېگەندەك) سۆزلەر بىلەن سالام قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەت بۇ مۇناسىۋەت بىلەن نازىل بولغان[3].

### ◄ تەپسىرى

مەنئى قىلىنغان ئىشنى قايتا قىلىۋاتقانلارنىڭ ئىشى راستىنلا ئەجەبلىنەرلىك. ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلارغا قارىماسەن؟ ئۇلار باشقىلارنى قارىتىپ قويۇپ ئۆزئارا پىچىرلىشىشتىن مەنئى قىلىنغان تۇرۇقلۇق، بۇ قىلمىشتىن يانمىدى. ئۇلار يەنىلا شۇنداق پىچىرلىشىشلارنى داۋاملاشتۇرماقتا. ھالبۇكى، مۇنداق پىچىرلىشىشلار ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ زىيانلىق ۋە خەتەرلىك بولۇپ، بۇ پىچىرلىشىشلار مۇسۇلمانلارغا قارشى دۈشمەنلىكنى، پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يامان سۆزلەردۇر.

ئۆز ۋاقتىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلارنىڭ رەزىللىكلىرىنى ساناپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار ئەقلىگە كەلگەن

[1] «أسباب النزول للواحدي» 410، 411، 412-بەتلەر.
[2] «صحيح البخاري» 8-توم، 85-بەت، 6401-ھەدىس.
[3] «تفسير الطبري» 23-توم، 239- بەت.

رەزىللىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلاتتى، مۇسۇلمانلارغا قارشى قولدىن كەلگەن دۈشمەنلىكنىڭ ۋە يامانلىقنىڭ ھەممىسىنى قىلاتتى. ئۇلارنىڭ رەزىللىكىنىڭ بىر مىسالى شۇكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەندە، خۇددى ئۇنىڭغا ئادەتتىكىدەك سالام بەرگەن قىياپەتتە كۆرۈنۈپ تۇرۇپ، «ئەسسامۇ ئەلەيكە» دېگەنگە ئوخشاش ھاقارەتلىك سۆزلەرنى قىلاتتى. بۇ مۇناپىقلار بىلەن يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ رەزىل قىلمىشلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقان ئەدەپسىز سۆزلىرى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى تېزلا جازالىمىغانلىقىدىن ئەجەبلىنەتتى ۋە ئىچىدە: ﴿(ئەگەر ئۇ راست پەيغەمبەر بولىدىغان بولسا) ئاللاھ بىز سۆزىمىز تۈپەيلىدىن بىزنى جازالىماسمىدى؟﴾ يەنى ئەگەر مۇھەممەد راستتىنلا پەيغەمبەر بولىدىغان بولسا، بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئېيتقان بۇ يامان سۆزلىرىمىز سەۋەبلىك ئاللاھ تائالا بىزنى جازالىماسمىدى؟ دەيتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا: ﴿دوزاخ ئۇلارغا يېتەرلىكتۇر، ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان بارارجاي!﴾ دېگەن ئايەت بىلەن جاۋاب بەرگەن.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنىڭ بۇ ئىمانىڭلار ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشىڭلارنى، ئاللاھ تائالا توسقان ئىشلاردىن ۋە ئىمانغا زىت كېلىدىغان بارلىق ناچار قىلىقلاردىن دەرھال يىراق تۇرۇشۇڭلارنى تەقەززا قىلىدۇ. گۇناھ قىلىش، دۈشمەنلىك قىلىش ۋە پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلىپ ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش توغرىسىدا پىچىرلىشىش ئەلۋەتتە ئىمانغا زىت كېلىدىغان قىلىقلاردىن سانىلىدۇ. ئەگەر سىلەر ھەقىقىي مۇئمىنلەردىن بولساڭلار، ھەرگىز مۇناپىقلارنى ۋە يەھۇدىيلارنى دورىماڭلار، ئۇلار پىچىرلاشقاندەك پىچىرلاشماڭلار، پەقەت تەقۋالىق ۋە ياخشى ئىشلار توغرىسىدا پىچىرلىشىڭلار، ئاخىر سىلەر دەرگاھىغا بېرىپ توپلىنىدىغان بىردىنبىر رەببىڭلار ۋە ئىگەڭلار بولغان ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلىڭلار، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان قىلىق ۋە يامان سۆزلەردىن ساقلىنىڭلار.

بىلىڭلاركى، گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىش، كىشىلەرگە دۈشمەنلىك قىلىش، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىش توغرىسىدا ۋە دىندا گۇناھ سانىلىدىغان ئىشلار توغرىسىدا پىچىرلىشىش پەقەت ئىمان ئېيتقانلارنى قايغۇغا سېلىپ ئۇلارنى غەمكىن قىلىش ئۈچۈن شەيتاندىن بولغان بىر يامان قىلىقتۇر. چۈنكى، بۇلار شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشى ۋە يامانلىقنى ياخشىلىق قىلىپ كۆرسىتىپ ئالدىشى

ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىشلاردۇر.

ئۆز ۋاقتىدىكى مۇناپىقلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ مۆئمىنلەرنى قارىتىپ قويۇپ ئۆز ئارىسىدا پىچىرلىشىشلىرى مۆئمىنلەرنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق بىئارام قىلاتتى، ھەتتا ئۇلارنى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، مۇھاجىر ۋە ئەنسار قېرىنداشلىرى ھەققىدە ئەنسىرەيدىغان قىلىپ قويغان ئىدى. ئەمما شۇ ئېنىقكى، نە بۇ مۇناپىقلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ پىچىرلاشلىرى، نە شەيتاننىڭ يامانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بولمىسا، مۆئمىنلەرگە قىلچە زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، مۆئمىنلەر ئاللاھ تائالاغىلا تەۋەككۈل قىلىسۇن! ياردەم ۋە مەدەتنى ئۇنىڭ ئۆزىدىنلا تىلىسۇن!

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارىتا دۈشمەنلىكى ھەر زامان ۋە ھەر يەردە داۋام قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىگە قارشى ھوشيار بولۇشى زۆرۈردۇر.

2. سالام بېرىش سۈننەتتۇر، ئۇنى ئىلىك ئېلىش پەرز بولۇپ، يالغۇز ئۆزىگە قىلىنغان سالامنى ئىلىك ئېلىش پەرز ئەيىن، كۆپچىلىككە قىلىنغان سالامنى ئىلىك ئېلىش پەرز كۇپايىدۇر.

3. ئۈچ ئادەم بىر يەردە بولغاندا، ئۇلاردىن ئىككىسىنىڭ ئۈچىنچىسىنى قارىتىپ قويۇپ پىچىرلىشىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذَا كَانُوا ثَلَاثَةٌ فَلَا يَتَنَاجَى اثْنَانِ دُونَ الثَّالِثِ» يەنى «ئۈچ كىشى بار يەردە، ئىككىسى ئۈچىنچىسىنى قايرىپ قويۇپ پىچىرلاشمىسۇن»[1].

4. ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل قىلىش ئىبادەت ۋە ئەڭ كاپالەتلىك ئىشتۇر.

## سورۇن ئەخلاقى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا قِيلَ لَكُمْ تَفَسَّحُواْ فِى ٱلْمَجَـٰلِسِ فَٱفْسَحُواْ يَفْسَحِ ٱللَّهُ لَكُمْ ۖ وَإِذَا قِيلَ ٱنشُزُواْ فَٱنشُزُواْ يَرْفَعِ

[1] «صحيح البخاري» 8- توم، 64- بەت، 6288- ھەدىس.

ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنكُمْ وَٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْعِلْمَ دَرَجَٰتٍۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ ﴿١١﴾

## تەرجىمىسى

**11**-ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سورۇنلاردا سىلەرگە: «ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار» دېيىلسە، سىلەر دەرھال ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار، ئاللاھ سىلەرگىمۇ كەڭ ئورۇن بېرىدۇ، ئەگەر سىلەرگە: «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار» دېيىلسە، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار، ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

## تەپسىرى

ئى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلانغان مۇئمىنلەر! ئەگەر كىشىلەر سىلەرگە سورۇنلاردا ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار دېسە، سىلەر شۇ ھامان ئۇلارغا ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار ئاللاھ تائالا سىلەرگىمۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كەڭ ئورۇن بېرىدۇ ھەمدە بۇ دۇنيادا نېمەتنى، ئاخىرەتتە جەننەتنى سىلەر ئۈچۈن كەڭ قىلىپ بېرىدۇ. چۈنكى، كىمكى سورۇنلاردا بىرەر دىنىي قېرىندىشىغا ئورۇن چىقىرىپ بەرسە ۋە ئۇنى ھۆرمەتلىسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا كەڭچىلىك بېرىدۇ ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ.

تەپسىرى بەغەۋىيدە مۇقاتىلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارنىڭ ئىچىدىكى بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ مەجلىسىگە بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقانلاردىن بىر قانچە نەپەر كىشى كەلدى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى، ئولتۇرغانلارغا سالام قىلدى، ئۇلارمۇ سالامنى ئىلىك ئالدى. ئۇلار ئولتۇرغانلارنىڭ ئورۇن چىقىرىپ بېرىشىنى كۈتۈپ ئۆرە تۇرغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئەمما ھېچكىم ئۇلارغا ئورۇن چىقىرىپ بەرمىدى. بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياقتۇرمىدى-دە، يېنىدا ئولتۇرغانلار ئارىسىدىكى بەدرى ئۇرۇشىغا چىقمىغانلارنى ‹ئى پالانى! سەنمۇ ئى پالانى! ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار›

دەپ ئەمر قىلدى. ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋېتىلگەنلەر ئۇچۇن بۇ ئىش ئېغىر تۇيۇلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى بىئاراملىقنى بىلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى»[1].

ئىسلامىي ئەدەپ-ئەخلاق قائىدىلىرىگە ئاساسەن، ھەرقانداق بىر سورۇندا، مېھماندارچىلىقتا ۋە مەسجىدلەردە ئورۇن بالدۇر كەلگەننىڭدۇر. ھېچكىم باشقا بىرى ئۇچۇن ئۆزى ئولتۇرۇپ بولغان ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىلمەيدۇ. ئەمما ئورۇن تاپالماي قالغانلارغا ئورۇن چىقىرىپ بېرىش ئايرىم مەسىلە. ئورۇن چىقىرىپ بەرگەنلەر ساۋاب تاپىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىسلامىي ئەدەپ-ئەخلاقتىن سانىلىدۇ.

## ◄ كەلگەنلەرگە ئورۇندىن تۇرۇش مەسىلىسى

فەقىھلەر يېڭىدىن كەلگەنلەر ئۇچۇن ئورۇندىن تۇرۇش مەسىلىسىدە ئىختىلاپلاشقان. بەزىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇچۇن ساھابىلىرىگە: «قُومُوا إِلَى سَيِّدِكُمْ» يەنى «خوجايىنىڭلار ئۇچۇن ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار»[2] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ، سورۇندىكىلەرنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشى جائىزدۇر، دېگەن. يەنە بەزىلەر پەقەت قەۋمىنىڭ ئاقساقىلى ياكى باشلىق ئۇچۇنلا ئورنىدىن تۇرسا بولىدۇ، دېگەن. يەنە بەزىلەر «مَنْ أَحَبَّ أَنْ يَمْثُلَ لَهُ الرِّجَالُ قِيَامًا فَلْيَتَبَوَّأْ مَقْعَدَهُ مِنَ النَّارِ» يەنى «كىمكى ئالدىدا كىشىلەرنىڭ قول باغلاپ ئۆرە تۇرۇشىنى ياقتۇرىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىنى دوزاختىن تەييارلاپ قويسا بولىدۇ»[3] دېگەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسلىنىپ، بۇرۇن كېلىپ ئولتۇرۇپ بولغانلارنىڭ يېڭىدىن كەلگەنلەر ئۇچۇن ئورنىدىن تۇرۇشىنىڭ جائىز ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سورۇننىڭ ئاخىرى نەدە توختىغان بولسا شۇ يەردە ئولتۇراتتى.

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا قِيلَ لَكُمۡ تَفَسَّحُواْ فِي ٱلۡمَجَٰلِسِ فَٱفۡسَحُواْ يَفۡسَحِ ٱللَّهُ لَكُمۡۖ وَإِذَا قِيلَ ٱنشُزُواْ فَٱنشُزُواْ يَرۡفَعِ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنكُمۡ وَٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَ دَرَجَٰتٖۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ﴾ ئى ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايەت قىلىشى

[1] «تفسير البغوي» 8-توم، 57-بەت.
[2] «صحيح البخاري» 4-توم، 67-بەت، 3043-ھەدىس.
[3] «سنن أبي داود» 4-توم، 358-بەت، 5229-ھەدىس، «مسند الإمام أحمد» 28-توم، 121-بەت، 16918-ھەدىس.

بىلەن توغرا يولغا كىرگەن مۇئمىنلەر! مەسجىدلەردە ۋە ھەرقانداق بىر ئولتۇرۇشتا بىراۋ سىلەردىن يېڭىدىن كەلگەنلەر ئۈچۈن ئورۇن بوشىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، سىلەر دەرھال ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى ۋە ئۆلىمالارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر. بۇ ئايەتتە ئۆلىمالارنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىشارەت قىلىنغان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەرقانداق بىر سورۇندا، خۇسۇسەن، ئىلىم ۋە زىكىر سورۇنلىرىدا كىشىلەرگە ئورۇن چىقىرىپ بېرىش پەزىلەتلىك ئەمەلدۇر.

2. ئۆلىمالارغا، تەقۋادار كىشىلەرگە ۋە ياشانغانلارغا سورۇنلاردا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش ساۋابلىق ئىشتۇر.

3. پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىسىغا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇستازلارغا، جامائەتنىڭ ئىمامغا، ئاۋام خەلقنىڭ ئۆلىمالارغا ۋە پەزىلەتلىك كىشىلەرگە ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشى، سورۇنلاردا ئۇلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىشى، ھەتتا ئورنىدىن تۇرۇپ بېرىشى ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقتىن سانىلىدۇ.

### ◄ پەيغەمبەر بىلەن مەخپىي سۆزلىشىش مەسىلىسى

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا نَٰجَيۡتُمُ ٱلرَّسُولَ فَقَدِّمُواْ بَيۡنَ يَدَيۡ
نَجۡوَىٰكُمۡ صَدَقَةٗۚ ذَٰلِكَ خَيۡرٞ لَّكُمۡ وَأَطۡهَرُۚ فَإِن لَّمۡ تَجِدُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ
غَفُورٞ رَّحِيمٌ ١٢ ءَأَشۡفَقۡتُمۡ أَن تُقَدِّمُواْ بَيۡنَ يَدَيۡ نَجۡوَىٰكُمۡ صَدَقَٰتٖۚ
فَإِذۡ لَمۡ تَفۡعَلُواْ وَتَابَ ٱللَّهُ عَلَيۡكُمۡ فَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ
وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥۚ وَٱللَّهُ خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ ١٣﴾

### ◄ تەرجىمىسى

12ـئى ئىمان ئېيتقانلار! پەيغەمبەر بىلەن مەخپىي سۆزلەشمەكچى بولساڭلار،

مەخپىي سۆزلىشىشتىن بۇرۇن (يوقسۇللارغا) سەدىقە بېرىڭلار. بۇ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر ۋە ئەڭ پاك ئىشتۇر. ئەگەر (سەدىقە قىلىدىغان بىرەر نەرسە) تاپالمىساڭلار (سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر)، چۈنكى ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر.

13ـ سىلەر رەسۇلۇللاھ بىلەن مەخپىي سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى سەدىقە بېرىشتىن قورقتۇڭلارمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا سىلەر سەدىقە بەرمىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ئەپۇ قىلدى (سەدىقە بەرمەسلىككە رۇخسەت قىلدى). شۇڭا، سىلەر نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار. ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەخپىي سۆزلەشمەكچى بولغانلارنىڭ يوقسۇللارغا سەدىقە بېرىشىنى بۇيرۇغان ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرۇلۇق كۆپلىگەن رىۋايەتلەر بار. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەخپىي سۆزلەشمەكچى بولغاندا سەدىقە قىلاتتى، كېيىنچە زاكاتنىڭ پەرز بولغانلىقى ھەققىدىكى ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن بۇ ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان»[1]. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئايەت زاكات پەرز بولۇپ بولغاندىن كېيىن نازىل بولغان. زاكات بىر يىلدا بىر قېتىم بېرىلگەنلىكتىن يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن ھەر كۈنى خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش كۆزدە تۇتۇلۇپ بۇ ئايەتتىكى ھۆكۈم بۇيرۇلغان بولۇپ، كېيىنچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ھەر ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن مەخپىي سۆزلەشمەكچى بولغانلارنىڭ يوقسۇللارنى يوقلاپ، ئۇلارغا مېھىر-شەپقىتىنى كۆرسىتىپ بولۇپ، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ھازىر بولۇشى بىر مۇددەت يولغا قويۇلغان. بۇنىڭدىن مەقسەت يوقسۇللارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

## ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر پەيغەمبەرگە قانداقلا بىر ئىش توغرۇلۇق مۇناجات قىلماقچى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەخپىي سۆزلەشمەكچى بولغان ۋاقىتلاردا، ئالدى بىلەن يوقسۇللارغا سەدىقە بېرىڭلار.

[1] «تفسير ابن كثير» 8ـ توم، 51ـ بەت.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى بۇنىڭغا بۇيرۇشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلەش، يوقسۇللارغا ياخشىلىق قىلىش، مۇئمىنلەرنى مۇناپىقلاردىن ئايرىش، ھاجىتى بولمىسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىپ ئۇنى بىئارام قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بۇ ئىشىغا چەك قويۇش قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتقان. بۇ ئاللاھ تائالادىن مۇسۇلمانلارغا كەلگەن ۋاقىتلىق بىر سىناق ئىدى. چۈنكى، ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن قول ئىلكىدە بارلار يوقسۇللارغا سەدىقە قىلسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر ۋە ئەڭ پاك ئىشتۇر، سەدىقە قىلالمىغانلارنى ئاللاھ تائالا كەچۈردى، ئەمما قول ئىلكىدە بولمىغانلار ئۈچۈن مۇنداق بىر مەجبۇرىيەت يوق، دېگەن مەنە چىقىدۇ.

مۇپەسسىرلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەخپىي سۆزلەشمەكچى بولغانلارنىڭ سەدىقە قىلىشى پەرزمۇ ياكى مۇستەھەبمۇ (ئىختىيارىي ئەمەلمۇ) دېگەن مەسىلە توغرۇلۇق ئىختىلاپ قىلىشقان. شۇ ئېنىقكى، ئايەتتە سەدىقىنىڭ مىقدارى بەلگىلەنمىگەن ھەمدە بۇ ئايەتكە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن باشقا ھېچكىم ئەمەل قىلىپ باقمىغان. چۈنكى، بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئاز ۋاقىتتىن كېيىنلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئەللامە تەبەرىي مۇجاھىدنىڭ «مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇناجات قىلماقچى بولغاندا سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇلغان بولسىمۇ، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن باشقا ھېچكىم سەدىقە قىلمىغان. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ چاغدا بىر دىنار سەدىقە قىلغان، ئاندىن سەدىقە قىلمىسىمۇ بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئايەت نازىل بولغان»[1] دېگەنلىكىنى بايان قىلغان. ئەللامە بەغەۋىي ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «ئاللاھنىڭ كىتابىدا بىر ئايەت باركى، ئۇنىڭغا مەندىن باشقا ھېچكىم ئەمەل قىلىپ باقمىغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئەمەل قىلمايدۇ، ئۇ بولسىمۇ: ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! پەيغەمبەر بىلەن مەخپىي سۆزلەشمەكچى بولساڭلار، مەخپىي سۆزلىشىشتىن بۇرۇن (يوقسۇللارغا) سەدىقە بېرىڭلار﴾ دېگەن ئايەتتۇر»[2] دېگەنلىكىنى بايان قىلغان.

بېخىللىق ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر پارچىسى. ئىنسان ئەنە شۇنداق بېخىل مەخلۇق بولۇپ، كۆپ مال-دۇنيا يىغىشنى ياقتۇرىدۇ، ئەمما بېرىشنى خالىمايدۇ، ئېلىشقا تىرىشىدۇ، بېرىشكە تىرىشمايدۇ. ئاللاھ تائالا كېيىنكى ئايەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ

[1] «تفسير الطبري» 23-توم، 248-بەت.
[2] «تفسير البغوي» 8-توم، 60-بەت.

ئۇنىڭ بىلەن مەخپىي سۆزلەشمەكچى بولغانلار ئۇچۇن يوقسۇللارغا سەدىقە قىلىشنىڭ ئېغىر كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ: ﴿سىلەر رەسۇلۇللاھ بىلەن مەخپىي سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى سەدىقە بېرىش (بىلەن نامرات بولۇپ قېلىش)تىن قورقتۇڭلارمۇ؟﴾ دېگەن. ئاندىن ئۇلارنىڭ سەدىقە بەرمىگەنلىكى سەۋەبلىك گۇناھكار بولمايدىغانلىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى كەچۈرگەنلىكىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەخپىي سۆزلەشمەكچى بولغانلارنىڭ سەدىقە بېرىشى لازىم ئەمەسلىكىنى، پەقەت ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان پەرز ئەمەللەرنى – نامازنى مۇكەممەل ئوقۇش، زاكات بېرىش ۋە ئاللاھ تائالاغا ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش قاتارلىقلارنى – ئورۇندىشى كۇپايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ بارلىق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، ئىنسان ئاللاھ تائالاغا بىرەر تەلەپ بىلەن مۇناجات قىلىشتىن ئىلگىرى ئاللاھ تائالانىڭ يوقسۇل بەندىلىرىگە قولىدىن كەلگەن ياخشىلىقنى قىلىۋېتىپ، ئاندىن ئاللاھ تائالادىن ھاجىتىنى تىلىسە نېمىدېگەن ياخشى!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىمان بىلەن دىنىي ئىلىمنىڭ دەرىجىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ يۇقىرىدۇر.

2. نامازنى ئۆز ۋاقتىدا، مۇكەممەل ئادا قىلىش، زاكاتنى تولۇق بېرىش، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش قىلالمىغان نەپلە ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ كېتىدۇ.

## ◄ مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە تەرەپدار بولۇشنىڭ خاتالىقى

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ تَوَلَّوْاْ قَوْمًا غَضِبَ ٱللَّهُ عَلَيْهِم مَّا هُم مِّنكُمْ
وَلَا مِنْهُمْ وَيَحْلِفُونَ عَلَى ٱلْكَذِبِ وَهُمْ يَعْلَمُونَ ﴿١٤﴾ أَعَدَّ ٱللَّهُ لَهُمْ
عَذَابًا شَدِيدًاۖ إِنَّهُمْ سَآءَ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ ﴿١٥﴾ ٱتَّخَذُوٓاْ أَيْمَٰنَهُمْ جُنَّةً
فَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ فَلَهُمْ عَذَابٌ مُّهِينٌ ﴿١٦﴾ لَّن تُغْنِيَ عَنْهُمْ
أَمْوَٰلُهُمْ وَلَآ أَوْلَٰدُهُم مِّنَ ٱللَّهِ شَيْـًٔاۚ أُوْلَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمْ

فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿١٧﴾ يَوْمَ يَبْعَثُهُمُ ٱللَّهُ جَمِيعًا فَيَحْلِفُونَ لَهُۥ كَمَا
يَحْلِفُونَ لَكُمْ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ عَلَىٰ شَىْءٍ ۚ أَلَآ إِنَّهُمْ هُمُ ٱلْكَٰذِبُونَ
﴿١٨﴾ ٱسْتَحْوَذَ عَلَيْهِمُ ٱلشَّيْطَٰنُ فَأَنسَىٰهُمْ ذِكْرَ ٱللَّهِ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ حِزْبُ
ٱلشَّيْطَٰنِ ۚ أَلَآ إِنَّ حِزْبَ ٱلشَّيْطَٰنِ هُمُ ٱلْخَٰسِرُونَ ﴿١٩﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ
يُحَآدُّونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓ أُو۟لَٰٓئِكَ فِى ٱلْأَذَلِّينَ ﴿٢٠﴾ كَتَبَ ٱللَّهُ لَأَغْلِبَنَّ
أَنَا۠ وَرُسُلِىٓ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ قَوِىٌّ عَزِيزٌ ﴿٢١﴾ لَّا تَجِدُ قَوْمًا يُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ
وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ يُوَآدُّونَ مَنْ حَآدَّ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَلَوْ كَانُوٓا۟ ءَابَآءَهُمْ
أَوْ أَبْنَآءَهُمْ أَوْ إِخْوَٰنَهُمْ أَوْ عَشِيرَتَهُمْ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ كَتَبَ فِى قُلُوبِهِمُ
ٱلْإِيمَٰنَ وَأَيَّدَهُم بِرُوحٍ مِّنْهُ ۖ وَيُدْخِلُهُمْ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا
ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا ۚ رَضِىَ ٱللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا۟ عَنْهُ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ حِزْبُ
ٱللَّهِ ۚ أَلَآ إِنَّ حِزْبَ ٱللَّهِ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿٢٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

14ـ سەن ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان قەۋمنى دوست تۇتقانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار سىلەرگىمۇ، ئۇ قەۋمگىمۇ مەنسۇپ ئەمەس، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ يالغاندىن قەسەم ئىچىدۇ.

15ـ ئاللاھ ئۇلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدى، شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!

16ـ ئۇلار (يالغان) قەسەملىرىنى (ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن) قالقان قىلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توستى. ئۇلارغا خار قىلغۇچى ئازاب بار.

17ـ ئۇلارنىڭ پۇل ـماللىرى، باللىرى ئۇلارنى ئاللاھ (نىڭ ئازابى) دىن قىلچە توسۇپ قالالمايدۇ، ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.

18ـ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرىدىغان كۈندە، ئۇلار سىلەرگە (دۇنيادا «بىز مۇسۇلمانمىز» دەپ يالغاندىن) قەسەم ئىچكەندەك ئاللاھقىمۇ قەسەم ئىچىدۇ، بۇ قەسەمنى ئۆزىگە پايدىلىق دەپ ئويلايدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى،

ئۇلار ھەقىقەتەن يالغانچىلاردۇر.

19 ـ شەيتان ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇلارغا ئاللاھنى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇلدۇردى. ئەنە شۇلار شەيتاننىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، شەيتاننىڭ قوشۇنى چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

20 ـ شەكسىزكى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلىشىدىغانلار ـ ئەنە شۇلار ئەڭ خار ئىنسانلار قاتارىدا بولىدۇ.

21 ـ ئاللاھ (لەۋھۇلمەھفۇزغا): «مەن چوقۇم غەلىبە قىلىمەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىممۇ چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ» دەپ يېزىۋەتكەن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى كۈچلۈكتۇر، (ھەممىدىن) غالىبتۇر.

22 ـ ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ـ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، ياكى قېرىنداشلىرى، ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ـ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن. ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا ئاللاھ ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان ياردەم بىلەن ئۇلارنى كۈچلەندۈردى، ئاللاھ ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ قوشۇنى چوقۇم مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سەن ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان يەھۇدىي قەۋمنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋاتقان مۇناپىقلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ بۇ مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار سېپىدە ئىكەنلىكىگە مۇسۇلمانلارنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن يالغاندىن قەسەم ئىچىدۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇلار يەھۇدىيلار بىلەن مەخپىي دوستلۇق ئورنىتىپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئاللاھ تائالا غەزەپ قىلغان يەھۇدىيلارنى دوست تۇتقانلىقى نېمە قىلغىنى؟ ئەمەلىيەتتە، ئۇلار يەھۇدىيلارغىمۇ تەۋە ئەمەس، مۇسۇلمانلارغىمۇ تەۋە ئەمەس، ﴿مُّذَبْذَبِينَ بَيْنَ ذَٰلِكَ لَآ إِلَىٰ هَٰٓؤُلَآءِ وَلَآ إِلَىٰ هَٰٓؤُلَآءِ﴾ يەنى ﴿مۇناپىقلار كۇفرى بىلەن ئىمان ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلار

مۇئمىنلەرگىمۇ، كاپىرلارغىمۇ تەۋە ئەمەس﴾[1].

ئەللامە قۇرتۇبىي مۇنداق دېگەن: «سۇددىي ۋە مۇقاتىل قاتارلىق مۇپەسسىرلەر ﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ تَوَلَّوْاْ قَوْمًا غَضِبَ ٱللَّهُ عَلَيْهِم مَّا هُم مِّنكُمْ وَلَا مِنْهُمْ وَيَحْلِفُونَ عَلَى ٱلْكَذِبِ وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾ دېگەن ئايەت مۇناپىقلاردىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيي ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى نەبتەل قاتارلىقلار ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇ مۇناپىقلارنىڭ بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىگە ھازىر بولاتتى، ئاندىن بۇ سۆھبەتتە بولغان سۆزلەرنى يەھۇدىيلارغا يەتكۈزەتتى. ساھابىلەردىن بىرى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇجرىلىرىدىن بىرىدە ئولتۇراتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: ‹ھازىر سىلەرگە كۆڭلى قاتتىق، شەيتاننىڭ كۆزى بىلەن قارايدىغان بىر ئادەم كېلىدۇ› دېدى ۋە شۇ ھامان ئابدۇللاھ ئىبنى نەبتەل كىرىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹سەن ۋە دوستلىرىڭ نېمىشقا مېنى تىللىدىڭلار؟› دەپ سورىۋىدى، ئۇ ئادەم بۇنى ئىنكار قىلىپ تۇردى ۋە تىللىمىغانلىقىغا ئاللاھنىڭ نامىنى تىلىغا ئېلىپ قەسەم ئىچتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇنىڭغا ‹سەن شۇنداق قىلدىڭ› دېدى. ئاندىن ئۇ ئادەم چىقىپ كېتىپ ھەمراھلىرىنى باشلاپ كىردى ۋە ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ھېچ نەرسە دېمىگەنلىكىگە قەسەم ئىچىشتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىقى ئايەت نازىل بولدى»[2].

مۇناپىقلار ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمەنلىرى بولۇپ، ئۇلارغا ئاخىرەتتە تەييارلانغان ئازاب بەكمۇ قاتتىق ۋە بەكمۇ دەھشەتلىكتۇر. چۈنكى، ئۇلار دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە ئازابلىنىدۇ. ئۇلارغا بۇ دۇنيادىمۇ خارلىق يۈزلىنىدۇ. بۇ مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ يالغان قەسەملىرىنى قالقان قىلىپ تۇرۇپ، بۇ دۇنيادا جازادىن ۋە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالماقچى بولىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يالغان ئىغۋا تارقىتىش، ئۇلارنىڭ روھىنى چۈشۈرۈش، ئۇلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈش قاتارلىق رەزىل پىلانلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدىن توسىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى مۇناپىقلارنىڭ جىنايەتلىرى ۋە رەزىللىكلىرى ئەنە شۇنداق ئىدى. ئۇلار بۇ دۇنيادا خارلىققا ۋە رەسۋالىققا قالدى، ئاخىرەتتە بولسا ئۇلارنىڭ دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە تاشلىنىدىغانلىقى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ بولغان ئىشتۇر.

---

[1] نىسا سۈرىسى:143-ئايەت.

[2] «تفسير القرطبي» 17 - توم، 273 - بەت.

ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا يىغقان مال-دۇنياسى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ كۆپلۈكى ئۇلارنى بۇ دۇنيانىڭ خارلىقىدىن، جازاسىدىن ۋە رەسۋاچىلىقىدىن قوغداپ قالالمىغان تۇرسا، مال-دۇنيا ۋە بالىلار ئەسقاتمايدىغان، پەقەت ساغلام قەلبتىن باشقىسى پايدا بەرمەيدىغان ئاخىرەت كۈنىدە ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قانداقمۇ قوغداپ قالسۇن؟! شەكسىزكى، مۇناپىقلار دوزاختا كىرىدۇ ۋە ئۇ جايدا مەڭگۈ قالىدۇ.

مۇناپىقلار ئاللاھ تائالا ھەممىنى تىرىلدۈرۈپ ھېساب مەيدانىغا توپلايدىغان قىيامەت كۈنىدىمۇ يەنە يالغانچىلىقىنى ۋە يالغان قەسەملىرىنى بازارغا سالماقچى بولىدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيادا مۇسۇلمانلارغا قەسەم ئىچىپ بېرىپ ئۇلارنى ئالدىغاندەك، ئاللاھ تائالاغىمۇ قەسەم قىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىمۇ ئالدىماقچى بولىدۇ. بۇ مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىلسىزلىقىدىن ئاللاھ تائالانى ئالدىغىلى بولمايدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇلار يەنە مۇشۇنداق يالغان قەسەملىرى بىلەن ئازابتىن قۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى گۇمان قىلىدۇ. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاگاھ بولۇڭلاركى، مۇناپىقلار سېپى ئۆزىدىن يالغانچىلاردۇر. گويا يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق ۋە ئىككى يۈزلىمچىلىك مۇناپىقلارنىڭ بىردىنبىر كىملىكى ۋە ئايرىلماس سۈپىتىدۇر. ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا يالغان ئېيتىشقا پېتىنالىغان بۇ مۇناپىقلارنىڭ سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا يالغان ئېيتماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ گويا بىر سورىغۇچى سورايدۇكى، بۇ مۇناپىقلار نېمە ئۈچۈن شۇنداق قاملاشمىغان يالغانلارنى ئېيتىدۇ؟ جاۋاب شۇكى، شەيتان ئۇلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىۋالغان، ئۇلارغا ئەقلىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن پۇرسەت بەرمىگەن. ئۇلار بولسا شەيتانلارغا ئەگەشكەن. شەيتانلار ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنى ياد ئېتىشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىمۇ ئۇنتۇغان ۋە چوڭ گۇناھلارنىمۇ ئىككىلەنمەي قىلىدىغان بولۇپ كەتكەن، ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىغا چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالغان. ئەنە شۇلار گۇناھ-مەئسىيەتتە، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى چىقىشتا شەيتاننىڭ قوشۇنلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى. بىلىڭلاركى، شەيتاننىڭ قوشۇنى چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قار-شىلاشقۇچىلار، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە

خىلاپلىق قىلغۇچىلار، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دۈشمەن بولغۇچىلار ئەڭ خار ۋە ئەڭ رەزىل مەخلۇقلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشى ۋە شەيتانغا ئەگىشىشى ئۇلارنى شۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئىززەت-ھۆرمەت ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە خاستۇر. نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ چۈنكى ئاللاھ تائالا لەۋھۇلمەھفۇزدا ﴿مەن چوقۇم غەلىبە قىلىمەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىممۇ چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ﴾ دەپ يېزىۋەتكەن. يەنە: ﴿وَلَقَدۡ سَبَقَتۡ كَلِمَتُنَا لِعِبَادِنَا ٱلۡمُرۡسَلِينَ ١٧١ إِنَّهُمۡ لَهُمُ ٱلۡمَنصُورُونَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىزگە ئالدىنئالا بەرگەن بىر سۆزىمىز بار ئىدى. ئۇلار چوقۇم ياردەمگە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[1] دېگەن. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر، ھەممىدىن غالىب ۋە تەڭداشسىز كۈچ-قۇۋۋەت ئىگىسىدۇر.

ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن ۋە ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرغان بىر قەۋمنىڭ ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە دۈشمەن بولغانلارنى دوست تۇتۇشى، ئۇلارغا قەلبىدىن ئورۇن بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. يەنى قەلبتە ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمان بىلەن كاپىرلارنى دوست تۇتۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى زىت نەرسە ھەرگىز بىرلەشمەيدۇ. بۇ ئىككىسى بىر قەلبتە بولماسلىقى لازىم. كاپىرلارنى دوست تۇتۇش دېگەنلىك ئۇلارغا قەلبىدىن ئورۇن بېرىپ، ئۇنى ياخشى كۆرۈش دېگەنلىكتۇر. ھەقىقىي مۇئمىن ئادەم ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمەيدىغانلارنى - گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتىسى ياكى بالىسى ۋەياكى ئەڭ يېقىن تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ - قەتئىي ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇنىڭغا قەلبىنى ئاچمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئاللاھ تائالا بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەببىتىنى ھېچ نەرسىگە تەڭ قىلمايتتى. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر سۆيگۈسىنىڭ قىممىتىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلەتتى، ئىماننىڭ بۇنىڭسىز كامىل بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بەزى ساھابىلەرنىڭ غازاتلاردا ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ بويۇنلىرىغا قىلىچ ئۇرغانلىقىمۇ بۇ سەۋەبتىن ئىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئېلىشىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزدۇر ھەمدە بۇ ئۇلارنىڭ ئىمانىنى سىنايدىغان چوڭ بىر سىناقتۇر.

[1] ساففات سۈرىسى:171-172-ئايەتلەر.

ئېنىقكى، ئاللاھ تائالانى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چىن قەلبىدىن سۆيۈش سايىسىدا ئىماننىڭ ھەقىقىي ھالاۋىتىنى تېتىغان كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمەنلىرىگە ـ گەرچە ئۇلار ئۆز ئاتا ـ ئانىسى ياكى پەرزەنتلىرى ۋەياكى ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرى بولسىمۇ ـ ھەرگىز قەلبىنى ئاچمايدۇ، ئۇلارغا يۈرىكىدىن ئورۇن بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار قەلبىدە ئىمان مۇستەھكەم بولغان، كۆڭلى ـ كۆكسى ھەقىقەتكە ئېچىلغان ۋە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولغان مەدەت ۋە مەنىۋى غىزا بىلەن ئوزۇقلانغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق كىشىلەرنى ئاخىرەتتە قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئېسىل جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار بۇ جەننەتلەردە مەڭگۇ تۇرىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھ تائالادىن ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتلىرىدىن چەكسىز مەمنۇن بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ قوشۇنلىرىدۇر ۋە تەۋەلىرىدۇر. ئۇنتۇماڭلاركى، مەقسىتىگە يېتىدىغانلار، ھەقىقىي نىجاتلىققا ئېرىشىدىغانلار پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ قوشۇنىدۇر ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۆز قوشۇنىنى ۋە تەۋەلىرىنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايدۇ، ئەنە شۇنداق غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاقىۋەتتە غەلىبە قىلىش نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە! بۇنىڭدىن ئارتۇق ئۇتۇق بارمۇ؟!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كاپىرلارنى قەلبىدىن ياخشى كۆرۈش ئىمانغا زىت كېلىدۇ.

2. يالغان ئىشقا قەسەم قىلىش ئادەمنى قاتمۇقات گۇناھقا پاتۇرىدۇ.

3. شەيتان بىراۋنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىۋالسا، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇلدۇرىدۇ، ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، ئاگاھلاندۇرۇشلىرىدىن قورقمايدىغان قىلىپ قويىدۇ.

# ھەشر سۈرىسى

ھەشر سۈرىسى مەدىنىدە نازىل بولغان، 24 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، مەدىنىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىشى، ئىسلامدا فەيئ (ئۇرۇشسىز قولغا كەلگەن غەنىيمەت) نىڭ ھۆكمى، مۇناپىقلارنىڭ بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى ھەققىدىكى مەۋقەسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاخىرىدا مۇئمىنلەرگە تەقۋالىق ھەققىدە ئۈگۈتلەر بېرىلىدۇ[1].

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ كاپىرلارنى ۋە مۇناپىقلارنى جازالاشتىكى كۈچ-قۇۋۋىتىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

﴿ٱلۡحَشۡرِ﴾ «ھەشر» «سۈرگۈن قىلىش»، «پالاش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، سۈرىنىڭ 2-ۋە 7-ئايەتلىرىدە بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىشى ھەققىدە توختالغانلىقتىن، بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى «ھەشر» دەپ ئاتالغان.

## ◄ بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىش

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۖ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ١
هُوَ ٱلَّذِيٓ أَخۡرَجَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ مِن دِيَٰرِهِمۡ لِأَوَّلِ
ٱلۡحَشۡرِۚ مَا ظَنَنتُمۡ أَن يَخۡرُجُواْۖ وَظَنُّوٓاْ أَنَّهُم مَّانِعَتُهُمۡ حُصُونُهُم مِّنَ
ٱللَّهِ فَأَتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِنۡ حَيۡثُ لَمۡ يَحۡتَسِبُواْۖ وَقَذَفَ فِي قُلُوبِهِمُ ٱلرُّعۡبَۚ
يُخۡرِبُونَ بُيُوتَهُم بِأَيۡدِيهِمۡ وَأَيۡدِي ٱلۡمُؤۡمِنِينَ فَٱعۡتَبِرُواْ يَٰٓأُوْلِي

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 641- بەت.

ٱلۡأَبۡصَٰرِ ۝٢ وَلَوۡلَآ أَن كَتَبَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمُ ٱلۡجَلَآءَ لَعَذَّبَهُمۡ فِي ٱلدُّنۡيَاۖ
وَلَهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ عَذَابُ ٱلنَّارِ ۝٣ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ شَآقُّواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥۖ
وَمَن يُشَآقِّ ٱللَّهَ فَإِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ۝٤ مَا قَطَعۡتُم مِّن لِّينَةٍ أَوۡ
تَرَكۡتُمُوهَا قَآئِمَةً عَلَىٰٓ أُصُولِهَا فَبِإِذۡنِ ٱللَّهِ وَلِيُخۡزِيَ ٱلۡفَٰسِقِينَ ۝٥

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتتى. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

2ـ ئاللاھ ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلارنى تۇنجى قېتىملىق سۈرگۈندە يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقارغان زاتتۇر، سىلەر ئۇلارنى (مۇنداق ئوڭاي) چىقىپ كېتىدۇ دەپ ئويلىمىغان ئىدىڭلار، ئۇلار قورغانلىرىمىز بىزنى ئاللاھ (نىڭ جازاسى)تىن قوغداپ قالالايدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى، ئۇلارغا ئاللاھ (نىڭ ئازابى) ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن كەلدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى، (شۇنىڭ بىلەن) ئۇلار ئۆيلىرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن ۋە مۇئمىنلەرنىڭ قوللىرى بىلەن بۇزۇپ تاشلىدى، ئى پاراسەت ئىگىلىرى! (بۇنىڭدىن) ئىبرەت ئېلىڭلار.

3ـ ئەگەر ئاللاھ ئۇلارغا سۈرگۈنلۈكنى پۈتۈۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە ئۇلارنى بۇ دۇنيادا ئازابلايتتى. ئۇلارغا ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابى بار.

4ـ بۇ (سۈرگۈن بىلەن ئازاب) ئۇلارنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلىقى تۈپەيلىدىن بولدى. كىمكى ئاللاھ بىلەن قارشىلىشىدىكەن، شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ (ئۇنىڭغا بېرىدىغان) جازاسى قاتتىقتۇر.

5ـ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەرنىڭ خورما دەرەخلىرىدىن قايسىبىرىنى كەسكىنىڭلار ياكى يۇرۇنقى پېتى ئۆرە قالدۇرغىنىڭلار بولسۇن، ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن بولغاندۇر. (بۇنداق قىلىش) ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلارنى رەسۋا قىلىش ئۈچۈندۇر.

### ◄ بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ سۈرگۈن قىلىنىشى

مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدىكى بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ شامغا

سۈرگۈن قىلىنغانلىق مەسىلىسىگە ئازراق چۈشەنچە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ۋەقەلىك مۇنداق بولغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدىن مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ جايدا يېڭى بىر ئىسلامىي جەمئىيەت بەرپا قىلىنغان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار بىرلىشىپ مەدىنە شەھىرىنى قوغداشقا ۋە ئۆزئارا ئۇرۇشماسلىققا ئىتتىپاقلىشىپ، كېلىشىم تۈزۈشكەن ئىدى. ھىجرىيەنىڭ 3-يىلى ئۇھۇد ئۇرۇشى بولغان ۋاقىتقا قەدەر ئەھۋال شۇنداق داۋاملىشىپ كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن بېرى يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم سۇيىقەست پىلانلىغان بولسىمۇ، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي كەلگەن ئىدى. چۈنكى، كۈچى يەتمەيتتى. مەدىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇرۇلغان ئىسلام دۆلىتىنى ئۆرۈپ تاشلاش ئۈچۈن يەھۇدىيلارنىڭ قىلمىغانلىرى قالمىدى. ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلار ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ۋاقتىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئويلاپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى قولىدىن كەلگەن يامانلىقلارنىڭ، سۇيىقەستلەرنىڭ ۋە خىيانەتنىڭ ھەممىنى قىلىشقا باشلىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تەرەپتىن مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنى مەككە مۇشرىكلىرى تەرەپتىن كېلىدىغان ھۇجۇمدىن قوغداش، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچكى مۇداپىئەنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ھارماي-تالماي تىرىشماقتا ئىدى.

ئەللامە ھافىز ئىبنى ھەجەرنىڭ بايان قىلىشىچە، مەككىلىك مۇشرىكلار مەدىنىدىكى يەھۇدىي كاتتىباشلىرىغا مەخپىي خەت ئەۋەتكەن بولۇپ، خەتتە مەككىلىكلەرنىڭ بارلىق ئەرەبلەرنى مۇسۇلمانلارغا قارشى توپلايدىغانلىقى ۋە يەھۇدىيلار بىلەن بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى تەلتۆكۈس يوق قىلىشقا بەل باغلىغانلىقى يېزىلغان. شۇنىڭ بىلەن بەنى نەزىر قەبىلىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بۇرۇن تۈزگەن تىنچلىق كېلىشىمىنى بۇزۇپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلغان[1].

بۇ ھەقتە يەنە بىر مەشھۇر رىۋايەتمۇ بار بولۇپ، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلاردىن ھال-ئەھۋال سوراپدۇ ۋە ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ

---

[1] «فتح الباري» 6- توم، 331-332- بەتلەر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆپ مەمنۇن ئىكەنلىكىنى يالغاندىن ئىزھار قىلىشىدۇ ۋە شۇ ئەسنادا ئۇلار ئەمىر ئىبنى جەھش ئىبنى كەئب ئىسىملىك بىر يەھۇدىينى ئېشقا سېلىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. ئەمىر ئىبنى جەھش ئىبنى كەئب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستىگە ئۆگزىدىن بىر تاشنى تاشلاش ئۈچۈن تەمشىلىۋاتقان پەيتتە، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىدۇ-دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرغان يېرىدىن گەپ-سۆز قىلماستىنلا چاچراپ قوپۇپ چىقىپ كېتىدۇ ۋە مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ[1]. ئەمما بۇ رىۋايەتنى ئەللامە ناسىرۇددىن ئالبانىي «ئاجىز ھەدىسلەر» توپلىمىغا كىرگۈزگەن[2]. ئۆلىمالار بۇ مەسىلە ھەققىدە كەلگەن رىۋايەتلەرنىڭ ئەڭ توغرىسى ئەللامە ئىبنى ھەجەرنىڭ رىۋايىتى دەپ قارايدۇ.

مۇسۇلمانلار شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆز ئارىسىدا كېڭەش قىلىپ، بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىشنى قارار قىلىدۇ. چۈنكى، مەدىنىگە مەككىلىكلەرنىڭ ۋە باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىش تەھدىتلىرى كېلىۋاتقان بۇ ھالقىلىق پەيتتە مەدىنە شەھىرىنى ۋەتەن خائىنلىرىدىن تازىلاپ، سەپنى ساپلاشتۇرۇش ۋە كۈچنى بىرلەشتۈرۈش زۆرۈر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنى بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئەلچى يەھۇدىيلارنىڭ يېنىغا بېرىپ دەيدۇكى: «شەھىرىمىزدىن چىقىپ كېتىڭلار. چۈنكى، سىلەر بىز بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدەڭلارنى بۇزدۇڭلار. شۇڭا سىلەرگە ئون كۈنلۈك مۆھلەت بېرىمىز، شۇ كۈندىن كېيىن سىلەرنى بۇ يەردە كۆرۈپ قالسام بوينۇڭلارغا قىلىچ ئۇرىمەن» دەيدۇ. بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئالاقزادە بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما مەشھۇر مۇناپىقلاردىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلارغا قورغانلىرىنى كۈچەيتىش ۋە قورغانلىرىنىڭ ئىچىدە مۇداپىئەلىنىش توغرۇلۇق مەسلىھەت بېرىدۇ. يەنە بەنى قۇرەيزە، بەنى قەينۇقائ يەھۇدىيلىرى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ غەتەفان قەبىلىسىمۇ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، ھەتتا بۇ مۇناپىق ئۆزىنىڭمۇ ئىككى مىڭ ئەسكىرى بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ قورغانلىرىنى قوغداشقا كېلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلارغا تەسلىم بولماسلىققا ئۈندەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ ئاقساقىلى ھۇيەي ئىبنى ئەختەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «بىز

[1] «الروض الأنف« 6- توم، 208- بەت.
[2] «سلسلة الأحاديث الضعيفة» 4855(10/469).

يۇرتىمىزدىن چىقمايمىز، قولۇڭلاردىن كەلگەننى قىلىڭلار» دەپ ئەلچى ئەۋەتىدۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئىسلام قوشۇنى بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ قورغانلىرىغا ئوق ئېتىش بىلەن ھۇجۇم باشلايدۇ.

مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلارنى تىنچلىق بىلەن چىقىپ كېتىدۇ، دەپ ئۇلارنى يىگىرمە كۈن كۈتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قورغانلىرىنى مۇھاسىرە قىلىدۇ. ئەللامە تەبەرىي ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ خورما دەرەخلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: ‹ئى مۇھەممەد! سەن بىزنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن توساتتىڭ، ئەمما سېنىڭ ئادەملىرىڭ خورما دەرەخلىرىمىزنى كېسىپ كۆيدۈرۈۋاتىدۇ، سەن بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟› دەپ ۋارقىرايدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن: ﴿(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەرنىڭ خورما دەرەخلىرىدىن قايسىبىرىنى كەسكىنىڭلار ياكى بۈرۈنقى پېتى ئۆرە قالدۇرغىنىڭلار بولسۇن، ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن بولغاندۇر. (بۇنداق قىلىش) ئاللاھنىڭ ئىتائەتىدىن چىققۇچىلارنى رەسۋا قىلىش ئۈچۈندۇر﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولىدۇ»[1].

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا شۇنداق خەۋەر بېرىدۇكى، ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇدات ئاللاھ تائالانىڭ بارچە نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ، مەدھىيىلەيدۇ ۋە ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز ھالدا بويسۇنىدۇ. ﴿تُسَبِّحُ لَهُ ٱلسَّمَٰوَٰتُ ٱلسَّبْعُ وَٱلْأَرْضُ وَمَن فِيهِنَّ ۚ وَإِن مِّن شَىْءٍ إِلَّا يُسَبِّحُ بِحَمْدِهِۦ وَلَٰكِن لَّا تَفْقَهُونَ تَسْبِيحَهُمْ ۗ إِنَّهُۥ كَانَ حَلِيمًا غَفُورًا﴾ يەنى ﴿يەتتە ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى بارلىق مەۋجۇدات ئاللاھنى پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئاللاھنى مەدھىيىلەپ تەسبىھ ئېيتمايدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر. لېكىن سىلەر ئۇلارنىڭ (ئېيتقان) تەسبىھىنى چۈشەنمەيسىلەر﴾ [2]. دېمەك، جانلىق-جانسىز بارلىق مەۋجۇدات ئاللاھ تائالانىڭ بارچە نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ، ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئۇنىڭ مۇكەممەللىكىنى ۋە گۈزەل سۈپەتلىرىنى سۆزلەيدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ

[1] «تفسير الطبري» 23-توم، 271-بەت.
[2] ئىسرا سۈرىسى:44-ئايەت.

قۇدرىتى بىلەن بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر، ھەممىدىن غالىبتۇر ۋە خالىغانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ ۋە ھېكمىتىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنى مەدىنىدىن سۈرگۈن قىلىپ چىقارغانلىقىدۇر. «قۇرئان كەرىم» بۇ ۋەقەلىكنى ﴿ئاللاھ ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلارنى تۇنجى قېتىملىق سۈرگۈندە يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقارغان زاتتۇر﴾ دېگەن ئايەتتە بايان قىلغان.

مەدىنىدە يەھۇدىيلار كۈچلۈك ئىدى، ئۇلار بەنى نەزىر، بەنى قۇرەيزە ۋە بەنى قەينۇقائ دەپ ئۈچ چوڭ قەبىلە بولۇپ، بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى بەكرەك كۈچلۈك ئىدى. باشقا يەھۇدىي قەبىلىلىرى ۋە مۇناپىقلار ئۇلارغا ھەمكارلىشاتتى. بۇ ئەھۋالدا ئەمدىلا ئۆزىنىڭ ئىسلامىي جەمئىيىتىنى تەشكىل قىلغان ۋە دۆلەت قۇرغىنىغا ئاران تۆت يىل بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ بۇنداق كۈچلۈك يەھۇدىي كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرۇشى تولىمۇ قىيىن ئىدى، ھەتتا يەھۇدىيلارنى مەدىنىدىن ھەيدەپ چىقىرالىشىغا ئۆزلىرىمۇ ئىشىنەلمەيتتى. بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى بولسا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەھكەم قورغانلىرىغا قاتتىق ئىشەنچ قىلاتتى ۋە ھېچكىم بىزنى بۇ يەردىن چىقىرالمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ئۇلارنىڭ بۇ مۇستەھكەم قورغانلىرى ھېچ نەرسىگە دال بولالمىدى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن چىقتى ۋە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىچكى دۇنياسىدىن مەغلۇپ قىلدى، ئاندىن ئۇلارنىڭ قورغانلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە ئۆزلىرىنىڭ قولى ئارقىلىق بۇزۇپ تاشلىدى. نەتىجىدە، ئۆزلىرىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىگە ئىشىنىپ، مۇسۇلمانلارغا چوڭچىلىق قىلغان بۇ يەھۇدىيلار خار ۋە زەبۇن بولغان ھالدا يۇرتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارغا ھەربىر ئۈچ ئادەمنىڭ بىر تۆگىگە خالىغان نەرسىلىرىنى ئارتىپ چىقىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇڭا بۇ يەھۇدىيلار بارچە قىممەتلىك نەرسە-كېرەكلىرىنى تۆگىلەرگە ئارتىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن بۇزۇشقا باشلىغان ئىدى. ﴿ئۇلار ئۆيلىرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن ۋە مۆئمىنلەرنىڭ قوللىرى بىلەن بۇزۇپ تاشلىدى، ئى پاراسەت ئىگىلىرى! (بۇنىڭدىن) ئىبرەت ئېلىڭلار﴾ دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن بۇزۇپ تاشلىغان، مۇسۇلمانلار بولسا ئۇلارنى سىرتقا چىقىرىش ئۈچۈن

ئۇلارنىڭ قورغانلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ قورغانلىرىنى بۇزۇپ تاشلىغان، شۇنداق قىلىپ بۇ يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ۋە قورغانلىرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىرى بىلەن بۇزۇپ تاشلىغان بولدى.

ئەگەر ئاللاھ تائالا بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى ئۈچۈن سۈرگۈنلۈكنى پۈتۈۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى بۇ دۇنيادا ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىر قىلىش بىلەن ئۇنىڭدىن قاتتىقراق جازالىغان بولاتتى. ئۇلارغا يەنە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بولىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى تۇرغانلىقى، ئاسىيلىق قىلغانلىقى، ئۆزلىرى كۈتكەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن چىقماي، ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىن چىققانلىقىغا ھەسەت قىلغانلىقتىن، بىلىپ تۇرۇپ ھەقىقەتكە قارشى چىققانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكى، ئىسلام دەۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى، ئىنسانلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقى، خۇسۇسەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۈزگەن تىنچلىق كېلىشىمىنى بۇزۇپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلغانلىقى سەۋەبتىن ئىدى. «قۇرئان كەرىم» يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىققانلىقىنى ئاللاھ تائالاغا قارشى چىققانلىق دەپ ھېسابلىغان. بۇ خۇددى ﴿مَّن يُطِعِ ٱلرَّسُولَ فَقَدۡ أَطَاعَ ٱللَّهَۖ﴾ يەنى ﴿كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ﴾ [1] دېگەنگە ئوخشاشتۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يەھۇدىيلارنىڭ مەدىنىدىن سۈرگۈن قىلىنىشى ئۇلارغا ئاللاھ تائالادىن كەلگەن جازا ئىدى. ئۆلىمالار يەھۇدىيلارنىڭ بېشىغا ئۈچ چوڭ سۈرگۈن كېلىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. بىرىنچىسى، بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدىن سۈرگۈن قىلىنىشى، ئىككىنچىسى، بارلىق يەھۇدىيلارنىڭ ھىجاز رايونىدىن سۈرگۈن قىلىنىشى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەھۇدىيلارنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھەيدەپ چىقارغان)، ئۈچىنچىسى، يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندىن سۈرگۈن قىلىنىشىدۇر. بۇ كېلەچەكتە ئەمەلگە ئاشىدىغان ۋەدە بولۇپ، بۇ ھەقتە

[1] نىسا سۈرىسى:80-ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لَا تَقُومُ السَّاعَةُ حَتَّى يُقَاتِلَ الْمُسْلِمُونَ الْيَهُودَ، فَيَقْتُلُهُمُ الْمُسْلِمُونَ حَتَّى يَخْتَبِئَ الْيَهُودِيُّ مِنْ وَرَاءِ الْحَجَرِ وَالشَّجَرِ، فَيَقُولُ الْحَجَرُ أَوِ الشَّجَرُ: يَا مُسْلِمُ يَا عَبْدَ اللهِ هَذَا يَهُودِيٌّ خَلْفِي، فَتَعَالَ فَاقْتُلْهُ، إِلَّا الْغَرْقَدَ، فَإِنَّهُ مِنْ شَجَرِ الْيَهُودِ» يەنى «مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئۇرۇشمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرىدۇ، ھەتتا بىرەر يەھۇدىي دەرەخنىڭ ياكى تاشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالسا، مەزكۇر دەرەخ ياكى تاشتىن ئاۋاز كېلىپ: ‹ئى مۇسۇلمان! كەل، ئارقامدا يەھۇدىي بار، ئۇنى ئۆلتۈر!› دەيدۇ. پەقەت ‹غەرقەد› دەپ ئاتىلىدىغان يەھۇدىي دەرىخىدىنلا ئاۋاز كەلمەيدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

2. ئۆز ۋاقتىدىكى بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ مۇسۇلمانلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ ۋە كۈچلۈك تۇرۇقلۇق، ئۇلاردىن يېڭىلگەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغانلارنى قوللايدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى چىققانلار چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ.

### ◄ ئۇرۇشسىز ئالغان غەنىيمەتنىڭ ھۆكمى

﴿وَمَآ أَفَآءَ ٱللَّهُ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ مِنۡهُمۡ فَمَآ أَوۡجَفۡتُمۡ عَلَيۡهِ مِنۡ خَيۡلٖ
وَلَا رِكَابٖ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يُسَلِّطُ رُسُلَهُۥ عَلَىٰ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ عَلَىٰ
كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ٦ مَّآ أَفَآءَ ٱللَّهُ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡقُرَىٰ فَلِلَّهِ
وَلِلرَّسُولِ وَلِذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِ كَيۡ لَا
يَكُونَ دُولَةَۢ بَيۡنَ ٱلۡأَغۡنِيَآءِ مِنكُمۡۚ وَمَآ ءَاتَىٰكُمُ ٱلرَّسُولُ فَخُذُوهُ
وَمَا نَهَىٰكُمۡ عَنۡهُ فَٱنتَهُواْۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۖ إِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ٧
لِلۡفُقَرَآءِ ٱلۡمُهَٰجِرِينَ ٱلَّذِينَ أُخۡرِجُواْ مِن دِيَٰرِهِمۡ وَأَمۡوَٰلِهِمۡ يَبۡتَغُونَ
فَضۡلٗا مِّنَ ٱللَّهِ وَرِضۡوَٰنٗا وَيَنصُرُونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓۚ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ
ٱلصَّٰدِقُونَ ٨ وَٱلَّذِينَ تَبَوَّءُو ٱلدَّارَ وَٱلۡإِيمَٰنَ مِن قَبۡلِهِمۡ يُحِبُّونَ مَنۡ

[1] «صحيح مسلم» 4-توم، 2239-بەت، 2922-ھەدىس.

هَاجَرَ إِلَيۡهِمۡ وَلَا يَجِدُونَ فِي صُدُورِهِمۡ حَاجَةٗ مِّمَّآ أُوتُواْ وَيُؤۡثِرُونَ
عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمۡ وَلَوۡ كَانَ بِهِمۡ خَصَاصَةٞۚ وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفۡسِهِۦ
فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ٩ وَٱلَّذِينَ جَآءُو مِنۢ بَعۡدِهِمۡ يَقُولُونَ
رَبَّنَا ٱغۡفِرۡ لَنَا وَلِإِخۡوَٰنِنَا ٱلَّذِينَ سَبَقُونَا بِٱلۡإِيمَٰنِ وَلَا تَجۡعَلۡ فِي
قُلُوبِنَا غِلّٗا لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ رَبَّنَآ إِنَّكَ رَءُوفٞ رَّحِيمٌ ١٠

### تەرجىمىسى

6-ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىدىن ئۇرۇشسىز غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى سىلەر ئات-تۆگىلەرنى چاپتۇرۇپ قولغا كەلتۈرگەن ئەمەس. لېكىن، ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىنى خالىغان ئادەمگە ھۆكۈمران قىلىدۇ، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

7-ئاللاھ پەيغەمبىرىگە (ھەرقايسى) يۇرت ئاھالىلىرىدىن ئۇرۇشسىز غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن مال-مۈلۈكلەر ئاللاھنىڭ، پەيغەمبەرنىڭ، پەيغەمبەرنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ، يېتىملەرنىڭ، يوقسۇللارنىڭ ۋە يول خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارنىڭ ھەققىدۇر. بۇ (تەقسىمات) پۇل-مالنىڭ ئاراڭلاردىكى بايلارنىڭ ئارىسىدىلا ئايلىنىپ يۈرمەسلىكى (يوقسۇللارنىڭ ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىنماسلىقى) ئۈچۈندۇر. پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر.

8-(ئۇ غەنىيمەتنىڭ بىر قىسمى) يۇرت-ماكانلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال-مۈلۈكىدىن ئايرىلغان، ئاللاھنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى ئىزدەپ، ئاللاھنىڭ دىنىغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدىغان يوقسۇل مۇھاجىرلارنىڭ ھەققىدۇر. ئەنە شۇلار (ئىمانىدا) راستچىل كىشىلەردۇر.

9-ئۇلاردىن ئىلگىرى مەدىنىنى ھىجرەت ۋە ئىمان يۇرتى قىلىپ تەييارلىغان (ئەنسار) لار ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەن (مۇھاجىر) لارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن كۆڭۈللىرىدە راھەتسىزلىك ھېس قىلمايدۇ ۋە ئۆزلىرى موھتاج تۇرۇقلۇق (ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىدۇ. ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار- ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

10ـ ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «ئى رەببىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، ئى رەببىمىز! شەكسىزكى، سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، تولىمۇ مېھرىبانسەن» دەيدۇ.

## ◄ غەنىيمەت ۋە ئۇنىڭ تەقسىماتى

ئىسلامدا ئولجا ئىككى يول بىلەن ئېلىنىدۇ. بىرى، كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى يېڭىش ئارقىلىق ئېلىش، يەنە بىرى، ئۇرۇشسىز ئېلىشتۇر. ئۇرۇش قىلىپ ئېلىنىدىغان ئولجا «غەنىيمەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇرۇشسىز ئېلىنىدىغان ئولجا «فەيئى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ تەقسىماتىمۇ ئوخشىمايدۇ.

## ◄ ئۇرۇش قىلىپ ئالغان غەنىيمەتنىڭ تەقسىماتى

ئۇرۇش قىلىپ ئالغان غەنىيمەت ئالدى بىلەن بەش ئۈلۈشكە بۆلۈنىدۇ، ئاندىن بۇ بەش ئۈلۈشنىڭ تۆتى جىھادقا قاتناشقان مۇجاھىدلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ، قالغان بىر ئۈلۈش يەنە بەش ئۈلۈشكە بۆلۈنىدۇ، بۇ بەش ئۈلۈشتىن ئاللاھ تائالا ئۈچۈن بىر ئۈلۈش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر ئۈلۈش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا بىر ئۈلۈش، يېتىملەرگە بىر ئۈلۈش، خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا بىر ئۈلۈش تەقسىم قىلىنىدۇ. ھازىرقى زاماندا ئاللاھ تائالانىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ ئۈلۈشى مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلەت خەزىنىسى (بەيتۇلمال) غا تاپشۇرۇلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇرۇش قىلىپ ئالغان غەنىيمەتنىڭ تەقسىماتى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: ﴿وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّمَا غَنِمۡتُم مِّن شَيۡءٖ فَأَنَّ لِلَّهِ خُمُسَهُۥ وَلِلرَّسُولِ وَلِذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِ إِن كُنتُمۡ ءَامَنتُم بِٱللَّهِ وَمَآ أَنزَلۡنَا عَلَىٰ عَبۡدِنَا يَوۡمَ ٱلۡفُرۡقَانِ يَوۡمَ ٱلۡتَقَى ٱلۡجَمۡعَانِۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ﴾ يەنى ﴿(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان ھەرقانداق غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرى ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ۋە خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا خاستۇر (قالغان قىسمى مۇجاھىدلار ئۈچۈندۇر)﴾[1].

[1] ئەنفال سۈرىسى: 41ـ ئايەت.

## ◄ ئۈرۈشسىز ئالغان غەنىيمەتنىڭ تەقسىماتى

ئۈرۈشسىز ئالغان غەنىيمەت ئاللاھ تائالانىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ، يېتىملەرنىڭ، يوقسۇللارنىڭ ۋە خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارنىڭ ھەققىدۇر. ھازىرقى زاماندا ئۈرۈشسىز ئالغان غەنىيمەتنىڭ ھەممىسى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىلىرى ئۇنى ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىش ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىش مەسىلىسىدە ئىجتىھاد بىلەن ئىش كۆرىدۇ[1]. بۇ سۈرىدىكى ﴿ئاللاھ پەيغەمبىرىگە (ھەرقايسى) يۇرت ئاھالىلىرىدىن ئۈرۈشسىز غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن مال-مۈلۈكلەر ئاللاھنىڭ، پەيغەمبەرنىڭ، پەيغەمبەرنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ، يېتىملەرنىڭ، يوقسۇللارنىڭ ۋە يول خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارنىڭ ھەققىدۇر﴾ دېگەن ئايەت ئۈرۈشسىز ئالغان غەنىيمەت ھەققىدە نازىل بولغان ئايەتتۇر.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە، بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىدىن ھەربىر ئۈچ ئادەمنىڭ بىردىن تۆگىگە مال-مۈلۈكىدىن خالىغانلىرىنى بېسىپ يۇرتىدىن سۈرگۈن قىلىنىپ چىقىپ كەتكەنلىكى بايان قىلىنغان ئىدى. بۇ ئايەتلەردە بولسا ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن مال-دۇنيانىڭ تەقسىماتى ھەققىدە ئاللاھ تائالا مەخسۇس بەلگىلىمىلەرنى نازىل قىلغان.

## ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ مال-مۈلۈكىدىن ئۈرۈشسىز غەنىيمەت قىلىپ بەرگەنلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سىلەر ئۇرۇش قىلمىدىڭلار، ئات ياكى تۆگىلەرنى چاپتۇرۇپ ئۇرۇش مەيدانىغا بارمىدىڭلار ۋە ھېچقانداق جاپا-مۇشەققەت تارتمىدىڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر، ئۇ پەيغەمبەرلىرىنى دۈشمەنلىرىدىن خالىغان بىرلىرىنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمران قىلىدۇ. شۇڭا سىلەر ئولجا ئالغان بۇ مال-دۇنيالار ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق ئىشلارغا، پەيغەمبەرنىڭ تۇغقانلىرىغا، يېتىملەرگە، يوقسۇللارغا، خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

---

[1] قاتار دۆلەتلىك «پەتىۋا كومىتېتى»نىڭ 48525- نومۇرلۇق پەتىۋاسىدىن.

بۇ ئايەتلەر شۇنى ئىزاھلايدۇكى، گويا ئاللاھ تائالا مال-دۇنيانى ۋە بارلىق دۇنيا مەنپەئەتلىرىنى پەقەت بەندىنىڭ رەببىگە يېقىنلىق ھاسىل قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈنلا يارىتىپ بەرگەن. ئەگەر بۇ مال-دۇنيا سەرپ قىلىنىشى تەلەپ قىلىنغان تەرەپلەرگە سەرپ قىلىنماي، باشقا تەرەپلەرگە سەرپ قىلىنسا ياكى ئۇنىڭغا كاپىرلار ئىگە بولۇۋالغان بولسا، بۇ چاغدا بۇ مال-دۇنيا ئۆزىنىڭ ئەسلى ئورنىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتىلا ئۆزىنىڭ ئورنىغا چۈشكەن بولىدۇ ۋە ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىنىدۇ. شۇڭا ئايەتتە: ﴿ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ئۇرۇشسىز غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن ھەرقايسى يۇرت ئاھالىلىرىنىڭ مال-مۈلۈكى...﴾ دەپ كەلگەن.

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن، بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ مال-مۈلۈكىدىن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇرۇشسىز غەنىيمەت قىلىپ بەرگەنلىرىنىڭ تەقسىماتىنى بىلدۇق، ئەمدى باشقا كاپىرلاردىنمۇ شۇنداق مال-دۇنيا قالسا، ئۇنى قانداق تەقسىم قىلىش كېرەك؟ ئاللاھ تائالا بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئاللاھ پەيغەمبىرىگە (ھەرقايسى) يۇرت ئاھالىلىرىدىن ئۇرۇشسىز غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن مال-مۈلۈكلەر ئاللاھنىڭ، پەيغەمبەرنىڭ، پەيغەمبەرنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ، يېتىملەرنىڭ، يوقسۇللارنىڭ ۋە يول خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارنىڭ ھەققىدۇر﴾ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئۇرۇشسىز قولغا كەلگەن غەنىيمەتتىن ئاللاھ تائالانىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈلۈشىنىڭ ھەممىسى مۇھاجىرلارغا تارقىتىپ بېرىلگەن بولۇپ، ئەنسارلاردىن ناھايىتى يوقسۇل ئىككى كىشىدىن باشقىلارغا بېرىلمىگەن. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان ئۈلۈش ئىسلام ئەسكەرلىرىنى جابدۇش ئىشلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ خىراجىتىگە ئىشلىتىلگەن. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتلاردا ئەسكەرلەرنىڭ مائاشى يوق ئىدى. ئەسكەرلەرگە مائاش بەلگىلەش ئىشى ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ زامانىدىن بېرى يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان.

ئى مۇسۇلمانلار! پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، ئۇ سىلەرنى توسقاندىن توسۇلۇڭلار، ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ بۇيرۇش ۋە توسۇش ئىشلىرىدىكى دەستۇرىدۇر.

﴿(ئۇ غەنىيمەتنىڭ بىر قىسمى) يۇرت-ماكانلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال-مۈلۈكىدىن ئايرىلغان، ئاللاھنىڭ پەزلىنى ۋە را-

زىلىقىنى ئىزدەپ، ئاللاھنىڭ دىنىغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدىغان يوقسۇل مۇھاجىرلارنىڭ ھەققىدۇر. ئەنە شۇلار (ئىماندا) راستچىل كىشىلەردۇر﴾ دېگەن بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئۇرۇشسىز قولغا كەلگەن ئولجىنىڭ بىر قىسمىنى «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ يۇرت-ماكانلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال-مۈلۈكىدىن ئايرىلغان، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش، پەيغەمبەرگە ۋە دىنغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن جانلىرىنى پىدا قىلغان يوقسۇل مۇھاجىرلارغا بېرىشنى تەۋسىيە قىلغان. ئاندىن ئۇلارنى ئىماندا راستچىل، ئەقىدىسىدە مۇستەھكەم كىشىلەر دەپ ماختىغان.

﴿ئۇلاردىن ئىلگىرى مەدىنىنى ھىجرەت ۋە ئىمان يۇرتى قىلىپ تەييارلىغان (ئەنسار)لار ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەن (مۇھاجىر)لارنى ياخشى كۆرىدۇ﴾ . ئەنسارلار مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ ئەسلى پۇقرالىرى بولغان، ئىسلام دۆلىتى ئۈچۈن ئۇ جايدا ئۇل ھازىرلىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە بارلىق مۇھاجىرلارغا ئۆز ئىشىكلىرىنى ئاچقان، مۇھاجىرلار بىلەن ئاللاھ يولىدا قېرىنداش بولغان، ئۇلارغا قىلغان ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەملىرى ئۈچۈن كۆڭۈللىرى سىقىلمىغان، قىلچىلىك راھەتسىزلىك ھېس قىلمىغان، ئۇلارغا بېرىلگەن غەنىيمەتلەرگە ئىچى تارلىق قىلمىغان، ئۇلارغا بارلىقىنى ئاتىغان ۋە ھېچ بېخىللىق قىلمىغان، ئۆزلىرى ھاجەتمەن تۇرۇقلۇق، تاپقىنىنى مۇھاجىرلاردىن ئايىمىغان ئۇلۇغلىك كىشىلەردۇر.

ھەقىقەتەن ئەنسارلار دۇنيا تارىخىدا دىنىي قېرىنداشلىقنىڭ ئۆچمەس نەمۇنىسىنى ياراتقان كىشىلەردۇر. دۇنيادا ئۇلاردەك دىنىي قېرىنداشلىقنى ۋايىغا يەتكۈزگەن بىرەر مىللەت، بىرەر جامائەت ۋە بىرەر قەۋم يوق. چۈنكى، مۇھاجىرلار مال-مۈلۈكىنى، ئائىلىسىنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىسىنى مەككىدە قويۇپ، مەدىنىگە ئەنسارلارنىڭ يېنىغا كەلگەن ۋاقتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارلار بىلەن مۇھاجىرلارنى بىر-بىرى بىلەن قېرىنداش بولۇشقا ۋە بىر- بىرىگە ياردەم قىلىشقا بۇيرۇغاندا، ئەنسارلار تولۇپ تاشقان مەمنۇنلۇق ۋە رازىمەنلىك بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئەمرىنى قوبۇل قىلىپ، مال-مۈلۈكىنى مۇھاجىرلار بىلەن بۆلۈشۈدىغان، بىر-بىرىدىن مىراس ئالىدىغان بولغان، ھەتتا ئەنسارلاردىن بىردىن كۆپ ئايالى بولغانلار مەككىدىن كەلگەن بويتاق مۇھاجىر قېرىندىشىغا ئاياللىرىدىن قايسىسىنى خالىسا شۇنى تالاق قىلىپ، ئىددىتىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆيلەپ قويۇش

تەكلىپىنى سۇنغانلارمۇ بولغان. كېيىن ئاللاھ تائالا ئەنفال سۈرىسىدىكى ﴿وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنۢ بَعۡدُ وَهَاجَرُواْ وَجَٰهَدُواْ مَعَكُمۡ فَأُوْلَٰٓئِكَ مِنكُمۡۚ وَأُوْلُواْ ٱلۡأَرۡحَامِ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلَىٰ بِبَعۡضٖ فِي كِتَٰبِ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمُۢ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ كىتابىدا (بەلگىلەنگەن ھۆكۈمگە ئاساسەن)، ئۇرۇق-تۇغقانلار بىر-بىرىگە ۋارىس بولۇشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر﴾ [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىش ئارقىلىق مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر-بىرىدىن مىراس ئېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. «ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئىكرىمە، مۇجاھىد، قەتادە، ھەسەن قاتارلىقلار ‹بۇ ئايەت دىنىي قېرىنداشلىق سەۋەبى بىلەن بىر-بىرىدىن مىراس ئېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرغان ئايەتتۇر› دېگەن»[2].

بۇنداق سېخىيلىق، بۇنداق پىداكارلىق ئىنسانىيەت تارىخىدا بىرلا قېتىم بولغان. ئۇ بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە بولغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ ۋاقىتتىكى ئەنسارلارنىڭ ئىمانىنىڭ كاملىلىقىنى، نەپسىنىڭ پاكلىقىنى، روھىيىتىنىڭ ساپلىقىنى، ئەخلاقىنىڭ گۈزەللىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەقىقەتەن ئۇلار نەپسىنىڭ بېخىللىقىنى يەڭگەن ۋە مۇرادىغا يەتكەن كىشىلەردۇر. چۈنكى، بېخىللىق شۇنداق يامان ئىجتىمائىي ئىللەت بولۇپ، شۇ بېخىللىق سەۋەبلىك ئىنسانلار خارلىققا ۋە مۇستەملىكىگە ئۇچرايدۇ. چۈنكى، دىنىنى، ۋەتىنىنى قوغداش يولىدا پۇل-مېلىنى سەرپ قىلىشقا بېخىللىق قىلغان مىللەت ۋەتىنىدىن ۋە ھەرقانداق قىممەتلىك نەرسىلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ. بۇ تارىخنىڭ يەكۈنىدۇر.

﴿ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «ئى رەببىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۇئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، ئى رەببىمىز! شەكسىزكى، سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن» دەيدۇ﴾ يەنى مەككە فەتھى قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئىمان ئېيتقانلار، مۇھاجىرلارنىڭ ۋە ئەنسارلارنىڭ زامانىدىن كېيىن كەلگەن تابىئىنلار ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇلۇغلىك مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت ۋە رەھمەت تىلەيدۇ، ئۇلارغا قارىتا دىللىرىدا سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ زىيادە بولۇشىنى، ئەكسىچە ئۇلارغا قارشى دۈش-

[1] ئەنفال سۈرىسى: 75- ئايەت.

[2] «تفسير ابن كثير» 8-توم، 186-بەت.

مەنلىك ياكى ھەسەتخورلۇق ئىللەتلىرىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى يىراق قىلىشىنى تىلەيدۇ. شەكسىزكى، دىنىي جەھەتتىكى قېرىنداشلىق نەسەبتىكى قېرىنداشلىقتىن ئەلۋەتتە چوڭ ۋە مۇھىمدۇر. چۈنكى، ئاخىرەتتىمۇ داۋام قىلىدىغان قېرىنداشلىق دىنىي قېرىنداشلىقتۇر.

ساھابىلەرنىڭ دەرىجىسىگە تا قىيامەتكىچە ھېچكىم يېتەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن شۇنداق تاللاپ چىقارغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەڭدىشى يوق. شۇڭا بىزنىڭ ئۇلارنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىشىمىز، ئۇلار ھەققىدە ياخشى ۋە توغرا سۆزلەرنى قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى، ئۇلار بىزنىڭ ئۈلگىلىرىمىزدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىقتۇر.

2. مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارنى دوست تۇتۇش ئىماننىڭ ئالامىتى، ئۇلارنى يامان كۆرۈش پاسىقلىقتۇر.

3. ئۆزى ئېھتىياجلىق تۇرۇقلۇق باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيىش ئىماننىڭ كامالىتىدۇر.

4. بېخىللىقنىڭ زىيىنى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بېخىل ئادەملەر ئۆزىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

5. ئۈلگىلىك مۇسۇلمانلار تۆۋەندىكىلەردۇر:

ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ يولىدا يۇرتىنى، ئائىلىسىنى ۋە ھەممە نەرسىسىنى مەككىدە تاشلاپ قويۇپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلار.

مەدىنىدە مۇھاجىرلارنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇلارغا جاي بېرىپ يېنىدا تۇرغۇزغان، شۇنداقلا بارلىق ياردەملىرىنى ئايىمىغان ئەنسارلار.

تاقىيامەتكىچە ئىمان ۋە تەقۋالىقتا باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپ ياشايدىغان مۇسۇلمانلار.

## ◄ مۇناپىقلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ رەزىللىكى

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ نَافَقُواْ يَقُولُونَ لِإِخْوَٰنِهِمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنْ أَهْلِ ٱلْكِتَـٰبِ لَئِنْ أُخْرِجْتُمْ لَنَخْرُجَنَّ مَعَكُمْ وَلَا نُطِيعُ فِيكُمْ

أَحَدًا أَبَدًا وَإِن قُوتِلْتُمْ لَنَنصُرَنَّكُمْ وَٱللَّهُ يَشْهَدُ إِنَّهُمْ لَكَٰذِبُونَ ﴿١١﴾
لَئِنْ أُخْرِجُوا۟ لَا يَخْرُجُونَ مَعَهُمْ وَلَئِن قُوتِلُوا۟ لَا يَنصُرُونَهُمْ وَلَئِن
نَّصَرُوهُمْ لَيُوَلُّنَّ ٱلْأَدْبَٰرَ ثُمَّ لَا يُنصَرُونَ ﴿١٢﴾ لَأَنتُمْ أَشَدُّ رَهْبَةً فِى
صُدُورِهِم مِّنَ ٱللَّهِ ۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَّا يَفْقَهُونَ ﴿١٣﴾ لَا يُقَٰتِلُونَكُمْ
جَمِيعًا إِلَّا فِى قُرًى مُّحَصَّنَةٍ أَوْ مِن وَرَآءِ جُدُرٍۭ ۚ بَأْسُهُم بَيْنَهُمْ شَدِيدٌ ۚ
تَحْسَبُهُمْ جَمِيعًا وَقُلُوبُهُمْ شَتَّىٰ ۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَّا يَعْقِلُونَ ﴿١٤﴾
كَمَثَلِ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ قَرِيبًا ۖ ذَاقُوا۟ وَبَالَ أَمْرِهِمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ
أَلِيمٌ ﴿١٥﴾ كَمَثَلِ ٱلشَّيْطَٰنِ إِذْ قَالَ لِلْإِنسَٰنِ ٱكْفُرْ فَلَمَّا كَفَرَ قَالَ
إِنِّى بَرِىٓءٌ مِّنكَ إِنِّىٓ أَخَافُ ٱللَّهَ رَبَّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٦﴾ فَكَانَ عَٰقِبَتَهُمَآ
أَنَّهُمَا فِى ٱلنَّارِ خَٰلِدَيْنِ فِيهَا ۚ وَذَٰلِكَ جَزَٰٓؤُا۟ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٧﴾

## ◄ تەرجىمىسى

11-(ئى پەيغەمبەر!) مۇناپىقلارنىڭ ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىر دوستلىرىغا: «ئەگەر سىلەر (يۇرتۇڭلاردىن) چىقىرىۋېتىلسەڭلار، بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىللە چىقىپ كېتىمىز، سىلەرگە قارشى ئەسلا ھېچكىمگە ئىتائەت قىلمايمىز. ئەگەر سىلەرگە ئۇرۇش ئېچىلسا، بىز چوقۇم سىلەرگە ياردەم قىلىمىز» دېيىشكەنلىكىگە قارىمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار شەكسىز يالغانچىلاردۇر.

12-ئەگەر ئۇلار ھەقىقەتەن (يۇرتىدىن) ھەيدەپ چىقىرىلسا، مۇناپىقلار ئۇلار بىلەن بىللە چىقمايدۇ، ئەگەر ئۇلارغا راست ئۇرۇش ئېچىلسا، مۇناپىقلار ئۇلارغا ياردەم بەرمەيدۇ، ياردەم بەرگەن تەقدىردىمۇ چوقۇم ئارقىسىغا قاراپ قاچىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئەھلى كىتاب ياردەمسىز قالىدۇ.

13-شەكسىزكى، (ئى مۇئمىنلەر!) ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ئاللاھتىن بەكرەك سىلەردىن قورقۇش سىڭىپ كەتكەن. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) چۈشەنمەيدىغان قەۋمدۇر.

14-ئۇلار پەقەت مۇستەھكەم قورغان ئىچىدە ياكى تاملارنىڭ ئارقىسىدا تۇرغاندىلا، ئاندىن سىلەرگە قارشى بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلالايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى دۈشمەنلىكى قاتتىقتۇر، سەن ئۇلارنى ئۇيۇم دەپ ئويلاپ قالىسەن،

ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ دىللىرى تارقاقتۇر، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان قەۋمدۇر.

15-ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى تېخى يېقىندىلا ئۆتكەن ۋە قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى (بەدرى ئۇرۇشىدا) تېتىغان (مەككىلىك مۇشرىك-لارغا ئوخشايدۇ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتە ئىنتايىن) قاتتىق ئازاب بار.

16-مۇناپىقلار ئىنسانغا: «كاپىر بولغىن» دەپ ئازدۇرۇپ، ئۇ كاپىر بولغان چاغدا: «مېنىڭ سەن بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتىم يوق، مەن ھەقىقەتەن ئا-لەملەرنىڭ رەببى ئاللاھتىن قورقىمەن» دېگەن شەيتانغا ئوخشايدۇ.

17-ئۇ ئىككىسىنىڭ ئاقىۋىتى بىرلىكتە مەڭگۈلۈك دوزاخقا كىرىش بولدى، ئەنە شۇ زالىملارنىڭ جازاسىدۇر.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئۆزلىرىنى يالغاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدىن ساناپ يۈرگەن مۇناپىقلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلارنىڭ بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىغا بەرگەن يالغان ۋەدىلىرىدىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا مۇناپىقلارنىڭ كاتتىبېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ئۆزلىرىنىڭ كاپىر دوستلىرى بولغان بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىغا: «ئەگەر سىلەر مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ تەلپىگە ئاساسەن يۇرتۇڭلاردىن چىقىرىلساڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە يۇرتىمىزدىن چىقىپ كېتىمىز، بىز ھەرگىز سىلەرگە قارشى باشقىلار بىلەن بىرلەشمەيمىز، سىلەرگە زىيان بولىدىغان ئىشلاردا ھېچكىمگە بويسۇنمايمىز، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى تەرىپىدىن سىلەرگە قارشى ئۇرۇش ئېچىلسا، ئەلۋەتتە سىلەرگە ياردەم بېرىمىز، سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى بىرگە يوقىتىمىز» دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدى.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! رەببىڭلار گۇۋاھكى، مۇناپىقلار شەكسىز يالغانچىلاردۇر، ئۇلار مەيلى يەھۇدىيلارغا بولسۇن، مەيلى باشقىلارغا بولسۇن، بەرگەن ۋەدىلىرىگە ۋە تۈزگەن كېلىشىملىرىگە ھەرگىز ۋاپا قىلمايدۇ، ئۇلار قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەيدۇ. يەھۇدىيلار يۇرت-ماكانلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان تەقدىردىمۇ، بۇ مۇناپىقلار ھەرگىز ئۇلار بىلەن بىللە چىقىپ كەتمەيدۇ، يەھۇدىيلار ئۇرۇشقا چۈشكەن تەقدىردىمۇ، بۇ مۇناپىقلار ھەرگىز ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلمايدۇ، بۇ مۇناپىقلار مەيلى بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى بولسۇن، ياكى

باشقىلىرى بولسۇن، ھېچكىمگە ياردەم بەرمەيدۇ. چۈنكى، بۇ مۇناپىقلار يالغانچى، ئالدامچى ۋە ھىيلىگەر مەخلۇقلار بولۇپ، ۋەدىسىدە ھەرگىز تۇرمايدۇ، تۈزگەن كېلىشىم ۋە ئەھدىلىرىنى ئىككىلەنمەستىن بۇزىدۇ. ناۋادا بۇ مۇناپىقلار يەھۇدىي دوستلىرىنىڭ يۈز-خاتىرىسىنى قىلىپ ئۇلارنىڭ سېپىدە ئۇرۇشقا چىققان تەقدىردىمۇ، ئىسلام قوشۇنىنىڭ شەپىسىنى كۆرەر-كۆرمەيلا تىكىۋېتىدۇ، چۈنكى مۇناپىقلار قورقۇنچاق، نامەرد ۋە ئىرادىسىز كېلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قورقۇنچاقلىقى، نامەردلىكى ۋە ئىرادىسىزلىكىدىن ئۆز ئېتىقادىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ ۋە دىلىدىكى كۇفرىنى يوشۇرۇپ، ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانچە كۆرسىتىدۇ. بۇ قورقۇنچاقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. چۈنكى، ﴿(ئى مۇئمىنلەر!) ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ئاللاھتىن بەكرەك سىلەردىن قورقۇش سىڭىپ كەتكەن﴾ يەنى مۇناپىقلار قورقۇشقا ئەڭ لايىق بولغان ئاللاھ تائالادىن قورقماي سىلەردىن قورقىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان بولغانلىقتىن، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئەقلىنى ئىشلەتسە ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىشەنسە ئىدى، سىلەردىن ئەمەس، ئاللاھ تائالادىنلا قورققان ۋە مۇناپىقلىق ئىللىتىنى تاشلىغان بولاتتى. دېمەك، ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى قورقۇنچاقلىقتۇر.

مانا بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىن بەرگەن خەۋىرى بولۇپ، بۇ خەۋەر ئۆزۈنغا قالمايلا ئەمەلگە ئاشقان ئىدى. بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى يۇرت-ماكانلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان چاغدا، مۇناپىقلار ئۇلار بىلەن بىللە چىقىپ كېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلار ئۈچۈن ھېچبىر ئىش قىلىپ بېرەلمىدى، ئۇلارغا ياردەم قىلمىدى.

مۇناپىقلار بىلەن يەھۇدىيلار ھەرگىز سىلەر بىلەن تىغمۇ-تىغ ئېلىشىشقا ۋە نەق مەيداندا ئۇرۇش قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككى قەۋم قورقۇنچاقلىقتا، نامەردلىكتە ۋە ئىرادىسىزلىكتە ئورتاقلىققا ئىگە. يەھۇدىيلارنىڭ قورقۇنچاقلىقى مۇناپىقلارنىڭكىدىن ھەرگىزمۇ كەم ئەمەس. شۇڭا ئۇلار پەقەت مۇستەھكەم قورغانلارنىڭ ئىچىدە ياكى ئېگىز تاملارنىڭ ئارقىسىدا تۇرغاندىلا، ئاندىن سىلەرگە قارشى ئۆزئارا بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلالايدۇ. ئۇلارنىڭ سىلەرگە قارشى بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ ئۆزئارىسىدا ئىناق ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزئارىسىدا تارقاقتۇر، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئىختىلاپلىرى بەكمۇ قاتتىقتۇر. يەنى مۇناپىقلار بىلەن يەھۇدىيلار تاشقى كۆرۈنۈشتە سىلەرگە قارشى زور كۈچتەك كۆرۈنگەن بىلەن ئۇلار ئۇنداق كۈچلۈك ئەمەس. شۇڭا

ئۇلار سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن مەيدانغا چۈشەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارىسىدا ئەمەلىي بىرلىك يوق، ئۇلار پەقەت مەنپەئەت يۈزىسىدىنلا ۋاقىتلىق بىرلىشىدۇ، ئاندىن يەنە ئايرىلىدۇ. مانا بۇ ﴿سەن ئۇلارنى ئۆم دەپ ئويلاپ قالىسەن، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ دىللىرى تارقاقتۇر﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىدۇر.

شەكسىز ھەقىقەت شۇكى، مۇناپىقلار بىلەن يەھۇدىيلار ئاخىرەتكە ئىشەنمىگەنلىكتىن، بۇ دۇنيا ھاياتىنى بەكلا ياخشى كۆرىدۇ، ئۆلۈمدىن بەك قورقىدۇ. ئەمما مۇئمىنلەر ئاخىرەتتە شېھىتلەر ئېرىشىدىغان كاتتا مۇكاپاتلارغا ئىشەنگەنلىكتىن، ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ ۋە شېھىت بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىمۇ خۇددى ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى بەدرى ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى يەتكۈچە تېتىغان مەككىلىك مۇشرىكلارغا ئوخشاش قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تېتىيدۇ ۋە چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىغا ياردەم قىلىمىز دەپ يالغاندىن ۋەدە بەرگەن مۇناپىقلار خۇددى ئىنسانغا: ﴿«كاپىر بولغىن» دەپ ئازدۇرۇپ، ئۇ كاپىر بولغان چاغدا: «مېنىڭ سەن بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتىم يوق، مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھتىن قورقىمەن﴾ دېگەن ئالدامچى شەيتانغا ئوخشايدۇ. چۈنكى، بۇ مۇناپىقلار بىلەن شەيتانلار ئوخشاشلا ئالدامچى مەخلۇقلار بولۇپ، مۇناپىقلار بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنى ئالدىغان بولسا، شەيتان پۈتۈن ئىنسان ئەۋلادىنى ئالدايدۇ.

شەيتانغا ئالدىنىپ كەتكەن ئىنسان شۇ شەيتان بىلەن بىرلىكتە دوزاخقا كىرىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككىسىنىڭ ئاقىۋىتى بىللە دوزاخقا تاشلىنىپ قىينىلىش بولغانلىقتىن، ئۇلار مەڭگۈلۈك ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ ئورنى بولغان دوزاختا مەڭگۈلۈك قالىدۇ. مانا بۇ كىشىلەرنى ئازدۇرغان ئازغۇن يولباشچىلار بىلەن ئۇلارغا ئالدىنىپ كېتىپ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان ئەخمەقلەرنىڭ جازاسىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1.ئىسلام نەزىرىدە كاپىرلارنىڭ ھەممىسى بىر مىللەتتۇر.

2. ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش مۇناپىقلىقنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىللەتلىرىدىن بىرىدۇر.

3. قورقۇنچاقلىق بىلەن نامەردلىك يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلارنىڭ ئەڭ

ئاساسلىق ئالامەتلىرىدۇر.

4. گەرچە بارلىق كاپىرلار ئىسلامغا قارشى بىر سەپتە بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز ئارىسىدا ئىختىلاپ ئىچىدىدۇر.

5. شەيتانغا ئەگەشكەنلەرنىڭ كۆزىگە يامانلىق ياخشىلىقتەك كۆرۈنىدۇ.

## ◄ تەقۋالىق ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتى

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَلۡتَنظُرۡ نَفۡسٞ مَّا قَدَّمَتۡ لِغَدٖۖ
وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ ١٨ وَلَا تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ
نَسُواْ ٱللَّهَ فَأَنسَىٰهُمۡ أَنفُسَهُمۡۚ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡفَٰسِقُونَ ١٩ لَا يَسۡتَوِيٓ
أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِ وَأَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِۚ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِ هُمُ ٱلۡفَآئِزُونَ ٢٠
لَوۡ أَنزَلۡنَا هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانَ عَلَىٰ جَبَلٖ لَّرَأَيۡتَهُۥ خَٰشِعٗا مُّتَصَدِّعٗا مِّنۡ
خَشۡيَةِ ٱللَّهِۚ وَتِلۡكَ ٱلۡأَمۡثَٰلُ نَضۡرِبُهَا لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ ٢١
هُوَ ٱللَّهُ ٱلَّذِي لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ عَٰلِمُ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِۖ هُوَ ٱلرَّحۡمَٰنُ
ٱلرَّحِيمُ ٢٢ هُوَ ٱللَّهُ ٱلَّذِي لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡمَلِكُ ٱلۡقُدُّوسُ ٱلسَّلَٰمُ
ٱلۡمُؤۡمِنُ ٱلۡمُهَيۡمِنُ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡجَبَّارُ ٱلۡمُتَكَبِّرُۚ سُبۡحَٰنَ ٱللَّهِ عَمَّا
يُشۡرِكُونَ ٢٣ هُوَ ٱللَّهُ ٱلۡخَٰلِقُ ٱلۡبَارِئُ ٱلۡمُصَوِّرُۖ لَهُ ٱلۡأَسۡمَآءُ ٱلۡحُسۡنَىٰۚ
يُسَبِّحُ لَهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ٢٤﴾

## ◄ تەرجىمىسى

18ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەتە (قىيامەت) ئۈچۈن نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قاراپ باقسۇن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

19ـ سىلەر ئاللاھنى ئۇنتۇغان، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.

20ـ دوزاخ ئەھلى بىلەن جەننەت ئەھلى باراۋەر بولمايدۇ، جەننەت ئەھلى بولسا مۇرادىغا يەتكۈچىلەردۇر.

21ـ ئەگەر بىز بۇ قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلغان بولساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ

ئاللاھتىن قورقانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ، بىز بۇ مىساللارنى ئىنسانلارغا تەپەككۇر قىلسۇن دەپ بايان قىلىۋاتىمىز.

22ـئۇ (شۇنداق) ئاللاھتۇركى، ئۇنىڭدىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ناھايىتى مېھرىباندۇر، تولىمۇ شەپـقەتلىكتۇر.

23ـئۇ (شۇنداق) ئاللاھتۇركى، ئۇنىڭدىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر. (بارلىق نۇقساندىن) پاكتۇر، سالامەتلىك بەرگۈچىدۇر ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرگۈچىدۇر، (ھەممىنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر. ئاللاھ (مۇشرىكلار) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلەردىن پاكتۇر.

24ـئۇ (ھەممىنى) ياراتقۇچى، يوقتىن پەيدا قىلغۇچى، (ھەممە نەرسىگە) شەكىل بەرگۈچى ئاللاھتۇر، ئۇنىڭ ئەڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ (ھەممىدىن) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە، يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئاقىۋىتى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە مۇسۇلمانلارغا ئاخىرەت ھاياتىنى ئەسلىتىش ئارقىلىق ئۇلارغا ئۈگۈت بېرىلگەن. ئاندىن ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغانلار بىلەن ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغانلارنىڭ ئاخىرەتتە ھەرگىز باراۋەر بولمايدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالانىڭ بەزى گۈزەل سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! نەدىلا بولساڭلار ۋە قانداقلا بىر ئىشنى قىلساڭلار ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى قەتئىي ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار، ھەرگىز غەپلەتتە قالماڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. ھەركىم ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن قانداق ۋە قايسى ئەمەللەرنى قىلىدىغانلىقىغا قاراپ باقسۇن، قىيامەت كۈنى ھېساب بېرىشتىن ئاۋۋال مۇشۇ دۇنيادا ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئالسۇن!

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار ۋە ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلىڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. قىيامەت كۈنى سىلەر شۇنىڭغا ئاساسەن مۇكاپاتقا ياكى جازاغا

ئېرىشىسىلەر.

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كۆرسەتمىلىرىدە، ئاخىرەتلىكنى ھەممىنىڭ ئالدىدا قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى، دۇنيالىقنى دەپ ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇپ كېتىشنىڭ خاتالىقى، ئىنسان نەدىلا بولسۇن ۋە نېمە ئىش قىلسۇن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئەمەللىرىنى كۆرۈپ، كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىر لەھزىمۇ ئېسىدىن چىقارماسلىقى، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇپ قېلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى تەكىتلىنىدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ھەرگىز ئۇستىدىكى ئاللاھ تائالانىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى ئۇنتۇغان، ئاللاھ تائالانى لايىقىدا قەدىرلىمىگەن، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ كېتىش ئارقىلىق توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن، گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە پاتقان پاسىق كىشىلەردۇر. سىلەر ھەرگىز ئۇلارغا ئوخشاش بولماڭلار. شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى سەۋەبلىك دوزاخ ئەھلىدىن بولىدىغانلار بىلەن ئاللاھ تائالادىن قورققانلىقى ۋە ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلغانلىقى يۈزىسىدىن جەننەتكە ھەقلىق بولغانلار باراۋەر بولمايدۇ. چۈنكى، جەننەت ئەھلى بولىدىغانلار مۇرادىغا يەتكەنلەردۇر، ھەقىقىي بەختكە ئېرىشىدىغانلار ئەنە شۇلاردۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ نەقەدەر غەپلەت ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرەت ھاياتىدىن تولىمۇ بىغەم ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەرمەكتە. گويا ئىنسانلارنىڭ تولىسى جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلىنىڭ پەرقىنى بىلمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالغان. بۇ مۇئمىنلەرگە ئاخىرەتنى ئەسلىتىش ۋە خاتىرىلىتىشتۇر. بۇ خۇددى ئۆز قېرىندىشىغا يامانلىق قىلماقچى بولغان بىرىگە: «ئۇ سېنىڭ قېرىندىشىڭدۇر!» دەپ خاتىرىلەتكەنگە ئوخشاش بىر خاتىرىلىتىشتۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۇنتۇماڭلاركى، قولۇڭلاردا ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم» بار، ئۇ دىلىڭلارنى ئاقارتىشقا، كۆڭلۈڭلارنى يۇمشىتىشقا يېتەرلىك ۋەز-نەسىھەتلەرنى، قەلبلەرنى ئېرىتىدىغان ئۇگۇتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇلۇغ كىتابتۇر. سىلەر قانداقمۇ ئۇنىڭدىن ئۇگۇت-نەسىھەت ئالمايسىلەر؟ قانداقمۇ ئۇنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان ۋاقىتىڭلاردا قەلبىڭلار يورۇپ، كۆڭلۈڭلار يۇمشاپ كەتمەيدۇ؟ ئەگەر بىز بۇ قۇرئاننى تاغقا نازىل قىلغان بولساق ۋە تاغنىڭمۇ سىلەردەك ئەقلى ۋە قەلبى

بولغان بولسا، ئۇ تاغنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن قورقانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى ۋە يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭلار. روشەنكى، بۇ بىر ئوخشىتىشتۇر، بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە قەلبلەرگە بېرىدىغان تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن بىر مىسالدۇر. ﴿بىز بۇ مىساللارنى ئىنسانلارغا تەپەككۇر قىلسۇن دەپ بايان قىلىۋاتىمىز﴾ .

شۇنىمۇ ئۇنتۇماڭلاركى، «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلغان ۋە سىلەرنى تەقۋالىققا بۇيرۇغان زات ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى، جىمى مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچى ئىگىسى، ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان ۋە مەڭگۈگە شۇنداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان رەببىڭلار ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق بولغان بىرەر مەبۇد يوقتۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە تولىمۇ مېھرىبان ۋە تولىمۇ شەپقەتلىكتۇر. ﴿وَرَحۡمَتِي وَسِعَتۡ كُلَّ شَيۡءٖ﴾ يەنى ﴿مېنىڭ رەھمىتىم (بۇ دۇنيادا) مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئومۇمىدۇر﴾[1] . ئاللاھ تائالا ھەممىنىڭ ئىگىسىدۇر، يېگانە پادىشاھتۇر، ھەممە ئىش ۋە ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىنى ئۆزى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىدۇ. ﴿أَلَا لَهُ ٱلۡخَلۡقُ وَٱلۡأَمۡرُۗ﴾ يەنى ﴿بىلىڭلاركى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر﴾[2].

ئاللاھ تائالادىن باشقا ئېتىقاد قىلىنىشقا ۋە ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق بولغان ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ تائالا خالىغان كىشىنى ئەزىز قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى خار قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئۆزى خالىغان ئېھسانىنى قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى ئاتا-ئېھساندىن مەھرۇم قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر. ئۇ بارچە ئەيىب-نۇقساندىن ۋە كەمچىلىكتىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، ئۇ ئامانلىق مەنبەسىدۇر، ئامانلىق بەرگۈچىدۇر، ھەممىگە خاتىرجەملىك بېغىشلىغۇچىدۇر، ئۇزىنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ھەممىدىن غالىبتۇر، ئۇلۇغلۇق ۋە كاتتىلىقنىڭ ئىگىسىدۇر. بۇ ئىسىل سۈپەتلەرنىڭ ئىگىسى بولغان جانابى ئاللاھ تائالا مۇشرىكلار شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر. ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىنى ياراتقان، ئۇلارنى يوقتىن پەيدا قىلغان، مەۋجۇداتنىڭ ھەربىرىگە مۇناسىپ شەكىل ۋە سۈرەت ئاتا قىلغان زاتتۇر. ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ گۈزەل ئىسىملار ئۇنىڭدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ بارچە نۇقسانلاردىن پاك ۋە مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى نامايان

---

[1] ئەئراف سۈرىسى:156-ئايەت.
[2] ئەئراف سۈرىسى:54-ئايەت.

قىلىپ، ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇنى مەدھىيەلەيدۇ. ئاللاھ تائالا مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ھەممىدىن غالىبتۇر، ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكمىنى قايتۇرغۇچى ياكى توسۇپ قالغۇچى يوقتۇر، ئۇ ھەربىر ئىشنى ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرغۇچىدۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. تەقۋالىق مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئەڭ ئالىي ئۇنۋانىدۇر.

2. ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى قەتئىي ئەستىن چىقارماسلىقى لازىم.

3. گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە چۆكۈش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ كەتكەنلەرنى ئاللاھ تائالامۇ ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۇنتۇلغانلار ئۇنىڭ ياردىمىدىن، ھىدايىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ ۋە ئازغۇنلۇققا پاتىدۇ.

4. جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلى ھەرگىزمۇ تەڭ بولمايدۇ. چۈنكى، جەننەت ئەھلى ئەڭ كاتتا نېمەتلەرگە، ئىپسىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشسە، دوزاخ ئەھلى يېمىكىگە زەققۇم ۋە ئىچىشىگە قايناق سۇدىن باشقىسىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

5. «قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر ۋە ھەقىقىي يېتەكچىدۇر.

6. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى بىلىش ئاللاھ تائالاغا قارىتا تونۇشنى ئاشۇرىدۇ.

7. دۇئادا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىش ياخشىدۇر.

# مۇمتەھىنە سۈرىسى

مۇمتەھىنە سۈرىسى مەدىنىدە نازىل بولغان، 13 ئايەتلىك سۈرىدۇر. بۇ سۈرە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشرىكلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ چەك-چېگراسىنى تولۇق ئايرىغان بولۇپ، مەيلى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىقتا بولسۇن، مەيلى ئۇرۇش ۋە تىنچلىق تەرەپتىن بولسۇن، مەيلى ئەر-ئاياللىق ھاياتىدا بولسۇن، بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چەك-چېگرا ئېنىق بەلگىلەنگەن، مۇسۇلمان بىلەن مۇشرىكنىڭ بىر-بىرىگە ئۆيلىنىشى چەكلەنگەن. ئاخىردا، ئاياللارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانداق بەيئەت قىلغانلىقى بايان قىلىنغان ۋە مۇسۇلمانلار كاپىرلارنى دوست تۇتۇشتىن قەتئىي تۈردە مەنئى قىلىنغان[1].

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىنى پاكلاش ۋە ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتۇشنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى 10-ئايەتتە كەلگەن ﴿فَٱمۡتَحِنُوهُنَّۖ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنى (ئىمانى خۇسۇسىدا) سىناپ كۆرۈڭلار﴾ دېگەن كەلىمىدىن ئېلىنىپ، «الْمُمْتَحِنَةُ» «مۇمتەھىنە» دەپ ئاتالغان. مۇمتەھىنە - ئىمتىھان قىلىنغۇچى ئايال دېگەنلىكتۇر.

## ◄ كاپىرلارغا تەرەپدار بولماسلىق ۋە ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ عَدُوِّي وَعَدُوَّكُمۡ أَوۡلِيَآءَ
تُلۡقُونَ إِلَيۡهِم بِٱلۡمَوَدَّةِ وَقَدۡ كَفَرُواْ بِمَا جَآءَكُم مِّنَ ٱلۡحَقِّ يُخۡرِجُونَ

[1] التفسير الواضح» 3- توم، 655- بەت.

ٱلرَّسُولَ وَإِيَّاكُمۡ أَن تُؤۡمِنُواْ بِٱللَّهِ رَبِّكُمۡ إِن كُنتُمۡ خَرَجۡتُمۡ جِهَٰدٗا
فِي سَبِيلِي وَٱبۡتِغَآءَ مَرۡضَاتِيۚ تُسِرُّونَ إِلَيۡهِم بِٱلۡمَوَدَّةِ وَأَنَا۠ أَعۡلَمُ بِمَآ
أَخۡفَيۡتُمۡ وَمَآ أَعۡلَنتُمۡۚ وَمَن يَفۡعَلۡهُ مِنكُمۡ فَقَدۡ ضَلَّ سَوَآءَ ٱلسَّبِيلِ
﴿١﴾ إِن يَثۡقَفُوكُمۡ يَكُونُواْ لَكُمۡ أَعۡدَآءٗ وَيَبۡسُطُوٓاْ إِلَيۡكُمۡ أَيۡدِيَهُمۡ
وَأَلۡسِنَتَهُم بِٱلسُّوٓءِ وَوَدُّواْ لَوۡ تَكۡفُرُونَ ﴿٢﴾ لَن تَنفَعَكُمۡ أَرۡحَامُكُمۡ
وَلَآ أَوۡلَٰدُكُمۡۚ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ يَفۡصِلُ بَيۡنَكُمۡۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ
﴿٣﴾ قَدۡ كَانَتۡ لَكُمۡ أُسۡوَةٌ حَسَنَةٞ فِيٓ إِبۡرَٰهِيمَ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥٓ إِذۡ قَالُواْ
لِقَوۡمِهِمۡ إِنَّا بُرَءَٰٓؤُاْ مِنكُمۡ وَمِمَّا تَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ كَفَرۡنَا
بِكُمۡ وَبَدَا بَيۡنَنَا وَبَيۡنَكُمُ ٱلۡعَدَٰوَةُ وَٱلۡبَغۡضَآءُ أَبَدًا حَتَّىٰ تُؤۡمِنُواْ
بِٱللَّهِ وَحۡدَهُۥٓ إِلَّا قَوۡلَ إِبۡرَٰهِيمَ لِأَبِيهِ لَأَسۡتَغۡفِرَنَّ لَكَ وَمَآ أَمۡلِكُ لَكَ
مِنَ ٱللَّهِ مِن شَيۡءٖۖ رَّبَّنَا عَلَيۡكَ تَوَكَّلۡنَا وَإِلَيۡكَ أَنَبۡنَا وَإِلَيۡكَ ٱلۡمَصِيرُ
﴿٤﴾ رَبَّنَا لَا تَجۡعَلۡنَا فِتۡنَةٗ لِّلَّذِينَ كَفَرُواْ وَٱغۡفِرۡ لَنَا رَبَّنَآۖ إِنَّكَ أَنتَ
ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٥﴾ لَقَدۡ كَانَ لَكُمۡ فِيهِمۡ أُسۡوَةٌ حَسَنَةٞ لِّمَن كَانَ
يَرۡجُواْ ٱللَّهَ وَٱلۡيَوۡمَ ٱلۡأٓخِرَۚ وَمَن يَتَوَلَّ فَإِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡغَنِيُّ ٱلۡحَمِيدُ
﴿٦﴾ ۞ عَسَى ٱللَّهُ أَن يَجۡعَلَ بَيۡنَكُمۡ وَبَيۡنَ ٱلَّذِينَ عَادَيۡتُم مِّنۡهُم مَّوَدَّةٗۚ
وَٱللَّهُ قَدِيرٞۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٧﴾ لَّا يَنۡهَىٰكُمُ ٱللَّهُ عَنِ ٱلَّذِينَ لَمۡ
يُقَٰتِلُوكُمۡ فِي ٱلدِّينِ وَلَمۡ يُخۡرِجُوكُم مِّن دِيَٰرِكُمۡ أَن تَبَرُّوهُمۡ وَتُقۡسِطُوٓاْ
إِلَيۡهِمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلۡمُقۡسِطِينَ ﴿٨﴾ إِنَّمَا يَنۡهَىٰكُمُ ٱللَّهُ عَنِ ٱلَّذِينَ
قَٰتَلُوكُمۡ فِي ٱلدِّينِ وَأَخۡرَجُوكُم مِّن دِيَٰرِكُمۡ وَظَٰهَرُواْ عَلَىٰٓ إِخۡرَاجِكُمۡ
أَن تَوَلَّوۡهُمۡۚ وَمَن يَتَوَلَّهُمۡ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٩﴾

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر مېنىڭ يولۇمدا جىهاد قىلىپ ۋە رازىلىقىمنى تىلەپ چىققان بولساڭلار، مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلار سىلەرگە كەلگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان ئىدى، سىلەر رەببىڭلار ئاللاھقا ئىمان ئېيتقىنىڭلار ئۈچۈن، ئۇلار پەيغەمبەرنى ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. (شۇنداق تۇرسىمۇ يەنىلا) سىلەر ئۇلارغا يوشۇرۇن دوستلۇق يەتكۈزۈۋاتىسىلەر. ھالبۇكى، مەن سىلەر يوشۇرغان ۋە ئاشكارا قىلغان ئىشلىرىڭلارنى تولۇق بىلىپ تۇرىمەن. سىلەردىن كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن (يەنى ئۇلارغا دوستلۇق يەتكۈزىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ.

2ـ ئەگەر ئۇلار سىلەرنى قولغا چۈشۈرسە، سىلەرگە دۈشمەن بولىدۇ، سىلەرگە قوللىرىنى، تىللىرىنى يامانلىق بىلەن ئۇزىتىدۇ، سىلەرنىڭ كاپىر بولۇشۇڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ.

3ـ قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ تۇغقانلىرىڭلار ۋە ئەۋلادلىرىڭلار سىلەرگە ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، ئاللاھ سىلەرنى ئايرىۋېتىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

4ـ ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلاردا سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن گۈزەل ئۈلگە بار. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئۆز قەۋمىگە: «ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلاردىن ئادا-جۇدامىز، بىز سىلەرنى (ۋە چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارنى) ئىنكار قىلدۇق. تاكى سىلەر يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانغا قەدەر سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا مەڭگۈلۈك ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك باش كۆتۈردى» دېگەن ئىدى. لېكىن، ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا ئېيتقان: «ئەلۋەتتە ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھتىن كېلىدىغان (ئازابتىن) ھېچ نەرسىنى سەندىن توسۇپ قالالمايمەن» دېگەن سۆزى ئۈلگە قىلىش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. (ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلار مۇنداق دۇئا قىلدى) «ئى رەببىمىز! ساڭىلا تاياندۇق، ساڭىلا يۈزلەندۇق، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر.

5ـ ئى رەببىمىز! كاپىرلارنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن، ئى رەببىمىز! بىزگە مەغپىرەت قىلغىن. شەكسىزكى، سەن (ھەممىدىن) غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن».

6ـ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەردە سىلەرگە ـ ئاللاھنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ياخشى ئۈلگە بار. كىمكى (ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئۈلگە قىلىڭلار، كاپىرلارنى دۈشمەن

تۇتۇڭلار دېگەن ئەمرىدىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، شۇبھىسىزكى، ئاللاھ (ئۇنىڭغا) موھتاج ئەمەستۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر.

7ـ ئاللاھ سىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سىلەر دۈشمەنلەشكەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

8ـ ئاللاھ سىلەرنى (كاپىرلاردىن) سىلەر بىلەن دىن توغرىسىدا ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن ۋە ئادالەتلىك بولۇشتىن توسمايدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

9ـ ئاللاھ سىلەرنى دىن خۇسۇسىدا سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشتىن توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئەنە شۇلار ھەقىقەتەن زالىملاردۇر.

### ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە كېلىشىچە، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى، زۇبەيرنى ۋە مىقدادنى «رەۋزەتۇ خاخ» دېگەن (مەككە بىلەن مەدىنە ئوتتۇرىسىدىكى بىر) جايغا بېرىڭلار، ئۇ يەردە كاجىۋۇا ئۈستىدە بىر ئايال بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر خەت بار، شۇنى ئېلىپ كېلىڭلار، دەپ بۇيرىدى. بىز ناھايىتى تېزلىكتە بېرىپ، ئايالنى تاپتۇق ۋە ئۇنىڭدىكى خەتنى سورىدۇق. ئايال دەسلەپتە ئىنكار قىلىپ چىڭ تۇردى. ئەمما بىز ئۇنى قورقۇتۇپ تەھدىت سالغاندىن كېيىن، خەتنى چېچىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ بەردى. خەتنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدۇق. خەت ھاتىب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئە دېگەن كىشىنىڭ مەككە مۇشرىكلىرىغا ئەۋەتكەن مەخپىي خېتى بولۇپ، ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىنى فەتھى قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقى يېزىلغان ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاتىبنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋالنى سورىغاندا، ھاتىب ئۆزىنىڭ مۇرتەد بولمىغانلىقىنى، مۇناپىقمۇ ئەمەسلىكىنى، پەقەت مەككىدە ئەھلى ئەۋلادى قالغانلىقتىن، ئۇلارنى قوغداش يۈزىسىدىن ئۆز تەدبىرلىرىنى ئېلىشنى ئۈمىد قىلىپ بۇ خەتنى يازغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئېتىراپقا قارىتا: ‹راست سۆزلەۋاتىدۇ› دېدى،

ئەمما ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۇنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇرماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى توسۇۋالدى ۋە ھاتىبنىڭ بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان مۇجاھىدلاردىن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر مېنىڭ يولۇمدا جىھاد قىلىپ ۋە رازىلىقىمنى تىلەپ چىققان بولساڭلار، مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىنى دوست تۇتماڭلار﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى»[1]. مەلۇمكى، بۇ مەنىدە نازىل بولغان ئايەتلەر كۆپتۇر. مەسىلەن: ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ ٱلْيَهُودَ وَٱلنَّصَـٰرَىٰٓ أَوْلِيَآءَ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! يەھۇدىيلارنى ۋە خىرىستىيانلارنى دوست تۇتماڭلار﴾[2]، ﴿لَّا يَتَّخِذِ ٱلْمُؤْمِنُونَ ٱلْكَـٰفِرِينَ أَوْلِيَآءَ مِن دُونِ ٱلْمُؤْمِنِينَ﴾ يەنى ﴿مۇئمىنلەر مۇئمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن﴾[3] دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالىدۇر.

## ◄ تەپسىرى

ئى ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن ئىشەنگەنلىكتىن، دىلى ئىمان بىلەن بېزەلگەن، ئۆزى ئىمان بىلەن شەرەپلەنگەن، ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان مۇئمىنلەر! سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمىنى، ئۆزۈڭلارنىڭمۇ دۈشمىنى بولغان كاپىرلارنى ھەرگىز دوست تۇتماڭلار، ئۇلارغا قەلبىڭلارنى ئاچماڭلار، ئۇلارغا سىرلىرىڭلارنى بەرمەڭلار. ئۇلارنى دوست تۇتۇش، ئۇلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ سىرلىرىنى يەتكۈزۈش سىلەرگە ھەرگىز لايىق كەلمەيدۇ. ئۇلارغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىڭلار ۋە دىلىڭلاردىن ئورۇن بېرىشىڭلار قەتئىي توغرا ئەمەس.

ئاللاھ تائالا بىزنى كاپىرلارنى دوست تۇتۇشتىن، ئۇلارغا تەرەپدار بولۇشتىن ۋە ئۇلارغا سىرلىرىمىزنى بېرىشتىن قەتئىي مەنئىي قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ۋە بىزنىڭ دۈشمىنىمىزدۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ھەق دىننى ۋە «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى مەۋقەدە تۇرۇشتى. ئۇ كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى دوست تۇتمايدىغانلىقى تۇرغان يەردە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنى دوست تۇتۇشى، ھاتىب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئەگە ئوخشاش مۇسۇلمانلارنىڭ سىرلىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ قويۇشى قەتئىي توغرا ئەمەس. چۈنكى، بىز

[1] «صحيح مسلم» 4-توم، 1941-بەت، 2494-ھەدىس، «أسباب النزول لزغلول» 1-توم، 442-بەت، 812-ھەدىس.

[2] مائىدە سۈرىسى:51-ئايەت.

[3] ئال ئىمران سۈرىسى:28-ئايەت.

مۇسۇلمان تۇرساق، ئۇلار كاپىر تۇرسا، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بىرەر دىنىي رىشتە بولمىسا، ئەكسىچە، ئوتتۇرىمىزدا دىنىي ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك داۋاملىشىۋاتقان تۇرسا، بىز ئۇلارغا ئىشەنچ قىلساق، قەلبىمىزنى ئۇلارغا ئاچساق، مەخپىيەتلىكلىرىمىزنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەرسەك بولامدۇ؟ بۇ تولىمۇ خەتەرلىك قىلمىش ئەمەسمۇ؟ ئۇلار بىزگە دۈشمەن تۇرسىمۇ، بىز ئۇلارنى ئۆزىمىزگە دوست قىلىۋالساق بولامدۇ؟

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر رەببىڭلار بولغان ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقانلىقىڭلار ئۈچۈنلا، كاپىرلار پەيغەمبىرىڭلارنى ۋە سىلەرنى يۇر-تۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان، مال-مۈلۈكۈڭلارنى تارتىۋالغان، سىلەرگە قولىدىن كەلگەن يامانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ ئۇلارنى دوست تۇتىسىلەر؟ قانداقمۇ ئۇلارغا سىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرىسىلەر؟

رەببىڭلار بولغان ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ يوشۇرغانلىرىڭلارنى ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىڭلارنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىش مەخپىي قالمايدۇ. سىلەردىن كىمكى مۇسۇلمانلارغا زىيانلىق بولغان شۇنداق ئىشنى سادىر قىلىدىكەن، ئۇ توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن بولىدۇ.

سىلەر كاپىرلارنى دوست تۇتقىنىڭلار بىلەن ئۇلار سىلەرنى دوست تۇتمايدۇ، قولىدىن كەلسە سىلەرنى ياشاتماسلىققا تىرىشىدۇ، ئۇلارنىڭ دىلى سىلەرنى يامان كۆرۈش بىلەن، تىلى سىلەرگە ھاقارەت ياغدۇرۇش بىلەن مەشغۇلدۇر. ئۇلار سىلەرنىڭ كاپىر بولۇشۇڭلارنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق رىشتىسىنى دەپ، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلار بولغان كاپىرلارنى دوست تۇتامسىلەر؟ ھالبۇكى، قىيامەت كۈنى سىلەرگە نە تۇغقانلىرىڭلار، نە پەرزەنتلىرىڭلار، نە بايلىقىڭلار ئەسقاتمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كۈندە سىلەرنىڭ تۇغقانچىلىق رىشتىڭلار ئۈزۈلگەن بولىدۇ، سىلەر ئۇلاردىن ئايرىلغان بولىسىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئۆزۈڭلارغا قىيامەت كۈندە ئەسقاتىدىغان ئەمەللەرنى قىلىڭلار، ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن قانداق ۋە قايسى ئەمەللەرنى قىلىدىغانلىقىڭلار، بۇنىڭغا قاراپ بېقىڭلار. شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان بارلىق ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، قىيامەت كۈنى شۇنىڭغا ئاساسەن سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈلگىلىك رولى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر مېنىڭ ۋە سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلار بولغان كاپىرلارنى دوست تۇتماي، پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى دوست تۇتۇڭلار، ئۇنى ھاياتىڭلاردا ئۈلگە قىلىڭلار. چۈنكى، ئۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتقان مۆئمىنلەردە سىلەر ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى بىر ئۆرنەك، گۈزەل بىر ئۈلگە بار. ئۇ ۋاقىتتا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆئمىنلەر ئۆزلىرىنىڭ كاپىر قەۋمىگە: ﴿ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلاردىن ئادا-جۇدامىز، بىز سىلەرنى (ۋە چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارنى) ئىنكار قىلدۇق. تاكى سىلەر يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانغا قەدەر سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك مەڭگۈلۈك داۋام قىلىدۇ﴾ دېگەن ئىدى. سىلەرمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا راستتىنلا ئەگەشمەكچى بولساڭلار، كاپىرلارنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلاردىن يىراق تۇرۇڭلار. ھەممە ئىشتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۈزۈڭلار ئۈچۈن ئۈلگە قىلىڭلار، پەقەت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمانسىز ئاتىسى ئازەرگە ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلىگەنلىكىنىلا ئۈلگە قىلماڭلار. چۈنكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاتىسىنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاخىر كاپىر پېتى ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇنى ھىدايەت تېپىپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلىگەن ئىدى. دېمەك، كاپىر پېتى ئۆلگەنلەر بىزنىڭ ھەرقانچە يېقىن تۇغقىنىمىز بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇلارغا مەغپىرەت تىلىشىمىز قەتئىي توغرا ئەمەس. بۇنىڭ دەلىلى: ﴿وَمَا كَانَ ٱسْتِغْفَارُ إِبْرَٰهِيمَ لِأَبِيهِ إِلَّا عَن مَّوْعِدَةٍ وَعَدَهَآ إِيَّاهُ فَلَمَّا تَبَيَّنَ لَهُۥٓ أَنَّهُۥ عَدُوٌّ لِّلَّهِ تَبَرَّأَ مِنْهُ ۚ إِنَّ إِبْرَٰهِيمَ لَأَوَّٰهٌ حَلِيمٌ﴾ يەنى ﴿ئىبراھىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تىلىشى پەقەت ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش يۈزىسىدىن ئىدى. ئۇنىڭغا ئۆز ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسىدىن ئادا-جۇدا بولدى﴾[1] دېگەن ئايەتتۇر. شۇڭا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىشتا ئۇنىڭ ئاتىسى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلغانلىقى مۇستەسنا قىلىنغان. چۈنكى، ئىسلامدا كۇفرىدا چىڭ تۇرۇپ، كاپىر پېتى ئۆلگەنلەرگە مەغپىرەت تىلەش يوق.

[1] تەۋبە سۈرىسى:114-ئايەت.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەر ئاللاھ تائالاغا مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: ﴿ئى رەببىمىز! ساڭىلا تەۋەككۇل قىلدۇق، ساڭىلا يۈزلەندۇق، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر. ئى رەببىمىز! كاپىرلارنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن، ئى رەببىمىز! بىزگە مەغپىرەت قىلغىن. شەكسىزكى، سەن (ھەممىدىن) غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن﴾.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەر ھەرقانداق بىر مۇئمىن ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر، ئەڭ ئوبدان ئۆرنەكتۇر. كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئۈلگە قىلىپ، كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتۇشقا بۇيرۇغان ئەمرىدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىلىپ قالسۇنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە موھتاج ئەمەس. ئەكسىچە، ھەممە مەۋجۇدات ئاللاھ تائالاغا موھتاجدۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارچە مەدھىيە ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! كاپىرلارنى دوست تۇتماسلىق، ھەر قانچە يېقىن تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلاردىن يىراق تۇرۇش سىلەرگە ھەرگىز ئېغىر كەلمىسۇن. ئاللاھ تائالا سىلەر بىلەن دىنىي ئاداۋىتى بولغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭلارنى ھىدايەت قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇراڭلاردا ھەقىقىي دوستلۇق، دىنىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى ئورنىتىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر، ئۇ بەندىلىرىدىن تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتقانلارغا تولىمۇ شەپقەتلىكتۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق بىزنىڭ كاپىرلار بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋىتىمىزنىڭ چەك-چېگراسىنى بەلگىلىگەن بولۇپ، بىزنى كاپىرلارنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارغا سىرلىرىمىزنى ئېيتىپ بېرىشتىن مەنئى قىلدى. خۇسۇسەن، كاپىرلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىنى يەتكۈزۈش ئەڭ ئېغىر خىيانەتتۇر. مەلۇمكى، خائىنلار مۇناپىقلارغا ئوخشاش دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە تاشلىنىدۇ.

ئەمما بىز گەرچە ئۆزلىرى ئىمان ئېيتمىغان بولسىمۇ، بىزگە زىيانكەشلىك قىلمىغان، بىزنى يۇرتىمىزدىن ھەيدەپ چىقارمىغان، دىنىمىز ۋە ئىمانىمىز سەۋەبلىك بىز بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشتىن ۋە ئۇلارغا ئادالەتلىك بولۇشتىن مەنئى قىلىنمىدۇق. ئاللاھ تائالا بۇنى مۇنداق بايان قىلغان: ﴿ئاللاھ سىلەرنى (كاپىرلاردىن) سىلەر

بىلەن دىن توغرىسىدا ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن ۋە ئادالەتلىك بولۇشتىن توسمايدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى دىن خۇسۇسىدا سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشتىن توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئەنە شۇلار ھەقىقەتەن زالىملاردۇر﴾.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسۇلمانلارغا قارشى كاپىرلار بىلەن بىرلىشىش قەتئىي توغرا ئەمەس.

2. مۇسۇلمانلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى كاپىرلارغا يەتكۈزۈش خىيانەتتۇر.

3. كاپىرلاردىن شەپقەت كۈتۈش ئەخمەقلىقتۇر. چۈنكى، كاپىرلار مۇسۇلمانلارغا شەپقەت قىلمايدۇ.

4. بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارنىڭ دەرىجىسى ھەممىدىن يۇقىرىدۇر.

5. قىيامەت كۈنى ئىمانى يوق ئادەمگە ھېچكىم شاپائەت قىلالمايدۇ.

6. مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشىلارنى ئۈلگە قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ يولىدىن مېڭىشى زۆرۈردۇر.

7. كاپىرلارغا يان بېسىش ۋە ئۇلارغا تەرەپدار بولۇش قەتئىي جائىز ئەمەس.

8. ئىمان بارلىق ئاداۋەتلەرنى يوق قىلىۋېتىدۇ. ھەرقانداق كاپىر ئىمان ئېيتىش بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىندىشىغا ئايلىنىدۇ ۋە ئارىسىدىكى دىنىي ئاداۋەت دوستلۇققا ئايلىنىدۇ.

9. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى ۋە بىر-بىرىگە ياردەم قىلىشى پەرزدۇر.

10. كاپىرلاردىن مۇسۇلمانلارغا زىيان يەتكۈزمىگەن ۋە دۈشمەنلىك قىلمىغان كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

11 . ھەر كىمگە ئادالەتلىك ۋە ئىنساپلىق بولۇش مۇسۇلماننىڭ سۈپىتىدۇر.

### ◄ ئايال مۇھاجىرلار ۋە ئۇلارنىڭ بەيئىتى

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا جَآءَكُمُ ٱلۡمُؤۡمِنَٰتُ مُهَٰجِرَٰتٖ
فَٱمۡتَحِنُوهُنَّۖ ٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِإِيمَٰنِهِنَّۖ فَإِنۡ عَلِمۡتُمُوهُنَّ مُؤۡمِنَٰتٖ
فَلَا تَرۡجِعُوهُنَّ إِلَى ٱلۡكُفَّارِۖ لَا هُنَّ حِلّٞ لَّهُمۡ وَلَا هُمۡ يَحِلُّونَ لَهُنَّۖ
وَءَاتُوهُم مَّآ أَنفَقُواْۚ وَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ أَن تَنكِحُوهُنَّ إِذَآ
ءَاتَيۡتُمُوهُنَّ أُجُورَهُنَّۚ وَلَا تُمۡسِكُواْ بِعِصَمِ ٱلۡكَوَافِرِ وَسۡـَٔلُواْ مَآ
أَنفَقۡتُمۡ وَلۡيَسۡـَٔلُواْ مَآ أَنفَقُواْۚ ذَٰلِكُمۡ حُكۡمُ ٱللَّهِ يَحۡكُمُ بَيۡنَكُمۡۖ
وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ١٠ وَإِن فَاتَكُمۡ شَيۡءٞ مِّنۡ أَزۡوَٰجِكُمۡ إِلَى
ٱلۡكُفَّارِ فَعَاقَبۡتُمۡ فَـَٔاتُواْ ٱلَّذِينَ ذَهَبَتۡ أَزۡوَٰجُهُم مِّثۡلَ مَآ أَنفَقُواْۚ
وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ٱلَّذِيٓ أَنتُم بِهِۦ مُؤۡمِنُونَ ١١ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ إِذَا جَآءَكَ
ٱلۡمُؤۡمِنَٰتُ يُبَايِعۡنَكَ عَلَىٰٓ أَن لَّا يُشۡرِكۡنَ بِٱللَّهِ شَيۡـٔٗا وَلَا يَسۡرِقۡنَ
وَلَا يَزۡنِينَ وَلَا يَقۡتُلۡنَ أَوۡلَٰدَهُنَّ وَلَا يَأۡتِينَ بِبُهۡتَٰنٖ يَفۡتَرِينَهُۥ بَيۡنَ
أَيۡدِيهِنَّ وَأَرۡجُلِهِنَّ وَلَا يَعۡصِينَكَ فِي مَعۡرُوفٖ فَبَايِعۡهُنَّ وَٱسۡتَغۡفِرۡ
لَهُنَّ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ١٢ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَوَلَّوۡاْ
قَوۡمًا غَضِبَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمۡ قَدۡ يَئِسُواْ مِنَ ٱلۡأٓخِرَةِ كَمَا يَئِسَ ٱلۡكُفَّارُ
مِنۡ أَصۡحَٰبِ ٱلۡقُبُورِ ١٣﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**10**-ئى ئىمان ئېيتقانلار! مۆئمىن ئاياللار سىلەر تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنى (ئىمانى خۇسۇسىدا) سىناپ كۆرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى ھەقىقىي مۆئمىن دەپ بىلسەڭلار، ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار، ئۇلار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس، (كاپىر ئەرلىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن) تويلۇقىنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىڭلار، (شۇنىڭدىن كېيىن) ئۇلارنىڭ مەھرىنى بېرىپ نىكاھىڭلارغا ئالساڭلارمۇ سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، كاپىر ئاياللارنى

ئەمرىڭلاردا ساقلىماڭلار، ئۇلارغا بەرگەن مەھرىڭلارنى تەلەپ قىلىڭلار، ئۇ كاپىرلارمۇ (سىلەر تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇئمىن ئاياللىرىغا بەرگەن) مەھرىنى تەلەپ قىلسۇن، ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ ھۆكمىدۇر. ئاللاھ ئاراڭلاردا (شۇنداق) ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

11-ئەگەر سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن بەزى ئاياللار (دىنىدىن يېنىۋېلىپ) كاپىرلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسە، (ئۇ كاپىرلار مەزكۇر ئاياللارغا سىلەر بۇرۇن بەرگەن مەھرىنى سىلەرگە قايتۇرۇپ بەرمىسە)، سىلەر (كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇپ) غەنىيمەت ئالغان چېغىڭلاردا، ئايالى كاپىرلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن كىشىلەرگە (غەنىيمەتتىن) ئۇلار بەرگەن مەھرىگە تەڭ مىقداردا بىر نەرسە بېرىڭلار. سىلەر ئۆزۈڭلار ئىشەنگەن ئاللاھتىن قورقۇڭلار.

12-ئى پەيغەمبەر! مۇئمىن ئاياللار سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، (نومۇستىن ياكى يوقسۇللۇقتىن قورقۇپ) بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلاردىن تۇغقان بالىنى يالغاندىن ئېرىنىڭ بالىسى دەۋالماسلىققا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا، ئۇلارنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

13-ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئاللاھ غەزەپ قىلغان قەۋمنى دوست تۇتماڭلاركى، ئۇلار ئاخىرەتتىن خۇددى كاپىرلار قەبرىلەردىكى (ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشىدىن) ئۈمىد ئۈزگەندەك ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەردۇر.

### تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر مۇئمىن ئاياللار كۇفرى دىيارىدىن ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلىپ كەلسە، سىلەر ئۇلارنى ئىمانىدا سادىقمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى دەپ كەلدىمۇ ياكى باشقا غەرەزلەر بىلەن كەلدىمۇ؟ بۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار. شۇنىمۇ ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە نىمىنى نىيەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. چۈنكى، سىلەر ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ بىلگىنىگە ئاساسەن ئەمەس، سىلەرنىڭ بىلگىنىڭلارغا ئاساسەن مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇلدۇڭلار. شۇڭا سىلەرنىڭ ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىڭلار ئۇلارنى سىناپ كۆرۈشۈڭلارغا باغلىقتۇر.

ئۇلارنىڭ نىيىتىنى بىلىش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ. شۇڭا سىلەرنىڭ قىلىدىغىنىڭلار پەقەت ئۇلارنىڭ ئىمانىنى، سەممىيىتىنى سىناپ كۆرۈشتۇر. سىلەر ئۇلارنى سىناپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ھەقىقىي مۇئمىن دەپ قارىساڭلار ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى دەپ ھىجرەت قىلىپ كەلگەن دەپ بىلسەڭلار، ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار، ئۇلارنى يېنىڭلاردا ئېلىپ قېلىڭلار. شۇ ئېنىقكى، مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇئمىن ئاياللارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەسلىك ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنىڭ شەرتلىرىدىكى «مەككىدىن مەدىنىگە بارغانلارنى مەككىگە قايتۇرۇپ بېرىش» دېگەن شەرتكە زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى، كېلىشىمدىكىسى ئومۇمىي شەرت بولۇپ، بۇ يەردىكىسى ئۇنى خاسلاشتۇرغان. يەنى شەرتتە مەككىدىن مەدىنىگە بارغانلارنى مەككىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئومۇمىي ھالەتتە قەيت قىلىنغان بولغاچقا، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇئمىن ئاياللارنى كاپىر ئەرلىرىگە قايتۇرۇپ بەرمەسلىككە ۋە ئۇلارنى قوغداپ قېلىشقا بۇيرۇغان.

ئاللاھ تائالا بۇ مەسىلىدە ئەر بىلەن ئايالغا ئوخشاش ھۆكۈم بەلگىلىگەن ئەمەس. چۈنكى، ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا جىسمانىي جەھەتتىن كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئۇلار ئۆزلىرى مۇستەقىل تۇرالايدۇ ۋە ئۆزلىرىنى قوغدىيالايدۇ. ئەمما ئاياللار جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىز بولغانلىقتىن، ئۇلارنى كۇفرى دىيارىدا كاپىرلارنىڭ يېنىدا تاشلاپ قويغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مۇسۇلمان ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ كاپىر ئەرلىرىگە ھالال ئەمەس. شۇڭا ئۇلارنى كاپىر ئەرلىرىنىڭ ئىگە بولۇۋېلىشىدىن قوغداش زۆرۈر. ﴿ئۇلار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس﴾ دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، بۇ ئەھۋالدا مەزكۇر مۇئمىن ئاياللارنىڭ ئەرلىرىگە ئۇ ئەرلەر دەسلەپتە ئۇلارغا بەرگەن مەھرى قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. بۇ مۇسۇلمانلار بىلەن ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم تۈزۈلگەن كاپىرلارغا شۇنداق. ئەمما مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان كاپىرلارغا ھېچ نەرسە قايتۇرۇلمايدۇ. ئەگەر ئېرى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالسا بەرسە بولىدۇ.

﴿(شۇنىڭدىن كېيىن) ئۇلارنىڭ مەھرىنى بېرىپ نىكاھىڭلارغا ئالساڭلارمۇ سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾ يەنى ئى مۇسۇلمانلار! ئەرلىرىدىن ئايرىلىپ ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇئمىن ئاياللار ئەگەر خالىسا، ئۇلارنىڭ مەھرىنى بېرىپ ئۇلارغا ئۆيلەنسەڭلار بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، مۇشرىكلاردىن بىرەر ئەر ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ

ئاياللى ئىمان ئېيتمىغان بولسا، بۇلارنىڭ نىكاھىنى ئايرىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمان بىلەن كاپىر نىكاھتا تۇرالمايدۇ. ئەمما ئايال ئەھلى كىتاب بولسا، بۇلارنىڭ نىكاھىنى ئايرىش ھاجەتسىز. چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ يەھۇدىي ياكى خرىستىيان ئاياللارغا ئۆيلىنىشى جائىزدۇر.

﴿ئۇلارغا بەرگەن مەھرىڭلارنى تەلەپ قىلىڭلار، ئۇ كاپىرلارمۇ (سىلەر تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۆئمىن ئاياللىرىغا بەرگەن) مەھرىنى تەلەپ قىلسۇن﴾ . مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، مۇسۇلمان ئاياللاردىن بىرەرسى مۇرتەد بولۇپ كاپىرلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسە، ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ كاپىرلاردىن: «بۇ ئايالنىڭ مەھرىنى بىزگە قايتۇرۇپ بېرىڭلار» دېيىش ھەققى بار. مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىغا كاپىر ئاياللاردىن بىرەرسى مۇسۇلمان بولۇپ بارسا، ئۇ ئايالنىڭ كاپىر ئېرىنىڭمۇ: «بۇ ئايالنىڭ مەھرىنى بىزگە قايتۇرۇپ بېرىڭلار» دەپ تەلەپ قىلىش ھەققى بار. بۇ كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈندۇر. ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ ئىجماسى (ئىتتىپاقى) بىلەن بۇ ئاللاھ تائالا ئاشۇ ۋاقىتقا خاس قىلىپ نازىل قىلغان ھۆكۈمدۇر. بۇ ئىبنى ئەل ئەرەبىينىڭ سۆزىدۇر»[1].

﴿ئەگەر سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىن بەزى ئاياللار (دىنىدىن يېنىۋېلىپ) كاپىرلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسە، (ئۇ كاپىرلار مەزكۇر ئاياللارغا سىلەر بۇرۇن بەرگەن مەھرىنى سىلەرگە قايتۇرۇپ بەرمىسە)، سىلەر (كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇپ) غەنىيمەت ئالغان چېغىڭلاردا، ئايالى كاپىرلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن كىشىلەرگە (غەنىيمەتتىن) ئۇلار بەرگەن مەھرىگە تەڭ مىقداردا بىر نەرسە بېرىڭلار﴾ يەنى مۇسۇلمانلاردىن بىرىنىڭ ئايالى مۇرتەد بولۇپ، كاپىرلار تەرەپكە قېچىپ كەتسە، ئېرى ئۇ ئايالغا بۇرۇن بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ ئالمىغان بولسا، سىلەر كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئالغان غەنىيمەت مالدىن مەزكۇر ئايالنىڭ ئېرىگە بۇرۇن ئايالىغا بەرگەن مەھرى مىقدارىدا پۇل-مال بېرىڭلار. ھەربىر ئىشتا چوقۇم ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەر ئىمان كەلتۈرگەن رەببىڭلاردۇر. ھەربىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ مەيلى ئاشكارا، مەيلى يوشۇرۇن پۈتۈن ئىشلىرىدا ئاللاھ تائالادىن قورقۇشنى ھەمىشە كۆز ئالدىدا تۇتۇشى لازىم.

﴿ئى پەيغەمبەر! مۆئمىن ئاياللار سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا

---

[1] «تفسير القرطبي» 18- توم، 61- بەت.

قىلماسلىققا، (نومۇستىن ياكى يوقسۇللۇقتىن قورقۇپ) بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلاردىن تۇغقان بالىنى يالغاندىن ئېرىنىڭ بالىسى دەۋالماسلىققا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا، ئۇلارنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن. چۈنكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ يەنى مۇئمىن ئاياللار ساڭا بەيئەت قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ئوغرىلىق قىلىش، زىنا قىلىش، بالىلىرىنى پېقىرلىقتىن ياكى نومۇستىن قورقۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش، باشقىلاردىن بالا تېپىپ ئۇنى يالغاندىن ئۆز ئېرىگە مەنسۇپ قىلىش قاتارلىق جاھىلىيەت دەۋرىدىكى قىلمىشلارنى قەتئىي سادىر قىلمايدىغانلىقىنى، سەن بۇيرۇغان پەرزلەرنى، ياخشى ئەمەللەرنى جان-دىلى بىلەن ئادا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بەيئەت قىلسا، سەن ئۇلارنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلغىن، ئۇلارغا رەببىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىكى شەرتلەرنى «ئاياللار بەيئىتى» دەپ ئاتايدۇ. ئەمما ئەرلەرنىڭ بەيئىتى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا ۋە ھاياتلىقتىكى ۋەزىپىسىگە قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئاياللارنى مۇشۇ ئايەت بىلەن سىناپ كۆرەتتى. بۇ ئايەتنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى شەرتلەرنى قوبۇل قىلغان ئاياللارنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلاتتى»[1] دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ بەيئىتى ئوخشاش ئىدى، پەقەت بۇ ئايەتلەردە ئاياللارغا ئالاھىدە شەرتلەرنى قويغان. شۇ ئېنىقكى، بۇ ئايەت مەككە فەتھى بولغان كۈنى كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغاندا نازىل بولغان.

بۇ سۈرە كاپىرلارنى، خۇسۇسەن، يەھۇدىيلارنى دوست تۇتماسلىق ۋە ئۇلارغا تەرەپدار بولماسلىققا بۇيرۇش بىلەن باشلىنىپ، يەنە شۇنى تەكىتلەش بىلەن ئاخىرلاشقان.

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئاللاھ غەزەپ قىلغان قەۋمنى دوست تۇتماڭلاركى، ئۇلار ئاخىرەتتىن خۇددى كاپىرلار قەبرىلەردىكى (ئۆلۈكلەرنىڭ

[1] «صحيح البخاري» 7-توم، 49-بەت، 5288-ھەدىس، «صحيح مسلم» 3-توم، 1489-بەت، 1866-ھەدىس.

تىرىلىشىدىن) ئۈمىد ئۈزگەندەك ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەردۇر﴾ يەنى ئى ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىنلەر! سىلەر ئۆزلىرىڭنىڭ رەزىل قىلمىشلىرى ۋە ئېغىر گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالا غەزەپ قىلغان يەھۇدىيلارنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلارغا ھەرگىز تەرەپدار بولماڭلار. چۈنكى، ئۇلار ئاخىرەتنىڭ ھەقلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، گۇناھلىرىنىڭ ئېغىرلىقى، جىنايەتلىرىنىڭ كۆپلۈكى تۈپەيلىدىن، ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتىدىن ۋە ئۇنىڭ نېمىتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن كاپىرلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىزلىكى خۇددى قەبرىلەردىكى كاپىرلار ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ۋە جەننىتىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزگەندەك ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتلاردىن ۋە ياخشىلىقلاردىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنگە ئوخشاش بىر ئۈمىدسىزلىكتۇر، ياكى كاپىرلارنىڭ قەبرىدىكى ئۆلۈكلەرنىڭ دۇنياغا قايتىپ كېلىپ ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگىنىدەك بىر ئۈمىدسىزلىكتۇر. دېمەك، يەھۇدىيلار ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتىدىن ئەنە شۇنداق ئۈمىدسىز مەخلۇقلاردۇر. چۈنكى، ئۇلار ئاخىرەتلىكنى بۇ دۇنيالىقى ئۈچۈن سېتىۋەتكەنلىكتىن، ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرەتتە ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ، جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۆئمىن ئاياللار كاپىر ئەرلەر ئۈچۈن ھارامدۇر. بۇ قائىدىگە ئاساسەن، ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمەيدىغان ئاتېئىزمچىلارغا ئوخشاش دىنسىزلارغا، يەھۇدىيلارغا ۋە خرىستىيانلارغا ئوخشاش ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان كىتابنى ئۆزگەرتىپ، ئۆز دىنىنى بۇزۇۋەتكەنلەرگە، بۇددا دىنىغا ئوخشاش باتىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا مۇسۇلمان خانىم-قىزلارنى ياتلىق قىلىش قەتئىي ھارامدۇر.

2. ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىش ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر.

3. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئىماننىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر.

4. مۇسۇلمان ئادەمنىڭ كاپىرلارنى يۈرەكتىن دوست تۇتۇشى قەتئىي توغرا ئەمەس. چۈنكى، مۇسۇلماننىڭ دوستى چوقۇم مۇسۇلماندۇر.

# سەف سۈرىسى

سەف سۈرىسى مەدىنىدە نازىل بولغان، 14 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، تەغابۇن سۈرىسىدىن كېيىن نازىل بولغان. بۇ سۈرە مۇسۇلمانلارغا بەزى پەرزلەرنى خاتىرىلىتىش، ئۇلارنى مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيهىسسالاملارنىڭ ئۈممەتلىرىدەك بولۇپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ ئاللاھ تائالا تاللىغان ھەق دىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ كاپالەتلىك يولى بايان قىلىنىدۇ[1].

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ يولىدا جىھادقا ھازىر بولۇپ، سەپ تۈزۈپ تۇرغانلىقى بايان قىلىنغان 4-ئايەت يەنى ﴿إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلَّذِينَ يُقَٰتِلُونَ فِي سَبِيلِهِۦ صَفّٗا كَأَنَّهُم بُنۡيَٰنٞ مَّرۡصُوصٞ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿صَفّٗا﴾ «سەپ بولۇپ تىزىلىش» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: مۆئمىنلەرنى ئىسلام دىنىنى قوغداش ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا ئۈندەشتىن ئىبارەتتۇر.

## ◄ دىنىي تەلىماتلار

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۖ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ
١ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لِمَ تَقُولُونَ مَا لَا تَفۡعَلُونَ ٢ كَبُرَ مَقۡتًا
عِندَ ٱللَّهِ أَن تَقُولُواْ مَا لَا تَفۡعَلُونَ ٣ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلَّذِينَ يُقَٰتِلُونَ
فِي سَبِيلِهِۦ صَفّٗا كَأَنَّهُم بُنۡيَٰنٞ مَّرۡصُوصٞ ٤ وَإِذۡ قَالَ مُوسَىٰ

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 664- بەت.

لِقَوۡمِهِۦ يَٰقَوۡمِ لِمَ تُؤۡذُونَنِي وَقَد تَّعۡلَمُونَ أَنِّي رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيۡكُمۡۖ
فَلَمَّا زَاغُوٓاْ أَزَاغَ ٱللَّهُ قُلُوبَهُمۡۚ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡفَٰسِقِينَ
﴿٥﴾ وَإِذۡ قَالَ عِيسَى ٱبۡنُ مَرۡيَمَ يَٰبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ إِنِّي رَسُولُ ٱللَّهِ
إِلَيۡكُم مُّصَدِّقٗا لِّمَا بَيۡنَ يَدَيَّ مِنَ ٱلتَّوۡرَىٰةِ وَمُبَشِّرَۢا بِرَسُولٖ يَأۡتِي
مِنۢ بَعۡدِي ٱسۡمُهُۥٓ أَحۡمَدُۖ فَلَمَّا جَآءَهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ قَالُواْ هَٰذَا سِحۡرٞ
مُّبِينٞ ﴿٦﴾ وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَ وَهُوَ يُدۡعَىٰٓ إِلَى
ٱلۡإِسۡلَٰمِۚ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٧﴾ يُرِيدُونَ لِيُطۡفِـُٔواْ نُورَ
ٱللَّهِ بِأَفۡوَٰهِهِمۡ وَٱللَّهُ مُتِمُّ نُورِهِۦ وَلَوۡ كَرِهَ ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴿٨﴾ هُوَ ٱلَّذِيٓ
أَرۡسَلَ رَسُولَهُۥ بِٱلۡهُدَىٰ وَدِينِ ٱلۡحَقِّ لِيُظۡهِرَهُۥ عَلَى ٱلدِّينِ كُلِّهِۦ وَلَوۡ
كَرِهَ ٱلۡمُشۡرِكُونَ ﴿٩﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەنباشلايمەن.

1ـ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى (بارلىق) نەرسىلەر ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتتى. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

2ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دەيسىلەر؟

3ـ سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا نېمىدېگەن ئۆچ كۆرۈلىدىغان ئىش!

4ـ شەكسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

5ـ ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ ئاللاھنىڭ سىلەرگە (ئەۋەتكەن) پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ، سىلەر نېمىشقا ماڭا ئازار بېرىسىلەر؟» دېگەن ئىدى، ئاندىن ئۇلار (ھەقىقەتتىن) چەتنەپ كېتىشىدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (ھىدايەتتىن) بۇرىۋەتتى. ئاللاھ (بۇنداق) پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

6ـ ئۆز ۋاقتىدا مەريەم ئوغلى ئىيسا: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىقلىغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبىرىمەن» دېگەن ئىدى. ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئۇلارغا روشەن ئايەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى.

7ـ ئىسلامغا دەۋەت قىلىنىۋاتقان تۇرۇقلۇق، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ (كۇفرىنى تاللاپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغان قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

8ـ ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرىنى ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرۈۋەتمەكچى (يەنى ئاللاھنىڭ سۆزى بولغان قۇرئاننى يالغان گەپلىرى بىلەن بىكار قىلىۋەتمەكچى) بولىدۇ. ئاللاھ بولسا كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزىنىڭ نۇرىنى تاماملىغۇچىدۇر.

9ـ ئاللاھ مۇشرىكلارنىڭ يامان كۆرگىنىگە قارىماي، ھەق دىننى بارلىق دىنلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن، ئۆز پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن زاتتۇر.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

تەپسىرى تەبەرىيدە بايان قىلىنىشىچە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «بەزى كىشىلەر جىھاد پەرز قىلىنىشتىن ئىلگىرى: ‹ئەگەر بىز قايسى ئەمەلنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولساق، ئەلۋەتتە شۇنى قىلغان بولاتتۇق› دېگەن بولۇپ، ئۇلارنى جىھادقا چاقىرىدىغان ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، ئۇلار جىھاد قىلىشنى ياقتۇرمىغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دەيسىلەر؟﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان»[1].

## ◄ تەپسىرى

ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارچە مەۋجۇدات ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى بارلىق كەمچىلىكلەردىن ۋە نۇقسانلاردىن پاكتۇر، دەپ تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ. ﴿تُسَبِّحُ لَهُ ٱلسَّمَٰوَٰتُ ٱلسَّبۡعُ وَٱلۡأَرۡضُ

[1] «تفسير الطبري» 23ـتوم، 350ـبەت.

وَمَن فِيهِنَّ وَإِن مِّن شَيْءٍ إِلَّا يُسَبِّحُ بِحَمْدِهِۦ وَلَٰكِن لَّا تَفْقَهُونَ تَسْبِيحَهُمْ إِنَّهُۥ كَانَ حَلِيمًا غَفُورًا﴾ يەنى ﴿يەتتە ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى بارلىق مەۋجۇدات ئاللاھنى پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئاللاھنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتمايدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر. لېكىن سىلەر ئۇلارنىڭ (ئېيتقان) تەسبىھىنى چۈشەنمەيسىلەر﴾[1]. كائىناتتىكى جانلىق-جانسىز ھەر نەرسە ئۆزىگە خاس تىلى بىلەن ياراتقۇچى ئاللاھ تائالانى مەدھىيەلەپ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، ئىلىم-ھېكمىتىنى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

ئى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشلارنى قىلىمىز دەپ ۋەدە بېرىسىلەر؟ بۇ يەردىكى ئەيىبلەش مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ «چوقۇم قىلىمىز» دەپ، ئۆزلىرى ۋەدە قىلغان ياخشى ئىشلارنى ئەمەلىيەتتە قىلمىغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ ئەيىبلەش ئۇلارنىڭ ۋەدىسىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى قىلمايدىغان بىر ئىشنى «قىلىمىز» دەپ ۋەدە بەرگەنلىكى، ئاندىن ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىشنى قىلمىغانلىقى سەۋەبلىك ئىككى نەرسە ئۈچۈن ئەيىبلەنگەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر ياخشى ئىشنى ئۆزلىرىنىڭ قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، «قىلىمىز» دەپ يالغاندىن ۋەدە قىلغانلىقى بىر ئەيىب، ئاندىن مەزكۇر ياخشى ئىشنى قىلمىغانلىقى يەنە بىر ئەيىبتۇر. شۇڭا ئۇلار بۇ ئىككى ئەيىب سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ كايىشىغا ئۇچرىغان. ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىق مۇناپىقلارنىڭ ئالامىتىدۇر. «آيَةُ الْمُنَافِقِ ثَلَاثٌ: إِذَا حَدَّثَ كَذَبَ، وَإِذَا وَعَدَ أَخْلَفَ، وَإِذَا اؤْتُمِنَ خَانَ» يەنى «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ»[2].

مۇناپىق – تىلى باشقا، دىلى باشقا، سۆز- ھەرىكىتى بىر-بىرىگە توغرا كەلمەيدىغان، سەممىيەتسىز، ئىككى يۈزلىمە[3] دېگەنلىكتۇر. ئىسلام ئاتالغۇسىدا بولسا مۇناپىق –ئۆزىنىڭ كاپىرلىقىنى يوشۇرۇپ، مۇسۇلمانلىقىنى دەۋا قىلغۇچى[4] دېگەنلىكتۇر.

---

[1] ئىسرا سۈرىسى: 44- ئايەت.

[2] «صحيح البخاري» 1-توم، 16-بەت، 33-ھەدىس، «صحيح مسلم» 1-توم، 78-بەت، 59-ھەدىس.

[3] «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 1012- بەت.

[4] «مجلة البحوث الإسلامية»171- بەت.

ئۆلىمالار مۇناپىقلىقنى ئىككى تۈرگە بۆلىدۇ. بىرى، ئېتىقادتىكى مۇناپىقلىق، يەنە بىرى، ئەمەلدىكى مۇناپىقلىقتۇر. ئېتىقادتىكى مۇناپىقلىق - دىلىدا ئىشەنمەي تۇرۇپ، تىلىدا ئۆزىنى مۇسۇلمان دېۋېلىشتۇر. ئېتىقادتىكى مۇناپىقلىق ئىمانغا زىت كېلىدۇ، مۇنداق ئادەم مۇسۇلمانلاردىن سانالمايدۇ. ﴿ٱلْمُنَـٰفِقُونَ وَٱلْمُنَـٰفِقَـٰتُ بَعْضُهُم مِّنۢ بَعْضٍ ۚ يَأْمُرُونَ بِٱلْمُنكَرِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْمَعْرُوفِ وَيَقْبِضُونَ أَيْدِيَهُمْ ۚ نَسُوا۟ ٱللَّهَ فَنَسِيَهُمْ ۗ إِنَّ ٱلْمُنَـٰفِقِينَ هُمُ ٱلْفَـٰسِقُونَ﴾ يەنى ﴿مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار يامانلىققا بۇيرۇيدۇ، ياخشىلىقتىن توسىدۇ، ئۇلار (بېخىللىق قىلىپ) قوللىرىنى يۇمۇۋالىدۇ. ئۇلار ئاللاھنى ئۇنتۇدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى (يەنى ئۇلارنى مەرھەمىتىدىن مەھرۇم قىلدى). شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار پاسىقلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر﴾[1] دېگەن ئايەت بۇ تۈردىكى مۇناپىقلارنى بايان قىلغان. ئەمەلدىكى مۇناپىقلىق -ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى يوشۇرۇپ، ئۆزىنى باشقىچە كۆرسىتىش ياكى قەلبىدە بولمىغاننى كۆرسىتىشتۇر. ئەمەلدىكى مۇناپىقلىقنى سادىر قىلغان ئادەم گەرچە كاپىر بولۇپ كەتمىسىمۇ، قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: [أَرْبَعٌ مَنْ كُنَّ فيه كانَ مُنَافِقًا، ومَن كَانَتْ فيه خَصْلَةٌ منهنّ كَانَتْ فيه خَصْلَةٌ مِنَ النِّفَاقِ حتّى يَدَعَهَا: إذَا اؤْتُمِنَ خَانَ، وإذَا حَدّثَ كَذَبَ، وإذَا عَاهَدَ غَدَرَ، وإذَا خَاصَمَ فَجَرَ] يەنى «تۆت ئىللەت كىمدە تېپىلسا، ئۇ ئادەم مۇناپىق بولىدۇ. كىمدىكى بۇ ئىللەتلەردىن بىرەرسى تېپىلسا، ئۇنى تاشلىمىغۇچە، ئۇنىڭدا مۇناپىقلىقنىڭ ئىللىتى بولغان بولىدۇ. مۇناپىقلار ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ، سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، جېدەللىشىپ قالسا ئېغىزىنى بۇزىدۇ»[2].

ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمان ئادەمنىڭ بىرەر ياخشى ئىشنى قىلىمەن دەپ ۋەدە بېرىپ قويۇپ، ئۇنى قىلماسلىقى ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىقىغا ياراشمايدىغان بىر قىلىقتۇر. چۈنكى، ۋەدە قىلىپ ۋەدىسىدە تۇرماسلىق، كېلىشىم تۈزۈپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماسلىق ئاللاھ تائالا ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان، ئۇنىڭ نەپرىتىنى ئاشۇرىدىغان مۇناپىقلىقتۇر ۋە يالغانچىلىقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداقلاردىن رازى بولمايدۇ ۋە ئۇلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئەكسىچە، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ جىھاد قىلغانلارنى ئەلۋەتتە

[1] تەۋبە سۈرىسى: 67- بەت.
[2] «صحيح البخاري» 34- ھەدىس.

ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇلاردىن رازى بولىدۇ. ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ﴾ . چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ جېنىنى ۋە قىممەتلىك ھەممە نەرسىسىنى ئاتاپ جىھادقا چىققىنىدىغان، جىھاد مەيدانىدا خۇددى بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن مۇستەھكەم بىنادەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپ جىھاد قىلىدىغان كىشىلەردۇر. مۇجاھىدلارنىڭ جىھاد مەيدانىدىكى ھالىتىنى ﴿مۇستەھكەم بىنادەك﴾ دەپ سۈپەتلەش ئۇلارنىڭ جىھادقا بولغان تەييارلىقىنىڭ، قىزغىنلىقىنىڭ، جىھاد مەيدانىدا دۈشمەنگە قارشى مەۋقەسىنىڭ ۋە ئىنتىزامچانلىقىنىڭ مۇكەممەللىكىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىر ئادەمنىڭ قەلبىگە ئوخشاش بىرلىشىپ جىھاد قىلغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر.

﴿ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ ئاللاھنىڭ سىلەرگە (ئەۋەتكەن) پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ، سىلەر نېمىشقا ماڭا ئازار بېرىسىلەر؟» دېگەن ئىدى﴾. بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش ۋە جىھادنى تەرك ئېتىشتەك ئاسىيلىقنىڭ نەقەدەر ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن كەلگەن ئايەت بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىشىنىڭ جازاسىنى قانداق ئېغىر تارتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغانلىقى ۋە سۆزىگە قارشى چىققانلىقى ئۇنىڭغا ئازار بەرگەنلىك دەپ ئىپادىلەنگەن. چۈنكى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى پەلەستىنگە كىرىشكە بۇيرۇغاندا، ئۇلار: ﴿قَالُواْ يَٰمُوسَىٰٓ إِنَّ فِيهَا قَوۡمٗا جَبَّارِينَ وَإِنَّا لَن نَّدۡخُلَهَا حَتَّىٰ يَخۡرُجُواْ مِنۡهَا فَإِن يَخۡرُجُواْ مِنۡهَا فَإِنَّا دَٰخِلُونَ﴾ يەنى ﴿ئى مۇسا! مۇقەددەس زېمىندا كۈچلۈك بىر قەۋم بار، ئۇلار چىقىپ كەتمىگۈچە بىز ئۇ يەرگە ھەرگىز كىرمەيمىز، ئۇلار ئۇ يەردىن چىقىپ كەتسە چوقۇم كىرىمىز﴾[1] دەپ تۇرۇۋالغان. يەنە ئۇلار: ﴿قَالُواْ يَٰمُوسَىٰٓ إِنَّا لَن نَّدۡخُلَهَآ أَبَدٗا مَّا دَامُواْ فِيهَا فَٱذۡهَبۡ أَنتَ وَرَبُّكَ فَقَٰتِلَآ إِنَّا هَٰهُنَا قَٰعِدُونَ﴾ يەنى ﴿ئى مۇسا! ئۇلار ئۇ يەردىلا بولىدىكەن، بىز ھەرگىز ئۇ يەرگە كىرمەيمىز. شۇڭا، سەن رەببىڭ بىلەن ئىككىڭلار بېرىپ (ئۇلار بىلەن) ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى﴾[2] دېگەن ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا

[1] مائىدە سۈرىسى:22-ئايەت.
[2] مائىدە سۈرىسى:24-ئايەت.

يەنىلا نەسىھەت قىلىپ: ئى قەۋمىم! سىلەر نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئەۋەتكەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ ماڭا ئازار قىلىسىلەر؟ نېمىشقا ئەمرىمگە ئاسىيلىق قىلىسىلەر؟ دېگەن ئىدى. ئەمما ئۇلارغا بۇنداق نەسىھەتلەرنىڭ پايدىسى بولمىدى. ئۇلار توغرا يولدىن ئادىشىپ، ئازغۇنلۇققا يول ئېلىۋىدى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئازغۇنلاردىن بولۇپ كەتتى. چۈنكى، ﴿ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾. ئى ئىسلام ئۈممىتى! سىلەر بۇ ئازغۇن يەھۇدىيلاردەك بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىڭلار، پەيغەمبىرىڭلارنىڭ يولىدىن ئازماڭلار!

ئى پەيغەمبەر! ئەمدى ئۈممىتىڭگە ئىيسانىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرگىن. ﴿ئۆز ۋاقتىدا مەريەم ئوغلى ئىيسا: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىقلىغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبىرىمەن» دېگەن ئىدى﴾ يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى ۋە ئەۋەتىلىشتىكى مەقسىتىنى ئوچۇق بايان قىلغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن تەۋراتنى ئېتىراپ قىلىدىغان، يەنە ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان، «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل»لاردا «ئەھمەد» دەپ ئاتالغان ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق خۇش خەۋەر بېرىدىغان، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنىدىغان «قۇرئان كەرىم»نىمۇ تەستىقلايدىغان بىر پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلغان ئىدى. ئىيسا ئەلەيھىسسالام بايان قىلغان «ئەھمەد» دېگەن ئىسىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرىدۇر. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق بەرگەن بېشارىتى ﴿مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىقلىغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبىرىمەن﴾ دېگەن ئايەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن ئەسلى «ئىنجىل» ئاللىبۇرۇن يەر يۈزىدىن يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھازىرقى خرىستىيانلارنىڭ قولىدىكى ئىنجىللاردا، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە بەرگەن كۆپلىگەن بېشارەتلىرى مەۋجۇت. ئەمما ئۇلار بۇ

بېشارەتلەرنى يولسىزلارچە تەۋىل قىلىپ، ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ كەلمەكتە.

## ◄ ئىنجىلنىڭ بېشارەتلىرىدىن بەزىسى

1. مەتتا ئىنجىلىدە يەسۇئ (ئىنجىللاردا ئىيسا ئەلەيھىسسالام يەسۇئ دەپ ئاتىلىدۇ) مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە بىناكار بىنادىكى بىر تاشنى ئورنىغا قويماي، بوش قويۇپ كەتكەن بىر ئورۇن توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن ئىدىم. بۇ بوش ئورۇن رەب تەرىپىدىن تۆرنىڭ ئىگىسى (ھۆرمەتكە سازاۋەر) بولغان بىرىنىڭ ئورنى بولۇپ قالىدۇ. بۇ بىزگە نىسبەتەن ھەيران قالارلىق بىر ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويماقچىمەنكى، ئاللاھنىڭ مەلەكۇتى (پەيغەمبەر ئەۋتىشتەك ئىنئامى) چوقۇم سىلەردىن ئېلىنىپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى چىقىرىدىغان بىر مىللەتكە بېرىلىدۇ»[1]. ئۆلىمالار بۇ مىللەتنى ئەرەب مىللىتى دەپ شەرھلىگەن.

يۇقىرىقى تېكىستلەردە پەيغەمبەرلىك نۆۋىتىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلا-دىدىن ئېلىنىپ، ئۇنىڭ روھى بويىچە ئەمەل قىلىپ، نەتىجىسىنى چىقىرىدىغان بىر مىللەتكە بېرىلىدىغانلىقى ۋە بۇ مىللەتنىڭ شۇنىڭ بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ قالىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَثَلِي وَمَثَلَ الأَنْبِيَاءِ مِنْ قَبْلِي ، كَمَثَلِ رَجُلٍ بَنَى بَيْتًا فَأَحْسَنَهُ وَأَجْمَلَهُ ، إِلَّا مَوْضِعَ لَبِنَةٍ مِنْ زَاوِيَةٍ ، فَجَعَلَ النَّاسُ يَطُوفُونَ بِهِ ، وَيَعْجَبُونَ لَهُ ، وَيَقُولُونَ هَلَّا وُضِعَتْ هَذِهِ اللَّبِنَةُ؟ قَالَ: فَأَنَا اللَّبِنَةُ وَأَنَا خَاتِمُ النَّبِيِّينَ» يەنى «مەن ۋە مەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ناھايىتى مۇكەممەل ۋە ئېسىل سېلىنغان بولسىمۇ، تۆر تەرىپىدە بىر خىشنىڭ ئورنى بوش قويۇلغان بىر بىناغا ئوخشايمىز، بۇ بىنانى كۆرگەن كىشىلەر ‹مۇشۇ بوش ئورۇنغا بىرلا خىش قويۇلغان بولسا، بۇ بىنا تولۇق پۈتەر ئىكەن› دېيىشىدۇ. شۇ بوش ئورۇنغا قويۇلغان خىش مانا مەندۇرمەن. مېنىڭ ئەۋەتىلىشىم بىلەن پەيغەمبەرلىك بىناسى تاماملاندى»[2].

2. «يەسۇئ مۇنداق دېدى ‹مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشى. مەن چوقۇم سىلەردىن ئايرىلىمەن. ئەگەر مەن ئايرىلمىسام رەب سىلەرگە فاراكلىتنى ئەۋەتمەيدۇ› »[3].

---

[1] مەتتا ئىنجىلى 11. 12. 13 - تېكىستلەر.

[2] «صحيح البخاري» 4-توم، 186-بەت، 3535-ھەدىس، «صحيح مسلم» 4-توم، 1791-بەت، 2286-ھەدىس.

[3] يۇھەننا ئىنجىلى، 16- باب، 18- تېكىست.

يۇقىرىقى تېكىستتىكى «فاراكلېت» سۆزى ئەرەبچىدىكى «مۇھەممەد» ۋە «ئەھمەد» دېگەن ئىسىملارنىڭ مەنىسىگە يېقىنلىشىدۇ. ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇ سۆزنى خرىستىيانلارغا قارشى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەمما خرىستىيان ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، «فاراكلېت» دېگەن سۆز ئەسلىدە گرېك تىلىدىكى «پرېكلىتوس» سۆزىنىڭ بۇزۇپ قوللىنىلىشى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغۇچى» ياكى «مۇئەللىم» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئىنجىل» دىكى ئىسمىنىڭ ئەھمەد (يەنى مەدھىيەلەنگۈچى) ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

3. يۇھەننا ئىنجىلىدا قىبلىنىڭ بەيتۇلمۇقەددەستىن ئۆزگەرتىلدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىلگەن. قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى پەقەت پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ. ھالبۇكى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە قىبلە ئۆزگەرتىلگەن ئەمەس، بەلكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىلا ئۆزگەرتىلگەن. يۇھەننا ئىنجىلى ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن سامىرىيەنىڭ ئايالى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكەن دىيالوگدا، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەر يۈز كەلتۈرۈپ ناماز ئوقۇيدىغان قىبلىنىڭ مەلۇم بىر ۋاقىتتىن كېيىن، مۇئەييەن بىر جايغا ئۆزگەرتىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. «سامىرىيەنىڭ ئايالى يەسۇئ (ئىيسا)غا: ‹بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بۇ تاغقا قاراپ سەجدە قىلاتتى. سىلەر سەجدە قىلىشقا لايىق جاي ئىرۇسالىم (يەنى بەيتۇلمۇقەددەس) دەۋاتىسىلەر› دېدى. يەسۇئ بۇ ئايالغا: ‹ھەي ئايال! ئىشەنگىنكى، بىر زامان كېلىدۇ، شۇ ۋاقىتتا سىلەر ئىرۇسالىمغىمۇ ئەمەس، بۇ تاغقىمۇ ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر جايغا قاراپ ئاللاھقا سەجدە قىلىسىلەر› دېدى»[1]. ئۆلىمالار بۇ تېكىستتىكى «مەلۇم بىر جاي»نى كەئبە دەپ ئىزاھلىغان.

مۇپەسسىرلەر ﴿فَلَمَّا جَآءَهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ قَالُواْ هَٰذَا سِحۡرٞ مُّبِينٞ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿جَآءَ﴾ دېگەن پېئىلنىڭ ئىگىسى (پائىلى) كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى مۇيەسسەر، تەپسىرى سەئدىي قاتارلىق تەپسىرلەردە مەزكۇر پېئىلنىڭ ئىگىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭغا بىنائەن، ئايەتكە ﴿ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئۇلارغا روشەن ئايەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى﴾ دەپ مەنە ئېيتىلغان.

---

[1] يۇھەننا ئىنجىلى 4-باب 20 - 24 - تېكىستلەر.

تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، تەپسىرى قۇرتۇبىي قاتارلىق تەپسىرلەردە مەزكۇر پېئىلنىڭ ئىگىسى ئىيسا ئەلەيھىسسالام بولۇشى مۇمكىن ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇنىڭغا بىنائەن، ئايەتنىڭ مەنىسى: ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۆزىنىڭ راستىتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەلتۈرگەن ئاق كېسەلنى ساقايتىش، تۇغما كورنى ساقايتىش، ھەتتا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش قاتارلىق مۆجىزىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇلار ﴿بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر﴾ دەپ ئىنكار قىلدى، دېگەنلىك بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قەۋملىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىدۇ: ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى، ئادالەتنى ۋە ھەققانىيلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، كىشىلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت-سائادەتلىرىگە ئېلىپ بارىدىغان ئۇلۇغ دىنغا دەۋەت قىلىنىپ تۇرۇقلۇق، ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان، ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغانلارنى توقۇپ چىققان، پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغان، ئۇنىڭ دەۋىتىگە قارشى چىققان، ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىنى سېھىر دەپ تۆھمەت قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ۋە ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ جاۋاب شۇكى، بۇنداق ئادەمدىنمۇ زالىم ۋە ئازغۇن ئادەم يوقتۇر. مۇنداق ئازغۇن ئادەملەر يالغانلىرى ۋە تۆھمەتلىرى ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى بىكار قىلىۋەتمەكچى، ئاللاھ تائالا تاللىغان ئىسلام دىنىنى يوق قىلىۋەتمەكچى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىماقچى بولىدۇ. بۇ مۇمكىنمۇ؟ ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ يامان كۆرگىنىگە قارىماي، ئۆزىنىڭ دىنىنى چوقۇم تاماملاپ بېرىدۇ ۋە ئۇنى بارلىق دىنلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ.

﴿ئاللاھ مۇشرىكلارنىڭ يامان كۆرگىنىگە قارىماي، ھەق دىنىنى بارلىق دىنلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن، ئۆز پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن زاتتۇر﴾ يەنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھىدايەتنىڭ مەنبەسى بولغان «قۇرئان كەرىم» بىلەن ۋە ئىسلامدىن ئىبارەت ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن زاتتۇر. مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم» ھىدايەت مەنبەسىدۇر، ئىسلام دىنى بارلىق پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن ھەق دىنىنىڭ تاكامۇللاشقان نۇسخىسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ ياقتۇرمىغىنىغا، يامان

كۆرگىنىگە قارىماي، ئۆزىنىڭ ھەق دىنىنى بارلىق دىنلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلىشنى ئىرادە قىلغان زاتتۇر. شەكسىزكى، ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالانى لايىقىدا قەدىرلەشنى ئۆگەتىدىغان، ئۇنىڭغا خالىس ئىبادەت قىلىشقا ئۈندەيدىغان كامىل دىندۇر. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى ۋە ئىسلام دىنىنى تاقىيامەتكىچە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزگەرمەس دىنى قىلىپ بېكىتتى.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش ۋە قىلمايدىغان ئىشنى قىلمەن دېيىش مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

2. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. مۇ-سۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ۋە ئىناقلىقىنى ساقلاش پەرزدۇر.

3. گۇناھ-مەئسىيەتلەر دىلنى قارايتىدۇ. گۇناھ-ئۈستىگە گۇناھ قىلىش بولسا ئازغۇنلۇققا يول ئاچىدۇ.

4. يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىپ كاپىر بولغان بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىش بىلەن كۇفرى ئۈستىگە كۇفرىنى ئاشۇرغان بولدى.

5. خىرىستىيانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئېتىراپ قىلماسلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھىي كىتابىدىكى بېشارەتلەرنى ئىنكار قىلىپ كاپىر بولدى.

6. ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان سۆزلەش يالغانلارنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر.

7. ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان قەۋمنى ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلمايدۇ.

8. ئىسلام دىنىنى يوق قىلماقچى بولغانلار ئۆزلىرىنى نابۇت قىلىدۇ.

## ◄ پايدىلىق تىجارەت

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ هَلۡ أَدُلُّكُمۡ عَلَىٰ تِجَٰرَةٖ تُنجِيكُم مِّنۡ
عَذَابٍ أَلِيمٖ ١٠ تُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَتُجَٰهِدُونَ فِي سَبِيلِ
ٱللَّهِ بِأَمۡوَٰلِكُمۡ وَأَنفُسِكُمۡۚ ذَٰلِكُمۡ خَيۡرٞ لَّكُمۡ إِن كُنتُمۡ
تَعۡلَمُونَ ١١ يَغۡفِرۡ لَكُمۡ ذُنُوبَكُمۡ وَيُدۡخِلۡكُمۡ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي

مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ وَمَسَٰكِنَ طَيِّبَةٗ فِي جَنَّٰتِ عَدۡنٖۚ ذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ
ٱلۡعَظِيمُ ﴿١٢﴾ وَأُخۡرَىٰ تُحِبُّونَهَاۖ نَصۡرٞ مِّنَ ٱللَّهِ وَفَتۡحٞ قَرِيبٞۗ وَبَشِّرِ
ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٣﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُونُوٓاْ أَنصَارَ ٱللَّهِ كَمَا
قَالَ عِيسَى ٱبۡنُ مَرۡيَمَ لِلۡحَوَارِيِّـۧنَ مَنۡ أَنصَارِيٓ إِلَى ٱللَّهِۖ قَالَ
ٱلۡحَوَارِيُّونَ نَحۡنُ أَنصَارُ ٱللَّهِۖ فَـَٔامَنَت طَّآئِفَةٞ مِّنۢ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ
وَكَفَرَت طَّآئِفَةٞۖ فَأَيَّدۡنَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ عَلَىٰ عَدُوِّهِمۡ فَأَصۡبَحُواْ
ظَٰهِرِينَ ﴿١٤﴾

## تەرجىمىسى

10ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنى دەردلىك ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان بىر تىجارەتكە باشلاپ قويايمۇ؟

11ـ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن دىلىڭلاردىن) ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھ يولىدا پۇل-مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار. ئەگەر بىلسەڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر.

12ـ (ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ) سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دائىمىي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا (تۇرغۇزىدۇ). بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

13ـ (سىلەرگە) سىلەر ياخشى كۆرىدىغان يەنە بىر نېمەت بار، ئۇ ئاللاھتىن (سىلەرگە) كېلىدىغان نۇسرەت ۋە يېقىن فەتھىدۇر. (ئى پەيغەمبەر!) مۇئمىنلەرگە (دۇنيادا غەلىبە ۋە ئاخىرەتتە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن.

14ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ھاۋارىيلار (يەنى ئىيساغا دەسلەپ ئەگەشكەن كىشىلەر)دەك ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ياردەمچىلىرى بولۇڭلار. مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا ھاۋارىيلارغا: «ئاللاھقا (دەۋەت قىلىشتا) مېنىڭ ياردەمچىلىرىم كىملەر؟» دېگەندە، ھاۋارىيلار: «بىز ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ياردەمچىلىرىدۇرمىز» دېدى. ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر بۆلىكى ئىمان ئېيتتى، يەنە بىر بۆلىكى كاپىر بولدى. ئاندىن ئىمان ئېيتقانلارنى ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى كۈچلەندۈردۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار غالىب بولدى.

## نازىل بولۇش سەۋەبى

مۇقاتىل ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَىٰ تِجَـٰرَةٍ تُنجِيكُم مِّنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ئوسمان ئىبنى مەزئۇن ئىسىملىك ساھابە ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى بايان قىلغان[1]. ئۇ ۋاقىتتا ئوسمان ئىبنى مەزئۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئەگەر رۇخسەت قىلسىلا، مەن ئايالىمنى تالاق قىلىۋېتىپ، ئۆزۈمنى ئاختا قىلىۋەتكەن، گۆش يېيىشنى ئۆزۈمگە ھارام قىلىۋەتكەن، كېچىلىرى قەتئىي ئۇخلىماي، كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇپ ئىبادەت قىلغان بولاتتىم» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «أَمَا وَاللهِ إِنِّي لَأَخْشَاكُمْ لِلهِ وَأَتْقَاكُمْ لَهُ ، لَكِنِّي أَصُومُ وَأُفْطِرُ ، وَأُصَلِّي وَأَرْقُدُ ، وَأَتَزَوَّجُ النِّسَاءَ ، فَمَنْ رَغِبَ عَنْ سُنَّتِي فَلَيْسَ مِنِّي» يەنى «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئاللاھتىن ھەممىدىن بەك قورقىدىغان ۋە ھەممىدىن بەك تەقۋادار كىشىڭلارمەن. ئەمما (رامىزاندىن باشقا) كۈنلەرنىڭ بەزىسىدە روزا تۇتىمەن، بەزىسىدە تۇتمايمەن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيمەن، يەنە بىر قىسمىدا ئۇخلايمەن، ئاياللارغا ئۆيلىنىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ مېنىڭ يولۇمدا ماڭغۇچىلاردىن ئەمەس»[2] دېگەن. ئاندىن ئوسمان ئىبنى مەزئۇن «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! قايسى تىجارەت ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام، شۇنى قىلاتتىم» دېگەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولغان. شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر مۇھىم ئەمەس، مۇھىم بولغىنى ئايەتنىڭ ئومۇمىيلىقىدۇر. چۈنكى، ئايەتلەردىكى ھۆكۈم ئومۇمغا قارىتىلغان بولىدۇ.

## تەپسىرى

ئى ئاللاھ تائالاغا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر! مەن سىلەرنى پايدىسى ئىنتايىن كۆپ بولغان كاتتا بىر تىجارەتكە باشلاپ قويايمۇ؟ ھەقىقەتەن بۇ پايدىسى ئۇن ھەسسە كۆپ بولىدىغان، ھەتتا ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-مەرھەمىتى بىلەن يەتتە يۈز ھەسسىگە يېتىدىغان ۋە ئۇنىڭدىنمۇ

[1] «تفسير القرطبي» 18-توم، 87-بەت.
[2] «صحيح البخاري» 7-توم، 2-بەت، 5063-ھەدىس.

ئاشىدىغان بىر تىجارەتتۇر. ئاللاھ تائالا خالىسا ئۇنىڭ پايدىسىنى ئۆزى خالىغانچە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا خالىغان ئادەمگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ. بۇ تىجارەتتىنمۇ كاتتا تىجارەت بارمۇ؟ بۇ تىجارەتتىنمۇ پايدىلىق تىجارەت بارمۇ؟ ﴿إِنَّ ٱللَّهَ ٱشۡتَرَىٰ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ أَنفُسَهُمۡ وَأَمۡوَٰلَهُم بِأَنَّ لَهُمُ ٱلۡجَنَّةَۚ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، پۇل-ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىش بەدىلىگە سېتىۋالدى﴾[1].

ئەمدى بۇ تىجارەت قايسى؟ بۇنداق كۆپ پايدا ئالغىلى بولىدىغان تىجارەت زادى قانداق تىجارەت؟ دەپ سورىغۇچىلارغا جاۋاب بېرىپ ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، ﴿ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن دىلىڭلاردىن) ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھ يولىدا پۇل-مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار. ئەگەر بىلسەڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾ دەيدۇ. مەزكۇر كاتتا تىجارەت ۋە بۇ چوڭ پايدا مانا مۇشۇدۇر. ئايەتتىكى ﴿ئىمان ئېيتىڭلار﴾ دېگەننىڭ مەنىسى: ئىمانىڭلاردا مۇستەھكەم تۇرۇپ جىھاد قىلىڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە جەننەتنى بېرىدىغانلىقىغا چىن دىلىڭلاردىن ئىشەنچ قىلغان ھالدا ئىش كۆرۈڭلار، دېگەنلىكتۇر. بۇ ﴿فَٱسۡتَقِمۡ كَمَآ أُمِرۡتَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بۇيرۇلغىنىڭدەك (توغرا يولدا) راۋۇرۇس بولغىن﴾[2] دېگەن خىتابقا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر بىلسەڭلار، ئەنە شۇنداق ئىمانىڭلاردا چىڭ تۇرۇپ، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش سىلەر ئۈچۈن ھەممىدىن ياخشىدۇر. ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانىڭلارنى ۋە ئىشەنچىڭلارنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، جېنىڭلارنى، پۇل-مېلىڭلارنى ئاتاپ، جىھاد قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بارلىق گۇناھلىرىڭلارنى، كەمچىلىكلىرىڭلارنى ئەپۇ قىلىپ، ھەممىنى يوققا چىقىرىۋېتىدۇ، ئاندىن سىلەرنى قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل-دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئېسىل جەننەتلەرگە كىرگۈزۈپ، شۇ جەننەتلەرنىڭ ئالىي قەسىرلىرىدە داۋاملىق تۇرغۇزىدۇ. جەننەتلەردە سىلەر ھېچقانداق غەم-قايغۇ ياكى كۆڭۈلسىزلىك دېگەنلەرنى كۆرمەيسىلەر ۋە تولۇق كۆڭۈل ئازادىلىكى ئىچىدە، ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە تەييارلىغان نېمەتلىرىدىن كەڭتاشا ھۇزۇرلىنىسىلەر. مانا بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر، مانا بۇ مەزكۇر كاتتا تىجارەتنىڭ پايدىسىدۇر ۋە مۇكاپاتىدۇر.

---

[1] تەۋبە سۈرىسى:111-ئايەت.

[2] ھۇد سۈرىسى:112-ئايەت.

سىلەر ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا ئۆزۈڭلار ياخشى كۆرىدىغان يەنە بىر نېمەتمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلىشى ۋە مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشىدىن ئىبارەت يېقىندا قولغا كېلىدىغان غەلىبىدۇر. ئاللاھ تائالاغا چىن ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلىقنىڭ مۇكاپاتى ئەنە شۇنداق كاتتا بولىدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئىمانىڭلاردا مۇستەھكەم بولۇڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار مۇرادىڭلارغا يېتىسىلەر. ئى پەيغەمبەر! سەن مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا نۇسرەت ۋە غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقى، ئاخىرەتتە ئېسىل جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بەرگىن.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! خۇددى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاۋارىيلىرى ئۇنىڭغا كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ئىشلىرىدا ياردەمچى بولغاندەك، سىلەرمۇ پەيغەمبىرىڭلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ دىنىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ياردەمچى بولۇڭلار، بۇ دىنغا خىزمەت قىلىدىغانلاردىن بولۇڭلار.

ئەللامە فەخرۇددىن رازىي ﴿فَـَٔامَنَت طَّآئِفَةٞ مِّنۢ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ وَكَفَرَت طَّآئِفَةٞۖ﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىن ئىمان ئېيتقانلار بىلەن كاپىر بولغانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بولغان. چۈنكى، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۈچ پىرقىغا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، بىر پىرقە: ‹ئىيسا ئاللاھنىڭ ئۆزىدۇر، شۇڭا ئۇ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى› دېدى، يەنە بىر پىرقە: ‹ئىيسا ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر، شۇڭا ئاللاھ ئۇنى ئۆزىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەتتى› دېدى، ئۈچىنچى پىرقە: ‹ئىيسا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە بەندىسىدۇر، ئاللاھ ئۇنى ئاسمانغا ئېلىپ كەتتى› دېدى. ئۈچىنچى پىرقە كىشىلىرى مۇئمىنلەردۇر. ھەربىر پىرقىغا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئەگەشتى. يۇقىرىقى ئىككى كاپىر پىرقە ئۈچىنچى پىرقىنى تاپقان يەردە ئۆلتۈردى، ئۆز يۇرتلىرىدىن پالىدى. ئەھۋال مۇشۇنداق داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر زاماندا ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇئمىن پىرقە دۈشمىنى بولغان كاپىر پىرقە ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. ﴿ئاندىن ئىمان ئېيتقانلارنى ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى كۈچلەندۈردۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار غالىب بولدى﴾ دېگەن ئايەتنىڭ

مەنىسى مۇشۇدۇر»[1].

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. جىھىنىنى تىكىپ ۋە پۇل-مېلىنى سەرپ قىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىش بارچە ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر ۋە ئەڭ پايدىلىق تىجارەتتۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە قىلغان ۋەدىلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىغا ئايرىم بىر دەلىلدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ياردەم قىلغانلارغا ئاللاھ تائالا ياردەم قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ئىككىلا ئالەمدە ئەزىز قىلىدۇ.

---

[1] «مفاتيح الغيب للرازي» 29-توم، 533-بەت.

# جۇمۇئە سۈرىسى

جۇمۇئە سۈرىسى مەدىنىدە نازىل بولغان، 11 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرە ئاللاھ تائالانىڭ ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىش ئارقىلىق پۈتۈن ئىنسانىيەتكە كاتتا ئىنئام قىلغانلىقى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز دىنىنى ساقلاپ قالالمىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاخىرىدا جۈمە نامىزىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ھۆكۈملەر بايان قىلىنىدۇ[1].

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىنلەرنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلىشتەك كاتتا نېمىتىنى ئەسلىتىشتىن ئىبا-رەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى 9-ئايىتى يەنى ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا نُودِىَ لِلصَّلَوٰةِ مِن يَوۡمِ ٱلۡجُمُعَةِ فَٱسۡعَوۡاْ إِلَىٰ ذِكۡرِ ٱللَّهِ وَذَرُواْ ٱلۡبَيۡعَۚ ذَٰلِكُمۡ خَيۡرٞ لَّكُمۡ إِن كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿ٱلۡجُمُعَةِ﴾ «جۇمۇئە» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، (جۈمە) دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ ئەرەبلەرگە ۋە جىمى ئىنسانىيەتكە ئىنئامى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿يُسَبِّحُ لِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلۡأَرۡضِ ٱلۡمَلِكِ ٱلۡقُدُّوسِ
ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡحَكِيمِ ﴿١﴾ هُوَ ٱلَّذِى بَعَثَ فِى ٱلۡأُمِّيِّـۧنَ رَسُولٗا مِّنۡهُمۡ يَتۡلُواْ
عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتِهِۦ وَيُزَكِّيهِمۡ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَإِن كَانُواْ
مِن قَبۡلُ لَفِى ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ ﴿٢﴾ وَءَاخَرِينَ مِنۡهُمۡ لَمَّا يَلۡحَقُواْ بِهِمۡۚ
وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٣﴾ ذَٰلِكَ فَضۡلُ ٱللَّهِ يُؤۡتِيهِ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 671- بەت.

ذُو ٱلۡفَضۡلِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٤﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر (مۇتلەق) پادىشاھ، (نۇقسانلاردىن) پاك، (ھەممىدىن) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ.

2ـ ئاللاھ ئىلگىرى ئۇيېئۇچۇق ئازغۇنلۇقتا تۇرۇۋاتقان ساۋاتسىزلارغا (ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلارغا (قۇرئان) ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، ئۇلارنى (بۇزۇق ئەقىدە ۋە ئەخلاقسىزلىقلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا قۇرئاننى ۋە ھېكمەتنى (ھەدىس) ئۆگىتىدىغان بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتكەن زاتتۇر.

3ـ ھەمدە (پەيغەمبەرنى) ئۇلارنىڭ زامانىسىدا تېخى بولمىغان (ئۇلاردىن كېيىن تا قىيامەتكىچە كېلىدىغان) باشقا قەۋملەرگىمۇ (ئەۋەتكەن زاتتۇر). ئاللاھ (ھەممىدىن) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

4ـ مانا بۇ ئاللاھنىڭ پەزلىدۇركى، ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ، ئاللاھ ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر.

## تەپسىرى

ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئۆزىگە خاس تىلى ۋە ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ مۇكەممەللىكىنى، ھەممىنىڭ ياراتقۇچى ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، بارچە نۇقسانلاردىن ۋە كەمچىلىكلەردىن پاك ئىكەنلىكىنى، كائىناتتىكى گۈزەل سەنئەتلىرىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى ھەمىشە نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان ئەڭ چوڭ نېمىتى ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دىنىنى يەتكۈزگەنلىكى ئىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىدە شەك يوق. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان ئەڭ چوڭ نېمىتى ۋە كاتتا ئېھسانىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان، ھاياتىدا

بىرەر مۇئەللىمنىڭ يېنىغا بېرىپ ئوقۇپ باقمىغان بىر پەيغەمبەرنى ئۆزىگە ئوخشاش ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان ساۋاتسىزلارنىڭ (يەنى ئەرەبلەرنىڭ) ئىچىدىن چىقاردى ۋە ئۇنى جىمى ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمىسىمۇ، ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ھەممىنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ مەخسۇس تەربىيەلىشى ۋە يېتىشتۈرۈشى ئارقىسىدا ئىلىم-ھېكمەتكە تولۇپ، كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇپ بېرىدىغان، ئۇنى ئۆز ھاياتىغا تەتبىقلاپ، كىشىلەرگە قۇرئانچە ياشاش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنى ۋە ئەخلاقىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇلارنى گۇناھلاردىن، ئازغۇن پىكىر ۋە خاتا ئەقىدىلەردىن پاك قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ روھىنى يۈكسەلدۈرۈپ، ۋىجدانىنى ئويغىتىدىغان ئۈلگىلىك زاتتۇر.

شەكسىزكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان، نە سىياسەت، نە پەلسەپە، نە دىنلار تارىخى ھەققىدە ھېچ نەرسە ئوقۇمىغان بىر پەيغەمبەرنىڭ ئەرەبلەردىن ئىبارەت جاھالەت ۋە خۇراپاتنىڭ پاتقاقلىرىغا پېتىپ كەتكەن بىر مىللەتنى چارەك ئەسىرگىمۇ يەتمەيدىغان قىسقىغىنا بىر ۋاقىت ئىچىدە ئىسلاھ قىلىپ، يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، ئۇلارنى دىن-دىيانەت، ئىلىم-ھېكمەت ۋە گۈزەل ئەخلاق بابىدا دۇنيا خەلقىنىڭ ئۇستازلىرىغا ئايلاندۇرالىغانلىقى ھەرگىزمۇ كىچىك ئىش ئەمەس. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان كاتتا پەزل-كەرەمىدۇر.

شۈندىاق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەب-ئەجەم ھەممە مىللەتنىڭ پەيغەمبىرى بولۇپ، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى ئۆگەتكەن، ئۇنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ كۆرسەتكەن، ئىنسانىيەتنى، جۈملىدىن ئەرەبلەرنى كۇفرىلىقنىڭ ئازگاللىرىدىن، گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ پاتقاقلىرىدىن چىقىرىپ پاكلىغان، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرى بىلەن پارلاتقان زاتتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان جىمى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ پەيغەمبىرىدۇر. ﴿ھەمدە (پەيغەمبەرنى) ئۇلارنىڭ زامانىسىدا تېخى بولمىغان (ئۇلاردىن كېيىن تا قىيامەتكىچە كېلىدىغان) باشقا قەۋملەرگىمۇ (ئەۋەتكەن زاتتۇر)﴾ دېگەن ئايەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىرق، رەڭ ۋە تىل پەرقلىرى سەۋەبلىك

ئايرىم مۇئامىلە قىلىشنى قەتئىي رەت قىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا جىمى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام ئائىلىسىدىن ئىبارەت بىرلا ئائىلىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ﴿إِنَّمَا ٱلۡمُؤۡمِنُونَ إِخۡوَةٞ﴾ يەنى ﴿مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر﴾[1].

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان كاتتا نېمىتى، چوڭ رەھمىتى ۋە چەكسىز پەزل-كەرەمى بولۇپ، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەتنى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا چوڭ پەزل-كەرەم ئىگىسىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاسمان ۋە زېمىندىكى جىمى مەۋجۇدات ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، گۈزەل سەنئەتلىرىنى، چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ، ئۇنىڭ كەمچىلىكلەردىن پاك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىدۇ.

2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەبلەردىن چىققان ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇر.

3. ئىمان ئېيتىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدا مېڭىش دۇنيادا ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئەڭ توغرا ئىشتۇر.

### ◄ ئەنە شۇلار يەھۇدىيلاردۇر

﴿مَثَلُ ٱلَّذِينَ حُمِّلُواْ ٱلتَّوۡرَىٰةَ ثُمَّ لَمۡ يَحۡمِلُوهَا كَمَثَلِ ٱلۡحِمَارِ يَحۡمِلُ
أَسۡفَارَۢاۚ بِئۡسَ مَثَلُ ٱلۡقَوۡمِ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِۚ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي
ٱلۡقَوۡمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ٥ قُلۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ هَادُوٓاْ إِن زَعَمۡتُمۡ أَنَّكُمۡ
أَوۡلِيَآءُ لِلَّهِ مِن دُونِ ٱلنَّاسِ فَتَمَنَّوُاْ ٱلۡمَوۡتَ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ٦
وَلَا يَتَمَنَّوۡنَهُۥٓ أَبَدَۢا بِمَا قَدَّمَتۡ أَيۡدِيهِمۡۚ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِٱلظَّٰلِمِينَ ٧
قُلۡ إِنَّ ٱلۡمَوۡتَ ٱلَّذِي تَفِرُّونَ مِنۡهُ فَإِنَّهُۥ مُلَٰقِيكُمۡۖ ثُمَّ تُرَدُّونَ إِلَىٰ
عَٰلِمِ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ٨﴾

---

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى:10-ئايەت.

### تەرجىمىسى

5ـ تەۋراتقا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغانلار خۇددى كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەككە ئوخشايدۇ. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان بۇ قەۋمنىڭ مىسالى نېمىدېگەن يامان! ئاللاھ (بۇنداق) زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

6ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى يەھۇدىيلار! ئەگەر سىلەر باشقىلارنى ئەمەس، پەقەت ئۆزۈڭلارنىلا ئاللاھنىڭ دوستلىرى دەپ قارايدىغان بولساڭلار ھەمدە (بۇنىڭدا) راستچىل بولساڭلار، قېنى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار!».

7ـ ئۇلار قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئۆلۈمنى ھەرگىز ئارزۇ قىلمايدۇ. ئاللاھ زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

8ـ ئېيتقىنكى، «(ئى يەھۇدىيلار!) سىلەر قېچىۋاتقان بۇ ئۆلۈم چوقۇم سىلەرنى تاپىدۇ، ئاندىن سىلەر غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى (ئاللاھ) نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. شۇ چاغدا ئاللاھ سىلەرگە قىلمىشىڭلاردىن خەۋەر بېرىدۇ».

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، «تەۋرات»قا ئەمەل قىلىشقا، ئۇنى قوغداشقا بۇيرۇلغان تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان، ھەتتا ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلاشتىن قوغداپ قالالمىغان يەھۇدىيلارنى ئۈستىگە ئېغىر كىتابلار يۈكلەنگەن ئېشەككە ئوخشاتقان. مەلۇمكى، ئېشەك ھايۋانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىلسىز ھايۋاندۇر. يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز دىنىنى ۋە دىني دەستۇرى بولغان «تەۋرات»نى قوغداپ قالالمىغانلىقى، ئۆز دىنىنى ئۇنتۇپ، ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالغانلىقى قاتارلىق ئەھۋالى ئۇلارنى ئېشەككە ئوخشىتىشنى تەقەززا قىلغان سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ ئوخشىتىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ ئەمەل قىلمايدىغان ئادەملەرگىمۇ مۇناسىپتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان قەۋمنىڭ مىسالى، ئەھۋالى ۋە ئاقىۋىتى نېمىدېگەن يامان! توغرا يولدىن ئېزىپ ئازغۇنلۇقنى تاللىۋېلىش ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان مۇنداق بىر قەۋمنى ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلمايدۇ، ئۇلارنى ياخشىلىققا يېتەكلىمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇنىڭغا لايىق ئەمەس.

يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ بالىلىرى ۋە ئەڭ يېقىن كىشىلىرى دەپ دەۋا قىلىپ، ئاخىرەتتە جەننەتنىڭ ئۆزلىرىگىلا خاس ئىكەنلىكىنى بىلجىرلايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە بارغاندىن كېيىن، مەدىنە شەھىرى ئىچىدىكى يەھۇدىيلار خەيبەرلىك يەھۇدىيلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش مەسىلىسى توغرۇلۇق مەسلىھەت سوراپ، ئۇلارغا: «سىلەر بۇ پەيغەمبەرگە ئەگەشسەڭلار، بىزمۇ ئەگىشىمىز، ئەگەر سىلەر ئۇنىڭغا قارشى چىقساڭلار، بىزمۇ قارشى چىقىمىز» دېگەن. خەيبەرلىك يەھۇدىيلار ئۇلارغا: «بىز بولساق ئاللاھنىڭ دوستى ئىبراھىمنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ ئوغلى ئۇزەيرنىڭ ئەۋلادى. پەيغەمبەرلەر بىزدىن چىققان. ئەرەبلەردىن قاچان پەيغەمبەر كەپتىكەن؟ مۇھەممەدكە قارىغاندا پەيغەمبەرلىككە بىز ئەڭ لايىقمىز. شۇڭا مۇھەممەدكە ئەگىشىشكە ھېچبىر ھاجىتىمىز يوق» دېگەن. شۇ چاغدا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ خام خىيالىغا ۋە يالغان سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ﴿ئېيتقىنكى، «ئى يەھۇدىيلار! ئەگەر سىلەر باشقىلارنى ئەمەس، پەقەت ئۆزۈڭلارنىلا ئاللاھنىڭ دوستلىرى دەپ قارايدىغان بولساڭلار ھەمدە (بۇنىڭدا) راستچىل بولساڭلار، قېنى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار!»﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان[1]. يەنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتى ۋە بەخت-سائادىتى بىزگىلا خاس دەپ جۆيلۈگەن بۇ كاززاپ يەھۇدىيلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇغان: ئى يەھۇدىيلار! ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئاللاھ تائالانىڭ دوستلىرى ۋە يېقىنلىرى دېگەن سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار ۋە دېگىنىڭلاردەك جەننەت سىلەرگىلا خاس بولىدىغان بولسا، قېنى سىلەرنى شۇ جەننەتكە تېزرەك ئېلىپ بارىدىغان ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلارچۇ!

ئاندىن ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ قەلب قاتلىرىدا يوشۇرغانلىرىنى ئوچۇق ئاشكارىلىغان ھالدا: ﴿ئۇلار قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، ئۆلۈمنى ھەرگىز ئارزۇ قىلمايدۇ﴾ دېگەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەمەللىرى پەقەتلا ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش، پەيغەمبەرلەرگە ئەزىيەت بېرىش، كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقنى ئىمان ۋە ھىدايەتتىن ئەۋزەل كۆرۈش، ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلىش، دىن نامىدىن يولسىزلىق قىلىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدىغان ۋە ئۆزلىرىنى جەننەتكە لايىق قىلىدىغان بىرەر ياخشى ئەمەلى بولمىغان تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ ئاخىرەت يۇرتىنى ئارزۇ قىلسۇن؟!

[1] «تفسير ابن عطية» 5-توم، 307-بەت.

قانداقمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا چىقىشنى خالىسۇن؟! شۇڭا ئۇلار ئۆلۈمنى ھەگىز ئارزۇ قىلمايدۇ.

يەھۇدىيلارنىڭ جانباقار موللىلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «تەۋرات» تىكى سۈپەتلىرىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرى كۈتۈۋاتقان ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ دەل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى بىلىپ ۋە ئۇنى ئۆز باللىرىنى تونۇغاندەك تونۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھەسەت قىلغانلىقتىن، ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدە تۆۋەن سانالغان ساۋاتسىز مىللەتتىن – ئەرەبلەردىن چىققان بىر پەيغەمبەرگە بويسۇنۇشنى قوبۇل قىلمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ «تەۋرات»تىكى سۈپەتلىرىنى خەلقتىن يوشۇرۇپ، كىشىلەرنى ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىن توسۇشقا ئۇرۇنغان ئىدى.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ﴿ئېيتقىنكى، «(ئى يەھۇدىيلار!) سىلەر قېچىۋاتقان بۇ ئۆلۈم چوقۇم سىلەرنى تاپىدۇ، ئاندىن سىلەر غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى (ئاللاھ) نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. شۇ چاغدا ئاللاھ سىلەرگە قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەر بېرىدۇ»﴾ يەنى ئى يەھۇدىيلار! گەرچە سىلەر ئۆلۈمنى خالىمىساڭلارمۇ بۇ ئۆلۈم چوقۇم سىلەرنى تاپىدۇ، چوقۇم بىر كۈنى ئۆلىسىلەر ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا بارىسىلەر. چۈنكى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممە ئۆلۈمگە مەھكۇمدۇر. سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ تائالا شۇ چاغدا سىلەرگە بۇ دۇنيادىكى بارلىق قىلمىشلىرىڭلارنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بېرىدۇ، ئاندىن شۇ قىلمىشلىرىڭلارغا يارىشا جازايىڭلارنى تارتىسىلەر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى يادلىغان، كۆرسەتمىلىرىنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان، ئۇنى ھۆرمەتلىمىگەن ئادەم ھېچقانداق پەزىلەتكە ئىگە ئەمەس. چۈنكى، بۇ كىتاب ئەمەل قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان ئىلاھىي دەستۇردۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلاردۇر. مۇنداقلار ھەرگىز ھىدايەت تاپالمايدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىغا ئەمەل قىلماي تۇرۇپ جەننەتنى تەمە

قىلىدىغانلار يەھۇدىيلارغا ئوخشاش ئۆزىنى ئالدىغۇچىلاردۇر.

4. ھەقىقىي مۇئمىنلەر ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ. ئەمما ئاخىرەتلىكىدىن ئەنسىرىگۈچىلار ئۆلۈمدىن قورقىدۇ.

### ◄ جۇمە نامىزىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەھكاملار

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِذَا نُودِىَ لِلصَّلَوٰةِ مِن يَوْمِ ٱلْجُمُعَةِ فَٱسْعَوْا۟ إِلَىٰ ذِكْرِ ٱللَّهِ وَذَرُوا۟ ٱلْبَيْعَ ۚ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٩﴾ فَإِذَا قُضِيَتِ ٱلصَّلَوٰةُ فَٱنتَشِرُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ وَٱبْتَغُوا۟ مِن فَضْلِ ٱللَّهِ وَٱذْكُرُوا۟ ٱللَّهَ كَثِيرًا لَّعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿١٠﴾ وَإِذَا رَأَوْا۟ تِجَـٰرَةً أَوْ لَهْوًا ٱنفَضُّوٓا۟ إِلَيْهَا وَتَرَكُوكَ قَآئِمًا ۚ قُلْ مَا عِندَ ٱللَّهِ خَيْرٌ مِّنَ ٱللَّهْوِ وَمِنَ ٱلتِّجَـٰرَةِ ۚ وَٱللَّهُ خَيْرُ ٱلرَّٰزِقِينَ ﴿١١﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

9-ئى ئىمان ئېيتقانلار! جۈمە كۈنى نامازغا (جۈمەگە) ئەزان ئېيتىلسا، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئوقۇشقا) دەرھال بېرىڭلار، ئېلىم-سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار، بۇنداق قىلغىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر.

10-ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا زېمىنغا تارقىلىڭلار ۋە (تىرىكچىلىك قىلىش ئارقىلىق) ئاللاھنىڭ پەزلىدىن (رىزقىڭلارنى) تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار.

11-(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار بىرەر تىجارەتنى ياكى تاماشىنى كۆرۈپ قالسا، سېنى ئۆرە تۇرغان (يەنى خۇتبە ئوقۇۋاتقان) ھالىتىڭدە تاشلاپ قويۇپ، ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ كېتىدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى (مۇكاپات ۋە نېمەت)لەر تاماشىدىن ۋە تىجارەتتىن ياخشىدۇر، ئاللاھ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر».

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار!﴾ دېگەن ندا بىلەن خىتاب قىلىشى ھەقىقىي ئىماننىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن

كەلگەن بۇيرۇقلارنى دەرھال ئورۇنداشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈش ۋە ئەسلىتىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ئەقىل بىلەن ۋىجدانغا خىتاب قىلىدىغان يېگانە كىتاب بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا بىرەر ئىشنىڭ پەرزلىكىنى ئۇقتۇرۇشتا ياكى ئۇلارنى بىرەر ئىشتىن توسۇشتا ئۇلارغا ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار!﴾ دەپ خىتاب قىلغان.

بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارغا جۈمە كۈنلۈكتە جۈمە نامىزىغا ئەزان چىققان ھامان ھەممە ئىشلىرىنى تاشلاپ، جۈمە نامىزىنىڭ خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئوقۇشقا دەرھال بېرىشىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان. جۈمە نامىزى سەپەر ئۈستىدە بولمىغان، تېنى ساق، سولاقتا بولمىغان ھەرقانداق مۇسۇلمان ئەرگە پەرز بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا جۈمە نامىزىغا بىرلا ئەزان ئوقۇلاتتى. بۇ ئەزان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن مۇنبەرگە چىققان ۋاقتىدىلا ئوقۇلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر قاتارلىق خەلىپىلەرنىڭ دەۋرىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق ئىدى. ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىغا كەلگەندە، مەدىنە شەھىرىدە ئادەم سانىنىڭ كۆپىيىشى ۋە شەھەرنىڭ كېڭىيىشى بىلەن جۈمە نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرىشتىن ئاۋۋال يەنە بىر ئەزان ئوقۇپ كىشىلەرگە جۈمە نامىزىنى ئەسلىتىش ئېھتىياجى تۇيۇلغان. ئىمام بۇخارىي سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرنىڭ زامانلىرىدا ئىمام مۇنبەرگە چىققان ۋاقتىدا بىر قېتىملا ئەزان ئوقۇلاتتى. ئوسماننىڭ زامانىغا كەلگەندە ئىنسانلار كۆپەيدى، شۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى ئەزان قوشۇلدى»[1]. بۇ ھەدىستە جۈمەنىڭ پەرزىنى ئوقۇش ئالدىدا ئېيتىلىدىغان تەكبىرمۇ ئەزان دەپ سانالغان. شۇڭا ئۈچ ئەزان دېيىلگەن. بۇ ھەدىستىكى «ئۈچىنچى ئەزان»دىن جۈمەنىڭ ۋاقتى كىرىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان بىرىنچى ئەزان كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئېلىم-سېتىمنى تاشلاپ دەرھال جۈمەگە بېرىشنى پەرز قىلىدىغان ئەزان قايسى؟ يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى خۇتبىدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان ئەزانمۇ ياكى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان بىرىنچى ئەزانمۇ؟ جاۋاب شۇكى، بۇ ئايەتتىن ئىككىنچى ئەزان كۆزدە تۇتۇلىدۇ، يەنى ئىمام خۇتبىگە چىققان

[1] «صحيح البخاري» 2-توم، 9-بەت، 916 - ھەدىس.

چاغدا ئوقۇلىدىغان ئەزاندۇر. ئىمام خۇتبىگە چىققاندا ئەزان ئوقۇلغان هامان ئېلىم-سېتىم ۋە بارلىق ئىشلارنى تاشلاپ، دەرهال نامازغا كېلىش پەرزدۇر. ئەمما بىرىنچى ئەزاننىڭ چىقىشى بىلەن سودا-سېتىقنى يىغىشتۇرۇپ، جۈمەگە بۇرۇنراق تەييارلىق قىلىشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىدە شەك يوق. جۈمە نامىزىنى ئوقۇماسلىق ئېغىر گۇناهتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام جۈمە نامىزىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلارنى ئاگاهلاندۇرۇپ: «مَنْ تَرَكَ ثَلَاثَ جُمَعٍ تَهَاوُنًا بِهَا ، طَبَعَ اللّٰهُ عَلَى قَلْبِهِ» يەنى «كىمكى جۈمە نامىزىنى ئاددىي ساناپ، ئۈچ قېتىم تەرك ئېتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى پېچەتلىۋېتىدۇ»[1] دېگەن. ئەمما جۈمەنىڭ پەرزلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقتىن، ئۇنى ئوقۇمىغانلارنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىدا شەك يوق.

﴿نامـاز ئوقۇلۇپ بولغاندا زېمىنغا تارقىلىڭلار ۋە (تىرىكچىلىك قىلىش ئارقىلىق) ئاللاھنىڭ پەزلىدىن (رىزقىڭلارنى) تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار﴾ يەنى جۈمە نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، زېمىنغا تارقىلىپ، ئۆزۈڭلارنىڭ تىرىكچىلىك ئىشلىرىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ پەزلىدىن رىزقىڭلارنى تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىڭلار. بەزى ساھابىلەر جۈمە نامىزىدىن كېيىن مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتىكەن: «ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلىپ، جۈمە نامىزىنى ئوقۇدۇم، ئاندىن سەن بۇيرۇغان بويىچە زېمىنغا تارقالدىم. ئەمدى ماڭا ئۆز پەزلىڭدىن رىزىق بەرگىن. چۈنكى، سەن رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن»[2].

ئىمام بۇخارىي جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، «بىز پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىلەن جۈمەدە ئىدۇق. جامائەت شامدىن ئاشلىق ئېلىپ كەلگەن تىجارەت كارۋانلىرىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ قېلىپ، مەسجىدتىن چىقىپ كەتتى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ يېنىدا ئون ئىككى نەپەر ئادەملا قالدى. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار بىرەر تىجارەتنى ياكى تاماشىنى كۆرۈپ قالسا، سېنى ئۆرە تۇرغان (يەنى خۇتبە ئوقۇۋاتقان) ھالىتىڭدە تاشلاپ قويۇپ، ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ كېتىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى»[3].

﴿ئۇلارغا﴾ ئېيتقىنكى، «ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى (مۇكاپات ۋە نېمەت)

[1] «سنن أبي داود» 1ـ توم، 277ـ بەت، 1052ـ هەدىس.
[2] «تفسير ابن كثير»8ـ توم، 148ـ بەت.
[3] «صحيح البخاري» 2ـ توم، 13ـ بەت، 936ـ هەدىس.

لەر تاماشىدىن ۋە تىجارەتتىن ياخشىدۇر، ئاللاھ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر»﴾. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇيدۇ: ئى مۆئمىنلەر! سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى دەپ ئىبادەتنى تاشلاپ كېتىپ قالماڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا سىلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپات، ئېسىل نېمەت، كەڭ رىزىق، پەزل-كەرەم ۋە بەرىكەت قاتارلىقلار سىلەر يۈگۈرۈپ كەتكەن تىجارەتتىن ۋە ئويۇن-تاماشىدىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. رىزىق ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنى بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۆزى خالىغانچە تەقسىم قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. شۇڭا سىلەر قولۇڭلاردىن كەلگەن سەۋەبلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالادىن رىزىق تىلەڭلار، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ ئۇنىڭ دەرگاھىدىكى نېمەتلەرنى تەلەپ قىلىڭلار، دۇنيالىقنى دەپ خۇتبە ئاڭلاشنى ۋە نامازنى تاشلاپ مەسجىدتىن چىقىپ كەتمەڭلار.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. جۇمە نامىزىنى ئوقۇش ھەربىر ئاقىل، بالىغ، مۇقىم، مۇسۇلمان ئەرگە پەرزدۇر، شۇنداقلا، جۇمەنىڭ ئىككىنچى ئەزىنى ئوقۇلغان چاغدا دەرھال مەسجىدكە كېلىش پەرزدۇر.

2. جۇمەنىڭ ئىككىنچى ئەزىنىدىن كېيىن سودا-سېتىق قىلىش چەكلىنىدۇ.

3. ناماز ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتىدۇر. شۇڭا جۇمە خۇتبىسىنى ئاڭلاش ۋە جۇمە نامىزىنى ئوقۇش ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشنىڭ بىر تۈرىدۇر.

4. بەزى ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا چىقىپ كەتمەي قېلىپ قالغان جامائەت سانى ئون ئىككى كىشى ئىكەنلىكىگە ئاساسەن، جۇمە نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن ئەڭ ئاز دېگەندە ئون ئىككى كىشى بولۇشىنى شەرت دەپ قارايدۇ. ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام مالىك جۇمە ئوقۇش ئۈچۈن جامائەت سانىنىڭ قىرىقتىن كەم بولماسلىقى شەرت دەپ قارايدۇ. ھەنبەلىي مەزھىپىمۇ بۇنىڭغا ئەمەل قىلىدۇ. ئەمما ھەنەفىي مەزھىپىدە ئىمامدىن باشقا ئۈچ كىشى بىلەن جۇمە ئوقۇشقا بولىدۇ. ئىمام ئەۋزائىي ئۈچ كىشى بىلەنمۇ جۇمە نامىزى ئوقۇشقا بولىدۇ،

دېگەن[1].

5. ئاياللارنىڭ جۇمە نامىزىغا بېرىشى جائىزدۇر. ئاياللار جۇمە ئوقۇسا ساۋاب بولىدۇ ۋە ئۇلاردىن شۇ كۈننىڭ پېشىن نامىزى ساقىت بولىدۇ.

[1] «مجموع فتاوى ومقالات الشيخ ابن باز» 30- توم، 231- بەت.

# مۇنافىقۇن سۈرىسى

مۇنافىقۇن سۈرىسى مەدىنىدە نازىل بولغان، 11 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە مۇناپىقلار ھەققىدە توختالغان ۋە ئۇلارنىڭ رەزىللىكلىرىدىن بەزىسىنى ئېچىپ تاشلىغان. ئاخىرىدا مۆئمىنلەرگە بەزى تەلىماتلارنى بەرگەن.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاش، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلامغا قارشى مەۋقەسىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿ٱلۡمُنَٰفِقُونَ﴾ «مۇناپىقلار» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

## ◄ مۇناپىقلار ۋە ئۇلارنىڭ رەزىللىكى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿إِذَا جَآءَكَ ٱلۡمُنَٰفِقُونَ قَالُواْ نَشۡهَدُ إِنَّكَ لَرَسُولُ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ
إِنَّكَ لَرَسُولُهُۥ وَٱللَّهُ يَشۡهَدُ إِنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ لَكَٰذِبُونَ ١ ٱتَّخَذُوٓاْ
أَيۡمَٰنَهُمۡ جُنَّةٗ فَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِۚ إِنَّهُمۡ سَآءَ مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ
٢ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ ءَامَنُواْ ثُمَّ كَفَرُواْ فَطُبِعَ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ فَهُمۡ لَا
يَفۡقَهُونَ ٣ ۞ وَإِذَا رَأَيۡتَهُمۡ تُعۡجِبُكَ أَجۡسَامُهُمۡۖ وَإِن يَقُولُواْ تَسۡمَعۡ
لِقَوۡلِهِمۡۖ كَأَنَّهُمۡ خُشُبٞ مُّسَنَّدَةٞۖ يَحۡسَبُونَ كُلَّ صَيۡحَةٍ عَلَيۡهِمۡۚ هُمُ
ٱلۡعَدُوُّ فَٱحۡذَرۡهُمۡۚ قَٰتَلَهُمُ ٱللَّهُۖ أَنَّىٰ يُؤۡفَكُونَ ٤ وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ تَعَالَوۡاْ
يَسۡتَغۡفِرۡ لَكُمۡ رَسُولُ ٱللَّهِ لَوَّوۡاْ رُءُوسَهُمۡ وَرَأَيۡتَهُمۡ يَصُدُّونَ وَهُم

مُّسْتَكْبِرُونَ ﴿٥﴾ سَوَآءٌ عَلَيْهِمْ أَسْتَغْفَرْتَ لَهُمْ أَمْ لَمْ تَسْتَغْفِرْ لَهُمْ
لَن يَغْفِرَ ٱللَّهُ لَهُمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلْفَٰسِقِينَ ﴿٦﴾ هُمُ ٱلَّذِينَ
يَقُولُونَ لَا تُنفِقُوا۟ عَلَىٰ مَنْ عِندَ رَسُولِ ٱللَّهِ حَتَّىٰ يَنفَضُّوا۟ ۗ وَلِلَّهِ
خَزَآئِنُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَلَٰكِنَّ ٱلْمُنَٰفِقِينَ لَا يَفْقَهُونَ ﴿٧﴾
يَقُولُونَ لَئِن رَّجَعْنَآ إِلَى ٱلْمَدِينَةِ لَيُخْرِجَنَّ ٱلْأَعَزُّ مِنْهَا ٱلْأَذَلَّ ۚ وَلِلَّهِ
ٱلْعِزَّةُ وَلِرَسُولِهِۦ وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَلَٰكِنَّ ٱلْمُنَٰفِقِينَ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٨﴾
يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تُلْهِكُمْ أَمْوَٰلُكُمْ وَلَآ أَوْلَٰدُكُمْ عَن ذِكْرِ
ٱللَّهِ ۚ وَمَن يَفْعَلْ ذَٰلِكَ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَٰسِرُونَ ﴿٩﴾ وَأَنفِقُوا۟ مِن
مَّا رَزَقْنَٰكُم مِّن قَبْلِ أَن يَأْتِىَ أَحَدَكُمُ ٱلْمَوْتُ فَيَقُولَ رَبِّ لَوْلَآ
أَخَّرْتَنِىٓ إِلَىٰٓ أَجَلٍ قَرِيبٍ فَأَصَّدَّقَ وَأَكُن مِّنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٠﴾ وَلَن
يُؤَخِّرَ ٱللَّهُ نَفْسًا إِذَا جَآءَ أَجَلُهَا ۚ وَٱللَّهُ خَبِيرٌۢ بِمَا تَعْمَلُونَ ﴿١١﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

**1**-(ئى پەيغەمبەر!) مۇناپىقلار سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن چاغدا: «گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىسەن» دەيدۇ. ئاللاھ سېنىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ. ئاللاھ مۇناپىقلارنىڭ (ساختا گۇۋاھلىق بېرىمىز دېگەن سۆزىدە) چوقۇم يالغانچىلار ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

**2**-ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغان قەسەملىرىنى قالقان قىلىۋېلىپ، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توستى. ئۇلارنىڭ قىلمىشى نېمىدېگەن يامان!

**3**-بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كاپىر بولدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى، شۇڭا ئۇلار (ھەقىقەتنى) چۈشەنمەيدۇ.

**4**-(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى سېنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار سۆزلىسە، سەن ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ قالىسەن، (دىلىنىڭ ئىماندىن خالىيلىقىدا) ئۇلار گويا تامغا يۆلەپ

قويۇلغان قۇرۇق ياغاچلارنىڭ ئۆزىدۇر، ئۇلار (قورقۇنچتىن) ھەرقانداق ئاۋازنى ئۆزلىرىگە قارىتىلغان زىيانلىق ئاۋاز دەپ ئويلايدۇ. ئۇلار ھەقىقىي دۈشمەندۇر، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلىگىن، ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلسۇن! ئۇلار قانداقلارچە (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟

5ـ ئۇلارغا: «كېلىڭلار، رەسۇلۇللاھ سىلەرگە مەغپىرەت تىلىسۇن» دېيىلسە، ئۇلار باشلىرىنى چايقايدۇ، سەن ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلىپ (سەندىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن.

6ـ ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، قىلمىساڭمۇ، بەرىبىر ئوخشاش. ئاللاھ ئۇلارنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ئىتائەتتىن چىققان قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

7ـ ئۇلار: «رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرگە بىر نەرسە بەرمەڭلار، ئۇلار تارقىلىپ كەتسۇن» دەيدۇ. ھالبۇكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. لېكىن مۇناپىقلار (بۇنى) چۈشەنمەيدۇ.

8ـ ئۇلار: «بىز مەدىنىگە قايتساق، ئەڭ ئەزىز بولغان (پىرقە) ئەڭ خار بولغان (پىرقە)نى ئۇ يەردىن چىقىرىۋېتىدۇ» (يەنى بىز مۇسۇلمانلارنى مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىمىز) دېيىشىدۇ. ئىززەت ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپتۇر، لېكىن مۇناپىقلار (بۇنى) بىلمەيدۇ.

9ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! پۇل ـ ماللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار سىلەرنى ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئەنە شۇنداقلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

10ـ سىلەر بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: «ئى رەببىم! مېنىڭ ئەجىلىمنى بىرئاز كېچىكتۈرگەن بولساڭ، مەن سەدىقە قىلغۇالسام ۋە ياخشىلاردىن بولۇۋالسام» دەپ قېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەنلىرىمىزدىن بىر قىسمىنى سەدىقە قىلىڭلار.

11ـ ئاللاھ ھېچكىمنى ئەجىلى كەلگەندە كېچىكتۈرمەيدۇ. ئاللاھ قىلغۇاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! مۇناپىقلار سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن چاغلىرىدا، ئاغزىنىڭ ئۇچىدا ﴿گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىسەن﴾ دەپ قويىدۇ. ئاللاھ تائالا سېنىڭ ئۆزى ئەۋەتكەن

ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ، مۇناپىقلارنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ چوقۇم يالغانچىلار ئىكەنلىكىگە گۇۋاھتۇر. ئېنىقكى، ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﴿گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىسەن﴾ دېگەن سۆزىگىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ بارلىق يالغانچىلىقىغا گۇۋاھتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلىدۇ. مۇناپىقلار ئوپئوچۇق يالغانچىلار تۇرۇقلۇق، ئۆزلىرىنى راستچىل مۆئمىنلەرنىڭ قاتارىدىن سانىۋالغان، ئېغىزىدا ئىماننى سۆزلەپ قويۇپ، دىللىرىدا كۇفرىنى يوشۇرىدىغان مەخلۇقلاردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى مۇناپىقلار ئۆزلىرى ئىسلام دىنىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى مۆئمىنلەرنىڭ قاتارىدىن قىلىپ كۆرسەتتەتتى، ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھەمىشە ياخشىلىق تىلەيدىغانلىقىنى دەۋا قىلاتتى ۋە مۇسۇلمانلارنى بۇ يالغان گەپلىرىگە ئىشەندۇرۇش ئۈچۈن يالغاندىن قەسەم ئىچىشتىن قورقمايتتى. ئۇلار ئىسلامغا قارشى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھەر قېتىم مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن جازاغا يولۇققان چېغىدا، يالغاندىن قەسەم ئىچىپ بېرىپ، ئۆزلىرىنى جازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قالاتتى. جازادىن قۇتۇلۇپ بولغاندىن كېيىنلا يەنە ئۆزلىرىنىڭ رەزىل پىلانلىرىنى ئىشقا سېلىشقا تىرىشاتتى، ئىسلامغا كىرمەكچى بولغانلارنى ئىسلامدىن توساتتى. ئۇلار بۇ رەزىللىكلەرنىڭ ھەممىسىنى پەقەت قەسەملىرىنى قالقان قىلىپ تۇرۇپ قىلاتتى. دېمەك، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ھەقىقەتەن قەبىھ ۋە بەكمۇ يامان ئىدى.

ئۇلارنىڭ بۇ رەزىل قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەن بولۇپ، شۇڭا ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرى كىرمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ توپتوغرا يول ئىكەنلىكىنى ۋە مۇناپىقلىقنىڭ ئۆزلىرىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ.

ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىغا ۋە تاشقى قىياپىتىگە قارايدىغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۇلاردىن ھەيران قالىسەن، ئۇلارنىڭ سۆلىتى سېنى قايىل قىلىدۇ، ساڭا ياراپ قالىدۇ. ئۇلار سۆزلىسە، سەن ئۇلارنىڭ سۆزمەنلىكىگە ۋە گەپلىرىنىڭ چىرايلىقلىقىغا قىزىقىپ قالىسەن. ئەمما ئۇلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى شۇنداق سۆلەتلىك كۆرۈنسىمۇ، ئىچكى دۇنياسى خارابىگە ئايلىنىپ قالغانلىقتىن ۋە ئىماندىن پۈتۈنلەي خالىي بولغانلىقتىن،

گويا ئۇلار تامغا يۆلەپ قويۇلغان ئىچى چىرىك ياغاچلارغا ئوخشايدۇ. چۈنكى، گەرچە ئۇلاردا شۇنداق سۆلەت ۋە شۇنداق سۆزمەنلىك بولسىمۇ، ئۇلاردا ئەقىل يوق، ياخشى بىلەن يامانني، ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيالايدىغان پاراسەت يوق، گويا ئۇلار تىزىپ قويۇلغان ھەيكەللەرگە ئوخشايدۇ.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇناپىقلىقىنى پاش قىلىپ قويىدىغان بىرەر ئايەت نازىل قىلىنىشىدىن قورقىدىغانلىقتىن، خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە ياشايدۇ، ئەتراپتىكى ھەربىر ئاۋازنى ئۆزىگە قارىتىلغان زىيانلىق ئاۋاز دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئۇلار ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلەردۇر. چۈنكى، مۇناپىقلارنىڭ خەتىرى ۋە دۈشمەنلىكى ھەرقانداق ئاشكارا دۈشمەننىڭ دۈشمەنلىكىدىن ۋە خەتىرىدىن چوڭدۇر. قېنى ئويلاپ بېقىڭ! ئالدىڭىزدا ۋاي دەپ تۇرۇپ، ئىچىدە سىزگە قارشى دۈشمەنلىك ئوتلىرىنى ياندۇرىدىغان ئادەملەردىنمۇ خەتەرلىك ئادەملەر بارمۇ دۇنيادا!

ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن تاغام بىلەن بىللە ئىدىم، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل دېگەن مۇناپىقنىڭ ‹رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىكى يوقسۇللارغا بىر نەرسە بەرمەڭلار، ئۇلار شۇنىڭ بىلەن تارقىلىپ كەتسۇن› دېگەنلىكىنى ۋە ‹بىز مەدىنىگە قايتساق، بىزدىن ئىبارەت ئەڭ ئەزىز بولغان پىرقە مۇسۇلمانلاردىن ئىبارەت ئەڭ خار پىرقىنى مەدىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز› دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قېلىپ، تاغامغا دېدىم، تاغام بۇ گەپنى رەسۇلۇللاھقا يەتكۈزدى. رەسۇلۇللاھ بۇ سۆزنىڭ راستلىقىنى سۈرۈشتە قىلىش ئۈچۈن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇلنىڭ يېنىغا ئادەم ئەۋەتتى. ئەمما ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مۇنداق سۆزلەرنى قىلمىغانلىقىغا قەسەم قىلىشتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئىشەندى ۋە مېنى يالغانچى دەپ ساندى. بۇنىڭدىن كۆڭلۈم قاتتىق بىئارام بولدى. مەن ھاياتىمدا بۇنداق ئېغىر بىئاراملىق ھېس قىلىپ باقمىغان ئىدىم. ئۆيۈمدە ئولتۇرۇپ سىرتقىمۇ چىقمىدىم. بۇ ئارىدا ﴿مۇناپىقلار سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن چاغدا...﴾ دېگەن ئايەتتىن ﴿ئۇلار: ‹رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرگە بىر نەرسە بەرمەڭلار، ئۇلار تارقىلىپ كەتسۇن› دەيدۇ﴾، ﴿ئۇلار: «بىز مەدىنىگە قايتساق، ئەڭ ئەزىز بولغان (پىرقە) ئەڭ خار بولغان (پىرقە)نى ئۇ يەردىن چىقىرىۋېتىدۇ» (يەنى بىز مۇسۇلمانلارنى مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىمىز) دېيىشىدۇ﴾ دېگەن ئايەتلەرگىچە بولغان ئايەتلەر نازىل بولغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ماڭا ئادەم ئەۋەتىپ مېنى يېنىغا چاقىردى ۋە ماڭا: ‹ئاللاھ سېنىڭ راستچىللىقىڭنى تەستىقلىدى›

دېدى»[1].

مۇناپىقلار ئەنە شۇنداق سۆزلەرنى قىلغان تۇرۇقلۇق، بۇ سۆزلەرنى قەتئىي قىلمىغانلىقىغا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلىشقان ئىدى. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقىنى پاش قىلغان ۋە ئۇلارنى رەسۋا قىلغان. ئۇلار كىشىلەرنى ئىسلامدىن توسۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئادەملىرىگە تەۋسىيە قىلىپ، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىكى يوقسۇل مۇھاجىرلارغا تاكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن تارقىلىپ كەتمىگۈچە بىر نەرسە بەرمەسلىكىنى، ياردەم قىلماسلىقىنى بۇيرۇغان. ھالبۇكى، ئاسمان ۋە زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە تۇرسا، بارچە رىزىق ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا تۇرسا، بۇ مۇناپىقلار ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بېرىدىغان رىزقىنى توسۇپ قالالامدۇ؟ مۇناپىقلار بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار يەنە ئەگەر بىز نۆۋەتتىكى بەنى مۇستەلەق غازىتىدىن يېنىپ مەدىنىگە سالامەت قايتىپ بارساق، بىزدىن ئىبارەت ئەڭ ئەزىز پىرقە مۇھەممەد بىلەن مۇھاجىرلاردىن ئىبارەت ئەڭ خار پىرقىنى شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز، دېدى. بۇ مۇناپىقلار بىلمەمدۇكى، ئەزىزلىق، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە غەلىبە ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، مۆئمىن بەندىلىرىگە ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرىگە نۇسرەت ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دىنىنى بارچە دىنلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا مۆئمىن بەندىلىرىگە نۇسرەت ۋە ياردەم ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى دۈشمەنلىرىدىن ئۈستۈن قىلىدۇ. شۇ ئېنىقكى، مۇناپىقلار بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە بىلمەيدۇ.

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇناپىقلار ئەڭ رەزىل، ئەڭ پەسكەش، ئەڭ نامەرد، ئەڭ خەتەرلىك مەخلۇقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىمانى، گۇۋاھلىقى، قەسەملىرى ۋە بارلىق گەپ-سۆزلىرى پۈتۈنلەي يالغاندۇر. چۈنكى، ئۇلار ھاياتىنى بىر قاتار يالغانلارنىڭ ئۈستىگە قۇرغان. ئۇلار ھەمىشە كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن، ياخشى ئىشلاردىن توسىدۇ، ئۆزلىرىنى سەممىي مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدا كۆرسىتىپ تۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنى ئالداشقا تىرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قانداقلا بىر سورۇندىكى ئولتۇرۇشلىرىغا قارىغان كىشى ئۇلارنى ھەقىقەتەن تەقۋادار، ناھايىتى ئەخلاق-پەزىلەتلىك كىشىلەر ئىكەن دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار ئىچىنى قۇرۇت يەپ چىرىپ كەتكەن ياغاچلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلار

[1] «صحيح البخاري» 6-توم، 152-بەت، 4901-ھەدىس.

ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ يامانلىقىدىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ ئىچكى يۈزىنى پاش قىلىپ بىرەر ئايەت نازىل قىلىشىدىن قاتتىق قورقاتتى ۋە ئەتراپىتىكى ھەممە ئاۋازنى ئۆزلىرىگە قارىتىلغان زىيانلىق ئاۋاز دەپ ئويلاپ قالاتتى. باشقىلارنى بىخىللىق قىلىشقا، مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلماسلىققا چاقىراتتى. ئۇلار يەنە مۇئمىنلەرنى مەدىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىشقا بەل باغلىغان ئىدى. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ رەزىل پىلانىنى بىتچىت قىلىۋەتكەن ئىدى. شەكسىزكى، مۇناپىقلار بۇ دۇنيادا مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ، ئاخىرەتتە ئەڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ﴿إِنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ فِي ٱلدَّرۡكِ ٱلۡأَسۡفَلِ مِنَ ٱلنَّارِ﴾ يەنى ﴿مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە تاشلىنىدۇ﴾[1].

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ھەرگىز مۇناپىقلارغا ئوخشاش بولماڭلار! ئۆزىنىڭ ئاز-تولا مال-دۇنياسى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلىنىدىغان مۇناپىقلارنى دورىماڭلار. شەكسىزكى، ئىنسانىي ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى دۇنيا ھەلەكچىلىكىدۇر. ئىنسانلار دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكتىن ئەۋزەل كۆرگەن ۋاقىتلىرىدا، ئۇلار ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، ئاخىرەتنى ئېسىگە ئېلىپ قويمايدۇ، ئۆزىنىڭ بىر كۈن ئۆلىدىغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدۇ. شەكسىزكى، بۇنداق ئىنسانلار مەڭگۈلۈك بەخت-سائادەتنى ۋاقىتلىق مەنپەئەت ئۈچۈن سېتىۋەتكەنلەردۇر. مۇناپىقلار ئازغۇنلۇقنى ھىدايەت بەدىلىگە سېتىۋالغان مەخلۇقلاردۇر.

«ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇماڭلار» دېگەنلىك بۇ دۇنيالىقنى پەقەتلا تاشلىۋېتىڭلار دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى، بۇ دۇنيا ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئىشلەش مەيدانىدۇر. ھەركىم مۇشۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ ئاخىرەتتىكى قارارگاھىنى ئۆزى قۇرۇپ چىقىدۇ. بەزىلەرنىڭ قارارگاھى جەننەت بولىدۇ، بەزىلەرنىڭكىسى دوزاخ بولىدۇ. شۇڭا بۇ دۇنيا ئاخىرەتلىك ئۈچۈن زۆرۈردۇر. ھالال رىزىق تېپىش ئۈچۈن ئىشلەش ئىبادەتتۇر. مال-دۇنيا ئۆز يولىدا ئىشلىتىلسە، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشكە ۋاستە بولىدۇ. زاكات ۋە ھەج قاتارلىق پەرزلەرمۇ پۇل-مال بىلەن ئورۇندىلىدۇ. دېمەك، پۇل-مال ئاخىرەتلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈرىيەتتۇر. دۇنيالىق بىلەن ئاخىرەتلىك ھەر ئىككىسىنىڭ ھەققىنى بەرگەن ھالدا، ھەر ئىككىسى ئۈچۈن ئىشلەش مۇسۇلمانلىقنىڭ ئىپادىسى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ شوئارىدۇر.

---

[1] نىسا سۈرىسى:145-ئايەت.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرگە تۇيۇقسىز ئۆلۈم كېلىپ، سىلەر ئى رەببىم! كاشكى، ماڭا ئازراق پۇرسەت بەرگەن بولساڭ، ئەجىلىمنى ئازراق كېچىكتۈرگەن بولساڭ، مەن سېنىڭ يولۇڭدا پۇل-مال سەرپ قىلىپ، يوقسۇل بەندىلىرىڭگە سەدىقە ۋە ئېھسانلارنى قىلىپ، سېنىڭ ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىدىن بولار ئىدىم، دېيىشتىن بۇرۇن ئاللاھ تائالا سىلەرگە بەرگەن پۇل-مالدىن ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ موھتاج بەندىلىرىگە سەدىقە قىلىڭلار، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاڭلار. يەنى تېنىڭلار ساق، ھاياتتىن ئۈمىدىڭلار بار ۋاقىتلاردا ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىڭلاركى، ئۆلۈم سىلەرگە تۇيۇقسىز كەلگەندە ياكى سىلەر كېسەللىكتىن ياتاقتا چۈشۈپ قالغان، پۇل-مېلىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ھاجەتلىرىدىن ئاشمىغان ۋاقىتتا، كاشكى، بۇنىڭدىن بۇرۇن قىلىۋالسامچۇ، دەپ ھەسرەت چەكمەڭلار ۋە ئاخىرەتكە ھەسرەت-نادامەت بىلەن كېتىپ قالماڭلار.

شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا ھېچبىر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى كېچىكتۈرمەيدۇ ۋە ئالدىغىمۇ ئالمايدۇ. ﴿وَلِكُلِّ أُمَّةٍ أَجَلٌ فَإِذَا جَآءَ أَجَلُهُمْ لَا يَسْتَأْخِرُونَ سَاعَةً وَلَا يَسْتَقْدِمُونَ﴾ يەنى ﴿ھەربىر ئۈممەتنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مۇئەييەن ۋاقتى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ (ھالاك بولىدىغان) ۋاقتى كەلگەندە، ئۇلار بىردەممۇ ئىلگىرى-كېيىن بولمايدۇ﴾[1].

ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇپ قالغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدىغان ۋاقىتتا چوقۇم ھەسرەت-نادامەت چېكىدۇ. ئەمما ئۇ ۋاقىتتىكى ھەسرەت-نادامەتنىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟! ئىنسان ئەقىل-ئىدراكلىق بىر مەخلۇق بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۆزىنىڭ بېشىغا كېلىدىغانلاردىن غەپلەتتە ياشىسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى شۇنداق پۇشايمان ۋە ھەسرەت-نادامەت بولماي نېمە بولماقچى ئىدى؟ سەكراتقا چۈشكەن ئادەمنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىشى ۋە ئۆمرىنى ئازراق بولسىمۇ ئۇزارتىپ ئۇنىڭ ياخشى ئىشلارنى قىلىۋېلىشىغا پۇرسەت بېرىشىنى تەلەپ قىلىشى پايدىسىزدۇر. ھەتتا سەكراتتا ئېيتقان ئىمانىنىڭمۇ پايدىسى بولمايدۇ. پىرئەۋننىڭ قىسسىسى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. چۈنكى، پىرئەۋنمۇ ئۆلىدىغان ۋاقىتتا ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىمانىنى قوبۇل قىلمىغان.

---

[1] ئەئراف سۈرىسى:34-ئايەت.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇناپىقلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالامىتى يالغانچىلىقتۇر.

2. گۇناھقا تەۋبە قىلماسلىق ۋە گۇناھ سادىر قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش دىلنى قارايتىدۇ.

3. مۇئمىن ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسى تاشقى دۇنياسىدىن گۈزەل ۋە پارلاق بولىدۇ.

4. خائىنلار، مۇناپىقلار ۋە گۇناھكارلار قورقۇنچاق كېلىدۇ.

5. كاپىرلار ئۈچۈن ئىستىغپار ئېيتقانىنىڭ قىلچە پايدىسى بولمايدۇ.

6. رىزىق ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھ تائالا رىزىقنى بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۆزىگە خاس ھېكمەتكە ئاساسەن تارقىتىدۇ.

7. ئىززەت ۋە ھۆرمەت ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە خاستۇر. شۇڭا مۇسۇلمان ئادەمنىڭ كاپىرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى خار قىلىشى توغرا ئەمەس.

8. مال-دۇنيا ياكى باللار بىلەن بولۇپ كېتىپ بەزى پەرزلەرنى تەرك ئېتىش ياكى ئۇز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈش توغرا ئەمەس.

9. قۇدرىتى يەتكەن كىشىنىڭ پەرز ھەجنى كېچىكتۈرۈشى توغرا ئەمەس.

10. زاكاتنى تولۇق ئادا قىلىش پەرزدۇر. يوقسۇللارغا ياردەم قىلىش ساۋابى كۆپ ئىبادەتلەردىن سانىلىدۇ.

12. ئەجەل ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ۋاقىتتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولمايدۇ.

# تەغابۇن سۈرىسى

تەغابۇن سۈرىسى مەدىنىدە نازىل بولغان، 18 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىدە ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان ئالامەتلەر بايان قىلىنغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: كاپىرلارنىڭ كۇفرىلىقىنى تاللاش ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئالدانغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى كۇفرىلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى 9-ئايەتتە كەلگەن «ھەسرەت چېكىش، ئالدىنىپ قېلىش ۋە زىيان تارتىش» دېگەن مەنىدىكى ﴿ٱلتَّغَابُنِ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

## ◄ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿يُسَبِّحُ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۖ لَهُ ٱلۡمُلۡكُ وَلَهُ ٱلۡحَمۡدُۖ
وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ١ هُوَ ٱلَّذِي خَلَقَكُمۡ فَمِنكُمۡ كَافِرٞ
وَمِنكُم مُّؤۡمِنٞۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٌ ٢ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلۡأَرۡضَ بِٱلۡحَقِّ وَصَوَّرَكُمۡ فَأَحۡسَنَ صُوَرَكُمۡۖ وَإِلَيۡهِ ٱلۡمَصِيرُ ٣
يَعۡلَمُ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَيَعۡلَمُ مَا تُسِرُّونَ وَمَا تُعۡلِنُونَۚ
وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ھۆكۈمرانلىق ئاللاھقا مەنسۇپتۇر، ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

2ـ ئاللاھ سىلەرنى (يوقتىن) ياراتقان زاتتۇر. (شۇنداق تۇرۇقلۇق) ئاراڭلاردا كاپىر بولغۇچى بار ۋە مۇئمىن بولغۇچىمۇ بار. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

3ـ ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى، سىلەرنى شەكىلگە كىرگۈزدى، شەكىلىڭلارنى چىرايلىق قىلدى، قايتىدىغان جايىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر.

4ـ ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ سىلەرنىڭ يوشۇرغان ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ دىللاردىكىنىمۇ بىلگۈچىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

كائىناتتىكى ھەربىر مەۋجۇدات ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئۆزگە خاس تىلى ۋە ئۆزگە خاس ھالىتى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ بارچە كەمچىلىكلەردىن پاك ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. ھەربىر مەۋجۇداتتىكى مۇكەممەللىك، گۈزەل سەنئەت ۋە تەرتىپ-ئىنتىزام ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، چەكسىز قۇدرىتىنى، كەمچىلىكلەردىن خالىيلىقىنى ۋە يارىتىشتىكى ماھىرلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

ھەقىقىي پادىشاھلىق، مۇتلەق ھاكىمىيەت پەقەتلا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ھەرقانداق ئۇلۇغلۇق، كاتتىلىق ۋە ئىگىدارچىلىق ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىنى ياراتقان، ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق ۋە يارىشىملىق سۈرەتتە قىلغان زاتتۇر.

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ سىلەرنى يوقتىن پەيدا قىلدى، سىلەرنى تۇپراقتىن يارىتىپ شەكىلگە كىرگۈزدى، شەكىلىڭلارنى چىرايلىق ۋە يارىشىملىق قىلدى، ئاندىن سىلەرگە جان كىرگۈزدى. نەتىجىدە، سىلەرنى ماددا بىلەن روھتىن بارلىققا كەلتۈردى. چۈنكى، سىلەرنىڭ جىسمىڭلار تۇپراقتىن، روھىڭلار ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن. ئاللاھ تائالا سىلەردە ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تۈرتكىلىرىنى پەيدا قىلدى. سىلەردىكى ياخشىلىق تۈرتكىلىرى روھىڭلارنىڭ تەلپى، يامانلىق تۈرتكىلىرى نەپسىڭلارنىڭ

تەلپۈندۇر. شۇڭا سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىپ كاپىر بولغانلارمۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىپ مۆئمىن بولغانلارمۇ بار. شۇ ئېنىقكى، ھەرقانداق بىر كاپىرنىڭ كاپىرلىقى ئۇنىڭدا ماددىنىڭ روھقا غالىب كەلگەنلىكىدىن بولىدۇ. ئاسىي-گۇناھكارلارمۇ شۇنداق. چۈنكى، گۇناھ قىلغان ئادەم ئۆزىدىكى روھىيەتنىڭ ماددا ئالدىدا يېڭىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن گۇناھ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى ۋە گۇناھكارلارنى ئۇلارنىڭ كۇفرىلىق بىلەن گۇناھنى تاللىغانلىقى تۈپەيلىدىن جازالىغاندەك، مۆئمىنلەرنىمۇ ئۇلارنىڭ ئىماننى ۋە ھىدايەتنى تاللىغانلىقى يۈزىسىدىن مۇكاپاتلايدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدۇ، مەخلۇقاتىنىڭ بارلىق ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدۇ.

بۇ كائىناتنى ياراتقان زات كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنى بىكارغا ياراتقان ئەمەس، بەلكى يامان ئىش قىلغانلارنى جازالاش ۋە ياخشى ئىش قىلغانلارنى مۇكاپاتلاشتىن ئىبارەت چوڭ بىر ھېكمەت ۋە ئالاھىدە بىر مەقسەت بىلەن ياراتقان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئەقىل-ئىدراكتىن ئىبارەت كاتتا نېمەتنى ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇنى بارچە مەخلۇقاتتىن پەرقلىق قىلغان.

بىزنى شۇنداق پەرقلىق قىلىپ يارىتىپ، شەكلىمىزنى چىرايلىق، ئۆزىمىزنى ئەقىللىق قىلغان زات - بىزنىڭ رەببىمىز ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالا بىزنىڭ ئىگىمىزدۇر، ئاخىر قايتىدىغان يېرىمىز ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر. بىز ئۇنىڭ دەرگاھىغا بارغىنىمىزدا بۇ دۇنيادا قىلغان بارلىق ياخشى ۋە يامان ئىشلىرىمىزنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى كۆرىمىز. رەببىمىز ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ، بىزنىڭ ئاشكارىلىغان ۋە يوشۇرغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ھەتتا كۆڭلىمىزگە كەلتۈرگەنلىرىمىزنىمۇ بىلىدۇ. چۈنكى، قەلب قېتىدىكىلەر ئاللاھ تائالاغا سىر ئەمەس. شۇڭا رەببىمىزنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشىمىزغا ۋە ئۇنىڭ جازاسىغا يولۇقۇپ قېلىشىمىزغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىپ، ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ سىزىپ بەرگەن يولىدا مېڭىپ، رازىلىقىنى تەلەپ قىلىش ھەربىر ئەقىللىق مۆئمىن ئادەم ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىككى ئالەملىك بەخت - سائادەت ئاللاھ تائالانى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا ھەقىقىي مەنىدە ئىبادەت قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

2. ئىنسانلارنىڭ مۆئمىن ياكى كاپىر بولۇشى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى

ۋە ئىلمىدىن تاشقىرى ئەمەس.

3. دىللاردىكىنى بىلىپ تۇرغۇچى زات-ئاللاھ تائالادىن هايا قىلىش تولىمۇ زۆرۈردۇر.

### ◄ ئاخىرەتتىكى تىرىلىش ۋە كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇش

﴿أَلَمۡ يَأۡتِكُمۡ نَبَؤُاْ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَبۡلُ فَذَاقُواْ وَبَالَ أَمۡرِهِمۡ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ۝٥ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُۥ كَانَت تَّأۡتِيهِمۡ رُسُلُهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ فَقَالُوٓاْ أَبَشَرٞ يَهۡدُونَنَا فَكَفَرُواْ وَتَوَلَّواْۚ وَّٱسۡتَغۡنَى ٱللَّهُۚ وَٱللَّهُ غَنِيٌّ حَمِيدٞ ۝٦ زَعَمَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَن لَّن يُبۡعَثُواْۚ قُلۡ بَلَىٰ وَرَبِّي لَتُبۡعَثُنَّ ثُمَّ لَتُنَبَّؤُنَّ بِمَا عَمِلۡتُمۡۚ وَذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٞ ۝٧ فَـَٔامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَٱلنُّورِ ٱلَّذِيٓ أَنزَلۡنَاۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ ۝٨ يَوۡمَ يَجۡمَعُكُمۡ لِيَوۡمِ ٱلۡجَمۡعِۖ ذَٰلِكَ يَوۡمُ ٱلتَّغَابُنِۗ وَمَن يُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ وَيَعۡمَلۡ صَٰلِحٗا يُكَفِّرۡ عَنۡهُ سَيِّـَٔاتِهِۦ وَيُدۡخِلۡهُ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۚ ذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ۝٩ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَآ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِ خَٰلِدِينَ فِيهَاۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ۝١٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

5-سىلەرگە بۇرۇنقىلاردىن كاپىر بولۇپ، قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تېتىغانلار-نىڭ خەۋىرى كەلمىدىمۇ؟ ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب بار.

6-بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئۇلار: «بىزگە (ئۆزىمىزگە ئوخشاش) بىر ئىنسان يول كۆرسىتەمدىكەن؟» دەپ، (پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدى، (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتتى. ئاللاھ (ئۇلارنىڭ ئىمانىدىن) بىهاجەت بولدى. ئاللاھ (ھەممىدىن) بىهاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر.

7-كاپىرلار بىز ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ ئويلىدى، (ئى پەيغەمبەر!

ئۇلارغا): «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، رەببىمنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشىڭلاردىن چوقۇم خەۋەر بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر» دېگىن.

8ـ سىلەر ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە بىز نازىل قىلغان نۇر (قۇرئان) غا ئىمان ئېيتىڭلار. ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

9ـ ئاللاھ ھەممىنى توپلايدىغان قىيامەت كۈنى سىلەرنىمۇ توپلايدۇ، بۇ (كاپىرلار) زىيان تارتىدىغان كۈندۇر. كىمكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن ۋە ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

10ـ (ئاللاھنى) ئىنكار قىلغان ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغان دېگەنلەر دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!

### ◄ تەپسىرى

ئى مۇشرىكلار! سىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقى ۋە تۇرلۇك رەزىل قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىنغان قەۋملەرنىڭ خەۋىرى كەلمىدىمۇ؟ سىلەرگە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ توپان بالاسىدا غەرق بولغانلىقى، ئاد، سەمۇد ۋە پىرئەۋن قاتارلىق قەۋملەرنىڭ تۇرلۇك ئازاب ـ ئۇقۇبەتلەر بىلەن ھالاك قىلىنغانلىق خەۋىرى يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى بۇ دۇنيادا قىسمەن تېتىدى، ئاخىرەتتە بولسا ئۇلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلانغان بولۇپ، ئۇلار ئەڭ دەھشەتلىك ئازابلارغا ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا ھالاك بولۇش ئارقىلىق قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنى تېتىشىغا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا ئۇچرىشىغا سەۋەب بولغان نەرسە شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە ھەق دىننىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ۋە روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلاتتى، «بىزگە ئۆزىمىزگە ئوخشاش بىر ئىنسان يول كۆرسىتەمدىكەن؟» دەپ پەيغەمبەرنىڭ ئىنساندىن بولغانلىقىنى قەتئىي قوبۇل قىلالمايتتى. گويا ھەممە پەيغەمبەرنىڭ قەۋمى ئوخشاش سۆزگە كېلىشىۋالغاندەكلا، ھەربىر قەۋم ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى شۇنداق ئىنكار قىلاتتى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن روشەن مۆجىزىنى سېھىر دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەق دىننى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ مۇنداقلارنىڭ ئىمانىغا ھاجىتى يوقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى

سەۋەبلىك ئۆزىگە قىلچە زىيان يەتمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتىغا موھتاج ئەمەس. ئەكسىچە، بارچە مەۋجۇدات ئاللاھ تائالاغا موھتاجدۇر. ئىتائەت قىلغۇچىنىڭ ئىتائىتىدىن، ئاسىيلىق قىلغۇچىنىڭ ئاسىيلىقىدىن ئاللاھ تائالاغا بىرەر پايدا كەلمەيدۇ ياكى بىرەر زىيان يەتمەيدۇ. پايدا-زىيان بەندىلەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەستۇر، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندە مەدھىيەلەنگۈچىدۇر.

كاپىرلار: بىز ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز، بىز ئۆلگەندىن كېيىن تەنلىرىمىز تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىز پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كېتىمىز، دەپ پەرەز قىلىشتى. پەرەز ۋە گۇمان دېگەن نەرسىلەر بىلەن ھېچبىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ، پەرەز ۋە گۇمان ھەرگىز ئىلىمنىڭ ئورنىدا تۇرالمايدۇ. ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئىش ھەرگىز سىلەر پەرەز قىلغاندەك ئەمەس، ئەكسىچە، ئاللاھ تائالا سىلەرنى قىيامەت كۈنى چوقۇم تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن سىلەرگە بۇ دۇنيادىكى بارلىق قىلمىشلىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ. سىلەر شۇنىڭغا ئاساسەن جازايىڭلارنى تېتىيسىلەر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن تولىمۇ ئاساندۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىر ۋە ھەممىدىن غالىبتۇر.

شۇڭا سىلەر ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالاغا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ھىدايەت مەشئىلىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار. «قۇرئان كەرىم» شۇنداق بىر ھىدايەت مەشئىلىكى، ئاللاھ تائالا ئۇنى بارچە ئالەملەرگە ھىدايەت، مۆئمىنلەرگە رەھمەت قىلىپ نازىل قىلدى. ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قىلۋاتقان بارلىق ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.

شۇنىمۇ ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا ھەممە خالايىقنى ھېساب مەيدا-نىغا توپلايدىغان قىيامەت كۈنىدە سىلەرنىمۇ ئەلۋەتتە توپلايدۇ، ئۇ كۈندە ئاللاھ تائالا بۇرۇنقىلارنى ۋە كېيىنكىلەرنى، ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ھەممىسىنى توپلايدۇ. بۇ كۈن كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا ھەسرەت چېكىدىغان ۋە دۇنيالىققا ئالدىنىپ قالغانلىقىنىڭ زىيىنىنى تارتىدىغان كۈندۇر. شۇڭا بۇ كۈن ﴿يَوْمُ التَّغَابُنِ﴾ يەنى «زىيان ئۈتتۈرۈش چىقىدىغان، ھەسرەت چېكىشكە يېتىدىغان ۋە كىشىلەر ئالدانغانلىقىنى بىلىدىغان كۈن» دەپ ئاتالغان. چۈنكى، بۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ دۇنيالىققا ئالدىنىپ قالغانلىقى ۋە زىيان تارتقانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇلار قاتتىق

ھەسرەت چېكىدۇ. مۇئمىنلەر بولسا ياخشى ئەمەللەرنى تېخىمۇ كۆپ قىلغان بولساقچۇ، دەپ قالىدۇ. ﴿ٱلتَّغَابُنِۗ﴾ قىيامەتنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرىدۇر.

كىمكى ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىدىن ئىمان ئېيتىپ، ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان بارلىق گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇنى قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، مەڭگۈلۈك تۇرالغۇ بولغان، ئېسىل جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار بۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ھەقىقەتەن بۇ راستتىنلا كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر. ئەمدى ئاللاھ تائالانى، قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلغان، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى يالغان دېگەن، خۇسۇسەن، «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلار ئەلۋەتتە دوزاخ ئەھلىدۇر. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!

ئى ئىنسانلار! بۇ بايانلارغا قاراڭلار! ئىبرەت ئېلىڭلار! كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق يامان بولىدىكەن ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئاقىۋىتى قانداق ياخشى بولىدىكەن بىلىۋېلىڭلار.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىمانسىزلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەختسىزلىكنىڭ باش ئامىلىدۇر. ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەر ئىككىلا ئالەمدە بەختلىك كىشىلەردۇر.

2. «قۇرئان كەرىم» ھىدايەتنىڭ ئەڭ مۇكەممەل مەنبەسى بولۇپ، باشقا يەرلەردىن ھىدايەت ئىزدىگەن ئادەم چوقۇم ئېزىپ كېتىدۇ.

3. ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەل جەننەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

## ◄ مۇئمىنلەرنىڭ نەزىرىدە دۇنيا ھاياتى

﴿مَآ أَصَابَ مِن مُّصِيبَةٍ إِلَّا بِإِذۡنِ ٱللَّهِۗ وَمَن يُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ يَهۡدِ قَلۡبَهُۥۚ
وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٞ ﴿١١﴾ وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَۚ فَإِن
تَوَلَّيۡتُمۡ فَإِنَّمَا عَلَىٰ رَسُولِنَا ٱلۡبَلَٰغُ ٱلۡمُبِينُ ﴿١٢﴾ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۚ وَعَلَى

ٱللَّهِ فَلۡيَتَوَكَّلِ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ﴿١٣﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّ مِنۡ أَزۡوَٰجِكُمۡ
وَأَوۡلَٰدِكُمۡ عَدُوّٗا لَّكُمۡ فَٱحۡذَرُوهُمۡۚ وَإِن تَعۡفُواْ وَتَصۡفَحُواْ وَتَغۡفِرُواْ
فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴿١٤﴾ إِنَّمَآ أَمۡوَٰلُكُمۡ وَأَوۡلَٰدُكُمۡ فِتۡنَةٞۚ وَٱللَّهُ
عِندَهُۥٓ أَجۡرٌ عَظِيمٞ ﴿١٥﴾ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ مَا ٱسۡتَطَعۡتُمۡ وَٱسۡمَعُواْ وَأَطِيعُواْ
وَأَنفِقُواْ خَيۡرٗا لِّأَنفُسِكُمۡۗ وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفۡسِهِۦ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ
ٱلۡمُفۡلِحُونَ ﴿١٦﴾ إِن تُقۡرِضُواْ ٱللَّهَ قَرۡضًا حَسَنٗا يُضَٰعِفۡهُ لَكُمۡ وَيَغۡفِرۡ
لَكُمۡۚ وَٱللَّهُ شَكُورٌ حَلِيمٌ ﴿١٧﴾ عَٰلِمُ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ ٱلۡعَزِيزُ
ٱلۡحَكِيمُ ﴿١٨﴾

## تەرجىمىسى

11ـ(كىشىگە) يەتكەن ھەرقانداق مۇسىبەت پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەنلا يېتىدۇ، كىمكى ئاللاھقا (ئۇنىڭ تەقدىرىگە) ئىشىنىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى(سەۋرگە) يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

12ـ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر (بۇنىڭدىن) باش تارتساڭلار (پەيغەمبەرگە قىلچە زىيان يوق)، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋەزىپىسى پەقەتلا دىنىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر.

13ـ ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، مۇئمىنلەر ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن.

14ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! شەكسىزكى، سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار ئىچىدە سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار. شۇڭا ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار. ئەگەر (ئۇلارنى) ئەپۇ قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ياپساڭلار، كەچۈرسەڭلار (ئاللاھمۇ سىلەرنى كەچۈرىدۇ). شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

15ـ سىلەرنىڭ پۇل-مال‌لىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار (سىلەر ئۈچۈن) بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، (بۇ سىناقتىن ئۆتكەنلەرگە) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا مۇكاپات بار.

16ـ سىلەر كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، (ئۇنىڭ ئۈگۈتلىرىنى) ئاڭلاڭلار، (ئەمرىگە) ئىتائەت قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك) پايدىسى ئۈچۈن پۇل-مال سەرپ قىلىڭلار. كىمكى ئۆز نەپسىنىڭ

بىخللىقىدىن ساقلىنىدىكەن، ئەنە شۇنداق كىشىلەر مۇرادىغا يەتكۈچىلەردۇر.

17ـئەگەر سىلەر ئاللاھقا ياخشى قەرز بەرسەڭلار (يەنى پۇل-مېلىڭلارنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلساڭلار)، ئاللاھ سىلەرگە ئۇنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ بېرىدۇ، (گۇناھىڭلارنى) مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ئاز ياخشىلىققا كۆپ مۇكاپات بەرگۈچىدۇر، جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

18ـئاللاھ غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، (ھەممىدىن) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئۇز ۋاقتىدا بەزى كاپىرلار مۇسۇلمانلارغا تەنە قىلىپ: «ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ھەق بولسا ئىدى، ئاللاھ ئۇلارنى دۇنيانىڭ مۇسىبەتلىرىدىن ساقلىغان بولاتتى» دېگەن. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ بۇ بولمىغۇر سۆزىگە رەددىيە بېرىپ، ﴿(كىشىگە) يەتكەن ھەرقانداق مۇسىبەت پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەنلا يېتىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان[1].

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئىماننىڭ نەتىجىسى ۋە مۆئمىنلەرنىڭ ئىمان سايىسىدا ئېرىشىدىغان كاتتا مۇۋەپپەقىيىتى، كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتى ۋە كاپىرلارنىڭ كۇفرىلىقى سەۋەبلىك تارتىدىغان قاتتىق جازاسى ھەققىدىكى بايانلار ئۆتتى. تۆۋەندىكى ئايەتلەر ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەرنىڭ مۇكاپاتىنى، كۇفرى ۋە گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ جازاسىنى كۆرىدىغان جاي ئاخىرەت ئىكەنلىكىنى، بۇ دۇنيادا مۆئمىنلەرمۇ، كاپىرلارمۇ ھاياتلىقنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىنى ئوخشاشلا تارتىدىغانلىقىنى ۋە بالا-مۇسىبەتلەرنىڭ مۆئمىن، كاپىر ھەممە ئىنساننىڭ بېشىغا كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيا مۇكاپات ياكى جازانىڭ ئورنى ئەمەس.

## ◄ تەپسىرى

بۇ دۇنيا نەتىجىلەر ئېلان قىلىنىدىغان ياكى مۇكاپاتلار تارقىتىلىدىغان جاي ئەمەس. بەلكى بۇ دۇنيا ئىشلەش، ئەمەل قىلىش، ئاخىرەتلىك

[1] «تفسير القرطبي» 18ـتوم، 129ـبەت.

ئۈچۈن ئورۇق تويلاش ۋە ئەجىر سىڭدۈرۈش ئورنىدۇر. بۇ دۇنيا يەنە سىناق ۋە ئىمتىھان دۇنياسى بولۇپ، ھەربىر ئىنسان تۈرلۈك سىناقلار بىلەن سىنىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى بالايىئاپەتلەرگە يولۇقتۇرۇش ياكى قىيىن سىناقلارغا ئۇچرىتىش ئارقىلىق سىنايدۇ، بېشىغا كەلگەن ھەربىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولغانلىقىغا ئىشىنىپ، سەۋر-تاقەت قىلغانلارنى مۇكاپاتلايدۇ، بېشىغا كەلگەنلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولدى، دەپ كۆڭلىنى تىندۇرمىغانلارنى قايغۇ-ھەسرەتلەرگە گىرىپتار قىلىش بىلەن جازالايدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىمانى بار ئادەم ياخشىلىققا ئېرىشسە شۈكۈر قىلىدۇ، ئەگەر بىرەر قىيىنچىلىققا ياكى مۇسىبەتكە يولۇقسا سەۋر قىلىپ ئاللاھ تائالادىن ئەجىر-ساۋاب كۈتىدۇ. چۈنكى، مۇئمىن ئادەمنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ساۋاب بېرىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «عَجَبًا لِأَمْرِ الْمُؤْمِنِ، إِنَّ أَمْرَهُ كُلَّهُ خَيْرٌ، وَلَيْسَ ذَاكَ لِأَحَدٍ إِلَّا لِلْمُؤْمِنِ، إِنْ أَصَابَتْهُ سَرَّاءُ شَكَرَ، فَكَانَ خَيْرًا لَهُ، وَإِنْ أَصَابَتْهُ ضَرَّاءُ، صَبَرَ فَكَانَ خَيْرًا لَهُ» يەنى «مۇئمىن ئادەمنىڭ ئىشى نېمىدېگەن گۈزەل! ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ياخشىدۇر. بۇ پەقەت مۇئمىنگىلا خاس خىسلەت بولۇپ، ئۇنىڭغا بىرەر ياخشىلىق يەتسە شۈكۈر قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئۇنىڭغا بىرەر يامانلىق يەتسە سەۋر قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر»[1] يەنى ئېرىشكەن ياخشىلىققا شۈكۈر قىلىش ئارقىلىق ساۋاب تاپىدۇ، مۇسىبەتكە سەۋر قىلىش ئارقىلىق يەنە ساۋاب تاپىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا شۈكۈر قىلغان ۋە سەۋر قىلغان بەندىلىرىگە ئەجىر-ساۋابنى ۋەدە قىلغان.

كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ھەر ئىشنىڭ ئۇنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ يۇقىرىقىدەك ئېتىقاد قىلسا، ئاللاھ تائالا چوقۇم ئۇنىڭ قەلبىنى شۈكۈرگە ۋە سەۋر-تاقەتكە يېتەكلەيدۇ. شۇڭا مۇئمىن ئادەم پايدا-زىيان ھەممىنىڭ ئاللاھ تائالادىن كېلىدىغانلىقىغا چىن ئىشەنگەنلىكتىن، خاتىرجەملىك ۋە ھۇزۇر ئىچىدە ياشايدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالاغا ۋە پايدا-زىيان ھەممە ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ ھاياتى تۇراقسىز، ئىزتىراپلىق ھاياتتۇر. ئۇلار بىرەر كېلىشمەسلىككە ياكى بىرەر مۇسىبەتكە ۋەياكى بىرەر زىيانغا ئۇچرىسا، ئاھ ئۇرۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالىدۇ.

[1] «صحيح مسلم» 4-توم، 2295-بەت، 2999-ھەدىس.

ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيا قاراڭغۇلۇق، يىگەنلىرى زەققۇم[1]، ئىچكەنلىرى زەھەر بولۇپ تۇيۇلىدۇ. بالا- قازا ۋە مۇسىبەت مۇئمىن، كاپىر ھەر ئىككى پىرقىغا چۈشىدۇ. ئەمما بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىش تەرزى بىر خىل بولمايدۇ. بىرى، رازىلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ئۆزىنى بىئارام قىلمايدۇ، نەتىجىدە، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدۇ. يەنە بىرى، نارازىلىق بىلدۈرۈپ كۇفرى سۆزلەرنى قىلىدۇ، نەتىجىدە، ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ.

دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلاردا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ياخشىدۇر. ئەگەر بەزىلەر بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈسە، پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلاش ئەمەس، بەلكى پەقەتلا دىنىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر. ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولغاندەك، ھىدايەتمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلمىغان ئادەمنى ھېچكىم توغرا يولغا يېتەكلىيەلمەيدۇ. شۇڭا ھەربىر مۇئمىن ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلسۇن، ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلسۇن ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىسۇن!

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەۋف ئىبنى مالىك ئەل ئەشجەئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆپ بالىلىق بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ ھەر قېتىم غازاتقا چىقىشقا ھازىرلانغان چېغىدا، بالىلىرى ئۇنىڭ يولىنى توسۇۋالاتتى، ئۇلار يىغلاپ «دادا! سىز بىزنى كىمگە قويۇپ كېتىسىز؟» دەپ تۇرۇۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەۋف ئىبنى مالىكنىڭ قەلبى يۇمشاپ كېتەتتى ۋە غازاتتىن قېپقالاتتى. كېيىن ئۇ كىشى بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار ئىچىدە سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان[2]. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا مەنسۇپ قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، «مەككىدە بەزى كىشىلەر ئىمان ئېيتقان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە بالىلىرى ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشتىن توسۇۋالغان. كېيىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بارغىنىدا، ئۇلاردىن بۇرۇن بېرىپ بولغان كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا دىنىنىڭ ئەھكاملىرىدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ بولغان. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى

[1] زەققۇم-دوزاخ ئەھلى يەيدىغان تەمى ئاچچىق، ھىدى سېسىق بىر مېۋە.
[2] «تفسير الطبري» 23-توم، 424-بەت.

كۆرۈپ، ئۆزلىرىنى كېچىكتۈرۈپ قويغان ئاياللىرىنى ۋە بالىلىرىنى جازالىماقچى بولغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلغان»[1].

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! شەكسىزكى، سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار ئىچىدە سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار﴾ . چۈنكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەننىڭ قىلىدىغانلىرىنى قىلىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ راھىتى ۋە مەنپەئەتى ئۈچۈن سىلەرنى ياخشى ئىشلاردىن توسۇپ قالىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ سىلەرگە مۇنداق قىلغانلىقى ئەمەلىيەتتە سىلەرگە دۈشمەنلىك قىلىش نىيىتى بىلەن بولمىسىمۇ، ئۇلار بىلىپ-بىلمەي شۇنداق قىلىش ئارقىلىق سىلەرنى ئاخىرەتلىك ياخشى ئەمەللەردىن مەھرۇم قىلىدۇ. شۇڭا سىلەر ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىڭلار، ئۇلارغا ئىتائەت قىلماڭلار، ئېھتىياتچان بولۇڭلار، ئۇلارنىڭ ئىشىغا بېپەرۋالىق قىلماڭلار، ئۇلار ئۈچۈن كەچۈرۈمچان بولۇڭلار، ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىنى يېپىڭلار، تەنتەكلىكىنى ئەپۇ قىلىڭلار، كەڭ قورساق بولۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئەپۇ قىلىدۇ، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى بەك مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

سىلەرنىڭ پۇل-مېلىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر تۇرلۇك سىناق ۋە ئىمتىھاندۇر. چۈنكى، پۇل-مال ۋە بالىلار بەزىدە گۇناھقا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. كۆرۈۋاتىمىزكى، مال-دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىك ۋە بالىلارنىڭ يۇقىرى تەلەپلىرى كۆپلىگەن ئاتا-ئانىلارنى گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە ۋە ھارامغا ئىتتىرىدۇ. چۈنكى، كۆپ كىشىلەر بۇ ئىككىسى سەۋەبلىك يالغان ئېيتىشنى، باشقىلارنى ئالداشنى، ئۇلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرىدۇ. ﴿كَلَّآ إِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ لَيَطۡغَىٰٓ ۝٦ أَن رَّءَاهُ ٱسۡتَغۡنَىٰٓ﴾ يەنى ﴿ھەقىقەت شۇكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ بېيىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغاندا چوقۇم ھەددىدىن ئاشىدۇ﴾ [2] شۇ ئېنىقكى، مال-دۇنيا ۋە پەرزەنتمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئامىدۇر. ئەمما ئەڭ چوڭ مۇكاپات ۋە ئەڭ چوڭ ئىنئام ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىدۇر. شۇڭا ئەقىللىق ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم. ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكىسىگە پەقەت ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

---

[1] «سنن الترمذي» 5-توم، 276-بەت، 3317-ھەدىس.

[2] ئەلەق سۈرىسى:6-7-ئايەتلەر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئەمەللەرنى قىلىپ، توسقان ئىشلاردىن يېنىش ئارقىلىق، تەقۋادارلىقنى ھاسىل قىلىشقا تىرىشىڭلار. بۇ يولدا قولۇڭلاردىن كەلگەننى قىلىڭلار، ھېرىپ قالماڭلار، قاتتىق تىرىشىڭلار. سىلەر ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنى ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆيگۈسى بولسۇن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۈگۈتلىرىنى، نەسىھەتلىرىنى ۋە ئەمر-پەرمانلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار، پۈتۈن ئىشلاردا ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئاتا قىلغان پۇل-مالدىن ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىڭلار، بالىلىرىڭلار سىلەرنىڭ بېخىللىق قىلىشىڭلارغا ۋە ياخشىلىقلاردىن يۈز ئۆرۈشۈڭلارغا سەۋەب بولۇپ قالمىسۇن. ئۇنتۇماڭلاركى، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. ئەگەر سىلەر پۇل-مېلىڭلاردىن بىر قىسمىنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا سەرپ قىلساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئەلۋەتتە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ھەسسىلەپ كۆپ قىلىپ بېرىدۇ، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئازلا ئىبادەتكە كۆپ ساۋاب بېرىدىغان، ئازلا ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى ھەسسىلەپ بېرىدىغان كەرەملىك زاتتۇر. ئاللاھ تائالا گۇناھكارلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. ئۇ غەيبنى ۋە ئاشكارىنى ئېنىق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسىبەتكە سەۋر قىلغۇچىلار ساۋاب تاپىدۇ. چۈنكى، مۇسىبەتكە سەۋر قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە رازى بولغانلىقتۇر.

2. ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش ئىبادەتنىڭ نېگىزىدۇر.

3. ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش ئىبادەتتۇر.

4. گاھىدا ئىنسانىنىڭ دۈشمىنى ئۆز ئائىلىسىدىن چىقىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان ئادەم ھوشيار بولۇشى ۋە ئائىلە تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

5. يامانلىققا يامانلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش مۇسۇلمانىنىڭ خىسلىتىدۇر.

6. پۇل-مال ۋە پەرزەنتلەر بىر تۈرلۈك سىناق بولۇپ، بەزى ھاللاردا ئىنسانغا زىيانلىق بولۇپ چىقىدۇ.

7. ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىش بىلەن ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر.

8. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا خەير-ساخاۋەت قىلغۇچىلار ئىككىلا ئالەمدە پايدا تاپىدۇ، بېخىللىق قىلغۇچىلارمۇ ئىككىلا ئالەمدە ئۆز بېخىللىقىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

# تەلاق سۈرىسى

تەلاق سۈرىسى مەدىنىدە نازىل بولغان، 11 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئاياللارنىڭ ئىددىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: تالاقنىڭ ئاددىي ئىش ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ چەكلىمىسىنى ۋە تەقۋالىقنىڭ گۈزەل ئاقىۋىتىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ بىرىنچى ئايىتى تالاق ھەققىدە توختالغانلىقتىن، سۈرىنىڭ ئىسمى «تەلاق» سۈرىسى دەپ ئاتالغان.

## تالاق ۋە ئىددەتكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلەر

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ إِذَا طَلَّقۡتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَطَلِّقُوهُنَّ لِعِدَّتِهِنَّ وَأَحۡصُواْ
ٱلۡعِدَّةَۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ رَبَّكُمۡۖ لَا تُخۡرِجُوهُنَّ مِنۢ بُيُوتِهِنَّ وَلَا يَخۡرُجۡنَ
إِلَّآ أَن يَأۡتِينَ بِفَٰحِشَةٖ مُّبَيِّنَةٖۚ وَتِلۡكَ حُدُودُ ٱللَّهِۚ وَمَن يَتَعَدَّ حُدُودَ
ٱللَّهِ فَقَدۡ ظَلَمَ نَفۡسَهُۥۚ لَا تَدۡرِي لَعَلَّ ٱللَّهَ يُحۡدِثُ بَعۡدَ ذَٰلِكَ أَمۡرٗا ١
فَإِذَا بَلَغۡنَ أَجَلَهُنَّ فَأَمۡسِكُوهُنَّ بِمَعۡرُوفٍ أَوۡ فَارِقُوهُنَّ بِمَعۡرُوفٖ
وَأَشۡهِدُواْ ذَوَيۡ عَدۡلٖ مِّنكُمۡ وَأَقِيمُواْ ٱلشَّهَٰدَةَ لِلَّهِۚ ذَٰلِكُمۡ يُوعَظُ
بِهِۦ مَن كَانَ يُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۚ وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ يَجۡعَل
لَّهُۥ مَخۡرَجٗا ٢ وَيَرۡزُقۡهُ مِنۡ حَيۡثُ لَا يَحۡتَسِبُۚ وَمَن يَتَوَكَّلۡ عَلَى

ٱللَّهِ فَهُوَ حَسۡبُهُۥٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ بَٰلِغُ أَمۡرِهِۦۚ قَدۡ جَعَلَ ٱللَّهُ لِكُلِّ شَيۡءٖ
قَدۡرٗا ﴿٣﴾ وَٱلَّٰٓـِٔي يَئِسۡنَ مِنَ ٱلۡمَحِيضِ مِن نِّسَآئِكُمۡ إِنِ ٱرۡتَبۡتُمۡ
فَعِدَّتُهُنَّ ثَلَٰثَةُ أَشۡهُرٖ وَٱلَّٰٓـِٔي لَمۡ يَحِضۡنَۚ وَأُوْلَٰتُ ٱلۡأَحۡمَالِ أَجَلُهُنَّ
أَن يَضَعۡنَ حَمۡلَهُنَّۚ وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ يَجۡعَل لَّهُۥ مِنۡ أَمۡرِهِۦ يُسۡرٗا ﴿٤﴾
ذَٰلِكَ أَمۡرُ ٱللَّهِ أَنزَلَهُۥٓ إِلَيۡكُمۡۚ وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ يُكَفِّرۡ عَنۡهُ سَيِّـَٔاتِهِۦ
وَيُعۡظِمۡ لَهُۥٓ أَجۡرًا ﴿٥﴾ أَسۡكِنُوهُنَّ مِنۡ حَيۡثُ سَكَنتُم مِّن وُجۡدِكُمۡ
وَلَا تُضَآرُّوهُنَّ لِتُضَيِّقُواْ عَلَيۡهِنَّۚ وَإِن كُنَّ أُوْلَٰتِ حَمۡلٖ فَأَنفِقُواْ
عَلَيۡهِنَّ حَتَّىٰ يَضَعۡنَ حَمۡلَهُنَّۚ فَإِنۡ أَرۡضَعۡنَ لَكُمۡ فَـَٔاتُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ
وَأۡتَمِرُواْ بَيۡنَكُم بِمَعۡرُوفٖۖ وَإِن تَعَاسَرۡتُمۡ فَسَتُرۡضِعُ لَهُۥٓ أُخۡرَىٰ ﴿٦﴾
لِيُنفِقۡ ذُو سَعَةٖ مِّن سَعَتِهِۦۖ وَمَن قُدِرَ عَلَيۡهِ رِزۡقُهُۥ فَلۡيُنفِقۡ مِمَّآ
ءَاتَىٰهُ ٱللَّهُۚ لَا يُكَلِّفُ ٱللَّهُ نَفۡسًا إِلَّا مَآ ءَاتَىٰهَاۚ سَيَجۡعَلُ ٱللَّهُ بَعۡدَ
عُسۡرٖ يُسۡرٗا ﴿٧﴾

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-ئى پەيغەمبەر! (سەن ۋە مۆئمىنلەر) ئاياللىرىڭلارنى تالاق قىلماقچى بولساڭلار، ئۇلارنى ئىددەت[1] تۇتۇشقا قولايلىق پەيتتە (يەنى ھەيزدىن پاكلىنىپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلمىگەن ھالەتتە) تالاق قىلىڭلار ھەمدە ئىددەت ۋاقتىنى ئوبدان ھېسابلاڭلار، رەببىڭلار بولغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئۇلار ئوپئوچۇق پاھىشە قىلىپ قويمىغانلا بولسا، ئۇلارنى (ئىددىتى توشمىغۇچە) ئۆيىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار، ئۇلارمۇ چىقىپ كەتمىسۇن، مانا بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر. كىمكى ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن چىقىپ كېتىدىكەن، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. (ئى تالاق قىلغۇچى!) بىلمەيسەنكى، بەلكى ئاللاھ شۇنىڭدىن (يەنى تالاقتىن) كېيىن بىرەر ئىشنى (يەنى تالاق قىلغانلىقىڭغا پۇشايمان قىلىپ، ئايالىڭنى قايتۇرۇۋېلىشىڭنى)

---

[1] ئىددەت-ئاياللارنىڭ بالىياتقۇسىنىڭ پاكلىنىشى ئۈچۈن كۈتىدىغان مۇددەتتۇر.

مەيدانغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن.

2ـ3ـئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دېگەندە، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە يارىشىپ قېلىڭلار ياكى ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە ئاجرىشىپ كېتىڭلار، (يېنىشقان ياكى ئاجراشقان چېغىڭلاردا) ئاراڭلاردىن ئادالەتلىك ئىككى ئادەمنى گۇۋاھ قىلىڭلار، (ئى گۇۋاھ بولغۇچىلار!) گۇۋاھلىقنى (خالىس) ئاللاھ ئۈچۈن ئادا قىلىڭلار. ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە بۇنىڭ بىلەن نەسىھەت قىلىنىدۇ. كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ، ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ. كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا يېتەرلىكتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۆز ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەربىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن ئۆلچەم بەلگىلىدى.

4ـئايالىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيزدىن توختاپ قالغانلارنىڭ ئىددىتى توغرۇلۇق شەك قىلىپ قالساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر، تېخى ھەيز كۆرمىگەنلەرنىڭمۇ (ئۈچ ئايدۇر). ھامىلىدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى يەڭگىش بىلەنلا تۈگەيدۇ. كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

5ـ(ئى ئىنسانلار!) ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە چۈشۈرگەن ئەمرىدۇر. كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇنىڭغا كاتتا مۇكاپات ئاتا قىلىدۇ.

6ـئۇلارنى (يەنى تالاق قىلىنغان ئاياللارنى ئىددەت تۇتۇۋاتقان مۇددىتى ئىچىدە) قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۆزۈڭلار تۇرۇۋاتقان ئۆيلەرنىڭ بىر قىسمىدا تۇرغۇزۇڭلار، ئۇلارنى تەڭلىكتە قالدۇرۇش (ئارقىلىق كېتىشكە مەجبۇرلاش ) ئۈچۈن، ئۇلارغا زىيان يەتكۈزمەڭلار، ئەگەر ئۇلار ھامىلىدار بولسا، يەڭگىگەنگە قەدەر ئۇلارنى نەپىقە بىلەن تەمىنلەڭلار، ئەگەر ئۇلار سىلەر ئۈچۈن (بالىلىرىڭلارنى) ئېمىتىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ ھەققىنى بېرىڭلار، (بۇ خۇسۇستا) توغرا يوسۇندا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىڭلار، ئەگەر كېلىشەلمىسەڭلار، ئاتا ئۈچۈن (بالىنى) باشقا بىر ئايال ئېمىتىپ بېرىدۇ.

7ـماددىي ئىمكانىيىتى ياخشى ئادەم (بالىسىنى ئېمىتىۋاتقان ۋە ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالىنى) شۇ ئىمكانىيىتىگە يارىشا تەمىنلىسۇن، رىزقى تار قىلىنغان ئادەم ئاللاھنىڭ بەرگىنىگە يارىشا تەمىنلىسۇن. ئاللاھ ھېچكىمنى قۇربى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ. ئاللاھ ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئۇزاققا قالماي ئاسانلىقنى بېرىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! مۆئمىنلەرگە ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئاياللىرىڭلارنى تالاق قىلماقچى بولساڭلار، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئىددىتىنى كۆزتىپ، ئۇلارنىڭ ئىددەت تۇتۇشقا قولايلىق پەيتتە، يەنى ئاياللىرىڭلارنى ئۇلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەن پاكى ئۇلار ئەمدىلا ھەيزدىن پاكلىنىپ تېخى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگۈچى بولمىغان ھالىتىدە تالاق قىلىڭلار.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئاۋۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىدا قىلىپ، ئاندىن خىتابنى پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا قاراتقان. بۇ بىرەر مەسئۇلغا خىتاب قىلىپ مەلۇم بىر ئىشنى «ئۇنداق قىلىڭلار، مۇنداق قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ تۆۋەندىكىلەرگىمۇ بۇيرۇغانغا ئوخشاش بىر ئۇسلۇبتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام ئۈممىتىنىڭ يېتەكچىسى ۋە يولباشچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، نىدا ئۇنىڭغا قىلىنغان، بۇيرۇق بولسا ھەممىگە ئورتاق قارىتىلغان.

تالاق – ئەرنىڭ ئايالىدىن ۋاز كېچىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ئارقىلىق، ئۇنىڭدىن ئايرىلغانلىقىنى ئىپادە قىلىشى دېمەكتۇر. تالاق ئەر-خوتۇنلۇق ھاياتىنىڭ داۋام قىلىشىغا ھېچقانداق ئۈمىد قالمىغان، ياخشى ئۆتۈشكە ئامال بولمىغان شارائىت ئاستىدا ئىككىسىنىڭ ئايرىلىپ يېڭىدىن ھايات باشلىشى ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى چارىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «أَبْغَضُ الْحَلَالِ إِلَى اللهِ تَعَالَى الطَّلَاقُ» يەنى: «ھالال ئىشلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھقا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان ئىش تالاقتۇر»[1] دېگەن. تالاق قىلىش ئەر-ئايال ئىككىسى ئۈچۈن پۇشايمان كەلتۈرىدۇ. ئەر ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى بېسىۋېلىشتا ئايالغا نىسبەتەن سەۋرچان ۋە سوغۇققان بولغانلىقى ئۈچۈن، تالاق قىلىش ھوقۇقى ئەرگە بېرىلگەن. تالاق ئەرنىڭ قولىغا بېرىلگەن بىر قورال بولۇپ، ئەرلەر ئۇنى جايىدا ئىشلىتىشكە بۇيرۇلغان. شۇڭا ئەر بولغۇچى بۇ ھوقۇقنى جايىدا ئىشلىتىشى، كەلسە-كەلمەس ئىشلار ئۈچۈن ئايالىنى تالاق قىلماسلىقى، تالاق قىلغاندىمۇ، ئۇنى ئايلىق ئادىتى داۋام قىلىۋاتقان (يەنى ھەيزنىڭ قېنى كېلىۋاتقان) ۋاقىتلىرىدا تالاق قىلماسلىقى لازىم.

فەقىھلەر تالاقنى سۈننەت تالاق ۋە بىدئەت تالاق دەپ ئىككىگە بۆلگەن

---

[1] «سنن أبو داود» 4-توم، 255-بەت، 2178-ھەدىس، «السنن الكبرى للبيهقي» 7-توم، 527-بەت، 14894-ھەدىس.

بولۇپ، سۈننەت تالاق ـ دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن بويىچە ئايالنى پاكلىق ھالىتىدە بىر قېتىم تالاق قىلىش، يەنى ئايالى ھەيزدىن پاكلىنىپ تېخى جىنسىي ئالاقە قىلىشمىغان ھالىتىدە بىر قېتىملا تالاق قىلىشتۇر.

بىدئەت تالاق ـ دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپ ھالدا تالاق قىلىش، يەنى «سەن ئۈچ تالاق» دەپ بىر سۆز بىلەن ياكى «سەن تالاق، سەن تالاق، سەن تالاق» دېگەنگە ئوخشاش بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ قېتىم تالاق قىلىش ياكى ھەيزدار ۋاقىتتا ياكى تۇغۇتلۇق ۋاقىتتا ۋەياكى پاكلىق ھالىتىدە بولسىمۇ جىنسىي ئالاقە قىلىشقاندىن كېيىن تالاق قىلىشتۇر[1].

ئەر ئايالىنى تالاق قىلىشتا، تۆۋەندىكى ئىشلارغا ئالاھىدە رىئايە قىلىشى لازىم:

1. ئايالىنى ھەيزدار ھالىتىدە تالاق قىلماسلىق. تالاق قىلىشنى خالىغان كىشى ئۇنى ھەيزدىن پاكلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنلاشماي تۇرۇپ تالاق قىلىشى لازىم. بۇنىڭغا رىئايە قىلمىغان كىشى ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ.

ھەيزدار ئايالنى (ئادەت كۆرۈۋاتقان ئايالنى) تالاق قىلسا تالاق چۈشەمدۇ؟

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئايالىنى ھەيز كۆرۈۋاتقان مەزگىلىدە تالاق قىلغۇەتكەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئاتىسىغا مۇنداق دېگەن: «مُرْهُ فَلْيُرَاجِعْهَا ، ثُمَّ لِيُمْسِكْهَا حَتَّى تَطْهُرَ ، ثُمَّ تَحِيضَ ثُمَّ تَطْهُرَ ، ثُمَّ إِنْ شَاءَ أَمْسَكَ بَعْدُ ، وَإِنْ شَاءَ طَلَّقَ قَبْلَ أَنْ يَمَسَّ ، فَتِلْكَ العِدَّةُ الَّتِي أَمَرَ اللهُ أَنْ تُطَلَّقَ لَهَا النِّسَاءُ» يەنى «ئوغلۇڭنى بۇيرۇغىن، ئايالىنى قايتۇرۇۋالسۇن، ئاندىن ئۇ ئايال ھەيزدىن پاكلانغۇچىلىك نىكاھىدا تۇتسۇن، ئاندىن ئۇ ئايال ھەيز كۆرۈپ يەنە پاكلىنىپ بولغان ۋاقىتتا، خالىسا ئۇنى نىكاھىدا ساقلىسۇن، خالىسا ئۇنىڭغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنلاشماي تۇرۇپ تالاق قىلسۇن. مانا بۇ ئاللاھ تالاق قىلىنماقچى بولغان ئاياللارغا بۇيرۇغان ئىددەتتۇر»[2].

---

[1] «فقه السنة» المكتبة العصرية ـ بيروت، 2005م. 2ـ توم، 403ـ 4040ـ بەتلەر.

[2] «صحيح البخاري» 7ـ توم، 41ـ بەت، 5251ـ ھەدىس، «صحيح مسلم» 2ـ توم، 1093ـ بەت، 1471ـ ھەدىس.

ئۆلىمالار ھەيزدار ھالىتىدە قىلىنغان تالاقنىڭ بىدئەت تالاق ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، ھەيزدار ئايالغا تالاق چۈشەمدۇ ياكى چۈشمەمدۇ، دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، «كۆپ سانلىق ئۆلىمالار، ھەتتا ھەنەفىي، شافىئىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي قاتارلىق مەشھۇر تۆت مەزھەپ ئالىملىرى ئايالنى ھەيزدار ھالىتىدە تالاق قىلىش بىدئەتتۇر، بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئەمما ئايالنى ھەيزدار ھالىتىدە تالاق قىلغان ئادەم گەرچە گۇناھكار بولسىمۇ، ئۇنىڭ قىلغان تالىقى چۈشىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئەڭ كۈچلۈك قاراشتۇر»[1]. ئەمما ئەللامە ئىبنى تەيمىيە، ئىبنى قەييىم جەۋزىي قاتارلىق ئۆلىمالار ھەيزدار ھالىتىدە قىلىنغان تالاق چۈشمەيدۇ، دەپ قارايدۇ[2]. چۈنكى، بۇ بىدئەت تالاق بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇنداق تالاق قىلىشقا يول قويمىغان ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَنْ عَمِلَ عَمَلًا لَيْسَ عَلَيْهِ أَمْرُنَا فَهُوَ رَدٌّ» يەنى «كىمكى بىزنىڭ دىنىمىزدا يوق ئىشنى قىلىدىكەن، ئۇ ئىش رەت قىلىنىدۇ» [3] دېگەن.

2. بىردىن ئارتۇق تالاق قىلماسلىق. ئايالنى بىردىن ئارتۇق (يەنى ئىككى ياكى ئۈچ) تالاق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر.

ئىددەت تۇتقۇچى ئاياللار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1. بىر تالاق قىلىنغان ئاياللار

2. ئىرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللار

3. ئۈچ تالاق قىلىنغان ئاياللار

### ◄ بىر تالاق بىلەن تالاق قىلىنغان ئايال

بىر تالاق بىلەن ئېرىدىن ئايرىلغان ئايال گەرچە تالاق قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ ئايال ئىددەت ۋاقتى توگىگەنگە قەدەر ئېرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئىددەت تۇشقۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا ئېرى ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا نىكاھسىز ۋە مەھرىسىز قايتۇ-

[1] «اسلام ويب» رقم الفتوى: 179889.

[2] www.fatwa.islamweb.net: 232004-6-.

[3] «صحيح البخاري» 9-توم، 107-بەت، 2550-ھەدىس، «صحيح مسلم» 3-توم، 1343-بەت، 1718-ھەدىس.

رۇپ ئالالايدۇ. ئىددەت ۋاقتى تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇ ئايال ئېرىنىڭ زىممىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بۇ ئايالنىڭ ياتلىق بولۇشى جائىزدۇر. ئەمما ئايال ئېرىنىڭ ئىددىتىدىن چىقىپ بولمىغۇچە ئۇنىڭغا سۆز سېلىش ياكى رەسمىي سۆز سالمىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئۆيلىنىدىغانلىقىنى پۇرىتىپ قويۇشمۇ قەتئىي جائىز ئەمەس. چۈنكى، بۇ ئايال ئېرىنىڭ ئىددىتىدىن چىقىپ بولمىغان مۇددەت ئىچىدە ئېرىنىڭ زىممىسىدا بولىدۇ. ئېرىنىڭ زىممىسىدىن چىقىپ بولمىغان بىر ئايالنى ئالىمەن دېيىش جائىز ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارنىڭ يارىشىپ قېلىش ئېھتىمالى بار ۋە يارىشۋېلىشقا پۇرسىتىمۇ بار.

## ◄ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال

ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئادەتتە ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالغا ھامان بىراۋ خېرىدار بولسا، ئېرىنىڭ تۇغقانلىرى چوقۇم بىئارام بولىدۇ، بالىلىرى بولسا پەرىشان بولىدۇ. ئىسلام دىنى ئايالنىڭ ھەرقانداق كىشىگە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ماتەم تۇتۇشىنى قەتئىي چەكلىگەن بولسىمۇ، ئۇنى ئېرى ئۈچۈن 4 ئاي، 10 كۈن ئىددەت تۇتۇشقا بۇيرۇغان. چۈنكى، ئەر-خوتۇنلۇق رىشتىسى ئالاھىدە مۇقەددەس بىر باغلىنىشتۇر. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال 4 ئاي، 10 كۈن ئىددەت تۇتقاندىن كېيىن ياتلىق بولسا بولىدۇ.

## ◄ ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايال

ئۈچ تالاق بىلەن ئېرىدىن ئايرىلغان ئايالنىڭ ئىددىتى توشقۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا، باشقا ئەرلەرنىڭ ئۇنىڭغا سۆز سېلىشى (ئۆيلىنىش تەكلىپى قويۇشى) ياكى ئۆيلىنىشكە كېلىشىشى جائىزدۇر. چۈنكى، ئۈچ تالاق بىلەن ئايرىلغان ئايال ئېرى تالاق قىلغان ھامان ئۇنىڭ زىممىسىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇنىڭ - تالاق قىلىنغان ئېرىدىن ئېغىر ئاياقمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ ئېنىقلىنىشى ئۈچۈن - پەقەت ئۈچ قېتىم ئادەت كۆرۈپ پاكلىنىشىلا قالغان بولىدۇ. بۇ ھالەتتە ئېرى ئۇنى يېڭىدىن نىكاھ قىلىش بىلەنمۇ ئۆزىگە قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. پەقەت ئۇ ئايال باشقا بىرىگە ئۆمۈرلۈك خوتۇن بولۇش نىيىتىدە نىكاھلىنىپ، كېيىن ئېرى ئۆلگەن ياكى ئاجراشقانغا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن مەزكۇر ئېرىنىڭ زىممىسىدىن چىققاندىن كېيىن، بىرىنچى ئېرىگە يېڭى نىكاھ بىلەن قايتالايدۇ.

## ◄ ئىددەت نېمە ئۈچۈن بۇيرۇلغان؟

ئىددەت ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بىر ھۆكۈم بولۇپ، ئۇنىڭ ھېكمىتىنى ۋە سەۋەبىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. بىز پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلدۇق. ئېرىدىن ئايرىلغان ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشقا بۇيرۇلۇشىدا ئەلۋەتتە ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان نۇرغۇنلىغان ھېكمەتلەر بار. ئىلىم-پەن ئىلگىرىلىگەنسېرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىلىرى كۆپلەپ مەيدانغا چىققاندەك، ئىسلام قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھۆكۈملەرنىڭ ھېكمەتلىرىمۇ بىر-بىرلەپ ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

ئاياللارنىڭ ئىددەت تۇتۇشقا بۇيرۇلۇشىنىڭ پايدىلىرىدىن بىرى ئۇلارنىڭ ئېغىر ئاياق ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىشتۇر. «ئىددەت تۇتۇش نەسەبنى ئارىلىشىپ كېتىشتىن قوغداش يۈزىسىدىن، ئايالنىڭ بالىياتقۇسىنى تازىلاشتىن ئىبارەتتۇر. ئايالنىڭ ئېغىر ئاياق ياكى ئەمەسلىكى ئۇنىڭ ئىددەت تۇتۇشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭا ئېرىدىن ئاجراشقان ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشى پەرزدۇر»[1].

## ◄ زىنا قىلغان ئايال ئىددەت تۇتامدۇ؟

باشقىسى بىلەن زىنا قىلغان ئايالنىڭ باشقا بىرىگە نىكاھلىنىشى ئۈچۈن ئىددەت تۇتۇشى ھەققىدە ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىختىلاپلاشقان. بۇ مەسىلىدە ئەڭ توغرا دەپ قارايدىغىنىمىز ھەنەفىي، شافىئىي ۋە سەۋرى مەزھەپلىرىنىڭ زىنا قىلغان ئايالنىڭ، زىنادىن ئېغىر ئاياق بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ئىددەت تۇتۇشى لازىم ئەمەس، دېگەن كۆز قارىشىدۇر. بۇ ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئەلى قاتارلىق كاتتا خەلىپىلەرنىڭ رەيىدۇر[2].

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدىكى ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالادىن قورقۇشنى كۆپ قېتىم تەكرار بايان قىلغان. بۇنداق قىلىش مەسىلىنىڭ جىددىيلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، ئائىلىگە دۆلەت قانۇنى كۆپايە قىلمايدۇ، دىنىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمۇ بەزى كىشىلەرنى قىلمىشىدىن توسالمايدۇ. شۇڭا ئائىلىگە تەقۋالىق زۆرۈردۇر. ئەر-ئايال بولغۇچىلاردا تەقۋالىق بولمىسا، ئۇلارنىڭ ۋىجدانىدا ئاللاھ تائالادىن قورقۇش تۇيغۇسى بولمىسا، ئۆزلىرىدە ئىنساپ، ئادالەت بولمىسا، ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلغاننىڭ ئانچە پايدىسى بولمايدۇ. شۇڭا ئائىلىدىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك قانۇن تەقۋالىقتۇر.

---

[1] للعلامة يوسف القرضاوي «فتاوى معاصرة» 3-توم،624-بەتتىن ئېلىندى.

[2] للعلامة يوسف القرضاوي «فتاوى معاصرة» 3-توم،624-بەتتىن ئېلىندى.

## تەقۋالىق

«تەقۋا» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى «ساقلىنىش» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسلام ئاتالغۇسىدىكى مەنىسى: ئۆزى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپى ۋە ئازابى ئوتتۇرىسىدا توساق پەيدا قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىشلارنى ئورۇنداش، توسقان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش بىلەن بولىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق مۇفتىسى ئەللامە ئىبنى باز مۇنداق دېگەن: «تەقۋالىق دېگەن ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ، ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئۇلۇغلاپ، جەننەتنى ئۈمىد قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن مۇھەببەت باغلاپ، دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئەمەللەرنى ئورۇنداش، مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش دېگەنلىكتۇر»[1].

ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تەقۋالىق ھەققىدە سورىغاندا، ئۇ: «سىز تىكەنلىك يولدىن مېڭىپ باققانمۇ؟» دەپ سورىغان. ھەزرىتى ئۆمەر: «ھەئە» دېگەندە، ھەزرىتى ئۇبەي يەنە ئۇنىڭدىن: «قانداق ماڭدىڭىز؟» دەپ سورىغان. ئۆمەر: «پۇتۇمغا تىكەن كىرىپ كەتمىسۇن دەپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ماڭدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇبەي ئۇنىڭغا: «تەقۋالىق دېگەن ئەنە شۇنداق بولىدۇ»[2] دېگەن.

يەنى تىكەنلىك جايدىن ماڭغان ئادەم پۇتۇمغا تىكەن كىرىپ كەتمىسۇن دەپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مېڭىش ئارقىلىق ئۆزىنى زىيان-زەخمەتتىن قوغدىغاندەك، تەقۋادار ئادەممۇ ھاياتلىق مۇساپىسىدە گۇناھ، يامان ئىشلارنى سادىر قىلىپ قويۇپ ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەممىشە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ.

تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئىددىتى توشماستىن، ئۇنى ئەرنىڭ ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىش چوڭ يولسىزلىقتۇر. چۈنكى، ئايال ئىددىتى توشقانغا قەدەر ئۇنىڭ بارلىق چىقىمى ئەرنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. ناۋادا بۇ ئايال ئىددەت ئىچىدە زىنا قىلغان ياكى ئوغرىلىق قىلغان بولۇپ، بۇ جىنايەت ئىسپاتلانسا، ياكى ئېرىنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن بىرەرسىگە يامانلىقلىقى ئېنىق دەلىللەنسە، ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇش ھەققى تۈگىگەن

[1] «التقوى تعريفها وفضلها ومحذوراتها وقصص من أحوالها» عمر الأشقر، 2012م، الطبعة الأولى، عمان: دار النفائس، 9- بەت.

[2] «تەپسىر ئىبنى كەسىر»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 1-توم، 28-بەتتىن.

بولىدۇ. ئەمما باشقا قانداقلا بىر ئەيىب بىلەن ياكى قۇرۇق تۆھمەت بىلەن ئايالنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىشكە قەتئىي بولمايدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىسىدىن چەتنەپ كەتكۈچىلەر ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان ۋە ئۆزلىرىنى قاتتىق ئازابقا تۇتقان بولىدۇ. ناۋادا ئەر بىلەن ئايال ئىككىسى كېلىشىپ ئايال مەجبۇرلانغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەرنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتسە، بۇنىڭدا ھەر ئىككى تەرەپكە گۇناھ بولمايدۇ.

ئايالنىڭ ئىددىتى توشاي دەپ قالغاندا، ئەر ياخشى ئويلىنىپ، ئاجرىشىش بىلەن يارىشىپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنىڭ بىرىگە تۇرۇشى لازىم. ئاجرىشىشقا ياكى يارىشىپ قېلىشقا ئادالەتلىك ئىككى مۇسۇلمان ئادەمنى گۇۋاھ قىلىش ياخشىدۇر. ئەمما ئۇ شەرت ئەمەس، پەرز ياكى ۋاجىپمۇ ئەمەس. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە گۇۋاھ قىلدۇرۇشنى مۇستەھەب دەپ قارايدۇ. مۇستەھەب – ياخشى كۆرۈلگەن ئىش دېگەنلىك بولۇپ، قىلسا ساۋاب بولىدۇ، قىلمىسا گۇناھ بولمايدۇ.

بۇ بايانلاردىن پەقەت ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىنلەرلا ئۆگۈت ۋە ۋەز- نەسىھەت ئالىدۇ.

## ◄ ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشى

تالاق قىلىنغان ياكى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەنلىك سەۋەبلىك ئېرىدىن ئايرىلغان ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشى كېرەك.

ئىددەت – تالاق قىلىنغان ياكى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئېرىنىڭ زىممىسىدىن چىقىپ كەتكىنىگە قەدەر بولغان مەزگىل دېگەنلىكتۇر. ئىددەت تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

1. ھەيز كۆرىدىغان ئايالنىڭ ئىددىتى ئۈچ ھەيزدۇر، يەنى ئېرى تالاق قىلغاندىن كېيىن ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرۈپ پاكلىنىش ئارقىلىق ئىددەتتىن چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئايال ئېرىنىڭ زىممىسىدىن پۈتۈنلەي چىققان بولىدۇ.

2. ھەيز كۆرمەيدىغان ئايالنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر. يەنى ھەيز كۆرۈشتىن ئۈزۈلۈپ قالغان ئاياللارنىڭ ئىددىتى ئەرلىرىدىن ئايرىلغاندىن باشلاپ تولۇق ئۈچ ئاي بولىدۇ.

3. ھامىلىدار ئايالنىڭ ئىددىتى بالىسىنى تۇغقانغا قەدەر بولۇپ،

هامىلىدار ئايال بالىسىنى تۇغۇپ بولۇپ، تۇغۇتنىڭ قىنىدىن تولۇق پاكلانغاندىن كېيىن ئىددەتتىن چىققان بولىدۇ.

4. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىددىتى تۆت ئاي ئون كۈندۇر. ئەگەر بۇ ئايال هامىلىدار بولسا، ئۇنىڭ ئىددىتى بالىسىنى تۇغقانغا قەدەر بولىدۇ.

بىراۋ بىر ئايال بىلەن نىكاھلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ياكى ئۇنىڭ بىلەن خىلۋەتتە بولماي تۇرۇپ ئايرىلىپ كەتكەن بولسا ۋەياكى ئەر ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئايال ئىددەت تۇتمايدۇ.

ئايالنىڭ ئىددەتتىن چىققانلىقى ئۇنىڭ ياتلىق بولۇشىغا يول ئېچىلغانلىقىدۇر. چۈنكى، ئىددەتتىن چىقمىغان ئايالغا نىكاھ چۈشمەيدۇ.

### ◄ بالا ئېمىتىش

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ئاتا-ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەنلىك سەۋەبتىن ئوتتۇرىدا قالغان بوۋاقلارنى ئۆز ئانىسى ئېمىتىدۇ. ئۆز ئانىسىنىڭ ئۆز بوۋىقىنى ئېمىتىپ بەرگەنلىكىگە ئاتىسىنىڭ هەق تۆلىشى پەرز ئەمەس. ئانا ئەگەر هەق تەلەپ قىلسا، ئەرنىڭ قۇربى يەتسە بەرسە بولىدۇ. ﴿(بۇ خۇسۇستا) توغرا يوسۇندا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىڭلار، ئەگەر كېلىشەلمىسەڭلار، ئاتا ئۈچۈن (بالىنى) باشقا بىر ئايال ئېمىتىپ بېرىدۇ﴾ دېگەن ئايەت بالىنى ئېمىتىش مەسىلىسىدە ئاتا-ئانا ئىككىسىنىڭ ئۆزئارا كېلىشىپ ئىش كۆرۈشى كېرەكلىكىنى، ئەگەر ئانا ئېمىتىشنى خالىمىسا، باشقا بىر ئايالغا ئېمىتىشكە بەرسە بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئانا بالىسىنى ئېمىتىشكە مەجبۇرلانمايدۇ. ئەمما بالا باشقا ئايالنى ئەمگىلى ئۇنىمىسا، بۇ ۋاقىتتا ئۆز ئانىسىنىڭ ئېمىتىشى زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ.

### ◄ نەپىقە

قۇچىقىدا بالىسى بار ئايالنى تالاق قىلغان ئادەمنىڭ بۇ ئايالنى ۋە بالىسىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بار. ﴿وَعَلَى ٱلۡمَوۡلُودِ لَهُۥ رِزۡقُهُنَّ وَكِسۡوَتُهُنَّ بِٱلۡمَعۡرُوفِۚ لَا تُكَلَّفُ نَفۡسٌ إِلَّا وُسۡعَهَاۚ لَا تُضَآرَّ وَٰلِدَةُۢ بِوَلَدِهَا وَلَا مَوۡلُودٞ لَّهُۥ بِوَلَدِهِۦ﴾ يەنى ﴿ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك. كىشى پەقەت قولىدىن

كېلىدىغان ئىشقىلا بۇيرۇلىدۇ. ئانا بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتمىسۇن، ئاتىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتمىسۇن﴾[1].

ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپ بالىسىنى ئۆزى ئېلىۋالغان ئاتىنىڭ بۇ ئايالنى بالىسىنى ئېمىتىشكە زورلاش ھەققى يوق. گەرچە بالا ئۆزىنىڭ بولسىمۇ ئانا خالىسا ئۆزى ئېمىتىدۇ، خالىسا باشقا ئىشەنچلىك ئانىنىڭ ئېمىتىشىگە رازى بولىدۇ. ئاتا-ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەن بالىلار ئەقىل-ئىدراككا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئوغۇل بالىلار ئاتىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ يېنىدا، قىزلار ئائىلە ئىشلىرىنى ئۆگىنىشى ۋە ئۆي ئىشلىرىغا پىششىق ئۈچۈن ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرغىنى ياخشى، دەپ قارىلىدۇ. ئەپسۇسكى، ھازىرقى جەمئىيەتتە، كۆپلىگەن كىشىلەر ئائىلە دەۋالىرىنى ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئۆز ئارىلىرىدا ھەل قىلماستىن، بىر-بىرى ئۈستىدىن ئەرز قىلىشىپ سوتلارغىچە بېرىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى خار ۋە رەسۋا قىلغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، ئۆز ئارىسىدىكى مۇھەببەت، ھۆرمەت ۋە ئىززەتنىمۇ يوقىتىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئېسىگە ئالمايدۇ: ﴿وَلَا تَنسَوُا۟ ٱلْفَضْلَ بَيْنَكُمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾ يەنى ﴿ئاراڭلاردىكى ياخشىلىقنى ئۇنتۇماڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئايالنى تالاق قىلماقچى بولغان ئادەم ئۇنى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلمىگەن ياكى ھەيزدىن پاكلىنىپ تېخى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەن ھالىتىدە تالاق قىلسا بولىدۇ.

2. تالاق ئىككى قېتىمدىن كۆپ بولماسلىقى لازىم. ﴿ٱلطَّلَٰقُ مَرَّتَانِ ۖ فَإِمْسَاكٌۢ بِمَعْرُوفٍ أَوْ تَسْرِيحٌۢ بِإِحْسَٰنٍ ۗ﴾ يەنى ﴿(يارىشىۋېلىشقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن (ئايالنى) ياخشىلىق بىلەن تۇتۇش، ياكى چىرايلىقچە قويۇۋېتىش لازىم﴾[3] يەنى ئىككى قېتىم تالاق قىلىپ قايتا ياراشقاندىن كېيىن، ئەرنىڭ ئالدىدا ئەگەر تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنى خالىسا، ئايالنى دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن بويىچە تۇتۇپ

[1] بەقەرە سۈرىسى: 233 ـ ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى: 237 ـ ئايەت.
[3] بەقەرە سۈرىسى: 229 ـ ئايەت.

قىلىش، ئەگەر ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولسا، ئايالغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەي، زۇلۇم قىلماي ۋە ئۇنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرمەي چىرايلىقچە ئايرىلىپ كېتىشتىن ئىبارەت ئىككىلا يول قالغان بولىدۇ.

3. ئاياللارنىڭ ئىددىتىنى ساناپ چىقىش زۆرۈردۇر. چۈنكى، كۆپلىگەن مەسىلىلەر ئىددەتنىڭ ۋاقتىغا باغلىقتۇر.

4. تالاق قىلىنغان ئايال ئىددىتى توشمىغۇچە ئېرىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇش ھەققىگە ئىگە.

5. ئايالىنى تالاق قىلىپ بولۇپ پۇشايمان قىلغان ئەر ئايالىنى ئىددىتى توشمىغۇچە قايتۇرۇۋالالايدۇ. ئەمما ئىددەت توشقاندىن كېيىن ئۇنى ئۈچ تالاق قىلمىغان بولسا قايتا نىكاھ بىلەنلا قايتۇرۇۋالالايدۇ.

6. ئاياللارنى ياتلىق بولۇشتىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى قويۇپ بەرمەي ياكى ياراشماي تۇتۇپ تۇرۇش ھارامدۇر ۋە زۇلۇمدۇر.

7. ئاللاھ تائالادىن ھەقىقىي قورققان ۋە ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن ئىشەنچ قىلىدىغان كىشىلەرگە ئاللاھ تائالا ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ.

8. تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئىددىتى توشقانغا قەدەر ياكى ھامىلىدار بولسا تۇغقانغا قەدەر ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، چىقىملىرىنى قىلىش ئەرنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر.

9. ھەركىم ئۆزىنىڭ چامىسىنىڭ يېتىشىچە چىقىم قىلىدۇ، ھېچكىم كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا زورلانمايدۇ.

### ◄ بېشارەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇش

﴿وَكَأَيِّن مِّن قَرۡيَةٍ عَتَتۡ عَنۡ أَمۡرِ رَبِّهَا وَرُسُلِهِۦ فَحَاسَبۡنَٰهَا
حِسَابٗا شَدِيدٗا وَعَذَّبۡنَٰهَا عَذَابٗا نُّكۡرٗا ٨ فَذَاقَتۡ وَبَالَ أَمۡرِهَا
وَكَانَ عَٰقِبَةُ أَمۡرِهَا خُسۡرًا ٩ أَعَدَّ ٱللَّهُ لَهُمۡ عَذَابٗا شَدِيدٗاۖ فَٱتَّقُواْ
ٱللَّهَ يَٰٓأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْۚ قَدۡ أَنزَلَ ٱللَّهُ إِلَيۡكُمۡ ذِكۡرٗا ١٠
رَّسُولٗا يَتۡلُواْ عَلَيۡكُمۡ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ مُبَيِّنَٰتٖ لِّيُخۡرِجَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ
وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ مِنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِۚ وَمَن يُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ

وَيَعْمَلْ صَٰلِحًا يُدْخِلْهُ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ
فِيهَآ أَبَدًا ۖ قَدْ أَحْسَنَ ٱللَّهُ لَهُۥ رِزْقًا ﴿١١﴾ ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَ سَبْعَ
سَمَٰوَٰتٍ وَمِنَ ٱلْأَرْضِ مِثْلَهُنَّ ۖ يَتَنَزَّلُ ٱلْأَمْرُ بَيْنَهُنَّ لِتَعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ
عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ وَأَنَّ ٱللَّهَ قَدْ أَحَاطَ بِكُلِّ شَىْءٍ عِلْمًۢا ﴿١٢﴾

### تەرجىمىسى

8ـكۆپلىگەن يۇرتلارنىڭ (ئاھالىلىرى) رەببىنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئەمرىدىن باش تارتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن قاتتىق ھېساب ئالدۇق ۋە ئۇلارنى شىددەتلىك ئازاب بىلەن جازالىدۇق.

9ـئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تېتىدى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتى زىيان تارتىشتىن ئىبارەت بولدى.

10ـ11ـئاللاھ ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) يەنە قاتتىق ئازاب تەييارلىدى، ئى ئىمان ئېيتقان ئەقىل ئىگىلىرى! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە قۇرئاننى نازىل قىلدى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن، سىلەرگە ئاللاھنىڭ روشەن ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتى. كىمكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا ئېسىل رىزىق بېرىدۇ.

12ـئاللاھ يەتتە ئاسماننى ۋە زېمىندىنمۇ ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى ياراتقان زاتتۇر. ئاللاھنىڭ ئەمرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جارى بولۇپ تۇرىدۇ، مانا بۇ ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

### تەپسىرى

نۇرغۇنلىغان يۇرت ئاھالىلىرى ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەر-لىرىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشتىن باش تارتقانلىقى، ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ئۈچۈن، قىلمىشلىرىدىن قاتتىق ھېساب ئېلىنغان ۋە دەھشەتلىك ئازابلار بىلەن جازالانغان ئىدى. ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى يەتكۈچە تېتىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى زىيان تارتىشتىن

ئىبارەت بولغان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا بۇ دۇنيادا بېرىلگەن جازا بولۇپ، ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالا ئۇلار ئۈچۈن قاتتىق ئازابنى تەييارلىدى. دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماسلىق، ھەققەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىش ۋە گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى ئىمان ئېيتقان ئەقىل ئىگىلىرى! ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇنىڭ ئازابىغا لايىق بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرگە «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ئۇلۇغ دەستۇرنى نازىل قىلدى، ئىمان ئېيتىدىغان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغان كىشىلەرنى[1] كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، سىلەرگە ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى. ئۇ پەيغەمبەر – مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇ سىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ ۋە بارچە ياخشىلىقلارغا باشلايدۇ.

كىمكى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىدىكەن ۋە شۇ ئىماننىڭ تەلىپى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا كەڭ ۋە ئېسىل رىزىق بېرىدۇ.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان ۋە ھەممىنى تولۇق بىلىدىغان ياراتقۇچىنىڭ بەلگىلىمىلىرى بولۇپ، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار دۇنيادا خارلىققا، ئاخىرەتتە بولسا ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئاللاھ تائالا يەتتە ئاسماننى ياراتقان ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە زېمىننىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش قىلىپ ياراتقان زاتتۇر. ئەللامە قۇرتۇبىي مۇنداق دېگەن: «ئاسماننىڭ يەتتە قات ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يوق، زېمىننىڭ يەتتە ئىكەنلىكىدىمۇ ئىختىلاپ يوق. ئۆلىمالار زېمىن توغرۇلۇق ئىككى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، كۆپ سانلىق ئۆلىمالار زېمىننى ئاسمانغا ئوخشاش يەتتە قەۋەتتۇر، دەپ قارايدۇ. زەھھاك زېمىنمۇ يەتتە قاتتۇر، ئەمما ئۇ ئاسمانغا ئوخشاش قەۋەت ئەمەس، بەلكى بىر-بىرىگە تۇتاشقان ۋە ئارىلىقىدا بوشلۇق بولمىغان

[1] يەنى ئىمان ئېيتىدىغانلىقى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغانلىقى ئاللاھ تائالاغا ئايان بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق بەلگىلەنگەن كىشىلەرنى كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن دېگەنلىكتۇر.

يەتتە قاتتۇر، دېگەن»[1]

ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرى ئاسمانلار بىلەن زېمىنىنىڭ ئارىسىدا جارى بولۇپ تۇرىدۇ، جانلىق-جانسىز ھەممە مەۋجۇدات ئاللاھ تائالاغا بويسۇنغۇچىدۇر ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسى بويىچە ھەرىكەت قىلغۇچىدۇر. بۇلارنى سىلەرگە مۇنداق بايان قىلىشتىن مەقسەت سىلەرنىڭ چەكسىز كۈچ-قۇدرەتكە، ئىلىم-ھېكمەتكە ئىگە بولغان ئاللاھ تائالانىڭ ئاسىي-گۇناھكارلارنى جازالاشقا ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭ غەزىپىگە يولۇقۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، سىلەردىن بۇرۇنقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەردىن ئىبرەت ئېلىڭلار، شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، «قۇرئان كەرىم» ھاياتىڭىزدىكى بارلىق مۇشكىلاتلىرىڭلار ئۈچۈن بىردىنبىر چارىدۇر، دىلىڭلارغا شىپادۇر. چۈنكى، ئۇ ھەر ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلىدىغان ۋە ھەممىنى بىلىدىغان زات تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئۇلۇغ كىتابتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشقا ئەھمىيەت بەر-مەسلىكنىڭ خەتىرى چوڭ، جازاسى قاتتىقتۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلغانلىقى ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنسانىيەتكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى ئۇنىڭ كاتتا نېمىتىدۇر.

3. كۇفرى قاراڭغۇلۇقتۇر، ئىمان يورۇقلۇقتۇر.

[1] «تفسير القرطبي» 18 ـ توم، 162 ـ بەت.

# تەھرىم سۈرىسى

تەھرىم سۈرىسى مەدىنىدە نازىل بولغان، 12 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاياللىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلار ھەققىدە توختالغان ۋە بەزى مۇھىم مەسىلىلەرنى بايان قىلغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىنى ئىسلامىي ئەدەپ-ئەخلاق بىلەن تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە ئۈلگە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى يېمەكلىكلەرنى ئۆزى ئۈچۈن مەنئى قىلغانلىق ۋەقەسى ھەققىدە توختالغان بىرىنچى ئايەتتىن ئېلىنغان بولۇپ، ﴿تحريم﴾ «ھارام قىلىش، چەكلەش» دەپ ئاتالغان.

## ◄ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاياللىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلار

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ لِمَ تُحَرِّمُ مَآ أَحَلَّ ٱللَّهُ لَكَۖ تَبۡتَغِي مَرۡضَاتَ أَزۡوَٰجِكَۚ
وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ١ قَدۡ فَرَضَ ٱللَّهُ لَكُمۡ تَحِلَّةَ أَيۡمَٰنِكُمۡۚ وَٱللَّهُ
مَوۡلَىٰكُمۡۖ وَهُوَ ٱلۡعَلِيمُ ٱلۡحَكِيمُ ٢ وَإِذۡ أَسَرَّ ٱلنَّبِيُّ إِلَىٰ بَعۡضِ
أَزۡوَٰجِهِۦ حَدِيثٗا فَلَمَّا نَبَّأَتۡ بِهِۦ وَأَظۡهَرَهُ ٱللَّهُ عَلَيۡهِ عَرَّفَ بَعۡضَهُۥ
وَأَعۡرَضَ عَنۢ بَعۡضٖۖ فَلَمَّا نَبَّأَهَا بِهِۦ قَالَتۡ مَنۡ أَنۢبَأَكَ هَٰذَاۖ قَالَ
نَبَّأَنِيَ ٱلۡعَلِيمُ ٱلۡخَبِيرُ ٣ إِن تَتُوبَآ إِلَى ٱللَّهِ فَقَدۡ صَغَتۡ قُلُوبُكُمَاۖ

وَإِن تَظَٰهَرَا عَلَيۡهِ فَإِنَّ ٱللَّهَ هُوَ مَوۡلَىٰهُ وَجِبۡرِيلُ وَصَٰلِحُ ٱلۡمُؤۡمِنِينَۖ
وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ بَعۡدَ ذَٰلِكَ ظَهِيرٌ ﴿٤﴾ عَسَىٰ رَبُّهُۥٓ إِن طَلَّقَكُنَّ أَن
يُبۡدِلَهُۥٓ أَزۡوَٰجًا خَيۡرًا مِّنكُنَّ مُسۡلِمَٰتٍ مُّؤۡمِنَٰتٍ قَٰنِتَٰتٍ تَٰٓئِبَٰتٍ
عَٰبِدَٰتٍ سَٰٓئِحَٰتٍ ثَيِّبَٰتٍ وَأَبۡكَارًا ﴿٥﴾

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ئى پەيغەمبەر! سەن نېمە ئۈچۈن ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئاللاھ ساڭا ھالال قىلغان نەرسىدىن ئۆزۈڭنى چەكلەيسەن؟ ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر.

2ـ ئاللاھ سىلەرگە (ياخشى ئىشتىن توسىدىغان) قەسەمڭلاردىن (كاپارەت بېرىپ) چىقىپ كېتىشنى بەلگىلىدى، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

3ـ ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى (ھەفسە)گە بىر سىرنى ئېيتقان ئىدى، ئۇ بۇ سىرنى (ئائىشەگە) ئېيتىپ قويغان، ئاللاھ ئۇنى (يەنى سىرنىڭ ئاشكارىلىنىپ كەتكەنلىكىنى پەيغەمبەرگە) بىلدۈرگەن چاغدا، پەيغەمبەر ئۇ ئاشكارىلاپ قويغان سۆزلەرنىڭ بەزىسىنى (ھەفسەنىڭ) يۈزىگە سالدى، بەزىسىنى يۈزىگە سالمىدى. پەيغەمبەر ئۇنىڭغا سىرنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى ئېيتقان چاغدا، ئۇ: «بۇنى ساڭا كىم خەۋەر قىلدى؟» دېدى، پەيغەمبەر: «ماڭا (بۇنى) ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار ئاللاھ خەۋەر قىلدى» دېدى.

4ـ ئەگەر (ئائىشە بىلەن ھەفسە) ئىككىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلساڭلار (بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر). چۈنكى، سىلەرنىڭ دىلىڭلار (پەيغەمبەر ياقتۇرمايدىغان ئىشلارغا) بۇرۇلۇپ كەتتى، ئەگەر سىلەر بىرلىشىپ پەيغەمبەرگە تاقابىل تۇرساڭلار، شەكسىزكى، ئۇنىڭ مەدەتكارى ئاللاھتۇر، جىبرىلمۇ، مۇئمىنلەرنىڭ ياخشىلىرىمۇ ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىدۇر، ئۇلاردىن باشقا، پەرىشتىلەرمۇ (ئۇنىڭغا) يۆلەنچۈكتۇر.

5ـ ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە، رەببى (سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا) سىلەردىن ياخشى، بويسۇنغۇچى، ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، تەۋبە قىلغۇچى،

ئىبادەت قىلغۇچى، ئاللاھ يولىدا سەپەر قىلغۇچى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئۆ-نىڭغا ئاتا قىلىشى مۇمكىن.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ بىر كۈنى ئاياللىرىدىن بىرى بولغان جەھش قىزى زەينەبنىڭ يېنىدا بولۇپ، ھەسەل ئىچكەن ئىدى. مەن ھەفسە بىلەن بىرلىكتە رەسۇلۇللاھ قايسىمىزنىڭ يېنىغا كىرسە، ئۇنىڭغا ‹يارەسۇلۇللاھ! سىلىدىن يېقىمسىز بىر نەرسىنىڭ ھىدى كېلىۋاتىدۇ، سىلى پۇرىقى يېقىمسىز بىر نەرسە يېگەن ئوخشايلا› دېيىشكە كېلىشىۋالدۇق. رەسۇلۇللاھ ئاياللىرىنىڭ بىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىۋىدى، ئۇ ئۇنىڭغا شۇ سۆزنى دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: ‹ياق، مەن زەينەبنىڭ ئۆيىدە ھەسەل يېگەن ئىدىم. بولدى، قەسەم قىلىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەسەل يېمەيمەن› دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھقا ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ لِمَ تُحَرِّمُ مَآ أَحَلَّ ٱللَّهُ لَكَۖ﴾ دېگەن ئايەتتىن ﴿إِن تَتُوبَآ إِلَى ٱللَّهِ...﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئايەتلەر نازىل بولدى»[1].

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سەن نېمە ئۈچۈن ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى دەپ، ئاللاھ تائالا ساڭا ھالال قىلغان نېمەتلەردىن ئۆزۈڭنى چەكلەيسەن؟ يەنى مۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەس ئىدى. ئايەتتە كەلگەن ﴿لِمَ تُحَرِّمُ﴾ دېگەن سۆز «نېمىشقا ئۆزۈڭنى چەكلەيسەن؟» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھالال قىلغان نەرسىنى ھارام قىلىۋالغانلىق مەنىسىگە كەلمەيدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەرچە ھەسەل يېيىشتىن ئۆزىنى مەنئى قىلغان بولسىمۇ، ھەسەل يېيىشنى ھارام دېگەن ئەمەس ۋە باشقىلارنى ھەسەل يېيىشتىن مەنئى قىلغانمۇ ئەمەس.

ئى پەيغەمبەر! سەن ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئاللاھ تائالا ساڭا ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن پايدىلىنىشتىن ئۆزۈڭنى مەنئى قىلامسەن؟ سېنىڭ بۇنداق قىلىشىڭ توغرا ئەمەس. ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ساڭا مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە رەھىم-شەپقەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا

[1] «صحيح البخاري» 7-توم، 44-بەت، 5267-ھەدىس. «صحيح مسلم» 2-توم، 1100-بەت، 1474-ھەدىستىمۇ بۇ ۋەقەلىك بايان قىلىنغان.

بەندىلىرىگە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئايەتنىڭ ﴿ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر﴾ دەپ ئاخىرلاشقانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرىجىسىنىڭ پەۋ-قۇلئاددە يۇقىرى، مەرتىۋىسىنىڭ كاتتا ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئادەتتىكى ئىنسانلار ئۈچۈن گۇناھ سانالمايدىغان ئىشلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەتەن گۇناھ ئورنىدا سانالغان. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كايىغانلىقى ئۇنى تەنقىدلەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز كۆيۈمچانلىقىنى، مېھرىبانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ تائالا سىلەرگە سىلەرنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن توسىدىغان قەسەمىڭلارنى كاپارەت بېرىش ئارقىلىق بۇزۇشنى بەلگىلىدى. يەنى ئەگەر سىلەر بىرەر ياخشى ئىشنى قىلماسلىققا قەسەم قىلغان بولساڭلار، دەرھال قەسەمىڭلارغا كاپارەت بېرىپ قەسەمىڭلارنى بۇزۇشۇڭلار ۋە ياخشى ئىشتىن ۋاز كەچمەسلىكىڭلار لازىم. ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بىردىنبىر ئىگەڭلار ۋە مەدەتكارىڭلاردۇر. ئاللاھ تائالا سىلەرگە نېمىنىڭ مەنپەئەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ ۋە سىلەرگە مەنپەئەتلىك بولغان ئىشلارنى بەلگىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇيرۇغانلىرىدا، توسقانلىرىدا، شۇنداقلا بارلىق ھۆكۈملىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. قەسەمنىڭ كاپارىتى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدە بايان قىلىنغان: ﴿لَا يُؤَاخِذُكُمُ ٱللَّهُ بِٱللَّغۡوِ فِيٓ أَيۡمَٰنِكُمۡ وَلَٰكِن يُؤَاخِذُكُم بِمَا عَقَّدتُّمُ ٱلۡأَيۡمَٰنَۖ فَكَفَّٰرَتُهُۥٓ إِطۡعَامُ عَشَرَةِ مَسَٰكِينَ مِنۡ أَوۡسَطِ مَا تُطۡعِمُونَ أَهۡلِيكُمۡ أَوۡ كِسۡوَتُهُمۡ أَوۡ تَحۡرِيرُ رَقَبَةٖۖ فَمَن لَّمۡ يَجِدۡ فَصِيَامُ ثَلَٰثَةِ أَيَّامٖۚ ذَٰلِكَ كَفَّٰرَةُ أَيۡمَٰنِكُمۡ إِذَا حَلَفۡتُمۡۚ وَٱحۡفَظُوٓاْ أَيۡمَٰنَكُمۡۚ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمۡ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سىلەرنى سەۋەنلىك بىلەن قىلغان قەسەمىڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان قەسەمىڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ، (بۇنداق قەسەمنى بۇزساڭلار) ئۇنىڭ كاپارىتى ئائىلەڭلەردىكىلەرگە بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىنني بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇشتۇر، ياكى ئۇلارغا بىر قۇردىن كىيىم بېرىشتۇر، ياكى بىر قۇلنى ئازاد قىلىشتۇر. كىمكى بۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم. مانا بۇ سىلەر قەسەم قىلغاندا (بۇزۇۋەتكەن) قەسەمىڭلارنىڭ كاپارىتىدۇر. قەسەمىڭلارغا رىئايە قىلىڭلار. سىلەرنىڭ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى

سىلەرگە ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ﴿[1].

مۇپەسسىرلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەل يېمەسلىككە قەسەم قىلغانمۇ ياكى ئۇنىڭ ھەسەل يېيىشتىن ئۆزىنى مەنئى قىلغانلىقى قەسەمنىڭ ئورنىغا قويۇلغانمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. يەنە ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قەسەم قىلغان دەپ پەرەز قىلىنغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قەسىمنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن كاپارەت بەرگەنمۇ ياكى بەرمىگەنمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدىمۇ ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بۇ مەسىلىدە ئىككى خىل رىۋايەت بار. بۇ ئورۇندا ئۇلارنى بايان قىلىشقا ھاجەت يوق دەپ قارىدۇق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىدىن بىرىگە (بۇ ئايالنىڭ ھەفسە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى رىۋايەت كۈچلۈكرەكتۇر) باشقا ئاياللارغا ئېيتماسلىقنى تاپىلىغان بىر سۆزنى ئۇ ئايال ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئېيتىپ قويغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر بەرگەن. يەنى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچكىمگە ئېيتماڭ دېگەن سۆزنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئېيتىپ قويغانلىقىدىن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋاقىپ قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى بىلگەندىن كېيىن، ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاشكارىلاپ قويغان سۆزلەرنىڭ بەزىسىنى ئۇنىڭ يۈزىگە سالغان، يەنە بەزىسىنى ئۇنى ئارتۇقچە خىجىل قىلماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈزىگە سالمىغان. ئەمدى ئۇ سۆز قايسى سۆز ئىدى؟ دېگەندە، ئۇ سۆز (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەلنى زەينەبنىڭ ئۆيىدە يېگەن دېگەن رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «زەينەبنىڭ ئۆيىدە ھەسەل يېگەن ئىدىم، قەسەم قىلىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەسەل يېمەيمەن» دېگەن سۆزى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاشكارىلاپ قويغان سىرنى ئۇنىڭ يۈزىگە سالغاندا، ھەفسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ﴿بۇنى ساڭا كىم خەۋەر قىلدى؟﴾ دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ﴿ماڭا (بۇنى) ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار ئاللاھ خەۋەر قىلدى﴾ دەپ جاۋاب بەرگەن.

﴿چۈنكى سىلەرنىڭ دىلىڭلار (پەيغەمبەر ياقتۇرمايدىغان ئىشلارغا) بۇرۇلۇپ كەتتى﴾ يەنى ئەسلىدە سىلەرنىڭ دىلىڭلار پەيغەمبەرنى رازى قىلىدىغان ۋە ئۇنى مەمنۇن قىلىدىغان ئىشلارغا مايىل بولۇشى كېرەك

[1] مائىدە سۈرىسى:89-ئايەت.

ئىدى. ئەمما سىلەرنىڭ دىلىڭلار پەيغەمبەر ياقتۇرمايدىغان ئىشلارغا بۇرۇلۇپ كەتتى. سىلەرمۇ پەيغەمبەر ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرىدىغان، پەيغەمبەر يامان كۆرگەننى يامان كۆرىدىغان بولۇشۇڭلار لازىم ئىدى. شۇڭا سىلەر تەۋبە قىلىشقا ئالدىراڭلار ۋە ئاللاھ تائالادىن ئەپۇ سوراڭلار. ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! سىلەر ئۆزئاراڭلاردىكى كۈندەشلىك يۈزىسىدىن پەيغەمبەرنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ھەممىڭلار بىرلىشىپ پەيغەمبەرگە تاقابىل تۇرغان تەقدىردىمۇ، سىلەر ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە قىلالمايسىلەر، ئۇنىڭغا كۈچۈڭلار يەتمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر. پەرىشتىلەر، خۇسۇسەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن جىبرىل، مۆئمىنلەرنىڭ ياخشىلىرىدىن ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرگە ئوخشىغان مۆئمىنلەرمۇ ئۇنىڭغا مەدەت بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، پەرىشتىلەرمۇ پەيغەمبەرنىڭ يۆلەنچۈكىدۇر، چۈنكى ئۇلارمۇ ئۇنى رازى قىلىش ئىشلىرىدا ئۆزئارا ياردەملىشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مەدەت بېرىدۇ. بۇنداق ھەر تەرەپتىن ياردەمگە، مەدەتكە ۋە قوللاشقا ئېرىشكەن بىر زاتنىڭ ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمگە ھاجىتى قالمايدۇ.

﴿ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە، رەببى (سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا) سىلەردىن ياخشى، بويسۇنغۇچى، ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، ئاللاھ يولىدا سەپەر قىلغۇچى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلىشى مۇمكىن﴾. بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. چۈنكى، ئۇلار ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدرىنى بىلمەي ئۇنى رەنجىتىدىغان بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئاياللاردىنمۇ ياخشى ئاياللارنى بېرىدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى.

ئاللاھ تائالا ھالال قىلىپ بەرگەن نېمەتلەردىن پايدىلىنىش لازىمكى، سەۋەبى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ نېمەتلەردىن ئۆزىنى چەكلەش قەتئىي توغرا ئەمەس. ئىسلامدا بۇيرۇلغان كاپارەت خاتالىقلارنى يۇيىدىغان، گۇناھلارنى يوققا چىقىرىدىغان چارىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈندەشلىك ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كايىغانلىقى قاتارلىق قىسسىلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئەمەس، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى، ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكى ماجىرالارنى ۋە ئۆزىگە قىلىنغان كايىشنى ئاشكارىلاشنى خالىمايدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيىنى ئۈممەتكە ئەينەن يەتكۈزگەن.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىمام شافىئىي بىلەن ئىمام ئەھمەد ﴿ئاللاھ سىلەرگە (ياخشى ئىشتىن توسىدىغان) قەسەملىرىڭلاردىن (كاپارەت بېرىپ) چىقىپ كېتىشنى بەلگىلىدى﴾ دېگەن ئايەتكە ئاساسلىنىپ، «كىمكى ئايالىنى تالاق قىلىشنى نىيەت قىلماستىن، ‹سەن ماڭا هارام بولۇپ كەتتىڭ› دېسە، ئايالى تالاق بولمايدۇ. ئۇ كىشىگە كاپارەت كېلىدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى چىقارغان. ئىمام قۇرتۇبىي بۇ مەسىلىدە 18 خىل قاراشنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى ئىمامنىڭ قارىشىنى كۈچلەندۇرگەن[1].

2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ ئەزىز ۋە ئەڭ ھۆرمەتلىك بەندىسىدۇر.

3. ساھابىلەرنىڭ ئىچىدىن ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر قاتارلىق خەلىپىلەرنىڭ دەرىجىسى ئالاھىدە يۇقىرىدۇر.

### يول كۆرسىتىش ۋە نەسىھەت

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ قُوٓاْ أَنفُسَكُمۡ وَأَهۡلِيكُمۡ نَارٗا وَقُودُهَا ٱلنَّاسُ وَٱلۡحِجَارَةُ عَلَيۡهَا مَلَٰٓئِكَةٌ غِلَاظٞ شِدَادٞ لَّا يَعۡصُونَ ٱللَّهَ مَآ أَمَرَهُمۡ وَيَفۡعَلُونَ مَا يُؤۡمَرُونَ ٦ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَا تَعۡتَذِرُواْ ٱلۡيَوۡمَۖ إِنَّمَا تُجۡزَوۡنَ مَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ٧ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ تُوبُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ تَوۡبَةٗ نَّصُوحًا عَسَىٰ رَبُّكُمۡ أَن يُكَفِّرَ عَنكُمۡ سَيِّـَٔاتِكُمۡ وَيُدۡخِلَكُمۡ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ يَوۡمَ لَا يُخۡزِي ٱللَّهُ ٱلنَّبِيَّ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥۖ نُورُهُمۡ يَسۡعَىٰ بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَبِأَيۡمَٰنِهِمۡ يَقُولُونَ رَبَّنَآ أَتۡمِمۡ لَنَا نُورَنَا وَٱغۡفِرۡ لَنَآۖ إِنَّكَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ٨﴾

[1] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 5- توم، 386- بەت.

## تەرجىمىسى

6ـئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆزۈڭلارنى ۋە ئەھلى ـ ئەۋلادىڭلارنى يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان دوزاختىن ساقلاڭلار. ئۇنىڭغا رەھىم قىلمايدىغان، قاتتىق قول، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدىغان، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدىغان پەرىشتىلەر مەسئۇلدۇر.

7ـئى كاپىرلار! بۈگۈن ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر پەقەت ئۆز قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنىلا تارتىسىلەر.

8ـئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا سەمىمىي تەۋبە قىلىڭلار، ئۈمىدكى، رەببىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. ئۇ كۈندە ئاللاھ پەيغەمبەرنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى خار قىلمايدۇ، (ئۇلار سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە) ئۇلارنىڭ نۇرى (ئەمەللىرىگە كۆرە) ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرىپىدە چاقناپ تۇرىدۇ، ئۇلار: «ئى رەببىمىز! (سىراتتىن سالامەت ئۆتۈپ جەننەتكە يېتىۋېلىشىمىز ئۈچۈن) بىزگە نۇرىمىزنى تولۇقلاپ بەرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، چۈنكى سەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن» دەيدۇ.

## تەپسىرى

ئى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدىغان مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالىچا-قاڭلارنى دوزاخ ئوتىدىن ساقلاڭلار. دوزاخنىڭ ئوتى شۇنداق بىر دەھشەتلىك ئوتكى، ئۇنىڭ يېقىلغۇسى ئوتۇن ياكى پاخال ئەمەس، بەلكى ئىنسان ۋە تاشلاردىن بولىدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىنى تەرك ئېتىش، ئۇنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزۈڭلارنى بۇ ئوتتىن ساقلاڭلار. ئائىلەڭلارنى يەنى بالىچاقىلىرىڭلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇش، ئۇلارغا دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى، كۆرسەتمىلىرىنى ۋە تەلىماتلىرىنى ئۆگىتىش، «قۇرئان كەرىم» ئېلىپ كەلگەن گۈزەل ئەخلاق بىلەن تەربىيەلەش ئارقىلىق ئۇلارنى بۇ ئوتتىن ساقلاڭلار. «الأهل» دېگەن سۆزدىن ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئايالى، پەرزەنتلىرى ۋە قول ئاستىدىكى كىشىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭغا ئۇنىڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمۇ كىرىدۇ. ئاللاھ تائالا تاھا سۈرىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ﴿وَأۡمُرۡ أَهۡلَكَ بِٱلصَّلَوٰةِ وَٱصۡطَبِرۡ عَلَيۡهَاۖ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئائىلەڭدىكىلەرنى

نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ (ئۇنى ئادا قىلىشتا) چىداملىق بولغىن﴾[1] دەپ ئەمر قىلغان. يەنە شۇئەرا سۈرىسىدىمۇ، ﴿وَأَنذِرۡ عَشِيرَتَكَ ٱلۡأَقۡرَبِينَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر! ئاۋۋال) يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن﴾[2] دەپ ئەمر قىلغان.

ئايەت شۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇكى، مۇسۇلمان ئادەم ھەممىدىن ئاۋۋال ئىسلام ئەخلاقى بىلەن تەربىيەلىنىپ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشى، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەتمەن بولۇپ، تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن، دوزاخ ئەھلىدىن بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشى لازىم. ئاندىن بالىچاقىلىرىنى ئىسلام كۆرسەتمىسى، ئىسلام ئەخلاقى بويىچە ياخشى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشى، ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئىمان، ئىسلام، ئەخلاق، ئېھسان قاتارلىق قىممەتلەرنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم. ئىنسان شۇنداق قىلغاندىلا ئۆزىنى ۋە بالىچاقىلىرىنى دوزاخ ئوتىدىن ساقلاپ قالغان بولىدۇ. يەنى سىزنىڭ ئۆزىڭىزنىلا دوزاختىن ساقلىشىڭىز يېتەرلىك ئەمەس، بەلكى بالىچاقىلىرىڭىزنى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىزنى ۋە غەمخورلىقىڭىز ئاستىدىكى كىشىلەرنى دوزاختىن ساقلاش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىڭىز لازىم. شۇنىڭدىن كېيىن، سۆزىڭىزنى ئۆتكۈزەلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى، دوستلىرىڭىزنى، قولۇم-قوشنىلىرىڭىزنى، ساۋاقداشلىرىڭىزنى، خىزمەتداشلىرىڭىزنى، تونۇشلىرىڭىزنى ئۆز ئەمەلىيىتىڭىز بىلەن، چىرايلىق سۆزىڭىز بىلەن ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋەزىپىڭىز بار. چۈنكى، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن توسۇش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە پەرز بولۇپ، ئۇنى ھەربىر ئادەم كۈچىنىڭ يېتىشىچە، شەرت-شارائىتىنىڭ يار بېرىشىچە ئورۇندايدۇ.

دوزاخقا مەسئۇل بولىدىغانلار كۈچلۈك، تەبىئىتى يىرىك، ھېچكىمگە رەھىم قىلمايدىغان، قاتتىق قول پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىدىن قەتئىي چىقمايدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى نېمىگە بۇيرۇغان بولسا، شۇنى تولۇق ئىجرا قىلىدۇ. ئۇلاردا ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش ۋە ۋەزىپىنى كېچىكتۈرۈش دېگەنلەر قەتئىي يوقتۇر.

كاپىرلار دوزاخقا تاشلىنىدىغان ۋاقىتتا، پەرىشتىلەر ئۇلارغا كايىپ دەيدۇكى، ئى كاپىرلار! بۈگۈن سىلەر ئۆزرە بايان قىلىشقا ئۇرۇنماڭلار. چۈنكى،

---

[1] تاھا سۈرىسى:132-ئايەت.

[2] شۇئەرا سۈرىسى:214-ئايەت.

بۇگۈن ئۆزرە ئېيتىش بىلەن قۇتۇلۇپ قالغىلى بولىدىغان كۈن ئەمەس، بەلكى بۇگۈن ھېساب بېرىش كۈنىدۇر. سىلەر دۇنيادا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭلارنىڭ جازاسىنىلا تارتىسىلەر، سىلەرگە تېگىشلىك بولغان جازادىن ئارتۇق جازا بېرىلمەيدۇ، سىلەرگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالاغا چىن ئىخلاس بىلەن سەممىي تەۋبە قىلىڭلار. سىلەرنىڭ تەۋبەڭلاردا شۇنداق بىر سەممىيەت بولسۇنكى، ئۇنىڭ تەسىرى ۋە نەتىجىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەھۋالىڭلار تۈزەلسۇن، باشقىلارغىمۇ ئۈلگە بولۇڭلار، ئۇلارنىڭمۇ تەۋبە قىلىشىغا تۈرتكە بولۇڭلار.

مۇپەسسىرلەر ﴿تَوۡبَةً نَّصُوحًا﴾ يەنى ﴿سەممىي تەۋبە﴾ نىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئىختىلاپلىشىپ يىگىرمە ئۈچ خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بەزىسى «خۇددى سۈت ئەمچەككە قايتمىغاندەك، گۇناھقا قايتا قايتماسلىققا قىلغان تەۋبە» دېگەن بولسا، يەنە بەزىسى«راستچىل تەۋبە» دېگەن، يەنە بەزىسى «ھەقىقىي تەۋبە» دېگەن[1]. مۇھىم بولغىنى گۇناھتىن دەرھال قول ئۈزۈپ، قايتا قىلماسلىققا بەل باغلاپ، قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىش سەممىي تەۋبە قىلغانلىق بولۇپ، بۇنداق قىلىش تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇشىدىكى مۇھىم شەرتلەردىن سانىلىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارىتا قىلىنغان قىلمىشلارنىڭ تەۋبىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇشۇنداق سەممىي تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ تەۋبىسىنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھەقلىرىنىڭ بىرى بەندىلەرنىڭ ئۇنىڭغا خالىس ئىبادەت قىلىش، بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش كېلىدۇ.

ئەمما بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا قارىتا سادىر قىلىنغان قىلـ ـمىشلارنىڭ – بىراۋنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش، زۇلۇم قىلىش، تۆھمەت قىلىش، يۈزىنى تۆكۈش، غەيۋىتىنى قىلىش قاتارلىقلارنىڭ – تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن، يۇقىرىقى شەرتلەر بىلەن بىرلىكتە يەنە بىر شەرت بار بولۇپ، ئۇ ھەق ئىگىسىنى رازى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر، يەنى بىراۋنىڭ ھەققىنى يەۋالغان بولسا، ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش، يامانلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش، تۆھمەت قىلغان بولسا، ئۇنى ئاقلاش دېگەنگە ئوخشاش. چۈنكى، پۈتۈن شەرتلىرى تولۇق بولمىغان تەۋبە قوبۇل بولمايدۇ. تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىپ، بارلىق گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلگەن ئادەمنىڭ جەننەتكە كىرىشىدە شەك يوق. چۈنكى، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىدۇر. ﴿ئى

[1] «تفسير القرطبي» 18ـ توم، 182ـ بەت.

ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا سەممىي تەۋبە قىلىڭلار، ئۈمىدكى، رەببىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ﴾ دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا بىراۋنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرسە، پەقەت ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىنلا شۇنداق قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بىراۋنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر ئەمەس، جەننەتكە كىرىدىغانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئەمەلىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرەمى بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرەمىگە نائىل بولۇشنىڭ شەرتى ياخشى ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى رازى قىلىشتۇر.

﴿(ئۇلار سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە) ئۇلارنىڭ نۇرى (ئەمەللىرىگە كۆرە) ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرىپىدە چاقناپ تۇرىدۇ، ئۇلار: «ئى رەببىمىز! (سىراتتىن سالامەت ئۆتۈپ جەننەتكە بېرىۋېلىشىمىز ئۈچۈن) بىزگە نۇرىمىزنى تولۇقلاپ بەرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، چۈنكى سەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن» دەيدۇ﴾ يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ يولىدا ئىزچىل ماڭغان مۆئمىنلەر قىيامەت كۈنى سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە، ئۇلاردىن ھەربىر كىشىنىڭ نۇرى ئۇنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەلىگە يارىشا ئۇنىڭ ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرەپلىرىدە پارلاپ، چاقناپ ئۇنىڭ يولىنى يورۇتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سىراتتىن سالامەت ئۆتۈپ جەننەتكە قاراپ يول ئالىدۇ. ئۇلار سىراتتىن ئۆتۈش جەريانىدا، ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ نۇرىنى تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىپ بېرىشىنى، ئۇنى ھەرگىز ئۆچۈرۈۋەتمەسلىكىنى ۋە بارلىق گۇناھلىرىنى، كەمچىلىكلىرىنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەيدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۆئمىنلەر بۇ دۇئانى مۇناپىقلار ئۇلاردىن يورۇقلۇق تىلەپ: ﴿ٱنظُرُونَا نَقْتَبِسْ مِن نُّورِكُمْ﴾ يەنى ﴿توختاپ تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ نۇرۇڭلاردىن ئازراق نەپ ئېلىۋالايلى﴾[1] دېگەن چاغدا ۋە سىراتتىن ئۆتۈش جەريانىدا ئېيتىدۇ[2].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئائىلە ئەزالىرىنى ئىسلام تەربىيەسى بويىچە تەربىيەلەش ئائىلە

[1] ھەدىد سۈرىسى: 13- ئايەت.
[2] «تفسير الطبري» 23- توم، 496- بەت.

باشلىقىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىدۇر. پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيەسىگە ئاتا-ئانا ئوخشاشلا مەسئۇلدۇر.

2. ھەربىر گۇناھ ئۈچۈن كېچىكتۈرمەستىن تەۋبە قىلىش زۆرۈردۇر. مۇنداق قىلىش قايتا گۇناھ سادىر قىلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

3. ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەل مۆئمىن ئادەمنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يولىنى يورۇتىدىغان نۇردۇر.

### ◄ ئاياللار ئۈچۈن جانلىق مىساللار

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ جَـٰهِدِ ٱلۡكُفَّارَ وَٱلۡمُنَـٰفِقِينَ وَٱغۡلُظۡ عَلَيۡهِمۡۚ وَمَأۡوَىٰهُمۡ
جَهَنَّمُۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٩﴾ ضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلٗا لِّلَّذِينَ كَفَرُواْ ٱمۡرَأَتَ
نُوحٖ وَٱمۡرَأَتَ لُوطٖۖ كَانَتَا تَحۡتَ عَبۡدَيۡنِ مِنۡ عِبَادِنَا صَـٰلِحَيۡنِ
فَخَانَتَاهُمَا فَلَمۡ يُغۡنِيَا عَنۡهُمَا مِنَ ٱللَّهِ شَيۡـٔٗا وَقِيلَ ٱدۡخُلَا ٱلنَّارَ
مَعَ ٱلدَّـٰخِلِينَ ﴿١٠﴾ وَضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلٗا لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱمۡرَأَتَ فِرۡعَوۡنَ
إِذۡ قَالَتۡ رَبِّ ٱبۡنِ لِي عِندَكَ بَيۡتٗا فِي ٱلۡجَنَّةِ وَنَجِّنِي مِن فِرۡعَوۡنَ
وَعَمَلِهِۦ وَنَجِّنِي مِنَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿١١﴾ وَمَرۡيَمَ ٱبۡنَتَ عِمۡرَٰنَ ٱلَّتِيٓ
أَحۡصَنَتۡ فَرۡجَهَا فَنَفَخۡنَا فِيهِ مِن رُّوحِنَا وَصَدَّقَتۡ بِكَلِمَٰتِ رَبِّهَا
وَكُتُبِهِۦ وَكَانَتۡ مِنَ ٱلۡقَـٰنِتِينَ ﴿١٢﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

9-ئى پەيغەمبەر! سەن كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلغىن، ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن، ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەمدۇر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان بارار جاي!

10-ئاللاھ كاپىر بولغانلارغا نۇھنىڭ ئايالىنى ۋە لۇتنىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، (بۇ ئىككىسى) بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن ئىككى سالىھ بەندە (نۇھ بىلەن لۇت) نىڭ ئەمرىدە ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى (مۇناپىقلىق قىلىپ) ئېرىگە خىيانەت قىلدى. نۇھ بىلەن لۇت ئاللاھتىن (كەلگەن ئازابتىن) ھېچ نەرسىنى ئۇ ئىككىسىدىن توسۇپ قالالمىدى ۋە (ئۇ ئىككى ئايالغا) «سىلەر

(دوزاخقا) كىرگۈچىلەر بىلەن بىللە دوزاخقا كىرىڭلار» دېيىلدى.

11ـ ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارغا پىرئەۋننىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ: «ئى رەببىم! دەرگاھىڭدا ماڭا جەننەتتىن بىر ئۆي بىنا قىلىپ بەرگىن، مېنى پىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ (يامان) قىلمىشىدىن قۇتقۇزغىن، مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن» دېگەن ئىدى.

12ـ (ئاللاھ يەنە) ئىمراننىڭ ئۆزىنى پاك ساقلىغان قىزى مەريەمنى (مىسال قىلىپ كۆرسەتتى). ئۇنىڭغا بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن بىر روھنى پۈۋلىدۇق (شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىيساغا ھامىلىدار بولدى)، ئۇ رەببىنىڭ سۆزلىرىگە ۋە كىتابلىرىغا ئىشەندى ھەمدە (رەببىگە) ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولدى.

### ◄ تەپسىرى

«ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلىگەنلىكتىن، ئۇنى پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت كاتتا ئۇنۋانى بىلەن چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ‹ئى پەيغەمبەر!› دەپ خىتاب قىلىپ، ئۇنى كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇغان. كاپىرلارغا قارشى جىھاد ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئارقىلىق، مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد ئۇلارنى قورقىتىدىغان تەنبىھلەر ۋە نەسىھەتلەر ئارقىلىق بولىدۇ. ﴿وَٱغۡلُظۡ عَلَيۡهِمۡۚ﴾ دېگەن ئايەت كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلارغا قاتتىق قوللۇق بىلەن تاقابىل تۇرۇش لازىملىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ﴿وَمَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُۖ﴾ دېگەن ئايەت ئەگەر ئۇ كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلار كۇفرىدىن ۋە نىفاقتىن تەۋبە قىلماي ئۆلسە، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى چوقۇم جەھەننەم بولىدۇ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ»[1].

قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر بىزگە شاپائەت قىلىدۇ، يەنە بىز مۇئمىن تۇغقانلىرىمىزنىڭ شاپائىتىدىنمۇ پايدىلىنىمىز دەپ خام خىيال قىلىدىغان كاپىرلارغا ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى بىلەن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى ئايال ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلگىلىك بەندىلىرىدىن بولغان مەزكۇر ئىككى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىدە تۇرۇقلۇق، ئۇلارغا ئەقىدە تەرەپتىن خىيانەت قىلغان ئىدى. يەنى بۇ ئاياللار كۆرۈنۈشتە ئۆزلىرىنى ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەرنىڭ قاتارىدا كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە كاپىرلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئەرلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان خىيانەتچى ئاياللار ئىدى. بۇ ئايالالرنىڭ خىيانىتى ئەنە شۇنداق

[1] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 5ـ توم، 390ـ بەت.

خىيانەت ئىدى. ئەمما ئۇلارنى بۇزۇقچىلىق قىلغان ياكى ئەخلاقسىزلىق قىلغان دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەرنىڭ ئايالىنىڭ بۇزۇق بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، شۇنىڭدەك، پەيغەمبەرنىڭ بۇزۇق ئايالنى ئەمرىدە تۇتۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەمما بۇ ئىككى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ كاپىر بولغانلىقى ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزمەيتتى. چۈنكى، كۇفرلىق ئىدىيەگە مۇناسىۋەتلىك قىلمىشتۇر. ئەمما زىناخورلۇق ئەخلاققا مۇناسىۋەتلىك قىلمىش بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى بۇزۇلغان جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلىدۇر.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى بىلەن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى كاپىرلارنىڭ تەرىپىنى تۇتقانلىقى ۋە كۇفرىنى ئىماندىن ئەۋزەل كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا ئۇچرىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن لۇت ئەلەيھىسسالام ئۆزلىرى پەيغەمبەر تۇرۇقلۇق، ئۆز ئاياللىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدى. چۈنكى، ھەقىقىي قۇتقۇزغۇچى ئىماندۇر، ئىمان بولمىسا قۇتۇلۇش يوقتۇر. شۇڭا بۇ ئىككى ئايالدا ئىمان بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرنىڭ ئايالى بولغانلىقىنىڭ ھېچ نەرسىگە پايدىسى بولمىغان. نۇھ ۋە لۇت قاتارلىق ئىككى پەيغەمبەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى ھۆرمىتى ۋە ئاللاھ تائالاغا بولغان يېقىنلىقىمۇ ئۇلارنىڭ كاپىر ئاياللىرىنى ئازابتىن ساقلاپ قالالمىغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ئىمان ۋە تائەت - ئىبادەت بىلەنلا قۇتۇلغىلى بولىدۇ، شاپائەت بىلەن ئەمەس. بۇ ئىككى كاپىر ئايالغا قىيامەت كۈنى شۇنداق دېيىلىدۇكى: سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىدىن بولمىغان باشقا كاپىرلار بىلەن بىللە دوزاخقا كىرىڭلار، چۈنكى سىلەرنىڭ پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىدىن بولغانلىقىڭلار ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتقانلارغا پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيەنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ. پىرئەۋن ئۆزىنى مىسىر دىيارىنىڭ ئىلاھى دەۋالغان، ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلىشتا ناھايىتى ھەددىدىن ئاشقان بىر ئەشەددىي كاپىر ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئايالى ئاسىيە ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن مۇئمىنلەردىن ئىدى. پىرئەۋن ئاسىيەنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، ئۇنى ئىماندىن ياندۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق ئازابلىغان. ئەمما قەلب قېتىدىن ئورۇن ئالغان مۇستەھكەم ئىماننىڭ قايتا ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاسىيە ئىماندىن قايتمىغان ۋە شۇ ئازابلىنىش جەريانىدا، ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىپ:

﴿ئى رەببىم! دەرگاھىڭدا ماڭا جەننەتتىن بىر ئۆي بىنا قىلىپ بەرگىن، مېنى پىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ (يامان) قىلمىشىدىن قۇتقۇزغىن، مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن﴾ دەپ دۇئا قىلغان ئىدى.

ئاللاھ تائالا ئاسىيەنىڭ بۇ قىسسىسىنى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى كاپىر بولغان مۇئمىن كىشىلەرگە مىسال قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق باشقىلار-نىڭ كۇفرىلىقىنىڭ مۇئمىنلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتقانلارغا يەنە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەمنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ھەزرىتى مەريەم ئۆزىنى پاك ساقلىغان، ئىپپەت ۋە پاكلىق ئابىدىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئۈلگە قىلغان. «قۇرئان كەرىم»دە مەريەم ئوبرازى ئىپپەت ۋە پاكلىق ئۈلگىسى سۈپىتىدە بايان قىلىنغان، ھەتتا بىر سۈرە مەخسۇس ھەزرىتى مەريەمنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، ئۇ بولسىمۇ، «مەريەم سۈرىسى»دۇر.

ئاللاھ تائالا ھەزرىتى مەريەمگە جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆز دەرگاھىدىن بىر روھنى پۈۋلىگەن بولۇپ، ھەزرىتى مەريەم شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ھامىلىدار بولغان. ﴿ئۇنىڭغا بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن بىر روھنى پۈۋلىدۇق﴾ دېگەن ئايەت ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولغان كاتتا ئىنئام ۋە ئىززەت-ئىكرامنىڭ ئىپادىسىدۇر. چۈنكى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىنىڭ ۋاستىسىسىز تۆرەلگەنلىكى كاتتا بىر مۆجىزە ئىدى.

جىبرىل ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى مەريەمگە ﴿إِنَّمَآ أَنَا۠ رَسُولُ رَبِّكِ لِأَهَبَ لَكِ غُلَٰمًا زَكِيًّا﴾ يەنى ﴿مەن ساڭا بىر پاك ئوغۇل بېرىش ئۈچۈن رەببىڭنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىسىمەن﴾[1] دېگەن چاغدا، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزلىرىگە، ئۇنىڭ دىنىغا ۋە نازىل قىلغان كىتابلىرىغا چىن دىلىدىن ئىشەندى ھەمدە ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىدىن ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولدى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كاپىرلارغا قارشى جىھاد قورال بىلەن، مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد

[1] مەريەم سۈرىسى:19-ئايەت.

ۋەز-نەسىھەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن بولىدۇ.

2. كاپىرلار قىيامەت كۈنىدە مۆئمىنلەردىن مەنپەئەت ئالالمايدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ مۆئمىن تۇغقانلىرىدىنمۇ مەنپەئەت كۆرەلمەيدۇ. چۈنكى، كاپىرلارغا ھېچكىم شاپائەت قىلالمايدۇ.

3. ھېچكىم باشقا بىرىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ.

4. مۆئمىن ئادەمگە ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنىڭ كۇفرلىقى سەۋەبلىك قىلچە زىيان يەتمەيدۇ.

5. مۆئمىن ئادەمنىڭ مۆئمىن پەرزەنتلىرىگە ئەلۋەتتە پايدىسى يېتىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَٱتَّبَعَتْهُمْ ذُرِّيَّتُهُم بِإِيمَٰنٍ أَلْحَقْنَا بِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ﴾ يەنى ﴿ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئىمان ئېيتىپ ئۆزلىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىنى (جەننەتتە) ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز﴾[1] دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] تۇر سۈرىسى:21-ئايەت.